

ئابلا ئەخمىدى

# داۋالغۇش

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ئابلا ئەخمەدى
داۋالغۇش
رومان
2
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

动荡/阿布拉·艾赫木迪著. —乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2001.9
ISBN 7 — 228 —06713 — 4

Ⅰ.动… Ⅱ. 阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 068775 号
责任编辑： 吉利力·穆罕默德
封面设计： 加吾兰·吉利力
责任校对： 帕丽达·艾力

**动荡**（维吾尔文）
长篇小说
2
阿布拉·艾赫木迪

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号，邮政编码：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 18.375 印张
2001 年 9 月第 1 版 2001 年 9 月第 1 次印刷

ISBN 7 — 228 — 06713 — 4/I.2482 定价：54.50 元（全两册）
单价：25.70

# مۇندەرىجە

## ئىككىنچى قىسىم

### شەبنەم


«ئۇنسۇرلار» دۇنياسى ........................ 648
گۇۋاھچى قاتىل ........................ 682
ئالدامچى مەشۇق ........................ 714
سەككىز تال ئالتۇن تۇگمە ........................ 750
ئۆلمەس ئاغرىق چىقماس جان ........................ 771
«مەي جورىن» نىڭ مەخپىي تارىخى ........................ 815
قىل ئۇستىدە ........................ 862
يازنىڭ ئەلچىسى ........................ 893
ئاق كىنىشكا — ئاق يول ........................ 935
قىسمەت — جەزىرىدىن قاپتالغا ........................ 978
ياۋاشقا يامان ........................ 1005
ئۆتەڭ ناخشىسى ........................ 1037
«موللىكام» ھەققىدە ھېكايە ........................ 1070
باھار تۇغقان تۇيغۇلار ........................ 1088
تۆلەندى «داجەي» نىڭ نىداسى ........................ 1120
قۇدىلار كۆڭلى ........................ 1147
تەۋرەش ........................ 1182

# ئىككىنچى قىسىم

# شەبنەم

# «ئۇنسۇر»لار دۇنياسى

گەمە — يەرنى بىر غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، ئۈستى يۇلغۇن، توغراق شاخلىرى بىلەن يېپىلغان؛ تۆت ئەتراپىدىن شۇرقىراپ قۇم - توپا قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان قاپقاراڭغۇ گەمە. قاراڭغۇلۇققۇ بىر گەپ، كۆزنى يۇمۇپ ئۇخلاپلا كەتسە خاقاننىڭ ئوردىسىمۇ، قەلەندەرنىڭ كەپىسىمۇ، ئوخشاشلا ئادەمگە ئارام-گاھ، ئوخشاشلا جەننەت. ئۇيقۇ كەلمىسە جەننەتمۇ ئادەمگە دو-زاخ تۇيۇلىدىكەن...

نېمانداق تاڭ ئاتماس كېچە بۇ؟! دائىم مۇشۇنداق بولامدى-غاندۇ، يا بۈگۈن...؟

تاجىگۈلنىڭ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق بولسىمۇ، زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. بىر چاغلاردا ئۇ ئېتىزنىڭ قىرى بولامدۇ، تاشلاندۇق كونا خامان بولامدۇ، يېنى يەرگە تەگسىلا ئانا قارنىدا ياتقاندەك تاتلىق ئۇخلاپ كېتەتتى. نېمىدىندۇر قورقۇش، نېمىدىندۇر ئەنسىرەش دېگەنلەر خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. بۈگۈن نېمە بولدى-كىن، ھەرقانچە زورۇقۇپمۇ ئۇخلىيالمىدى. راستىنى ئېيتقان-دا، ئۇ نېمىدىندۇر ئەنسىرەۋاتاتتى، نېمىدىندۇر قورقۇۋاتاتتى ... قىزلارنىڭ ھەممىسى شۇنداقمۇ ياكى بۈگۈن تاجىگۈلنىڭ مىجەزى بۇزۇلۇپ قالدىمۇ؟ ئۇ ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەر-سىگە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان، ھەتتا ئاللىقاچان ئېرىشىپ بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش، ئۇنىڭدىن قانغۇ-دەك ھۇزۇرلىنىش ئورنىغا، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ، ئۇۋچىدىن ھۈركىگەن توشقاندەك شۈمشىيىۋالدى. يا پۇتىنى يا قولىنى ۋە

ياكى مىدىرلاشقا تېگىشلىك ئەزالىرىدىن بىرەرىنى سەللا مىدىر-
لىتىپ ، كۆيۈشۈپ كەتكەن تېنىگە كىچىككىنە ئارام بەرگەن
بولسا كىمنىڭ دەردى ؟ ! ھېچبولمىسا سوزۇۋېلىنا بىرنى تىنىپ ،
راۋاپنىڭ تارىسىدەك تارتىشىپ - چىڭقىلىپ كەتكەن ئەسەبلىرى-
نى سەل - پەل بوشىتىۋالغان بولسا كاشكى...

ياق ! ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك مادارمۇ ، جۈرئەتمۇ يوق ئىدى !
ئۆزىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان بىرخىل قورقۇنچ ، بىر خىل
ئەندىشە ئۇنىڭ زېھنىنى ، ھەتتا پۈتۈن جىسمىنى ئىسكەنجىگە
ئېلىپ سېھىرلەپ ، ھېچ يېرىنى مىدىرلىتالماس قىلىپ قويغان
بولۇپ ، ئۇيان بېرىپمۇ ، بۇيان كېلىپمۇ ئويلايدىغىنى بىرلا نەر-
سە :

«شۇنداق قىلىپمۇ سالارمۇ ؟ شۇنداق قىلسا... » تاجىگۈل
چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى . لېكىن توختۇۋاتاتتى ، تېنى جۇغرۇ-
قۇپ ، لەۋلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالمىسا چىشلىرى كاسىلداپ كەت-
كۇدەك قاتتىق توختۇۋاتاتتى . ئۇستىدىكى يوتقان شۆپۈكتەك نې-
پىز ۋە رەزگى ، ئاستىدىكى كۆرپە تۆگىنىڭ چومىدەك قاتتىق
ۋە تىتما - كاتاڭ ؛ ئۇنىڭ تېگىدىكى نەچچە يىللىق كونا پاخال
ئەۋرىشىملىكىنى يوقىتىپ ، كۇكۇندەك ئۇۋاق ، تېزەكتەك كال-
لەك بولۇپ قالغانىدى . ئارىسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىر
تەڭرىلا بىلەتتى .

بۇ گەمىنى كىم ، قاچان كولىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .
بەزىلەر : «بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ‹قەشقەر گېزىتى › ئىدا-
رىسىدىن تارتىپ چىقىرىلغان ئەيسا شاكىر قاتارلىق ‹كا-
پىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار › بىلەن ‹داش-
قاللار › كولىغان» دېسە ، يەنە بەزىلەر : «ئۇنىڭدىن نەچچە يىل
بۇرۇن يۇرتىدىن قېچىپ كەلگەن بىر ‹ئۇنسۇر › كولىغان»
دەيدۇ . قارىغاندا ، كېيىنكى پەرەز توغرىدەك قىلىدۇ . چۈنكى ،

بۇ گەمىنىڭ ئېنىمۇ، بويىمۇ ئاران ئىككى مېتىر كېلىدۇ. زورىغا ئىككى ئادەم پاتىسا، بىر ئادەمگە چوڭلۇق قىلمايدۇ. ئادەم يېتىپ باقمىغىنىغا بىرەر يىل بولغىنىمۇ شەكسىز.

مانا هازىر بۇ يەردە ئىككى ئادەم — بىرى تاجىگۇل، بىرى سالى. گەمىنىڭ تارلىقى، ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقىدىن، بىر-بىرىنىڭ تىنىقى تۇرماق، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنىمۇ ئاڭلاپ يېتىدىشىپتۇ. تېخى بىر-بىرىنىڭ بەدىنىنىڭ هارارىتىنى دېمەمسىز!...

نېمىدېگەن راھەت - ھە! تاجىگۇل شۇنىڭدىن تەرلەپ كېتىۋاتامدۇيا؟

«خۇدايا توۋا» دەڭ! ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق!... ئەمىسە...؟

ئۇلارنى قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن ئاپتوموبىل بۇ يەردە توختىغاندا، تاجىگۇلمۇ، سالىمۇ ھەيران بولغىنىدىن بىر-بىرىگە سوئال نەزەرىدە تىكىلىشتى.

توۋا، مۇشۇنداق چۆل، مۇشۇنداق تۆگىنىڭ لوككىسىدەك قاتار-قاتار قۇم بارخانلىرى، بارخانلارنىڭ ئۇيەر-بۇ يېرىدە دۆڭلۈكتە ئۆسكەن شىۋاق سۈپۈرگىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان، چېچىلىپ ياتقان يۇلغۇن، توغراق شاخلىرى ۋە ھەممە يەردە دېگۈدەك پارچە-پۇرات يۇلغۇن پورلىرى ۋە قۇم، قۇم... قۇمدىن بۆلەك ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان جەزىرىدە نېمىدېگەن جىق ئادەم بۇ!؟ تېخى ھەر يوغان، ھەر يوغان يۈك ئاپتوموبىلىدىن سەككىز-ئونى تۇرمامدۇ؟! «ئوتانلىق» دېگىنى مۇشۇ ئىكەن-دە!... شۇنچە جىق ئوتۇننى نەدىن ئەكېلىشكەندۇ؟... بۇ يەردىغۇ يا بىرەر تۈپ توغراق، يا بىرەر تۈپ يۇلغۇن كۆرۈنمەيدۇ...

تاجىگۇل بىلەن سالىنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان نەرسە دەل
مۇشۇ ئىدى . ئۇلار كوزۇپتا ئۆرە تۇرۇپ ، كۆز يېتىم يەردە نېمە
بارلىقىنى بىلىپ بولۇشقانىدى . بىر ـ بىرىدىن نېمىنىدۇر سو-
رىماقچى بولۇشتى ـ يۇ ، سوراشمىدى . سورىغان بىلەنمۇ ھېچقاي-
سىسى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيتتى . شۇنداق ، تاجىگۇل-
نىڭ بۇنداق ئوتتۇننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى . سالى ئايلىقچى
قوشنىلىرىنىڭ ئۆگزىلىرى ، ھويلىلىرىدا كۆرگەنۇ ، قالاپمۇ ،
تۇتۇپمۇ باقمىغان . مانا بۇگۇن «ئوتانلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ
بىپايان چۆلنىمۇ ، ئۇيەر ـ بۇ يەردە ئادەم بويى لاۋا ئۇرۇپ
كۆيۈۋاتقان گۇلخانلارنىمۇ ۋە بۇ گۇلخانلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ
نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ قاقاقلاپ كۇلۇشۇۋاتقان ؛ چوڭلىرى قا-
پاق تېرەك غولىدەك ، كىچىكلىرى كىچىك بالىنىڭ بېلىدەك
كېلىدىغان توغراق ، يۇلغۇن كۆتەكلىرىنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ ،
دارقىرىتىپ سۆرەپ ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە توختىتىلغان يۇك
ئاپتوموبىللىرىغا بېسىۋاتقان ئوتتۇنچىلارنىمۇ كۆردى . بۇ ئادەملەر
ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىۋاشلىرىغا ئوخشاشلا كۆرۈمسىز ئىدى . مەي-
نەتلىكىنى دېمەمسىز تېخى ! كىيىم ـ كېچىكىغۇ بەئەينى يىل
بويى قىغ توشۇغان ئېشەكنىڭ ئۇچىلىقىنىڭ ئۆزى ، يۇزلىرىگى-
مۇ ئۆمۇر بويى سۇ دارىمىغاندەك . شۇڭا ئۇلارنىڭ قايسىسى
قارىمۇتۇق ، قايسىسى بۇغداي ئۆڭ ، قايسىسى ئاق··· لىقىنى
بىلگىلى بولمايدۇ . قىسقىسى ، قۇم ـ تۇپراق ئاستىدىن ھازىرلا
قېزىىپ چىقىرىلغان بىر توپ تىرىك مۇردا···
ــ موللىكا ، ھوي موللىكا !···
ماتورنى ئۆچۈرگەن شوپۇرنىڭ كابىنكىدىن چىقىپلا ۋارقى-
رىشى ، تاجىگۇل بىلەن سالىنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى .
ئۇلار ئالدىراش پەسكە چۇشتى .
ــ ۋوي ، ئېلاخۇن ئۇستامغۇ بۇ !··· تېخى تۇنۇگۇن كې-

تىپ، بۇگۇن يەنە كېپقاپلىغۇ؟...

قارا ياغاچنىڭ كۆتكىدەك يوغان ـ يالپا، ئۇستىخىنىغا لايىق قويۇق قارا ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن، ئەكسىچە بۇرۇتى كالتە، كۆزلىرى توشقاننىڭ كۆزلىرىدەك سىرتقا پولتىيىپ چىققان، ئۈچىسىغا پۈتۈن بىر قوينىڭ تېرىسى ياقا قىلىنغان ئاق پوستەك جۇۋا، بېشىغا قارا كۆل سالۋا تۇماق كىيگەن ئادەم ئۇدۇلدىكى ئاپتوموبىلنىڭ كەينىدىن چىقىپ سۆزلىگەچ، چوڭ ـ چوڭ قەدەم بىلەن ئېلاخۇن ئۇستامغا يېقىنلاشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، موللىكا! تىنچ تۇرلىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇستام... ئۆزلىرىمۇ ئامان ـ ئېسەن تۇرغانلا؟

— خۇداغا شۈكۈر.

ئىككىيلەن قول ئېلىشتى. قوللىرىنى يۈزلىرىگە سىيپاشقاندىن كېيىن «موللىكام» دېدى:

— بۇگۇن قونۇپ، ئەتە كېتەرلا؟

— ياق، قونالمايمەن، — شوپۇر چۈشەندۇردى، — بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاپ قالغان. تۇنۇگۇن بۇ يەردىن بارسام، قېينانام ئۇنى يۆتكەپ كەتكىلى كەپتىكەن. ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي دېسەم، گېۋېيخۇيىنىڭ جۇرنى «ئىككى يول ئوتۇن ئەكېلىۋېتىپ، نەچچە كۈن دەم ئالساڭ مەيلىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆزلىرى بىلىلا، ئۆزۈممۇ قاشقام بار ئادەم. لېۋىمنى چىشلەپ «ماقۇل» دېمەي بولمىدى. بۇ يەردە ئادەم يېتىشمەي ساقلاپ تۇرۇپ قالماي دەپ، ئاۋۇ بالىنى ئالغاچ كەلدىم.

«موللىكام» شوپۇر ئىشارەت قىلغان تەرەپكە قاراپ تاجىگۇل بىلەن سالىنى كۆرۈپ:

— ئوبدان قىپلا. ئەتىگەننىڭىزى ئوتۇنغا كەلگەن ماشىنا

بەك جىق . ئوتتۇن باسىدىغان ئادەمنىڭ ئازلىقىدا ، شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى «كېچىچە كېتىمىز » دەپ ئالدىرىشىۋاتقان… بىزگىمۇ بۇ «كەل ـ كەل »چىلىك جىق بولسا يەنە بىر ئاي بار دېسىلە ! ئايلىقچىلار قىشلىق ئوتتۇننى شۇنداقلا غەملىۋالسا ، بىزنى ئادەم تۇگۇل ، ئىتمۇ يوقلىمايدۇ .ھەپتە ـ ھەپتىلەپ گەممىزدىن چىقماي بىكار ياتىدىغان گەپ… ماۋۇ باللىنى ئالغاچ كېلىپ قالتىس بەلەن ئىش قىپلا !… قاراڭغۇ چۈشكىچە ماشىنىلىرىنى توشقۇزۇپ بېرىمىز… ۋوي ، ئۇلارنىڭ بىرى ئايالمۇ نېمە ؟

— ھەئە . ئىلىغا بارىدىغان ئەر ـ خوتۇن مۇساپىر ئىكەن .

ئوتتۇننى باسقۇزۇپ بولۇپ ، قايتىشىمدا بىرەر تونۇشۇمنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ قويارمەن…

— تازا بىر ساۋاب تاپاي دەپلا ـ دە !… ھوي بالاموي ، مەكېلىڭلار !

سالى بىلەن تاجىگۇل قورۇنۇپراق ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى . «موللىكام» سالى بىلەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ قول ئېلىشتى . تاجىگۇل سالىنىڭ كەينىدە يەرگە قاراپ تۇراتتى . «موللىكام» سورىدى :

— ئىلىخونىڭ نەرگە بارىسىلە ؟

— سۈيدۈڭگە…

سالى كىمدىندۇر ئاڭلىۋالغان بۇ جاينىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن قانداق چىقىرىۋەتتى ، ئۆزىمۇ تۇيمىدى . ئەمما ، شۇئان كۆڭلىگە ئەنسىزلىك چۈشۈپ ، چېكىسىدىن «پۇررىدە» تەر ئۆرلەپ ، كۆزلىرىنى «موللىكام»نىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ نەگىدۇر قارىۋالدى . «موللىكام» بۇنى تۇيمىدىمۇ ، سوراشنى داۋام قىلدى :

— سۈيدۈڭدە نېمەڭلار بار ؟

— تاغام… ياق ، ھامامىنىڭ ئوغلى…

— ھە··· سۈيدۈك ئوبدان يەر . قەشقەرلىق مۇساپىرلار بەك تولا··· «ئاللا رەببىم» دەپ بارغانلا ئادەم قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كېتىدۇ . كۆچۈنۈپلا ماڭدىڭلىمۇ ، يا بىرەر ئاي ئويناپ كېلەمسىلە ؟

— ئوينىغلى ماڭمامدۇ ! — دېدى بۇ ئايىغى چىقماس سوئال - سوراقتىن ئىچى پۇشۇپ ، ھەدەپ كۇنگە قاراۋاتقان شوپۇر ، — شىڭلىمۇ ئالماي چىقىشىپتۇ دېسىلە !···

— ھەي ياشلىق ، ھەي ياشلىق··· تولىمۇ نادانلىق قىپسىلە ، بالىلىرىم !···

— يوتقان - كۆرپە ئالغان ، — دېدى تۇيۇقسىز ئەقىل تاپقان سالى قىپقىزىل يالغان سۆزلەپ ، — ئۇلۇشكۇن كېچە بېلەتكە ئۆچرەتتە تۇرغان يەردە بىرەيلەنگە قارىتىپ قويۇپ ، ئىسسىق ئىچكىلى كەتسەك ئەپقېچىپتۇ . تۇنۇگۇن كەچكىچە ئىزدەپمۇ تاپالماي ، يۇرتقا قايتايلى دېسەك نومۇس قىلدۇق . شۇڭا ئەر - خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ ، بەش - ئون كۇن مەدىكار ئىشلەپ ، يوتقان - كۆرپە قىلىۋېلىپ ئاندىن ماڭايلى دەپ بېكەتنىڭ ئالدىدا تۇرساق ، ماۋۇ ئۇستام···

— ھە··· مۇنداق ئىش ئىكەن - دە··· ئادەملەردە ئىنساپ قالمىدى ئۇكام ، ئىنساپ !··· ھە - ي - ي··· «باش - كۆزىمىزنىڭ سەدىقىسى» دېيىشىدىغان بالىلىرىم··· ئۇنىمۇ دەيمىز ، بۇنىمۇ دەيمىز ، ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسى··· ئاللا بۇ يەرگە چاچقان رىزقىڭلار بار ئىكەن ، شۇنى ئىزدەپ كەپقاپسىلە··· دېھقان بالىسى دېگەنگە بۇ يەردە ئىش جىق . ئىشتىن ، بۇ يەرنىڭ چۆللۇكىدىن زېرىكمىسەڭلىلا ، پۇل دېگەنگە كۆمۈلۈپ كېتىسىلە··· قانداق دېدىم ، ئۇستام ؟

— توغرا .

— ئاۋۋال ئېلاخۇن ئۇستامنىڭ ماشىنىسىنى توشقۇزۇپ

يولغا سېلىۋېتىپ ، ئاندىن ئۈچىمىز قانغۇدەك مۇڭدىشۇالىمىز… ئۇستام ، سۇ…

— سۇ ؟ ئۇنى ئۇنتۇپ قالامدىغان !… ئاينا ، لىق بىر تۇڭ سۇ ئالغاچ كەلدىم…

— كامال تاپسىلا ، ئۇستام !… سۇ ئالغاچ كېلىشنى تاپە-لىغان شوپۇرلارنىڭ بىرەرىمۇ كەلمەي تازا بېشىم قېتىپ تۇرۇۋې-تى… خۇداغا شۈكۈر ، ئۇسسۇز قالمايدىغان بولدۇق… شۇنداق قىلىپ «بۈگۈن قونالمايمەن» دېسىلە ؟

— بايا دېدىمغۇ !…

— نېمە دەيتتىم ؟ ماقۇل ، باللار ئوتۇننى بېسىپ بولغۇ-چە ، سىلىگە ئاتاپ قويغان پاقلىنىمنى سويۇپ قازانغا تىقىۋېتەي . بىرەر چىشلەم ئېغىز تېگىپ ، باللارنىڭ نېسىۋىسىنى ئالغاچ كېتەرلا…

— هە ، مانا ما گەپلىرى جايىدا بولدى ! پىشۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماي ، بىر ساننى ئايرىپ قويسىلا . ئالغاچ كېتىپ ، قېيىنانامنىڭ دۇئاسىنى ئالاي .

— ماقۇل ، ئۇنىمۇ قىلاي ، كۆڭلۈمدىكىنىمۇ قىلاي… هەي ئۇستام ، هەي ئۇستام… ئادەم - ئادەم بىلەن ئادەم . كېچىلەپ يول ماڭىدىغان تۇرسىلا ، ئۇنچىلىك ئىشنى قىلمىسام بولامدۇ ؟ ! — «موللىكام» سالىغا بۇرۇلدى ، — بالام ، سىلە بۇرۇن ئوتۇن بېسىپ باقمىغانغۇ دەيمەن ؟

— ياق…

— مانداق قىلىلى ، — ئۇ شوپۇرغا بۇرۇلدى ، — ئۇۋۇ دۆڭنىڭ كەينىدە سىلىگە ئاتاپ دۆۋىلىتىپ قويغان ئىككى ماشىنا كەلگۈدەك ياش - ياش يۇلغۇن كۆتىكى بار . ماشىنىنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ ، ماۋۇ باللار باسقىنىچە بېسىپ تۇرسۇن ، مەن تېۋى بار يىگىتتىن ئىككىنى تېپىپ يانداپ قوياي…

— ئەجەب ئوبدان گەپ قىلدىڭ !… ماشىنىغا چىقىڭلا ئۇ-كام !…

ئىلاخۇن ئۇستام يورۇق ناماز شامدا ئاسمانپەلەك ئوتتۇن بېسىلغان ئاپتوموبىلنى تەسلىكتە قوزغاپ ، چاڭ - توزان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى . سالىلارغا بىر تىيىنمۇ بەرمىدى ، سالىمۇ ئېغىز ئاچالمىدى . ئېغىز ئاچمىغىنىمۇ ئوبدان بولدى : شۇنچە يىراقتىن بىر تىيىن كىراسىز بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇڭ ، يەنە تېخى بىر جىڭ كەلگۈدەك گۆش ، يۇمشاق گىردە بىلەن مېھمان قىلىڭ…

سالى بىلەن تاجىگۈل ئاپتوموبىل كەتكەن تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا ، «موللىكام» ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى-دە ، سورىدى :

— شۇنداق قىلىپ ، بۇ يەردە ئىشلەپ باقامسىلە ؟

— «ئىشلە» دېسىلە…

— بۇنى ئۆزۈڭلا دەڭلا…

— ئىشلەيمىز…

تاجىگۈلمۇ ئۈن قاتتى . «موللىكام» دېدى :

— بۇ يەردىكى ھەممەيلەن سىلەرگە ئوخشاش ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان مۇساپىر . تولىسى «ئۈنسۇر» ماۋۇ خې-نىمدىن بۆلەك خوتۇن كىشى يوق . ھەر ھالدا پەخەسرەك بو-لۇپ ، بىر - بىرىڭلىدىن ئايرىلماڭلار .

— ماقۇل .

— مۇنداق دېسەم قورقۇپ كەتمەڭلا يەنە ! — «موللى-كام» ئىزاھات تەرىقىسىدە قوشۇپ قويدى ، — ئادەم ئەمەسمۇ ؟ ئازىدۇ . بىرەرى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ، ماۋۇ خېنىمغا نائەھلىلىك قىلىپ قويمىسۇن دەيمەن… توۋا ، نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ؟ ئاغزىمغا تاش - تۇپراق !… خاتىرجەم بولۇڭلار ، ھېچ

ئىش بولمايدۇ... ھە راست ، مانا ماۋۇ بۇگۈنلۈك ئىش ھەققىڭ -
لار ، — «موللىكام» ئالىقىنىدا سىقىمداپ تۇرغان ئىككى دانە
بەش يۈەنلىك پۇلنى سالىغا تۇتقۇزدى . سالى «رەھمەت» دېيىش-
كە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا ، ئۇ يەنە مۇنداق دېدى ، — بۈگۈن
ئاتىغىنىم مۇشۇكەن . ئاز كۆرمەڭلا . ئەتىدىن باشلاپ قىلغان
ئىشىڭلىغا بېقىپ پۇل ئالىسىلە . قانداق ، بولامدۇ ؟
— بولىدۇ .
— كەچ بولۇپ كەتتى ، ئارام ئېلىڭلار . مەن سىلەرگە
ياتىدىغان جاي كۆرسىتىپ بېرەي...
ئۇ شۇنداق دەپ جايىدىن قوزغالغانىدى . سالى :
— بايا يېگەن گۆش بىلەن ناننىڭ پۇلىنى... — دەپ ،
قولىدىكى پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ، ئۇ ئىتتىك توختاپ :
— نېمە دەيدۇ ماباللا ! — دەپ رەڭگى ئۆڭدى ، — سىلە
دېگەن مېھمان . مېھماننىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاي قويالمىغان
ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ ! ؟ ئۇ مېنىڭ سىلەرگە قويغان
بىر پىيالە چېيىم !... تېخى كۆرۈسىلە ، ئەتىدىن باشلاپ بىر تال
تېرىقنىمۇ ھېسابلىشىمىز !...

ئەنەشۇ ئادەم ئۇلارغا مۇشۇ گەمىنى كۆرسىتىپ بەردى .
باشقىلار بىلەن ئاشۇنداق مەسلىھەت قىلىشقانمۇ ياكى بۇ يەردە
ئۇنىڭ دېگىنى ھېسابمۇ ؟ بەزىلەرنىڭ بۇ ياش «ئەر خوتۇن»غا
يەر تېگىدىن ھەۋەس بىلەن تىكىلىشكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ،
ھېچكىم غىدىڭ - پىدىڭ قىلمىدى . ئۇ ئۇلارغا بۇ «ئۆي»نى
كۆرسىتىپ ، بەزى مەسلىھەتلەرنى بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ
«ئۆيى»گە باشلاپ باردى . «ئۆي» تولىمۇ چوڭ بولۇپ ، سەككىز -
ئون ئادەم ياتىدىغاندەك قىلاتتى . ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يوغان
تاش پەنەر ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ ، سەلەركىنىڭ ، تاماكىنىڭ

قاڭسىق پۇرىقىدىن نەپەس ئالماقمۇ تەس ئىدى . شۇنداق بولۇشى-
غا قارىماي ، بىرەيلەن «تام»غا يۆلىنىپ دۇتارنى قانداقتۇر بىر
پەدىگە تىرىڭشىتىپ ئولتۇراتتى . يەنە تۆت - بەشەيلەن پەنەر
يورۇقىدا قارتا ئوينىشىۋاتاتتى . سالى بىلەن تاجىگۈل «ئىشىك»
تىلا توختىدى . «موللىكام» ئىچكىرى ماڭدى . كۆپچىلىك ئۇنى
كۆرۈپلا ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشەلگەندى ، ئۇ :

— قوزغالماي ئويۇنىڭلارنى ئويناۋېرىڭلار ، — دەپ
قويۇپ ، گەمىنىڭ ئەڭ بۇلۇڭىغا كەتتى . كۆپچىلىك سالىلارنى
كۆرمەي قالدىمۇ ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالدىمۇ ؟ ئۇ-
لارغا قاراپمۇ قويۇشمىدى . ھايال ئۆتمەي ، «موللىكام» مانا
مۇشۇ يوتقان - كۆرپىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ،
بىرەيلەن :

— موللىكا ، يوتقان - كۆرپە كۆتۈرۈپ قاپلىغۇ ؟ بىزدىن
يامانلاپ قاللىمۇيا ؟ — دەپ چاقچاق قىلغانىدى . ئۇ :

— سىلەردىن يامانلامدىغان ، ئۇكىلىرىم !··· ئاۋۇ باللىنى
توڭۇپ قالمىسۇن دەپ···

— ئاۋۇ باللىنى ؟ سالى بىلەن تاجىگۈلنى دەۋاتقان ئوخ-
شىماملا .

— ھەئە .

— تازا بىر ساۋاب تاپاي دەپلا - دە !

— ساڭىمۇ پىشكىسىنى قويۇپ قويدۇم . ساۋاب ئىزدىگۈڭ
كەلسە ، ئەتىدىن باشلاپ ئۇلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ئاتىدارچى-
لىق قىلىپ قويارسەن !

— چاتاق يوق ! ئاۋۋال ئەتە تاڭ ئاتسۇنچۇ ، سىلىگە ساۋاب
ئاشماي قالامدۇ تېخى !···

— ·········

— بۇگۈنچە بۇنى يېپىنىپ يېتىپ تۇرۇڭلار ، — دېدى

«موللىكام» يوتقان - كۆرپىنى سالىغا تەڭلەپ ، — قالغان كەم - كۇساڭلارنى ئەتىگىچە بىر ئىش قىلىمىز...
— رەھمەت .
سالى ئۇنىڭ قولىدىن يوتقان - كۆرپىنى ئالدى . مانا شۇ چاغدا «ئۆي »دىكىلەرئۇلارنى كۆرۈشتى بولغاي ، بەزىسى ئويۇننى توختىتىپ ئۇلار تەرەپكە قاراشتى . ئىككى - ئۈچى ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلار تەرەپكە كەلگىلى تۇرۇۋىدى ، «موللىكام» :
— خۇدايىمغا ئامانەت . ئەتە بامدات نامىزىدا كۆرۈشەيلى . ئەزاننى ئاڭلاپلا قوپساڭلار بولىدۇ ، — دەپ ئۇزىتىپ قويدى...
«قاچان ئەزان چىقار ؟ ئەستا... »
تاجىگۇلنىڭ ئىچى سىقىلغىنىدىن ، بىرەر مىڭ چۇمۇلە ئىچىگە كىرىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، بەدە-نى تۇگۇل قوللىرىنى مىدىرلىتىشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايتتى . كاللىسىدا ھامان ئاشۇ بىرلا خىيال :
«سالى شۇنداق قىلىپ تاشلارمۇ ؟ شۇنداق قىلسا... »
تاجىگۇلنىڭ كۆز ئالدىدا تەۋەككۇل «پىستەك» نامايان بول-دى . ئاندىن ئۇنىڭ دەريادا قىلغان ھېلىقى قىلىقى...
تاجىگۇل ئەر - خوتۇننىڭ بىر ئائىلىدە مەڭگۇ بىللە ياشاي-دىغان ئىككى جىنس ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن ئۇنبەش - يىگىرمە يىل بۇرۇن ، يەنى ئۇماچ بىلەن يوبدانىنىڭ تەمىنى پەرق ئەتكەن چاغدىلا بىلگەن بولسىمۇ ، ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى خېلى ياشقا كەلگۇچە بىلمىگەن ؛ تەۋەككۇل «پىستەك» قانچە - قانچە قېتىم بىلدۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، بىلىشكە ئۇنىمىغانىدى . كېيىن يېشى چوڭىيىپ ، ۋۇجۇدىدا نېمىگىدۇر ئىنتىلىش ، نېمىنىدۇر سېغىنىش تۇيغۇ-سى جۇش ئۇرغاندىن كېيىن بەكمۇ - بەكمۇ بىلگۇسى كەلدى ، ھەتتا ئاشۇ تۇيغۇ كۆتۈرگەن غەلياندا ئارامسىزلىنىپ ، ئۇيان

تولغىنىپ ، بۇيان يۇمىلىنىپ ، قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى كىر-
پىك قاقماي تاڭغا ئۇلىدى . كېيىن ، قىياسەن بىلدى : بەزى
ئاغزىنىڭ «پاشىنىسى» يوق ، شەرەنداز خوتۇنلار بىلەن ئون تۆت ـ
ئون بەش يېشىدىلا ئەرگە تېگىپ ، ئون بەش ـ ئون ئالتە يېشىدا
ئانا بولۇپ قالغان تەڭتۇشلىرىنىڭ گاھى زارلىنىپ ، گاھى ماخ-
تىنىپ تۇرۇپ ئېيتقان «ھېكايە»لىرىدىن بىلدى . لېكىن ،
ئىككى جىنس ئىككى تەننىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇشىدىن ھا-
سىل بولىدىغان تەڭداشسىز شېرىن لەززەت (ئەگەر مۇشۇ گەپ
راست بولسا !… )تىن بىۋاستە بەھرىمەن بولمىدى . شۇنداق
تۇرۇقلۇق ، ئانىسىغا : «قورسىقىمدا سالىنىڭ بالىسى بار» دې-
دى . دېدى ـ يۇ ، ئۆلمىدى ، ئۇنىڭ بېرىسى بولدى !
قانداق بولسا قورساقتا بالا بولىدۇ ؟
ئۇ بۇنىمۇ بىلمەيتتى !
لېكىن ، بىلگۈسى بار ، ھەقىقەتەن بىلگۈسى بار ئىدى !
شۇڭا ئۇ ئۆزىنى سالىغا ئاتىۋەتكەن ، ئاشۇ مەقسەت بىلەن
سالىنىڭ كەينىدە بەش يىل يۈرگەن . ئۇنى بىرەر كۈن كۆرمەي
قالسا ، نېمىسىنىدۇر يوقىتىپ قويغاندەك بىئارام بولۇپ ، يېگى-
نى ئاش ، ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولمىغان . ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان
نەرسە پەقەت سالىدىلا باردەك ، ئۇنىڭغا ، پەقەت ئۇنىڭغىلا چىن
يۈرىكىدىن كۆيگەن ؛ قوناقلىق ، جىگدىلىك ، تېرەكلىك…
لەرنىڭ دالدىلىرىدا ئوغرىدەك مۆكۈنۈپ ، ئاھۇدەك ئەندىكىپ ،
توشقاندەك قورقۇمسىراپ ، ھازىرلا بىرى باسماداپ تۇتۇپ بوغۇز-
لىتىۋېتىدىغاندەك ئەنسىرەپ ، تىترەپ تۇرۇپ ئاچ كۆزلۈك بى-
لەن سۆيگەن . ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكۈسى كېلىپ ، بوينىغا
گىرە سالغان قولىرى قىسقا كېلىپ قالغاندەك ، پۇتىنىڭ ئۇچى-
دا دەسسەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشقان . جىمى ئېغىرلى-
قىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ ، ئۆزىنى ئاجايىپ يەڭگىل ، ئاجايىپ بەخت-

لىك سەزگەن . پەقەت بىرلا نەرسە...
شۇنداق ، ئايال زاتى ئەڭ قىزىقىدىغان ، ئەمەلىيەتتىمۇ ھا-ياتلىق ئالىمىنىڭ ئۇنىڭسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنى تەسەۋ-ۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىرلا نەرسە تېخىچە ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغانىدى !
سالى دۆتمۇ ياكى جىنسىي ھەۋەسى يوقمۇ ؟ بۇ جەھەتتە قىلچە بېشارەت بەرمىدى . تاجىگۇلمۇ ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلمىدى...
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر پەردە بار ئىدى . بۇ پەردە...
مانا بۇ يەر ، بۇ گەمە ، بىر جۈپ بەختسىز ئاشىق - مەشۇق ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئەڭ خالىي ، ئەڭ ئازادە ، ئەڭ ياخشى ئىشرەت-گاھ ئىدى . ھەر ئىككىسى بەش يىلدىن بېرى كېچە - كۈندۈز تەقەززا بولغان ، زارىقىپ كۈتكەن نەرسىگە ئېرىشىدىغان پۇرسەت-مۇ تۇنجى قېتىم مانا مۇشۇ يەردە يارىتىلغانىدى !
ئەپسۇس ، ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلمىدى ياكى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشتى... باغرىنى باغرىغا يېقىشىپ ، تات-لىقىنا ئىككى - ئۇچتىن سۆيۈشۈپ ، بىر - بىرىنى قېنىپ - قېنىپ پۇرىشىۋالغان بولسا كاشكى...
ھېچنېمە ، ھېچنېمە قىلىشمىدى . تېخى ھېچنېمە دېيىشمە-گىلى تاس قېلىشتى !
ئەخمەقلەر !...
سالى قاراڭغۇدا تىمىسقاپ يۇرۇپ ئورۇن راسلىدى - دە ، «ئىشىك » تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان تاجىگۇلگە :
— بۇ ئورۇندا سىلە ياتسىلا . مەن ماۋۇ پاخالدا ياتاي ، — دېدى .
نېمە دېسۇن ؟ تاجىگۇل نېمە دېسۇن ؟ «ئىككىمىز بىللە ياتايلى » دېسۇنمۇ ياكى... ؟
تاجىگۇل ھېچ نەرسە دېمىدى ، ھېچ نەرسىمۇ دېيەلمەيتتى .

ھەتتا سالى : «ئىككىمىز بىللە ياتايلى» دېگەن تەقدىردىمۇ ،
تاجىگۇل چوقۇم : «ياق !» دەيتتى .
بۇ ؟...
ئىشەنمەيۋاتامسىز ؟ «بەز يېمەيدىغان مۇشۇك»لەرنى كۆ-
رۈپ كۇلكىڭىز قىستاۋاتامدۇ ؟
كۇلۇڭ ، كۇلۇۋېرىڭ ! تولا كۇلۇپ ئۇچىيىڭىز ئۇزۇلۇپ
كەتسىمۇ پەرۋايىمىز پەلەك ! ! !
گەپنىڭ راستىنى قىلساق ، سالىنىڭ قورسىقىدا نېمە مەق-
سەت - مۇددىئا بار ؟ بۇنىڭدىن قىلچە خەۋىرىمىز يوق ، بىلگە-
مىزمۇ كەلمەيدۇ . تاجىگۇلگە كەلسەك ، بۇ پۈتۈنلەي باشقا گەپ :
تاجىگۇل ئالدى بىلەن ئادەم ، ئادەم بولغاندىمۇ ، مۇھەببەت -
نەپرەتنى ئوت بىلەن سۇدەك ئېنىق ، ئىپپەت - نومۇسنى جېنىد-
دىن ئەزىز بىلىدىغان شەرم - ھايالىق قىز . ئۇنىڭ مەنتىقىسى :
قىز بالا سۆيمىسە ، سۆيۈلمىسە ، ئەرلەر ئالدىدا قەدىر - قىممىتى
بولمىغىنى شۇ . سۆيمەي ، سۆيۈلمەي ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا
نىسبەتەن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز زۇلۇم ، ھەتتا ئۆز - ئۆزىنى
خورلىغانلىق . لېكىن ، «سۆيدۇم - سۆيۈلدۇم» دەپ ئېسەنكى-
رەپ كېتىپ ، كىمگىدۇر ئاتاپ شۇنچە قەدىرلەپ ساقلىغان ئەتى-
ۋارلىق نەرسىسىنى مەزگىلى ، شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىل-
مەي تۇرۇپ كىمگىدۇر (ھەتتا ئۇنىڭ ھەقىقي خوجايىنىغا ! )
بېرىۋېتىشنىڭ ئۆزى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق بولۇپلا قالماس-
تىن ، بەلكى ياشلىق باھارىنىڭ ئۆمۈر بويى پەقەت بىرلا قېتىم
ئېچىلىدىغان ، ئىككىنچىلەپ ئېچىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ
بولمايدىغان ، قەدىر - قىممىتى تەڭداشسىز گۇل - غۇنچىسىنى
بىمەھەل توزۇتۇپ ، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىنى ئارىلاشتۇ-
رۇۋەتكەنلىك !
تاجىگۇل يىگىرمە ئۇچ يىللىق ئۆمرىدە مۇشۇ مەنتىقىغە

ئىزچىل ئەمەل قىلدى ، مىنۇت ـ سېكۇنت ئېسىدىن چىقارمىدى !

تاجىگۇل مۇشۇ مەنتىقە بويىچە سالىنى كۆپ قېتىم سىنىدى . مەيلى ئۇنىڭغا يېلىمدەك چاپلىشىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپلا كېتىدىغاندەك ھېسسىيات ـ قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلىغان ، سۆيگەن چاغلىرىدا بولسۇن ياكى كونا خامان ، دەريا بويلىرىدا بىر ـ بىرىنى قوغلاشقان ، پومىداقلىشىپ ۋىلىقلاپ كۇلۇشۇپ بىر ـ بىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ، پەقەتلا ئۇنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشكەن چاغلىرىدا بولسۇن ، سالى ۋۇجۇدىدىكى يىگىتلەرگە خاس بارلىق شوخلۇق «قېلىنلىق»لىرىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ ، پەقەت بىرلا ئىشتا ، تاجىگۇل ئەڭ ئەنسىرەيدىغان بىر ئىشتا ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلىدى !

تاجىگۇلنى ئۇنىڭغا شۇنچە مەھكەم ، ھەتتا مەڭگۇلۇك باغلىۋەتكەن ئەڭ ئاساسلىق بىر ئامىل مانا مۇشۇ ئىدى ! سالى بۇنى سەزدىمۇ ياكى سەزمىدىمۇ ؟ بۇ تاجىگۇلگە نىسبەتەن تېخىچە سىر ، ئەلۋەتتە…

تاجىگۇلنى «ئار ـ نومۇس»تىن ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ۋاز كەچكۇزۇپ ، مۇشۇ چۆل ـ جەزىرىگە باشلاپ كەلگەن نەرسە ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، سالىنىڭ ئاشۇ سەۋرچانلىقى ، ھالاللىقى ئىدى .

سەۋرچان ئادەملەرلا قارشى تەرەپنىڭ چىن ، ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيدۇ .

ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئىنتىلىش ، سېغىنىش ، كۈتۈشتە . جىنسىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئېرىشكىنى ئاخىرقى ھېسابتا ، قارشى تەرەپنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان پاك مۇھەببىتى ، ساداقىتى ، مېھرى ـ ۋاپاسى

ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ قۇرۇق تېنى بولىدۇ ، خالاس !

تاجىگۈلنىڭ ئىنتىلگىنى — ئالدىنقىسى ھەم كېيىنكىسى ئىدى . ئۇ ئالدىنقىسىغا ئالدىراپ ئېرىشتى ، تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ لەززىتى - شەربىتىنى ئېمىپ ، ئەندىشە ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ ، دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئۇمىدلىنىپ ، تەلپۈنۈش - ئىنتىلىش ئىچىدە سۆيۈنۈپ ، كېيىنكىسىگە ئېرىشىش تەقەززاسىدا شېرىن تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ كەلدى . لېكىن ، ئۇ مىنۇت - سېكۇنت ئىچىدىلا ئېرىشەلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن بولغان بۇ نەرسىگە ئېرىشىشكە ئالدىرىمىدى ، پەقەتلا ئالدىرىمىدى .

ئۇنى «توي» دەپ ئاتىلىدىغان رەسمىيەت خاراكتېرلىك بىر پەردە توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى .

بەزىلەر ئۇچۇن رەسمىيەت سانىلىدىغان بۇ ئىش ئۇنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئۇلۇغ ، تولىمۇ مۇقەددەس ئىدى ! ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ، مۇقەددەسلىكى بىلەن تاجىگۈلنىڭ قۇترىغان قىياندەك مەۋج ئۇرۇۋاتقان جىنسىي ھەۋىسىنى تىزگىنلەپ ، ئۆزىنى ھازىرلا تۇغۇلغاندەك پاك ، ئالتۇندەك ساپ پېتى ساقلاپ كەلگەنىدى . ئۇ ھازىرمۇ ئاشۇ ئۇلۇغ ، مۇقەددەس پەيتنى كۈتمەكچى !

بۇ مۇمكىنمۇ ؟

قاچان ؟

تاجىگۈلنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان نەرسە دەل مۇشۇ .

يەنىمۇ ئېغىرراقى داۋاملىق مۇشۇ گەمىدە سالى بىلەن «ئەر - خوتۇن» بولۇپ بىللە يېتىپ - قوپۇش !

بۇغۇ چاغلىق گەپ ، مۇبادا سالىنىڭ شوخلۇقى تۇتۇپ...

«سالى شۇنداق قىلىپمۇ تاشلارمۇ ؟ ئەستا... »

سالى ھېچقانداق قىلمىدى . ھەتتا باش - ئايىغىغا يەتكىلى بولمايدىغان خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغان تاجىگۈل كىمنىڭدۇر ئەزان ئېيتقىنى ، سالىنىڭ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ گەمىدىن

چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى...

ئۈچ كېچە تاجىگۈل ئۈچۈن ئۈچ يىل ، ھەتتا ئوتتۇز يىلدەك تەسىلىكتە تالڭ بىلەن ئالماشتى .

بۇ كېچىلەر سالى ئۈچۈنمۇ ئاسان چۈشمىدى . ئۇنىڭ ئول-تۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى ، ئورۇقلاپ توپا ئۆرلەپ كەتكەن چىرايى بۇنى تاجىگۈلگە بىلدۇردى . ئوخشاشلا ، سالىمۇ تاجىگۈل-نىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالمىدى ، بەلكى ئۇ تاجىگۈلدىن بۇرۇنراق بىلىپ ئۈلگۈرگەندى !

بۇ ئۈچ كۈندە ئۇنىڭ تاجىگۈلنى بىرەر قېتىم سۆيۈپ قو-يۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۇنىڭغا يېقىنراق ئولتۇرمىغىنىمۇ بۇنىڭ ئىسپاتى ، ئەلۋەتتە !...

بۇنداق ھالەتكە خاتىمە بەرمەي بولمايتتى . كۈندۈزغۇ ئىش بىلەن ، گەپ بىلەن ، «ھايت - ھۇيت» بىلەن تۇيمايلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن . تاجىگۈلنى ئالساق ، «موللىكام» ئۇنى «چايچى» قىلىپ قويدى .

— خېنىم بالام ، — دېدى ئۇ كۆپچىلىك ناشتا قىلىش ئۈچۈن داشقازاننىڭ چۆرىسىگە ئولاشقان پەيتتە ، — ئىش ھەق-قىلىرىنى ئەل نەرخى بەرسەك ، ئېغىر كۆرمىسىلە ، بىزگە «ئا-نا» بولۇپ ، چاي قازىنىمىزغا ئىگە بولۇپ بېرەلىمۇ ؟

بۇ كاتتا ئېتىبار ئىدى . تاجىگۈلنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ ، ئىككى مەڭزى ئانار چېچىكىدەك يالتىراپ كەتتى . ئۇنىڭ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ، نېمە دېيىشنى بىل-مەي تۇرغاندا ، سالى :

— ئاشمۇ ئېتەمدۇ ؟ — دەپ سالدى .

— ياق ، — دېدى «موللىكام» تەبەسسۇم قىلىپ بېشىنى چايقاپ ، — چاي قاينىتىپ بەرسىلا بولدى . يازچە سوغۇق سۇ بىلەن جان باقتۇق . ھاۋا سوۋۇپ كېتىپ باردۇ ئەمەسمۇ ؟

قىزىق ـ قىزىق چاي ئىچمىسەك بولمايدۇ . ھە ، ئانچە ـ مۇنچە شورپا سالىدىغان ، ئۈماچ چالىدىغان ئىشمۇ بار...

تاجىگۈل ئىشنىڭ «بىسمىللا»سىدىلا قازاننىڭ ، چۆمۈچ-نىڭ ئىگىسى بولۇپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . شۇ كۈنى كەچتە ، باش چامغۇرنى جىق سېلىپ ئۈماچ چېلىپ ، ھەممەيلەننىڭ باركاللىسىغا ئېرىشتى . ئەتىسى بەسەي ، تۇرۇپ ، سەۋزە ، «چاياندەك» ئاچچىق لازا بىلەن نانقايناق ئېتىپ «ئانا»لىقنى يەتكۈزدى . مانا بۈگۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى قازانغا تىقىپ مەجۇندەك پىشۇرۇپ ، ھەممەيلەننىڭ ئېغىز ـ بۇرنىنى ياغ قىلدى . تېخى ئۆزىگە تەگكەن گۆشنىڭ جىقلىقىنى دېمەمسىز ، كەم دېگەندىمۇ بىر جىڭ !...

بۈگۈن ئىشنى بالدۇرلا يىغىشقانىدى . سالى جامائەت بىلەن ناماز ئەسىرىنى ئوقۇپ بولغۇچە ، تاجىگۈل قازان ـ قومۇشنى يۇيۇپ تازىلىۋالدى . ئاندىن ئىككىيلەن «ئۆيى»نىڭ ئىككى تەرىپىدە داليىپ ياتقان توغراق ياغىچى ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ خېلىغىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىشتى . نېمە ئۈچۈندۇر ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايى جىددىي ، بىر ـ بىرىگە ئەمەس ، نەگىدۇر تىكىلگەن كۆزلىرىدە بىر خىل ئەنسىزلىك نامايان ئىدى .

ئاخىر ، جىملىقنى سالى بۇزدى :

— تاجىگۈل ، — دېدى ئۇ قورۇنۇپراق ، ئاۋازىمۇ غەلىتە ئىدى ، — بۇ يەرگە كۆنەلەمدىكەنلا ؟

— ۋىيىەي ، نېمە دەيدىغانلا ! — تاجىگۈل ئۆزىمۇ تۇيماي كۈلۈپ تاشلىدى . يۈزلىرى لاللىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئوڭ قولىدىكى ياغلىقتا يۆگەلگەن گۆشنى سول قولىغا يۆتكىدى . ئۇلار بۇ گۆشنى ئەتە يېيىش ئۈچۈن ئاشۇرۇپ قېلىشقانىدى ، — بۇ يەرگە كۆنمىسەم نەگە كۆنىمەن؟ تازا قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا !...

— ئەمدى…

— خاتىرجەم بولسىلا !… يېڭى كەلگەندە بۇ غەلىتە ئادەم-لەرنى كۆرۈپ تازا قورققان . كېيىن قارىسام ، خېلى تۈزۈك ئادەملەر ئىكەن . ھېلىقى موللىكامغا ئۆز دادامدەك ئامراق بو-لۇپ قالدىم… ئۇ مەشەنىڭ بوتۇڭى ئوخشامدۇ ؟

— ياق ، ئىمام ئىكەن . ئاڭلىسام ، ئۇمۇ «ئۇنسۇر»مىش .

— «ئۇنسۇر !» ۋاي خۇدايىم ، قانداق «ئۇنسۇر» ئىكەن ؟

— قانداق «ئۇنسۇر»لىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن .

— نېمىشقا بىلمەيدىغاندۇ ؟

— ئۆزى دەپ بەرگىلى ئۇنىمايدىكەن . شەھەردىن كېلىدى-غان شوپۇرلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇغىنىدىن قارىغاندا ، تېگى شەھەرلىك ئوخشايدۇ .

— ھە… گەپ - سۆزىدىن قاراپ ، مەنمۇ «شەھەرلىكمى-كىن» دەپ قالغان…

يەنە جىم بولۇپ قېلىشتى . «ئۆيى»نى ئۇلۇشكۇن تازىلىۋې-لىشقاچ ، قىلىدىغان ئىشمۇ يوق ئىدى . «ئۆي»گە كىرگەن بىلەنمۇ جىن چىراغدا بۇرنىنى ئىسلايدىغان گەپ . خۇپتەن نامى-زىنى ئوقۇپ بولغۇچە مۇشۇنداق ئولتۇرۇش كېرەك . چۈنكى ، ئۆيقۇ كەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى بەش ۋاخ نامازخان ئىكەن . سالى ئاشۇ توپقا قېتىلى-ۋالغان . «مۇسۇلمانچىلىق» قىلغاننىڭ پايدىسىنى خېلى كۆر-دى . ئۇنى چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتلەيدۇ . مۇشۇن-داقلا كېتىۋەرسە ، ئۇلار بۇ يەردە قۇمسارايدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئوبدان ياشايدۇ . بىراق…

مۇشۇ «بىراق» سالىنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان چوڭ تاغ ئىدى . ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتمىسە ، ئۆزىنىمۇ ، تاجىگۇلنىمۇ بۇ-گۈن بولمىسا ئەتە چوقۇم شەرمەندە قىلاتتى . ئۇ چاغدا…

سالى يۇرەكلىك هالدا ئېيتتى :
— مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن…
— نېمىنى ئويلاۋاتىلا ؟
— ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى…
— «ئىككىمىزنىڭ ئىشى ؟» ۋېيىي نېمانداق… ؟
— سىلە قوشۇلسىلا ، نىكاھ قىلدۇرۇۋالساقمىكىن دەي-مەن .

تاجىگۇل نەچچە كۈندىن بېرى سالىدىن دەل مۇشۇ گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتكەنىدى . ئۇنىڭچە بولسا ، شۇ تاپتا ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىپ ، مۇشۇ گەپنى قىلغان ئاغزىغا بىرەرمىڭنى سۆ-يۈپ ، تىلىنى نوكچا ناۋات شورىغاندەك شوراپ - شورىۋالسا ھەم بىر ئاغزىدا مىڭ قېتىم : «يائاللا… سىلىدىن مۇشۇ گەپ چىقى-دىغان كۈنمۇ كېلىدىكەن - ھە !… جۇرسىلە ، ھازىرلا… » دەۋەتكۈسى بار ئىدى . ئەپسۇس ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن باشقا گەپ چىقتى :
— ئۇنداق قىلساق ، خەق زاڭلىق ئەتمەمدۇ ؟ !
— نېمىشقا زاڭلىق ئېتىدىكەن ! — سالى تىلىنى باشقۇ-رالماي قالدى ، — تويلۇق ئېلىپ ، توي قىلغىلىرى بارمىدى يا ؟…

— ئۆتكىنە ئاكا ، نېرى ! — تاجىگۇل بويۇن - قۇلاقلىرى-غىچە خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ ، سالىنى «سەن»لىۋەتكى-نىنىمۇ تۇيمىدى ، — «تويلۇق» دەيدىغان ئادەم سېنىڭ كەي-نىڭدىن مۇشۇ جەزىرىگە كېلەمدۇ ! ؟ مېنىڭ دەۋاتقىنىم ھەممە خەقنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنى «ئەر - خوتۇن» دەپ يۈرۈپ ، ئەمدى قوپۇپ نىكاھ قىلدۇرىمىز دېسەك ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز رەسۋا قىلمامدۇق ! ؟
— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا ، — سالى ئىشەنچ بىلەن

سۆزلەيتتى ، ــــ مەن ھەممىنى ئويلاپ قويدۇم . سىلە «ماقۇل»
دېسىلىلا ، مەن بۇگۈنلا...

سالى پىلاننى يېپىدىن يىڭىنىسىگىچە دېدى . تاجىگۇل ئو-
ڭايسىزلانغىنىدىن بىر قىزىرىپ ، بىر بوزىرىپ ، قولىدىكى
گۆشنى مىجىقلىغىنى مىجىقلىغانىدى . ئاخىر :

ــــ سىلە نېمە دېسىلە شۇ ، ــــ دېدى تىلىنىڭ ئۇچىد-
دىلا...

ــــ .........

يىگىرمىدەك ئادەم «موللىكام»نىڭ ئىمامەتچىلىكىدە خۇپ-
تەن نامىزىنى تاماملاپ ، «ئۆي»لىرىگە تارقىغىلى تۇردى . تاجى-
گۇل «مەسچىت» ــــ ئۇچ تەرىپى قۇم دۆۋىسى بىلەن ئورالغان
بوشلۇق ــــ تىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا ئۆرە تۇراتتى ( «ئۆي»
دە يالغۇز ئولتۇرۇشتىن قورقۇپ ، سالى بىلەن بىللە كەلگەنى-
دى ) . ئۇ ئالدىدىن ئۆتكەن جامائەت بىلەن بىر - بىرلەپ
سالاملاشتى . بەزىسى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپمۇ ئۇلگۇردى . سالى
«موللىكام»نى بىر چەتكە تارتىپ ، ئۆزىنىڭ كىملىكى قانداق
بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى قىلچە يوشۇرماي دېدى .

ــــ شۇنداقمۇ ؟ ــــ دېدى «موللىكام» ھەيران بولغىنىدىن
ھاياجان ئارىلاش پەس ئاۋازدا ، ــــ ئىمانى ئەركەك ئوغۇل بالا
مەن دېسىلە !... ۋاي ، ۋاي ، ۋاي... يارايلا ! تاجىگۇلمۇ ئۇزۇك-
نىڭ كۆزىدەك بالىكەن ئەمەسمۇ !... «ئانامنىڭ تۆپىسىدىن قە-
سەم قىلىشقا يارايمەن» دېگەنلىرى نېمىسى ! ؟ بولدى ، مەن
ئىشەندىم . «ئىككىمىزنى نىكاھلاپ قويسىلا» دېگەن گەپلىرىنىڭ
ئۆزى يەتتى !... مۇشۇ كۇنلەردە ، سىلە دېمەتلىك ياش باللىنىڭ
قايسىسىدا ھايا ، ئىمان قالدى دەيلا ! ؟... ئىت ، مۇشۇك ساڭىرى
ئەركەك - چىشى جۇپلىشىپلا ئالسا ، ئۆزلىرىنى «ئەر - خوتۇن
بولدۇق» دەپ يۈرۈۋېرىشىدۇ... سىلە ئۆزلىرىنى «تاشمەتخان

ئۇستامىنىڭ ئوغلى» دېدىلە . مەن ئۇ كىشىنى تونۇيمەن . ماشى-
نىچىلىق كارخانىسىدا ئىشلەۋاتقان چېغىدا نەچچە قېتىم كىيىم
تىكتۈرگەن . كارخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زادى كۆر-
مىدىم... مەنمۇ شەھەردىن سەھراغا قوغلاندى قىلىنغان «ئۇز-
سۇر» . دۆيجاڭنىڭ تىل - تايىقىغا چىدىماي ، بەش قىزىم بىلەن
خوتۇنۇمنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىۋالغىنىمغا ئۈچ يىل بولدى .
ئۇدۇللۇق تاپقان پۇلۇمنى ئۇدۇللۇق خوتۇن - بالىلىرىمغا ئەۋە-
تىپ بېرىمەن... كىچىكىمدە ئاز - تولا ئىلىم ئۆگىنىپ قويۇپتى-
كەنمەن ، بۇ يەرنىڭ مۆمىنلىرى «موللىكام» دەپ ئۆزلىرىگە
ئىمام قىلىۋالدى . ئوغرى - قاراقچىدىن تارتىپ ، يۇرتىدا جان
باقالماي ئېزىپ - تېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بىچارىلەرگىچە
ھەممىسى گېپىمنى ئاڭلايدۇ... «نېمىشقا» دەملا ؟ مەن بۇ يەرگە
ئەڭ كونا ، شوپۇر ئاغىنىلىرىممۇ جىق . ھەممىسى مېنى دەپ
كېلىشىدۇ . ھەممىسىنىڭ ئاغزى چىڭ ، ئىشەنچىلىك خەق .
شۇڭا مەن بۇ يەردە پادىشاھدەك ياشايمەن... يىگىرمە ياشتىن
ئېشىپ قالغان قىزلىرىمنىڭ تېخىچە بىردىن ئەركەكنىڭ تاھارى-
تىگە سۇ بېرەلمەي يۈرگىنىگە يىغلاشتىن بۆلەك ھېچقانداق
غېمىم يوق... بۇ گەپلىرىمنى بۇ يەردە بىر خۇدا ، بىر ئۆزۈمدىن
بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ . سىلە بايىقى گەپلەرنى دېمىگەن بول-
سىلا ، مەنمۇ بۇ گەپلەرنى سىلىگە دەپ بەرمەيتتىم . سىلىمۇ بىر
كىمگە تىنىپ تاشلىمىسىلا جۇما !

— ماقۇل .

— ئىككىلىرى ئۆيگە بېرىپ تۇرۇشسىلا . مەن ھازىرلا
بارىمەن...

سالى بىلەن تاجىگۇل «ئۆي»گە كېلىپ ، ئەمدىلا جىن
چىراغنى يېقىپ تۇرۇشىغا ، موللىكام يېپيېڭى بىر جۈپ يوتقان -
كۆرپە بىلەن بىر دانە «قۇرئان» كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى

ۋە يوتقان ـ كۆرپىنى نەچچە كۈنىگىزى تاجىگۈل يېتىپ قوپقان يوتقان ـ كۆرپىنىڭ ئۈستىگە قويدى ـ دە ، پاخال ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئىككىيلەننى ئۇدۇلىدا ئولتۇرغۇزدى . ئاندىن :

— ئەسلىدە ، نىكاھ پاتىھەسىدە ئىككىدىن ئۈچكىچە گۇۋاھچى هازىر بولۇشى پەرز ئىدى . بۇ يەردە دىيانىتىگە ئىشەنچ قىلغۇدەك بىر كىم بولمىغاچ ، ئاللانىڭ كالامىنى گۇۋاھچىلىققا ئالغاچ كەلدىم ، — دەپ پاتىھەنى باشلىۋەتتى...

— ئى باراخۇدايا ، پاك پەرۋەردىگارا ، بۇ بىر جۈپ ئىخلاسمەن ، مۆمىن بەندەڭگە ئەبىدىلئەبەد ئىسسىقچىلىق ، مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلغايسەن ! ئامىن ، ئاللاھۇ ئەكبەر ! — دەپ قولىنى يۈزىگە سۈرگەندىن كېيىن قاچاندۇر تەييارلاپ قويغان بىر پارچە شاكاراپ قىلىنغان ناننى ئوشتۇپ ئىككى پارچە قىلىپ ، ئىككىيلەننىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى . ئاندىن :

— مۇبارەك بولسۇن ! — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى ۋە ئۆلاپلا ، — ماۋۇ يوتقان ـ كۆرپىنى چوڭ قىزىمنىڭ تويىغا ئاتاپ مارالبېشىدا تىكتۈرۈپ كەلگەنىدىم . قىزىمنىڭ ئورنىدا تاجىگۈل خېنىمنىڭ تويىغا سوۋغام بولۇپ قالسۇن ! خەق سورىسا «ساتتىم» دەپ قويىمەن . سىلەرمۇ مۇشۇنداق دەڭلار... — دەپ كۆزلىرىگە «غىلىلدە» ياش ئالغانىدى ، خۇشاللىق ، هاياجان ، خىجىللىق ئىلكىدە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان تاجىگۈل «پاڭڭىدە» يىغلاپ ، ئالىقانلىرى بىلەن يۈزلىرىنى ئېتىۋالدى . سالىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز ياشلاندى.........

شۇ كېچە — «ئۆي»نىڭ «ئىشىكى»دىن تاجىگۈلنىڭ قاشلىرىدەك ئىنچىكە ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن هىلال ئاي ، تاجىگۈلنىڭ كۆزلىرىدەك نۇرلۇق ، چاقناق يۇلتۇزلار ماراپ تۇرغان ئۇنتۇلماس كېچە — بىر جۈپ نەۋبەر تەن ، ياق ! بىر جۈپ

نەۋبەر جان بەخت، ھاياجان، شادلىق ئىلكىدە ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە يىل زارىقىپ كۈتكەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلگەن نېسىۋىسىگە ئېرىشتى.

بۇ «نېسىۋە» شۇنداق شېرىن، شۇنداق لەززەتلىك ئىدىكى، مۇبادا بىراۋ ئۇلاردىن: «جەننەت ھۇزۇرى نەدە؟» دەپ سوراپ قالغۇدەك بولسا، تاجىگۇل قىلچە تەمتىرىمەستىن: «نەدە بولاتتى؟ ئاشىقىمنىڭ قوينىدا!...» دەپ جاۋاب بەرسە، سالىمۇ: «مەشۇقۇمنىڭ باغرىدا!...» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى!

شۇنداق، بۇ كېچە ئۇلار ھەقىقەتەن جەننەت ھۇزۇرىنى سۈردى. تۆت ئەتراپىدىن شۇرۇلداپ قۇم - تۇپراق تۆكۈلۈپ تۇرغان؛ تورۇسىدا پاخال، توغراق چىۋىقلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان؛ سەللا شامال چىقسا، ھاڭدەك ئوچۇق «ئىشىك»دىن بىر ھارۋا قۇم ئېقىپ كىرىدىغان بۇ چاشقان ئۇۋىسى ئۇلارغا جەننەتۇل مەئۋادەك گۈزەل، ئازادە، ئارامبەخش تۇيۇلدى:

قېنىپ ۋەسلىگە جۈپ دىل، بولدى گۈلخان،
نە گۈلخانكىم، بىتەھقىق بولدى ۋولقان.
لېۋىدىن بال ئېمىبان بىر - بىرىنىڭ،
پاراغەت تەختىدە خانىشۇ - سۇلتان...

ئۇلارنىڭ ئەتىكى تېگى ئېنىقكى، ئۆمرىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن تاڭلاردىن يۈز ھەسسە، ھەتتا يۈز مىڭ ھەسسە گۈزەل ۋە يارقىن بولغۇسى!...

شۇنداق، ئەتىسى جامائەت بامداتتىن يانغۇچە تاجىگۇل بىر قازان ئۇماشنى پىشۇرۇپ قاچىلارغا ئۇسسىغۇدەك قىلىپ قويدى. ھەممىدىن كېيىن قازان بېشىغا يېتىپ كەلگەن «موللىكام»:

— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، — دېدى چامغۇر بىلەن قوناق ئۇنىڭ پۇرىقىنى قېنىپ - قېنىپ پۇرىغاچ تامىقىنى چاكىلدىتىپ ، — ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ ئاش ، ئۆلۈك قوپۇپ ئىچكۈدەك !... نەچچە يىلنىڭىزى ئەتىگەندە زاغرا بىلەن قايناقسۇ ئىچىپ ، ئەجەبمۇ قىيناپتىكەنمىز بۇ جاننى !... سىلىنى بىزگە خۇدايىم يەتكۈزۈپ بېرىپتىكەن ئەمەسمۇ ، خېنىم بالام !...

ئۇ تاجىگۈلنى خېلى ئۇزۇن ماختىدى . باشقىلارمۇ قاراپ تۇرۇشمىدى . بېشىنى يەردىن ئۇستۇن قىلماي تۇرغان تاجىگۈل خۇشاللىق ، خىجىللىق ئىلكىدە شەلپەردەك قىزىرىپ ، كىرگىلى كامار ئىزدەۋاتقان پاتمىچۇقتەك ، كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلىتىپ ئۇيان - بۇيان قارايتتى . ئۇنىڭ خۇشاللىقىمۇ ، خىجىللىقىمۇ ئىككى سەۋەبتىن بولۇپ ، بىرى ئۇنىڭ بىلەن «موللىكام»غا ، ئىككىنچىسى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى . ئۇنى قىزارتىۋاتقىنى ، خىجىل قىلىۋاتقىنى ، شۇبھىسىزكى ، ئالدىنقىسى ئىدى : «قۇرئان»نى گۇۋاھچى قىلىپ ئوقۇلغان نىكاھ پاتىھەسى ، ئۆمرىدە يېپىنىپمۇ باقمىغان ئوتقاشتەك قىزىل ، ئەجدىھا گۈللۈك خاڭدەن يوتقان - كۆرپە... مانا بۇلار تاجىگۈل ئۆلسىمۇ ئېسىدىن چىقمايدىغان ، «موللىكام» ئالدىدا مەڭگۈ يۈزىنى قىزارتىدىغان ئىشلار ئىدى . «سالى قانداق بولۇپ ئۇچراشقىنىغا ئارانلا ئۈچ كۈن بولغان ‹موللىكام› غا نىكاھ قىلدۇرۇش نېمىتىگە كېلىپ قالدى ؟ ‹موللىكام› قانداق بولۇپ ئۆز قىزىنىڭ تويىغا ئاتاپ تىككۈزگەن شۇنچە ئېسىل يوتقان - كۆرپىنى ئۇلارغا سوۋغا قىلىۋەتتى ؟ ‹موللىكام› زادى قانداق ئادەم ؟...» مانا بۇ سوئاللار تاجىگۈلنىڭ خىيالىدىن بىر دەممۇ نېرى بولمىدى . سالىدىن سوراپ بېقىۋىدى ، ئۇمۇ دۇدۇقلاپ ، ئۇنى قانائەتلەندۈرگۈدەك جاۋاب بېرەلمىدى .

قىزىق ئىش ، ھەقىقەتەن قىزىق ئىش !...

«موللىكام» گېپىنى داۋام قىلدى :
— كۈندە ئەتىگەندە مۇشۇنداق ئۇماچ ئىچىپ بېرىدىغان بولسىلا ، ئىش ھەققىلىرىگە بىر كويدىن قوشۇپ بېرىمىز ، قانـداق دېدىم ، كۆپچىلىك ؟
— شۇنداق قىلايلى .
— يېرىم كېچىدە قوپۇپ ئاش ئەتسە ، بىر كويدىن قوشۇپ بەرسەك ئاز بولۇپ قالارمىكىن ؟
— توغرا . قوشۇدىغان ئىش بولسا ، ئىككى كويدىن قوـشايلى .
— ماۋۇ خېلى جېنى بار گەپ بولدى !
— ئاۋۋال ئۇماچ چېلىشقا كۆندۈرۈۋالساق ، كېيىن تاجىـگۇل لەغمەن بىلەن بېقىۋېتەمدۇ تېخى بىزنى !...
— شۇنداق قىلىپ ، ئىككى كويدىن قوشۇدىغان بولدۇقـمۇ ؟
«موللىكام»نىڭ سوئالىغا ھەممەيلەن تەڭ ئاۋاز قوشتى :
— ھەئە .
— قوشتۇق !...
— ئەمىسە بۈگۈندىن باشلاپ كۈنلۈكلىرى يەتتە كوي بولىدىغان بولدى ، — 〈موللىكام〉 تاجىگۈلگە بۇرۇلدى ، — تاجىگۈل ، رازى بولىدىغانلا ؟
— رازى...
تاجىگۈل شۇنداق دەپلا كۆزلىرىگە «غىلىلىدە» ياش ئالدى . ئەكسىچە ، بىر چەتتە كۈزىتىپ تۇرغان سالىنىڭ يۈرىكى خۇشالـلىقتىن ساماغا چۇشۇپ كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ كەتتى . دېمىسىـمۇ بۇ ھەقىقەتەن خۇشاللانغۇدەك ئىش ، كۈتۈلمىگەن ئامەت ئىدى !... مۇشۇ كۈنلەردە ، شەھەردە بىر مەدىكارنىڭ كۈنلۈكى ئىككى يۈەن ، تېخى قىلىدىغان ئىشنىڭ تايىنى يوق ، كۈنلەپ -

كۈنلەپ ئاچ قورساق گېزىپ يۇرىدىغان گەپ! ئەگەر «ئۇماچ پونكىتى»نىڭ تىل - تايىقى بولمايدىغان بولسا، ئۇ يەرنى يۇرتىدا جان باقالماي، ئېزىپ - تېزىپ قەشقەرگە كېلىپ قالغان مۇساپىر - مۇجاپىرلار ئۇچۇن «جەننەت» دېسىمۇ بولىدۇ، سالى بۇنىمۇ ئويلاپ قويغان، تاجىگۇلمۇ چۇشەندۇرگەن، تەڭرى ئۇلارنى «ئۇماچ پونكىتى»گە ئەمەس، بۇ يەرگە ئەكېلىپلا تاشلاپ، نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ئىش قىلغان - ھە!...

«موللىكام» توغرا ئېيتىپتۇ: ئۇلارنىڭ رىزقىمۇ، بەختىمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەن!...

مانا ماۋۇ گۆردىن ئېچىۋالغان ئۆلۇكتەك توپا چىراي، كىيىم - كېچەكى ئايلاپ - يىللاپ سۇ كۆرمەي قاسماقلىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى توروڭ - توروڭ، يۇرۇش - تۇرۇشى، يېتىپ - قوپۇشى ياۋايى سىياق بولسىمۇ، كۆكسى - قارنى كەڭ، قولى ئوچۇق، چىقىشقاق ئىكەن. ئەلۋەتتە، گۇل بار يەردە تىكەن بولغىنىدەك، ئىنتايىن ئاز ساندا تاپتىن چىققان ساياق، قىمارۋاز - لۇكچەكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار كۇندۇزى قان - تەر تۆكۇپ تاپقان پۇللىرىنى كېچىلىرى تاۋىكاغا تۆكۇپ، ھەش - پەش دېگۇچە ئۇتتۇرۇۋېتىپ قاقسەنەم بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلار ئارىسىدا بىر - بىرىدىن يۇز يەن، مىڭ يەنلەپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. بىرەر ئاي ئىشلەپ پۇل تېپىپ يانچۇقىنى توشقۇزۇپ مارالبېشىغا بېرىپ ئۇتتۇرۇپ كېلىدىغانلارمۇ؛ مارالبېشىنىڭ قىمارۋازلىرىنى چىللاپ كېلىپ يانچۇقىنى قۇرۇقداپ قويىدىغان «گاڭگۇڭ»لارمۇ؛ ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيگۇزۇپ، بىر پۇڭلۇق نەرسىنى بىر يەنگە ساتىدىغان «قاراڭغۇ بازارچى»لارمۇ بار ئىكەن. زور كۆپچىلىكى دۇيجاڭلارنىڭ تىل - تايىقىغا چىدىماي يۇرتىدىن بەزگەن يالاڭتۆش دېھقانلار بىلەن ھەرخىل «ئۇنسۇر»

لار بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق «ئاھالىسى» ئىكەن . ئۇلارنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولغىنىغا ئالدىغا ئۈچ يىل ، كەينىگە بىرەر يىل بولۇپ قاپتۇ . جىنىنىڭ «كۆكىنى سىتىپ» پۇل تېپىپ ، بىر تىيىننى بۇزماي يىغىۋېتىپتۇ . ئالدىنىڭ نەچچە مىڭ يۈەن ، كەينىنىڭ مىڭ يۈەنلەپ پۇلى بولسىمۇ ، يەنىلا مۇشۇنداق نامرات - سىياق يۈرىدىكەن . قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ «جاھان ئۆگىلانغان»دا يۈرتىغا قايتىپ «ئۆزىنى ئاشكارىلاش» نىيىتى بار ئوخشايدۇ .

سالى بۇ يەرگە كېلىپ ئەتىسىلا بۇلارنى ئۇققان . ھەر كىمنىڭ ئىش تەقسىماتى ۋە قىلىدىغان ئىشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان : «موللىكام» بىلەن ئىككى ناۋايدىن باشقىلارنىڭ كۈنى دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى ئاستىدا مىڭ يىللاپ ياتقان يۇل - غۇن ، توغراقلارنى كولاپ چىقىرىپ بىر جايغا دۆۋىلەپ ، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇدىغان ئاپتوموبىل ، تراكتورلارغا بېسىپ بېرىش ئىكەن . باھا بەلگىلەش ، شوپۇرلار بىلەن پۇتۇشۇشكە «موللىكام» ئىگە ئىكەن . كىمنىڭ بىر ئاپتوموبىل ئوتۇنى سې - تىلسا ، ئۇنىڭغا بىر - ئىككى يۈەن «تاپان ھەققى» بېرىلىدى - كەن . سالىمۇ ئۈچ كۈندىن بېرى توپا - چاڭغا مىلىنىپ ئىككى ئاپتوموبىل كەلگۈدەك ئوتۇن كولاپ ، يېرىمىنى ئوتتۇز يۈەنگە ساتتى . ئوتتۇز يۈەن قۇمسارايدا بىرىنچى دەرىجىلىك بەرجەس ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوتتۇز كۈنلۈك ئىش نومۇرى (گۆگىفېنى) دېگەن گەپ . تېخى يىل ئاخىرىدىكى تەقسىماتتا ، بۇ ساننىڭ ئەمەلىيلىششىمۇ بەسىمۇشكۇل !

سالى بىلەن تاجىگۇل ھەقىقەتەن تەلەيلىكمىكەن ! ؟

كۈچ ــــ پۇل ، پۇل ــــ ھەممە .

مانا بۇ ، بۇ يەرنىڭ رېئاللىقى .

مىدىرلاپلا تۇرساڭ ، پۇل دېگەن «ئۆمىلەپ» ئالدىڭغا كېلى - دۇ . پۇلۇڭ بولسىلا ، «يۇلغۇننىڭ كۆتىكى تۈۋىدىن توخۇ سۈتى

چىققىدۇ» . گۆش ـ ياغ دېگەن تۇرۇپ ـ چامغۇرنىڭ ئورنىدا ! بىراق ، بۇ ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى شۇنداقمۇ ياكى ھەددىدىن زىيادە پىخسىقمۇ ؟ ناۋايلار بىر تونۇر زاغرا ، بىر تونۇر گىردە ياقسا ، زاغرا تۈگەپ كېتىپ ، گىردە ئېشىپ قالىدۇ . ئۇماچ ئېتىلسە ، قازاننىڭ بىر قەۋەت «تېرىسى»نى قوشۇپ ئىچىۋەتكىلى تاس قېلىشىدۇ . پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى بىرلا ئولىشىپ يەپ تۈگىتىۋېتىشىدۇكى ، «ئەتىمۇ خۇدايىمنىڭ كۈنى بار» دېيىشمەيدۇ . نەچچە ئايلاپ بۇغداي تائامىغا ئېغىز تەگمىسىمۇ پەرۋايى پەلەك . بايىقى لەغمەن توغرىسىدىكى چاقچاققا كەلسەك ، ھېچ بولمىسا ، خېلى جىق ئادەمنىڭ ئارزۇسى . لېكىن ، بۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس…

ئۇلار يىلتىز تارتتى ، ئۈچ كۈن ھەپىلىشىپ چوڭراق بىر «ئۆي» ياساپ ، تۇنجى قاردىن بۇرۇن مەش قويۇۋالدى . «موللىكام» شوپۇرلار ئارقىلىق قەشقەردىن ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن بىر قاناتلىق دۇم ئىشىكنى بېكىتىپ قۇلۇپلىدى . ئۇلارنىڭ «ئۆيى» ھەممە «ئۆي»لەردىن ئازادە ، پاكىز ، ئىسسىق ئىدى . ئۇلار ئەتىگىنى كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۇماچ ئىچكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، تامىقى خېلى ـ خېلى ھاللىق ئائىلىلەرنىڭكىدىن ياخشىراق بولۇپ ، كۈندە دېگۈدەك لەغمەن بىلەن مانتا يەيتتى . تاجىگۇل بۇنداق ماھارەتنى نەدىن ئۆگىنىۋاپتىكىن ـ تاڭ ، ئەتكەن تاماقلىرى بىر ـ بىرىدىن مەززىلىك ـ لەززەتلىك ئىدى… ئۇلار يېڭى «ئۆي»گە كۆچۈپ ھەپتىدىن كېيىن «موللىكام»نى كەچلىك تاماققا چاقىردى .

تاجىگۇل ئېرىك پاقلاننىڭ گۆشى بىلەن ياڭيۇ ، پىيتوزا ، پالەك قورۇپ ، مەشۇتنىڭ نەختىدەك ئىنچىكە سوزۇپ لەغمەن ئەتكەندى . «موللىكام»غا دۈۋىلەپ ئىككى چىنە يېگۈزدى . «موللىكام» ئوتتۇرا چىنە ئاشنىڭ سۈيىنى تۆپلەپ ئىچىپ ،

ناھايىتى ئۇزۇن دۇئا قىلدى ؛ تاجگۇلنى بىرمۇنچە ماختاپ رەھ-
مەت ئېيتتى . ئاندىن :

— خان بالام ، — دېدى ئۇلارغا كەينىنى قىلىپ ، ئەمدىلا قاچىلارنى ئاش سۇزگەن داسنىڭ ئىچىگە سېلىپ يۇيۇشقا تۇتۇنغان تاجگۇلگە قاراپ . تاجگۇل بېشىنى كەينىگە قىيا بۇرىدى ، — سىلە ئون - يىگىرمە ئادەمگە لەغمەن سوزۇپ ئۇلگۇرتەلىمۇ ؟

— ئۇلگۇرتىمەن ، — تاجگۇل ئۇدۇللا جاۋاب بەردى ۋە ئۇلاپلا سورىدى ، — قانداق دەيلا ؟

— مەن دەيمەن... ئۇزلىرىمۇ بىلىشىلا... مەن بۇ يەرگە كەلگەن ئۇچ يىلدىن بېرى ، ئاغزىمغا تېتىپ يېگەن ئېشىم مۇ-شۇ . مۇنداق قارىسام ، تاماققا ئۇستىدەك تۇرىلا . ئوغۇل بالىدەك غەيرەتلىرىمۇ بار ئىكەن... كۇندىن - كۇنگە سوغۇق چۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ . ھەممە ئۆيگە ئوت يېقىلسا ، چاي قاينىتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ... سوغۇقتا سالىجان بىلەن ئوتۇن كولايمەن دەپ جانلىرىنى قىينىغىچە ، كۇنلۇكى بىرەر چارەك ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇپ ئاش ئېتىپ ، مەشەدىكى خەققە سېتىپ باقسۇنمىكىن دەيمەن...

— ئاشپەزخانا ئاچامدىمەن ؟

تاجگۇل ھاياجىنىنى باسالماي ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۇۋەتكى-نىنىمۇ تۇيمىدى .

— ھەئە ، — دېدى «موللىكام» كۇلۇمسىرەپ ، — شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ . قانداق ، سىناپ باقامىلا ؟

— بىرمۇنچە خېمىرنى يۇغۇرۇپ قويۇپ ، ساتالماي قالسام قانداق قىلىمەن ؟

— مابالىنى... شۇنىڭدىنمۇ غەم قىلامدىكەن !... سىلىمۇ بىلگەنلا ، بۇ يەردىكى خەقنىڭ تولىسى يۇرتىدا ئۆي - ماكانى ، بالا - چاقىسى بار خەق . جاھاننىڭ قاتتىقلىقىدىن ، قاڭقىپ بۇ يەرگە

كېلىپ قېلىشقان . كېتەي دېسە ، ئەترەت بېشىنىڭ تىل ـ تايىقىدىن قورقىدۇ . كەتمەي دېسە ، يۇرتىنى ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى سېغى-نىدۇ··· ھەممىسى دەردمەن ، ھەممىسى بىچارە . ئادەمدەك ياشاي دېسە پۇرسەتمۇ ، ئىمكانمۇ يوق··· ھە ـ ي ـ ي··· قاراڭغۇ گەمىدە دۈم يېتىپ ، دۈم قوپۇپ ، يوغان يېسە شورپا ـ گۆش ، بولمىسا قايناقسۇ بىلەن زاغرا غاجىماق بىركىمگە ئاسانمۇ ؟ ! ھەممىسىنىڭ ئۈبدان ـ ئۈبدان يېگۈسى بار ، يېگۈلۈكنىڭ تايىنى يوق··· شوپۇرلارنى دەپ نەچچە ئاشپەزنى چىللاپ كەلسەك ، نەچچە كۈن تۇرۇپ بېقىپلا : «بۇ يەردە كۆنلۈكى ئات بېشىدەك ئالتۇن تاپقۇچە ، يۇرتۇمغا بېرىپ ، كۆنلۈكىمگە ئىككى كويدىن نىمكار ئىشلەيمەن» دەپ تۇرغىلى ئۇنىمىدى··· ئاشپەزلىك ساي-مانلىرىمىزمۇ ، ئىچىگە ئوچاق سېلىنغان يوغان گەمىمىزمۇ بار . ئەگەر بىر سىناپ باقاي دېسىلە···

— بۇ چاغقىچە ئۆزلىرى باشلىغان يولدا زىيان تارتمى-دۇق ، سىلە «قىل» دېگەن ئىشنى جېنىمىز چىقىپ كەتسىمۇ قىلىمىز ، موللىكا··· قانداق دېدىم ، سالى ؟

— توغرا . تاجىگۈل يېتىشىپ بولالمىسا ، مانا مەن بار . ئاۋۋال بىر سىناپ كۆرمەمدۇق ! ؟

— ناۋاتتەك گەپ بولدى !··· شۇنداق قىلىشسىلا··· مەن ئەتە بامداتتىن يېنىپلا جامائەتكە دەپ ، ھېلىقى گەمىنى تازىلى-تاي . شوپۇرلارغا تاپىلاپ ئوتياش ـ چۆنەك ئەكەلدۈرەي . ئۇن ناۋايخانىدىن چىقىدۇ . ئېغىلدا ئىككى قوي تۇرىدۇ ، سويساقلا گۆش··· ھە راست ، سىلەر ئىشنى يۇرۇشتۇرۇۋالغۇچە ھەممە چىقىم مەندىن . پايدىسىنى ئۆزۈڭلار خەجلەپ ، دې-رىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار بولدى··· نېمە ؟ خۇپتەنگە ئەزان چىقىۋاتامدۇ نېمە ؟

ئۇ گېپىنى توختىتىپ ، قۇلىقىنى دىڭ قىلدى . سالى دې-

دى :

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ .

— رەھمەت بالىلىرىم ! خۇدايىم ئۆيۈڭلىگە قۇت ـ بەردىكەت ئاتا قىلسۇن ! ئامىن ، ئاللاھۇ ئەكبەر ، — دەپ دۇئا قىلىپ ئورنىدىن قوپتى «موللىكام» ۋە كېتىۋېتىپ دېدى ، — مەن چىقىپ تاھارەت ئېلىپ ، خۇپتەنگە تەييارلىق قىلاي···

ئۇ سالىنىڭ قوزۇقتىن پاختىلىق چاپىنىنى ئېلىپ كىيىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قوشۇپ قويدى :

— مەن جامائەتكە دەپ قوياي سالىجان ، سىلە بۈنىڭياقى تاجىگۇلنى يالغۇز تاشلاپ خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇيمەن دېمەي ، ئۆيدە ئوقۇسىلا .

— ماقۇل···

ئۇلار «موللىكام»نى ئۇزىتىپ چىققاندا ، سىرتتا ئەزان ئاۋازى ئەمەس ، بەلكى كىمدۇر بىرى سېغىنىش ـ ئىنتىلىش ، مۇڭ ـ پىغان بىلەن ئېيتقان ناخشا ئاۋازى ئايدىڭ ، جىمجىت كېچىگە جان بېغىشلاۋاتاتتى :

يۈرەكىم چاك ـ چاك بولدى ،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي يارىم .
ئۆتەر يولۇڭغا باش قويۇپ ،
ئەجەل يەتسە ئۆلەي يارىم .

ئۇشلىماڭ بىلەكىمنى ،
كۆيدۇرمەڭ يۈرەكىمنى .

غېرىپ ـ ئاۋارىدۇر كۆڭلۈم ،
مىسكىنلىك ماكان بولماس .
ئوتۇڭدا كۆيۈپ ئۆلسەم ،

خۇنۇم ئەسلا راۋا بولماس .
ئانارلىق باغقا يول ئاچماڭ ،
جورا بولىلى قاچماڭ .
..............
..............

ئاھ !... ئادەملەر ، ئادەملەر... ئارمان بىلەن تۇغۇلۇپ ، ئارمان قوغلىشىپ ياشاپ ، دەرماندىن كېتىۋاتقان ئادەملەر !... ئېيتىڭلار ، ئېيتىڭلار ناخشاڭلارنى يۈرىكىڭلاردىن ئۇرغۇپ چىقـقان !... ئاي كۈلۈۋاتىدۇ . كۈنمۇ كۈلۈدۇ ئەتە... ئۇ كۈلۈۋاتقان يارىڭلاردۇر بەلكىم ؟ قاراڭلار ئەنە ! ! !

# گۇۋاھچى قاتىل

— مەتكېرىمنى ئۆلتۈرگىنىم راست ، — دېدى سوپۇر ئاخۇن تۇنجى قېتىم سورالغان سوئالغا جاۋابەن ، — ھەرگىز تېنىۋالمايمەن !

— نېمىشقا ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ ؟

— ئۇنداق گۇينى ئۆلتۈرمەي ئەمسە !...

— نېمە ! ئۇ قانداق گۇي ئىكەن ؟

— قانداق گۇي بولاتتى ؟ ئاشۇنداق ئۆلتۈرمىسە بولمايدىغان گۇي شۇ !... بىر گەپنى سوراۋېرىدىكەنيا ، ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ...

— ماۋۇ نە ؟ بىلەمسەن !...

— بىلگەچ ئۆزۈم كەلدىمغۇ مانا !...

— ئەستا جۇما !... ھوي ، ئادەممۇ ؟ نېمە سەن ؟

— نېمە دېسىلە شۇ !

— مانا ئەمسە !...

نۆۋەتچى ساقچى سوپۇر ئاخۇننى شۇنداق قاتتىق دۇمبالاپ كەتتىكى ، مۇشت - تەستەك دېگەن نېمە ئىكەن ئۇ ؟ قۇنجىلىق بەتىنكىنىڭ ناھالىسى ئۇنىڭ نەچچە يېرىنى كۆكەرتتى ، نەچچە يېرىنى ئىششىتتى ، نەچچە چىشى تۆكۈلۈپ ، ئېغىز - بۇرنىدىن ئاققان قان ھەممە يەرنى بۇلغىدى . لېكىن ، ئۇ كىچىككىنە قارشىلىق كۆرسەتمىدى : كويزا سېلىنغان قوللىرىغۇ ئەسلى مىدىرلىمايتتى ، ئاياغلىرىنىمۇ مىت قىلىپ قويمىدى... ئەسلىدە ئۇ بۇ يەرگە «ئەرزان ئۆلۈم» ئىزدەپ كەلگەنىدى . كىم بىل-

سۈن ، ئۆلۈم بۇ يەردىمۇ «ئەرزان» ئەمەس ئىكەن ... «بىسمىللا» قىلىپ مۈشۈنداق دۇمبالىغىلى تۇرسا ، ئۆلۈم جازا-سى بەرگۇچە ئۇنىڭ گۆشىنى سۆكۈكىدىن ئايرىپ ، تېرىسىنى ئۆتكەمە قىلىپ بولۇدىغان ئوخشىمامدۇ ! ؟... ئۇنىڭغا بۇمۇ ئاز ! ئەخمەق بولمىسا ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ ، مۈشۈنداق يەرگە كېلەمدۇ ؟ ! مەتكېرىمنىڭ ئۆيىدە ، يا بولمىسا ، تالاغا چىقىپلا ئۇستىرىدەك ئىتتىك پىچىقىنى كانىيىغا بىرلا سۇرسە ھەممە ئىش تۈگىمەمتى ؟ ! يە سوپۇر ، يە تاياقنى... خەقنى ئۆلتۇرمەك ئۇنداق ئاسان بولغان بىلەن ئۆزى ئۆلمەك مۈشۈنداق تەس ! خەق بىرلا ئۆلدى ، كەتتى . ئۇنى سوراق قىلىدىغان ، ئۇرۇپ - تىللاي-دىغان ئادەم يوق . پاكىز يۇيۇپ ، چىرايلىق كېپەنلەپ ئاپىرىپ كۆمۈپ قويسا ، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ياتقاندەك خاتىرجەم يې-تىپ ، تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالىدۇ... توغرا ، تېخى ئۇنى كۆمۈشتىن بۇرۇن گۈگۈشي تەۋەسىدىكى بۆشۈكتىكى ، تۆشۈكتىكى ھەممە ئادەمنى يىغىپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلى-دۇ . دادۇي - دادۇي ، شياۋدۇي - شياۋدۇي ئالىيېشىل قەغەزدە گۈلچەمبىرەك ياساپ ، ئۇنىڭ جىنازىسى كەينىدىن كۆتۈرۈپ مېڭىشىدۇ... سەنچۇ ؟ سەن گۆرگە كىرمەي تۇرۇپلا بۇ دۇنيادىكى «مۇنكىر - نەكىر»نىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشىڭ ، «گۇرزا»سىنىڭ تەمىنى تېتىشىڭ ؛ ئۇستىخانلىرىڭ نەچچە قېتىم تېرىقتا ئايلىنىپ ، «ئاق خوراز» نەچچە - نەچچە قېتىم تېرىپ پۇتۇنلە-شى ؛ ئەڭ ئاخىردا بىر پاي ئوق يەپ «ئۇھ» دېيىشىڭ مۇمكىن ! ...

بۇ ئۆزۈڭ تاپقان ئىش... چىدا !

لېكىن ، سوپۇر ئاخۇن چىدىمىدى . ئۇ : «ئىقرار قىلغانلار-غا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ» دېگەن گەپنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلىغان . ئۇ مۇشۇ گەپنى يادىغا ئېلىپلا مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغان . ئۇ

ئاتتىن چۈشۈپلا ساقچىغا ئۆزىنىڭ مەتكىرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن-لىكىنى ئېيتتى. قولىغا كويزا سالغاندا يەرگە قاراپ تۇردى. مانا مۇشۇ ئۆيگە ئەكىرىپ سولاپ قويۇۋىدى، بىر ئۇلتۇرغان جايىدىن قىمىرلىمىدى. نەچچە ساقچى نەچچە قېتىمدىن كىرىپ، خۇددى ئۆلاغ بازىرىدىكى بېدىكلەر قاڭتۇرۇپ باغلاپ قويۇلغان ئاتنىڭ چىشىنى باققاندەك، ھېلى ئۇنىڭ بىر يېرىنى مىجىقلاپ، ھېلى بىر يېرىنى قايرىپ بېقىشىمۇ، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشى-مۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمىدى.

مۇشۇنىڭ ئۆزى ياۋاش بولغانلىق، ئىقرار قىلغانلىقتۇ؟!

ماۋۇ ساقچى بۇ يەرگە يېڭىدىن كېلىپ قالغانمۇ ياكى «ئىق-رار قىلىش»نىڭ قانداق بولۇدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ھېچنېمى-دىن ھېچنېمە يوق ئۇنى دەسسەپ، ئۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇن-داق ئۇرۇۋەرسە...

«ھامىنى ئۆلۈدىغان ئىش بولغاندىكىن، بۇنداق جېنىمنى قىينىغىچە، ماۋۇ ئاداشنى تازا بىر ئەدەپلىسەم ئاسانراق ئۆلتۈر-مەمدۇ؟!...»

سوپۇر ئاخۇن كۆچەپ بىر تەپكەندى، پۈتۈن ئېسى ـ يادى ئۇنى دەسسەش ـ تېپىش بىلەن بولۇپ كەتكەن ساقچى «ۋاي... » دەپ قورسىقىنى چاڭگاللىغىنىچە پوتبولدەك قاڭقىپ، ئوڭدى-سىغا يىقىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغۇچە، سوپۇر ئاخۇن چاچراپ ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە دەس-سەپ پېتىقلىغىلى تۇردى.

ــ ئادەم ئۇرغانغا تويۇڭە مانا! ــ دەيتتى ئۇ، ھەر قېتىم بىرنى دەسسىگەندە بىر قېتىم ئاشۇ جۈملىنى تەكرارلاپ.

ساقچىنىڭ جېنى ئاشۇنداق ئاجىزمۇ ياكى خۇدىنى يوقاتقان-مۇ؟ سەكرەپ قوپۇپلا ئۆز رەقىبىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ھېلى ئۇيانغا، ھېلى بۇيانغا يۇمۇلايتتى. چۈشىنىكسىز بىر نې-

مىلەرنى ۋارقىرايتتى...

ھە... تاپانچىسىنى ئالماقچى ئىكەن ـ دە؟!

پاڭ... پاڭ!...

مانا «ئەرزان» ئۆلۈم!!!...

ئۇ ـ ھ ـ ھ... ئەمدى ئارام تاپتى. بۇ دۇنيانىڭ جىمى پوق ـ سۈيدۈكىدىن يىراقلا قۇتۇلۇپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى... يىراق، بىچارە گۈلزار قانداق قىلار؟ بىر چاغدا «ئۇنسۇرنىڭ قىزى» بولۇپ قېلىپ يېگىنى ئاش بولمىدى. مانا ئەمدى «قا- تىلنىڭ خوتۇنى» بولۇپ نېمە كۈن كۆرەر؟! تېخى دادىسىنىڭ يۈزىنى كۆرمىگەن «قاتىلنىڭ بالىسى»مۇ بار... ئاھ خۇدا!...

توۋا، سوپۇر ئاخۇن ئۆلمەپتىكەن ئەمەسمۇ!...

ئاۋۇسى دوختۇر، ماۋۇ ساقچى، تېخى گۈلزارمۇ تۇرامدۇ نېمە؟!...

توغرا، شۇ! گۈلزار شۇ!!!

سوپۇر ئاخۇن ئۇن ئىككىنچى دوختۇرخانا تاشقى كېسەللىك- لەر بۆلۈمىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە ياتاتتى. تۇنجى قېتىم كۆزىنى ئېچىپلا ئەنە شۇلارنى كۆردى. كۆزلىرىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي، ھەممەيلەنگە تەكرار قاراپ چىقتى، ھەممىسى شۇ ئۇ- چەيلەن...

— ھوشىغا كەلدى، — دېدى سېستىرا كۈلۈمسىرەپ، — مەن دوختۇرغا خەۋەر قىلاي...

— مېنى تونۇلىما؟ — دېدى ئىككى كېچە، ئىككى كۈندۈزنى ئۇنىڭ ئايىغىدا ئۆتكۈزگەن گۈلزار ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېڭىشىپ. كۆز چاناقلىرى لىق ياش ئىدى.

ساقچى سېستىرانىڭ كەينىدىنلا سىرتقا چىقىپ، ئىشىكنى ئاۋايلاپ ياپتى. سوپۇر ئاخۇننىڭ كالپۇكلىرى مىدىرلىدى:

— گۈلزار... سىلە...

— سوپۇر ئاخۇن…
— مەتكېرىم…
— مەتكېرىم… مەتكېرىم ھېچنېمە بولماپتۇ…
— ھە !…

سوپۇر ئاخۇن ئوق تەگكەن شۇڭقاردەك چىرقىراپ، چۇراپ ئورنىدىن قوپماقچى بولغانىدى، بېشى كۆتۈرۈلە كۆتۈرۈلمەس-تىن ياستۇققا چۈشتى. گۈلزارنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ، بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە دوختۇر چاقىرغىلى ماڭدى. سوپۇر ئۆزد-نى ھەر تەرەپكە تاشلاپ:

— يالغان، يالغان! مەتكېرىم ئۆلگەن! شۇ چاغدىلا ئۆل-گەن !… ئۇ ئۆلمىسە، ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى؟ !… دەپ ئۆزمەي ۋارقىرايتتى.

مەتكېرىم ھەقىقەتەن ئۆلمىگەنىدى. زىيۋەرىخان ئېسىگە كې-لىپلا، پەگادا غەرق قان ئىچىدە دالىيىپ ياتقان مەتكېرىمنى كۆردى - دە، دەسلەپ قاتتىق ھودۇقتى، پۇت - قولى بوشىد-شىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر پەس ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا ئەمەس، ئۇنى ئۆلتۈرگەن قاتىل — سوپۇر ئاخۇنغا ئىچى ئاغرىۋاتاتتى: «ھەي بالا، ھەي بالا، بۇ نېجىسنى نېمىشقىمۇ ئۆلتۈرگەنسەن؟ ! بۇنىڭدا نېمە ئۆچىڭ بولغىيدى؟ ! قوي-نىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بالا ئىدىڭ، شەيتاننىڭ كەينىگە كى-رىپ، ئىماندىن چىقىدىغان ئىشنى قىلغىنىڭنى قارا… ئۇغۇ قىساس تۇتۇپ، ئىتنىڭ ئۆلۈمىدەك ئۆلدى. ئوبدان بولدى! ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت… سېنى ھۆكۈمەت ئۆلتۈرمەي قوي-مايدۇ… مېنى گۇۋاھچىلىققا تارتىسىغۇ: ‹كىم ئۆلتۈرگىنىنى كۆرمىدىم› دەپ تۇرۇۋالىمەن. سەن بۇ يەردىن كەتكۈچە بىرەرى كۆرۈپ قالغان بولسا… خۇدايىم، بىچارىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلد-غايسەن !… »

زىۋەرىخان يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرۋاپ ئېسىنى يىغدى ۋە كۆز يوپۇرمىقىدەك تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن شىرە تۆپىسىدى-كى ئالتۇن تۈگمىلەر، تىللالارنى ھېلىقى خالتىغا قاچىلاپ ياز-چۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى سوپۇر ئاخۇندا ئىدى. ئۇنىڭغا ئېچىنىپ ياش تۆكۈۋاتاتتى. ئالتۇن تۈگمىلەر بىلەن تىللالار ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، مەتقۇناخۇننىڭ ئىنتىد-قامىنى ئېلىپ بېرىدىغان خاسىيەتلىك ئەنگۈشتەردەك تۇيۇلۇپ، قول - ئايىغىغا ماغدۇر كىرگىلى تۇردى. گويا ئاشۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرگەن پېتى توختى تۇرنىڭ ئالدىغا بارسا، توختى تۇر دەر-ھال سوپۇر ئاخۇنغا قانات يېيىپ، پۈتۈن گۈگۈشىنى ھەرىكەتلەن-دۈرۈپ مەتكېرىمنىڭ ئۆلۈكىنى چالما كېسەك قىلدۇرۇۋېتىد-غاندەك... بىراق ئۇ ھويلىغا چىقىپلا ھوشسىز ياتقان ساياھەتنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقاتتى بولغاي، ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرۈپ ئالا چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. قوشنىلاردىن بىرى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەمدىلا بوسۇغىدىن پۈتىنى ئىچكىرىگە ئېلىشىغا، زىۋەرىخان «پالاقىدە» يىقىلدى - دە، شۇ ياتقانچە گۈگۈشى دوختۇرخانىسىدا ھەپتە داۋالانغان بولسىمۇ ئەسلىگە كې-لەلمەي، تۆلەندىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېتىلدى. ئۇچۇپ يۈرگەن گەپلەردىن قارىغاندا، ئېرىنى يوقلاپ كەلگۈدەكمۇ ھالى يوق-مىش.

— سوپۇر ئاخۇن قانداق بولۇپ مەي جۇرېنغا تىغ كۆتۈر-گەندۇ؟

— شۇنى دېسىلە... قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئادەم تۇرۇپ...

ھاراق ئىچىپ، مەست بولۇپ قالغان بولارمىدى - يا؟

— نەدىكىنى!... ساپساق تۇرۇپ شۇنداق قىپتۇ.

— ھېلىقى ساقچىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغىنى راستمىدۇ؟

— راست بولماي !… تاپانچىسى بولمىغان بولسا ، ئاللىقا-
چان ئۆلۈپ بولىدىكەن…
— «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دەپ ، بۇ بالىنىڭ
قىلىپ ئولتۇرغان ئىشىنى !…
— توۋا دەڭلار هوي خەق ، توۋا دەڭلا… ئۇغۇ قىلغۇلۇقنى
ئۆزى قىپتۇ ، دەردىنىمۇ ئۆزى تارتار . جىمى كەلگۈلۈك بىچارە
گۈلزارخانىمغا كېلىدىغان بولدى…
— ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى بىلەن
چاتمىسىلا مەيلىغۇ !…
— هەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلماس !…
— كۆرۈلا… ئاۋۋال مەي جۇرىھن بىر ساقايسۇن . تۆلەندى
«داجەي» بىلەن بىرلىشىپ ، تاشمەتخاندىن ئالالمىغان دەردىنى
ئۇنىڭدىن ئالمىسا مانا مەن !…
— نېمە دەيدىغانلا… تۆلەندى ئەمدى تاشمەتخاننىڭ ئېتى-
نىمۇ ئاغزىغا ئالالمايدۇ !…
— نېمىشقا ؟
— نېمىشقا بولاتتى… ئۇنىڭ قىزى تاجىگۈل سالى بىلەن
قېچىپ كېتىپتۇ !…
— توۋا دېسىلە… ئۇ قىز بالا هەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق
قىلماس !…
— راست… تەۋەككۈل «پىستەك» شۇنداق دەيدۇ . ئەگەر
راستتىنلا شۇنداق بولغان بولسا ، ئەسلى تاماشانى ئەمدى كۆرۈ-
دىكەنمىز دېسىلە !…
— …………

قۇمسارايدا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ هەممىسى مۇشۇ .
بۇلارنىڭ قانچىلىكى راست ، قانچىلىكى يالغان ؟ خۇدا بىلىدۇ .
بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز : ئون بەش كۈندىن كېيىن سوپۇر ئاخۇن-

نى دوختۇرخانىدىن تۇرمىگە ئېلىپ كېتىشتى . بىر پاي ئۇق ئۇنىڭ سول قۇلىقىنىڭ مونچىقىنى ، ئىككىنچى پېيى سول بىقى-نىنى تېشىپ ئۆتۈپ ، ئۇچىينى زەخملەندۇرگەنىكەن . «ئاسا-سەن ساقايدى» . قالغىنى تۇرمىدە ئەسلىگە كېلىدۇ... مەتكېرىم تېخىچە دوختۇرخانىدا . ناھىيە مەسئۇللىرى دوختۇرلارغا ئۇنى «سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان قەھرىمان» سۈپىتىدە قېتىرقىنىپ داۋالاش ، نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى تەل قىلىپ بېرىشنى قايتا ـ قايتا جېكىلىدى . تېخى ۋىلايەت رەھبەر-لىرىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنىڭمۇ گېپى بار...

بىراق ، مەتكېرىم نېمە ئۈچۈندۇر كۈندىن ـ كۈنگە بوشى-شىپ ، كۈندىن ـ كۈنگە ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتى . جاراھىتى تو-لۇق ساقايغاندىن كېيىن ، ۋىلايەتلىك كادىرلار ساناتورىيىسىگە ئەۋەتىپ ، ئۇزاق مۇددەت دەم ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى بېشارەت-لەرمۇ ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرەلمىدى...

سوپۇر ئاخۇن دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىلىپ ھەپتىدىن كېيىن ئۇ تۇنجى قېتىم سوراق قىلىندى . ئۇنىڭ يارىسى ئاسا-سەن ساقىيىپ بولغان بولسىمۇ ، ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى . ئەكسىچە ، كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئۆتكۈر ، نۇرلۇق ئىدى .

— بىر گەپنى سورىشىۋېرەملا؟ — دېدى ئۇ چېچىلىپ . قايتا ـ قايتا سورالغان «نېمە مەقسەت بىلەن ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇن-دۇڭ؟» دېگەن سوئالغا جاۋابەن ، — بىكاردىن بىكار ئادەم ئۆلتۈرگىلى ساراڭ بولۇپ قالمىدىم... ئۇ گويىنى ئۆلتۈرمىسە بولمايدىغان شۇنداق بىر ئىش بار!...

— شۇ ئىشنى دەپباقامسەن ئەمىسە!

— دېمەيمەن دېدىم ، دېمەيمەن!...

— نېمىشقا دېمەيسەن؟!

— .........

— ھەي ، ماۋۇ نە؟ بىلەمسەن !

— بىلمەيتتىمكى... مەندەك قاتىلنى سولايدىغان تۇرمە !

سوراقچى بىلەن كاتىپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى . مۇھاپىزەتچى ساقچى دىققىتىنى سوپۇر ئاخۇنغا تېخىمۇ مەركەزلەشتۇردى .

— بىلسەڭ ياخشى ، — دېدى سوراقچى جىددىي قىلىپ ، — مەن ساڭا دەپ قوياي ، قاتىللىق قىلىشتىكى مۇددىئايىڭنى ياۋاشلىق بىلەن دېسەڭ دېدىڭ ، جاھىللىق قىلساڭ ، بۇ يەردە بىكار نەچچە يىل ئوشۇق يېتىپ كېتىسەن...

— ياتسام ياتتىم... ئۆزۈم خالاپ كەلگەن يەر بۇ !... مەتكېرىم دېگەن مۇناپىق ئۆلمەي قاپتۇ . بولمىسا ھازىرلا ئاچ-قىپ ئېتىۋەتسەڭلار مۇرادىمغا يېتەتتىم !...

نەچچە قېتىملىق سوراق قىلچە نەتىجىسىز ئۆتتى . سوراق-چىمۇ ، كاتىپمۇ يەڭگۈشلىنىپ باقتى . لېكىن ، نەتىجە ھامان ئوخشاش بولدى ، سوپۇر ئاخۇن ھېچ نەرسە دېگىلى ئۇنىمىدى . ھېلىقى ساقچىنىڭ ئىشى ساۋاق بولدىمۇ ياكى سوراق دېگەن ئەسلى مۇشۇنداق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشمۇ؟ ھېچكىم ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمىدى ، تىللاپمۇ سالمىدى . ئاخىر بىر قېتىملىق سوراقتا ، سوپۇر ئاخۇن :

— ئەگەر زادى دېمىسەم بولمايدىغان ئىش بولسا ، ئەمىسە مېنى تو جۇرېنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار . ھەممە گەپنى شۇنىڭغا دەيمەن . بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭلار ، ئۆلتۇرۇۋەتسەڭلىمۇ ھېچنېمە دېمەيمەن ! — دەپلا گەپنى ئۈزدى .

ئازغىنا كەم بىر ئايلىق ئەمەلىيەت سوراقچىلارنى ئۇنىڭ رايىغا كۆندۈردى...

— سىلە بىلمەيلا دەيمەن ، توجۇرېن... مەتكېرىم دېگەن

ئادەم ئەمەس بىر نەرسە ئۇ ! ـــ توختى تۇر ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كىرگەن مۇھاپىزەتچى ساقچىنى سىرتقا چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنلا سوپۇر ئاخۇن تىلغا كىردى ، ـــ ئاۋۋال دېسەم ، يۆجىن دادۇي ھاراق زاۋۇتىنىڭ جىمى پايدىسى ئۇنىڭ . سىلە ئىشەنمەيلا لېكىن بۇ راست ئىش . پاكىت دېسىلە ، مانا مەن ئۆزۇم ناھىيىدىكى قاراڭغۇ بازارچى سۇلايماننىڭ ئۆيىگە ھەپتىدە ئىككى تۇڭ ھاراق ئاپىرىپ بېرىمەن . مانا بۇ بىرژى… ؛ ئىككىنچىسى ، زىكرۇللا بىلەن بىرلىشىپ دوختۇرخانىنى يەپ بولغىلى تۇردى… قانداق يەپ بولغانلىقىنى تەكشۇرسىلە بىلىلا… ھە ، ئاندىن ، توغرا ، دادۇي ـ شياۋدۇيلەردىن كەستۇرۇپ ، مانا مەن سېتىپ بەرگەن ياغاچلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق… تېخى دادۇيجاڭ ، شياۋدۇيجاڭلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇچقاشتۇرماي ئېلىپ ، قاراڭغۇ بازاردا پۇل قىلىپ بەرگەن گۇرۇچلىرىمۇ تۆت ـ بەش ماشىنا كەلمىسە مانا مەن !… ھە ، بۇ ئۇچىنچى بولدىما ؟ ! تۆتىنچىسى ، گۇڭشېنىڭ كاسسىرى ھېلىمنىياز بىلەن بىرلىشىپ نەچچە يىللىق سۇ پۇلىنى يەپ كەتتى . ھى ، ھى ، ھى… مانا بۇنى مەندىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ ! مەن بۇ ئىشنى بارغۇ ، مەتكېرىم گۇڭشېنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان چاغدىلا بىلىپ قالغان… سىلە بىلمەيلا ، توغرا ، سىلە ئۇ چاغدا تېخى كەلمىگەن… بىزنىڭ گۇڭشېدا ، كاسسىرنىڭ جاۋىنىدە گىرانات پارتلاپ كەتكەن ئىشنى ئاڭلىغانمۇ ؟

ـــ ئاڭلىغان . قانداق دەيسىز ؟

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بۆلمەي ، زېھىن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان توختى تۇر ھەقىقەتەن ئاشۇنداق بىر ئىش بولغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ مەتكېرىمنىڭ خىيانەتچىلىك ئىشى بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلمەيتتى . ھېلىمنىيازنىڭ ھېساباتىدىكى بوشلۇقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئىشىمۇ دەل مۇشۇ

پارتلاش تۇپەيلىدىن كۆيۈپ كەتكەن ھۆججەتلەرگىمۇ تاقىلىپ تۇرغاچ ، ھازىرغىچە «ئىپسىقلىق» ئىدى . ئادەتتە ئۇن ئىغىز گەپ سورىسا ، ئاران بىر ئىغىز جاۋاب بېرىدىغان بۇ مۆرىمەس-نىڭ بۇنچىلا گەپدانلىقى ، بۇنچىلا جىق ئىشنى بىلىدىغانلىقىغا توختى تۇر ھەيران بولۇۋاتاتتى...

سوپۇر ئاخۇن گېپىنى داۋام قىلدى :

— شۇ چاغدا : «قەشقەرنىڭ ئىسيانچىلىرى بېسىپ كېلىپ گۇڭشېنى بۇلايدىكەن... » دېگەن گەپ تارقىلىپ ، كېچىلىرى خاماندا ، ئېتىزدا تۈنەيدىغان بولۇپ قالغاندۇق . بىر كۈنى ، مەتكېرىم بىزنى قەشقەردىن قېچىپ كەلگەن باۋخۇاڭپەي①لەر بىلەن بىللە ناھىيىلىك ۋۇجۇاڭبۇ②نىڭ قورال ئامبىرىنى بۇلاشقا ئاپاردى . قارىساق ، ئۇ قوراللارنىڭ بىرىنىڭمۇ تەپكىسى يوق ئىكەن . شۇنداق بولسىمۇ بىر مەزگىل بويىمىزغا ئېسىۋېلىپ ھەيۋە كۆرسىتىپ يۈردۇق . كېيىن ، مەتكېرىم نەدىن تاپتىكىن ، نەچچە ساندۇق پىلتىسىگە ئوت يېقىپ ئاتىدىغان گرانات ئەكې-لىپ ، ئىشەنچىلىك ئادەملىرىگە ئىككىدىن تارقىتىپ بەردى . مەن ئۇ چاغدا كۈندۈزى ئۇنى توشۇپ ، كېچىسى ئاتخانىدا ياتات-تىم . بىر كۈنى كېچىدە ئۇيقۇم كەلمەي ئولتۇرسام ، ئىشىك غىچىرلىغاندەك قىلدى . شۇنداق چاڭزىدىن قارىسام ، بىرى كاس-سىرنىڭ ئىشكىنى قۇلۇپلاۋېتىپتۇ . مەن ئۇنى ھېلىمنىيازمى-كىن دەپ تاس ئالدىغا چىقىدىكەنمەن . قاراپ تۇرسام ، مەتكېرىم ئالدىمدىن ئۆتۈپ ، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى . بىردەمدىن كې-يىن «پاققىدە» قىلغان ئاۋاز چىقتى . بولغان ئىش مۇشۇ... ئەتىسى : «كاسسىرنىڭ چاۋىنىدىكى گرانات پارتلاپ كېتىپ ،

---

① باۋخۇاڭپەي — پادىشاھنى قوغدىغۇچىلار .
② ۋۇجۇاڭبۇ — قوراللىق بۆلۈم .

ھۆججەتلەرنىڭ جىمىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ » دېگەن گەپ چىقتى . سىلىمۇ بىلىلا ، ئاتخانىنىڭ يېنى خالا . ئەتىسى ئەتىگەندە ، مەن خالادا ئولتۇرسام ، كاسسىر ئەخلەت تۆكۈپ چىقىپ كەتتى . شۇنداق قارىسام ، پارچە - پۇرات گرانات پارچىلىرى تۇرىدۇ . جۇپلاپ باقسام پۈتۈن بولدى . ھېلىقى قەغەزلەرنىڭ ئارىسىدا كۆيگەن تالوننىڭ پارچىسىمۇ يوق… كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشۈپ ، گرانات پارچىلىرىنى ئاتخانىغا ئەكىرىپ ، بىر يەرگە تىقىپ قويدۇم . ھازىرمۇ بار… ئويلاپ باقسىلا ، كاسسىرنىڭ ئاچقۇچى مەتكېرىمدە نېمىش قىلىدۇ ؟ جاۋەننى كۆيدۈرەلمىگەن گرانات ھۆججەتلەرنى قانداق كۆيدۈرەلەيدۇ ؟ ئىشەنمىسىلە ، ئۆزلىرى بىر تەكشۈرۈپ باقسىلا ! ئۇ جاۋەن ھېلىمۇ شۇ پېتى تۇرىدۇ…

سوپۇر ئاخۇن تۇيۇقسىز گېپىنى توختاتتى . چىرايىمۇ ئۆڭ-دى . مۇھاپىزەتچى ساقچى كىرگەندى . سوپۇر ئاخۇن بېشىنى قاشلاپ ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا توختى تۇرغا قارىغاندى ، توختى تۇر :

— چىقىپ تۇرۇڭ ، — دېدى مۇھاپىزەتچىگە . مۇھاپى-زەتچى ئىتتىك كەينىگە يېنىپ ئىشىكنى ياپتى . توختى تۇر سوپۇر ئاخۇنغا بۇرۇلدى ، — يەنچۇ ؟

— يانا… ئەستا… بۇ گەپنى قانداقمۇ ئاغزىمدىن چىقىرار-مەن…

— سۆزلەۋېرىڭ ، تارتىنماڭ !

— ئەمىسە بۇ گەپنى ئۆزلىرىلا بىلسىلە جۇمۇ ! ؟

— ماقۇل .

— «قەسەم ئىچىپ بەرسىلە» دەي دېسەم ، سىلە قەسەمگە ئىشەنمەيلا . دېمەي دېسەم تېخى… ئەستا…

— ماڭا ئىشىنىڭ ، ھېچكىمگە تىنمايمەن !

— سوراقچىغىمۇ دېمەملا ؟

— دېمەيمەن ، ۋالىيغىمۇ دېمەيمەن...

— مېنىڭ پەيلىمنى كۆرلەھە؟ ئەگەر بۇ گەپ يېيىلىپ كېتىدىغان بولسا...

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ماڭا ئىشەنمىسىڭىز...

— سىلىگە ئىشەنمەي ، كىمگە ئىشىنەتتىمكى...

— ئەمىسە...؟

— مەتكېرىمنى خەق بىكار «خوراز» دېمەيدۇ ، — سوپۇر ئاخۇن قورۇنۇپراق گەپ باشلىدى ، — گوڭشې تەۋەسىدىكى فۇداۋيۇەن خېنىملار بىلەن ئەرتىس خېنىملارنىڭ تولىسى ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى . غوپۇر پومىنىڭ كىچىك خوتۇنى بىديان خېنىممۇ بار تېخى... مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن... بەزىسى بىلەن مېنىڭ كۆزۈمچە ئوينىغان . ئېتىنى دەپ بەر دېسىلە ، قۇلىقىدىن تۇتۇپ بىردىن ساناپ بېرەلەيمەن . شۇڭا مېنى بەزى ياش باللا : «سوپۇر مىلەڭزە» دەپ شاڭخو قىلىسىمۇ خاپا بولمايمەن . نېمىشقا دەملا؟ مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم ئىشىك ساقلاپ بەرگەن ، ئاشنىلىرىنى ھارۋامدا ئەكېلىپ ، ھارۋامدا ئاپىرىپ قويغان...

قىزىق سۆزلەۋاتقان سوپۇر ئاخۇن تۇيۇقسىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، ئاۋۋال خىرتىلداپ ، كېيىن ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ، تۇرمىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى . توختى تۇر ھەيران بولغىنىدىن ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالدى . مۇھاپىزەتچى چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ھاسىزلاپ كىرىپ كەلگەنىدى ، توختى تۇر :

— ھېچگەپ يوق . چىقىڭ ! باشقىلارمۇ كىرمىسۇن ! — دەپ سىلكىۋەتتى .

سوپۇر ئاخۇن خېلى ئۇزاق يىغلاپ ، «ھە - ي - ي» دەپ سوزۇپ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ ، پاختىلىق چاپىنىنىڭ

يېڭى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىغاندا، توختى تۇر ئېچىنغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك دېدى:

— بۇ گەپلەرنى بالدۇرراق دېگەن بولسىڭىزچۇ…

— كىمگە دەيمەن؟ سىلىگىمۇ؟ — سوپۇر ئاخۇن قوللىرىنى ئىتتىك پەسكە چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى، — ھىم… نېمە دەۋاتىلا؟ سىلە كېچە - كۈندۈز ئۇنى خوش - خوشلاپ يانلىرىدا ئېلىپ يۈرسىلە، بۇ گەپلەرنى سىلىگە قانداق دېگىلى بولىدۇ!؟ تېخى باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشۈككە سىيىدىغان تۇرسا… قورساقلىرىغا كىرىپ چىقسام، «ئەمىسە ھازىر نېمىشقا دەيسەن؟» دەپ ئويلاۋاتىلا… ھازىر دېيىشىم: بىرىنچىدىن، مەن تۇرمىدە. جازا مۇددىتىم توشقاندا مەيدان ئەزاسى بولۇپ كېتىپ، بۇ يەرگە دەسسىمىسەملا، مەتكېرىمنىڭ ماڭا كۈچى يەتمەيدۇ… ئىككىنچىدىن، سىلە خېلى تۈزۈك ئادەم. سىلە بولمىغان بولسىلا، گۈلزار تېبىبىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمايتتى… ھە راست، مەتكېرىمنىڭ ھەممە جىنايىتىنى دەپ بەرسەم، ئۇنى جۆرېنلىقتىن ئېلىۋېتەمىلا؟

ئۇنىڭ بۇ بالىلارچە سوئالى توختى تۇرنى سەل مەڭدەتتى. «ياق» دەي دېسە، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى توختى تۇر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پاكىت، مەتكېرىم ئۈچۈن تەييار «سىرتماق» ئىدى. «ھە» دەي دېسە، ئۇنىڭدا بۇنداق چوڭ ئىشنى ئۆزى يالغۇز بىر تەرەپ قىلغۇدەك ھوقۇق — كۈچ يوق ئىدى.

— دېگەنلىرىڭىز پاكىت بىلەن ئىسپاتلانسا، ئېلىۋېتىشىمىز مۇمكىن، — دېدى ئۇ مۇجمەلرەك قىلىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاممىنىڭ پىكرى بەك كۆپ… بىزمۇ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا خېلى ئېغىر مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلدۇق…

— بايا دېگەنلىرىمنىمۇ ئېنىقلىغانمۇ؟

— بەزىلىرىنى ئېنىقلىغان، بەزىسىنى ئەمدى ئاڭلاۋاتـ-
مەن. قايتىپ بېرىپلا چوقۇم ئېنىقلايمەن... سىز پاش قىلغان
بۇ مەسىلىلەر ناھايىتى مۇھىم ئىكەن... يەنە بىلىدىغانلىرىڭىز
بولسا، قورقماي دەۋېرىڭ... سىز بۇ گەپلەرنى بۇرۇنراق ماڭا
دېگەن بولسىڭىز، مەتكېرىم ئاللىقاچان جازالىنىپ بولاتتى.
مۇشۇ قېتىمقى ئىشمۇ يۈز بەرمەيتتى... خەير، بولغۇلۇق بولـ-
دى، ئورنىغا كەلمەيدۇ... ھە، توغرا، مەتكېرىمنى مۇشۇ جىناـ-
يەتلىرى ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولغانمىدىڭىز؟
— يا - ق!... نېمە دەيدىغانلا!... ئەستا...
— باشقا ئىش ئۈچۈنمۇ؟
— شۇنداق بولماي!... بىلەملا، ئۇ گۆي... ئۇ گۆي
بىزنىڭ گۈلزارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ...
— ھە!... ھۇ ھايۋان!...
توختى تۇرنىڭ بېشىغا تاش تەگكەندەك، قۇلىقى «ۋىڭڭىدە»
قىلىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، ھەتتا ئورۇندۇقتىن قوـ-
پۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى. ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەيتتى.
گويا قەپەسكە بەنت قىلىنغان يولۋاستەك، توختىماي ئۇيان -
بۇيان ماڭاتتى. مىڭ تەسلىكتە مەيدە يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا
ئېلىپ، لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇرغان بولسىمۇ، تۇتاشتۇرالماي
يەتتە - سەككىز تال سەرەڭگىنى بۇزۇپ بولدى. ئادەتتە تۈگمەن
تېشىدەك ئېغىر - بېسىق، گەپ - سۆزلىرى سىلىق - سىياپە،
پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ئاجايىپ كەسكىن بۇ ئادەمنى ھېچقاـ-
چان بۇنداق ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان سوپۇر ئاخۇننىڭ تىلى
تۇتۇلۇپلا قالدى. ئەيمەنگىنىدىن تامغا چاپلىشىپلا كەتتى. كۆز
قارىچۇقلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توختىماي پىلدىرلايتتى...
— مۇشۇ گېپىڭىز راست - ھە؟ — توختى تۇر ئۇنىڭ
ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىككىيلەننىڭ ئارىلىقى بىر مېتىرمۇ

كەلمەيتتى، — گۈلزار ئۆزى شۇنداق دەمدۇ، يا... ؟

— ياق ئاۋۋال ئۆزۈم ئۇقۇپ، كېيىن گۈلزارنى ئىقرار قىلدۇردۇم.

— ھە... بۇ... ؟

— مەن... مەن دەپ بېرەي...

سوپۇر ئاخۇن گېپىنى باشلاش بىلەنلا يىغلاپ كەتتى. توختى تۇر تەسەللىمۇ بەرمىدى، گەپمۇ سورىمىدى. سوپۇر ئاخۇن دەم خىرتىلداپ، دەم ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ، مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

شەنبە كۈنى، گۆڭشې كادىرلىرى ئادەتتىكى كۈنلەردىن بىر - ئىككى سائەت بالدۇر ئىشتىن چۈشۈپ كېتىدۇ. تېخى بەزىسى چۈشتىن كېيىن ئىشخانىغا پۇتىنىمۇ تىقىپ قويمايدۇ. بۈگۈنمۇ شەنبە، كۈن ئولتۇرار - ئولتۇرماستىن ھەممە ئىشخانىلار تاقىلىپ بولدى. دەرۋازىۋەن بىلەن سوپۇر ئاخۇندىن بۆلەك ئادەم قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئىككىيلەن ئۇيان - بۇياندىن پاراڭلاشقاچ، دەرۋازا تۈۋىدە ئىككى سائەتتەك تۇرۇشتى. سوپۇر ئاخۇن مەتكېرىمنى كۈتۈۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئەتە ئۆزىگە نېمە ۋەزىپە بارلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. بولمىسا ئەتە ئەتىگەندە تۆت كىلومېتىر يول مېڭىپ بۇ يەرگە كېلىشى كېرەك. گۆڭشېدا ھارۋا بىر، ھارۋىكەشمۇ بىر، ھارۋىدا ئولتۇرۇدىغانلار خېلى بار. «ھارۋىكەش — ئاۋارىكەش» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان. سوپۇر ئاخۇننىڭ ۋەزىپىسى باشلىق توشۇش. قايسىبىر باشلىق «ھايت» دەپ بولغۇچە، سوپۇر ئاخۇن «ھۇيت» دەپ ھارۋىنى تەييار قىلمىسا، ئىشتىدىغان تىلغۇ بىر گەپ، «ماڭ!» دەپلا قالسا، ئۇدۇللا بېرىپ كەتمەننىڭ تۈۋىدە توختايدۇ. ئۇن يىل چۇلۇۋۇر تۇتقان قولدا كەتمەن توختامدۇ؟ توختاشنىغۇ توختايدۇ،

باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ «گۈپ - گۈپ» چېپىپ ، كۈنلۈكى بىر گۈڭگا ـــ ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ئىشلەيدىغان ئون نومۇرغا ئىشلىيەلىسە ھېساب... ھارۋىكەش دېگەننىڭ ئەتىگەنلىك «دولقۇن»ىمۇ ، ھاشار - مەدىكىرىمۇ ئالۋان - ياسىقىمۇ يوق . ئاتنى ئۆلتۈرۈپ ، ھارۋىنى يىتتۈرۈپ قويماي تىمىسقاپلا بەرسە ، كادىرلارنىڭكىدەك مۇقىم مائاشى ، ئۇيان - بۇياندىن ئۆزىچە كېلىپ قالىدىغان رىزقى - نېسىۋىسى ئۈزۈلمەيدۇ ، تېخى ئۆ-سۈپمۇ تۇرىدۇ . سوپۇر ئاخۇننى ئالساق ، مائاشى يېقىندا يىگىرمە يۈەنگە ئۆستى . بۇ پۇل ئون يىل بالا ئوقۇتقان بىر خەلق ئوقۇت-قۇچىسىنىڭ بىر ئايلىق مائاشى دېگەن گەپ !... شۇڭا ، ئۇ چوقۇم قولىقىنى يۇمشاق ، ئايىغىنى ئىتتىك ، تىلىنى گال ، كۆزىنى كور... قىلىشى كېرەك . سوپۇر ئاخۇن مۇشۇ پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن قانچە - قانچە كېچىلەرنى ئاتخانىدا تۈنەپ ، كىشىلەرنىڭ ئىشكى ئالدىدا دۈگدەرەپ ، قار - يامغۇر ، بوران - چاپقۇنغا يەم بولۇپ تاڭغا ئۇلىدى . يۈرىكىنى خۇن - زەرداپ قىلىۋەتكۈدەك ئىشلارنى چېلىقتۇرسىمۇ كۆزىنى يۇمۇپ سۈكۈت قىلدى . مانا ئەمدى ئۇ دېگەن پۈتۈن گۇڭشېگە داڭقى كەتكەن گۈلزار دوختۇرنىڭ ئېرى . ئۆزىنى ئويلىمىغاندىمۇ ، خوتۇنىنى ئويلىشى كېرەك - دە ! ھېلىمۇ ياخشى ، گۈلزار ئۆزىنىڭ كاتتا دوختۇرلۇقىنى بىرەر قېتىممۇ پەش قىلىپ باقمىدى . مائاشى چىقىپ بولغۇچە ، بىر تىيىننىمۇ ئۇيان - بۇيان قىلماي ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ ، ئەگەر ئۇ بەزى كادىر ئاياللاردەك داغۋاز ، ھالى يوغان ئايال بولىدىغان بولسا ، سوپۇر ئاخۇندەك ئايلىقى ئاز ، ھەپتىدە ئۈچ — تۆت كېچە تالا - تۈزدە تۈنەپ يۈرىدىغان ئادەم بىلەن ئۆي تۇتامدۇ ؟ !

باشقا باشلىقلارغۇ ئۇنىڭ ماڭغان - تۇرغىنى بىلەن ئانچە كارى يوق ، خادىككىمۇ ئانچە كۆپ ئولتۇرۇپ كەتمەيدۇ . مەتكې-

رىم تاش قالدۇ ئۆيىنى خادىككە كۆچۈرۈۋالغىلى !… سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭدىن ئەڭ قورقىدۇ ، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ . هازىر ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ . دەرۋازىۋەنىنىڭ دېيىشىچە مەتكېرىم چۈشتىن كېيىن ئىشخانىغا بىر كىرىپ قويۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتكەنچە ، هازىرغىچە قارىسىنى كۆرسەتمەپتۇ . ئەگەر ئۇ بۈگۈن كېچە بىر يەرگە بارىدىغان بولۇپ قالسا ، سوپۇر ئاخۇن هارۋىنى تەييار قىلمىسا بولمايدۇ . تېخى ئۇنىڭ ئەتە بىر يەرگە بارىدىغان - بارمايدىغانلىقىنىمۇ ئۇقۇۋالمىسا بولمايدۇ . بولمىسا كېچىچە خاتىرجەم ياتقىلى بولامدۇ ؟ !

تىت - تىت بولغان سوپۇر ئاخۇن كۈن پېتىشقا قارىدى . ئاللىقاچان كۈن ئولتۇرۇپ ، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغانىدى . بۇ چاغدا گۈلزارلارمۇ ئىشتىن چۈشۈپ بولاتتى . ئەگەر سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭ قېشىغا بارالىغان بولسا ، بۇ چاغقىچە ئۇلار ئۆيىنىڭ يېرىم يولىنى مېڭىپ بولۇشاتتى . بىچارە ئۇنى ئىشخانىسىدا كۈتۈپ ئولتۇرغانمىدۇ ياكى دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانمىدۇ ؟…

بۇنداق ئىشقۇ كۆپ بولغان ، ئۇ بۇنىڭغا كۆنۈك . لېكىن ، هازىر نازۇك ۋاخ . سالىنى سوپۇر ئاخۇن ئۆزى قاچۇرۇۋەتكەن ، هېلىمۇ ياخشى تۇتۇلۇپ قالمىدى . تۇتۇلۇپ قالسىمۇ دەردىنى ئۆزى تارتسا بولاتتى . نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ئىش گۈلزارنى بوشاشتۇرۇپلاۋەتتى ، يەنە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك ، بىر ئورۇق ئادەم تېخىمۇ ئورۇقلاپ ، كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايدىغان بولۇپ قالدى . جىمغۇرلۇقىنى دېمەيسىز تېخى… خىزمەت ئۈستىدە قانداقكىن تاڭ ؟ ئۆيدە سوپۇر ئاخۇن گەپ سورىمىسا ، ئاغزىنى ئېچىپمۇ تاشلىمايدۇ . چىرايىدا پۈتمەس - تۈگىمەس مۇڭ…

«ئەستا… »

سوپۇر ئاخۇن قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ ،

دەرۋازىۋەنگە بۇرۇلدى . كۆز ئالدىدا گۇلزارنىڭ دوختۇرخانا ئال-
دىدا بويۇن قىسىپ تۇرغان بىچارە ھالىتى نامايان بولغانىدى .
— ئىبدىل ئاكا ، — دېدى ئۇ ، — خاپا بولماي مەشەدە
بىردەم مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇراملا ؟
— تۇرماي نېمىش قىلىمەن··· قانداق دەيسەن ؟
— «شاققىدە» بېرىپ ، گۇلزارغا بىردەم ساقلاپ تۇرۇش-
نى تاپىلاپ قويۇپ كېلەيمىكىن دەيمەن··· مەن قايتىپ كەلگۈ-
چە ، مەي جۇرېن كېلىپ قالسا···
— خاتىرجەم كېتىۋەر . مەي جۇرېننى ئۆزۈم توغرىلاي-
مەن . بۇ مەي جۇرېنزە···
دەرۋازا ئالدىدا گۇلزار يوق ئىكەن . سوپۇر ئاخۇن بىر
بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدى . ئىش-
خانا ئىچىدىن ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى :
— مەن نۇرغۇن جاھىل ئاياللارنى كۆرگەن . ئەمما ،
سىزدەك جاھىلنى پەقەت كۆرمەپتىكەنمەن ، — بۇ مەتكېرىم-
نىڭ ئاۋازى ئىدى . سوپۇر ئاخۇننىڭ تۇتقۇچقا يېقىنلاشقان قولى
قايتىپ چۈشتى ، — ھېلىمۇ جاھىللىقىڭىزدىن ، ھەممە ئىشتا
زىيان تارتىپ كېلىۋاتىسىز··· بۇدا يەنە جاھىللىق قىلىدىغان
بولسىڭىز···
— قوللىرىدىن كەلگەننى قىلسىلا ! — مانا بۇ گۇلزار-
نىڭ ئاۋازى ، — مېنى كىم چاغلاۋاتىلا ؟ نەچچە يىلنىڭىزى
دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، چاۋىلىرىنى چىتقا يېيىۋەتمىگىنىم-
دىن خۇش بولسىلا !···
— سىزما ؟ ! ھى - ھى ، ھى - ھى··· شۇ چاغدا كاللا
ئىشلىتىپ سوپۇرغا چاپلىۋەتمىگەن بولسام ، نېمە كۈنگە قالىدى-
غانلىقىڭىزنى ئويلاپراق گەپ قىلسىڭىز بولارمىكىن···
— شۇ چاغدا گەپلىرىگە كىرىپ سوپۇر ئاخۇنغا تەگكۈچە ،

ئۆزۈمنى بۇلاققا تاشلاپلا ئۆلۈۋالغان بولسام، سىلىدىن مۇشۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرامتىم؟! نومۇس قىلماي قىلىۋاتقان گېپىدـ نى!... سىلىنىڭ شۇ چاغدا قىلغان ئېپلاسلىقلىرىنى سوپۇر ئاخۇن ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا...

— ئۇقسا نېمە قىلىۋېتەر؟ ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟! دائىم شۇنداق دەپ تېرە تاراقشىتىسىز... نوچى بولسىڭىز، سوپۇرغا ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن بىر دەۋېتىڭە قېنى!...

— دېسەم دېدىم!... مۇشۇنداق كەينىمگە كىرىۋېلىۋېرىدىـ غان بولسىلا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم ئۇنىڭغا دەيمەن!... شۇ گەپنى دېۋېلىپلا، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى!...

— ئۇنچىلامۇ دەپ كەتمەڭ... ناز دېگەنمۇ، ئاچچىق دېگەنـ مۇ يولىدىراق بولغىنى ياخشى... ئەگەر مەن ئوغلۇمنىڭ يۈزىنى قىلمايدىغان بولسام، بەش يىلىنىڭىزى بىرەر قېتىممۇ كۆڭلۈمنى ئېلىپ قويغىلى ئۇنىمىغىنىڭىزغا ئاللىقاچان كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرسىتەتتىم... ھېلىمۇ سەۋر قىلىپ مەشەگە كەلدىم. ئەگەر بۇدامۇ كۆڭلۈمنى رەت قىلىدىغان بولسىڭىز...

— چىق، لۈكچەك!... ئۇنداق كۆڭلۈڭنى قىزىلىڭ جالاپ ئالسۇن!... ھۇ، ھۇ، ھۇ...

يۈرەكنىڭ تۈشتىدىن ئېتىلىپ چىققان ئاچچىق - ھەسرەتـ لىك يىغا، گۈلدۈر - تاراق...

غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان سوپۇر ئاخۇن لاغىلـ داپ تىترەپ، ئەتراپقا ئالاق - جالاق كۆز يۈگۈرتتى. نۆۋەتچى دوختۇر تېخى كەلمىگەنمۇ ياكى كېسەلخانىغا كىرىپ كەتكەنمۇ؟ چىرىغى يېقىلمىغان كارىدوردا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. كاـ رىدورنىڭ ئاۋۇ چېتى — ھازىر كېسەل يېتىۋاتقان بىردىنبىر ياتاق — تىن «كورت!» دېگەن ئاۋازغا ئۇلىشىپلا، قىيا -

چىيا كۆلكە كۆتۈرۈلدى . سوپۇر ئاخۇن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا ، ئىشخانا ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ ، مەتكېرىم خىرقىراپ نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە چىقىپ كەلدى ـ دە ، سوپۇر ئاخۇنغا سۇۋۇشىپ دېگۇدەك ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ئىككى قەدەمنى بىر چامداپ سىرتقا چىقىپ كەتتى . سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ بېرىپلا كارنىيىدىن ئالماقچى بولدى ـ يۇ ، ئاياغلىرىنى يۆتكىيەلمىدى . ئۇنىڭ كاللىسى مىدىرلاۋاتاتتى :

«ئەگەر مەن ئوغلۇمنىڭ يۈزىنى قىلمايدىغان بولسام...»

«مەتكېرىم قايسى ئوغلىنىڭ گېپىنى قىلغاندۇ؟ ئۇنىڭ يا ئوغلى بولمىسا...

«بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم ئۇنىڭغا دەيمەن !...»

«گۈلزار قايسى گەپنى ماڭا دېمەكچى بولغىيىدى؟... ‹ ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى› دېگىنىچۇ !؟... گۈلزار ماڭا تېگىشتىن بۇرۇن ، مەتكېرىم بىلەن ئاشنا ئويناپ ، سۈپۈرگىنى قورسىقىغا ئۇندۇرۇۋالغان بولغىيمىدى يا؟...»

سوپۇر ئاخۇن تويىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى چاقماق تېزلىكىدە كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى : ئەتىياز . تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن چاغ . ئاسماندا تولۇن خوتۇننىڭ ئوچىقىدىكى قوقاستەك ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە يۇلتۇز پىلىلدايدۇ . قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان زېمىنگە شامال ھۆكۈمران . مويلىرىدىن پۇرقىراپ ھور ئۆرلەۋاتقان ئاتنىڭ پەرۋايى پەلەك ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ پۇشقۇرۇپ قويۇپ ، ئالغا قاراپ ئۇچقىنى ئۇچقان . ئاق تۇمىقىنى قېشىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان سوپۇر ئاخۇننىڭ ئىككى قولى يەڭلىرى ئىچىگە تىقىقلىق ، قامچىسى قولتۇقىغا قىستۇرۇقلۇق . ئات مېڭىشىنى سەللا ئاستىلاتسا «تىرت !» دەپ قويىدۇ . خادىكتىكى گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان قېلىن يېكەندازدا مەتكېرىم قوللىرى ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ دالىيىپ ياتىدۇ .

ئۇ بۇگۈن چۈشتىن كېيىنلا «شېكەر شەنبە»نىڭ پەيزىنى سۈ-رۈش ئۈچۈن ، يەتتىنچى دادۈي سېكرېتارى ۋېلىچوڭنىڭ ئۆيىگە بارغان . تويغۇدەك يەپ ، چىلاشقۇدەك ئىچىپ ، بىر سان خام گۆش ، ئىككى كىلوگرام كەلگۇدەك پىششىق گۆشنى زەللە قىد-لىپ ئۆيگە يېنىشى . ئەلۋەتتە ، سوپۇر ئاخۇنمۇ تۆت سەر كەلگۇ-دەك بويۇن گۆشى بىلەن بىر چىنە شورپىغا پوتەيدەك نان چىلاپ ئىچىۋالدى . ئۇچىيى ئەپچىللا ياغلىنىشىپ قالغاچقىمۇ ، سوغۇقمۇ ئانچە بوزەك ئېتەلمىدى . كەيپىمۇ چاغ...

— چۇ كالۋا !...

— ۋە سوپۇر ! — مەتكېرىم ئاياغلىرىنى يىغىپ ، يېنى بولۇپ سوپۇر ئاخۇنغا قارىدى ، — چوكان سېغىندىڭمۇ ؟

خىيالەتتە ئولتۇرغان سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭ بۇ غەلىتە چاق-چىقىدىن گاڭگىرىغىنىدىن ، «ھەئە» ياكى «ياق» دەپ جاۋاب بېرىش ئورنىغا :

— چاقچاق قىلمىسىلا ، ئۇنداق ، — دەپ قىزىرىپ كەت-تى . مەتكېرىم بۇنى كۆرمىدى ، ئەلۋەتتە .

— چاقچاق ئەمەس ! — دەپ ئاۋازىنى كۆتۈردى مەتكې-رىم ، — داداڭ كىچىكىڭدە خەتنەڭنى قىلمەن دەپ ئاختا قىلىۋەتمىگەن بولغىيدى ؟ !

— ئا... ئۇنداق گەپنى قىلمىسىلا ، مەي جورىن !...

— ما گۇينى... ۋە ئاناڭ ئوغول بالا دەپ شۇمەكقۇ سالغان بولغىيدى ؟ !

— .........

— ئىزا تارتىۋاتامسەن ؟ ھى - ھى - ھى - ھى... بۇ يىل يىگىرمە بەشكە كىردىڭغۇ دەيمەن ؟

— ھەئە .

— «ساقىلىم مەيدەمگە چۈشتى ، خوتۇن قارىسى كۆرمە-

دىم» دەپ، شۇ چاغقىچە ئۆيلەنمەي يۈرگىنىڭدىن ھەيرانمەن…
پۇلۇڭ يوقمۇ، يا خوتۇن كىشىدىن قورقۇپ ئۆيلەنمەي يۈرەم-
سەن؟
— نېمىشقا قورقىتىمكى…
— راست قورقمايسەن ھە؟
— ھەئە.
— ئۇنداق بولسا، مەن ئاتىدارچىلىق قىلىپ، بىرىنى
ئەپبەرسەم نېمە دەيسەن؟
— كىمنى ئەپبېرىلا؟
— ئۆزۈڭنىڭ كىمنى ئالغۇسى بار؟
— مەن… مېنىڭ…
— نېمە دۇدۇقلايسەن؟… بىرەرىگە چەن سوقماپسەن -
دە!
— ………
— دېگۇڭ كەلمەيۋاتامدۇ؟ مەن دەپ بېرەيمۇ ئەمىسە!…
— ………
— گۇڭشېدىكى زىيالىي ياش گۇلزارغا مۆل - مۆل
قارايدىغىنىڭغۇ راستتۇ؟!
— مەن… ئۇنىڭغا… ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم قارايدۇ…
— مەندىن يوشۇرمەن دەپ ئاۋارە بولما! خەق ماڭا ئاللى-
قاچان ئىنكاس قىلىپ بولدى…
ئۇنىڭ باشتىكى گەپلىرىنى مەسلىكتىكى چاقچاق دەپ چۈ-
شەنگەن سوپۇر ئاخۇننى كېيىنكى گەپلىرى خېلىلا جىددىيلەشتۇ-
رۇپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي سورىدى:
— نېمە دەپ ئىنكاس قىلدى؟
— سېنى «سۇيدۇك پۇراپ قاپتۇ» دەپچۇ! گۇلزارمۇ
سېنىڭ چۆرەڭدە ئەگىيدىكەن…

— نەدىكى يالغان گەپكە ئىشىنىپ يۈرىدىكەنلا !··· مېنىڭ ئۇنىڭغا قارىغىنىم راست··· چىرايلىق بولغاندىكىن ، ئادەم قاراپ تاشلايدىكەن··· ئۇنى ماڭا قارايدۇ دېگەن گەپ يالغان !···

— ھى - ھى ، ھى - ھى··· ئەمدى بىر ئېغىز راست گەپ قىلدىڭ !··· ئوغۇل بالا بولساڭ دەپباقە ، گۈلزارنى ئالغۇڭ بارمۇ ؟

— ئالغۇم بولماي !··· — سوپۇر ئاخۇن ئېچىلىپ كەت - تى ، — گۈلزار تەگمەيدۇ - دە···

— تېگىپ قالسىچۇ ؟

— تەگسە··· تەگسە···

— گاچچىدا گەپ قىل ! ئالامسەن ، ئالمامسەن ؟

— ئالماتتىمكى··· ئالىمەن !

— بولدى ، گېپىمىز گەپ ! سېنىڭ نەچچە يىلنىڭىزى كېچە - كۈندۈز سىزغان سىزىقىمدىن چىقماي پۈتۈمغا پۈت ، قولۇمغا قول بولغىنىڭغا ، گۈلزارنى ساڭا ئېپبەرگىنىم ئېپبەر - گەن ! ئەگەر گېپىمدىن يېنىۋالسام ، سەن چىچ ، مەن يەي !···

شۇنداق قىلىپ ، مەتكېرىم ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى . سوپۇر ئاخۇن تاكى گۈلزار بىلەن ئىككىسى كۆرسەتكۈچ بارماق - لىرىنى توي خېتىگە بېسىپ كاتىپقا بىر يۈەن يىگىرمە پۇڭ رەسمىيەت ھەققىنى تۆلەپ بولغۇچە ، بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا دەرگۇمان ئىدى . كېيىنكى ئىشلار بۇنىڭدىنمۇ ئوڭاي بولدى . بىراق···

سوپۇر ئاخۇن يالغۇز ئوغۇل ئىدى . ئاتا - ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قېلىپ ، تاغىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى . تاغىسى داۋىي مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولۇپ ، بىتاھارەت يەرگە دەسسىمەيتتى . سوپۇر ئاخۇننى ئۆزىگە ۋارىس قىلىش نىيىتىدە ، كۈندۈزى مەكتەپتە ئوقۇتسا ، كېچىلىرى «ھەپتەيەك»تىن دەرس

ئۆتتى . روزىنى ، نامازنى قازا قىلدۇمىدى . ئۇمۇ تاغىسىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ ، ئون بەش يېشىدا «قۇرئان»نى يادا ئېلىپ بولدى . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوتتۇرا هال نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى . هالال ـ هارامنى پەرق ئېتىشتە بولسۇن ، ئەدەپ ئەخلاقتا بولسۇن ، تەڭتۇشلىرىدىن جىق ئۇستۇن ئىدى . يەنە نەچچە يىل ئۆتسە ، تاغىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، «ئىمام» بولۇپ قېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى . تاغىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭ تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى . دەسلەپ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ پادىچىسى ، كېيىن گۇڭشېنىڭ هارۋىكىشى بولدى… گۈلزار بىلەن توي قىلىش ئۇنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش ئىدى . ئۇنىڭغا چاقچاقتەك تۇيۇلغان بۇ ئىش بىر هەپتە ئىچىدىلا رېئاللىققا ئايلاندى . مانا ، گۈلزار ئۆزى بىلەن يانمۇ يان تۇرۇۋېتتۇ . «ئۇزۇندە ناخشىسى» ئوقۇلۇپ ، ئىككىيلەننىڭ ئەر ـ خوتۇن بولغانلىقى تەبرىكلەندى . يەنە بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن ئىككىيلەن بىر ئۆيگە ، بىر يوتقانغا كىرىپ كېتىشىدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، سوپۇر ئاخۇننىڭ ئۆزى تاماق ئېتىپ ، ئۆزى كىر ـ قات يۇيۇپ ، دوم يېتىپ ـ دوم قوپۇدىغان بويتاقلىق تۇرمۇشىغا مەڭگۈلۈك خاتىمە بېرىلىدۇ…

«قاچان نىكاھ قىلىدىغاندۇ ؟ »

يۈرىكى خۇشاللىق ، هاياجاندىن ئۇسسۇلغا چۈشكەن سوپۇر ئاخۇن پەقەت مۇشۇ ئىشنىلا كۈتۈپ تاقىتى تاق ئىدى . ئەكسىچە ، «تەشۋىقات دۈيى»نىڭ تۇنجى نومۇرى باشلىنىش بىلەنلا ، مەتكېرىم ئۇنى گۈلزاردىن ئايرىپ ، بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى . ئىشخانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جۈپلەپ توختىتىلغان ئىككى شىرەنى چۆرىدەپ زىكرۇللا قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز كىشى كۈلۈشۈپ ـ چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئۇلارنى كۆرۈپ

ھەممىسى ئورنىدىن قوپۇپ ، ئۇلارغا جاي بوشاتتى . سوپۇر ئاخۇن تارتىنغىنىدىن ئىشىك تۈۋىدىلا توختىۋالغانىدى . مەتكېرىم ئۇنى قولىدىن تارتقىنىچە تۆرگە ئاچىقىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالدى .

— قېنى ، بولمامسىلە ! — دېدى مەتكېرىم ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان زاپخوزغا قۇرۇق شىرەنى ئىما قىلىپ ، — بىرنېمەڭلىنى ئەكىرمەمسىلە !...

— مانا ھازىر...

زاپخوز ئالدىراش سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە سايال ئۆتمەي شىرە ئۈستىنى ھەرخىل نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . ئاخىردا ، يوغان رو چەينەك بىلەن ئوندەك پىيالىنى مەتكېرىمنىڭ ئالدىغا توختاتتى .

— باشلامدۇق ؟ — دېدى مەتكېرىم پىيالىلەرنى چەينەكتىكى ھاراق بىلەن تولدۇرۇپ . زاپخوز ئالىمىپ يۈرۈپ ، ھاراق قۇيۇلغان پىيالىلەرنى سورۇندىكىلەرنىڭ مەرتىۋىسى بويىچە بىر - بىرلەپ سۇندى ، — بۈگۈنكىمىز سوپۇرنىڭ تويى . قېنى ، ھەممىمىز ئۇنىڭ تويىنى تەبرىكلەپ ، بىر قاپاقتىن كۆتۈرۈۋېتەيلى !

مەتكېرىم پىيالىنى ئاغزىغا ئەكېتىۋېتىپ ، سوپۇر ئاخۇنغا بۇرۇلدى . ئۇ قورۇنغىنىدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالغانىدى . مەتكېرىم ئۇنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ :

— نېمانداق ئولتۇرىدۇ ماۋۇ ! — دېدى كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا . پىيالىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ بولغانلارمۇ نەپسىنى يىغدى ، — پىيالىنى قولۇڭغا ئېلىپ ، قوپە ئورنۇڭدىن ! شۇنچە ئادەم ئىززىتىڭنى قىلىپ ، تويۇڭنى تەبرىكلەيمىز دەۋاتساق...

— قوپە ، سوپۇر !...

— مەي جۇرېنىنىڭ شۇنچە ئىززىتىڭنى قىلغىنىغا نېمىمۇ

قىلىپ بېرىۋېتەرسەن !...

— بولە ئىتتىك !...

تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن خۇشامەت، ھېسسىداش-لىق، ھەسەت، مەسخىرە... ئارىلاشقان بۇ سادالار سوپۇر ئاخۇن-نى ئاخىر ئورنىدىن قوپۇشقا مەجبۇر قىلدى. قولىنىڭ تىترىگە-نىدىن، پىيالىدىكى ھاراق داۋالغۇپ بارماقلىرىنى ھۆل قىلىۋەت-تى. «ئەستا، شامنى تېخى ئوقۇيالمىدىم، خۇپتەننىمۇ ئوقۇيال-مايدىغان بولدۇم - دە !... ماۋۇ نېجىس چاپىنىمغا يۇقۇپ كەتمە-سە بولاتتى... » ئۇ ئىچىدە ئاشۇنداق دېگەچ، كۆپچىلىككە يېلى-نىش نەزەرى بىلەن تىكىلدى ۋە:

— مەن... مەن... يا ئىچىشنى بىلمىسەم...

— ھا - ھا، ھا - ھا !... مانىڭ گېپىنى !...

— بۇرنۇڭغا قۇيماي، ئاغزىڭغا قۇيساڭ، ئىچكەن دېگەن شۇ !...

— بۇنى ئىچمىسەڭ، گۈلزارنىڭ يوتقىنىغا كىرەلمەيسەن جۇما !...

— بولە ئىتتىك ! مەي جۇرېنىنىڭ قولىنى تالدۇرۇۋەت-تىڭ !...

— .........

كېيىنكى «چاقچاق»لار شۇنداق قوپال، شۇنداق تېتىقسىز ئىدىكى، سوپۇر ئاخۇنمۇ ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم، ئۇنى ئاڭلىغان مۇشۇكمۇ ئاچچىقىدا يولۋاسقا ئايلىنىپ كەتكەن بولات-تى !

سوپۇر ئاخۇن بىر كۆتۈرۈپلا پىيالنى بىكارلىدى. كېيىنكى پىيالىلەر قولىغا تېگىپ بولغۇچە قورسىقىغا كىرىپ بولدى...

سوپۇر ئاخۇن ئەتىسى چاچگاھ مەھەلدە ئېسىگە كەلدى. بېشى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. سىرتتىن

نېمىنىدۇر كۆتۈرۈپ كىرگەن گۈلزار ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كې-
لىپ توختاپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. سوپۇر ئاخۇن خىجالەت
بولغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتمىدى ـ يۇ، ئۇنىڭ بېرىسى بول-
دى. لېكىن، ئۇ زورىغا تەبەسسۇم قىلىپ:

— تىنچ قوپۇپلىمۇ؟ — دېگەنىدى، گۈلزار:

— نىكاھلانماي تۇرۇپ قىلغان ئىشىنى!... — دەپلا
ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ زادى نېمە ئىش قىلىپ قويدى؟

سوپۇر ئاخۇن دەسلەپ گۈلزارنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەل-
مەي تېڭىرقاپلا كەتكەنىدى، كېيىن ئۆزىنىڭ يېرىم يالىڭاچ
ھالەتتە، گۈلزارنىڭ قانداقتۇر خۇشبۇي بىر نېمىنىڭ ھېدى
كېلىۋاتقان يۇمشاق، قىزىل شەنبىجى يوتقىنىدا ياتقىنىنى كۆ-
رۈپ، ھەقىقەتەنمۇ ھېچقاچان قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلىپ
سالغىنىغا كۆزى يەتتى. ئۆزىنىڭ ئورنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا
تەرتىپسىز ھالەتتە تۇراتتى...

مەسلىك — پەسلىك. ھاراق ئادەمنى نېمە كويلارغا سال-
مايدۇ ـ ھە!

سوپۇر ئاخۇن ئاخشام بولغان ئىشنىڭ ئېسىدە قالغانلىرىنى
خىجىللىق، ئۆكۈنۈش ئىچىدە سۆزلەپ بەردى. گۈلزار يۈزىنى
تىزلىرى ئۈستىگە چاپلاپ، مەشىنىڭ ئالدىدا تۈگۈلۈپ بىر ئول-
تۇرغانچە زۇۋانمۇ سۈرمىدى، قىمىرلاپمۇ قويمىدى. ئارىلاپ ـ
ئارىلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى...

— خاپا بولمىسىلا! — دېدى سوپۇر ئاخۇن گېپىنىڭ
ئاخىرىدا مەيۈس، خىجالەتمەن تەلەپپۇزدا دۇدۇقلاپ، —
مەن... مەن ئىككىنچى بۇنداق ئەسكىلىك قىلمايمەن... بىز...
بىز بىر كۈنى نىكاھلىنىۋالايلى...

ئۇلار پۈتۈشتى...

نىكاھسىز تۇغۇلغان ئوغۇل سۇپۇرگە ئۈچ ياشقا كىرەي دەپ قالغان چاغدىمۇ ئۇلار تېخى نىكاھلانمىغانىدى . ئەر - خوتۇنچىلىقمۇ قىلىشمىدى···

— نېمە ! — توختى تۇر ھەيران بولغىنىدىن ، سوپۇر ئاخۇننىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى ، — تېخى مۇنداق ئىشمۇ بارمۇ ؟ نېمىشقا نىكاھلانمىدىڭلار ؟

— بۇنى سۆزلەپ كەلسەم ، گەپ بەك جىق··· جىمى ئەيىب مەندە···

— شۇنداقمۇ ؟ كېيىن قانداق بولدى ؟

— كېيىن··· كېيىن ، — سوپۇر ئاخۇن يەنە خىرتىلدىغىلى تۇردى . بېشىنى يەردىن ئۇستۇن قىلمايتتى . توختى تۇر بارمىقىنى كۆيدۇرگىلى تۇرغان تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ ئۆچۈرۈۋەتتى . كۆزلىرى سوپۇر ئاخۇندا ئىدى ، — كېيىن ، «ئۈزۈندە ئاخشىسى» ئوقۇپ توي قىلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى . «بىرەر موللىغا نىكاھ قىلدۇرغىنىمىزنى گۇڭشې ئۇقۇپ قالسا ، ‹ ئۇنسۇر › قالپىقى كىيىپ ، يەۋاتقان نېنىمدىن ئايرىلىپ قالماي» دەپ قورقتۇم . گۇلزارمۇ ماڭا تېگىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك پەقەت قاپىقىنى ئاچماس بولۇۋالدى . سۇپۇرگىگىمۇ قارىغىلى ئۇنىمىدى . دادىسى «ئۇنسۇر» بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرسىلا يىغلاپ ، كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كەتتى . مەن گەپ سورىمىسام ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى مۇشۇنداق پاراكەندە تۇرسا ، نىكاھ قىلدۇرۇشنىڭ گېپىنى قانداق ئاغزىمدىن چىقىرالايمەن ؟ !··· — سوپۇر ئاخۇن توختى تۇرغا سوئال نەزەرىدە قاراپ قويۇپ ، خېلى ئۇزاق خىرتىلدىدى . كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى . ئېيتىشۇپتەيمۇ دېمىدى ، — مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم . مەن نىكاھ قىلدۇرۇشنىڭ گېپىنى قىلسام ، ئۇنىڭ «ياق» دەپلا ئۆيۈمدىن

چىقىپ كېتىپ ، داغدا قويۇشىدىن قورقتۇم··· كېيىن ئۇ ئو-
قۇشقا بارىدىغان بولدى . يەنە ئېغىز ئاچالمىدىم . بارغۇزماي
دېسەم ، مۇنداق پۇرسەت يەنە كەلمەيدۇ . ئۆمرى تاغار يۇدۇپ
ئۆتۈپ كەتسە قىساسىغا قالىمەن··· «ئەقلى بولسا ، قىلغان ياخ-
شىلىقىمنى بىلەر . ئۇ بىلمىسە ، خۇدايىم بىلەر . نىكاھسىز
تۇغۇلغان بولسىمۇ بىر بالام بار··· » دەپ چىرايلىق يولغا سېلىپ
قويدۇم . ئۆزۈم يوقلاپ بارالمىساممۇ ، تاپقىنىمنى ئەۋەتىپ تۇر-
دۇم . ئوقۇشى پۈتكەندىن كېيىن قارىسام ئۇ ئاسماندا ، مەن يەردە
ئىكەنمەن··· ئەيمىنىپ تېخىمۇ گەپ ئاچالمىدىم . «بىر يوتقاندا
ياتالمىساممۇ ، بىر ئۆيدە تۇرغاندىكىن بولمىدىمۇ ؟ ! چىشىغا تې-
گىپ قويماي» دەپ ئۆزۈمنى تۇتتۇم . قولۇمدىن كېلىشىچە
كۆڭلىنى ئايىدىم . كېيىن ئۆزى نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلدى .
ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ناھىيىگە بېرىپ ، تاغامنىڭ بىر ئاغىنىسى-
گە نىكاھ قىلدۇرۇپ ، كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ئامراق ئەر -
خوتۇن بولۇپ كەتتۇق . ئۇنىڭ قورسىقى يوغىنىغانسېرى ، ئاتام
بىلەن ئانام تىرىلىپ كەلگەندەك خۇش بولۇپ يۈرسەم ، مەتكېرىم
دېگەن ئوغرى··· ـــ سوپۇر ئاخۇن تۇيۇقسىز ئۆزىنى كاچاتلاپ
ھۆركىرەپ يىغلاپ ، خېلىغىچە ئۆزىنى توختىتالمىدى . توختى
تۇر ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ ، يا تەسەللى بەرمىدى ، يا
سوئال سورىمىدى ، ـــ مەتكېرىم دېگەن ئوغرى ، ـــ دەپ تىلغا
كىردى سوپۇر ئاخۇن خىرتىلداپ تۇرۇپ ، ـــ گۈلزارنىڭ ئىش-
خانىسىدىن چىققاندا يا ئۇنىڭغا ، يا گۈلزارغا گەپ قىلمايلا ئۆيگە
كەتكىنىم ئوبدان بولاپتىكەن . شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئۇ
ئوغرىغا پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسام ، سۈپۈرگە كىم-
نىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا قولغا ئېلىنىپ ئېتىد-
لىپ كېتىپ ، گۈلزارنىڭ قورسىقىدىكى بالامنى يېتىم قىلىپ
قويىدىكەنمەن···

سوپۇر ئاخۇن گۇلزارنىڭ «ئىقرار»نى قىسقىچە سۆزلەپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى توختى تۇردىن بۆلەك ھېچكىمگە دېگىلى ئۇنىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈردى. ئاندىن:

— دەپباقسىلا، تو جۇرېن، مەتكېرىم دېگەن مۇناپىق ئۆلۈمگە لايىقمىكەن، ئەمەسمىكەن؟ مەن شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دېگەن! — دەپلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قارىدى. بۇ كۆزلەردە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، تۈگىمەس - پۈتمەس غەزەپ - نەپرەت ئوتى چاقناۋاتاتتى.

توختى تۇر كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، بىر يېرى قاتتىق ئاغرىۋاتقاندەك تەرىنى پۈرۈشتۈرۈپ «ئۇھ» تارتتى - دە، دېدى:

ئۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈمگە لايىق. لېكىن، ئۆلۈم جازاسىنى سىز ئەمەس، قانۇن ئىجرا قىلىشى كېرەك ئىدى... بەكمۇ ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويۇپسىز... مەن سىزگە ئىشىنىمەن، قانۇننىمۇ ئىشەندۈرىمەن... خاتىرجەم بولۇڭ، بۇگۇندىن ئېتىبارەن سىزنى ھېچكىم ئاۋارە قىلمايدۇ... ئىككىمىز دېيىشكەن گەپلەرنى ھېچكىمگە تىنماڭ. مەتكېرىمنىڭ ئىشىنى ئىككىمىز بىللە بىر تەرەپ قىلىمىز... ئەمدى بۇ يەردە ئۇزاق ياتمايسىز. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ! — توختى تۇر كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى قىستى، — مەن ئەتە يەنە كېلىمەن...

توختى تۇر ئەمدىلا ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگە:

— ئوبدان تو جۇرېن، — دەپ يېلىندى سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، — مەنىڭمۇ مەيلى، بىچارە گۇلزارنىڭ گېپى خەققە يېيىلىپ كېتىپ قالمىسۇن جۇما!...

توختى تۇر توختاپ ، كەينىگە بۇرۇلۇپ تەبەسسۇم قىلدى .
بۇ تەبەسسۇم تولىمۇ تەبىئىي ۋە سەمىمىي ئىدى .
— مەن سىزگە : «ۋالىيغىمۇ دېمەيمەن» دەپ ۋەدە بەر-
دىمغۇ !… تازا ئىشەنچ قىلالمايۋېتىپسىز - دە ؟ قاراڭ سىزنى ،
مەن يا كىچىك بالا بولمىسام…
— ئىشەنگەچ ، ھەممە گېپىمنى سىلىگە دېدىمغۇ !…
— ھە ، مانا مۇشۇ گېپىڭىزدە چىڭ تۇرۇڭ !… ماقۇلمۇ ؟
— ماقۇل…

# ئالدامچى مەشۇق

توختى تۇر سوپۇر ئاخۇنغا قول قويدى . ئىلگىرى ئۇ سوپۇر ئاخۇننى قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ، ئاق كۆڭۈل ، مىننەت ـ تەمەسىز ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ياۋاش كالا» دەپ بىلەتتى . بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭدا مۇشۇ گۇڭشېگە كېلىپلا پەيدا بولغان . كېيىنكى ئەمەلىيەتمۇ بۇنى ئىسپاتلىغان . شۇڭا ، توختى تۇر ئۇنى بۆلەكچىلا ئىززەتلەيتتى . باشقىلار ئۇنى «سەن» ، «سوپۇر» دېسە ، ئۇ «سىز» ياكى «سوپۇر ئاخۇن» دەيتتى . قولىدىن كېلىشىچە ئۇنى ئاسراپ ، ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارغا سالمايتتى ؛ خادىككە ئولتۇرۇپ بىر يەرگە بېرىپ قالسا ، ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى ئۇنىڭ قورسىقى ئىدى . ئولتۇرۇشلارغا كىرىپ قالسا ، چوقۇم ئۇنى ھەمداستىخان قىلىپ ، بويىنىنى قىسىپ قويمايتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ خادىكتا كەمدىن كەم ئولتۇراتتى . بارىدىغان مەنزىلى بەش كىلومېتىردىن ئۇزاق بولمىسىلا پىيادە ماڭاتتى . بەزىلەر ، بولۇپمۇ مەتكېرىم خۇشامەت قىلىپ ، خادىك بىلەن مېڭىشنى تەشەببۇس قىلسا ، ئۇ : «ئەسكەرلىكتە خېلى ئۇزاق يەرلەرگىمۇ پىيادە مېڭىپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن ، خادىكنى قوشۇپ بولغۇچە بېرىپ بولىمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ قايتقۇچە ، سوپۇر ئاخۇن بىلەن ئات بىكار ساقلاپ تۇرىدىكەن... » دەپ رەت قىلاتتى . ئەمەلىيەتتە بۇ ، مەتكېرىم قاتارلىقلارغا «ھارۋىكەشنى ، ئاتنى ئاسراڭلار» دەپ قىلىنغان

يوشۇرۇن دەۋەت ئىدى . بىراق ، مەتكېرىم دۆتمۇ ياكى قەستەن
شۇنداق قىلامدۇ ؟ «خالاغىمۇ خادىك بىلەن بارمىسا ، ئىشتىند-
نىڭ ئېغى شالتاق بولۇپ كېتىدۇ» . قەيەردىدۇر قونۇپ قالغۇ-
دەك بولسا ، سوپۇر ئاخۇن خادىك ئۇستىدە تۇنەيدۇ ؛ يامغۇر -
يېغىندا قالسا ، خادىكنىڭ ئاستى ئۇنىڭغا «ئۆي» بولىدۇ ، لې-
كىن ئۇ ھېچقاچان ۋايساپ باققان ئەمەس . شۇنداقتىمۇ ، توختى
تۇر بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇنىڭغا غايىبانە ئىچ ئاغرىت-
قان ، مەتكېرىمگە ئۆچلۇكى تۇتقان . بولۇپمۇ مەتكېرىم «شاپاق
تەرگەن» ئاخشاملىرى سوپۇر ئاخۇننى «دەرۋازىۋەن» قىلىدىغان-
لىقى توغرىسىدىكى «مىش - مىش»لار بەكمۇ ئوغىسىنى قايناتـ-
قان . تىڭتىڭلاش ، ۋاستىلىك ، بىۋاستە تەكشۇرۇش ئارقى-
لىق ، مەتكېرىمنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «خوراز» ئىكەنلى-
كىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئىن-
كاس قىلسا ، بىر مۇئاۋىن مۇدىر : «ئىستىل مەسلىسى —
خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت . ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنى-
نى قوغداشتا پىداكارلىق كۆرسەتكەن مەتكېرىمدەك ياخشى يول-
داشنى ئاسرىشىمىز كېرەك . ئۇنى ئۆزىڭىز بىر چەتكە تارتىپ ،
ئامما ئىچىدە تارقىلىپ يۇرگەن سۆز - چۆچەكلەردىن خەۋەرلەن-
دۇرۇپ قويۇڭ . بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسۇن !...» دەپلا
گەپنى ئۇزگەن... ئەينى چاغدا ، توختى تۇر ئۆزىنى خېلى «يوغان
ئادەم» سانايتتى . مەتكېرىمنى «ۋاقتى كەلگەندە بىر پەشۋاغا
يارىمايدىغان پاخشى خوراز» دەپ بىلەتتى . ئەمدى كۆردىكى ،
«غوجامنىڭ غوجىسى ، چامغۇرنىڭ ئورىسى بار» ئىكەن . مەتكې-
رىمنى «مەي جۇرېن» قىلىپ تۇرغان «ئوردا»دىكى ئاشۇ «غو-
جام»لار ئىكەن !...

«ياخشى يولداش··· »

مەتكېرىمنىڭ زادى نەرى ياخشى؟ توختى تۇر ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۇنىڭ «ياخشى» يېرىنى ئېسىگە ئالالمىدى . «يامان» يېرىنى دەپ تىركىشەي دېسە، قولىدا تۇزۇك پاكىت يوق . «غوجام»نى قايىل قىلالمايدۇ . «ماقۇل» دەپلا «غوجام»نىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقماي بولمىدى···

بىراق، «ماقۇل»نى «ماقۇل» پېتى قالدۇرۇپ، مەتكېرىمنى «ئاما ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكلەر»دىن خەۋەرلەندۈرمىدى . «‹سۆز - چۆچەك› مىش! — دەيتتى ئىچىدە، چىشلىرىنى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلىتىپ، — ‹ئالىمىز — تېگىمىز› دەپ ۋەدىلەشكەن بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقتا سۆيۈشكىنى ياكى چاقچاقلىشىپ كۈلۈشكىنىنى بىرەرى كۆرۈپ قېلىپ ئىنكاس قىلسا، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ، ‹بۇرژۇئازىيىگە ئەسىر بولغان، مەيداننى يوقىتىپ پرولېتارىياتنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈرگەن رەسۋالار› دەپ ئۇرۇپ - سوقۇپ پىيپەن قىلسا، دادۇيمۇ دادۇي سۆرەپ يۈرۈپ سازايى قىلسا بولىدىكە - نۇ، مۇشۇنداق ئىشلارغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىدىغان مەتكېرىمنىڭ نەچچە ئائىلىنى بۇزغىنى، نەچچە ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىغا تىكەن تېرىغىنى؛ نەچچە قىزنى چوكان قىلىپ، يۇرت - جامائەت ئالدىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس قىلىۋەتكىنى‹ ···خەلق ئىچىدى- كى زىددىيەت› مىكەن؟! بۇ ‹ئەمەلدارنىڭ ئوت قويۇشىغا يول قويۇپ، پۇقرانىڭ چىراغ يېقىشىنى چەكلىگەنلىك› ئەمەسمۇ؟!··· »

توختى تۇر مۇشۇ گەپلىرىنى ھېلىقى «غوجام»نىڭ ئالدىدا دەۋەتمىگىنىگە قاتتىق ئۆكۈندى . باشقا «غوجام»لارغا دېمەكچى

بولدى ـ يۇ ، دېمىدى . دېگەن بىلەنمۇ ئۆزى كۈتكەن مەقسەتكە
يېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى : «قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى
چوقۇمايدۇ» دە ! «چوقۇي» دېسىمۇ چوقۇيالمايدۇ . چۈنكى ،
مەتكېرىم سۈڭگۈتكەن گۈرۈچ ، چوشقا ، هاراق... لار ئۇلارنىڭ
ئەقلىنى ئوغرىلاپ ، تۇمشۇقلىرىنى كەپشەرلىۋەتكەن !...

توختى تۆر قىسماققا چۈشكەن قۇرغۇيدەك تىپىرلاپ ، كۈز-
لەرنى ، ئايلارنى ئۆتكۈزدى . نۇرغۇن ۋاقتىنى ، زېهنىنى سەرپ
قىلىپ مەتكېرىمنىڭ قەدىمىنى ساناشقا ، ئۆلچەشكە باشلىدى .
مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ «كۈرەش — پىپەن قىلىش» باسقۇچى
ئاخىرلىشىپ ، «ئۆزگەرتىش» باسقۇچى يېتىپ كەلگىنىمۇ نە-
كەم ، مەتكېرىمنى «ئېنىقلاش» توغرۇلۇق يۇقىرىدىن شەپە
يوق . لېكىن ، توختى تۆر نىيىتىدىن يانمىدى ، ئەمما چاندۇرمى-
دى ئۇ نىشاننى ئىقتىسادي جەھەتكە يۆتكەپ ، گۈڭشېنىڭ مالىيە
كىرىم ـ چىقىمىنى ئېنىقلاشنى تۇتۇش بىلەن بىر چاغدا ، مەت-
كېرىمنىڭ دادۈي ـ شياۋدۈيلەردىن «يۇڭداپ» كەتكەن نەرسى-
لىرىنى ئېهتىياتچانلىق بىلەن سۈرۈشتۈرۈشكە كىرىشتى . گۈڭ-
شېنىڭ هېسابى «پارتلاپ كەتكەن هۆججەتلىر»گە تاقىلىپ ئايى-
غى چىقمىغان بولسا ، دادۈيجاڭ ـ شياۋدۈيجاڭلارنىڭ كۆپچىلى-
كى زۇۋان سۈرگىلى ئۇنىمىدى . بەزى ئىنكاس ـ گۇمانلار ،
هەتتا بەزى يىپ ئۇچلىرى سوپۇر ئاخۇننىڭ گۇۋاهلىقىدىن ئۆت-
كەندىلا پاكىتكا ئايلىناتتى .

توختى تۆر بۇ يەرگە كېلىپ بىرەر يىلدىن كېيىن كىشى-
لەرنىڭ سوپۇر ئاخۇننى «مەي جۇرېننىڭ قۇلى ، پۇت ـ قولى ،
قۇلىقى...» دەپ كەينىدىن مەسخىرە قىلغىنىنى ئاڭلاپ ئاچچىقى
كەلگەن . راست ئەمەسمۇ ، بىر هارۋىكەش ئۆز رەهبىرىگە سادىق

بولمىسا ، قاچان «هايت» دېسه شۇئان «هۇيت» دەپ بۇيرۇقىدا
بولمىسا قانداق بولغىنى ؟ ! «تۆۋەن يۇقىرىغا بويسۇنۇش» پرىن-
سىپىغا سادىق بولمىغان ئادەمنى هارۋىكەشلىكتەك مۇشۇنداق
مۇهىم ئىشقا قويغىلى بولامدۇ ؟ !توختى تۇر ئۇنى ئۇزاق مۇددەت
سىنىدى . هېچقانداق ئېۋەن تاپالمىدى . گۇڭشې مەسئۇللىرى
بىلەن خادىككە ئولتۇرۇپ بىر يانغا ماڭغاندا ، قەستەن بەزى
«ئىچكى» گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىپمۇ باقتى . لېكىن ، سو-
پۇر ئاخۇننىڭ بىخەستەلىك قىلىپ ، بىر يەردە ئېغىزىدىن «چە-
چىپ» قويغىنىنى ئىسپاتلىيالمىدى . «ئوغۇل بالا ئىكەن ! —
دېدى ئىچىدە ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ، — كونا بەنزە هارۋىكەشنى
هەقىقەتەن ياخشى تاللاپتىكەن… » كېيىنكى ئەمەلىيەت توختى
تۇرنىڭ بۇ قارىشىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى . ئۆزىمۇ تۈيۇپ -
تۇيمايلا ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى . ئەمما ، ئۇنىڭ تويى توختى
تۇرنى گۇمانسىرىتىپ قويدى . ئۇ چاغدا توختى تۇر قەشقەر شۆبە
هەربىي رايوندا يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتى . قايتىپ كېلىپلا ئۇنىڭ
گۇلزار بىلەن توي قىلىۋالغىنىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنگۇ-
سى كەلمىدى . چۈنكى ئۇ گۇلزارنىڭ هېچكىم بىلەن مۇهەببەت
باغلىمىغانلىقى ، هەتتا مۇنداق ئويىمۇ يوقلۇقى ؛ پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، كەلگۈ-
سىدە بىرەر دوختۇرلۇق مەكتىپىگە ئىمتىهان بېرىش تەييارلىقى-
دا بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بەش قولدەك بىلەتتى . نېمە بولدىكىن ،
مانا ئەمدى هەممىدىن كېچىپ سوپۇر ئاخۇنغا تېگىپ ، ئىسمى - جىس-
مىغا لايىق «مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچى» بولۇۋاپتۇ . ئادەتتە ،
قىزلار ئەرگە تەگسە بۆلەكچە ئېچىلىپ ، بۆلەكچە خۇشخۇي —
سۇلكەتلىك بولۇپ كېتىدىغان . ئەكسىچە ، گۇلزار نەچچە كۈندىلا

نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك تۇگۇلۇپلا قاپتۇ. چىرايىمۇ، ئاۋا-
زىمۇ... ئۆزىنىڭ ئەمەس!...

هەي ياشلىق. هەي تىزگىنسىز سۇدەك بەڭۋاش ياشلىق.
‹ئون يىل كۆيسەڭ كۆيمىدىم، بىر باقساڭ كۆيۈپ ئۆلدۈم›
دېگەندەك، ئاخىر سوپۇر ئاخۇنغا ھەممىنى تېگىشىپ قويۇپ،
مانا ئەمدى پۇشايماندا قاپسەن ـ دە! توغرا، ئاتا ـ ئانىڭمۇ
تويۇڭغا قاتنىشىپ بەرمەپتۇ. قىز بالىغا بۇنىڭدىن چوڭراق ئەلەم
بولامدۇ؟! تاكى تويۇڭ بولغۇچە، بۇ ئىشنى ساۋاقداشلىرىڭدىنمۇ
سىر تۇتۇپ يۇرگىنىڭ نېمىسى؟! يا بىر يەرگە بېرىپ كەلگۈچە
سوپۇر ئاخۇننىڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ... شۇنداق ئوخشايدۇ.
كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ئېقىپ يۇرگەن گەپلەرمۇ مۇشۇ... ۋاي
بىچارە، مۇشۇ گەپلەر قۇلىقىڭغا كىرىپ قېلىپ خىجالەتچىلىكتە
قاپسەن ـ دە!... ئۆزى خالىغان ئەرگە تەگكەننىڭ نېمىسى
يامان؟ خەقمۇ ـ زە، گويا ئۆزلىرىنىڭ قىزى يوقتەك!...»

مۇشۇ خىياللارغا ئەسىر بولغان توختى تۇر نەچچە ـ نەچچە
قېتىم گۇلزار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ
قويماقچى بولدى ـ يۇ، ئۇنداق قىلغۇسى كەلمىدى. پۇرسەتمۇ
چىقمىدى. ئېنىقراقى، ئۇنى خىجىل قىلغۇسى، دەردىگە دەرد
قوشقۇسى كەلمىدى. سوپۇر ئاخۇندىنمۇ توي توغرۇلۇق سورىمى-
دى. «مەي جۇرېن ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويغان» بۇ توي ئۇنى
سوپۇر ئاخۇندىن سەل ئېھتىيات قىلىدىغان قىلىپ قويدى، خا-
لاس...

گۇلزار تۇغدى. تېخىمۇ پۇچۇلۇپ كەتتى. لېكىن، ئۇ
ئەمگەكتە ھېچكىمدىن كېيىن قالمىدى. سوپۇر ئاخۇننىڭ ئېي-
تىشىچە، گۇلزار بۇرۇنقىدەكلا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بې-

ـرشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرۈپتىمىش . بۇ گەپ توختى تۇرنى ھەم ھەيران قىلدى ، ھەم خۇش قىلدى . «ھە ، ئەسلىدە كەلگۈسى ئىستىقبالىڭنىڭ نابۇد بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، پۇشايـ ـمان ئىچىدە يوقىلىپ كېتىپتىكەنسەن ـ دە ! — دەپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ كەتتى توختى تۇر سۆيۈنگەن ھالدا ، — يارايسەن ، قىزىم ! بۇنىڭدىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىد- ـىغانلارغا ‹قىز ـ چوكان› ، ‹ئۆيلەنگەن ـ ئۆيلەنمىگەن› دېگەن شەرتلەر قويۇلمايدۇ . ئەمگەكتە ، تۇرمۇشتا كەمبەغەل ـ تۆۋەن دېھقانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشسىلا قوبۇل قىلىنىۋېرىدۇ . ئۇ كۈنلەرگە ئۇزاق قالمىدى… »

يۇقىرىدىن سان چۈشتى . توختى تۇر گۈلزارنى «زىيالىي ياشلار نۇقتىسى» دا «چېنىقىۋاتقان »لار قاتارىغا قوشۇشنى تەكـ ـلىپ قىلغانىدى . مەتكېرىم بىرىنچى بولۇپ قارشى چىقتى :

— ئۇنىڭغا نېمە ئوقۇش ! — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەك - چەيتىپ ، — ئۇنىڭ چېنىقىۋاتقان زىيالىي ياشلارغا يامان تەسىر بېرىپ ، بىزگە تېپىپ بەرگەن ئاۋارىچىلىقى ئازمۇ ؟ ئەمـ ـدى ئۇ ئېرى بىلەن بالىسىنى ئوقۇسۇن !… ئۇنى ئېلىپلا سوپۇر- مۇ تۇگىشىپ كەتتى . ئۆزى ئۇ خېنىم توغرۇلۇق بىر نېمە دېمىگىنى بىلەن كۆڭلىدىكىنى مەن بىلىمەن… ئەگەر ئۇ خېنىم ئوقۇپ كادىر بولۇۋالسا ، سوپۇرنى تېخىمۇ كۆزىگە ئىلماي پايتىد- ـما قىلىۋېتىدۇ !…

باشقىلارمۇ ئۇنى قوللىدى . توختى تۇرنىڭ سىرىق چاپىنى بار ، بۇ يەرگە «مېھمان» ، ھامان كېتىدۇ . باشقىلار چوقۇم مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ مەتكېرىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى .

قانداق قىلىشى كېرەك ؟

سانىى ھەرقايسى دادۇيلەرگە تەقسىملەپ چۇشۇرۇۋېتىپ ئە-
تىسى ، توختى تۇر تۆلەندى «داجەي»نى «قىچىقلاپ» باققانىدى ،
ئۇ :

— سان ئىككى بولغان بولسا ، بىزنىڭ تاجىگۇل بىلەن
گۇلزارخاننى ئەۋەتەي دېگەن . ئاران بىر ئىكەن ، گۇلزارخان
باشۇنىمكى دەيمەن ، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى ، — تو جۇرېن ،
سىلە بىلمەيلا ، گۇلزارخان قالتىس بەلەن بالا . دادىسى كاساپەت
قالپاق كىيىپ قالمىغان بولسا ، مەن ئۇنى ئاللىقاچان دادۇيگە
ئاياللار جۇرىنى قىلىۋالاتتىم... ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ . «كەت-
سۇن» دەيمەن . «ئاتا - ئانىسىدىن نېرى تۇرۇپ ئوقۇپ كەلسە ،
تېخىمۇ ئوبدان ئادەم بولۇپ كېتىدۇ» دەيمەن...

— بالىسى تۇرسا... ئۇنى قانداق قىلىدۇ ؟

— ئانىسى باقىدۇ . نەۋرىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ، تاشمەت
دېگەن ئۇنسۇرمۇ پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىگە قايىل بولۇپ ، ئۆز
گۆشىنى ئۆزى يەيدۇ !...

— توغرا ئويلاپسىز ، — مەقسىتىگە يەتكەن توختى تۇر
ئۇنى ماختىدى ، — ئۆز قىزىڭىزنى ئەۋەتمەي ، بىر ئۇنسۇرنىڭ
قىزىنى ئەۋەتكىنىڭىز چوقۇم ئامما ئىچىدە ياخشى تەسىر قوزغاي-
دۇ...

— نېمە دەيدىغانلا تو جۇرېن ! — تۆلەندى ئۆگدى ، —
گۇلزارخان ئۇنسۇرنىڭ قىزى بولغان بىلەن بىزنىڭ سوپۇر ئا-
خۇننىڭ خوتۇنى . تېخى گۇلزارخان سوپۇر ئاخۇنغا تېگىپ بىر
يىلدىن كېيىن دادىسى ئۇنسۇر بولغان تۇرسا...

— توغرا ، توغرا ، مەن...

توختى تۇرمۇ ، تۆلەندى «داجەي»مۇ مەقسىتىگە يەتتى .

گۈلزارمۇ ئۇلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ ، مەتكېرىمنىڭ ئال-
دىدا تىلىنى قىسمىدى . تېخى گۈلدەك ئېچىلىپ ، سوپۇر ئاخۇن
بىلەن كاككۇك ـ زەينەپتەك بولۇپ كەتكىنىچۇ !...

«هەي گۈلزار ، هەي گۈلزار... ئەجەبمۇ چىداملىق يارىلىپ
قاپتىكەنسەن ! — دېدى توختى تۇر سوپۇر ئاخۇن بىلەن خوش-
لىشىپ چىقىۋېتىپ يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ سۆيۈنگەن هەم ئېچىن-
غان هالدا ، — ئېرىڭمۇ بولىدىغان يىگىت ئىكەن... مەن ئەخ-
مەق خەقلەرنىڭ ئەپقاچتى گەپلىرىگە ئىشىنىپ ، ئۇنى بىرەر
قېتىممۇ چېكىپ باقماي ، مەتكېرىم دېگەن مۇناپىقنىڭ شۇنچە
يىل رەهبەرلىك بەنزىدە ساقلىنىپ تۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ
بېرىپتىمەن ئەمەسمۇ ! بىرىنچى قول رەهبەر ئۆز سايىسىدىن
ئۆزى هۈركۈپ ، قول ئاستىدىكى ئادەم بىلەن سەمىمىي سىرداش-
مىسا ، كىممۇ ئۇنىڭغا يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتالىسۇن !؟... »

* * *

توختى تۇر هەرقانچە ئالدىرىغىنى بىلەن سائەت ئۈچتە ئاران
گۈلزارنىڭ قېشىغا كېلەلىدى . ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگە-
رى ، ناهىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن سوپۇر
ئاخۇننىڭ ئىشى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەشتى . گۈلزارنىڭ
بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى ئاڭلىغاندا ، ساقچى باشلىقىنىڭ قۇيقا
چاچلىرى تىك تۇرۇپ ، شىرەنى قاتتىق بىر مۇشتلاپ ئورنىدىن
قوپۇپ كەتتى . ئۇلار كونا سەبداش ، يېقىن دوست بولۇپ ، مۇشۇ
ناهىيىگىمۇ بىللە كېلىپ بىللە كەسىپ ئالماشقانىدى . گۈلزار-
نىڭ ئىشىنى قەتئىي سىر تۇتۇشقا ۋەدىلەشتى . سوپۇر ئاخۇننى

داۋالاش ـ ئاسراش ئۇستىدە باش قاتۇرۇشتى . توختى تۇر ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ گۇڭشېغا كەلدى ـ يۇ ، ئىشخانىسىغا پۇت تىقماستىن ئۇدۇللا بۇيانغا چاپتى .

ئىشخانىدا گۇلزاردىن بۆلەك يەنە ئۇچەيلەن بار ئىدى . ئۇنى كۆرۈپلا ھەممىسى ئورنىدىن قوپۇشتى .

— گۇلزار ، ئىشىڭىز ئالدىراش ئەمەستۇ ؟ — دېدى توختى تۇر بوسۇغىدىلا توختاپ ، — سىزدىن سورايدىغان ئىككى ئېغىز گەپ بار ئىدى... بىردەم سىرتقا چىقامسىز ؟

— بىز چىقايلى ، — غىياسىدىن ئىشىك تەرەپكە ماڭغاندى ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى ، — بىكارچىلىقتا گەپ سوقۇپ ئولتۇرۇپتۇق...

باشقىلار چىقىپ كەتتى . توختى تۇر ئىشىكنى يېپىپ ، گۇلزارنىڭ ئۇدۇلىدىكى غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئورۇندۇققا چۆكتى . گۇلزار تېخىچە ئۆرە تۇراتتى . توختى تۇرغا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، قاڭشىرى بىرمۇنچە ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈندى . چىرايى سولغۇن ، تۇرقى مىسكىن ، روھسىز ئىدى .

«دەرد يەپ كېتىپتۇ ـ دە ، بىچارىنى... — دەپ ئىچىنى ئۇردى توختى تۇر ، — بىردەمدىلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك... »

— ئولتۇرۇڭ ، — گۇلزار قورۇنۇپراق ئورۇندۇققا كاسىسىنى قويدى ، — سوپۇر ئاخۇننى يوقلاپ قويدىڭىزمۇ ؟

— ياق .

— نېمىشقا ؟ ئىشتىن ئايرىلالمىغان ئوخشىمامسىز ؟

— ياق...

گۇلزار كۆزلىرىگە ياش ئالدى . توختى تۇر يۈرىكىنى بىر

نەرسە قىسقاندەك بىئارام بولدى ـ يۇ ، چاندۇرمىدى .

— مىجەزىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ ؟

— ياق… بارسام كۆرۈشتۇرمىدى…

— هو… توغرا ، كېسىم كېسىلمىگىچە ، توختىتىلغانلار ـ نى سىرت بىلەن ئالاقە قىلدۇرمايدىغان قائىدە بار…

توختى تۇر ئۇيان ـ بۇياندىن گەپ ئەگىتىپ يۈرۈپ ، ئاخىر ئاساسىي مەقسەتكە كۆچتى . گۈلزار چوقۇم مۇشۇنداق بولىدىغانـ لىقىنى ئالدىقاچان مۆلچەرلىگەن . بۇنىڭسىزمۇ ، كۈندۈزى ئىش بىلەن ـــ كېسەللەر بىلەن ھەپىلىشىپ كۈنىنى ئاسانلا كەچ قىلغىنى بىلەن تۈنىنى تاڭغا ئۇلىمىقى بەكمۇ تەس ئىدى . بولۇپمۇ مەتكېرىمنىڭ ئۆلگەنلىكى ، سوپۇر ئاخۇننىڭ ساقچىدىن ئوق يەپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قېلىشى ، گۈلزارنىڭ يېرىم ئۆمرىنى يەپ بولدى . بۇنىڭچە بولسا ، مەتكېرىم چوقۇم ئۆلۈشى ، سوپۇر ئاخۇن تاپىنىدىن چېچىنىڭ ئۇچىغىچە جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن بىر مۇناپىقنى يوقاتقان قەھرىمان سۈپىتىدە مۇكاپاتلىنىـ شى كېرەك ئىدى . بىراق ، «قانۇن» دېگەن بۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنى تۈزگۈچىلەر بىلەن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىـ گە ، مەتكېرىم پۈتۈن ۋىلايەتكە تونۇلغان «كاتتا ئەرباپ» ، قانۇن تۈزگۈچىلەرمۇ ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ، ئارقا تېرەكلىرى . هازىرقى هالەتتە سوپۇر ئاخۇن ئالەمچە سەـ ۋەب كۆرسەتسىمۇ ، قانۇن ئىككى پۇلغا ئالمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ قاتىل ، يەنە كېلىپ «قىزىل هاكىمىيەت»كە ، «قىزىل ئىنقىلاـ بىي رەھبىري كادىر»غا تىغ سالغان ئەشەددىي قاتىل (گۈلزار بۇنى گېزىت خەۋىرىدە كۆرگەن) . ھەممە يەردە ئۇچۇپ يۈرگەن

«مىش ـ مىش »لاردىن قارىغاندا ، سوپۇر ئاخۇن ئۆلتۈرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنار ئىـمىش . چۈنكى ، ئەگەر ھېلىقى ساقچى تاپانچىدىن ئوق چىقىرىپ ئۆزىنى قوغدىمىغان بولسا ، سوپۇر ئاخۇن ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈـرۈۋېتىدىكەن... گۈلزار بۇ «مىش ـ مىش »لارنى دوختۇرخانىدا سوپۇر ئاخۇنغا ھەمراھ بولغان چاغدىلا ئاڭلىغان . قارىغاندا ، ئۇنى «ئېرىنىڭ ئېڭىكىنى ئۆز قولى بىلەن چاتسۇن » دەپ ئۇيەرـگە ئاپارغان بولسا كېرەك . سوپۇر ئاخۇن ھوشىغا كەلگەن كۈنىلا ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى . كېيىن ئۇنىڭغا بەزى گەپلەرنى تاپىلاپ قويماقچى بولۇپ ئاتايەن ناھىيىگە بارغىنىدى ، كۆرۈشـتۈرمىدى . تېخى نۆۋەتچى ساقچى ئۇنىڭ دومبىيىپ تۇرغان قورسىقىغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپمۇ قويدى... مانا شۇنىڭدىن بېرى ، گۈلزارغا ئۇيقۇ ھارام . كۆزى ئىلىنسىلا ، مەتكېرىمنىڭ بىر چاغدىكى ھېلىقى ئىشى نامايان بولۇپ ، يۈرىكىنى چاياندەك چاقىدۇ... ئۇ شۇ چاغدا يوتقاندىن چىقىپلا توختى تۇرنى تېپىپ ، بولغان ئىشنى يوشۇرماي دېمىگىنىگە ؛ ھېچبولمىسا ، سوپۇر ئاخۇنغا تېگىشنى رەت قىلىپ ، بېشىغا كەلگەننى كۆرمىگىنىگە قاتتىق ئۆكۈندى . كېيىنچۇ كېيىن تېخى سوپۇر ئاخۇننى ئالداپ...

تېخى ئىككى بالا ، ئىككى دادىمۇ بار . سۇپۇرگىنى ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا تۇيدۇرماستىن نەگىدۇر ئېلىپ كېتىپتۇ . گۈلـزار ئۇنىڭ دادىسىدىن نجاسەتتىن سەسكەنگەندەك سەسكەنگەچ ، ئۇنىڭغىمۇ مېھرى چۈشمىگەن . ئۇنى كۆرسىلا ھېلىقى ئىش يادىغا يېتىپ ، بۇ دۇنيادا بارمۇ ، يوقمۇ بولۇپ كېتەتتى . مانا ئەمدى ئۇ بۇ يەردە يوق . كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى يەنە كۆرۈپ «بالام» دېيىش نېسىپ بولامدۇ ـ بولمامدۇ ؟ بۇنىمۇ خۇدايىم

بىلىدۇ . ھەر نېمىدېگەن بىلەن بالىنىڭ بىر يېرى ئانىنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىگە تۇتاش بولىدىكەن ، گۇلزار ئۇنى ئەس-لىمەي تۇرالمىدى ، ھەتتا سېغىنغان چاغلىرىمۇ بولدى . بولۇپمۇ كېچىلىرى يالغۇزلۇقتىن ئۆي تۇتۇپ يەۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلسە ، قورسىقىدىكىسى : «ئانا ، مەن ساڭا ھەمراھ» دېگەندەك تېپچەكلىگەن چاغدا ، تۇيۇپ - تۇيمايلا سۆيۈرگىنى ئەسلەپ قالاتتى . ئۇلىشىپلا ، قۇلىقىغا مەتكېرىمە-نىڭ «ھى - ھى»لىغان مەسخىرىلىك كۈلكىسى ئاڭلانغاندەك بولاتتى - دە ، كۆز ياشلىرى بۇلاق سۈيىدەك تېشىپ - يامراپ ، «ئۇھ» دېگۈدەك ھالى قالمايتتى . ئەلۋەتتە ، سوپۇر ئاخۇننى بىردەممۇ يادىدىن چىقارماي سېغىنىپ ئەسلەيتتى ، تەقدىردىن قايغۇراتتى . ئۇ ئەسلىدە مەتكېرىم بىلەن بولغان ئىشنى ئېيتقان چاغدا ، ئۇنىڭ ئۆزىنى دەسسەپ پېتىقلىۋېتىشى ، ھەتتا ئۆلتۈرۈ-ۋېتىشنى رازىمەنلىك بىلەن كۈتكەن . ئۇنىڭ نەزەرىدە ، ئۇنىڭدىن يېگەن تاياق ئانا سۈتىدىن ھالال ، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈش — تەڭرىنىڭ جازاسىنىڭ ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىشى ئىدى ، خالاس . لېكىن ، سوپۇر ئاخۇن ئۇنداق قىلمىدى . ئۇنىڭ گەپلىرىنى لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ئاڭلىدى - يۇ ، ئۇنى «تاك» ئېتىپمۇچەكمەستىن ، ئۆزىنى تۇرمىدە كۆردى ، جېنىدىن ئاي-رىلغىلىمۇ تاس قالدى...

ئۇنىڭ پۇشتى — گۇلزارنىڭ قورسىقىدىكى مۇشۇ بالا قەدىرلەشكە ، ئاسراشقا لايىق ئەمەسمۇ ! ؟

مانا بۇ بالا ، كۆپ بولسا ئىككى ئايدا ، ئاز بولسا بىر ئايدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ . ئۇنىڭ تىلى چىقىپ ، تۇنجى قېتىم «داد - دا» دېگەن چاغدا ، سوپۇر ئاخۇن ھاياتلىق ئالىمىدە

مەۋجۇت بولامدۇ ياكى... ؟

ياق ! ئۇ ياششى ، ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن بۇ نارەسىدىنى كۆزى بىلەن كۆرۈشى ؛ قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ ، باغرىغا بېسىپ قېنىپ - قېنىپ سۆيۈشى كېرەك !... ئۇنى ھەم ئۆزىنى بۇ مەقسەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ، گۈلزار قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىشى ؛ قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە تېگىشلىك بولسا مەردانىلىك بىلەن تۆلىشى كېرەك . بۇنىڭدىن بۆلەك يول يوق !...

گۈلزار قەتئىي قارارغا كەلدى . ئەمدى ئۇ قانداقتۇر «نومۇس» ، «يۈز - ئابرۇي» دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ جىمى «رەسۋاچىلىق»لىرىنى ئۆز ئاغزى ، ئۆز قەلىمى بىلەن جاراستانغا يېيىش بەدىلىگە سوپۇر ئاخۇنغا بېرىلىدىغان قانۇنىي جازانى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ، يەڭگىللىتەلمىسە ، سوراق مەيداندا مەتكېرىمدىن قانلىق ئۆچ ئېلىش يولى بىلەن تۇرمىگە كىرىپ ، سوپۇر ئاخۇن بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى . ئۇ بىرىنچى قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى بىپىدىن يىڭنىسىغىچە يېزىپ چىقتى . قانچە - قانچە تاڭ ئاتماس كېچىلەرنى مۇشۇ ئىشقا مەغۇل بولۇپ تاڭغا ئۇلىغان گۈلزار نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى ئاۋۋال توختى تۇرغا كۆرسەتمەكچى ، كېيىنكى قەدەمنى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە باسماقچى بولدى . چۈنكى ، گۈلزار بۇ گۇڭشېدا پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىشىنەتتى . گۈلزار يازغانلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقىپ ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلىرىنى تۈزەتتى . ئاندىن خۇشخەت قىلىپ كۆچۈرۈپ چىقتى - دە ، ئۇنى ئىزدەپ ئارقىمۇ ئارقا ئىككى قېتىم گۇڭشېغا كىرگەن بولسىمۇ ئۇنى تاپالمىدى . كەچقۇرۇن ياتىقىغا ئىزدەپ كىرىش-

-تىن ھېيىقتى... مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى گۈلزارنى ئىزدەپ كىرىپتۇ . گەپ - سۆزىدىن قارىغاندا ، سوپۇر ئاخۇننىڭ ئاغزى-دىن بەزى ئىشلارنى ئۇققان ئوخشايدۇ . چالا قالغان يېرىنى مانا بۇ خەتتىن ئۇقسۇن !...

گۈلزار سوزۇپ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋەتتى - دە ، خورما رەڭ چىپەرقۇت پاختىلىق كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن چى-رايلىق تۆت قاتلانغان مايسا رەڭ دۇردۇن ياغلىقنى ئېلىپ ، كۆزلىرىنىڭ جىيىكى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سۈرتتى . ئان-دىن ، شىرەنىڭ تارتمىسىدىن ئىچىگە «ئۇزۇندە» ، «ئۇچ ئە-سەر» ۋە بىرەر زاغرىنى سېلىپ ، ئۆيدىن ، ئىشخانىدىن چىقسىلا بويىنغا ئېسىپ يۇرۇدىغان چاققانغىنا ماشرەڭ بىرېزېنت سومكىنى ئالدى - دە ، ئۆزى ئاق قەغەزنى يەملەپلا ياسىغان يوغان كونۋېرت-نى توختى تۇرغا ئىككى قوللاپ سۇندى .

— بۇنى كۆرۈپ باقسىلا ! — دەپ ئىلتىجا قىلدى ئۇ ، — ھەممە گەپنى يېزىپ قويغان . سىلىنى ئىككى قېتىم ئىزدەپ بېرىپ تاپالمىدىم...

— شۇنداقمۇ ؟ — توختى تۇر تەبەسسۇم قىلغاچ ، كون-ۋېرتنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى ، — ئىزدەپ كەلگىنىڭىزنى بىرى ماڭا دەپقويسىچۇ... نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەنتىڭىز ؟

— مۇشۇ خەتنى كۆرسىتەي دەپ...

— ھە... ئاۋارە بوپسىز - دە... مەن ھازىرلا كۆرەي...

توختى تۇر كونۋېرتتىن خەتنى چىقاردى . خەت كەم دىگەن-دىمۇ يىگىرمە بەت كېلەتتى . توختى تۇر بىرىنچى قۇرنى ئوقۇش بىلەنلا ئۇنىڭغا بېشىچىلا كىرىپ كەتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ قانداقتۇر «خەت» ئەمەس ، بەلكى بىر نومۇسى بۇلغانغان ناتىۋان

ئايالنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەسرەتلىك شىكايەتنامە ياكى ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئېچىنىشلىق ھېكايە ئىدى ! توختى تۆر ھەربىر قۇر ، ھەربىر جۈملىنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئوقۇيتتى . ئوقۇغانسېرى تەرى تۇرۇلۇپ ، كۆزلىرى غەزەپتىن چاقنايتتى . بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ ، قوۋۇزلىرى لىپىلدايتتى . كېتىپ - كېتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، تۈكۈرۈكىنى يۇتاتتى . كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان گۈلزار بۇرنىنى ، كۆزلىرىنى سۈرتۈش بىلەن بەنت ئىدى...

توختى تۆر خەتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئوقۇپ بولدى . ئەمدىكى قۇرلاردا ئۇنىڭغىمۇ ، بىزگىمۇ مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ - غارايىپلارنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغانىدى .

توي كۆچۈرگۈچىلەر توي سوۋغىسى — رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئەينەكلىك رامكىغا ئېلىنغان رەڭلىك سۈرىتى بىلەن «گۆھەر كىتاب»لارنى ئۆينىڭ تەكچىلىرىگە تىزىۋېتىپ ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى . يا سوپۇر ئاخۇن ، يا گۈلزار ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقمىدى . ئۇلارنىڭ كۈلۈشكەن ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقان ئاۋازى تېخى يىراقلاشماستىن ، ئىشىككە يۆلىنىپ ئارانلا يەر دەسسەپ تۇرغان سوپۇر ئاخۇن دەلدۈگۈنۈپ ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسى — بىر باغ پاخال بىلەن يېپىپ قويۇلغان تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى - دە ، قوللىرىنى ئېگىز - پەس پۇلاڭلىتىپ ، ئۆينى بېشىغا كىيگۈدەك ئەلپازدا ۋارقىراپ كەتتى :

— توي دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ ؟ ! نىكاھ قىلىڭ دېسە ئۇنىماي ، ئادەمگە ھاراق ئىچكۈزۈپ ئىمانىنى بۇلغاپ... ھۇ ،

مەتكېرىم دېگەن ئوغرى !... تېخى «ساڭا ئاتىدار چىلىق قىلدىم» دەيدا... ئالمايمەن ! ئۇنداق نىكاھ قىلمايدىغان خوتۇننى ئۆلتۈر-سەڭمۇ ئالمايمەن ! ھۇ ، ھۇ !...

سوپۇر ئاخۇن بىر كىمدىن قاتتىق تاياق يېگەن قىز بالىدەك ھۇقىيتىپ يىغلاپ ، يۈزلىرىنى شۇنداق چاڭگاللىغانىدى ، سەنتۇ-رۇلۇپ كېتىپ ، ئۆينىڭ تۆرى — مورا ئۇچاقنىڭ تۇۋىگە سې-لىنغان كۆرپىدە قورۇنۇپ ، قورقۇمسىراپ ئولتۇرغان گۇلزار-نىڭ ئالدىغىلا دۈم يىقىلدى . بۇنىڭسىزمۇ جېنى ئىچىدە چېپىپ يۈرگەن گۇلزار چاچراپ ئورنىدىن قوپتى - دە ، پەگاغا چۈشۈپ ، ئىشىككە يۆلىنىۋالدى . يۈرىكى ئات چاپقاندەك دۈپۈلدەپ ، تىنى-قى زادى ئىچىگە چۈشمەيتتى ، تېشىلەلمەي ئاران تۇرغان كۆزلى-رى بۇلاقتا ئايلاندى . لېكىن ، ئۇن قويۇپ يىغلىمىدى . ھەممە يېرىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىپ ، كەچ كۈز يوپۇرمىقىدەك لاغىل-داپ تىترەيتتى...

سوپۇر ئاخۇن مەتكېرىمنى ۋە يەنە كىملەرنىدۇر ئاغزى بېسىلماي تىللىغاچ ، پۇتۇن كۈچى بىلەن ئورنىدىن قوپۇشقا تىرىشاتتى - يۇ ، قوپالمايتتى . بىردەم كىچىك بالىدەك ئۆمىلە-سە ، بىردەم يەرنى مۇشتلاپ ، كىگىزدىن توپا چىقىرىۋېتەتتى . تېخى كىگىزنىڭ يىرتىقىغا قولى كىرىپ قېلىپ ، لىگەندەك يەرنى ئۇزۇپمۇ ئالدى...

بۇنداق ھالەت بىر سائەت داۋاملاشتىمۇ ياكى بىر يىلمۇ ؟ گۇلزار پەقەت بىلمىدى . بىلگۈدەك خۇدىمۇ ، مادارىمۇ يوق ئى-دى . تاكى سوپۇر ئاخۇن ئاياغلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ، قوللىرى-نى ئىككى يانغا سوزۇپ دۈم ياتقان پېتى خارقىراپ ئۇخلاپ كەتكەندىلا گۇلزار ئېسىنى يىغدى .

«يەنە بىر گەپ ، تويدىن كېيىن سوپۇر سىزنىڭ قىز ئە-
مەسلىكىڭىزنى ، قورسىقىڭىزدا بالا بارلىقىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ
... ئېمىنى ئېمە قىلىپ ، مانا بۇنىڭغا مەن كېپىل...»

مەتكېرىم توغرا ئېيتقانىكەن ، سوپۇر ئاخۇن بۇ تۇرقىدا گۈلزارنىڭ «قىز - چوكانلىقى» ئۇياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا ئۇنىڭ قېشىدا بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى . بەلكى ئۇخلاپ قېنىپ ، مەسلە-كى پۇتۇنلەي يېشىلگەندىمۇ بىلمەس ! ؟

گۈلزارنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى . ئۇستىدىن بې-سىپ تۇرغان يوغان تاغ ئاغدۇرۇلغاندەك ، يەڭگىل تىندى . تۇيۇپ - تۇيمايلا تەبەسسۇم قىلدى . ئۇ ئىككى ئايدىن بېرى مۇشۇنداق يەڭگىل تىنىپ باقمىغان ، تەبەسسۇم قىلىشنى ئۇنتۇپ-مۇ قالاي دېگەن . ئۇنىڭ نالىسى تەڭرىگە يەتتىمۇ ياكى پېشانىسى-گە پۈتۈلگەن قىسمەت شۇنداقمۇ ؟ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى ئار - نومۇس شوتىسىنىڭ ئەبجەق ۋاخىنىلىرىدىن تېيىلدۇرۇۋەتمەي ، ئامەت راۋىقىنىڭ ئارامبەخش پىشايۋانىغا يەتكۈزدى !...

ئەر — ئون سەككىز ياشلىق قىز ئۈچۈن ئېرىشىش ئىنتا-يىن زۆرۈر بولغان بىباھا ئەڭگۈشتەر !

ئەر — ئون سەككىز ياشلىق قىز ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان «يېرىم خۇدا» ، كۈچلۈك قول - قانات ، ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان مەزمۇت ئارقا تىرەك ! !

ئەر — ئون سەككىز ياشلىق قىز ئۈچۈن لەززىتىنى ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى ، قىممىتىنى ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغان ئابى ھايات بۇلىقى ؛ مەڭگۈلۈك راھەت - پاراغەت مەنبەيى ! ! !

گۈلزارنىڭ ئالدىدا ھاراقنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئۆزد-

نىڭ نېمە ، كىم ۋە نەدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان هالدا خارقىراپ ئۇخلاۋاتقان مانا بۇ يىگىت دەل ئاشۇنداق ئەر . گەرچە ئۇ گۈلزار ئېرىشىشنى ئارزۇلىغاندەك ئۇنچىلا چىرايلىق ، هال - كۈنى ئوبدان ، ئىلىم - بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭتۇشلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىق يىگىت بولمىسىمۇ ، ئۆزىنىڭ ياۋاش - يۇمشاقلىقى ، قوش كالىسىدەك ئىشچان - مىننەتسىزلىكى بىلەن پۈتۈن گۆشىنىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشكەن كەمتەر ، ئاق كۆڭۈل ئەر . باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ، ئۇنى شۇنداقلا پارچىلايدىغان بولسا ، گۈلزاردەك ئىككى چىقمىسا هېساب ئەمەس !

ئۇنىڭ جىسمىدە گۈلزارغا كېرەكلىك هەممە نەرسە بار !

گۈلزار شۇنداقلا قول سوزسا ، تويى بولغان قىز توي كېچىسى ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان هەممە نەرسىگە بىمالال ئېرىشەلەيدۇ ! تېخى قارشى تەرەپنىڭ زورلۇقى ، مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ خاهىشى - ئىختىيارى بىلەن !...

تېخىمۇ مۇهىمى ، ئۇنىڭ بولغانغان تېنى «پاكلىنىپ» ، كۆڭۈل غەشلىكى تەلتۆكۈس تۈگەيدۇ . ئەتە تاڭ ئاتقاندا ، گۈلزار قىلچە قورۇنماستىن ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تۇدۇل قارىيالايدۇ . هېچكىم (مەتكېرىمدىن باشقا ) ئۇنىڭ «بۇزۇلۇپ كەتكەن »لىكىنى بىلمەيدۇ . بىر مەزگىل ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ قورسىقىدىكى بالا يەرگە چۈشكۈچە سەۋر قىلىپ ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇپ تۇرۇپ ، بىرەر ئىشنى باهانداپ ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتسىلا هەممە ئىش تۈگىمەمدۇ ؟ ! ئەخمەق ، بالىنىڭ غېمىدە قاپتۇ تېخى ... سالامەت تۇغۇپلا ئالسا ، يا سوپۇر ئاخۇنغا تاشلاپ بېرىدۇ ، يا بولمىسا ...

گۈلزار سوپۇر ئاخۇننىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ ، چىقمىغان دۆڭى ، چۈشمىگەن ئويى قالمىدى . ئۇيان بېرىپمۇ ، بۇيان كې-لىپمۇ بۈگۈن كېچىنى قانداق ئۆتكۈزۈشتە چېكى توختىمايۋاتات-تى . ئورۇننى نەگە ، قانداق سېلىش ؛ سوپۇر ئاخۇننى ئورۇنغا قانداق ياتقۇزۇش ؛ ئۆزى نەدە ، قانداق يېتىشمۇ ئايىغىغا يەتكىلى بولمايدىغان بىر غەم ئىدى… گۈلزار ئۆينى سۈپۈرۈپ ، مېھمان-لارنىڭ كەشى سىرتتىن ئالغاچ كىرگەن لاي ، چالما ، ئەخلەت - چاۋارلارنى پەگاغا دۆۋىلىدى - دە ، نەچچە قېتىم سوپۇر ئاخۇن-نىڭ ، نەچچە قېتىم ئۆزىنىڭ كۆرپىسىنى قولىغا ئالدى - يۇ ، يەنە جايىغا قويۇپ قويدى…

تۇۋا ، نېمىدېگەن خورلۇق بۇ ؟ تېخى بايىلا تويى بولغان بىر قىزنىڭ تۆر - پەگىرىنى بىلمەيدىغان بىر ئۆيگە ئۇياندىن كى-رىپ ، بۇياندىن سۈپۈرگە ، يوتقان - كۆرپە كۆتۈرۈپ يۈرۈشى نېمىدېگەن ئەجەبلىنەرلىك ئىش - ھە !… كاشكى ، ئىلگىرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ سوپۇر ئاخۇننىڭ قولىنى تۇتقان ، ھېچ-بولمىغاندا ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم - يېرىمدەم ئېچىلىپ - يېيى-لىپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بىر - بىرىگە چېتىش توغرۇلۇق تاتلىققىنا تۆت ئېغىز مۇڭداشقان بولسا كىم-نىڭ دەردى ! ؟… ئۇلار ئەزەلدىن بىرەر ئېغىز گەپلىشىپ بې-قىشمىغان ، سوپۇر ئاخۇن قانداقكىن ، گۈلزار ئۇنىڭ ئاۋازى قانداق چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى . مانا بايا ئاڭلىدى ، ھارۋى-كەشنىڭ ئاۋازى ھارۋا چاقىنىڭ ئاۋازىدىن پەرقلەنمەيدىكەن ؛ قوپاللىقى تۇرۇپ تۇرسۇن ، ئىشلەتكەن سۆز - ئىبارىلىرىدىنلا ئادەمنىڭ تېنى جۇغۇلدايدۇ ! گۈلزار ئۇنىڭ ئاۋازىنى سەسكى-نىپ ، قورۇنۇپ ، تىترەپ تۇرۇپ ئاڭلىدى . گەرچە ئۇ مەتكې-

ـرىمنى ۋە يەنە كىملەرنىڭدۇر ئانا ـ مانىسىنى قوشۇپ ـ قارماپ تىللاۋاتقان بولسىمۇ گۈلزارغا ئۆزىنى تىللاۋاتقاندەك تۇيۇلدى...

مانا هازىر ئۇ بىخود ، بىر كىم گېلىنى بوغۇپلا ئۆلتۈرىۋاتقاندەك ـ سە ، جان قۇشىنىڭ تەن قەپىسىدىن قانداق ئۇچۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمايدۇ .

بۇ گۈلزارغا كەلگەن ئامەتمۇ ياكى... ؟

ئامەتمىش... تۇفىي ! قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق «ئامەت» ! ! !

گۈلزارغۇ ئادەم ، ئادەم بولغاندىمۇ ، ئەركەك زاتىنىڭ جىنسـ ـىدا ئايال زاتى ئۇچۇن ئاپىرىدە قىلىنغان شېرىنلىك ـ لەززەتـ ـتىن تېرىقچىلىك تېتىپ بېقىشقا ئۈلگۈرمىگەن ناتىۋان قىز . هايۋان جېنىدا ئەركىكى چىشىسىنى قوغلىمىسا ، مۇنداقچە ئېيتـ ـقاندا ، ئۆز تىلى بىلەن مۇھەببەت ئىزهار قىلمىسا ، چىشىسى هەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن جۈپلەشمەيدۇ . شۇنداق ئىكەن ، گۈلزار قايسى يۈزى بىلەن سوپۇر ئاخۇن بىلەن بىر يوتقاندا يېتىپ ، ئەتە قانداق بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن قوپۇدۇ ؟ ! جىنسىي ئېهتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ياكى «قارا» بولغان يۈزىنى ئاقارتىپ ، ئۆزىنىڭ «بەدىنىگە ئەركەك چىۋىن قونمىغان قىز» ئىكەنلىكىنى خەلقى ئالەمنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ ؟...

ئەلۋەتتە كېيىنكىسى ئۈچۈن !

چۈنكى ، هېلىقى نەس باسقان كېچىدىن كېيىنلا ، گۈلزاردا جىنسىي هەۋەس دېگەن نەرسە تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇغان . «ئەر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزلارغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان دەهشەتلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان . بىـ ـراق ، ئۇنىڭدىكى چەكسىز ئار ـ نومۇس تۇيغۇسى ئۇنى مۇشۇ «ئەر»گە باغلاپ قويدى . بۇگۈن كېچە مۇشۇ «ئەر»گە ئۆزىنىڭ

«مەسۇمە پاك قىز» ئىكەنلىكىنى «ئىسپاتلاپ» بېرەلىسىلا، مەڭگۈ «پاك خوتۇن»، «پاك ئانا»... سۈپىتىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىۋېرىدۇ.

سوپۇر ئاخۇننىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، گۈلزار چوقۇم مەقسىتىگە يېتەلەيتتى. لېكىن...

«... نىكاھ قىلىنىڭ دېسە ئۇنىماي، ئادەمگە ھاراق ئىچكۈزۈپ ئىمانىنى بۇلغاپ... ئالمايمەن! ئۇنداق نىكاھ قىلدۇرمايدىغان خوتۇننى ئۆلتۈرسەڭمۇ ئالمايمەن!...»

سوپۇر ئاخۇننىڭ مۇشۇ گەپلىرى تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ قالغان گۈلزار باشقىچە ئەقىل تاپقانىدى، گۈلزار ئۆزىنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىدە ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا ئورۇن راسلاپ، تارتقۇشلاپ يۈرۈپ سوپۇر ئاخۇننىڭ كىيىمىنى سالدۇردى ـ دە، يۇمىلىتىپ ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ، ئۈستىنى مەھكەم چۈمكىۋەتتى. ئاندىن، سوپۇر ئاخۇننىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى مەرەپتىن ئېلىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا يايدى. سوپۇر ئاخۇننىڭ پات ئارىدا ئويغانمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئىچ كۆڭلىكىدىن بۆلەك كىيىملىرىنى سېلىپ، سوپۇر ئاخۇننىڭ بېشىدىكى تەكىيە ئاستىغا تىقىپ قويدى ـ دە، مەشىنىڭ ئالدىدا تىزىنى قۇچاقلاپ تولگولۇپ ئولتۇردى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ، ئۇ قاردەك ئاق، پاختىدەك يۇمران بىلەكلىرى، يېرىمى ئىچ كۆڭلەك سىرتىغا چىقىپ تۇرغان، قۇيغان ئۆپكىدەك چىڭ ۋە جۇلالىق ئەمچەكلىرىگە كۆزى چۈشكەندە، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ «ۋىلىلدە» قىزىراتتى ـ يۇ، ھايال ئۆتمەي ئەسلىگە كېلىپ، غۇرۇرى قاتتىق خورلانغاندەك مەيۇس قىياپەتكە كىرىۋالاتتى...

فۇداۋيۇەننىڭ ئاۋازى كەلدى. سوپۇر ئاخۇن تېخىچە بۆ-

شۇكتىكى بوۋاقتەك بىغەم، شېرىن ئۇيقۇدا . گۈلزار ئۆزى رول ئالغان «ئويۇن»نى ئۇنىڭغا كۆرسەتكۈسى كېلىپ نەچچە قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپ ، ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ باققان بولسىمۇ ، سوپۇر ئاخۇن كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قا-راش تۇگۇل ، بىرەر ئەزاسىنى مىدىرلىتىپمۇ سالمىدى . گۈلزار بىرەر شەپە چىقىرىپ ئۇنى ئويغاتماقچى بولدى - يۇ ، يۈزى چىدىمىدى...

گۈلزار ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ تالڭ سۇزۇلۇشكە باشلى-غانلىقىنى سەزدى . بۇنىڭسىزمۇ ، مەلۇم ئېھتىياج ئۇنى سىرتقا چىقىشقا قىستاۋاتاتتى . «ئويۇن»نى ئاياغلاشتۇرۇپ ، «پەردە»نى ياپمىسا بولمايتتى . ئۇ سوپۇر ئاخۇنغا قاراپ بىردەم تۇرۇۋالغاند-دىن كېيىن پەگاھنىڭ بۇلۇڭىغا توختىتىلغان چىلەكتىن قاپقارا مىس چوگۇنغا لىق سۇ توشقۇزۇپ ئوچاققا توختاتتى - دە ، ئوت يېقىۋەتتى . ئاندىن پەگادا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، نوگايدا سۇ ئېلىپ چاچلىرىنى قويۇق نەمدەپ تارىدى . ئىككى نوگاي سۇنى يەرگە تۆكۈپ شىلەمپەت قىلدى . ئاخىردا كىيىملىرىنى ئېلىش باھانىسىدە تەكيىنى خېلى بەك مىدىرلاتقان بولسىمۇ سوپۇر ئاخۇن تۇيمىدى . «تۇيدى» دېيىلسە ، ئۇياندىن بۇيانغا ئۆرۈلۈپلا قويدى . پىلانى كۆپۈككە ئايلانغان گۈلزار كىيىمىنى كىيىپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى... تاجىگۈل «يوقلاق» ئېتىپ كەلگەندە ، ئۇ تېخى ھاجەتخانىدا ئىدى . تاجىگۈل بىلەن قانداق كۆرۈشتى ، ئۇنىڭ قولىدىكى داستىخاننى قانداق ئالدى ؟ ئىزا ، خورلۇق ، نومۇس ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىمۇ - خوشلاشمىدى ؟ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاپ قالغىنىنىمۇ تۇيمىدى . ئۇ سوپۇر ئاخۇننىڭ ئويغاقلىقىنى كۆرۈپلا يىغلاپ تاشلىدى . سوپۇر

ئاخۇن تىنچلىق سوراپ ، ئۆزرە قويغانىدى ، ئۇ دەرھال يېڭى «پەدە» چىقىرىپ ، سوپۇر ئاخۇننىڭ ئاخشام مەسلىكتە دېگەن گەپلىرىنى ئۆز گېپى قىلىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى . كۈتمە-گەندە ، سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى راستقا ئېلىپ ، نىكاھ قىلدۇرۇۋېتىشنىڭ گېپىنى قىلغانىدى ، گۈلزار بىر ئېسىلىۋال-غانچە قويۇپ بەرمىدى ۋە ئۆز گېپىنىڭ راستلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاش ئۈچۈن :

— ئىتتىك قوپۇپ غۇسلى قىلىۋەتسىلە ! ھېلى تاجىگۈل كېلىپ كەتتى . سەل تۇرۇپ يەنە بىر كىم كېلىپ قالسا… — دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ ئىشىكنى ياپتى . ياپتى - يۇ ، ئىچ - ئىچىدىن كۈلكە ئېتىلىپ چىقىپ ، ئىككى قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى…

لېكىن ، ئۇنىڭغا ئۇزاق كۈلۈش نېسىپ بولمىدى . ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى - ئۆتمىدى ، بىر كۈنى گۈلزار ئىككى چېلەككە بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ ئۆيگە كېتىۋاتسا ، تۇيۇقسىز مەتكېرىم يەر-دىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، يولىنى توسۇپ :

— ھە خانىم ، سوپۇر بىلەن ئەپلىشىپ قالدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سەت ھىجايدى .

— ھەئە ، — دېدى گۈلزارمۇ قىلچە تارتىنىپ - قورۇ-نۇپ ئولتۇرماستىن .

— قانداق ؟ مەن دېمەپمىدىم… قىز ئەمەسلىكىڭىزنى بىلمەي قاپتۇ - دە ، ئۇ گۇي ؟

— ………

— قورسىقىڭىزدا مېنىڭ بالام بارلىقىنى تۇيدۇرۇپ قوي-مىغانسىز ؟

— ياق .

— ياخشى ! ئىشەنچلىك ئىشقىمۇ بىرمۇنچە يىغلاپ يۈرەم-دىغان ؟ ! مەن باشتىلا سەزگەن ، قالتىس پەمىڭىز بار ئىكەن !... سىزگە قول قويدۇم ! قورسىقىڭىزدىكى بالىنى ئوبدان ئاسراڭ . چۈشۈپ كېتىپ قالمىسۇن !... تولغاق تۇتقاننى بىلەمسىز ؟ نې-مىنى نېمە قىلىپ ، بىلمىسىڭىز ، خوتۇن خەق يامان ، ئۆگىتىدۇ ... شۇنداقلا تولغاق تۇتسا ، ماڭا شەپە بېرىۋېتىڭ . ئۆزۈمنىڭ خادىكى بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئەۋەتىپ ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ھەممە ئىشىڭىزنى توغرىلايمەن... ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل .

— ............

بۇنداق «غەمخورلۇق» پەقەت ئۇزۇلمىدى . گۈلزار قاچان يالغۇز قالسا ، مەتكېرىم ئۇۋچى تايغاندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولاتتى -دە ، ئۇنى بۇنى تاپىلايتتى ، ئۇنى - بۇنى تەڭلەيتتى . گۈلزار رەت قىلسا ، يا زورلاپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى ، يا ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ كېتىپ قالاتتى . گۈلزارمۇ ئۇ نەرسىلەرنى شۇئان يەرگە ئېتىپ ، دەسسەپ چەيلىۋېتەتتى... تېخى بىر دەم ئېلىش كۈنى ، مەتكېرىم مۇرىسىگە ئۇۋ مىلتىقىنى ئېسىپ سوپۇر ئاخۇننى ئىزدىگەن بولۇپ ئۆيگىلا ئۇسسۇپ كىر-دى . گۈلزار ھويلىدا ئەتىيازنىڭ سېرىق ئاپتىپىغا قاقلانغاچ كىر يۇيۇۋاتاتتى . بارغانسېرى كۆپۈپ ، تەشتەككە پاتماي سىرتقا يام-راۋاتقان سوپۇن ماغزىپىغا تىكىلگىنىچە خىيال دەرياسىدا ئۈزۈ-ۋاتقان گۈلزار مەتكېرىمنىڭ قاچان ھويلىغا كىرىپ ، كەينى تەرىپىدە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغىنىنى تۇيمايلا قالدى . تۇيغاندا بولسا ، سەسكەنگىنىدىن چۆراپ ئورنىدىن قو-

پۈپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نەشتەردەك قادالدى . قولىدىكى ماغزاپ-
نى سۇرتۇپمۇ ئەتمىدى . ئىككىيلەننىڭ ئارىلىقى بىر مېتىرمۇ
كەلمەيتتى .

— سوپۇر دېگەن ئاداش كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — دەپ ھىجاي-
دى مەتكېرىم ، — ئۇنىڭ مەينىتىنى بىر ئېرىتىۋېتەي دەپسىز -
دە !··· ھى - ھى - ھى··· ياخشى ، ھەر نېمىدېگەنبىلەن شەھەر
قىزى - دە !··· بۇياققا ئۆردەك ئاتقىلى كەپتىم . سىزدىن قور-
قۇپ قېچىپ كەتتىمۇ ؟ بىرىمۇ ئۇچرىمىدى··· نېمىنى نېمە قى-
لىپ ، سالامەت تۇرغانسىز ؟

گۇلزار ئېغىز ئېچىشقا ھارسىنىپ : «ھىم» دەپ دىمىغىنى
قاقتى ھەم كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ ، قاياققىدۇر قارىۋالدى .
شۇ چاغ ، مەيدىسىدە چايان ئۆمىلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، سەسكەن-
گىنىدىن چېكىسىدىن مۇزدەك تەر ئۆرلىدى . ۋۇجۇدىغا تىترەك
ئولىشىپ ، پۇت - قولى بوشىشىپلا كەتتى . كۇپكۇندۇزدە ، يەنە
كېلىپ ئۆز ھويلىسىدا يۇز بەرگەن بۇ نومۇسسىز قىلىق ئۇنى
ئەقلىدىن ئازدۇرغىلى تاس قالغانىدى . چۈنكى ئۇ ، ئون سەككىز
يىللىق ئۆمرىنى تەڭتۇش ئوغۇللار ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن ، ئۇلار
بىلەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ ، ۋىلىقلاپ كۇلۇپ چاقچاقلى-
شىپ ، نۇرغۇن شەپشەكلىكلەرنى قىلغان ؛ ئوغۇللارمۇ ئۆز نۆۋ-
تىدە ئۇنى پوكاندەك قىزارتىۋەتكۇدەك بەد قىلىقلارنى قىلغان
بولسىمۇ ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قول ئۇزىتىپ باقمى-
غان ، «ئۇزاتتى» دېگەندىمۇ ، ھېچقانداق غەرەز - مەقسەتسىزلا
ئۇزاتقان بولسا كېرەك ،گۇلزار قىلچە غەلىتىلىك ھېس قىلمى-
غان ، ھەتتا ۋۇجۇدى يايراپ ، كۆڭلى سۆيۈنگەن . بەزىدە چان-
دۇرمىسا ، بەزىدە : «ئەسكى···» دەپ قويۇپلا بولدى قىلغان···

هازىر گۇلزارنىڭ مەيدىسىگە تەگكىنى قانداقتۇر ھەقىقىي بىر ئەركەك زاتىنىڭ قولى ئەمەس، بەلكى بىر زەھەرلىك چايانىنىڭ نەشتىرى ۋە ياكى ھەممە يېرى قان - يىرىڭ، نىجاسەت بىلەن بۇلغانغان قورقۇنچلۇق مەخلۇقنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقى ئىدى! بۇ نەشتەر، بۇ تىرناقلار ئۇنىڭ قېنىنى شوراپ، دېمىنى كېسىپ، تىلىنى باغلاپ، پۇت - قوللىرىنى مىدىرلىتالماس قىلىپ قويغانىدى. پەقەت مېڭىسىنىڭ كىچىككىنە يېرىلا سېزىمىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ سېزىپ تۇراتتى. نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ گۇلزارغا شۇ ئۆگەتتى:

— تۇفىي!...

گۇلزار پۈتۈن كۈچى بىلەن مەتكېرىمنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. ماغزاپ يۇقى قوللىرىمۇ تەڭلا ئىشقا چۈشۈپ، «چايان» نى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى. بۇنداق زەربىنى كۈتمىگەن مەتكېرىم بىر قەدەم كەينىگە داجىپ، چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. چىرايى غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— بۇنچە قىلىپ كەتمەڭ، خېنىم! — دېدى ئۇ چىشلىرى ئارىسىدىن ھەم زورلاپ كۈلۈمسىرىدى، — مەن تۇتمىغان، كۆرمىگەن نەرسىمىدى ئۇ!؟ ھى - ھى - ھى... مەن تۇتۇپ، ئويناپ تويۇپ «ھۆ» دېگۈدەك بولغاندا، سوپۇرغا تاشلاپ بەرگەن بىر نېمىنى...

— چىقە لۈكچەك! ھېلى بىكار...

گۇلزار شۇنداق دەپلا قولىغا نوگاينى ئېلىپ، دەرۋازا تۈۋىگە بېرىۋالدى. ئەلپازىدىن ھازىرلا ۋارقىرايدىغاندەك قىلاتتى. مەتكېرىم «ھىم» دەپ قويۇپ تاشقىرىغا ماڭدى. گۇلزارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بولۇپ:

ــــ ماقۇل ، مەن چىقاي··· سىزمۇ قىزلىقىڭىزنى كىم
ئالغانلىقى بىلەن قورسىقىڭىزدىكى كىمنىڭ بالىسىلىقىنى ئۇنـ.
تۇپ قالماڭ ! ــــ دېدى ـ دە ، كۆزدىن يوقالدى···
مۇنداق ئىشلار كېيىنمۇ بولدى . بىر ئەمەس ، كۆپ قېتىم
بولدى . گۈلزارنىڭ سىلكىشلىرى ، ھەتتا ئۇنىڭ ئانىسى ، ئاچا ـ
سىڭىللىرىنى ئاغزىغا ئېلىپ تىللاشلىرىمۇ ئۇنىڭغا سەي بولمىـ.
دى . نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى . لېكىن ، ھېچ نەرسىگىمۇ ئېرىـ.
شەلمىدى .
كۈنلەر ، ئايلار ئۆتكەنسېرى ، گۈلزار تېخىمۇ «قېتىپ قېـ.
لىنلىشىپ» كەتتىمۇ قانداق ؟ ئۇنىڭ «قىزلىق ، بالا» توغرىسىدـ.
دىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغاندا يىغلاش ئورنىغا «بالا
دەملا ؟ مەن تېخى ئۇنى ‹چۈشۈمدە چىشلىگەن ئىتنىڭ چىشى
قالدۇرغان يارا› دەپ يۈرۈپتىمەن··· شۇ ئىت سىلە ئىكەنلە ـ
دە ، مەي جۇرېن !··· » دەپ مەسخىرىلىك ھىجىيىدىغان بولۇۋالـ.
دى . مەتكېرىم شۇنداقلا كۆزدىن غايىب بولۇشىغا ، كۆز ياشلىـ.
رى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى . قولىدىن كەلسە ، كۈندىن ـ كۈنگە
يوغىناپ ـ دومبىيىپ كېتىۋاتقان قورسىقىنى يېرىپلا ، ئۆزىنى
مۇشۇ كۈنگە قويغان «يارا»نى ئېلىۋەتكۈسى كېلەتتى ـ يۇ ،
ھايال ئۆتمەي ، ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېسىگە
ئېلىپ ، دۇنيادا بارمۇ ، يوقمۇ بولۇپ كېتەتتى .
قىسقىسى ئۇ مەتكېرىمگە قانداق تاقابىل تۇرۇش يولىنى
تېپىۋالغاندى !
بىراق ، پەقەت تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ــــ
سوپۇر ئاخۇنغا بولغان غايىبانە يېقىنلىق ــــ ئۇنى كۈندىن ـ
كۈنگە قىيناۋاتاتتى ، ئۆزى تۇيۇپ ـ تۇيمايلا سوپۇر ئاخۇنغا

مايىل بولۇپ قالدى . سوپۇر ئاخۇننىڭ ئىلگىرى ئۇنىڭغا ھەددى-
دىن زىيادە قوپال كۆرۈنگەن ئۇستىخىنى ئەمدى ئۇنىڭغا تولىمۇ
قاۋۇل كۆرۈنۈدىغان ؛ ئاياغلىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ ، چېتىنى
سەل كېرىپ مېڭىشى يولۋاسنىڭ مېڭىشىنى ئەسلىتىدىغان ؛
يوغان بېشى ، قارىمۇتۇق ۋە سەل يالپاقراق كەلگەن يۈز كېپتى ،
نېمىدىندۇرر قورقۇپ كەتكەندەك ، ئادەمگە ھېيىقىپراق قارايدى-
غان چوڭ - چوڭ قوي كۆزلىرى قاچاندۇر بىر چاغدا چۈشىدە
كۆرۈپ ئاشىق بولغان يىگىتنى ئۇنىڭدا كۆرسىتىدىغان بولدى .
تېخى ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز ، ھەر بىر ھەرىكىتىدە چاقىناپ
تۇرغان ئەدەب - ئەخلاق ، شەرم - ھايانى دېمەيسىزا...

گەرچە ئۇلار بىر قازاننىڭ تامىقىنى بىللە يەپ ، بىر ئۆيدە
بىللە تۇرۇشۇۋاتقان بولسىمۇ ، سوپۇر ئاخۇن گۈلزارنىڭ ئۆزى
بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ قالدىمۇ
ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ ؟ بىرەر موللىغا نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇتۇ-
ۋېتىش گېپىنى پەقەتلا ئېغىزغا ئالمىدى . كۈن ئۆتۈپ ، ئاي
ئۆتۈپ ، ئۇنىڭغا ئەستىرى بار چاقچاق قىلىپ تاشلىمىدى . ئاخ-
شىمى ياتىدىغان چاغ بولغاندا ، ئۇ بىرەر ئىشنى باھانداپ ھويلى-
غا چىقىپ كېتىپ ، گۈلزار يوتقانىغا كىرىپ يۆگىنىپ يېتىپ
بولغاندا قايتىپ كىرەتتى - دە ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقىنىغا
كىرەتتى . ئەتىگىنى گۈلزار ئويغىنىشتىن بۇرۇنلا ئورنىدىن
قوپۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇيتتى - دە ، نەگىدۇر غايىب بولات-
تى . داستىخان ئۇستىدە ياكى باشقا چاغدا ، ھەرگىز گۈلزارنىڭ
كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ گەپ قىلمايتتى...

مانا بۇ غەلىتە مىجەز گۈلزارنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويدى .
ئەگەر ئۇ ئۇسسۇپلا يوتقىنىغا كىرگۈدەك بولسا ، گۈلزار رازى-

مەنلىك بىلەن باغرىغا ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى . ئوچۇقراق ئېيت-
ساق ، گۈلزارغا نىسبەتەن «نىكاھ» دېگەن نەرسىنىڭ بولۇش
- بولماسلىقى ـــ ئىككى تەننىڭ قوشۇلۇشى ، ئىككى يۈرەكنىڭ
ۋىسال قۇچۇشىدا زادى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان ئىلاھى تو-
سۇق ئەمەس ، بەلكى بىر رەسمىيەت ئىدى ، خالاس . ئەگەر
رەسمىيەتتىن گەپ ئېچىلسا ، ھازىر ئېقىۋاتقىنى توي خېتى .
ئۇلار جامائەت ئالدىدا ، ھۆكۈمەت ئالدىدا قانۇنلۇق ئەر - خو-
تۇن ، لېكىن...
شۇنداق ، كېيىنكى ئاۋارىچىلىقنى گۈلزار ئۆزى تاپقان .
«مۇھەببەت» دېگەن نەرسىنى ئاللىقاچان بۇلغانغان تېنىدىن
ئۇستۇن قويۇپ ، ئاق كۆڭۈل سوپۇر ئاخۇننىڭ دوپپىسىغا جىگدە
سالدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ كەتكى-
نى بىلەنمۇ ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ! مۇبادا ئۇ ئۇنىڭ تېنى كىم
تەرىپىدىن بۇلغانغىنىنى ، قورسىقىدىكى بالا كىمنىڭ ئىكەنلىكى-
نى سېزىپلا قالسا ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەندىمۇ ، ئۆيىدە بىر
سائەت ، بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇزمايدۇ !...
ئۇ چاغدا گۈلزار نېمە بولىدۇ ؟
بۇنى تەڭرى بىلىدۇ !
ناۋادا ، گەپتىن گەپ چىقىرىپ ، گەپ ئارىسىدا «نىكاھ»
نى تىلغا ئېلىپ باقسا قانداق بولار !
نېمە ! ئۇ دېگەن ئايال تۇرسا... قانداق ئاغزى بارىدۇ ! ؟
ھەممە يوللار ئېتىك ئىدى . گۈلزار خونۇقۇپ كەتتى .
خونۇقۇش ئىچىدە سوپۇر ئاخۇنغا قولىدىن كېلىشىچە يېقىنچىلىق
قىلغان بولسىمۇ ، سوپۇر ئاخۇن پىسەنتىگە ئالمىغاندەك يۈرۈ-
ۋەردى . گۈلزار ئۇنىڭ توي كۈنىدىكىدەك قاتتىق مەست بولۇپ ،

ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىگە ئىسىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى ،
ھەتتا ئۇ ئىسىلمىسا ، ئۆزى ئىسىلىپ ، تاڭ ئاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن
چىرمىشىپ ياتقان ھالەتتە ئويغىنىپ ، ئارىدىكى «پەردە»نى مەڭ-
گۈلۈك كۆتۈرۈۋېتىشكىمۇ تەييارلىنىپ قويدى . بىراق ، ئۇ تەمە
قىلغان ئىش ھەرگىز سادىر بولمىدى . ئەكسىچە ، سوپۇر ئاخۇن
تېخىمۇ پەجۋاغ ، تېخىمۇ ئەدەپلىك بولۇپ كەتتى...
«سوپۇر ئاخۇندا ئەرلىك تۇيغۇسى يوقمىدۇ - يا ؟ !...»
گۈلزار مۇشۇنداق ئويلاپ بولۇپ قىزىرىپ كەتتى . چۈشۈن
يەۋالغاندەك كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە بىرمۇنچە كېچە - كۈندۈز-
لەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتى . ئۇيان ئويلىنىپ ، بۇيان ئويلىنىپ ، ئاخىر-
رى ، يۈزىنى «داپتەك» قىلىپ تۇرۇپ ، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ
گەپ تېشىش نىيىتىگە كەلدى . بىراق...
ھەممە ئىشنى مۇشۇ «بىراق» بۇزامدىكىن - تاڭ ؟ ئۇ تازا
كۆڭۈل توختىتىپ ، سوپۇر ئاخۇنغا دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى
ئىچىدە قايتا - قايتا يادلاپ ، «مانا دەيمەن ، ئەنە دەيمەن» دەپ
يۈرگەن كۈنلەردە ، دادىسى ئۇشتۇمتۇت دوختۇرخانىدا يېتىپ
قالدى . ئۇلىشىپلا ، ئائىلىسى بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشتى .
تۇغۇت ، دادىسىنىڭ «ئۇنسۇر» بولۇپ قېلىشى گۈلزارنىڭ جىمى
تۇيغۇ - ھېسلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنى تىرىك مومايغا ئايلاندۇ-
رۇپ قويدى . تاسادىپىي بېشىغا قونغان ئامەت قۇشى — ئوقۇش
پۇرسىتىگە ئېرىشىش — ئۇنى پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە
مەركەزلەشتۈرۈش نىيىتىگە كەلتۈردى . سوپۇر ئاخۇنمۇ ئۇنى
پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى . بۇنىڭ
بەدىلىگە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمىدى . ئەمما ، مەتكېرىم
پۇرسەت تاپسىلا ئۇنى «قەرز» تۆلەشكە قىستاپ ئارام بەرمىدى .

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «ئوتتۇز كويلۇق غالچا» — زىكرۇللا قانات سۆرەپ ، ئۇنى ئىككى بۆرىنىڭ ئارىسىدا قالغان يالغۇز قوزىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . ئەمدى ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر ھىمايىچىگە موھتاج بولۇپ قالغانىدى . بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن يۈزىنى «پولو »دەك قىلىپ تۇرۇپ ، «نىكاھ» توغرۇلۇق گەپ ئاچتى .

— مەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا نىكاھ قىلدۇرۇۋېتەيلى دېگەن . كېيىن «ھۆكۈمەت ئوقۇپ قالسا ( ئىدىيىسى خۇراپىي ئىكەن) دەپ ئىشتىن بوشىتىۋېتىشىدىن قورقۇپ شۇك تۇرۇ - ۋالغان ، — دەپ قىزاردى سوپۇر ئاخۇن گەپنىڭ راستىنى قىلىپ ، — ئاندىن... كېيىن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ... »

— ھە ، ئاتا - ئانامنىڭ «ئۇنسۇر »لۇقى يۇقۇپ قېلىشى- دىن قورقۇپلا - دە ! ؟

سوپۇر ئاخۇن گۈلزارنىڭ ئۆزىنى قەستەن گەپكە سېلىۋات- قىنىنى تۇيماي ، كۆڭلىگە كەلگەننى دەۋەردى :

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنلا !... ئۇنىڭدىن قورقۇدىغان بولسام ، سىلىدىن ئايرىلىپ كەتمەمتىم ؟ ! كۆڭۈللىرىنىڭ ئارا- مى يوق چاغدا ، رەنجىتىپ قويارمەنمىكى دەپ قورقتۇم ، كېيىن... ئوقۇشقا كەتتىلە...

— ئەمدىچۇ ؟

— ئەمدى...

گەپ تۈگىدى . گۈلزار ھاياجانلانغىنىدىن ئېسەدەپ يىغلاپ ، ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتى . سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى مەھكەم

قۇچاقلاپ ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئاجايىپ چوڭقۇر ھەۋەس ـ ئىشتىياق بىلەن سۆيۈپ كەتتى...

بۇ ، دەل ۋىلايەتتىن A تىپلىق يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش ئەترىتى يېتىپ كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، گۈلـزار ئەتىسىدىن باشلاپ بۆلەكلا بىر ئادەمگە ئايلاندى . بىراق ، سوپۇر ئاخۇننى ئالدىغىنىدىن خىجىل بولۇپ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ھامان قاراڭغۇ ئىدى . ئۇ بۇ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇشقا خېلى تىرىشىپ باقتى ـ يۇ ، ئاخىرقى ھېسابتا بەل قويۇۋەتتى . چۈنكى ئۇ ئايال ئىدى ، ئانا ئىدى ! ئۆز دادىسىنى «دادا» دېيىش مەڭگۇ نېسىپ بولمايدىغان بىر بالىغا ئانا بولۇپ قالغىنى ئاز كەلگەندەك ، قورسىقىدىكى بالىنىڭمۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچـماي تۇرۇپلا يېتىم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . تېخىمۇ مۇھىمى ، سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا «ئوغۇل بالىچىـلىقى تۇتۇپ» يوغان بىر كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى . مانا بۇ قېتىم...

توختى تۇر خەتنى ئوقۇپ بولغىلى نىكەم . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆزلىرى خەتتە ، خىيال قۇشلىرى ئۆزى مۇشۇ گۇڭشېغا كەلـگەن دەسلەپكى كۈنلەردىن تاكى بۈگۈنگىچە بولغان ئۇزاق جەريان ئۈستىدە ئەگىپ يۈرەتتى . توختى تۇر يا گۈلزارنى ئەيىبلەشنى ، يا تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي ، ئىچ ـ ئىچىدىن بىئارام بولۇۋاـتاتتى . چۈنكى ، پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، گۈلزارنى «قىدـزىل ھاكىمىيەت»نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشەنمەي ئۆزىگىمۇ ، ئېرىگىمۇ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق تاپقانلىقتا ئەيىبلەشكە بولاتتى . لېكىن ، بۇ «پرىنسىپ»نىڭ ئەينى چاغدا گۈلزارنى بىر مەھەل

«يامان ئادەم ، يامان ئىشلارغا قارشى دادىل كۆرەش قىلغان قەھرىمان » سۈپىتىدە كۆككە كۆتۈرسىمۇ ، ئاخىرقى ھېسابتا ، ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك ئىچكى مەخپىيىتىنى پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئاشكارىلىۋېتىپ ، بىر ئۆمۈر بەختسىز قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا ، ئۇنى «ئار ـ نومۇسنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن يۈزى تۆۋەن ، جاسارەتلىك قىز » دەپ ماختاشقا بولاتتى . بىراق ، توخ-تى تۇر بۇنداق قىلالمايتتى . بۇنداق قىلسا «پرىنسىپنى ئاياغ ئاستى قىلغان» بولاتتى . بۇنداق قىلماي دېسە ، ۋىجدانى ئارام تاپمايتتى... ئادەمگە ۋىجدان ئازابىدىن ئارتۇق خورلۇق يوق !

گۈلزار بۇ يەرگە «چېنىقىش»قا كەلگەن يىلى ، توختى تۇرنىڭ چوڭ قىزىمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مەلۇم گۇڭشېغا «كەمبەغەل ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش »قا چۈشكەندى . يېرىم يىل بولا ـ بولماستىن ، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىپتۇ . قىز بۇ خورلۇققا چىدىماي ، شۇ كۈنىڭ ئەتىسىلا ناھىيىلىك ئىنقىلا-بىي كومىتېتكە ئەرز قىپتۇ . ناھىيە بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ ئەمە-لىيلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا ، گۇڭشې بويىچە مۇدىرنى پېپەن قىلىش يىغىنى ئېچىپ ، قىزنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلد-دۇرۇپتۇ ھەم نەق مەيداندىلا مۇدىرنى قولغا ئېلىپ ، قىزنى پەۋقۇلئاددە قەھرىمان سۈپىتىدە ماختاپتۇ . يىغىندىن كېيىنلا ، پۈتۈنسۇرۇك بىر مۇدىرنى ئاغدۇرۇۋەتكەن بۇ قىزنىڭ پېشانىسىد-گە «ئاجاق» دېگەن «ۋىۋىسكا» ئېسىلىپ ، ھەمراھلىرىنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قاپتۇ... مانا ھازىر ئۇنىڭ بىر ئوبدان خىزمىتى ، خېلى يۇقىرى مائاشى بار . بىراق ، ئۇنىڭ

تەڭتۇشلىرى ئاللىقاچان بىردىن ئۆينىڭ خوجايىنى ، بىر ـ ئىك-كىدىن بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ بولغان بولسىمۇ ، ئۇ تېخى ئەر ـ سىز ـــ تۇل . چۈنكى ئۇ «ئاجاق»...

ئۇ يەنە قاچانغىچە ئەرسىز يۈرەر ؟

بۇ ـــ توختى تۇرنىڭ بېشىدىكى ئەڭ چوڭ غەم .

گۈلزارمۇ «ئاجاق» . لېكىن ئۇنىڭ ئېرى بار . «ئاجاق» لىقنىمۇ ئاران نەچچە كىشى بىلىدۇ . گۈلزار ئۇنىڭ قىزىدىن كۆپ بەختلىك !

توختى تۇر «پرىنسىپ»نى دەپ ئۇنىڭ بەختىنى تارتىۋېلىپ ، ئۆز قىزىغا ئوخشاش «قەھرىمان» قىلىشى كېرەكمۇ ياكى... ؟

توغرا ، تېخى بۇ «ئاجاق»نىڭ نارەسىدە ئوغلى سۈپۈرگى-نىڭ تەقدىرىمۇ بار...

توختى تۇر گۈلزارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئادەم ھەيران قالغۇدەك چىدام ـ غەيرىتىگە چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى . بىراق «پرىنسىپتىن چەتنەپ كەتمەسلىك» ئۈچۈن ، خەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، گۈلزارغا ئۇدۇل قارىماستىن :

ـــ ئەسلىدە ، ئاشۇ ئىش يۈز بەرگەن چاغدىلا مېنى ئىزدې-گەن بولسىڭىز بولاپتىكەن ، ـــ دېدى سوزۇپ بىر تىنىپ ، ـــ خەير ، بوپتۇ... ئۆتكەن ئىشنى ئويلاۋېرىپ ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويماڭ... ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ... سوپۇر ئاخۇنمۇ سىزنىڭ غېمىڭىزدە ئىكەن . سىزلا ئاغزىڭىزنى چىڭ تۇتسىڭىز ، ئاراڭ-لاردىكى ئىشنى سوپۇر ئاخۇن ھېچكىمگە دېمەيدۇ...

ـــ سوتتىمۇ دېمەسمۇ ؟

ـــ دېمەيدۇ .

ـــ دېمىسە... ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ. سوپۇر ئاخۇن بىلەن پۈتۈشۈپ قويدۇم… سىز ئوبدان ماسلىشىپ بېرەلىسىڭىز، سوتنىڭ ئە-شىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن… سىزنىڭ هازىرقى ۋەزىپىڭىز ماۋ-جۇشى ئەسەرلىرىنى هەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خىزمەتتە تېخىمۇ ئاكتىپلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، يولداشلارنىڭ هېسداشلىقىنى قوزغاش. چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم.

گۈلزار شۇنداق دەپلا يىغلاپ تاشلىدى. چۈنكى ئۇ توختى تۇرغا «يۈرىكى»نى تاپشۇرۇپ خاتا قىلمىغانلىقىنى سەزگەندى…

# سەككىز تال ئالتۇن تۇگمە

زىۋەرىخان تۇغمىدى. تۇغۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەتكېرىمدىن ھامىلىدارمۇ بولۇپ باقمىدى. توۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ؟ ئون تۆت ياش چېغىدىلا ئاتىسى نامەلۇم بىر بالىنى تۇغۇپ قويۇپ نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟ نېمە خاپىلىقلارنى تارتمىدى؟! 18 يىل ئۆمرىغۇ ئەرسىز ئۆتتى، ئەرلىك بولغىنىغا تۆت يىل بولغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ھامىلىدار بولمايدۇ؟ يەنە بىر مەزگىل ئۆتسە، ئۇنىڭ جۇۋانلىق مەزگىلى تۈگەپ، ھامىلىدار بولۇش ئىقتىدارىدىن قالىدۇ. ئۇ چاغدا...

ھە - ي - ي... ھامان ئەرسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چىداپ، مەتقۇناخۇنىنىڭ تەرىتىدە ئۆتۈپ كەتسە بوپتىكەن... ئۆزىدىن ئۆتكەن. شا يۇنۇس ئاكىنىڭ گېپىنى يىرالماي، كۆڭلى قىزىمىغان ئىشقا ماقۇل بولغاندىكىن بۇمۇ ئۇنىڭغا ئاز!... تېخى مەتكېرىمنىڭ ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىۋېلىپ: «تۇغمىدىڭ، تۇغمىدىڭ» دەپ بۆرە تېرىسىنى كىيىشلىرىچۇ!...

زىۋەرىخان مەتكېرىمگە خوتۇن بولۇپ بىر يىلدىن كېيىنلا مانا مۇشۇنداق كۈنگە قالدى. يا زىۋەرىخاننىڭ «ئىسسىماي» ۋاتقانلىقى سەۋەب بولدىمۇ، يا مەتكېرىم ئۇنى ئۇيان ئۆتۈپ قۇچاقلاپ، بۇيان ئۆتۈپ سۆيۈپ - يالاۋېرىپ تويۇپ قالدىمۇ؟ مەتكېرىم ئەمدى ئۇنىڭغا «كۆيدۇم - ئۆچتۇم» دېيىشنىڭ ئورنىغا: «تۇغمىدىڭ، تۇغمىدىڭ» دەيدىغان بولۇۋالدى. سىلكىشلەش، ئارزۇلاپ ئەتكەن تاماقلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ يېمەسلىك

خېمىرغا قۇرۇقتۇن سەپكەنچىلىكلا بىر ئىش . ئېغىر ئالغۇچىلىكىمۇ ، رەنجىگىچىلىكمۇ يوق . بۇنداق ئىش ھەممە ئۆيدە بار ، يامان يېرى مەتكېرىم بىر كۈن ئۆيدە ياتسا ، بىر كۈن تالادا قونۇپ قالاتتى . نەدە قونغانلىقىنى سوراپ قالغۇدەك بولسا ، چاشقانغا ئېتىلىشقا تەييارلانغان مۈشۈكتەك ھۈرپىيىپ : «نېمە كارىڭ ! كۈنلۈكۈڭ تۈتۈۋاتامدۇ ؟ ھالىغا باقماي ، دەۋاتقان گېپىنى !... سىڭگەن نېنىڭنى يېيىشنى بىل !... » دەپ چالۋاقايتتى .

زىۋەرىخان تۈنجى قېتىم مۇشۇنداق دەشنەم يەپ نەچچە كۈنگىچە خۇدىنى تاپالمىدى . كېيىن : «ئۇۋۇش ، نەدە قونۇپ ، نەدە تۈنەپ يۈرسە نېمە كارىم ؟ مېنى دېسە ، ئۆلگۈچە قېشىمغا كەلمىسۇنا !... » دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى . چۈنكى ئۇ مەتكېرىمگە نېمە ئۈچۈن «خوراز» دېگەن لەقەم قويۇلۇپ قالغانلىقىنىڭ سىرىنى ھەرقانداق ئادەمدىن ئوبدانراق بىلەتتى...

بىراق ، كۆڭۈل دېگەن غەلىتە نەرسە ئىكەن ، مەتكېرىم قېشىدا بولسىلا پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ ، ئۆزىنى قويۇدىغانغا يەر تاپالماي قالاتتى . تۇيۇقسىز باسماداپ قۇچاقلىغان ، سۆيگەن ، ئۇيەر ـ بۇ يېرىنى سىلىغان ـ مىجىقلىغان چاغلىرىدا بولسا ، قانداقتۇر نجاسەتكە يولۇققاندەك يىرگىنىپ ، يۈزلىرىنى تەتۈر ئۆرۈۋالاتتى ياكى كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ، جانسىز ـ ھېسسىياتسىز بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ بېرەتتى . مەتكېرىم ئۇنىڭ تېنىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىگە ئېرىشىپ ، تاقىلداپ كەتكەن نەپسىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بولسا ، تېنىگە يۇققان «مەرەز »نى نەچچە چېلەك سۇ بىلەن ئادالايتتى . بۇنىڭ بىلەنمۇ كۆڭلى ئىمىن تاپماي ، ئىچىدە پۇشقىنىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى ، ھەتتا ئۈنسىز ياش تۆكەتتى . ئەكسىچە ، مەتكېرىم بىرەر كېچە ئۆيدە قونماي قالسا ، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى ئېغىپ ، زادى ئۇيقۇسى كەلمەيتتى . ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى

تولا ئەسلەپ ، تاڭ ئېتىپ ، كۆن چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتى .

راستىنى ئېيتقاندا ، مەتكېرىمگە قىلچىمۇ كۆڭلى يوق بولۇپلا قالماستىن ، ئۆلگۈدەك ئۆچ ئىدى . ئۇنىڭغا «خوتۇن» بولۇپ قالغىنى ئۇچۇنلا ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ، بىر ئورۇندا يېتىپ - قوپۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇنى ئۆزىگە «ئەر» سانىمايتتى . ئۆزىنى «خوتۇن» قىلغان چاغدا بولسا ، ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن خوتۇن بولۇپ ھۇزۇرلىنىش ئورنىغا ، ئۆزىنىڭ ئايال زاتى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى . «ئېرى»نىڭ نېمە قىلىۋاتقىنى ، ئۆز جىسمىدا نېمە ئۆزگىچىلىكلەر يۈز بېرىۋاتقىنىنى تۇيماي قالىدىغان چاغلىرى ناھايىتى تولا ئىدى .

قىسقىسى ، ئۇ بىر رېزىنكە قونچاق ، مەتكېرىم ئاشۇ قونچاقتا ھەۋەس باغلىغان قېرى ئەخمەق ئىدى !

گەرچە زىۋەرىخاندىن ئىبارەت بۇ «قونچاق»قا كىچىككىنىدىمۇ «جان كىرمىگەن» بولسىمۇ ، كاللىسىنىڭ كىچىككىنە يېرى مىدىرلاپ قالدى ، ئۇنىڭغا بىر يۆلەنچۈك لازىم ئىكەن...

ياش ئاللىقاچان قىرىقتىن ئاشتى . يۈزلىرىنىڭ گۆشى قېچىپ ، چىرايى سولاشتى . تۆلەندىدىن بۆلەك قېرىندىشى ، باغرىدىنى يېرىپ چىققان بىرەر پەرزەنتىمۇ يوق . ئەمدى قوپۇپ پۈتۈن گۇڭشىي «پېشىدە ناماز ئوقۇۋاتقان» مەتكېرىمدەكمۇ شۇنداق چوڭ «يۆلەنچۈك»تىنىمۇ ئايرىلىپ قالسا قانداق بولىدۇ ؟ !

ئەخمەقلىق ! ئۇچىغا چىققان نادانلىق ! ! !

زىۋەرىخان ئەقىل تاپتى : «ئېرى» نېمە دېسە «ماقۇل» دەپ ، نېمە قىلسا يول قويۇپ ، ئۇنى مەڭگۇ پۈتىغا چېتىۋالسىلا بولمىدىمۇ ! ؟

زىۋەرىخان كىم ؟ ئۇ كىم ؟ ئەگەر ئۇ ئالايلا دېسە ، ھېلىغۇ زىۋەرىخان ئىكەن ، بۇ گۇڭشېنىڭ تومۇچۇقتەك چىرايلىق ، بەدىنىگە ئەركەك چىۋىن قونمىغان نازىنىنلىرى ئۇنىڭغا خوتۇن

بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كەشكە پېتەك بولۇشقىمۇ تەييار! لېكىن، ئۇ ئۇلارغا ئەمەس، ئۇنىڭغا تۇردى.

نېمە ئۇچۇن؟

زىۋەرىخان بۇنى كېيىنرەك ئويلاپ يەتتى، مەتكېرىمنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا كۆڭلى بار!

بىراق، زىۋەرىخاننىڭ تەرسالىقى ئۇنىڭ دىلىغا تەگدى. تالاغا قارايدىغان قىلىپ قويدى. تالاغا قارىسا قارىمامدۇ!... زىۋەرىخان: «ئەر كىشى دېگەن تالانىڭ ئادىمى. مەتكېرىم تالاغا چىقسا خەقنىڭ، ئۆيگە كىرسە مېنىڭ» دەپلا ئاغزىنى گاچا، كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېلىپ، «مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ» دەپ قويۇپ يۈرۈۋەرسە، ئۇنى بىركىم بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرامتى؟! كۆنلەرنىڭ كۆنى كېلىپ، بىرنى تۇغۇۋالسا...

لېكىن، مەتكېرىم يۇمشىمىدى. چۈنكى، زىۋەرىخان تۇغمىدى. تۇغماسلىق ئۇنىڭغا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىپ بەردى. مەتكېرىم دەسلەپ بەزى كېچىلىرى كىملەرنىڭدۇر ئۆيىدە قونۇپ – تۇنەپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلغان بولسا، بارا – بارا، ئۆيگە مېھمان چىللاش باھانىسىدە ھەرقايسى دادۇي «تەشۋىقات دۈيى»لىرىنىڭ چىرايلىق – چىرايلىق قىز – چوكان ئارتىسلىرىدىن نەچچىنى ئەكېلىپ، يېرىم كېچە – يېرىم كېچىگىچە ناخشا ئېيتقۇزۇپ، ئۇسسۇل ئوينىتىدىغان؛ مېھمانلار ئۇزايدىغان چاغدا، «ئۆيى يىراق» دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇلاردىن بىرەرنى قوندۇرۇپ قالىدىغان بولۇۋالدى. قوندۇرسىغۇ مەيلى لېكىن ھېلىقىدەك ئىشلار...

زىۋەرىخان چىدىدى. ھەممە ئىشنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ چىدىدى. تېخى ئۆگەي قىزى ساياھەتنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۆرە ئولتۇردى...

مانا ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە «قونۇپ» كېتىدىغان قىز – چوكانلار ئارىسىدا ناھىيە ئىچىدىن كېلىدىغانلىرىمۇ، قەشقەر

شەھىرىدىن كېلىدىغانلىرىمۇ بار !...

قىسقىسى ، زىۋەرىخان ئۇنىڭغا خوتۇن ئەمەس ، بەلكى خىز-مەتكار ، سادىق ئىشىك باقار !...

زىۋەرىخان تۇيۇپ - تۇيمايلا مۇشۇنداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى . ئەگەر بىرنى تۇغالىغان بولسا...

مۇشۇنداق ئايىغى چىقماس خىياللار دەرياسىغا غەرق بولغان زىۋەرىخان كەچلىك تاماقتىن كېيىن مۇكچىيىپ بىر ئولتۇرۇ-ۋالغىنىچە ، ئىككى كۆنىنىڭىزى يۇيۇپ ، مىلىك تەسلىكتە قورۇتۇ-ۋالغان يوتقانلاردىن بىرىگە پاختا سېلىپ تەپچىپ ، سىيرىپ قولىدىن چىقىرىپ ، چىرايلىق قاتلاپ مەرەپكە تىزىپ قويدى . ئاياغلىرى كۆيۈشۈپ ، بېلى سىرقىراپ ئاغرىپ ، تاياقتەك قېتىۋالغانىدى . ئېگىلىپ ، تۈزلەندى . پاچاق ، لىپەكلىرىنى بىر ھازا ئۇۋۇلىدى - سىلىدى . ئىش قىلىدىغان ئادەم ئاز ، «تۈنەك-چى» كۆپ بولىدىغان بۇ ئائىلىدە ھەممىدىن كۆپ ، ھەممىدىن ئېغىر ئىش يوتقان - كۆرپە يۇيۇش ، تىكىش ؛ كىمدۇر بىرى بىر كېچە ياتقان يوتقان - كۆرپىنى ، بولۇپمۇ «خېنىم»لار ياتقان يوتقان - كۆرپىنى ئەتىسىلا يۇيۇپ تازىلىۋەتمىسە ، زىۋەرىخاننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى . بىراق ، بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى ، ئەلۋەتتە . ھاۋا سوۋۇغىلى تۇرغىلى نىكەم . يەنە ئالتە كۈندە قىش ئېيى كىرىدۇ . ھاۋانىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا يۇيۇدىغاننى يۇيۇپ ، ئوڭلايدىغاننى ئوڭلىۋالمىسا ، قىشتا جاپاغا قالىدىغان گەپ . ئاندىن قالسا ، «جۇرىنىنىڭ خوتۇنى» يا ئەمگەك-كە چىقمىسا ، يا بۇ ئۆيدە ئاش ئېتىش ، سۇ قۇيۇشتىن بۆلەك ئىشمۇ بولمىسا ، زىۋەرىخان بىكارچىلىقتا كۈننى قانداق كەچ قىلىدۇ ؟ ! «ئېرى» كۆپىنچە ئۆيەر - بۇيەردە گال باققاچقا ، ئۆگەي قىزى بىلەن قول - قول مىدىرلىسا ، ئىككى جاننىڭ تامىقىنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پىشۇرۇپ يەپ ، قازان - قومۇشنى يىغىشتۇرۇپ بولىدۇ . ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ ئۆيدە ئاشۇ

قىز بولۇپ قاپتىكەن ، بولمىسا زىۋەرىخاننى يوغان هويلا «هاپ» ئېتىپ يەپ كەتمەسمىدى ؟ !

يەنە بىر جەهەتتىن ئېيتقاندا ، زىۋەرىخاننى بۇ ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككىنچى بىر نەرسە دەل مۇشۇ ئانا مېھرىگە قانمىغان ، دادا مېھرىنى كۆرمىگەن بىچارە - ئاجىزە ئىدى . زىۋەرىخان مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپلا ساياهەت ئۇنى «ئانا» دېيىشكە باشلىغان . خۇددى يوغان بىر يۆلەنچۈككە ئېرىشكەندەك سۆيۈنۈپ ، ئاچىلىرىنىڭ تەقدىرى ، دادىسىنىڭ ئۆزىدىن بۆلەك هېچكىم بىلمەيدىغان ئاجايىپ - غارايىپ يوشۇرۇن سىرلىرىنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپ ، زىۋەرىخانىنى هەيران قالدۇرغان ؛ دادىسىنى قانداق كۈتۈش ، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش هەققىدە بالىلارچە ساددا ئەمما ناهايىتى ئورۇنلۇق مەسلىهەتلەرنى بەرگەن ؛ كېيىنكى ئەمەلىيەتمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى . شۇڭا ، زىۋەرىخان ئۇنىڭغا ئۆز قىزىدەك ئامراق بولۇپ قالدى . چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئۇنى ئاسراپ ، ئوقۇشتىن بۆلەك هېچقانداق ئىشقا سالمايتتى . ئۇنىڭ «چولاق» بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا ، قازان - قومۇشنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتۇراتتى . بىراق ، نېمە ئۈچۈندۇر «ئېرى» توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن زادىلا هال - مۇڭ بولمايتتى···

ساياهەت ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېتىپ كەتتى . مەتكېرىم نەلەردە يۈرىدىكىن ، تېخىچە قارىسىمۇ يوق . زىۋەرىخان شىرە سائىتىگە قاراپ ، توك كېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى - دە ، مەتكېرىمگە ئورۇن سېلىپ قويۇشقا ئالدىرىدى . ئەگەر مەتكېرىم تۆتسەر ئىچىپ ، يېرىم جىڭ مەست بولۇپ كېلىپ قالسا (شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرى دائىم شۇنداق بولاتتى) ، ئۇنى يوتقانغا چۈمكىۋەتمەكمۇ ئاسان ئەمەس···

زىۋەرىخان قولىغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ ، ئەمدىلا مەتكېرىم

يېتىپ - قوپۇدىغان كارىۋات ئۇستىدىكى گىلەمنى سۇپۇرۇپ بولۇپ شۇنداق كەينىگە بۇرۇلۇشىغا، كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە چوڭنىڭ ئۇستىگە كىچىكى دەستىلەكلىك ساندۇقلارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنى جەلپ قىلغىنى ئۇ ساندۇقلا ئەمەس، بەلكى كىچىك ساندۇقنىڭ قاغا تۇمشۇقىغا ئىلىقلىق قۇلۇپتا ساڭگىلاپ تۇرغان بىر توپ ئاچقۇچ ئىدى.

«ۋىيەي، ئاكىشى بۇ ساندۇقنى قاچان ئاچقان بولغىيدى؟ ئاچقۇچلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئەتىگەنىنىڭىزى ئەجەب كۆرمەپتىمەن يا!...»

بۇ ساندۇقلار زىۋەرىخان مۇشۇ ئۆيگە كەلگەن چاغدا دەل مۇشۇ جايدا، مۇشۇ پېتى تۇرغانىكەن. مانا نەچچە يىلدىن بېرىمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. زىۋەرىخان ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ. چۈنكى مەتكېرىم ئۇ ساندۇقلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى كېچە - كۇندۇز يېنىدىن ئايرىمايدۇ، ئۇخلاشقا ياتىدىغان چاغدا، يانچۇقىغا ئاچقۇچ سېلىنغان كىيىمنى قاتلاپ ياستۇقنىڭ تېگىگە تىقىۋالىدۇ. ئەلۋەتتە، غەرق مەست كەلگەن چاغلىرىدا بولسا، ھەرگىز كىيىمنى سالغىلى ئۇنىمايدۇ. تاسادىپىي ساندۇق ئېچىش توغرا كېلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلەپ، ئاندىن ئاچىدۇ. زىۋەرىخانغۇ بۇ ئۆيدە يات نەرخى ئادەم، ھەتتا قىزى ساياھەتىنىمۇ بۇ ساندۇقلارنىڭ تۇۋىگە يېقىن يولاتمايدۇ... زىۋەرىخان بۇ ساندۇقلاردا زادى نېمە بارلىقىنى بىلگۇسى كېلىپ، نەچچە - نەچچە قېتىم ئۇنىڭدىن سوراپ باقماقچى بولدى - يۇ، سورىمىدى. سورىغان بىلەنمۇ بىكار - دە!...

ئادەم غەلىتە مەخلۇق، بىر نەرسىگە قىزىقىپ قالدىمۇ، بولدى، ئايلاپ - يىللاپ خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭغۇ ئۇنى، چۈشىدىمۇ شۇ نەرسىنى چۈشەيدۇ، تاكى ئۇنىڭغا ئېرىشمىگۈچە، ھېچبولمىغاندا، كۆزى بىلەن بىر كۆرۈۋالمىغۇچە كۆڭلى قانا-

ئەت تاپمايدۇ . زىۋەرىخان ئادەتتە ياۋاش ـ يۇمشاق ، ئوشۇق گەپى يوق ، مۇلايىم ئايال بولغىنى بىلەن ئىچى پۇختا ، كۆزى ئۆتكۇر ، ئۆزىگە سەل غەلىتە تۇيۇلغان نەرسىنى ئايلاپ ـ يىللاپ ئېسىدىن چىقارمايدىغان ئايال ئىدى . ئۇ بۇ ئۆيگە كېلىپ ئۇچىنـ. چى كۈنى بولسا كېرەك ، بىر ئىش بىلەن مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ قالدى . زىۋەرىخان يېپىقلىق ئىشىكنى «تاراققىدە» ئېچىشىغا ساندۇق بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان مەتكېرىم ئىتتىك كەينىگە بۇرۇـ. لۇپ ئۇنى كۆرۈپلا ئۆڭى ئۆچتى . زىۋەرىخانمۇ بوسۇغىدا توختاپ قالدى . مەتكېرىم :

— بىر نەرسىگە كىرگەنمىدىلە ؟ — دېدى دەرھال ئۆزىنى ئوڭلاپ ۋە ساندۇقنى ئالدىراش قۇلۇپلىدى ـ دە ، زىۋەرىخان جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ، — گۈڭشېدىكى يىغىندا يەتكۈزىدىغان مۇھىم بىر ماتېرىيال بار ئىدى ، شۇنى ئېلىۋالدىم . كەچلىك تاماقـ. نى بالدۇرراق ئېتەلا . تاماقتىن كېيىن گۈڭشېدا يىغىن بار… — دېگىنىچە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ، بوينىنى قايرىپ تۇرۇپ نەچـ. چىنى سۆيۈۋەتكەندىن كېيىن ئالدىراش سىرتقا چىقىپ كەتتى . مانا شۇنىڭدىن بۇيان ، قاچان ساندۇق ئېچىلىدىكەن ، ئىشىك ئىچىدىن زەنجىرلىنىدىغان بولدى . زىۋەرىخان دەسلەپ : «بۇ ساندۇقلاردا ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ ئەتىۋارلىق تەۋەررۇك نەرسىلىرى قاچىلاقلىق ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ ، ئانچىلا قىزىـ. قىپمۇ كەتمىدى . بۇ ئىش داۋاملىشىۋەرگەن ، كۈنلەر ئۆتۈۋەرـ. گەنسېرى قىزىقىشى ھەسسىلەپ ئاشتى . بېرىپ ـ بېرىپ ، قىـ. زىقىشى گۇمانغا ، گۇمانى ھەسەتكە ئايلاندى . «ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى چوقۇم بىلمەي قويمايمەن !… » دەيتتى ئىچىدە خىتاب قىلىپ . لېكىن ، پۇرسەت چىقمىدى . مانا بۇگۈن…

بۇنىڭدەك ياخشى پۇرسەت قاچان كېلىدۇ ! ؟

زىۋەرىخان ھېچنەرسىگە قارىماستىن ئاچقۇچقا يېپىشتى . قۇلۇپ ئوچۇق ئىكەن . ساندۇقنى ئېچىۋىدى ، مەتكېرىمنىڭ ئاـ.

يىملىق كىيىملىرى بىلەن قانداقتۇر قەغەزلەر كۆزىگە چېلىق-
تى . «مۇھىم ماتېرىيال دېگىنى مۇشۇ قەغەزلەر ئىكەن - دە !··· »
دەپ ئىچىدە پىچىرلىدى كۆڭلى لەت يېگەن زىۋەرىخان ۋە ئۆزىمۇ
تۇيماستىن ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ مالتىلىغىلى
تۇردى . قولىنى ساندۇقنىڭ ئەڭ تېگىگە تىققانىدى ، قولى قات-
تىق بىر نەرسىگە تېگىپ «جىرىق » قىلغان ئاۋاز چىقتى . ئۇنىڭ
يۈرىكىمۇ «پۇلاڭگىدە» ئېغىپ ، نەپىسى قىسىلىپ كېتىۋاتقاند-
دەك بولدى . لېكىن ، بىر خىل قىزىقىش قولىنى ھەرىكەتتىن
توختاتمىدى···
مانا ، ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى قارا چىپەرقۇت خالتا .
خالتىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ھەجىمىدىن ۋەزنى ئېغىر . تېخى
ئۇ پارچە - پارچە ، تۇگمىدەك يۇمىلاق - يۇمىلاق···
«بۇنىڭدىكى نېمىدۇ ؟ »
قىزىقىش ـــ ئەنسىرەش ، قورقۇش دېگەنلەرنى ئېسىدىن
كۆتۈرۈۋەتكەنمۇ ياكى پۈتۈنلەي خۇدىنى يوقاتقانمۇ ؟ زىۋەرىخان
خالتىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆينىڭ تۆرىگە توختىتىلغان شىرە يېنىغا
كەلدى - دە ، خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، شۇنداقلا دۇم قىلغاند-
دى ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى . ئۇلاردىن چاقنىغان ئې-
لېكترنىڭ ئەكس نۇرى كۆزلىرىنى چاڭقايتىپ ، كۆڭلىنى ئالاڭ-
غۇرىتىۋەتتى .
«ۋىيەي ، نېمىدۇ بۇ ؟ ئالتۇنمۇ نېمە ؟ ! 〈تىللا〉 دەپقۇ ئاڭ-
لىغان ، شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە !··· »
زىۋەرىخاننىڭ خىيالى ئۇزۇلمەستىن ، كۆزلىرى تېخىمۇ
غەلىتە بىر نەرسىگە قادالغىنىچە قېتىپ قالدى . «ئالتۇن تۇگ-
مە ؟ ھېلىقى مېنىڭ تۇگمەمدەك··· »
ـــ بىر ، ئىككى ، ئۈچ ، تۆت ، بەش··· سەككىز ! ؟
ئۇنىڭمۇ سەككىز ئىدى !
زىۋەرىخان چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ، شەكلىمۇ سوقا چىلانغا

ئوخشايدىغان، يۈزىدە خىلمۇ خىل گۈلى، بىر تەرىپىدە كىچىك-
كىنە بېغى بار، ھازىرلا زەرگەرنىڭ قولىدىن چىققاندەك ۋاللى-
داپ نۇر چېچىپ تۇرغان سەككىز تال ئالتۇن تۈگمىنى نېمە
ئۈچۈندۇر شامال سوققان قومۇش پۆپۈكىدەك تىترەپ كېتىۋاتقان
بارماقلىرى بىلەن تەسلىكتە بىر-بىرلەپ قىسىپ ئېلىپ ئالدى-
قىنىغا يىغدى-دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىگە تىكىلگەن
كۆزلىرىدىن لۆممىدە ياش ئېتىلىپ چىقىپ:
— شۇ! شۇ!!! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئەقلىدىن ئازغان-
دەك، خىيال قۇشلىرى يىراق-يىراقلارغا سەپەر قىلغانىدى:
بۇ سەككىز تال ئالتۇن تۈگمە ئۇنىڭ ئىدى، ھەقىقەتەن
ئۇنىڭ ئىدى! بۇ ئالتۇن تۈگمىلەر ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەندە،
ئۇ تېخى ئاران يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، مەتقۇناخۇنغا
خوتۇن بولۇۋاتقىنىغا يەتتە يىل بولغان چاغ ئىدى. تېگىنى
سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، بۇ ئالتۇن تۈگمىلەر ئۇنىڭ ئەمەس،
بەلكى غوپۇر ھاجىم باينىڭ چوڭ خوتۇنى بۇۋىسارە خېنىمنىڭ
ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ بولدى. ھېلىقى «ياقىلار ئېتەك، ئېتەك-
لەر ياقا بولغان» مۇنداقچە ئېيتساق، پۇلدار بايلارنىڭ چاڭگال-
لاپ، خالتىلاپ تەڭگە-تىللاغا سېتىۋالغان يەر-زېمىن، باغ
- ۋارانلىرى ئەسلى خوجايىنلىرى — نامرات دېھقانلارغا بىر
پۇلسىز، بىر قىلسىز تەقسىملەپ بېرىلگەن «يەر ئىسلاھاتى»
مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. بىر كۈنى كەنت بويىچە «مې-
ۋە» تەقسىملەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بىر كۈن بۇرۇن ئۇقتۇ-
رۇش قىلىنغاچقىمۇ، قاق سەھەردىلا ئۇلۇغ-ئۇششاقنىڭ ھەم-
مىسى يىغىن مەيدانىغا ئېقىشقا باشلىدى. «كەنت قوغداش ئەت-
رىتى»نىڭ تۆلەندى، مەتكېرىم قاتارلىق ئەزىمەتلىرى قىزىل
رەڭدە بويالغان كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بارلىق پومېشچىك،
باي دېھقانلارنى ئۆي-ئۆيدىن ئالدىغا سېلىپ سۈرۈپ چىقىشتى
- دە، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇدېنىڭ رەسمى

ئېسىلغان يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىغا قاتار تۇرغۇزۇۋېتىشتى .
ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر نەپەردىن «قوغدىغۇ-
چى» قىزىل كالتەكلىرىنى تەڭلەپ تۇراتتى . گۇلدۇراس ئال-
قىش ، دەبدەبىلىك شوئار سادالىرى ئىچىدە ، يەر ئىسلاھاتى
خىزمەت ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى بۇگۇنكى يىغىننىڭ مەقسىتى ،
ئەھمىيىتى ھەققىدە ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن ، «مې-
ۋە» تارقىتىش باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم بىرىنچى قىلىپ
مەتقۇناخۇن بىلەن زىۋەرىخاننىڭ ئېتىنى چاقىردى .
شوئار ، ئالقىش ، يەنە شوئار ، يەنە ئالقىش !...
مۇڭگۇزلىرىگە قىزىل شەلپەر چىگىلگەن سېمىز بىر جۇپ
ئۇي بىلەن بۇقۇسا ، كەتمەن ، تاغار قاتارلىق دېھقانچىلىق سايماز-
لىرى مەتقۇناخۇننىڭ ؛ غوپۇر ھاجىم باينىڭ چوڭ خوتۇنى بۇۋۇ-
سارە خېنىم بىلەن كىچىك خوتۇنى بىدىيان خېنىمنىڭ بىر
قىسىم ئەتىۋارلىق كىيىم - كېچەكلىرى زىۋەرىخاننىڭ قولىغا
تۇتقۇزۇلغاندا ، مەيداندىكىلەرنىڭ كۆزلىرى ھەسەتتىن چەكچى-
يىپ كەتتى . لېكىن ، قوللىرى چاۋاك چېلىشتىن ، ئاغزى
شوئار توۋلاشتىن توختىمىدى . چۇنكى ، بۇ يەردە بۇلاردىن چوڭ-
راق «مېۋە» يوق ئىدى . ئۇلاپلا ، غوپۇر «پوم»نىڭ ھەشەمەت-
لىك باغ ھويلىسىنىڭ تۆتتىن ئۇچ قىسمى مەتقۇناخۇننىڭ ئىل-
كىگە ئۆتكەنلىكى جاكارلاندى .
شۇنداق قىلىپ ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ، قۇم-
سارايىنىڭ بايلىرى يەر - سۇسىز ، ئۆي - ماكانسىز گادايغا ؛
گادايلىرى توققۇزى تەل بايلارغا ئايلاندى !...
ئاشۇ يىغىندىن كېيىنلا قەشقەرگە يول ئالغان بىدىيان خې-
نىم قۇمسارايغا ئىككىنچى دەسسىمىدى . بۇنداق خورلۇققا چىدى-
مىغان بۇۋىسارە خېنىم قىشتىن چىقالماي ئۆلدى . غوپۇر «پوم»
نىڭ قىزلىرى بۇرۇنلا ياتلىق بولۇپ كەتكەنىدى . يالغۇز ئوغلى
نادىرمۇ كانسۇ كۆمۇر كانىغا ئىشچىلىققا يېزىلىپ كەتتى . چۇنكى

بۇ كۈنلەردە ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك چوڭ - چوڭ زاۋۇت - كانلار كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇۋاتاتتى . ئىشچى كۈچىنىڭ كەملىكىدىن شەھەرلىكلەر يېتىشمەي ، يېزا - كەنت. لەردىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ دېھقان ياشلىرى قوبۇل قىلىنىۋا. تاتتى . شەرت تولىمۇ ئاددىي بولۇپ ، تېنى ساغلام ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياكى «ئېلىپبە» ھەرپلىرىنى تولۇق تو. نۇپ ، يامىداپ گېزىت ئوقۇيالايدىغانلار ئۆزى خالىغان بىر زا. ۋۇتقا ئىشچى بولالىغاندىن تاشقىرى ، ساۋاتسىزلارمۇ كۆمۈركان ، گېئولوگىيىلىك چارلاش ئەترەتلىرىگە ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىن. نىۋېرەتتى . بىراق ، يېڭىلا يەر - سۇلۇق بولۇپ «تىرنىقى يېرتىلغان» ئازاد دېھقانلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى يېنىدىن ئايرىغۇ. سى كەلمىگەچ ، ئىشچىلىققا يېزىلىپ كېتىدىغانلارنىڭ زور كۆپ. چىلىكى پومېشچىك ، باي دېھقان باللىرى ئىدى . 16 ياشلىق نادىر دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ «قۇرئان»نى تۈگەتكەن ، ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىدى . بىرىنچى تۈركۈمدىلا قوبۇل قىلىندى . غوپۇر «پوم»مۇ توسۇۋالمىدى…

— مەتقۇناخۇن ، — دېدى غوپۇر «پوم» ئوغلى كېتىپ ئۈچ ئايلاردىن كېيىنكى بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئېتىزدىن يانغان مەتقۇناخۇننىڭ ئالدىنى توسۇپ ، — ھېلىمۇ بىرەر يىلنىڭىزى جىق ئادەمگەرچىلىك قىلدىڭ… مەن سەندىن ئۇدۇنيا ، بۇ دۇنيا رازى… ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، يالغۇز قالدىم… كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى ، ئاڭلاپ باقارسەنمۇ ؟ !

— ئىلتىماس ؟… بۇ… دېسىلە قېنى…

— مۇنداق گەپ : نادىر كەتكەندىن بېرى ، ئاش - تامىقىم. دىن سەن خەۋەر ئېلىۋاتىسەن… ئۆزۈم قازان ئاساي دېسەم ، سەنمۇ ، زىۋەرەممۇ : «سەت تۇرىدۇ» دەپ ئۇنىمايدىكەنسىلەر… مۇنداق قىلىۋەرسەڭلار بەك خىجىل بولىدىكەنمەن… ئاندىن ، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، بىديان دېگەن شەقىقى شەھەردىن كەلگىلى

ئۇنىماي «خېتىمنى ئالىمەن» دەپ خاپا قىلىۋاتىدۇ… مەن قې-شىڭدا تۇرۇۋەرسەم، ئۆزۈڭلىمۇ سىقىلىپ قالىسىلەر… قېرىپ قالدىممىكىن، ئاغرىق - سىلىقىممۇ كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ… سىلەرگە يۈك بولۇۋەرمەي…

— مۇشۇ گەپمىدى؟ خاتىرجەم بولسىلا! ھەرگىز ئېغىر كەلمەيلا…

— ئۇنداق دېمە، ئۇكام! — غوپۇر «پوم» كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ ئەمدىلا قىرىق ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ ئاتمىش ياشلىق بوۋايدەك كۆرۈنەتتى، — بىلىمەن… سەنغۇ ئۆلسەڭمۇ ئۇنداق ئويلىمايسەن… ئۆزۈم قىسىلىپ قالدىكەنمەن…

— «باغ ھويلامنى تارتىۋالدىڭ» دەپ ئاغرىنىپ قالىلىمۇ يا؟…

— ئەستا، ما بالىنى… نېمە دەيدىغانسەن! ساڭا ئېلىپ بەرمىسە، باشقا بىرىگە ئېلىپ بېرەتتى… شۇنىمۇ بىلمەسمەنما؟!

— مەيلىمگە قويۇپ بەرسە، بۇ ھويلىغا دەسسىگىممۇ يوق … پۇقرادارچىلىق ئىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىگە بويۇن تولغى-يالمىدىم…

— ئوبدان قىلدىڭ… «پادىشاھنىڭ ئەمرى — خۇدانىڭ ئەمرى» دېگەن گەپ بار. خۇدا ماۋ زەيدۇڭنىڭ دىلىغا سېلىپ، باي - كەمبەغەلنى تەڭشەتتى. بۇنىڭدىن ناگۇزا بولساق ھەرگىز بولمايدۇ!…

— ئەمىسە… ؟

— مۇنداق ئىش، سېنىڭ ئۆيۈڭ بىرەرىيلىنىڭىزى ئادەم ئولتۇرماي، تاملىرى شورىداپ تۆكۈلگىلى تۇرۇپتۇ… «ماقۇل» دېسەڭ، شۇ ئۆينى ماڭا بەرسەڭ…

— قاملاشمىغان گەپنى قىلمىسىلا ئۇنداق! — مەتقۇنا-خۇن تاتاردى، — سىقىلىپ قالغان بولسىلا، مەن ئەتىلا ئۆيۈم-گە كۆچۈپ كېتىپ، ھويلىلىرىنى بىكارلاپ بېرەي!… بىزگە

«مېۋە» تەگكەن نەرسىلەرمۇ ئۆزلىرىگە قالسۇن !...

— بوش گەپ قىل ، ئوبدان ئۇكام ، خوش بولۇپ كېتەي !... ھېلى بىر كىم ئاتلاپ قالسا ، ماڭا خاپىلىق كېلىدۇ... — غوپۇر «پوم» چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ئەتراپقا ئالاق - جالاق تىكىشتۈرۈپ ، مەتقۇناخۇننىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى . مەتقۇناخۇن تەتۈر قارىۋالدى ، — مەن بايا دېدىم ، مەن سەندىن ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا رازى !... كۆن مۇشۇ ۋاخ بوپتۇ ، ساڭا كەتكەن ھېچنەرسىگە نارازىلىقىم يوق... خۇدايىم ساڭا قۇتاتسۇن !... مېنىڭ بېغىمغا ، يەرلىرىمگە سېنىڭ جىق ئەجرىڭ كىرگەن... ھەممىسى ساڭا ھالال... ماڭا ئەمدى گۆردىن بۆلەك ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس !... قىزلىرىم ئەردە ، نادىر ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەۋاتىدۇ . قايسى جېنىم بىلەن يەر تېرىپ ، قايسى جېنىم بىلەن باغدىن خەۋەر ئالىمەن ؟ ! قولۇمدىكى بەش مو يەرگە ئاران كۆچۈم يېتىدۇ... ھەرگىز ئۇنداق گەپنى قىلما !... قىزلىرىمنىڭ مەيلىچە بولسا ، نىۋاخ قېشىغا ئاپىرىۋالاتتى . ئۇنىمىدىم ، «كۆيئوغۇللارنىڭ قولىغا قاراپ قالماي» دەپ ئۇنىمىدىم... يېقىندا ئاڭلىسام ، بەزىلەر سېنىڭ مېنى بېقىۋاتقىنىڭنى سۆز - چۆچەك قىلىشىپ يۈرۈپتۇ...

— نېمە ! شۇنداق گەپمۇ بارمىكەن تېخى ! ؟

— قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلغىلى بېشىم ئونمۇ مۇشۇ كۈندە ! ؟ ئىشەنمىسەڭ ، زىيەرىخاننى تىڭ - تىڭلىتىپ باق... مەن جىق ئويلاندىم ، سەن كىچىك ئادەم ئەمەس . «پومېشچىكنىڭ بېشىنى سىلىدى» دېگەن گەپ چاپلىشىپ قالسا ئوبدان بولمايدۇ . ئاندىن ، مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن...

شۇنداق قىلىپ ، غوپۇر «پوم»غا قالدۇرۇلغان تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئىككى ئېغىز قوشنا ئۆي (ئەينى چاغدا ، بۇ ئۆيلەردە يىراق - يېقىندىن كېلىپ قالغان مۇساپىر ئىشلەمچىلەر يېتىپ - قوپاتتى ياكى ئائىلىلىك مۇساپىرلارنىڭ ئۇزۇن يىل ئولتۇرۇشىغا

بىرلەتتى . زىۋەرىخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەنە شۇنداقلاردىن بولۇپ ، مۇشۇ ئۆيدە جان ئۈزگەن . زىۋەرىخانمۇ مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تۇغۇلغان ) بىلەن ئېغىلغا مەتقۇناخۇننىڭ كۇتلەك كەپىسى تېگى- شىلدى . دەسلەپ بۇ ئىش نۇرغۇن غۇلغۇلىغا سەۋەبچى بولغان بولسىمۇ ، ئۇزاق ئۆتمەي بېسىقىپ قالدى . چۈنكى ، بۇ ئۆيلەرنى سېتىش ـ ئېلىش ، ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقى ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئىلكىدە ئىدى . شۇنداقلا ، «پوم»نىڭ يېرى مەتقۇناخۇننىڭ ئى- شىكى ئالدىدا ئىدى...

مەتقۇناخۇن ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ھويلا ، كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان بىر ـ بىرىدىن ئېسىل سەككىز ئېغىز ئۆي ، ئېغىل قوتاننىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن- دىن كېيىنلا ، 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئوغلى تۆلەندىنى ئۆيلەشكە قايتا تەرەددۇتلەندى . ئىلگىرىمۇ 2 — 3 قېتىم مىدىرلىغان بولسىمۇ ، نېمە ئۈچۈندۇر ئايىغى چىقمىغاند- دى . بۇ قېتىم كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىنلا تويىنى قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇنىڭ «پاختەك» مەھەللىسىدىكى ئىسمەت «پاختەك»نىڭ ئوتتۇرانچى قىزى رەنىخانغا كۆزى چۈشكەن ئى- دى . تۆلەندىگىمۇ ياقتى . ئىككى ئائىلە پۈتۈشۈپ ، رەسمىي «پەي ـ پەي»گە چۈشتى :

— تويىنى چوڭراق قىلساق ، — دېدى قىز تەرەپ .

— خۇدايىم بۇيرۇسا !... — دېدى مەتقۇناخۇن...

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۆلەندى قىزىل كالتى- كىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا يانپاشلاپ يېتىشىپ ساپال چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇيان ـ بۇياندىن مۇڭدىشىشتى . گەپ تۆلەندىنىڭ تويى ئۈستىگە كۆچكەندە :

— مەتقۇناخۇن ، — دېدى زىۋەرىخان ، — ئاشلىق دې- گەن جان ئۈلىقى ، يېسەك ئاش ، ساقلاپ قويساق پۇلنى تۇتۇپ

ياتىدۇ . ساتساق پۇل··· ئەسلىسەم ، ئەتە پەيشەنبە ــ قەشقەر. نىڭ بازىرى ئىكەن . سىلە ناھىيە بازىرىغا قوناق ساتقىلى بارماي قەشقەرگە بېرىپ ، غوپۇر «پوم»نىڭ خوتۇنلىرىدىن ماڭا «مېۋە تەگكەن ھېلىقى كىيىملەرنى سېتىپ كەلسىلە قانداق ؟

ــ نېمىشقا ئەمدى ؟···

ــ كىيىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدىكەن···

ــ كونا دەپمۇ ؟

ــ ياق !···

ــ ئەمىسە··· ؟

ــ بۇلتۇر يىغىندىن يېنىپلا ، خۇشلۇقىمدا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقاپ ، بۇۋىسارە خېنىمنىڭ كىمخاپ نىمچىسىنى شۇنداق كىيىپ باقسام ، بۆلەكلا بىر خوتۇنغا ئوخشاپ قالدىم . بىر چاغدا ، قۇلىقىمغا بۇۋىسارە خېنىمنىڭ : «ھوي قەلەندەر ، نىمچەمنى سال !··· ساڭا ئاۋاتنىڭ سۇلىمىسى بىلەن ھەزرەتنىڭ شەتلەڭگىسى يارىشىدۇ !··· قېنى ، نوچى بولساڭ ، نىمچەمنى ئۇچاڭغا ئارتىپ تالاغا بىر چىقىپ باقە··· ھۆپ ، ئىشتىنىنىڭ ئېغى كۆك ، پاچىقى قىزىل غالچىنىڭ قىزى !··· » دەپ تىللىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولماسمۇ ، قورقىنىمدىن ھۆركىرەپ يىغلاپ ، ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن دېسىلە !···

ــ ھە··· شۇڭىزە ، ئۇ كىيىملەرنى ئۇچاڭلىغا ساپقىنىڭلىنى كۆرمەپتىكەنمەن ـ دە ! ؟

ــ ھەئە··· خەق ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرمىگەن نەرسىنى كىيىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمەي···

ــ ئۇنداق ئادەم ھاممامغا بېرىۋەتسەڭلا بولمامتى ؟ !

ــ ئالغىلى ئۇنىمىدى .

ــ نېمىشقا ئۇنىمايدىكەن ؟

ــ «خەقنىڭ نەرسىسى قۇتاتمايدۇ··· » دەپ ئۇنىمىدى .

— ئا خوتۇننى… مەپكۇرسى[1]تازا كونىيكەن ـ دە !…

— مەنمۇ ؟ «مەپكۇرلىرى كونىيكەن… » دېسەم ، ئۇ : «ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن تەتىللا ، كىمخاپ دېگەننى شەھەردىكى يۈز خېنىمنىڭ بىرى كىيەلەيدۇ . مەندەك چاغىدا باش سەھرالىق خوتۇن ئۇنى كىيىۋالسام ، چاقچا چورۇق ئاسقاندەك ئىش بولمامدۇ !… بۇۋىسارە خېنىم شەھەرلىك باينىڭ قىزى بولمىغان بولسا ، ئۇنىڭغا بۇنداق نىمچە نەدە تۇرۇپتۇ !… ئۆزۈڭ كىيىشكە كۆڭلۈڭ كۆتۈرمىگەن نەرسىنى ماڭا تەڭلەپ نېمە قىلىسەن ؟ ! ساقلاپ قويۇپ ، باشقا كۈن چۈشكەندە ساتساڭلار ، بىرمۇنچە پۇل بولىدۇ… » دەپ ئالغىلى ئۇنىمىغان…

— ھە ، بۇنداق دەڭلا… ئۇنى كۆتۈرۈپ ، ئاۋارە بولۇپ قەشقەرگە ئاپارغانغا لايىق پۇلغا ئالارمۇ ؟ !

— نېمىشقا ئالمايتتىكى ، — زىۋەرىخان دېكىندى ، — ھېلىقى كىمخاپ نىمچىنىڭ تۈگمىلىرى ئالتۇن ئىكەن !…

— ئالتۇن دېگەننىمۇ تۈگمە قىلامدۇ ؟ !

— ۋىيىي ، ما ئادەمنى… ھاممىلىرى شۇنداق دېگەن !… بۇۋىسارە خېنىممۇ باشقىلارغا شۇنداق دەپتىكەنمىش !…

— توۋا ، ماگەپنى…

— ئىشەنمەيۋاتاملا ؟ ئۇنداق بولسا ، مەن ئاچىقىپ باقاي . تازا بىر كۆرۈپ باقسىلا…

زىۋەرىخان شۇنداق دەپلا چىراغنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي كونا قەمرۇت رومالغا ئورالغان بىر بوغچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى . بۇ بوغچىدىكى ھەممە نەرسە بۇلتۇر ئۇنىڭغا «مېۋە» تەگكەن نەرسىلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ساندۇقى بولمىغاچ ، بىرەر يىلنىڭزى مەرەپتىكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئاستىغا باسۇرۇقلۇق پېتى تۇرغانىدى . بۇگۈن تۈنجى

---

[1] مەپكۇرە — ئىدىيە .

قېتىم مەتقۇناخۇننىڭ ئالدىدا ئېچىلدى .

— مانا قارىسىلا ! — زىۋەرىخان بوغچىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە چىرايلىق قاتلاقلىق تۇرغان يىپيېڭى خاڭدەن ئەستەر ، كىمخاپ تاشلىق نىمچىنىڭ قاتار كەتكەن تۈگمىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى ، — ئالتۇن دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغاندۇ ! ؟

مەتقۇناخۇن كۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي :

— تۈچمىكىن دەيمىنا… — دېگەندى ، زىۋەرىخان :

— ياق ، تۈچ ئەمەس ! — دەپ بېشىنى چايقاپ چۆڭىلداپ كەتتى ، — ھاممىلىرىنىڭ دېيىشىچە ، تۈچ دېگەن بىر يەردە ئۈچ كۈن تۇرسا قارىداپ ، پارقىرىمايدىكەن . ھاممىلىرى ھېلىقى گېجەك پاقلاننىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغان كولدۇرما بىلەن بۇ تۈگمىلەرنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە سۈركەپ ماڭا كۆرسىتىپ قويغان… ئىشەنمىسىلە مانا كۆرۈپ باقسىلا…

زىۋەرىخان سۆزلىگەچ ، بىر تۈگمىنى ئۆڭۈپ كەتكەن قىزىل ماتا كۆڭلىكىنىڭ يېڭىگە سۈركەشكە باشلىدى . ئۇ قانچە سۈركىسە ، تۈگمە شۇنچە پارقىرايتتى . ئېچىگە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل خۇشاللىق ئېقىپ كىرگەن مەتقۇناخۇننىڭ كۆزلىرىمۇ ئاشۇ تۈگمىلەردەك پارقىراپ كەتتى .

— قانداق ، راستىمكەن ؟ — دېدى زىۋەرىخان ئۇنىڭغا تىكىلىپ .

— ھەئە ، راست ئىكەن ! — دېدى ئۇمۇ ھاياجان بىلەن ، — ئەكېلىڭلا ، تازابىر كۆرۈپ باقاي… «ئالتۇنغا چىش ئۆتىدۇ» دەپ ئاڭلىغان…

مەتقۇناخۇن شۇنداق دەپلا بىر تۈگمىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ كۈچەپ بىر چىشلەپ :

— ئاپلا ، — دەۋەتتى ، — كاساپەتنىڭ ئىچى كاۋاك ئىكەن ئەمەسما !…

— ۋېيىي… شۇنداقما ؟

— كۆرمەمسلە مانا… چىشىم پىتىپ كەتتى…

— بوشراق چىشلىمەمدىغان ! — زىۋەرىخان ئىتتىك چاپاننى قولىغا ئېلىپ ، تۈگمىدىكى چىش ئىزىغا تىكىلدى . چىرايى سەل ئۆڭگەندەك تۇراتتى ، — قانداق قىلارمىز ئەمدى ؟

— قانداق قىلاتتۇق ؟ ئەتە قەشقەرگە ئاپىرىپ ساتىمىز ! ساتقىڭلا يوقمىدى يا ؟

ئۇ زىۋەرىخانغا سىناق نەزەرىدە قاراپ قويغانىدى ، زىۋەرىخان :

— ساتقۇم يوق بولسا ، «سېتىپ كەلسىلە» دەمتىم ؟ تازا گەپلىرى بار ئىكەن ! — دەپ كۈلدى .

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم !…

مەتقۇناخۇننىڭ ئاشۇ ئاخىرقى چاقچىقى زىۋەرىخاننىڭ كۆڭلىدىن هازىرغىچە چىقمىدى . چۈنكى ، مەتقۇناخۇن ئاشۇ كېچىسى بىر ئۇيقۇدىن كېيىن قەشقەرگە كەتكەنچە ئىككىنچى قايتىپ كەلمىدى . جەستى قىزىل دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىن تېپىلدى…

«شۇ ! بۇ تۈگمىلەر چوقۇم شۇ ! ! ! مانا بۇ ئىزلار مەتقۇناخۇننىڭ چىشلىرىنىڭ ئىزلىرى ! ! ! مەتكېرىم بۇلارنى نەدىن ئالغان بولغىيدى ؟… »

زىۋەرىخان مۇشۇنداق خىياللار ئارىسىدا توختىماي ياش تۆكۈپ ، دۇنيادا بارمۇ ، يوقمۇ بولۇپ تۇرغاندا ، دەرۋازا «جالاققىدە» ئېچىلىپ يېپىلدى (دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىنمىغىچە ، سىرتتىن كەلگەن ئادەم يوچۇقتىن قولىنى تىقىپ ، زەنجىرنى قاغا تۇمشۇقتىن چۇشۇرەلەيتتى ) . زىۋەرىخان كىرگەن ئادەم مەتكېرىم ئىكەنلىكىنى تۇيدى . لېكىن ، پىسەنت قىلمىدى . باشقا چاغ بولىدىغان بولسا ، ئاللىقاچان ساندۇقنى قۇلۇپلاپلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچقان بولاتتى . بىرى ، ئۇنداق قىلىشقا ئۇلگۇرەلمىدى ؛ ئىككىنچىدىن ، قەتئىي ئۇنداق قىلغۇسى كەلمىدى .

— نېمىش قىلىۋاتىسەن ! — مەتكېرىم بوسۇغىدىن پۇتىنى ئىچكىرىگە ئالا - ئالمايلا گۈركىرىدى . ئۇ شىرە ئۈستىدە كۆز چېقىپ پارقىراپ تۇرغان تىللالارنى كۆرۈپ خۇدىنى يوقاتقاندى ، — ھۇ ئاناڭنى… ! — مەتكېرىم ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن پېتى زىۋەرىخاننىڭ كانىيىدىن ئالدى ، — سەن جالاپنى ئوغرىلىق قىلغانغا تويغۇزمايدىغان بولسام !…

— قويۇۋەت ، لۈكچەك ! — زىۋەرىخانغا بۇنداق كۈچ ، بۇنداق غەيرەت نەدىن ئاپىرىدە بولدىكىن ، بىرلا يۇلقۇنۇپ ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ كەتتى ۋە ئىككى قەدەم كەينىگە چېكىنىپ تۇرۇپ ، قولىدىكى تۈگمىلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ سوراق قىلغىلى تۇردى ، — ھوي تۇتۇلماس ئوغرى ! بۇنى نەدىن ئالدىڭ ؟ تېخى مېنى ئوغرى دەيدا ! ؟ مۇشۇ تۈگمىلەرنى دەپ مەتقۇناخۇننى ئۆلتۈرۈپتىكەنسەن - دە ، جۇۋاينىمەك كەتكۇر لۈكچەك ! ؟… مەن ھازىرلا بۇ تۈگمىلەرنى تۇجۇرىنغا ئاپىرىپ ، ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىققۇزمايدىغان بولسام…

كۆزلىرى باش كەسكەن جاللاتنىڭ كۆزلىرىدەك قىزىرىپ ، چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك چەكچەيگەن مەتكېرىم نېمىدۇر دېمەكچى بولغانىدى ، دېيەلمىدى . ئېنىقراقى ، دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىدى . چۈنكى ، زىۋەرىخان ھۇقىيىتىپ يىغلاپ ، ئاق بالداقتەك ئېتىلغان پېتى ئىشىك تەرەپكە ماڭغانىدى . ئىشىكتىن چىقىپلا كەتسە… ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىقاچان تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرگەن مەتكېرىم تىلىنى ئىشقا سېلىشنىڭ ئورنىغا ئاياغلىرىنى ئىشقا سېلىشنى ئەۋزەل كۆردى - دە ، قوزىغا ئېتىلغان بۆرىدەك ئىككىلا سەكرەپ ، زىۋەرىخاننى پەگادىلا باسمادىۋالدى . ئەمدى زىۋەرىخان ھەرقانچە كۈچىگىنى ، ھەرقانچە زورۇققىنى بىلەنمۇ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى . لېكىن ، ئۇ جان - جەھلى بىلەن تىركىشەتتى ، تىپىرلايتتى ، خىرقىرايتتى . ئۇ قانچە بەك تىپىرلىسا ، خىرقىرىسا ، مەتكېرىم

شۇنچە كۈچەپ بوغاتتى ، باساتتى ، نىقتايتتى…
بولمىدى ، زىۋەرىخاننىڭ تىنىقى كېسىلىپ ، پۈتۈن بەدىنى لەڭپۇڭدەك بوشىشىپ ، تېپىرلاش تۈگۈل ، مىدىرلىغۇدەكمۇ ھالى قالمىدى . كۆزلىرى چەكچەيگەن پېتى قېتىپ قالدى . ئەمما ، كاللىسى تېخى سەگەكتەك قىلاتتى :
«بۇ لۈكچەك مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇنىمە ؟ ! ئەستا ، ئاللتۇن تۈگمىلەرنىڭ گېپىنى بىركىمگە دەۋالىغان بولسامىمۇ… »
— ۋايجان !
مەتكېرىم توڭگۈزدەك چىرقىراپ ، بىر غۇلاچ يەرگە قاڭقىپ دۇم چۈشتى .
گاچ… گاچ… گاچ !…
كەينى - كەينىدىن گەچگىسىگە كۈچ بىلەن تىقىلغان پىچاق ئاخىر ئۇنىڭ ئۇنىنى ئۆچۈردى . زىۋەرىخان ھوشسىز ياتاتتى .
«ۋايجان - ۋايەي… »نى ئاڭلاپ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن سايابەت چالا - پۇچۇق كىيىنىپلا ھوجرىسىدىن چىقىپ ، ئەمدىلا دادىسىنىڭ ياتاق ئۆيىگە يېقىنلىشىشىغا ، چېپىلداپ قان تېمىپ تۇرغان يوغان هارۋىكەش پىچىقىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىدۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ قورقىنىدىن :
— ئا - نا ! ! ! — دەپ بىرلا چىرقىرىدى - دە ، ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى .
ئۇ — سوپۇر ئاخۇن ئىدى .
سوپۇر ئاخۇن ئاشۇ ماڭغان پېتى گۇڭشې ئاتخانىسىغا كىردى - دە ، خادىككە قاتىدىغان ئاتنى يايداق مىنىپ ، قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ئەگىن دەرۋازىسىدىن كىرىپ توختىدى…

# ئۆلمەس ئاغرىق ـ چىقماس جان

نان بىلەن جان تومۇرداش . تاشمەتخان بۇنى كىچىكىدىنلا بىلەتتى . «ناننىڭ ئۇۋىقى يەرگە چۈشۈپ كەتسە يامان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئۆزى ئەمەل قىلىپلا قالماي ، بالىلىرىنىڭ كاللىسىغىمۇ قاچىلىغان . «كىم نېمىنى ئەتىۋارلىسا ، شۇنى جىق بېرىمەن» دېگەن خۇدايىم ۋەدىسىدىن يېنىۋالدىمۇ ياكى تاشمەتخانلارنىڭ ئاش ـ ناننى قانچىلىك ئەزىزلايدىغانلىقىنى بىلمەي قالدىمۇ؟ تۇيۇقسىزلا ئۇلارنى ئاش ـ ناندىن قىسىپ قويدى . توققۇز جان ئادەم كۈنلۈكى ئۈچتىن نان يېسە ، يىگىرمە يەتتە نان يەيدۇ . يىگىرمە يەتتە نان ـــ يىگىرمە يەتتە كوي دېگەن گەپ . يىگىرمە يەتتە كوي ـــ ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن خادىمنىڭ بىر ئايلىق مائاشى . تاشمەتخان ئائىلىسىدە ، ئايدا يىگىرمە يەتتە كوي تاپالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق . بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ بىر ئاي تاپقىنى ئۇلارغا ئاران بىر كۈنلۈك ئوزۇق بولىدۇ . قالغان يىگىرمە يەتتە كۈنىچۇ؟ خۇدايىم بېرەر...

خۇدايىم بەرمىدى !

ئورۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچ ـ تۆت كۈن قالتىس ئىززىتىنى قىلىپ بېشىدا كۆتۈرۈشتى . يېگىنى ئالدىدا ، يېمىگىنى كەينىدە بولدى . بەشىنچى ، ئالتىنچى كۈنگە بارغاندا ، ئاشلىق ماگىزىنىدىن نورما ئاشلىق سېتىۋالماقنىڭ تەسلىكى ، تېخى ئوتتۇز جىڭ نورمىنىڭ ئۈچكە ، تۆتكە بۆلۈپ سېتىپ بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋايساپ ، تاشمەتخانلارنىڭ گېلىنى بوغاتتى . قاراڭغۇ بازار-

دىن كۈندە، كۈنئاشار سېتىۋېلىپ ئەكىرىلگەن دەستە - دەستە نانلار ئۆي ئىگىلىرىنىڭ كۆزىگە ئۆزىنىڭ بىر نېنىچىلىك كۆ- رۈنمەمدۇ - قانداق؟ چىرايىنىڭ بىر يەرلىرىدە قارا بۇلۇت ئەگىگىنى ئەگىگەن...

— ئەتىلا كېتەيلى، — دەيتتى تاشمەتخان كېچىسى ھەم- مەيلەن ئۇخلاپ كەتكەندە خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — بىرجاننىڭ بىر - ئىككى ئايلىق نورمىسىنى يەپ بولدۇق. بۇ بىچارىلەرگىمۇ تەس...

ئۇلار كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن بۇنىڭ ئۆيىگە، بۇنىڭ ئۆيىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە چاندۇرمايلا كېتەتتى. چاقىرغان - چا- قىرمىغان تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىر - ئىككى كۈندىن قونۇپ - تۈنەپ يۈرۈپ چىللە كىرىپ قالدى. ئاشلىق ساتقان، ئېشەك ساتقان (ھارۋىنىڭ «گېلى» بولمىغاچ ساتمىدى) پۇللارنىڭ يېرىمى ئۆي - ئۆيگە «ئادەمگەرچىلىك» قىلىش بىلەن تۈگىدى. «پەتىلەيدىغان» ئۆيلەر، ئىچىدىغان «چاي»لارنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى. سوغۇقمۇ: «قىش ئۇچىقى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار» دەپ نەرە تارتقىلى تۇردى. دېمىسىمۇ، ئىككى ئاي ئاز ۋاقىت ئەمەس. توققۇز جان ئادەمنى ئىككى ئاي ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ، قورسىقىنى باققان تۇغقانلارغا ھەرقانچە تەشەككۈر ئېيتسا ئازلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىدە ئۇچۇق چىراي بەرمىگەنلىكى، بەزىدە بىلىپ - بىلمەي قوشۇقنى تاۋاققا ئۇرۇپ تاشلىغىنى ئاغرىنغۇ- دەك ئىش ئەمەس. چۈنكى، جاھان شۇنداق. ھەممە نەرسە نور- مىلىق، بېلەتلىك. بېلەت بولمىسا، كىنىشكىدا بولمىسا، ئاچ- لىقتىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە نورما سىرتىدا بىرنان تۈگۈل، بىر تال دان بېرىلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىر چىشلەم نان، بىر قوشۇق ئاشنىمۇ «گېلىدىن سوغۇرۇپ ئېلىپ» ئۇلارغا بەرگەن بۇ مېھرىبان ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئاغرىنسا خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟!

ياق ، ئەمدى ئۇلارنى يەنە پاراكەندە قىلماسلىق كېرەك !...

بىر كۈنى ، ناماز ئەسرى بىلەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ساقلىغان تاشمەتخان ئۇستام بىلەن ئەمرىددىن ناماز شامغا ئەزان چىققان مەھەلدە ئۆز ئۆيىنىڭ هازىرقى خوجايىنلىرىنىڭ دىدارىنى كۆردى . ئۇلار ئۈچ بالىنىڭ بىرىنى يەسلىدىن ، ئىككىسىنى مەكتەپتىن ئېلىپ كەلگەن بولسا كېرەك ، ئايال كىچىكىنى كۆتۈرۈۋالغان ، ئەر چوڭلىرىنى يېتىلىۋالغانىدى . ئەر قولۇپنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئايال بىلەن بالىلار «قارا - قارا قۇشلارىم» بولۇپ ئەگەشتى . تاشمەتخان بىلەن ئەمرىددىنمۇ ئۇلارغا سوگۇدىشىپلا هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاشتى .

— يەنە نېمە گەپ ؟ — دەپ تەرىنى تۈردى ئەمدىلا پېشايۋاننىڭ چىرىغىنى يېقىپ ، مېهمانخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلغان ئەر خوجايىن تاشمەتخانلارنى كۆرۈپ ، — قانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم بۇ !... دەيدىغان گېپىنى ئۆي - مۈلۈك بۆلۈمىگە دېمەي ، ئادەمنى پاراكەندە قىلىپ...

— خاپا بولمىسىلا ئۇكام ، بىقوروچىلىقتا ئالدىلىرىغا كېلىپ قالدۇق...

— هە ، دەيدىغىنىڭىزنى تېزراق دەڭ ! ئادەم ئىشتىن هېرىپ ئاران كەلگەندە...

— ئىككى ئايىڭىزى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭكىدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرۈپ ، بىچارىلەرنى بەك قىينىۋەتتۇق... ئەمدى ئۆزلىرىنى هالىمىزغا يېتەرمىكىن دەپ...

— نېمە دېمەكچى سىز ؟ گېپىڭىزنى ئوچۇق دەڭە !...

— ئۆيدىن بىر ئېغىزنى بېرىپ تۇرارمىكىن دەپ...

— نېمە ! يەنە شۇ گەپمۇ ؟ مەن ئۆتكەندە نېمە دېدىم ؟ !

— سىلە...

— مېنىڭ سىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق ! بۇ ئۆينى ماڭا ھۆكۈمەت بەرگەن . ئىجارىسىنىمۇ ھۆكۈمەت ئېلىۋاتىدۇ . بىكاردىن بىكار مېنىڭ كۆزۈمگە كىرىۋالغۇچە ، ھالىڭىزنى گې-ۋېيخۇيغا ئېيتسىڭىز بولمامدۇ !...

— گېۋېيخۇيغىمۇ ئېيتىمەن ، ئۇكام... ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، بەش يىلىڭىزى سەھرادا يۈرۈپ ، شەھەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن... قىش — قورۇدا ، توققۇزجان ئادەمگە باش تىققۇدەك مۇقىمراق كامار بولمىسا ، ئادەم خاتىرجەم يول ماڭالمايدىكەن... مەن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن بېرى جىق ئويلاندىم... ئۆزۈمنىڭ تېگى بىلەن ئۆيۈم تۇرۇپ ئولتۇرماي ، ئۆي ئىزدەپ نەگە بارىمەن ؟ !... مەن بىرىنچىدىن پومېشچىك ، ئىككىنچىدىن كاپىتالىست ئەمەس . ئۆيۈمنى مۇسادىرە قىلىشقا شەرتىم توشمايدۇ... سىلىمۇ ئاڭلىغان بولغىيتىلە ؟ مەن يېزىغا ماڭىدىغان چاغدا ھۆكۈمەت پۇلنى كۆزۈمگە تىقسىمۇ بۇ ئۆينى ساتقىلى ئۇنىمىغان . مانا ئەمدى بېشىمغا كۈن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەندە ، بۇ ئۆيدە ئولتۇرماي نەدە ئولتۇرىمەن ؟ !

— .........

— بىزگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن... بىرەر ئۆينى بەرگىلىرى كەلمىسە ، پېشايۋاندا يېتىپ - قوپساقمۇ بولۇۋېرىدۇ . «ئىجارە تۆلەڭ» دېسىلىمۇ مەيلى... مەن ئەمدى ئۆلتۈرسىلىمۇ بۇ ھويلى-دىن چىقمايمەن...

تاشمەتخان گەپنى ئۈزۈپلا ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئولتۇر-دى . ئەلپازىدىن قارىغاندا ، «خوجايىن» دىن گەپ تەمە قىلىۋاتات-تى . «خوجايىن» ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ ئاغزىنى ئۇپرىتىشنى ھار ئالدىمۇ ياكى خۇمارى تۇتتىمۇ ؟ «پۇششىدە» بىرنى تىنىۋېتىپ ، تاماكا يۆگەشكە تۇتۇندى .

— ماڭ جۇگۇ ! — تاشمەتخان ئەمرىددىنگە بۇيرۇق قىلدى ، — ئىتتىك بېرىپ ، ئاناڭ بىلەن ئۇكىلىرىڭنى باشلاپ

كەل ! ھارۋىنىڭ ئارغامچىسىنى تەكشۈرۈۋېتىپ ئاندىن سۆرەڭلار .
يولدا يېشىلىپ كېتىپ ئاۋارە قىلمىسۇن...
— ئۆيگە كىرىشمەي ، نېمە قاراپ تۇرۇۋشىسەن ؟ — «خوجايىن» بىر ئۆزىگە ، بىر تاشمەتخانغا پاقا تەشكەن سويمىدەك چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇۋشقان ئوغۇللىرىغا زەردە قىلدى . خوتۇنى ئالدىراقچان ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى ، — مېڭىشە !...
باللار ئۆيگە ماڭدى . ئۇمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا ئۆيگە كىرىپ ، ئىشىكنى «جالاققىدە» ياپتى .
ئۇنىڭ ئېتى ئابلەتخان بولۇپ ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى . دېھقان بالىسى ئىكەن . ئوقۇش نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغاچ شەھەردە قاپتۇ . مەكتەپتە خېلى يۈز - ئابرۇيى بارمىش . خوتۇنى شادىيە مەكتەپنىڭ «دوختۇرى» ئىكەن . ئىك-كىيلەن توي قىلىپ ئون يىلغىچە مەكتەپنىڭ بىر ئېغىز كۆتلەك ئۆيىدە ئولتۇرۇپتۇ . ئۇلار نۇرغۇن يول مېڭىپ ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئاران مۇشۇ ھويلىغا ئېرىشىپتىكەن . ئۇ تاشمەتخان بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ، ئۇنىڭ ئالدىغا چاي - مەزە قويۇپ ، مۇشۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن ھەم ئۆيگە سىم تار-تىپ ، توك ئەكىرگەنلىكى ؛ ئۆينىڭ ياخشى - يامان يەرلىرىنى ئوڭلىتىشقا نەچچە پۇل خەجلىگەنلىكى قاتارلىقلارنىمۇ تىلغا ئې-لىپ ئۆتكەن . گەپ - سۆزلىرى سىلىق - سىپايە ، مۇئامىلىسى ئىللىق ئىدى . كېيىن نېمە بولدىكىن - تاڭ ، تاشمەتخان ئىك-كىنچى قېتىم كېلىپ ، ئۆيدىن بىر ئېغىزنى ۋاقىتلىق بېرىپ تۇرۇش توغرۇلۇق گەپ ئېچىشىغىلا «پەدىسى» بۇزۇلۇپ ، بۆ-لەكلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى . تەرىنىڭ سۆرۈنلۈكىگىمۇ بىر-گەپ ، خۇددى مۇشۇ ھويلىنىڭ ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد مىراسخورى-دەك ، تەلەپپۇزى مۇزدەك سوغۇق ، گەپ - سۆزلىرى زەھەردەك ئاچچىق ھەم قوپال ئىدى .
— مەن بۇ ئۆينى ھۆكۈمەتتىن ئالغان ، — دېدى ئۇ

تۇيۇقسىز تاشمەتخاننى «سىز»لەپ ، ــ سىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق… سىزگە ئۆي لازىم بولسا ، بېرىپ ھۆكۈمەتكە دەڭ !… ماڭا يالۋۇرۇپ ، ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ بەرسىڭىزمۇ بوسۇغامدىن كىرگۈزمەيمەن !…

كېيىن ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ، تاشمەتخان ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولۇشىغا ، ئىشىك دەرھال ئىچىدىن زەنجىرلىناتتى ياكى «دادام يوق !» دەيتتى بالىلىرى ئىشىكنى گەۋدىسى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ . تاشمەتخان ئۇنىڭ ئەمدىلا خىزمەتتىن چۈشۈشىگە ئۈلگۈرۈپ كەلسىمۇ ، دەم ئېلىش كۈنلىرى كەلسىمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئىدى . كېيىن دائىم ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلىۋالىدىغان بولۇشتى . تاشمەتخان قاچانلا ئىشىك قاقسۇن ، ئېرىشىدىغىنى بىرخىللا جاۋاب : «دادام يوق !»

دېمەك «خوجايىن» ئۇنىڭدىن بىزار . پوزىتسىيىسىمۇ ئېنىق : «ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ بەرسىڭىزمۇ بوسۇغامدىن كىرگۈزمەيمەن !…»

بوسۇغا ؟ «سېنىڭ ئىدى ، مېنىڭ بولدى ؛ سورىۋىدىم ، دورا بولدى» كۆرۈڭ بۇ ئىشنى ! تاشمەتخاننىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى خۇن ــ خۇننى سەرپ قىلىپ ، مىڭ تەسلىكتە بىنا قىلغان شۇنچە ئازادە ھويلا ــ ئارامنىڭ بوسۇغىسى قانداق بولۇپ ئۇنىڭ بولۇپ قالدى ؟ دەسسەتمەيمىش تېخى !… چۆچۈرىنى خام ساناپتۇ ! تاشمەتخان قانداق دەسسەيدىكىن قېنى…

بۇ گەپ تاشمەتخانغا قاتتىق ھار كەلگەنىدى . نەچچە كېچە كىرپىك قاقمىدى . ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھى بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىپ ، ئۇنسىز ياش تۆكتى . ئۇيان ئۆرۈلۈپ ، بۇيان يۇمىلاپ ، ئويلىغىنى بىرلا ئوي ، شۇنچە ئادەم پاتقان بۇ شەھەرگە ئۇ نېمىشقا پاتمىدى ؟ ئالداندى ، قورقتى . سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ــ سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۇچلەرنىڭ ئاسماندىن ، زېمىندىن قىلىدىغان ھۇجۇمىدا توپ

يېمى بولۇپ كېتىشتىن قورقتى . يېزىدىن ئىبارەت «جەننەت»
كە باشقا شەھەرلىكلەردىن بۇرۇنراق بېرىپ ، پۇختىراق «ئۇۋا»
تۈزۈۋېلىشقا ئالدىرىدى ؛ يەنە بىرى ، ئاھالە كومىتېت مۇدىرى
تۇراق دېگەن لوكچەكنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا بۇ يەردىن
كەتتى . ئەگەر ئۇ ، شۇ چاغدا يۈرىكىنى چوڭراق ، نەپسىنى
كىچىكرەك قىلىپ : «بۇداچە تۇرۇپ تۇرۇپ ، ئىككىنچى قېتىم-
دا باراي» دېگەن بولسا ، ھېلىغۇ تۇراق ئىكەن ، ئۇنىڭدىن يوغان-
راقمۇ ئۇلارنى ئۆيىدىن قوغلىيالمايدىكەن . ئادەم دېگەندە ئاز -
تولا خورەك بولمىسا بولمايدىكەن . شۇ قېتىم ماڭغىلى ئۇنىماي
كادىرلارنى ئۇرغان ، ھەتتا ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ پىچاق كۆتۈر-
گەنلەرنىڭ بىرىمۇ بارمىدى ! «ئىككىنچى ، ئۈچىنچى تۈركۈم...»
دېگىنىمۇ قۇرۇق گەپ ئىكەن . «ئالۋان ، ئالۋانغا ئىشلەيدۇ
گالۋاڭ» دېگەندەك ، ئاھالە كومىتېت بويىچە ئاشۇ قېتىم يېزىغا
قوغلانغان تاشمەتخان قاتارلىق ئۈچ ئۆيلۈك «گالۋاڭدىن» بۆلەك
ھېچكىم ھېچيەرگە مىدىرلىماپتۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ
لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭدىكى چاپارمىنى
لۇڭ شۇجېن① ئۇرۇش ۋەھىمىسى تارقىتىپ ، خەلقنىڭ نارازىلى-
قىنى قوزغاش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستە ئىكەن . ئۇنىڭ تەختتىن
چۈشۈشى بىلەن تەڭ ، بۇ ئىشنىڭمۇ قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپتۇ-
مىش . مەيلى بۇ «مىش - مىش»لار راست بولسۇن ياكى يالغان
بولسۇن ، تاشمەتخان ئەمدى ھەرگىز گالۋاڭلىق قىلمايدۇ . مەيلى
تۈرمىدە سېسىپ ئۆلسۇن ياكى بىر پاي ئوقتا جان بەرسۇن ،
جىنازىسى چوقۇم شەھەردىن چىقىدۇ . بۇنى خوتۇن - بالىلىرى-
نىڭ كاللىسىغىمۇ «قۇيدى...»

ھە راست ، تۆلەندى «داجەي» ئۈرۈمچى ، بېيجىڭ تەرەپلەر-
گە كېتىپ قالدىمۇ ياكى خەلق ئەسكەرلىرىگە مۇھىم ۋەزىپە

① لۇڭ شۇجېن — 1968 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولغان . لىن بياۋ ئۆلگەندىن كېيىن تەختتىن چۈشكەن .

چىقىپ قالدىمۇ؟ تەۋەككۇل «پىستەك»نىڭ قارىسى كۆرۈنمى-
دى. تاشمەتخان دەسلەپ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قور-
قۇپ، بالىلىرىنى بىردىن، ئىككىدىن بۆلۈپ، تۇغقانلارنىڭ ئۆ-
يىگە چېچىۋەتكەن؛ ئۆزى سەككىز - ئون كۈن بالىخانا، قازناق-
لاردا يوشۇرنۇپ ھېچكىمگە كۆرۈنمىگەنىدى. كېيىن جىنىدىن
تويۇپ، ھەممە يەردە ئاشكارا سۆرۈلۈپ يۈرۈۋىدى، يۈرىكى يو-
غىناپ، كۆڭلى خېلى ئارام تېپىپ قالدى. تېخى تەپتارتماستىن
ئاھالە كومىتېت مۇدىرى (تۇراق مۇدىر قولىغا ئېلىنىپ كېتىپ-
تۇ)، كوچا باشقارما مۇدىرلىرىغا نەچچە قېتىمدىن بويىنى كۆر-
سىتىپ بولدى. ئابلەت ئەپەندى (تاشمەتخان ئابلەتجاننى شۇنداق
ئاتايتتى)نىڭ گېپى بىلەن شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ
ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش بۆلۈمىگىمۇ بېرىۋىدى، يا مۇسادىرە
قىلىش تالونى، يا مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلىرى بولمىغان بۇ
ئىشقا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئەمدىكى گەپ —
خوتۇن - بالىلىرىنى كەينىگە سېلىپ، كۇدە - كۆرپىسىنى
كۆتۈرۈپلا قەدىم جايىغا ئۇسسۇپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۆيىنىڭ
خوجايىنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتە قالدى. بەزىدە، ئادەم يې-
لىنىپ - يالۋۇرۇپ ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە زورلۇق بىلەن،
ھېچبولمىغاندا ئۆكتەملىك - ئۇششۇقلۇق قىلىش يولى بىلەن
ئېرىشىدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئادەملەرنى مانا مۇشۇنداق روھ-
تا تەربىيىلىدى. «باتۇر»لار بىلەن «قۇل»لار ئارىسىدىكى پەرق
ناھايىتى چوڭ. تاشمەتخان بۇ كەمگىچە كېيىنكىسىگە مەنسۇپ
بولۇپ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭمۇ «ئىسيان» كۆتۈرگۈسى، «بوز-
غۇسى» كېلىپ قالدى. ئۇ شۇنداقلا غەيرەت قىلىپ، ئۆز ئۆيىگە
ئۇسسۇپلا كىرسۇنچۇ، «قانۇن»مۇ، «پرىنسىپ»مۇ، ھەممى-
سى، ھەممىسى ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ… ئۆلۈپ كېتىدىغان
جانغا، بەختىڭنى سىناپ باق، تاشمەت! تۇرمىنىڭ گۇندىپايلى-
رى تۆلەندى «داجەي» بىلەن تەۋەككۇل «پىستەك»تىن مىڭ

ھەسسە ياخشى !…

تاشمەتخان بۇگۇن مانا مۇشۇ مەقسەت بىلەن كەلگەن . ئابـ-
لەت ئەپەندى ئۇنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ قالدىمۇ ياكى
بۇ قارا قورساق تومپايغا گەپ قىلىمەن دەپ «گۆھەرنى تاشقا
ئۇرغۇسى» كەلمىدىمۇ ؟ ئىشىكنى بىر يېپىپ كىرىپ كەتكەنچە ،
ئىككىنچى بويىنى كۆرسەتمىدى…

ئادەم مەقسىتىگە يەتسە ، دوزاخمۇ جەننەت ھۇزۇرى بېرىدىـ-
غان ئوخشايدۇ . توققۇز جان ئادەم پېشايۋان سۇپىسىدا تۇنجى
كېچىنى ئۆتكۈزدى . خېۋىر بىلەن سۇپۇرگىدىن باشقىلار دەسلەپ
ئۇيقۇسى كەلمەي ، بىرى «ئۇھ» تارتسا ، بىرى ئۇلۇغ ـ كىچىك
تىنىپ ، بىرى ئوڭدا بولسا ، بىرى يېنى بولۇپ ، ئۇ يېرىنى
ياپسا ، بۇ يېرى ئېچىلىپ قېلىپ ، تاڭنى قانداق ئاتقۇزۇش
غېمىدە كۆزلىرى ياشلانغانىدى . كېيىن نېمە بولدىكىن ، مەلەخـ-
تەك ئۇخلاپ كېتىپ ، ئابلەت ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيدىن قاچان ،
قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى . ئەلۋەتتە ، تاشمەتـ-
خانىنىمۇ «تۇيمىدى» دېسەك ئادىللىق بولماس . ئۇ تۇيدى لېكىن
چاندۇرمىدى . ئابلەت ئەپەندى بىلەن شادىيە خانىم ئويغىنىپ ،
ئۆينىڭ چىرىغىنى ياققان چاغدا ، تاشمەتخان ئويغاق ئىدى . ئۇ
ئۇخلىغان بولۇپ شۈك يېتىۋالدى . روزىخان ئويغانغانىدى . ئۇ-
نىمۇ مىدىرلىغىلى قويمىدى . ئابلەت ئەپەندىلەر پۈتىنىڭ ئۇچىدا
دەسسىشىپ ھويلىدىن چىقىپ دەرۋازىنى ياپقاندىلا ، تاشمەتخان
ھەممەيلەننى ئويغاتتى . دەرۋازا تۇۋىگە بارغانىدى . دەرۋازا ئو-
چۇق ئىكەن . قۇلۇپ بىلەن بىر تال ئاچقۇچ قاغا تۇمشۇققا
ئىلىقلىق تۇرۇپتۇ…

تاشمەتخان يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . بىر ھەپتە سىرتقا
چىقمىدى . بەك زۆرۈر ئىش بولمىسا ، باشقىلارنىمۇ ئاساسەن
سىرتقا چىقارمايتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، پېشايۋاننىڭ بۇلۇڭىدىكى
مورا ئوچاق شۇ پېتى تۇرۇپتىكەن ، خامنى پىشۇرۇپ يەپ ،

ئىسسىقسىز قىلىشمىدى . قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆيىگە باشلاپ ، تاماق ئەكىرىپ يوقلاپ ، ئادەمگەرچىلىكنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشتى . كۇنبويى ئادەم ئۈزۈلمەيتتى ، بولۇپمۇ باغرى يۇمشاق ، ئاق كۆڭۈل ، قەدىناس قوشنا ئاياللار بەزىدە تاپقىنىنى ئېلىپ ، بەزىدە ئىككى قولىنى سىلىپلا كىرىپ ، ئۇلاردىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى قىسمەتلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى ھەم ئۇلاردىن يېڭىا ۋە يېڭىا تۇرمۇشى توغرۇلۇق يېڭى ـ يېڭى سوئاللارنى سورايتتى . تاشمەتخانلارمۇ يولى ـ يولىدا جاۋاب بېرەتتى . ئۇ يەرنىڭ «چىرايلىق» يەرلىرىنى ئاسان تىلغا ئالمايتتى ياكى گەپ يوپۇتۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى . ئۇ يەردىن نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكى سورالغاندا بولسا ، سالى بەڭۋاشلىق تۇپەيلىدىن تۆلەندى «داجەي» بىلەن ئۆچەكىشىپ قېلىپ نەگىدۇر غايىب بولغاندىن كېيىن ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرغۇسى كەلمەي كۆچۈنۈپلا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۇلارنى قايىل قىلاتتى ، ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى . بۇنداق ھېسداشلىق ، تەبىئىيكى ، ئابلەت ئەپەندىلەرگە لەنەت ئوقۇش بىلەن ئاياغلىشاتتى .

— ئۇنداق دېمىسىلە ، — دەيتتى تاشمەتخان بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — ئۇلارمۇ مۇساپىر ئىكەن… ئابلەت ئەپەندىمنىڭ دېگىنى توغرا ، ئۇلار بۇ ئۆينى ھۆكۈمەتتىن ئىجارىگە ئالغان . ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ھېچقانداق ئالغۇ ـ بەرگۈسى يوق… ھېلىمۇ ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ، كۈدە ـ كۆپمىزنى ئاچىقىپ تالاغا تاشلىۋەتمىدى… خۇدايىم دىلىغا ئىنساپ بېرىپ ، بىرەر ئېغىز ئۆيىمىزنى بىكارلاپ بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس…

قوشنىلارنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرى ، ئۆي ـ ئۆيدە بولۇۋاتقان غەيۋەت ـ شىكايەتلەر كۈچىنى كۆرسەتمەي قالمىدى :

— ئابلەت ، — دېدى بىر كۈنى كېچىسى شادىيە خانىم

باللار ئۇخلاپ كەتكەندىن كېيىن پىچىرلاپ ، تاشمەتخانلار دېرىد-
-زە تۇۋىدىلا يېتىشاتتى ، — ئۆي - مۈلۈك بۆلۈمگە باردىڭىز-
مۇ ؟
— باردىم ، — ئابلەت ئەپەندى تېخىمۇ پەس ئاۋازدا
جاۋاب بەردى .
— نېمە دەيدۇ ؟
— «قوغلاپ چىقىرىۋېتەلمىسەڭلار ، كارىڭلار بولمىسۇن .
ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز» دەيدۇ .
-- قاچان بىر تەرەپ قىلىدىكەن ؟
— ئۇنى دېمىدى .
— ئۇلارنىڭ پېشايۋاندا يېتىپ - قوپۇۋاتقىنىنى دېمىگەند-
-ىمدىڭىز ؟
— دېمەي قالامدىمەن !...
— ئەستا ، ئەجەب سەت ئىش بولدى - دە ، بۇ...
— .........
— هوي ئابلەت...
— هە .
— چەتتىكى ئۆينى ئۇلارغا ئېچىپ بېرىپ تۇرمامدۇق ؟
— نېمە دەپ ئېچىپ بېرىمىز بىكاردىن - بىكار !... خەق
يا مېنىڭ قېيناتا - قېينانام بولمىسا...
— گېپىنىڭ سەتلىكىنى... ئۇ ئۆي بىكار تۇرسىمۇ تۇر-
مامدۇ ! ؟...
— ئىجارىسىنى تۆلىگەندىكىن ، بىكار تۇرسا تۇرۇۋېرىدۇ !
ئالتە كۈندە ياز كەلسە ، ئاش تاماقنى نەدە ئېتىسەن ؟ !
— ئۇنىڭدا ئەتمىسەم ، بۇياندىكى ئۆيدە ئېتەرمەن ، يا
ئاڭغىچە ئۇلار بىر يەردىن ئۆي تېپىپ كۆچۈپ كېتەر...
— ئەخمەقلىقىنى !... مۇشۇنداق سوغۇقتا پېشايۋېنىڭدا
يېتىۋالغان خەق قوڭنى ئۆيۈڭگە بىر تىقىۋالسا ، ئۆلتۇرسەڭمۇ

كۆچمەيدۇ !
— ئۆي - مۈلۈك بۆلۈمىدىكىلەر قاراپ تۇرماس ؟…
— مەن ئۇقتۇم . بۇنداق ئۆيلەرنى قانداق بىر تەرەپ
قىلىش توغرۇلۇق ئېنىق بەلگىلىمە يوق ئوخشايدۇ . ئۆزىمىز
چىڭ تۇرمىساق بولمايدىكەن…
— شۇندقمۇ ؟ ئەستا…
— غەم قىلما . بەش - ئون كۈن گەپ قىلمىساق ، بۇ
خەق نومۇس قىلىپ بولسىمۇ كۆچۈپ كېتىدۇ…
— دەۋاتقان گېپىنى… ئۆي ئۆزىنىڭ تۇرسا ، خەق نېمە
دەپ نومۇس قىلىدۇ ؟ !… سىزگە دېمىگەن بىلەن نەچچە كۈنند-
ڭىزى ئۇششاق گەپنىڭ تولىلىقىدىن نومۇسقا ئۆلگۈدەك بول-
دۇم !…
— نېمە ئۇششاق گەپ ئىكەن ؟
— نېمە گەپ بولاتتى ، «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى
قوغلىغاندەك ، خەقنى پېشايۋاندا ياتقۇزۇپ قويۇپ نومۇس قىل-
مامسىلەر ؟» دېگەن گەپچۇ !…
— بىز ئۇيغۇر خەقنى بىلمەمسەن ؟ ھەممىسى ئاغزىدا
دەيدۇ !… قېنى ، نوچى بولسا ، شۇنداق دېگەنلەرنىڭ بىرەرى
ئاخەققە بىرەر ئېغىز ئۆيىنى بىكارلاپ بېرىپ باقسۇنا !… سەن
بىلەن بىزنىڭ ئازادىراق ئۆيگە ئېرىشىپ قالغىنىمىزنى كۆرەل-
مەيۋاتقان گەپ !… كىم بىلىدۇ تېخى ، ئاشۇنداق ئاغزىدا شەھەر
ئالىدىغانلارنىڭ بىرەرى ماۋۇ خەققە گەپ ئۆگىتىپ مۇشۇنداق
قىلدۇرغانمۇ…
— مەيلى قانداق بولسۇن ، مەن بۇنداق ئۆيدىن تويدۇم !
قوشنىلارنىڭ ھەممىسى زاڭلىق ئېتىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ،
ئادەم يا يۈرەكلىكقىنا دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقالمايۋاتقان ، يا
ئەر - خوتۇن ئاۋازىنى چىقىرىپراق ئىككى ئېغىز گەپلىشەلمەي-
ۋاتقان . خۇددى يىڭنىگە دەسسىگەندەك… ئەگەر گېپىمگە كىر-

مەيدىغان بولسىڭىز ، بۇ «ئازادە» ئۆيىڭىزدە ئۆزىڭىز تۇرۇۋېلىڭ ! مەن ئەتىدىن باشلاپ ئىشخانىدا يېتىپ قوپۇمەن !···

— .........

شادىيە خانىم دېگىنىنى قىلدى . ئابلەت ئەپەندى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقتىمۇ ياكى تاشمەتخانلارغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ ۋە ياكى قولۇم - قوشنىلارنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرى ، تۇرۇلگەن قاپاقلىرى ، ئۆزىنى ئىما قىلىپ مەسخىرىلىك پىچىرلىشىشلىرىدىن ئاز - تولا خىجىل بولدىمۇ؟ تازا قاتتىق شىۋىرغانلىق قار يېغىپ ، پېشايۋان سۇپىسىنىڭ يېرىمىنى كۆمۈۋەتكەن بىر كۈنى قاق سەھەردە ، خوتۇنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئۆينىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ، ئاچقۇچنى پېشايۋان سۇپىسىنىڭ لېۋىگە قويۇپ :

— ئاۋۇ ئۆيدە ئولتۇرۇڭلار ، — دەپلا ئىككى ئوغلىنى يېتىلەپ سىرتقا ماڭدى . قىزىنى شادىيە خانىم بېقىۋاتقان بولسا كېرەك ، ھەپتىنىڭىزى كۆرۈنمىدى .

— رەھمەت ، مۇئەللىم ! — دېدى بېلىنىڭ تۆۋىنىنى يوتقانغا يۆگەپ ، كۆزلىرىنى قىيا يۇمۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان تاشمەتخان بۇ كاتتا ئىلتىپاتتىن يۈرىكى سۆيۈنۈپ ، — خۇدايىم بىزدەك خار قىلمىسۇن !···

ئابلەتجان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى···

ئويغاقلار ئالمان - تالمان ئورنىدىن قوپۇپ پەسكە چۈشۈشتى ؛ ئۇخلاۋاتقانلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ ، يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشتى . توپتوغرا 20 كۈن پۇتۇن يېتىپ ، پۇتۇن قوپۇپ ، پىتلاپ كەتكەن بۇ ئادەملەر شۇ ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە پىت بېقىشىپ ، «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلۇقى ، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن ماقالىنىڭ تەمىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تېتىغاندەك بولۇشتى . شادىيە خانىممۇ ئۆيدە بولۇپ ، يېرىم كېچىگىچە كىر يۇيۇپ ، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە چىگىلگەن تانىنى توشقۇزۇۋەتتى .

* * *

چىللە چىقىپ كېتەي دېدى . توققۇز «يالماش زاۋۇتى»
ئاشلىق ساتقان ، ئېشەك ساتقان پۇللارنىڭ ئۈۋۈقىنى قويماي
«يالماپ» بولدى . ھېلىمۇ ياخشى ھارۋىنى ساتماپتىكەن ، تاش-
مەتخان چاچگاھدىن تاكى ناماز شامغىچە يولۇچىلار بېكىتى ،
ئاشلىق ماگىزىنلىرى ئالدىدا سۆرەپ يۈرۈپ ، كۈنلۈكى سەككىز —
ئون نانغا ئىشلەپ ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ
قويمىدى . ئەمرىددىن ، نەسرىددىن ، سەدرىددىنلەر قاراڭغۇ با-
زارچى ئاۋايلاردىن بىر — ئىككى پۇڭ پايدىسىغا نان ئېلىپ -
سېتىپ ، ئۆز گېلىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىدىغان بولۇش-
تى . تاڭنۇر بىلەن دىلنۇر ئەتىگىنى يۇلتۇز تارقىماستا ئورنىدىن
قوپۇپ ، ئۆزىگە تونۇش ئىدارە - جەمئىيەت ، مەكتەپ... لەرنىڭ
ئەخلەتخانىلىرىدىكى كۆللەرنى مالتىلاپ يۈرۈپ بەزى كۈنلىرى
بىرەر سېۋەتتىن ، بەزى كۈنلىرى بىرەر چاڭگالدىن شاخار تېرىپ
كېلىپ مەشنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەيتتى . ئاندىن بىرەر چىشلەم نان
يەۋېلىپ ، شەھەر سىرتىغا چاۋار تەرگىلى چىقىپ كېتىشەتتى .
كۈنلەر مۇشۇنداقلا ئۆتۈۋەرسە ، توققۇزجان ئادەم ئۆلمەي - يىتە-
مەي قىشتىن چىقىۋالاتتى . ئەتىيازنىڭ سېرىق ئاپتىپىغا ئۇلى-
شىۋالسىلا ، بالىلارغا مەدىكارچىلىق دەمدۇ ، سوغۇق سۇنى قى-
زىل رەڭدە بوياپ بىر — ئىككى پۇڭدىن سېتىش... دەمدۇ ،
ئىشقىلىپ ، مىدىرىغىلى ئىش چىقاتتى . مىدىرلاپلا تۇرسا ، تەڭ-
رى بەندىسىنى ئاچ قويمايدۇ . مۇشۇ ئارزۇ خېۋىر بىلەن سۇپۇر-
گىدىن بۆلەك ھەممە ئادەمنى تەڭ مىدىرلىتىۋاتاتتى . مىدىرلى-
غانسېرى رىزقى كەملەپ ، كۈنلىرى تەسلىشىۋاتاتتى ؛ خېرىدار-
دىن ھارۋا سۆرەيدىغانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتامدۇ ياكى تاشمەتخان-
نىڭ رىزقى - نېسىۋىسى زادى شۇنچىلىكمۇ ؟ بەزى كۈنلىرى

يېگەن نان ، ماڭغان يول ، سۆرگەن يۈككە لايىق بىر نەرسە تاپالمايدىغان بولۇپ قالدى . ھەممىدىن يامىنى — بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بالىلارنى تونۇپ قالدى . ئۇلار نەگىلا بارسا ، شۇ يەرگە بازار باشقۇرغۇچى ئۈنۈپ ، قوينىدىكى بىر — ئىككى نان ، ئىشتىنىنىڭ لەپىزىگە تۈگۈۋالغان بىر — ئىككى يۈەن پۇلنى مۇسادىرە قىلغاندىن تاشقىرى ، ئۇرۇپ - تىللاپ ئېغىز - بۇرنىنى قانغا بويىۋېتەتتى . بالىلار بۇ يەردىن قوغلىسا ئۇ يەرگە قېچىپ ، كوندۇزلىرى ساتالمىسا كېچىلىرى كىنو - تىياتىرخانىلارنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ساتماقچى بولۇشۇپمۇ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى . چۈنكى ، بەزى بازار باشقۇرۇش خادىملىرى كەچ كىرگۈچە ھۆكۈمەتكە ئىشلىسە ، ئىشتىن چۈشۈپلا ، گاھى ئۆزى يالغۇز ، گاھى ياش - قاۋۇل تۇغقانلىرىدىن نەچچىنى «ياردەمچى» قىلىپ «كېچىلىك ئوۋ»غا چىقاتتى . «ئوۋ» ئوۋلايدىغان ئەڭ ياخشى جاي كۆپىنچە ، كىنو - تىياتىرخانىلارنىڭ ئالدى بولاتتى . بۇ يەرگە تاماشاچىلارلا كېلىپ قالماي ، ئوغرى - يانچۇقچى ، «شاپاقچى» ، قاراڭغۇ بازارچىلارغىچە يىغىلىپ «رىزىق» ئىزدەيتتى . ھېلى بىرەر نان كۆتۈرۈۋالغان «ناۋاي» پەيدا بولسا ، ھېلى يانچۇقتەك كىچىككىنە خالتىدا گازىرمىدى ، گۈلە - جىگدىمىدى ، ئىشقىلىپ ، چايىنىغىلى بولىدىغان بىر نېمىنى كۆتۈرۈۋالغان «باققال» پەيدا بولۇپ قالاتتى . بەزىدە ياغلىقا ، گېزىتكە ئورالغان بىر — ئىككى جىڭ ئۈن ياكى گۈرۈچ كۆتۈرۈۋالغان «رەۋەندە»مۇ ، بىرەر شىشە ياغ كۆتۈرۈۋالغان «ياغچى»مۇ ، بىرەر جىڭ گۆش كۆتۈرۈۋالغان «قاسساپ»…مۇ كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى . ئۇلارنىڭ بازىرى شۇنداق ئىتتىك ئىدىكى ، «مال»قويۇندىن چىقىپ بولغۇچە پۇلغا ئالمىشىپ بولاتتى . «ئوۋچى»لارنىڭ بۇرنى قان ھىدلىغان بۆرىنىڭ بۇرنىدەك سەزگۈر ، كۆزلىرى ھۇۋقۇشنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈرمىكىن - تاڭ ، قەيەردە «سودا» بولۇپ ، «مال» ئەمدىلا

پۇل بىلەن ئالمىشىپ ، ئۇ قولدىن بۇ قولغا ئۆتۈشكىلا ، قوزىغا
ئېتىلغان بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ ، ئالغۇچىنىمۇ ، ساتقۇچىنىد-
مۇ بىراقلا باسمادايتتى - دە ، ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ ، پۇلىد-
نىمۇ ، «مال»نىمۇ «مۇسادىرە» قىلاتتى . يېلىنىش - يالۋۇ-
رۇشمۇ ، ھال ئېيتىش - چۈشەندۈرۈشمۇ ھېچنېمىگە دال بول-
مايتتى . سەللا قوپاللىق قىلسا ، ئېغىز - بۇرنى قانغا بويىلاتتى .
تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى «مۇسادىرە» قىلىنغان ھېچقانداق نەر-
سىگە تالون يېزىپ بېرەلمەيتتى ، ھېچكىممۇ تالون تەلەپ قىل-
مايتتى... ئەمرىددىن بۇ ئىشتىن بەكمۇ ھەيران ئىدى . چۈنكى
ئۇ قاراڭغۇ بازارچىلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ خې-
لى كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە ئەمەس ، بەلكى «بازار
باشقۇرغۇچى»لارنىڭ گېلىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزىپ قال-
غان ؛ تېخى نەچچە قېتىم «بازار باشقۇرغۇچى»لارنىڭ كەينىگە
چۈشۈپ ، «مۇسادىرە» قىلىنغان «مال»لارنىڭ قانداق بىر تە-
رەپ قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆتى يېرىلغۇدەك غەزەپلەنگەن
بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ «ماكانسىز»لىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، پەيلىگە
ھاي بەرگەندى .

بىر كۈنى كەچتە ، ئۈچ ئاكا - ئۇكا «خەلق كىنوخانىسى»
ئالدىدا پەيدا بولدى . چاۋشيەن خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «گۈلچى
قىز» فىلىمى قويۇلۇۋاتاتتى . بىرىنچى قېتىملىقى ئاخىرلاشسا ،
ئىككىنچى قېتىم يەنە قويۇلاتتى . ئادەم بەكمۇ تولا ، بېلەت
سېتىش بوتكىسىنىڭ ئالدى قىستا - قىستاڭ ئىدى . بۇ كۈنلەر-
دە ، ئۆتكەلدىن ئۆتكەن «قىزىل كىنو»لاردىن «شيا جىياباڭ» ،
«قىزىل چىراغ» ، «تۇزلەڭلىكتىكى پارتىزانلار» قاتارلىق ئون
نەچچىسى ، ئالبانىيىنىڭ «ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز» قاتارلىق
ئىككى - ئۈچ فىلىمى قەشقەرلىكنىڭ ئىدىيىسىنى «قىزىل»
لاشتۇرىدىغان ئاساسلىق مەنىۋى قورالى بولۇپ قالغانىدى .
«گۈلچى قىز»نىڭ پەيدا بولۇشى ، ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھەممى-

سىنى ئۆي ـ ئۆيدىن سۈرۈپ چىقتى . ئاۋۋال رەھبىرىي كادىر-
لار ، ئاندىن پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى-
لەر نۆۋەت بىلەن كوللېكتىپ بېلەت سېتىۋېلىپ كۆردى . ئا-
خىردا شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىختىيارىي كۆرۈشىگە پۇرسەت بې-
رىلدى .

بۇ ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى .

بېلەت سېتىش بوتكىسى ئالدىدىكى قىستا ـ قىستاڭدا ئەم-
رىددىن بىلەن سەدرىددىنمۇ بار ئىدى . ئۇلار بەشتىن ئون بېلەت-
نى تۆشۈكتىن ساق ئېلىپ ، سالامەت پۇل قىلالىسىلا ، ئاكا ـ
ئۇكا ئۇچەيلەن كىنو كۆرۈۋالغاندىن تاشقىرى ، ئىككى ـ ئۈچ
ناننىڭ پۇلىغىمۇ ئىشلەپ قالاتتى . بەختىگە يارىشا ، ئۇلارنىڭ
قولىغا بېلەت تەگدى . خېرىدارنىڭ تولىلىقىدىن كىمگە سېتىش-
نى بىلەلمەي قېلىشتى . ئۇ ئىتتىرىپ ، بۇ تارتقۇشلاپ يۈرۈپ ،
ئۇلارنى كىنوخانىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى پېشايۋانلىق سەھنى-
نىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويۇشتى .

— ماڭا بىرنى بەرسىلە !...

— ماڭا ئىككىنى...

بالىلىق ، بالىسىز ئاياللار ؛ ياشانغان ، ئاغرىقچان ئەرلەر-
نىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن سۇنۇلغان قوللىرى ، يېلىنغان ئاۋازلىرى
ئۇلارنى تېخىمۇ تەمتىرىتىۋەتتى . بېلەتلەرنى كىمگە بېرىپ ،
پۇلنى قانداق ئېلىشنى بىلىشەلمەيۋاتاتتى .

— ئۇكام ، ماڭا بەشنى بەرگىنە !

— ماڭا بەشنى...

دۆڭ سودا . پۇلنى ئېلىپ ، بېلەتنى بېرىۋەتسىلا ئىش پۈت-
تى !

ئىككىسى بېلەتنى ئىككىيلەنگە بېرىپ ، ئەمدىلا پۇلنى ئې-
لىپ تۇرۇشىغا ، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا بىر «بازار باشقۇر-
غۇچى» پەيدا بولدى ـ دە ، پۇلنىمۇ ، بېلەتنىمۇ تارتىۋالدى . پۇل

ئىگىلىرى ئۇنىڭغا بىردەم يالۋۇرۇپ بېقىپ ، «تۇتۇپ ئاپىرىپ سولاپ قويمىغىنىمىغا خۇش بولۇپ ، بۇ يەردىن چىرايلىقچە كېتىد- ۋال !» دېگەن «شەپقەت»كە ئېرىشىپ : «بالاڭنىڭ گۆشىنى يېگەندەك بولارسەن ، ئىلاھىم !···» دەپ غۇتۇلداشقىنىچە كۆز- دىن يوقالدى . جامائەتنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ئاشۇنداق مەننى تاپقى- لى بولاتتى···

— قازى ، بۇ يەردە نېمىش قىلىۋاتىسەن ؟

يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىرەيلەن توپ ئارىسىدىن چى- قىپ ، بازار باشقۇرغۇچى — قازى بىلەن قول ئېلىشتى .

— ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمەن ، — دېدى قازى جاۋابەن ھەم ئۇلاپلا سورىدى ، — بۇياققا كېلىپ قاپسەنغۇ ؟

— كىنو كۆرگىلى كەلگەن . بېلەت ئالالماي···

— نەچچىسى لازىم ئىدى ؟

— ئون . ئونى بولسا···

— نېمانداق جىق ؟

— بەك قىزىقكەن دەپ ئاڭلاپ ، دادام ئۆيدىكى ھەممەيلەن- نى كۆرسىتىپ قويايلى دەپتى . ئۆزى ئاۋەدە قالدى···

— ھە··· تازا ئوبدان ۋاختىدا كەپسەن··· مە ، بۇنى ئال . يەتمىسە يەنە تېپىپ بېرىمەن .

— يېتىدۇ ، — يىگىت بېلەتنى ساناپ ، ئىككى يۈەن پۇل تەڭلىدى ، — دادام تازا خوش بولىدىغان بولدى ـ دە !··· ئاز بولسىمۇ بۇنى يېنىڭىزغا سېپقوي .

— بولدى ، كېتىۋەر···

قازى ئۇنىڭ قولىنى بىپەرۋالىق بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ ، تاماكا يۆگەشكە باشلىدى . يىگىت :

— رەھمەت ئاداش ! — دەپ قويۇپلا كۆزدىن يوقالدى .

جامائەت ئارىسىدا پىچىر - پىچىر ، غۇلغۇلا . كۆزلەردە زەھەرلىك ئاچچىق غەزەپ نۇرى··· قازىنىڭ پەرۋايى پەلەك .

چۇنكى، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق ھوقۇق بار.
ھوقۇق — ھەممە!
قازى ئەمىرىددىن بىلەن سەدرىددىنگە بىرمۇنچە «تەربىيە» بەرگەندىن كېيىن:
— بۇدا يەنە قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولۇشساڭ، ئانا-ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرستىۋېتىمەن! — دەپ ئىككىدىن تەستەك سالدى-دە، كەتتى.
— ھۇ بۇلاڭچى! — دېدى بۇرنى كۆپكەن بىرەيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن كۆز ئۈزمەي، — خەقنىڭ بىرنېمىسىدە خەقنى خۇش قىلىۋاتقىنىنى، نومۇس قىلماي!...
باشقىلارنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلدى:
— قاراڭغۇ بازارچىنىڭ بىلىتىنىغۇ تارتىۋالسۇن، ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ ئون كويىنى نېمە دەپ تارتىۋالىدۇ!؟
— مۇسادىرە قىلغانلىق توغرىسىدا تالون يېزىپ بەرمىگىنىدىن قارىغاندا، خەقتىن تارتىۋالغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئۇ بۇلاڭچىنىڭ گېلىغا كىرىدىكەن-دە!؟
— شۇنداق بولمىسا، كۈندۈزى بۇلىغىنى ئاز كەلگەندەك، مۇشۇنداق سوغۇق كېچىدە بۇ يەردە نېمە بار ئۇنىڭغا!؟
— ئۇنىڭ مۇنداق قىلىۋاتقىنىنى باشلىقى بىلمەمدىغاندۇ؟
— بىلمەي قالامدۇ! «سۇ باشتىن لاي» دەپ، باشلىقى ئۇنىڭدىن جىقراق يېمىسە، ئۇنى بۇنداق ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتەمدۇ!؟
— شۇنى دېسىلە... بۇلتۇر كۈزدە بىرى بىر دېھقاننىڭ بىر سېۋەت ئەنجۈرنى باشقۇرۇۋاپتى. «تەمنات-سودا كوپىراتىپىغا ئاپىرىپ سېتىپ بەرسە، بىرەر كويلۇق ئېلىپ، بالىلىرىمنى بىر مېھمان قىلىپ قوياي» دەپ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ قالامدىمەن، نەدىكىنى، بازار باشقۇرۇش پونكىتىغا ئەكىرىپ، سەككىز-ئونەيلەن ئولىشىپ بىر يېگىلى تۇرۇپتى،

بىر دەمدە سېۋەتنىڭ تېگى كۆرۈندى . يەپ بولالمىغانلىرىنى ياغ-
لىققا ، يوپۇرماققا ئېلىشتۇرۇپ ، سېۋەتنى دېھقاننىڭ ئالدىغا
«پاققىدە» تاشلىدى . «ھېلى پۇل بېرەر ، مانا پۇل بېرەر» دەپ
قاراپ تۇرسام ، نەدىكىنى ، ھېچكىمنىڭ خىيالىدا يوق ، قۇرۇق
پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى . كۈتۈۋېرىپ زېرىككەن دېھقان ھېلى-
قى بازار باشقۇرغۇچىنىڭ يېڭىنى تارتىپ ، ئەنجۈرنىڭ پۇلىنى
سوراپتى . نېمە دېدى دېيىشمەملا : «قاراڭغۇ بازارچى دەپ تانا-
ۋىڭنى تارتمىغىنىمىزغا خۇش بولۇپ ، ئاستا بۇ يەردىن كېتىۋال-
ساڭ بولارمىكىن !» دەپ ھۆرپەيدى . دېھقان : «مەن قاراڭغۇ
بازارچى ئەمەس . بۇ ئەنجۈر ئۆز بېغىمدىن چىققان...» دەپ
ئۆزىنى ئاقلىۋىدى ، باشلىق بولسا كېرەك ، «قۇ سوجاڭ» دېگەن
بىرى : «بېغىڭدىن چىققان بولسا ، نېمىشقا تەمىنات - سودا
كوپىراتىپىغا سېتىپ بەرمەي ، قاراڭغۇ بازاردا ساتىسەن ، ھۇ
ئوغرى ! ‹پۇل› دەيدۇ تېخى... پۇل لازىم بولسا ، سېنى مۇشۇن-
داق قاراڭغۇ بازارچىلىققا سېلىپ ، ئىنقىلابىي تەرتىپنى بۇزدۇر-
غان سېكرېتارىڭنى قېشىمغا باشلاپ كىر !...» دېگىنىچە ، دېھ-
قاننىڭ بېلىگە نەچچىنى تېپىۋەتتى . بىچارە دېھقان قار - يامغۇر
يېغلاپ ، سېۋىتىنىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى...

— بۇ دېگەن قانچىلىك ئىش دەيلا ! ئاڭلىسا ئادەمنىڭ
يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك نى - نى ئىشلار بار...

دەسلەپ تاسادىپىي ئەمما تەرتىپلىك باشلانغان شىكايەت ،
بارا - بارا ئۇنىڭمۇ ، بۇنىڭمۇ سۆزلىگۈسى كېلىپ كېتىپ ،
سورۇن نەچچىگە بۆلۈندى . ئاڭلايدىغان قۇلاقتىن سۆزلەيدىغان
ئېغىز كۆپ ئىدى . نەسرىددىن ئاڭلاپ زېرىكتىمۇ ، ئاكىسىنىڭ
پېشىنى تارتتى .

— كەتمەمدۇق ؟ توڭۇپ كەتتىم...

— جىندەك تۇرۇپ تۇرە...

— ماۋۇ ناننى...

— ۋاي··· تېخى سېتىپ بولمىدىڭما ؟
— ئۆزۈڭ «ساتما» دېگەن تۇرساڭ···
نەسرىددىننىڭ قولىدىكى كونا بىرېزېنت سومكىدا 10 دەك گىردە بار ئىدى . ئەمرىددىن بىلەن سەدرىددىن نانغا قارنغاندا تاپاۋىتى نەچچە ھەسسە ئوبدان بولغان كىنو بېلىتى سودىسى ۋە ئۇنىڭدىن تارتقان زىياننى قانداق تولۇۋېلىش غېمىدە قېلىپ ، تېخى ساتىدىغان نان بارلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىشقانىدى .
— سەدرىددىن !···
— مانا مەن ، ئاكا···
— مەيەرگە كېلە !
ئەمرىددىن شۇنداق دەپلا نەسرىددىننى ئەگەشتۇرۇپ ، قىس-تىلىپ يۇرۇپ توپ ئارىسىدىن چىقتى . ئۇچ ئاكا - ئۇكا سەينا-نىڭ ئوتتۇرىسىغا غوجمەك بولدى .
— ما ئىككىمىزنى قازى دېگەن بۇلاڭچى تونۇپ قالدى ، — دېدى ئەمرىددىن نەسرىددىنگە قاراپ ، — بىز سومكىدىكى ناننى ساقلاپ تۇرايلى ، سەن بىردىن ، بىردىن ئاپىرىپ سېتىپ كېلەم-سەن ؟
— ماقۇل .
ئەمرىددىن ئۇكىسىنىڭ قولىدىن سومكىسىنى ئېلىپ سىرتمىسىنى ئاچتى - دە ، بىر ناننى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ تاپىلى-دى :
— بۇلاڭچىغا تارتقۇزۇپ قويما جۇما !
—، ماقۇل .
نەسرىددىن كەتتى . ئىككىسى تاكى ئۇ بىلەت سېتىش بوت-كىسى ئالدىدىكى ئادەم توپى ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولغۇچە نەزىرىنى ئۇنىڭدىن يۆتكىمىدى . ئادەمنىڭ كىچىكى يوق ، ئون بەش ياش ، ئون ئىككى ياش ، توققۇز ياشلىق بۇ ئۇچ ئاكا - ئۇكا «تىجارەت»كە قەدەم قويۇش بىلەنلا ، ھەرىكەت

«مىزانى» تۇزۇۋېلىشقانىدى. ئىككىسى بىردىن ناننى قويىنىغا تىقىپ، بىرنى قولىدا كۆتۈرۈپ بازار ئايلىنىدۇ. بىرى ئون - يىگىرمە نان قاچىلانغان سومكىنى تۇتۇپ ئۇلاردىن بىر - ئىككى يۈز قەدەم نېرىدا بىر كىمنى كۈتۈۋاتقان قىياپەتتە دۈگدىيىپ تۇرىدۇ. مۇبادا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىدا نان بارلىقىنى سېزىپ قىلىپ، سېتىش - ساتماسلىقىنى سوراپ قالغۇدەك بولسا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «ساتمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ياكى: «ئۇنىڭغا تېگىشكەن. دادامنى ساقلاۋاتىمەن» دەپ مىشىلداپ يىغلاپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىدۇ. بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۈچى نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ؛ تۇرىدىغان جايىنى كۈندە نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. ئىككى «ناۋاي» بولسا، بىر نان ساتسا بىرىنىڭ، ئىككىنى ساتسا ئىككىنىڭ پۇلىنى «كاسىر»غا ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بازار باشقۇرغۇچى تۇتۇۋالسا، ئېرىشىدىغىنى بىر ياكى ئىككى نان بولىدۇ، خالاس.

ئەمرىددىن بىر جايدا تۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشتى ھەم نەسرىددىنىنىڭ ئىككى ناننى تېخىچە سېتىپ بولالمىغىنىدىن ئەنسىرەپ، سەدرىددىنگە:

— سەن مىشەدە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇر، مەن بېرىپ نەسرىددىنگە قاراپ باقاي. بازار باشقۇرۇشقا تۇتۇلۇپ قالغان بولمىسۇن... — دېگىنىچە كىنوخانا تەرەپكە ماڭدى.

ئۇ ئەمدىلا ئون نەچچە قەدەم مېڭىشقا، يىگىرمىدەك ئادەم غۇلغۇندىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. بىر خىل قىزىقىش ئۇنى يولدىن توختاتتى.

— ماڭا بىرنى...

— ماڭا ئىككىنى...

ھەش - پەش دېگۈچە، كىشىلەر ئەمرىددىننىمۇ قورشىۋېلىشتى. بابا قازى «باشقۇرغان» بېلەتنى ئېلىپ كەتكەن ھېلىقى

يىگىت داجىپ ـ داجىپ ، ئەمرىددىنگە سوقۇلۇپ توختىدى . قولىدا بىر توپ بېلەت تۇراتتى . ئەمرىددىن ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى ، قېنى قايناپ ، غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچەيدى . ئۆزىنىڭ كىم ، نەدە ، نېمە دەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇتتى بولغاي ، ئۇ بىرەيلەنگە ئىككى دانە بېلەتنى ئىككى يۈەنگە سېتىپ ، ئەمدىلا پۇلنى ئېلىشقا ، ئەمرىددىن ئۇنىڭ قولىنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇپ ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى :

— قاراڭغۇ بازارچى !··· ۋاي قازىكا ، مەيەردە بىر قاراڭغۇ بازارچىنى تۇتۇۋالدىم !···

ئۇ ۋارقىراۋەرگەنسېرى ، ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، بىرەر يۈز ئادەم يىغىلىپ قالدى . چوڭ بىر ئولجىدىن بېشارەت تاپقان قازى ھاسسازلاپ يېتىپ كېلىپ ، جامائەتنى جېنىكلەپ يول ئېچىپ توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگەندە ، پۇت ـ قولى گۇرۇچى چىقىپ كەتكەن ھېسسىپتەك بوشىشىپ ، نېمە دېيىش ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى . كەيىنىگە يانىي دېسە ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۇنى تونۇيتتى . ئالدىغا مېڭىپ «قاراڭغۇ بازارچى»نى بىر نېمە قىلاي دېسە···

ئۇ خۇدىنى تېپىپ بولغۇچە ، «قاراڭغۇ بازارچى»بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ، يۈزلىرىنىڭ نەچچە يېرى يارا بولغان ئەمرىددىن ئۇنى كۆرۈپ قالدى .

— قازىكا ، — دېدى ئۇ «قاراڭغۇ بازارچى»نى ياقىسىدىن تارتىپ سۆرەپ ، — بۇ ئۇغرى بايا سىلە مەندىن تارتىۋېلىپ بەرگەن ئون بېلەتتىن ئىككىنى ئىككى كويغا ساتتى . قولىدا سەككىزى بار !···

— ۋەگۇي ، بايا مېنى نېمە دەپ گوللىغان ؟ — قازىنىڭ ئېغىزى بىلەن قولى تەڭلا ئىشقا چۈشۈپ ، «قاراڭغۇ بازارچى» نى نەچچە تەستەك سېلىۋەتتى ، — «ئانام ، دادام ، ئۆيدىكى

ھەممەيلەن كۆرۈدۇ» دەيدۇ تېخى !... ماڭە گۇي ! مەن سېنى پونكىتقا ئاپىرىپ...

— ئوبدان قازىكا، بېلىتىمنى ئېلىپ بەرسىلە ! — ئەمرىددىنىنىڭ يىغلامسىراپ پېشىگە ئېسىلىشى قازىنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى، — مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى...

— ھە، سەنمىدىڭ ؟ — قازىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — پونكىتقا بىللە بېرىپ، باشلىقىمىزنىڭ ئالدىدا گۇۋاھچىلىقتىن ئۆتۈپ بەرمىسەڭ، ماگۇي ئۇششۇقلۇق قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. سېنى شۇ يەردە مۇكاپاتلايمىز. ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل... نەسرىددىن، سەدرىددىن، قېنى سىلە ؟ جۇرۇڭلا، بازار باشقۇرۇشقا بارىمىز !...

خۇشاللىقتا جېنى ئىچىگە پاتماي قالغان ئەمرىددىن ئىككى ئىنىسىنى كەينىگە سېلىپ، قازىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى...

بىراق. «مۇكاپات»نى ئەمرىددىن ئېلىپلا قالماستىن، تاشمەتخانمۇ قۇرۇق قالمىدى. ئۈچ بالا يېرىم كېچىگىچىمۇ قايتىپ كەلمىگەچ، تاشمەتخان كېچىچە تالادىن كىرمىدى. روزىخان زادىلا كىرپىك قاقمىدى. تاڭ ئاتقاندا، ئۇلارنى «چوقۇم تەۋەككۇل ‹پىستەك› تۇتۇپ كەتتى» دەپ قىياس قىلىشىپ، چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسى ئۇۋىسىغا سۇكىرىپ كەتكەن چۇمۇلە توپىدەك دەككە - دۇككە ئىچىدە قالدى. ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن تاشمەتخان ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ تۈگۈلۈپ يېتىۋالغاندى. روزىخان، تاڭنۇر، دىلنۇرلار دېرىزە تۈۋىگە غۇجمەكلىشىپ، ئۈنسىز ياش تۆكۈشۈۋاتاتتى. سۇپۇرگە روزىخاننىڭ، خېۋىر تاڭنۇرنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇلارغا قورقۇمسىراپ قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى، تاڭنۇر بىلەن دىلنۇرنى شاخار تېرىشكە چىقىرىشمىدى. ئادەتتە، بىر چاڭگال بولسىمۇ شاخارنى تېجەپ قېلىش مەقسىتىدە كەچقۇ-

رۇنلا مەشكە ئوت يېقىشاتتى . بۇگۈنمۇ ئوت يېقىلمىدى . ئىشىك - دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرى مەھكەم ئېتىلگەچ ، ئۆي يىلمان ئىدى . يېگۈدەك نان يوقمۇ ياكى كۆڭلى تارتمىدىمۇ ؟ تېخىچە ناشتا قىلىشمىدى . چۈش بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ ، ئېنى ئىككى غۇلاچ ، بويى تۆت غۇلاچ كېلىدىغان ، ۋاساجۇپ ، تاملىرى گەج بىلەن ئويۇپ چىقىرىلغان مېھراپ شەكىللىك نەقىشدار تەكچىلەر بىلەن تولغان بۇ ئۆي تېخىچە گۈڭگا - گىرىمسەن ئىدى . جاللاتنىڭ قاپىقىدەك تۈرۈلۈۋالغان كۈل رەڭ بۇلۇت توپلىرى هويلىنى مانانلاشتۇرۇپ ، قىش بوۋاينىڭ غايىب قوللىرى بىلەن دېرىزە ئەينەكلىرىگە تارتىلغان گۈلدار مۇز «پەردە»نى بارغانسېرى قېلىنلاشتۇرۇۋېتىپ باراتتى .

دەرۋازا قېقىلدى . ھەممەيلەننىڭ چىرايى ئېچىلىپ ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىلىشتى . تاشمەتخان غەلىتە چاققانلىق بىلەن ئوڭدا بولۇپ ، ئۆرە قوپۇپ ئولتۇردى .

— تاڭنۇر ، بول ! — دېدى روزىخان هاياجانلىق تەلەپپۇزدا ، — ئەمرىددىنلەر كەلدىمىكىن···

تاڭنۇر چۆراپ قوپۇپ ، سىرتقا چاپتى . سۇپۇرگە بىلەن خېۋىر كەينىدىن ئەگەشتى .

هايال ئۆتمەي قايتىپ كىرگەن تاڭنۇر ئاھالە كومىتېتىدىن تاشمەتخاننى چاقىرغىلى ئادەم كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا ، ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا ئۆلۈك سىنىجى كىردى···

— ئۇستام ، — دېدى ئاھالە كومىتېت مۇدىر رەھىمجان ، ئىشخانىدا ئىككىيلەن يالغۇز قالغاندا ، — مەن ئالدىلىرىدا چوڭ بولغان بالا . ئۆز دادامنى قانچىلىك چۈشەنسەم ، سىلىنىمۇ شۇنچىلىك چۈشىنىمەن··· مېنىڭچە بولسا ، بۇگۈنلا ئۆيلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ بېرىپ ، ھەممىلىرىنى بىرەر ئىشقا تىقىپ قويغۇم بار . نوپۇسلىرى يېزىدا بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ، پەقەت ئامالسىز قالدىم··· كوچا باشقارمىسىدىكى ئۆزۈمگە يې-

قىن ، سىلىنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان بەزى ئاغىنىلىرىمگە مەسلە-
ھەت سالسام ، ئۇلارمۇ نوپۇسنىڭ گېپىنى قىلىپ ، قوشقۇنغا
ئولتۇرۇۋالدى . كۆزۈمنى يۇمۇپلا ، بورىچىلىق كارخانىسى بولا-
مدۇ ، لەڭپۇڭچىلىق كارخانىسى بولامدۇ ، دوپپىچىلىق كارخاند-
سى بولامدۇ ، بىرەرىگە تىقىپ قويساي دېسەم ، زامان نازۇك ،
ئادەملەر يامان... سىلىگىمۇ ، ئۆزۈمگىمۇ خاپىلىق تېپىۋالارمەن-
مىكى دەپ قورقۇمەن... يېزىدا «ئۇنىسۇر» بولغانلىرى راستمۇ ؟
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن دىلى سۆيۈنۈپ ، ئۆزىنى يىغلىۋېتىش-
تىن ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغان تاشمەتخان «دوقىقىدە» مىخقا ئۇس-
سىگەندەك بىر چۆچۈپ ، ئۇدۇللا جاۋاب بەردى :
— راست .
— بۇ گەپنى سالىجاننى تۇتقىلى كەلگەنلەر دېگەن . يېقىن-
نىڭىزى يەنە پەيدا بولۇپ قالدى... — رەھىمجان بىر ئۇلۇغ
- كىچىك تىنىپ ، يېپىقلىق ئىشككە قاراپ قويدى ، — سالى-
جاندىن خەۋەر بارمۇ ؟
— يوق .
— نەدە يۈرۈدىغاندۇ ئۇ بالا ؟ ئۈرۈمچى ، غۇلجا تەرەپلەرگە
كېتىپ قالدىمىكىن ؟...
— .........
— ئاڭلىلىمىكىن ، سىلە بىلەن بىللە يېزىغا چۈشۈپ
كەتكەن شېرىۋانكام بىلەن سېلىمانكاملار غۇلجىغا كېتىپتۇ...
— شۇنداقمۇ ؟ سىلە قانداق ئۇقلا ؟
— يېقىندا تۇغقانلىرىغا خەت كەپتۇ . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ،
ھال - كۈنى خېلى ئوبدان ئوخشايدۇ...
— كۆرسىلە بۇ ئىشنى... ھەر نېمە بولسا...
— ئۇلار ئالدىنقى يىلىلا بىر قېتىم كېلىپ ، كوچا باشقار-
مىسىغا ھال ئېيتقانىكەن . ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ھۆكۈمەتكە سېتىد-
ۋەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ، ئىگە بولغىلى ئۇنىماپتۇ...

— شۇنداقمۇ ؟

— سىلە خېلى ئەقىللىرى بىلەن ئىش قىلىپ ، ئۆيىنى ساتماپتىكەنلا… كوچا باشقارمىسىدىكى بەزىلەر سىلىنى كەتكۈزۈۋېتىشنىڭ گېپىنى قىپتى . مەن ئۆيىنىڭ ئىشىنى تاقاپ قويدۇم…

— رەھمەت ، ئۇكام !… ئۆي - مۈلۈك بۆلۈۋېلىدىكىلەرنىڭ بىزنى ئۆيدىن قوغلىۋېتىشتىن مۇشۇ ئىشتىن ئىكەن - دە !

— ئۇنى ئۇقمىدىم… ئانچە ئۇمىدلىنىپمۇ كەتمىسىلە ، بوشاڭلىق قىلىپ ئۆيىنى تارتقۇزۇپمۇ قويمىسىلا…

— ماقۇل . ئۆزلىرى بولغاندىكىن…

— مېنىڭ گېپىمنى قىلمىسىلا ! مېنىڭ قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ !… ئاسماقتەك سەككىز بالا بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆي - ماكانلىرىدىن قوغلىنىپ ، ئۆز يۇرت ، ئۆز مەھەللىلىرىدە نوپۇس - نورمىسىز مۇساپىر بولۇپ قالغانلىرىغا ئىچىم ئاغرىغىنىدىن مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن…

— رەھمەت ، ئۇكام…

— مەن بۇ گەپنى خېلى بۇرۇنلا دەي دېگەن . ئۆزۈمنىڭ سايەمدىن قورقۇپ ئېغىز ئاچالمىدىم . ئۆزلىرى بىلەنمۇ ئۇچراشمىدىم . بۇنى بىر كىمگە تىنىپ تاشلىمىسىلا جۇمۇ !

— خاتىرجەم بولسىلا ئىت ئېمىپ چوڭ بولغان بولسامۇ…

— مەن سىلىگە ئىشىنىمەن… بۈگۈن تاسادىپىي مۆرىتى كېلىپ قېلىپ ، كۆڭلۈمدىكىنى دېۋالدىم…

— رەھمەت ، ئۇكام ! رەھمەت…

— مۇنداق گەپ…

مۇدىر تۈنۈگۈن كەچتە ، ئەمدىردىن ، سەدرىددىن ، نەسرىددىنلەر كىنو بېلىتى نان سېتىپ قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلىۋاتقاندا ، بازار باشقۇرۇش خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغانلىقى ؛ بۇ جەرياندا ئۇلار باشقۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ ، بىرى بازار

باشقۇرغۇچىنىڭ قولىنى چىشلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ، كېچىچە بازار باشقۇرۇش پونكىتىغا سولاپ قويغانلىقى ؛ قايتا ـ قايتا سوراق قىلىسىمۇ ، ئۇلار يۇرت ـ مەھەللىسىنى دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغانلىقى ؛ ئۇلارنى «ئۇماش پونكىتى»غا ھەيدەپ مېڭىش ئالدىدا تۇرغاندا ، ئۆزىنىڭ كوچا باشقارمىسىدىكى يىغىندىن قايتىۋېتىپ ، بۇ ئىشنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى··· نى سۆزلىگەندىن كېيىن :

— پونكىت باشلىقى مېنىڭ ساۋاقدىشىم ئىدى ، — دېدى مۇدىر بىر يېرى سىرقىراپ ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ ، سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىنى دېدىم . ئۇمۇ تارتىشىپ تۇرماستىن باللارنى ئالدىمغا سېلىپ بەردى . مەن بىزنىڭ ئاغىنىلەرنىڭ گۇمانلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنى سولىتىپ قويۇپ ، ئۆزلىرىنى چارقىرتتىم···

— ئۇ ـ ھ ـ ھ··· — دەپ سوزۇپ تىندى تاشمەتخان كۆزلىرىگە «غىللىدە» ياش ئېلىپ ، — خۇدايىم نامەردكە تېلىندۇرمىسۇن ، مۇدىر !···

— ئۇنداق دېمىسىلە !··· ھەممىمىز بىر بۆزنىڭ ئۈچى··· بىرىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ، بىرىمىز تاماشا كۆرسەك ئەپلىشەمدۇ ! ؟ ئامالىنىڭ يولۇقىدىن ، نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئۆزى خالىمايدىغان بەزى يامان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ··· بىر ئادەم نۇرغۇن جاپادا پۇل تېپىپ ، قورسىقى ئاچقاندا يۈگۈرۈپلا بازارغا چىقىپ ، يۈرەكلىك بىر نان ئېلىپ يېيەلمىگەندىكىن ، بۇ جاھاننىڭ نېمە ئارزۇلىغۇچىلىكى قالدى ! ؟··· بۇلارنى ئويلىسا ، ئادەمنىڭ بىر كۈنمۇ ياشىغۇسى كەلمەيدۇ··· قانداق قىلاتتۇق ، چىداپ ياشاپ باقايلى··· سىلە بىلمەيلا ، ھازىر ئەڭ قاتتىق تۇتۇلۇۋاتقان ئىش — قاراڭغۇ بازارچىلىق . بۇ چاغقۇچە بىزنىڭ تەۋەدە بىرمۇ قاراڭغۇ بازارچى سېزىلمىگەچ ، يۇقىرى بىزگە ئانچە قاتتىق تىكىلىۋالمىغان···

بوگۈن بىراقلا ئۈچى چىقىپتۇ . مەن بۇنى مەشەدىلا باستۇرۇۋەت-
مەكچى . سىلىمۇ جىق يېمىسىلە ئاز يەپ ، بالىلارنى مۇشۇ ئىشقا
سالمىسىلا...

— ئوبدان...

— مەن جىق ئويلاندىم ، بالىلار قاراڭغۇ بازارغا ئارىلد-
شىپ قالسا ، ئۆزلىرىنىڭ كېيىنلىكى تەس بولىدۇ . مېنىڭمۇ
تىلىم قىسىلىدۇ . ئۆزلىرىنىمۇ مېنىمۇ ئايىسىلا...

مانا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن... «ناۋاي »لارنىڭ كۈنى پۈتتى .
ئەمرىددىن دادىسىدىن بۇرۇنراق هارۋىنى سۆرەپ ئاشلىق ماگد-
زىنى ئالدىدا پەيدا بولىدىغان بولدى . تاشمەتخان يېتىپ كەلگەن-
دە ، ئۇ يابىرەر خېرىدارغا ئۆچىرەت ساقلاپ بېرىۋاتقان ، يا
بىرەرىنىڭ ئۇن - گۇرۇچىنى جىڭلىتىپ هارۋىغا بېسىش ئالدىدا
تۇرغان بولاتتى . تېخى بەزىدە سەدرىددىن بىلەن بىللە بىرەرىگە
ۋاكالىتەن ئۆچىرەت ساقلاپ ماگىزىن ئالدىدا تۇنەپ ، 40 —
50 پۇڭ تاپان ھەققى تاپىدىغان كۈنلىرىمۇ بولاتتى . كۈن قايرد-
لارغا يېقىن بىكەت ئالدىغا ئۇنۇپ ، يولۇچىلار ئاپتوبۇستىن
چۈشۈپ بولار - بولماستىن بەزىسىنىڭ سومكا - خۇرجۇنلىرىغا
قول ئۇزاتسا ، بەزىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ : «شىڭلىلىرىنى ئەپد-
چۈشۈپ ، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرەيمۇ ؟» دەپ ئاپتوبۇسنىڭ شو-
تىسىغا يامىشاتتى . سىلكىشلەر ، سەتلەشلەرنى چىۋىقىغا ئالمايد-
تتى...

كۈنلەر ئۆتمەكتە . هارۋا چاقلىرى تاڭ سۈزۈلگەندىن ئەل
ئايىغى جىمىققۇچە گاھ توختاپ ، گاھ ئايلانماقتا . توققۇز «يال-
ماش زاۋۇتى» هارۋا چاقلىرى ئۇدۇللۇق تېپىپ كەلگەننى ئۇ-
دۇللۇق يالماپ ، ئۆگزىدىكى هاجەتخانىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان جە-
گە ، ۋاسىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرماقتا . قايسىدۇر بوۋا -
موملاردىن مىراس قالغان ، يىللاپ - يىللاپ تەكچىدىن چۈش-
مەيدىغان تەۋەررۇك جانان چەينەك ، تۈچ چەينەك بىلەن تاشمەت-

خانىى «ئۇستام ـ ئۇستام» قىلغان رىسىنىڭ دەزمىلىمۇ پۇلغا تېگىشلىپ گەندىگە ئايلىنىپ كەتتى . ئىككىنچى ئاي كىرىش بىلەن تەڭ ، ئۆيدە پۇلغا تېگىشكىلى بولىدىغان نەرسىلەر تۈ-گەپ ، ئېچىرقاپ كەتكىنىدىن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي «ئۇ-گۇت ـ ئۇگۇت» دەپ غۇلدۇرلايدىغان «تۇگمەن»لەرنىڭ «چا-ناق»لىرىدىكى بوشلۇقنى ھارۋا چاقلىرى تولدۇرالماس بولۇپ قالدى . ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ «شەپقەت» لىرىمۇ «تاش»نىڭ كاۋىكىدىن نېرىغا ئۆتمەيلا غايىب بولىدىغان بولدى . دەسلەپ سۇپۇرگە بىلەن خېۋىردىن باشقىلار ھەپتىدە بىر ـ ئىككى كۈندىن «نەپلى روزا» تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن بولسا ، ئەمدى-لىكتە كۈنلۈكى بىر ۋاخ «ئىپتا»لا قىلىدىغان بولۇشتى . كونا پالاس ، ئەسكى كىگىز ، رەزگى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئاش ـ نانغا تېگىشىۋەتكىلى بولمايتتى··· كۈنۈم ـ كۈنۈم ئاچ قورساق يۈرۈدىغان بۇ ئادەملەر كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ ، ھالسىزلى-نىپ ، يەر دەسسەپ تۇرغۇدەك ھالى قالمايۋاتاتتى . ھەممىسى ناماز ئوقۇشقا ، ئىچىدە ئۇششاق سۈرىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىگە ، بىر ـ بىرىگە ھۇرۇشكە ئادەتلەندى . كۈندۈزى كۈنگە ، كېچىسى ئايغا قاراپ دۇئا قىلىپ ، تەڭرىدىن بىرلا نەرسە — قورسىقى تويغۇ-دەك نان تىلەيتتى . تەڭرى ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسىغا قۇلاق سالام-دۇ ياكى ئۇلارنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ ؟ ئۇلارنىڭ بىر نېنىنى ئىككى قىلىپ بەرمەكتە يوق ، بارغانسېرى رىزقىنى كەملىتىپ ، بەزى كۈنلىرى جان بېشىغا بىردىنمۇ نان بەرمەيۋا-تاتتى···

تاشمەتخان يېزىدىن قايتىپ كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى . ئۇيەردە ، قولىدا پۇلى بولسۇن ـ بولمىسۇن ، خالتا كۆتۈرۈپ ئەترەتنىڭ ئامبىرىغا بارسىلا ، تېرىق بولامدۇ ، پاتاق قوناق بولامدۇ ، نورمىسىغا لايىق بىر نېمىنى خالتىسىغا قاچىلاپ ئۆيگە ئەكېلەيتتى . ئۇنىڭغا قالدۇرۇق يەردىن چىققاننى «يالاڭ-

چۇق » قىلىپ سەرپ بىلەنرەك ئىشلەتسە ، ئۇ ئاينى بۇ ئايغا بەخۇدۇك ئۇلايتتى . ئېغىز - بۇرنىدىن چىققۇدەك يەپ سىپسىق كېكىرىپ كەتمىسىمۇ ، هازىرقىدەك كۈنلەپ - كۈنلەپ ئاچ قالمايتتى . يەنە ئىككى — ئۈچ يىل تەخىر قىلسا ، كۆچەتلىرى-نىڭ ھەممىسى مېۋىگە كىرىپ ، يىلدا بىر ەر تاغار گۈلە - قاق قۇرۇتۇۋالغىلى بولاتتى . ئۆيلىرىنى دېمەمسىز تېخى ، سەھرا پەدىسىدە ۋاسىدا ھەميان قىلىپ يېپىلغان ئايۋان ، ساراي ، دە-لىز ، مېھمانخانا ، ئۇ چەت - بۇ چەت ھويلا··· ۋارقىرامدۇ ، جارقىرامدۇ ، نېمە قىلسا ھېچكىمنىڭ كارى يوق . تارتىنىپ - قورۇنۇپمۇ ئولتۇرمايتتى . بۇ ئۆينى «ئۆزۈمنىڭ» دېگەنىبىلەن ، «خوجايىن» باشقا . ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ، يوغانراق چامداپ ماڭغىلىمۇ ، ئاۋازىنى چىقىرىپراق گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدۇ . ئۆگزىنىڭ ، ھويلىنىڭ ، ئىشىك ئالدىنىڭ قارلىرىنى ئارا كۈندە ئالتە قېتىم سۈپۈرۈپ - تازىلاپ ، چوڭ كوچىغا ئاچىقىپ تۆكۈپ باللارنىڭ جۇلىقى چىقىپ كەتتى . «خوجايىن»نىڭ ئۇلارغا رەھمىتىغۇ يوق ، چىرايىنى ئېچىپراق قاراپمۇ قويمايدۇ . بەلكى ئۇ بۇ ئىشنى «ئۆي ئىجارىسى»غا ئۇرۇۋېتەن بولسا كېرەك . بۇنداق بولمىسا ، چوقۇم : «ھەر قايسىڭ نېمىيتىڭ؟ مەن بۇ ئۆيگە ئىجارە تۆلىگەن . چىدىساڭ ئولتۇرۇش ، چىدىمىساڭ كۆدە - كۆرپەڭنى كۆتۈرۈش !··· » دېگىنى . باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ ، مۇشۇنىڭ ئۆزىگە چىدىماقمۇ كۈندىن - كۈنگە تەسلىشىپ كېتىد-ۋاتاتتى . بۇنى تۇغقانلارمۇ ، قوشنىلارمۇ بىلدى . ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى . ياش ئەر - خوتۇننىڭ كۈنلەپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشماي ئىچىگە تىنىپ يۈرۈشى ئادەمنى قانچىلىك ئازابلىسا ، بىر ئىشىكتىن كىرىپ چىقىدىغان قولۇم - قوشنىلارنىڭ بىر - بىرىنى مەنسىتمەسلىكى ، ھېچبولمىغاندا ، «مۇسۇلمان سالىمى» غا يارىماسلىقىمۇ شۇنچىلىك ئازابلايدۇ ، ھەتتا ھەر كۈنى بىر ئايلىق ئۆمرىنى خورىتىپ ، جاھاندىن بىزار قىلىدۇ .

«خوجايىن»نىڭ كۈن بويى سۈرگۈنگە چۈشكەن غۈنچۈنـ
دەك تەرىنى تۇرۇپ يۇرۇشى، يۈزمۇ يۈز دوقۇرۇشۇپ قالغاندا
كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىشى، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»غا
«ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ قويسا بىر يېرى ئۈپراپ كېتىدىغانـ
دەك، بىلىنەر ـ بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ قويۇشى، كىچىك
بالا بىلەنمۇ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالاملىشىپ ئادەتلىنىپ
قالغان تاشمەتخان تۇرماق، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسىگە
قاتتىق ھار كەلدى. ئۇلار «خوجايىن»دىن ئەزرائىلدىن قورققانـ
دەك قورقاتتى، ئەيمىنەتتى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا روـ
بىرو بولماسلىققا تىرىشاتتى. خېۋىر بىلەن سۈپۈرگە جېنىدا
كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئانىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرسا ئولتۇراتتىكى،
يا ھويلىغا، يا ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ بىردەم ـ يېرىمدەم ئوينىـ
مايتتى.

«سەھرالىق ماكانىمىز !...»

«خوجايىن»نىڭ كىچىك ئوغلى سۈپۈرگىنى مۈشۈنداق تىلـ
لاپتۇ. بۇ بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بولغان ئىش. بىر يەكشەنـ
بە كۈنى، بالىلار دەرۋازا تۈۋىدە جىجىق ئويناۋېتىپ گەپ تالىـ
شىپ قاپتۇ. بۇ گەپ «كىچىك خوجايىن»نىڭ ئاغزىدىن قانداق
چىقىپ كەتكەن، سۈپۈرگە پوتلا ـ ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلىـ
غان پېتى ئۆيگە كىرىپ، بولغان ئىشنى روزىخانغا دېدى. بۇنىڭـ
سىزمۇ يېرىلالماي ئاران تۇرغان روزىخان ئۇنى باغرىغا بېسىپ
بىر ھازا خىرتىلداپ يىغلىدى. ئەتىسى بامدات بىلەن ئىككى
قىزىنى كەينىگە سېلىپ تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ئۆزىنى ئەجدادـ
لىرىنىڭ قەبرىسىگە ئېتىپ قانغۇدەك ھازا ئاچتى. ئۇلارنىڭ
ئەرۋاھىدىن مەدەت تىلىدى... بۇ گەپ تاشمەتخاننىڭ قۇلىقىغا
يەتكەندە، غەزەپلەنگىنىدىن ئېتىلىپ چىقىپ «خوجايىن»نىڭ
گېلىنى بوغقۇسى كەلدى ـ يۇ، پەيلىگە ھاي بەردى. «بۇ گەپ
چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن چىقمىغان بولسا، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە

پىچىرلاپ ، ــــ كىچىك بالىنىڭ خىيالىغا قانداق كېلىدۇ ! ؟... »
تاشمەتخانغا ئۆز ئۆيى خوخا - يانتاقلىق جاڭگالغا ئوخشاپ قالغاندى . بۇ ئۆيدە تۇرغۇسىمۇ ، يېتىپ - قوپقۇسىمۇ كەلمەيدىـ تى . ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان سەككىز جۇپ كۆز ، سەككىز گالنى سىغدۇرغۇدەك كامار يوق ئىدى . ئۆز ئۆيىدە ئەھۋال بۇ تۇرسا ، خەقنىڭ ئۆيىدە قوشنا ئولتۇرۇپ نېمە كۈن كۆرمەك !...
يېزىدىكى ئۆيگە قايتىپ كەتسىچۇ ؟
بۇمۇ بولمىدىغان ئىش . تۆلەندى «داجەي»نىڭ ئالدىغا ئېگىلـ مەي بېرىپ ، «خاتالىق»قىنى تونۇغانلىقىنى بىلدۈرسە ، يوغان قىلسا تۆت — بەش كۈن «كۇرس»قا سولاپ ، تەۋەككۇل «پىسـ تەك»كە دۇمبالىتىدۇ . ئاندىن ، نازارەت ئاستىدا كەتمەنگە سالىدۇ . بۇنىڭ بەدىلىگە ئاۋۇ سەككىز جان ئادەم كەڭ - كۇشادە ماكانغا ، قورسىقى تويغۇدەك نانغا ئېرىشىدۇ .
شۇنداق قىل ، تاشمەتخان !
بىراق ، تاشمەتخان دەرھال خېمىغا ياندى ، بىرى ، تۆلەندى «داجەي»گە ئېگىلىپ : «خاتالىشىپتىمەن» دېگۈسى كەلمىدى ؛ يەنە بىرى ، ئابلەت ئەپەندىنى بۇ ئۆيگە مەڭگۈلۈك قانۇنلۇق «خوـ جايىن» قىلىپ قويغۇسى كەلمىدى .
«قېنى ، چىداپ باقاي ، ــــ دەيتتى ئۇ ھەر ۋاق نامازنىڭ ئايىغىدا دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە تەڭرىگە مۇناجات ئېيتىپ ، ــــ بالىلىرىمنىڭ پېشانىسىدە بولسا ، يارانقان ئىگەم ، ئاتا - بوۋامـ نىڭ قان تەرى بىلەن پۈتكەن ھويلام ياتلارغا نېسىپ بولۇپ كەتمەس... ئەي ئۇلۇغ ئىگەم ، مەن غېرىپ - مىسكىن قۇلۇڭـ نىڭ دۇئاسىنى دەرگاھىڭدا قوبۇل قىلىپ جىمى بەندىلىرىڭـ نىڭ ، جۈملىدىن پادىشاھىمىزنىڭ دىلىغا ئىنساپ بەرگەيسەن ، ئامىن... »
تاشمەتخان بىلەن ئەمرىدىن ئاران ئۈچ يۈەنگە ئىشلىدى . ھەر كۈنى نان سېتىۋالىدىغان قاراڭغۇ بازارچى چوپقىتىگە يالۋۇـ

رۇپ يۇرۇپ ، ئۇ پۇلغا تۆت نان ئالدى . يەنە ئۇچ نانني نېسى ئېلىپ ، خۇپتەنگە ئۇلگۇرۇپ ئۆيگە كەلدى . ئەمرىددىن بىلەن ئىككىسى تېخى بايراق بىر دوختۇر ئايالنىڭ 300 جىڭ ئۇننى يار بېشىغا ئاچىقىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ ئۆيىدە يېرىمدىن زاغرىنى چىلاپ يەپ قورسىقىنى ئارام ئالدۇرۇۋېلىشقانىدى . ئۆيدىكى يەتتە جانغا ئاتاپ نەق - نېسىگە ئالغان يەتتە نانني روزىخانغا تۇتقۇزدى - دە ، پەگاھدا تۇرغان ئىشۈرىقنى ئېلىپ ، تاھارەت يەڭگۇشلەش ئۇچۇن ئالدىراش ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى . قايتىپ چۇشكەندە ، ئۇنىڭدىن باشقىلار داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بولۇشقانىدى . بىر كىشىلىك ئورۇن بوش تۇراتتى . روزىخان مەشنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، چۆمۈچ بىلەن قازاندىكى بىر نەرسىنى مالتىلاۋاتاتتى .

تاشمەتخان ھەيران بولغىنىدىن ، پەگادا تۇرۇپلا سورىدى :

— بىر نەرسە ئەتتىڭلىمۇ ، يا··· ؟

— ھەئە ، — روزىخان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى ، — ئىككى تال نانقايناق ئەتتىم .

— نېمانداق چاققان ! ئۆگزىگە چىقىپ چۇشكىچە ئارىلىقتا···

— مەن شۇنداق چاققان··· سىلىنى ساقلاۋېرىپ ، بالىلار-نىڭ ئۇچىيى چاپلىشىپ كەتتى . ئىتتىكرەك داستىخانغا كەلسى-لە !···

تاشمەتخان زورىغا كۇلۇمسىرەپ داستىخانغا كەلدى . سۇ-پۇرگە بىلەن خېۋىر ئۇنىڭغا ئاسلاندەك سوۋىشىپ ، مامۇقتەك يۇمران يۇزلىرىنى ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى ئۇستىرا ، قايچا كۆر-مىگەن يىرىك ساقال - بۇرۇتىغا سۇركەشكە باشلىدى . يېزىدا تىل - تاياق ئاستىدا ئۆتكۇزگەن تۆت يىل بىر سېرى ، شەھەرگە كىرگەن بۇ تۆت ئاي تاشمەتخاننىڭ چاچ - ساقىلىنى ئونسېرى ئاقارتىۋەتكەنىدى . ئۇ بۇ ئۆي بىلەن خوشلاشقان چاغدا ، چوكان - جۇۋانلارنىڭ يۇرىكىگە ئوت سالغۇدەك چىرايلىق ھۆسنى ،

ياشلارنىڭكىدەك يارىشىملىق ، قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قاپقارا ، قويۇق بۇرۇتى بار ئىدى . يېزىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ساقال قويۇۋالدى . دەسلەپ ، ساقال ـ بۇرۇتىدا ئۇدۇللۇق پەيدا بولغان ئاقنى ئۇدۇللۇق يۇلۇپ ، ئۆزىنى «قېرىتمىغان» ئىدى . كەينى كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن كۆڭۈلسىز كەچمىشلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىپ ، قورساقتىن بۆلەك ھېچنېمە بىلەن كارى يوق قىلىپ قويدى .

يېيىش ـ ئىشلەش ، ئىشلەش ـ يېيىش .

باشقىسى بولسىمۇ ، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەر ، تەن ساق بولسا ، گالغا توق ـ توق يەپ ، بىكار تۇرماي مىدىرلاپلا بەرسە ، بەندىنىڭ رىزقى تۈگىمەيدۇ . يېزىدا شۇنداق بولغان . ئۆز شەھەرىگە قايتىپ ، ئۆز ئۆيىگە بېشىنى تىقىۋالغان بولسىمۇ ، تۆت جانىنى مىدىرلاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى . بۇ يەردە «كوپېراتىپ» ، «كارخانا» دېگەنلەر شۇنچە تولا بولسىمۇ ، يا ئۇنىڭ ئۆزىگە ، يا خوتۇن ـ بالىلىرىغا «كارخانا ئەزاسى» بولۇپ ، كۈنلۈكى بىر ـ ئىككى نانغا ئىشلەش نېسىپ بولمىدى . بەزى قولى ئۇزۇن ، بالىسى ئۇششاق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «بۇرژۇئا» بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ، ئۆيىدە يا خىزمەتكار ، يا بالا باققۇچى توختىتالمايدىكەن . بولمىسا ، تاڭنۇر بىلەن دىلىنۇر ئىككى ئائىلىنىڭ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ، ئايدا يىگىرمە يۇەندىن قىرىق يۇەن تاپالايتتى . ئەمرىددىن بىلەن نەسىرىددىنمۇ... ھەي ، نېمىسىنى دەيسىز... تاشمەتخاننىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى غەم ، غەم يەنە غەملا ئوخشايدۇ...

تاشمەتخاننى غەم يەپ كەتتى . توققۇزجان ئادەم كېچە ـ كۈندۈز بىر ئۆيدە بولغاچ ، غەملىرىنى خوتۇنى بىلەن ئورتاقلاشقۇدەك پۇرسەتمۇ چىقمايدۇ . پۇرسەت چىققان تەقدىردىمۇ ، ئۇ بىچارىنىڭ دەردىگە دەرد قوشۇپ ، قان ـ زەرداپقا تولغان يۈرىكىنى تىلغاننىڭ نېمە پايدىسى ؟ ! جىمى خاپىلىقنى تاپقان ئۆزى .

داۋاسىنىمۇ ئۆزى تېپىشى كېرەك !...

تاشمەتخان مۇشۇ خىتابىنىڭ تۈرتكىسىدە مىدىرلاپ يۈردى. كۈنلەپ - كۈنلەپ ئاچ - زېرىن قالسىمۇ چاندۇرمىدى. ئۆيگە كۆلۈپ كىرىپ، ئۆيدىن كۆلۈپ چىقاتتى. ئىچى قانچە بەك سىقىلسا، خېۋىر بىلەن سۇپۇرگىنى شۇنچە بەك گەپكە سالاتتى، ئەركىلىتەتتى. ئۇلارنىڭ زىنداندەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز-لىرى، سارغايغان چىرايى، كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋات-قان بىر تېرە - بىر سۆڭەك تېنىنى كۆرۈپ يۈرىكى قان يىغلاپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۇلاردىن تەبەسسۇمىنى، شېرىن - سۇخەن چاق-چىقىنى ئايىماي، ئۆزىدىن بۆلەك سەككىز جان ئادەمگە «ئاتا» لىقىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا روھىي تىرەك بولۇۋاتاتتى. ئەمما، ئۆزىگە روھىي تىرەك بولغۇدەك ھېچكىم يوق ئىدى. چىراغ ئۆچۈرۈلسىلا، تېخى بايىلا ئىللىق تەبەسسۇم چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ياش بۇلىقىغا ئايلىنىپ، ساقال - بۇرۇتلىرى چىلىق - چىلىق نەمدىلىپ كېتەتتى...

خىيال بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن تاشمەتخان خوتۇنىنىڭ نانقايناقنى قاچىلارغا ئۇسسۇپ، ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا قاتار تى-زىۋەتكىنىنى تۇيماي قالدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ باش بولۇپ قا-چىنى قولغا ئېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئاچلىقتىن گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلەر، قارىچۇقلار ئۆچۈپ قالاي - قالاي دېگەن قوقاستەك پىلىلداۋاتقان چاناقلار بىر ئۇنىڭغا، بىر ئالدىدىكى قاچىغا ئاچ كۆزلۈك، تەقەززالىق بىلەن تىكىل-مەكتە ئىدى.

— ۋاي، ماڭىمۇ ئۇسسۇدۇڭلىمۇ؟ — دېدى سۇپۇرگىنى ئەركىلىتىۋېتىپ تۇيۇقسىز داستىخانغا كۆزى چۈشۈپ قالغان تاشمەتخان، — مېنىڭ قورسىقىم توق. باللارغا بۆلۈپ بېرى-ۋېتىڭلار.

— قورسىقىم توق؟ بازاردىن بىر نەرسە ئېلىپ يېگەنمىدى-

لە ؟
— ياق ، بىر دوختۇرخانىمنىڭ ئۆيىنى ئاپىرىپ بەرسەك مېھمان قىلدى...
— پۈچۈق زاغرىغا قورسىقىڭ تويامدۇ ؟ — ئەمرىددىن لوقما سالدى ، — يېگىنە دادا !...
— باللارغا سىقىنماي يەۋەرسىلە ! قازاندا يەنە بار...
— يەنە بار ؟ نېمانداق جىق ؟... ناننى نەدىن تاپتىڭلا ؟
— نەدىن تاپاتتىم ؟ خۇدايىم بەردى !
روزىخان غەلىتە تەبەسسۇم قىلدى . باللارمۇ كۈلۈمسىردى . تاشمەتخان ھەممەيلەنگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ قانداقتۇ بىر مۆجىزە يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەندەك بولدى - دە ، بۇ «تېپىشماق»نى تاماقتىن كېيىن تېپىش نىيىتىگە كېلىپ ، قاچىغا قول ئۇزاتتى...
تاشمەتخان ئۆمرىدە نۇرغۇن خورلۇق تارتقان لېكىن چىدىغان ، بۇ قېتىم چىدىمىدى ، پەقەت چىدىمىدى . ئۆلەي دېدى - يۇ ، ئۆلەلمىدى . تەڭرى جاننى ئالمىسا ، بەندىنىڭ ئۆلمىكى ھەقىقەتەن تەس ئىكەن . بۇ جاھانىنىڭغۇ ئارزۇلىغۇچىلىكى يوق ، جانىڭمۇ ئارزۇلىغۇچىلىكى قالمىدى . ئۇنىڭغا دوزاخمۇ ، جەننەتمۇ ئوخشاش . كۆزلىرى بىرلا يۇمۇلۇپ ، ئىككىنچى ئېچىلمىسىلا بولدى . جېنىمۇ ، تېنىمۇ ئارام تاپتى دېگەن گەپ . ئۆيمۇ ، خوتۇنمۇ ، بالا - چاقىمۇ ، ھەممىسى ، ھەممىسى ئوشۇق يۈك . بۇ چاغقىچە ئۆزى خالاپ يۇدۇپ يۈرگەن . ئەمدى ئۇلارنى يۇدۇپ يۈرگۈدەك مادارىمۇ ، ھەپسىلىسىمۇ قالمىدى . كىيىم دېگەننىڭغۇ ياماپ - تۇنەپ ، نەچچە يىلدا بىرنى كىيسىمۇ كۈن ئۆتىدىكەن . ئەمما گالنى ياماپ قويغىلى بولمايدىكەن . گېلىنى باقالىغان ھالىغا ، شۇنچە جىق ئادەمگە «ئاتا» بولۇپ نېمە كەپتۇ ؟ ! تېخى ئۆزىنى «ئەركەك» دەپ يۈرگىنى نېمىسى ؟ ! خوتۇنى توغرا ئېيتتى :

— نېمە ؟ «زېدى پەس ! ؟» ۋاي قوۋۇرغام ، «ئېسىل غوجام هارۋا سۆرەپ تاپقان پۇلغا قاچان تۆت نان ئېلىپ كىرەر-كىن» دەپ ئېچەك يۆلەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ نېمە كۈن كۆر-دۇق ؟ !... «تۆرنى ئالغان نوچى ئەمەس ، زەللە ئالغان نوچى» دەپتىكەن !... «نومۇس ، نومۇس» دەپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ بەر-سەك بولامتى ؟ ! «زېدى پەس» دەملا ، «قەلەندەر» دەملا ، نېمە دېسىلە دەۋەرسىلە !... ئوغرىلىق قىلماي ، جاڭپىلىق قىلماي ، بالىلىرىمغا توق - توق يېگۈزۈپ ، قىشتىن سالامەت چىقىرىۋال-سام بولدى !... قەلەندەرلىكىم كۆزلىرىگە سەت كۆرۈنگەن بولسا ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئېسىلزادە خېنىمنىڭ قېشىغا بارسى-لا !... هۇ... هۇ...

يۈرەكنىڭ تۇشتىن چىققان نالە ، بولاقتا ئايلانغان كۆزلەر تاشمەتخاننىڭ تىلىنى باغلاپ ، يۈرىكىنى داغلىدى . ئەمدى بۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا تالاشقۇدەك هوقۇقمۇ ، تارتىشقۇدەك ئورۇنمۇ قال-مىغانىدى .

نان — جان ، جان — نان !

بالىلارغا كېرىكى مۇشۇ !

بۇنى ئانىسى بېرىپتۇ . ئانىسى ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ «هەق دوس...» دەپ تىلەپ تاپقان قاتتىق - قۇرۇق نان بىلەن ئۇلار-نىڭ قورسىقىنى بىر تويغۇزۇپلا ، هەممىسىنى ئۆزىگە رام قىلى-ۋاپتۇ . هەتتا كۈنۈم - تۈنۈم ئاچ قورساق يۈرسىمۇ ، خەقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى هالۋا يەپ ، ياغ كېكىرىپ يۈرگەندەك سالاپەتلىك كۆرسىتىشكە ئادەتلەنگەن ئەمرىددىن بىلەن تاڭنۇرمۇ ئانىسى تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ ، كۆزلىرى بىلەن دادىسىنى ئەيىبلىگىلى تۇر-دى !

دېمەك ، تاشمەتخان بۇ ئۆيگە ئوشۇقچە ئادەم . ئۇ بولسىمۇ ، بولمىسىمۇ ئۇلارنىڭ هېچنېمىسى كېمىيىپ قالمايدۇ . ئۇلارغا كېرىكى نان — هاياتلىق ! تاشمەتخانغا كېرىكى نومۇس . يەتتە

ئەزاسى سالامەت ئادەمنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشى ، تىلەپ تاپقان نان بىلەن جان ساقلاپ ياشىشى — سىپپى ئۆزىدىن تىرىكتاپلىق ؛ تەڭرى بەرگەن ئىككى قولىنى ئاياپ ، ئۆز - ئۆزىنى خورلىغانلىق !...

تاشمەتخان داستىخانغا دۇئامۇ قىلماستىن ، نەچچە ئايلاپ بىتاپلىق تۆشكىدە ياتقان ئادەمدەك ئىنجىقلاپ ، قوللىرىغا تايىنىپ تەسلىكتە ئورنىدىن قوپتى - دە ، كىشەنلەپ قويۇلغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىنى سۆرىگىنىچە ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئۇنىڭ هويلىغا چىقىشىغا ، «خوجايىن»نىڭ ئىشىكى «تاراققىدە» يېپىلدى . تاشمەتخاننىڭ يۈرىكى ئىشىك يوچۇقىغا قىسىلىپ قالغاندەك «ۋاژژىدە» ئېچىشىپ ، كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش قۇيۇلدى...

تاشمەتخان ئەتىسى خۇپتەن بىلەن ئۆيگە ئۈندى . تۈنۈگۈن كېچىنى نەدە ، قانداق تاڭ ئاتقۇزدى ؟ بۈگۈن كۈننى نەدە ، قانداق كەچ قىلدى ؟ هېچكىم سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئۆزىمۇ دەپ بەرمىدى . ئۇنىڭ هايات پېتى ئۆيگە كىرگەنلىكى روزىخان ئۈچۈنمۇ ، باللار ئۈچۈنمۇ ئايەم خۇشاللىقى بەخش ئەتكەنىدى . ھەممىسى ئولىشىپ كېلىپ ، ئۇنى باغرىغا باستى ، سۆيدى ، خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن يۈزلىرىنى نەملىدى . يۆلەپ ئەكېلىپ تۆشەككە ياتقۇزۇپ ، ئۈستىنى قېلىن چۈمكىۋەتتى . ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىشكەن ئەمرىدىن بىلەن سەدرىدىن سوغۇقتىن غورىدەك كۆكىرىشىپ بوسۇغىدا پەيدا بولغان چاغدا ، ئاللىقاچان باش توخۇ چىللىغان بولۇپ ، ۋۇجۇدىدا بىر تونۇرنىڭ ئوتى كۆيۈپ ، پېشانىسىدىن ماشتەك - ماشتەك تەر ئۆرلەۋاتقان تاشمەتخان چۈشىدە روزىخان بىلەن گەپلىشىۋاتقاندەك : «خوتۇن ، نېمىشقا يىغلايسىلە ؟ خەق ‹تىلەمچى› دېگەن بولسا ئۆزىنىڭ ئاغزى... يا سىلە تىلەمچى بولمىساڭلا... ئۆيىمىز بار ئەمەسمۇ ؟ ئۆلسەكمۇ كۆچمەيمىز !...» دەپ جۆيلۈۋاتاتتى...

تاشمەتخان ئەتىسى ئورنىدىن قوپالمىدى. ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانىكەن. قىزىتىپ، تەرلەپ، يۆتىلىپ ـ قېقىلىپ، ھېلى ئۆلۈپ، ھېلى تىرىلىپ، كۈندە نەچچە قېتىم رازىلىق بېرىپ، نەچچە قېتىم رازىلىق ئېلىپ، ياستۇق بىلەن بىر تۇغقان بولۇپ ياتقىنىغا بىر ئاي بولاي دەپ قالدى. ئۇرۇق تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھەممىسى يوقلاپ كىرىشتى. دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىش توغرىسىدىكى دەۋەتلەرنى تاشمەتخان چىرايلىقچە رەت قىلدى: «جان تەندە ئامانەت، ـــ دېدى ئۇ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە رەھمەت ئېيتىپ رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، ـــ قادىر ئىگەمگە لازىم بولسا ھەر باپ بىلەن ئالىدۇ… مەن دوختۇرخانىغا كىرىۋالسام، باللار تىيىپ ـ سېيىم بولۇپ كېتىدۇ. ھەر بىرلىرىگىمۇ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىمەن… » روزىخانغا باشقا گەپنى قىلاتتى: «مەن جېنىمغا ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيدىغان ساراڭمۇ؟! يا قولىمىزدا پۇل بولمىسا ‹تۇغقانلاردىن قەرز ئالساق› دەمسىلە؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار! ئۇلارنىڭ دەردى ئازمۇ!؟ ھېلىمۇ جىق ئېغىرىمىزنى كۆتۈردى. ئەمدى يەنە پۇتىمىزنى ئارتىۋالساق بولمايدۇ… بۈگۈنگىچە خۇدادىن جان قەرزىم بار، بەندىدىن بىر چىشلەم نان قەرزىم يوق… ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، تۇغقانلاردىن قەرزدار بولۇپ قالسام، ئۇنى نېمەم بىلەن تۆلەيمەن؟! ئالىمادىس، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئۇ قەرز سىلىگە مىراس قالامدۇ؟! يەتتە باللىنى باقامسىلە، قەرزنى تۆلەمسىلە؟! ماڭا تېگىپ ئىككى پۇللۇق خوۋلۇق كۆرمەي مۇكچىيىپ كەتكىنىڭلا ئاز كەلگەندەك، بىرمۇنچە قەرزنى مىراس قالدۇرسام، خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟! گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتالامدىمەن؟! مېنى رازى بولسۇن دېسەڭلا، ھەرگىز قەرز ئېلىشنىڭ گېپىنى قىلماڭلا!… »

روزىخان ئۇنىڭ رايىغا باقتى. لېكىن، شۇك ياتمىدى، بۈگۈنى ئۇنىڭ، ئەتىسى بۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: «پالانى دوختۇر

پوكۇنى دورىنى بۇيرۇپتى ، تاپالماي بېشىم قاتتى··· » دەپ مىدىشلداپ يىغلايتتى . ئۇ دورا ياشۇ ئۆيدىن چىقىپ قالاتتى ، يا بولمىسا ، بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە «ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ » تاشمەتخاننىڭ ياستۇقى تۈۋىدە پەيدا بولاتتى . ھەتتا شادىيە خانىمۇ بىرمۇنچە دورا ئەكىرىپ بەردى ، تاماق ئېتىپ يوقلىدى .

ھارۋا ئەمرىددىنگە قالدى . ئۇ بامداتقا ئەزان چىققاندا ئۆيىدىن چىقىپ كەتسە ، خۇپتەنگە يېقىن ئۆيگە ئۇنىدۇ . نەچچە پۇل تاپسا ، بىر پۇڭنى زايە قىلماي ئانىسىغا تۇتقۇزىدۇ . تاڭنۇر دادىسىنىڭ قېشىدىن مىنۇت ـ سېكۇنت ئايرىلمايدۇ . باشقا بالىلار شاخار تېرىش ، چاۋار تېرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن تاشقىرى ، كىچىكلىرى ئانىسىغا ئەگىشىپ ، چوڭلىرى بىردىن ـ ئىككىدىن بۆلۈنۈپ چۆش ـ پېشىنغىچە ئارقا كوچا ، خالتا كوچىلارنى ئايلىنىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى ـــ تۇغقانلىرى ، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى . روزىخان يۈزىنى يېپىۋالغاچ ، ئاسانلىقچە ئۇنى بىر كىم تونۇۋالالمايدۇ . ئەنسىرىتىدىغىنى بالىلار . شۇڭا ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئولتۇرۇشلۇق كوچا ـ مەھەللىلەرگە زادى ئاياغ باسمايدۇ . يولدا ماڭسا ، بىر كۆزى ساخاۋەتچى ئائىلىلەرنىڭ دەرۋازىسىدا بولسا ، بىر كۆزى چوقۇم ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ چىرايى ، ئاۋازىدا . خۇداغا شۈكۈر ، بۈگۈنگىچە ھېچكىمگە تۇغقانلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالمىدى . مۇشۇنداقلا ئۆتۈۋەرسە ، ئالتە كۈندە قىشمۇ چىقىپ كېتىدۇ . ياز كەلسە···

تاشمەتخان تەقدىرگە تەن بەرگەندى . تەن بەرمەسلىككە ئىلاجىمۇ يوق ، ھەددىمۇ ئەمەس . يا دەس ئورنىدىن قوپۇپ ، بىر پىيالە چاينى ئۆزى قۇيۇپ ئىچەلمىسە ، يا تالاغا چىقىپ بىر نان چاغلىق نەرسە تېپىپ كىرەلمىسە ، قانداقتۇر «يۈز ، ئار ـ

نومۇس» دېگەنلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئاچلىق-تىن ئۆلتۈرۈپ قويسۇنمۇ ياكى ھەممەيلەننى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلاپ، ئارقىدىن ئۆزىمۇ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلسۇنمۇ؟ ياق! نۆزەمبىللا ياق!... ئۇنىڭدا بۇنچىلا چوڭ جۈرئەت يوق. مەڭگۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!!!

تاشمەتخان تەن بەردى، خوتۇنىغا تەن بەردى. ئۇ خوتۇن ئەمرىددىننىڭ ئىشلەپ تاپقىنىنى پەقەت ئېرىگىلا يېگۈزىدۇ. باشقىلارنىڭ يەيدىغىنى تىلەپ تاپقان پارچە پۇرات نانلار... تاشمەتخان بۇنىڭدىن بەك خىجىل. شۇنداقتىمۇ ئامالسىز... خوتۇنىغا كۆندە مىڭ قېتىم رەھمەت ئېيتقۇسى بار ـ يۇ، ئېيتمايدۇ. ئۆزىگە ئاتاپ ئېتىلگەن تاماقنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېگۈسى بار ـ يۇ، ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچى ئاغرىيدۇ ـ يۇ، بۇنى ئاشكارا قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا غايىبانە دۇئا قىلىدۇ، تەنسەھەتلىك تىلەيدۇ، چاندۇرمايدۇ... تۈگۈلۈپ ياتقد-نى ياتقان. كۆنلەپ ـ كۆنلەپ ئېغىزىمۇ ئاچمايدۇ. ئۇ خوتۇنىدىن بەكمۇ رازى. ھېلىقى كۆنى ئۇنى «زېدى پەس» دەپ تىللىغىنى، ھەتتا ئاچچىقىدا بىر تەستەك سېلىۋەتكىنىگە كېچە ـ كۆندۈز پۇشايمان قىلىدۇ. نەچچە ـ نەچچە قېتىم ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىماقچى، مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ قوللىرىنى يۈزىگە ياقماقچى بولدى ـ يۇ، ئۇنداق قىلالمىدى. ئوچۇقراقى ـــ بىر تامچە يامغۇر تېمىپ كەتسە ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كېتىدىغان مۇن-جاما قەغەزدەك تىترەپ، ئاران ـ ئاران يەر دەسسەپ تۇرغان بۇ خوتۇننىڭ كۆزلىرىنى ئارتۇقچە ياشلاپ، دەردىگە دەرد قوشقۇ-سى كەلمىدى. بۇنىڭسىزمۇ، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان دەردى، چېكد-ۋاتقان ئازابى ئازمۇ؟! بەزى بېجىمبوش خوتۇنلاردەك «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلۈمەن» دەپ بېزىرىپ تۇرسا قانداق قىلغۇ-لۇق؟! خۇدا نېمە بەرسە، ئاشۇ خوتۇنغا بەرسۇن!...

تاشمەتخان تەن بەرگىنى بىلەن خوتۇننىڭ بۇ ئىشىدىن

قىلچە رازى ئەمەس ئىدى . شۇنداقلا ، كۆرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلە-
رىنى ئۆزىدىن ، ئۆزىنىڭ ياشلىقىدا بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن
گۇناھى كەبىر ، گۇناھى سەغىرلىرىدىن كۆرەتتى . ئاتا - ئانىسى-
غا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكلىرى ، ئاش - ناننى خارلىغان مەمەدانە
قىلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ ، بۇ دۇنيادا بارمۇ ، يوقمۇ
بولاتتى . تەڭرىنىڭ ئۆزىنى جازالاش ئورنىغا نارەسىدە بالىلىرى-
نى جازالاپ ، ئۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ خارۇ - زارلىق كوچى-
سىغا تاشلىۋەتكىنىدىن قاتتىق نارازى ئىدى . شۇڭا ، بىراقلا
خىمىغا يىنىپ ، ئۆلۈشتىن ياشاشنى ئەلا بىلىپ قالدى . ئۇ
ياشايدۇ ، ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس ، بالىلىرى ، خوتۇنى ئۇچۇن يا-
شىشى كېرەك . ئۇ تىرىكلا بولىدىكەن ، ھامان بىر كۈنى بالىلى-
رى ، خوتۇنى ئالدىدىكى قەرزىنى چوقۇم تۆلەيدۇ ! ئاز قالدى ،
باھار كېلىدۇ ، ياز كېلىدۇ··· ئاشۇ كۈنلەرگە ئۆلىشىۋالالىساڭلا
ھەممە ئىش ئوڭلىنىدۇ . «چىدا ، سەۋر قىل تاشمەت ! بالىلى-
رىڭ تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ، چوڭ - چوڭ ئىشلار
ئۈچۈن يارىتىلغان . لېكىن ، ھازىر ۋاقتى ئەمەس . شۇنداق
كۈنلەر كېلىدۇكى ، ئايھاي !··· »
قاچان ؟ زادى قاچان ؟ ! ئۇ - ھ - ھ···
تاشمەتخان سوزۇپ بىر تىنىپ ، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈر-
گەنىدى ، قاتتىق يۆتەل تۇتتى . ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى سىلاپ ئول-
تۇرغان تاڭنۇر ئىتتىك كېلىپ ئۇنى كەينىدىن يۆلىدى - دە ،
بىر قولى بىلەن ئۇنىڭغا بەلغەم قاچىسىنى تەڭلىدى . تاشمەتخان
خېلى ئۇزاق يۆتەلدى . بەلغەمنى ياندۇرالماي نەچچە قېتىم چۆجە
خورازدەك قىچقىرىپ ، كۆزلىرىدىن پۇرقىراپ ياش كەتتى .
كۆزلىرى تاڭنۇرنىڭ ئۆزىگە ئامراقلىق ، قىيالماسلىق بىلەن
تىكىلىپ تۇرغان ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرى-
شىپ قېلىپ ، يۈرىكىدىن بىر ئوتلۇق «ئاھ» ئېتىلىپ چىقتى .
چۈنكى ئۇ كۆزلەر كىمگىدۇر بىچارىلەرچە تىكىلىپ : «ھەق

دوس ، خەيرى قوللىرىدىن ، ئىمان دىللىرىدىن كەتمىگەي !··· مەن غېرىپ ، مۇساپىرغا بىرنى بەرسىلە ، خۇدايىم سىلىگە مىڭنى بەرگەي !··· » دەپ ئۇنسىز ئىدا قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەندى . تاشمەتخان ئەقىلدىن ئازغاندەك ، دىلنۇرنى تارتىپلا باغرىغا باستى ـ دە ، بۆرىدەك «هۇۋ»لاپ كەتتى .

بۇ ئۇنىڭ شەھەرگە قايتىپ كىرگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆزىنى تۇتالماي ئۇن قويۇپ يىغلىشى ئىدى . «ياق ، ياق ! — دەيتتى ئۇ ، ئىچىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ ، — ئوغۇل بالا نېمە ئىش قىلسا ئەيىب ئەمەس ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ياراشقۇدەك چىرايلىق قىزلىرىمنى ئۆلسەممۇ تىلەمچىلىككە سالمايمەن !··· » ئەتىسىدىن باشلاپ ، دىلنۇرمۇ تىلەمچىلىككە چىقمىدى .

# «مەي جۇرېن»نىڭ مەخپىي تارىخى

بۇ تولىمۇ كونا گەپ ، بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇنقى ھېكايە : زىۋەرىخانىنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ يۇرتقا مۇساپىر ئىدى . جاھانىنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن ئۆز يۇرتىدا جان باقالماي قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن بۇ ياش ئەر - خوتۇن بەش ياشلىق قىزى زىۋەرەمنى كەينىگە سېلىپ جاھان كېزىپ مەدىكارچىلىق قىلىپ يۇرۇپ قۇمسارايغا كېلىپ قالدى . دەسلەپ ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئۆيىدە كېيىن غوپۇر ھاجىم باينىڭ ئۆيىدە مەدىكار ئىشلەپ يازنى چىقاردى . ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە ئۇستىخىنى چۇشۇپ قالدى بولغاي ، قىش كېلىش بىلەنلا ئېرى يىللىقچىلىقتا ، خوتۇنى دېدەكلىككە يالLاندى . زىۋەرەم ئون ياشقا كىرگەن يىلى تومۇزدا تارقالغان يۇقۇملۇق ئىچ ئۆتكۇ قۇمسارايدىن يۇزلىگەن ئادەمنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتتى . شۇ قاتاردا زىۋەرەمنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ بار ئىدى . بۇۋىسارە خېنىم ئىگە - چاقىسىز قالغان بۇ قىزنى ئۆزىنىڭ ئۇچ قىزىغا قوشۇپ بالىچىلاپ بېقىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى . قىزلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى «ئۇچۇپ» كېتىشكە تەييارلىنىۋاتقاچ ، غوپۇر ھاجىم بايمۇ قۇلاق يوپۇردى…

بىلىنمەيلا ئۇچ يىل ئۆتۇپ كەتتى . زىۋەرەم بوي تارتىپ ، ئەپچىللا رەڭ تۇزۇپ قالدى . ئۇ ئويۇن - تاماشا دېگەننى زادى بىلمەيتتى . كۇن بويى بىردەم بىكار تۇرمايتتى . غوپۇر ھاجىم باي ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن رازى ئىدى . گېلىدىن ، كىيىم - كېچەكىدىن خېلى ئوبدان خەۋەر ئالاتتى . شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ

يېتىم قىز ئىكەنلىكىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى . كۆز كۆنلد-
رىنىڭ بىرىدە ئۇ ئوت ئېلىش ئۈچۈن باغنىڭ ئارقىسىدىكى
قوناقلىققا چىقتى . كۆندە ئىككى ۋاخ ئېلىنىۋەرگەچ ، ئوتىغۇچقا
چىققۇدەك ئوت قالماپتىكەن . زىنۋەرەم ئۇ ئېتىزدىن بۇ ئېتىزغا ،
بۇ ئېتىزدىن ئۇ ئېتىزغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ ، مەھەللىدىن خېلى
يىراقلاپ كەتكىنىنى تۇيمىدى . كەچكى شەپەق تارقاپ ، زاۋال
ۋاقتى بولاي دەپ قالدى . قاپمۇ ئوت بىلەن لىق تولدى . يۈدۈپلا
ماڭسا ، قاش قارايغۇچە ئۆزىنى ئۆيدە كۆرەتتى . ئالغان ئوتى
كۆزلىرىگە كۆندىكىدىن ئاز كۆرۈنۈپ ، قايتىپ كېتىشكە كۆڭلى
ئۇنىمىدى . قاپنىڭ ئىككى يېنىدىن تۇتۇپ تارتىپ ، ئوتنى دەس-
سەپ چىڭدىدى . ئالدى ، يەنە ئالدى ، ئېلىنىۋەردى...

سۇلار شارقىراپ ئاقسا ،
تۇگمەنىنىڭ نورى دەيمەن .
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە ، ئاللا بالىخان ،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن ، يادوس...

مەن بارالمىدىم تۇزغا ،
مەيدەمنى ياقاي مۇزغا؟ !
يانچۇقۇمدا پۇلۇم يوق ، ئاللا بالىخان ،
ئىچىم كۆيىدۇ قىزغا ، يادوس...

تونۇش ئاۋاز ، تونۇش ناخشا .
زىنۋەرەم ناخشىغا مەغۇل بولغاچ ، ئوت ئېلىشنى داۋاملاش-
تۇردى . كۆڭلىدە : «مەتكېرىم ئاكام كېلىپ قالسا ، بىللە كەت-
سەم بولاپتىكەن... » دەپ ئويلىدى ، ھەتتا ئۇنى توۋلىماقچى
بولدى - يۇ ، توۋلىمىدى . مەتكېرىمنىڭ ئاۋازى بارا - بارا
يېقىنلىشىپ ، كېيىن بىراقلا ئۆچتى . زىنۋەرەمنىڭ تېنى شۇر-

كۇنۇپ ، قايتىپ كېتىشكە تەرەددۇتلەندى . قاپنى تەسلىكتە يۇ-دۇپ ، ئوتىغۇچنى كۆتۈرگىنىچە بىرەر يۈز قەدەم ماڭدى - ماڭمىدى ، ئەمدىلا يول بويىغا يېقىنلىشىشىغا ، بىر غايىب قول ئاغزىنى مەھكەم تۇتتى - دە ، دەس كۆتۈرگەن پېتى قوناقلىققا ئەكىرىپ كەتتى...

زىۋەرەم ھوشىغا كەلگەندە ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باسقان بولۇپ ، قارا چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشىدىن بۆلەك ھېچقانداق سادا يوق ئىدى . ئۇ بىر ھازا بوغنۇقۇپ - بوغنۇقۇپ يىغلىدى . زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، كىمنىڭدۇر ئۆزىنى ئاستىغا بېسىپ تۇرۇپ تامبىلىنى سالدۇر-غىنى ، بىر يېرىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك قاتتىق ئاغرىتىۋەتكەـنىدىن بۆلەك ھېچنەرسىنى ئېسىگە ئالالمىدى . ئۇ ئاغرىق ھېلە-مۇ بار . كۆڭلەك - تامبىلى چىلىق - چىلىق ھۆل . نېمە ئۈچۈن ؟ سىيىپ تاشلىدىمۇ يا ؟ ئۇ ھېچنېمىنى بىلەلمىدى . بېشى قېيىپ ، ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىۋاتاتتى ، ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەيتتى . ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ ، ئادەمنىڭ قورق-قۇسى كەلگۈدەك جىمجىت - ئەنسىز... ئۇنىڭچە بولسا ، جايىدىن قوزغالمايلا ياتسا . لېكىن ، ئۇ كېتىشى كېرەك . قويلار ئاچ ، بۇۋىساره خېنىم يالغۇز . چوقۇم كۇتۇپ كۆزى تۆت . ئۇنى دېمە-گەندىمۇ زىۋەرەم قورققىنىدىن جېنى ئىچىدە قېچىپ يۈرۈدۇ . بۇ يەردە يەنە تۇرالمايدۇ...

ئۇ تەسلىكتە ئورنىدىن قوپتى . يەنە «سىيىپ» تاشلىدى . يوتىسىنى بويلاپ ئاققان «سۈيدۈك» ئوشۇقلىرىنىمۇ ھۆل قىلد-ۋەتتى . ئىتتىك ئولتۇردى ، قوپتى ، يەنە ئولتۇردى . «سۈي-دۈك» توختايدىغاندەك ئەمەس . نەچچە قوپۇپ ، نەچچە ئولتۇرۇپ باقتى ، يەنىلا ئوخشاش... يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى قۇرۇپ كەتتى . بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ ، كۆز ئالدى تېخىمۇ قاراڭغۇلد-شىپ كەتكىلى تۇردى . ئەمدى كېتىۋالمىسا ، مىشەدىلا...

زىۋەرەم لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قوناقلىقتىن چىقتى . تېمىسقاپ يۈرۈپ ، ئوت قاچىلانغان قاپنى تاپتى . يۈدۈپ بېقىۋىدى ، ئورنىدىن قوزغىيالمىدى . بۇنىڭسىزمۇ ، ئاياغلىرى گەۋدىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى . قاپنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىدى . كۆزىغۇ قىياتتى ، بۇۋىسارە خېنىمدىن قورقتى . مۇشۇ قورقۇش ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلدى ، ئەقىل بەردى ؛ ئۇ ئوتنى بىر سىقىم ـ بىر سىقىمدىن ئېلىپ يەرگە تاشلاپ قاپنى يېرىملاتتى ـ دە ، يۈدۈپ يولغا چۈشتى . يول بويى قانچە قېتىم يىقىلىپ قانچە قېتىم قوپتى ؟ قانچىلىك تەرى قانچىلىك يېشى ئاقتى ؟ بۇنى تەڭرىدىن بۆلەك ھېچكىم كۆرمىدى ، بىلمىدى…

زىۋەرەم بۇۋىسارە خېنىمدىن تىل ، ھەتتا تاياق كۈتكەنىدى . ئەكسىچە ، ئەگىنىنىڭ «غارت» قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ساپال چىراغنى كۆتۈرۈپ تاشقارقى ھويلىغا چىققان بۇۋىسارە خېنىم ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپلا ھودۇققىنىدىن :

— ۋىيەي ، نېمە بولدۇڭ ؟ ۋاي خۇدايىم ، كور بولاقتا تىقىلىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن ؟ بول ، قاپنى قويۇپ ، ئوچاقنىڭ ئالدىغا كىر !… ئوتنى جېنىڭغا تۇشلۇقراق ئالماي… سېنىزە… — دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە ئۇنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىردى . سۆگەتنىڭ يوغان كۆتىكى تۇتەپ كۆيۈۋاتقان مورا ئوچاقنىڭ پەگا تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى . قولىدىكى چىراغنى مورا بېشىغا قويۇپ ، تېخىچە خىرتىلداپ يىغلاۋاتقان زىۋەرەمگە بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەۋېتىپ ، زىۋەرەمنىڭ ئاستىدىكى كىگىزگە ئاققان قاننى كۆرۈپ قالدى ـ دە :

— ئاللا خۇدايىم… نېمە ئىش بۇ ؟ ! — دەپ پېشانىسىگە «ۋاققىدە» بىرنى ئۇردى ـ دە ، ئەقلىدىن ئازغاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، كىمنىدۇر قاغاپ كەتتى . زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، زىۋەرەمنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىنى قاراشتۇرۇپ چىقتى . ئۇنى ـ بۇنى سورىدى . زىۋەرەم ئۇنى قانائەتلەندۇرگۇدەك بىر نەرسە دەپ

بىرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەممىنى بىلدى، چۈشەندى...
زىۋەرەمنىڭ كۆك ماتا كۆڭلىكى، قىزىل ماتا تامبىلى، ھەممە يېرىگە يالاپ ـ يۇقۇپ كەتكەن قان ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى دەپ بەرگەنىدى. زىۋەرەمنى قىستاپ يۈرمىدى. پەقەت سورىمىسا بولمايدىغان بىر گەپ ـــ كىمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ سورىغانىدى، زىۋەرەم ھېچنەرسە دەپ بېرەلمىدى. ئەكسىچە، يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى، خالاس.
ـــ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئاغزىڭدىن چىقىرىپ تاشلىما! ـــ دەپ قايتا ـ قايتا تاپىلىدى بۈۋىسارە خېنىم ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىنى يەڭگۈشلەپ، ئوچاق بېشىدىكى لىق سۈيۈق ئاش ئۇسۇلغان پورا- چنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ، ـــ غوپۇر ھاجىم داداڭمۇ بىلمىسۇن. ئۇقتۇڭمۇ؟
ـــ ......
زىۋەرەم قانسىراپ كەتكەنىدى. نەچچە كۈنگىچە ئورنىدىن قوپالمىدى. ئېنىقراقى، بۈۋىسارە خېنىم ئۇنى يوتقان بىلەن مەھكەم چۈمكەپ، مىدىرلىغىلى قويمىدى. ئۇنىڭ نېمە بولغانلىـ قىنى سورىغانلارغا: «كېزىك بولۇپ قاپتۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ زادى نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلىشـ كە ئۈلگۈرمەيلا ئاياغقا تۇرۇۋالدى.
ئىش ـــ قىلسا، قىلسا تۈگىمەيدىغان ئىش...
ئىش بىلەن بولۇپ كەتكەن زىۋەرەم ھېلىقى جاننى قاقشىتىـ دىغان ۋەقەنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. بۈۋىسارە خېنىم ئۇنىڭغا ئۆز ئانىسىدەكلا تۇيۇلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىشارىتىگە مايىل، پۈتىغا پۇت، قولىغا قول ئىدى... غازان چۈشكىلى تۇردى. زىۋەرەمنىڭ كېتىپ ـ كېتىپ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىـ شىدىغان؛ تاماق يېگۈسى كەلمەي كۆڭلى ئېلىشىدىغان، ھەتتا قۇرۇق «ھۆ» تۇتۇدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇ كۈنلەردە، قۇمسا- راي تۇرماق، بۇ ئەتراپتىكى يۇرتلاردىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان

ئاچچىق گىلاس ، ئالا غورا... دېگەندەك نەرسىلەرنى چۈشلىرىدە كۆرەتتى ، تويغۇچە يەيتتى . ئويغىنىپلا چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ پۇشۇقۇنۇپ يىغلايتتى . قېشىدا بىر كىم بولمىسىلا كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايتتى . ئاتا ـ ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، دەردىگە دەرد قوشاتتى ، يىغىسىنى تېخىمۇ ئەدىتەتتى... ئورۇقلىدى ، چىرايى سارغايدى . پۈت ـ قولى ماغدۇرسىزلىنىپ ، ئىش خوشياقماس بولۇپ قالدى . كۈندۈزلىرى مۈگدەپلا يۈرەتتى . كەچ كىرىش بىلەنلا ئۇيقۇسى قېچىپ ، تۈننى تاڭغا ئۇلىيالماي ئۇن جېنىنىڭ بىرى قالاتتى . لېكىن ، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدى . بەزى كېچىلىرى ئىچىگە ۋەسۋەسە ، قورقۇنچ كىرىۋېلىپ ، تۈيۈپ ـ تۈيمايلا : «خۇدا ئۆزۈڭ بار !» دەپ نىدا قىلىپ قوياتتى .

خۇدا دىلىغا سالدىمۇ ياكى بۇۋىسارە خېنىم شۇنداق سەزگۈرمۇ ؟ بىر كۈنى زىۋەرەمنىڭ چىرايىغا تازا سىنچىلاپ بىر ھازا قاراپ كەتتى . ئاندىن ئۇنى ـ بۇنى سورىدى . زىۋەرەم قورۇنۇپ تۇرۇپ ئۆز جىسمىدا يېقىندىن بېرى سادىر بولغان ئۆزگىرىشلەرنى چالا قويماي سۆزلەپ بەردى .

ــ ماۋۇ پېشكەللىكنى كۆرمەمدىغان ! ــ دەپ يىغلاپ تاشلىدى بۇۋىسارە خېنىم . ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى ، ــ بويۇڭدا قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ !

«بويۇڭدا قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ !»

زىۋەرەم بۇ گەپنى خېلى كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . ھازىرمۇ بىلمىدى . بۇۋىسارە خېنىمنىڭ چىرايىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆڭۈشى ، ئاۋازىدىكى ئەنسىزلىك ئۇنى خېلىلا چۆچۈتتى . چەكچەيگەن كۆزلىرى بۇۋىسارە خېنىمنىڭ ئاغزىدا ئىدى .

ــ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنما جۇمۇ !

ــ ماقۇل .

بىركىمگە تىنىش تۈگۈل، نېمە ئۈچۈن تىنماسلىقىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغۇچە، زىۋەرەم ئۆزىنى مەتقۇناخۇننىڭ قويىنىدا كۆردى. قوناقلىقتا بولغان ئىشنى مەتقۇناخۇنمۇ قىلدى. لېكىن، زىۋەرەم ئۇنچىلا قىينالمىدى، ھوشىدىنمۇ كەتمىدى.

ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ!

زىۋەرەم كۆنۈپ قالدى، ھەتتا مەتقۇناخۇنغا ئامراق بولۇپ قالدى...

تۇغدى. ئۈچ كۈنلۈك تولغاق ئازابى ئۇنىلا ئەمەس، مەتقۇناخۇننىمۇ ئوچۇق گۆرنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىپ كەلدى. بالا — مۇشۇكنىڭ ئاسلىنىچىلىك قىز بالا — ئەمچەكنى ئاغزىغا ئالالمىدى. ئەمچەك؟ زىۋەرەمنىڭ ئۆزى تېخى ئاغزىدىن سۈت پۇرىدىقى كەتمىگەن بالا تۇرسا، ئەمچەك نەدە تۇرۇپتۇ!؟ كۆممىقوناقتەك تۈگمە، ئەمدىلا كۆكرەك تېرىسىنى كۆتۈرۈشكە باشلىغان ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى بەزدە سۈت نېمە ئىش قىلسۇن!؟

بالا ئۈچىنچى كۈنى ئۆلدى...

ئىككى قىش، ئىككى ياز چىقىپ كەتتى. يەنە كۈز. مەتقۇناخۇن يېرىم چارەك[1] يەرگە مەللە كېۋەز[2] تېرىغانىدى. تازا ئوخشىدى، يوپۇرمىقىدىن تولىراق غوزا ئالدى. زىۋەرەم ئەتىگىنى بىر ۋاخ، كەچقۇرۇندا بىر ۋاخ ئۇدۇللۇق ئېچىلغاننى ئۇدۇللۇق تېرىدۇ. زىۋەرەم سەمىرىپ، تولۇپ، رەسمى چوكان سىياقىغا كىرىپ قالغان. بەزى دىلى يېقىن چوكان ـ جۇۋانلار ئۇنىڭ يارىشىملىق مەيدىسى بىلەن يۇپيۇمىلاق ساغرىسىغا قاراپ: «ساڭا ئەر يارىشىپتۇ جۇمۇ، زىۋەرەم!...» دەپ چاقچاق قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ سايىسىنى مارايدىغان، گەپ ئەگىتىپ ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر تەمە قىلىدىغان يىگىتلەرمۇ يوق ئەمەس. زىۋەرەم سەممىي

---

① چارەك — ھازىرقى يەر ئۆلچىمىدە بىر موغا ياكى ئېغىرلىق ئۆلچىمىدە ئون كىلوگرامغا تەڭ.

② مەللە كېۋەز — كېۋەزنىڭ بىر تۈرى. رەڭگى سارغۇچ توپا رەڭگە مايىل. ھازىر نەسلى قۇرۇپ كەتتى.

چاقچاقلارنىمۇ ، «تىكىنى» بار ئىشارەتلەرنىمۇ كۆلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ .

زىۋەرەم يەنە كېۋەزلىكتە . كەچكى شەپەق ئوتقاشتەك جۇلا-سى بىلەن كۆز دالىسىنى تېخىمۇ گۈزەللىككە پۈركىمەكتە . كېۋەزلىكنىڭ قىرىدىكى قاغا جىگدە شاخلىرىنى ئارامگاھ قىلغان ئاققۇشقاچلار تىنىمسىز ۋىچىرلاشماقتا . ئاسماندا بىر توپ قاغا قۇجغىنەكمۇ ، سامۇ ، نېمىدۇر بىر نېمىنى ئالدىغا سېلىپ سۈ-رۈپ يۈرۈشىدۇ . قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ ئۆردەك كۆز يېتىم يەردىكى ساسلىققا چۈشۈپ كەتتى . يىراقتا ناخشا ئاۋازى . ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىپ ، زىۋەرەمنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىلا ياڭراشقا باشلىدى :

ئۇيانمۇ زەيكەش ،
بۇيانمۇ زەيكەش .
ئۆتەلمەيسەن كۆۋرۈك يوق ، ۋاي تاجىخان ،
ئارقامدىن ئەگەش ، خېنىم ، ئالتۇن .

ئۆگزەڭدە پەغەز ،
هويلاڭدا مەغەز①
ئويناپ - كۈلۈپ خەجلەيسەن ، ۋاي تاجىخان ،
گۈگۈتتەك قەغەز ، خېنىم ، ئالتۇن...

زىۋەرەمنىڭ زېھنى چېچىلىپ ، قوللىرى ئىشقا بارمىدى . يۈرىكى بىرخىل ئىزتىراپ ، خورلۇق ئىچىدە ئەنسىز تېپىرلاشقا باشلىدى . ئۇ ناخشا ئېيتىۋاتقان كىشىنىڭ مەتكېرىم ئىكەنلىكى-نى بىلگەنىدى . زىۋەرەم نىكۈنكى تۈغۈتتىن قوپتى ، مەتكېرىم

① مەغەز — ئېگىر . كۆل بويىدا ئۆستۈرۈلىدۇ .

ئۇنىڭغا ئىت چىۋىنىدەك يېپىشىۋالىدىغان بولدى . ئۇيان ئۆتۈپ-
مۇ ، بۇيان ئۆتۈپمۇ غەلىتە قىلىق ، غەلىتە چاقچاقلارنى قىلاتتى .
تېخى نومۇس قىلماستىن ، مەتقۇناخۇنىنىڭ يوتقاندىكى «كارامى-
تى»نىڭ قانداقلىقىنى سورايتتى . «مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ، داداڭ-
دەك ئادەمنىڭ قوينىدا قانداق ياتقۇڭ كېلىدۇ ؟ قېرىنىڭ قوينىدا
يېتىۋەرسەڭ قېرىلىقى يۇقۇپ ، ئالتە كۈندە موماي بولۇپ كېتى-
سەن جۇما !… » دەپ مەسخىرە قىلىپ ، كۆزلىرىدىن ياش ئالات-
تى . ئۇ يەر - بۇ يېرىگە قول ئۇزىتىشتىنمۇ يانمايتتى… زىۋەرەم
نەچچە قېتىم ئۇنى ئېرىگە چېقىشتۇرماقچى بولدى - يۇ ، ئۇنداق
قىلالمىدى . گەرچە ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ ، «دۇكان»
كۆرگەن چوكان ، ھەتتا بىر بالىغا ئانا بولغان جۇۋان ، مەتقۇنا-
خۇنغا ئۆمۈرلۈك نىكاھلانغان خوتۇن ئىدى . ئەر - خوتۇنچىلىق
نېمە؟ ئاشنىۋازلىق نېمە؟ ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى .
ئېرى ئۇنىڭ شىكايىتىنى توغرا چۈشىنىپ ، ئۇنى ئۆز ھىمايىسى-
گە ئالسىغۇ ئالدى ، بولمىسا ، يامان ئاتلىق بولغىنى ئاز كەلگەن-
دەك ، ئېرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ . بۇ تەرىپى ناھايىتى ئېنىق !…
زىۋەرەم تۇغۇتتىن قوپۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ، مەتقۇناخۇن ئۇنى كى-
چىك چاغلاپ ئاغزىنى تاتىلاپ باققۇسى كەلدىمۇ ياكى باشقىچە
غەرىزى بارمۇ؟ تۇيۇقسىز ، بىر چاغدا قوناقلىقتا يۈز بەرگەن
ھېلىقى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سوراپ قالدى . زىۋەرەم بىلگەن ،
سەزگەنلىرىنى چالا قويماي سۆزلەپ بەردى . مەتقۇناخۇن «پۇش-
شىدە» بىرنى تىنىپ ، ئۇنىڭغا كەيىنىنى قىلىپ ئۇخلاپ كەتتى .
كېيىن ، يەنە كېيىن… نەچچە - نەچچە قېتىم تەكرار سورىدى .
زىۋەرەممۇ بىرلا گەپنى تەكرارلاۋەردى . بۇنىڭ بىلەنمۇ گۇمانى
بېسىلمىغان مەتقۇناخۇن كەنت تەۋەسىدىكى بەزىلەرنىڭ ئېتىنى
ئاتاشتىنمۇ يانمىدى . غوپۇر ھاجىم باينىڭ ئېتى چىققاندا ، زىۋە-
رەمنىڭ يۈرىكى قان يىغلاپ ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى . مەتقۇ-
ناخۇن بۇنى «ئىقرار قىلغانلىق» دەپ چۈشىنىپ قالدى بولغاي ،

غوپۇر ھاجىم باينى كەينىدىن تىللايدىغان بولۇۋالدى... مانا مۇشۇ ئىشلار زىۋەرەمنى خېلى ئەقىللىق قىلىپ قويغان. ئېرىنىڭ ئالدىدا مەتكېرىمنى تىلغا ئالسا، ئۇ بۇ ئىشنى ئاسانلىقچە تۇگ-تىۋەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەتكېرىم «قاشقىسى» بار ئادەم. ئۇنىڭغا «خوراز» دېگەن لەقەم بىكار قويۇلمىغان. بىدىيان خې-نىم بىلەن ئاشنا ئىكەنلىكى غوپۇر ھاجىم بايدىن بۆلەك ھېچ-كىمگە سىر ئەمەس. پۇتۇن يۇرتتا خوتۇننى ئۇنىڭدىن كۇنلى-مەيدىغانلار يوق دېيەرلىك، مەتقۇناخۇنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەل-ۋەتتە. شۇڭا ئۇ يېشى يىگىرمىدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ تېخى بويتاق. ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان ئىككى چارەكلىك يەر بىلەن يەر بېشىدىكى كۇتلەك ئۆيدىن بۆلەك ھېچنېمىسى يوق. ئۇنىڭ كۆتىكىنى كولاپ بېرىپ، بۇنىڭ ئوتۇننى يېرىپ، ئېغىد-لىنى قۇرۇقداپ بېرىپ قورساق بېقىپ كۇنلەرنى، يىللارنى ئۆتكۈزىدۇ. غوپۇر ھاجىم بايدىن بۆلەك ھېچكىم ئۇنى ھەپتىدىن ئارتۇق ياللىمايدۇ...

— زىۋەرەم، ياﺋاللا... كۇندە مۇشۇ ئىشنى قىلىۋېرىپ، زېرىكمەمسەن؟ مەتقۇۋان دېگەن لىگتاسما سېنى ئىشلىتىپ ئۆل-تۇرۇۋېتىدىغان بولدى - دە!...

مەتكېرىم سۆزلىگەچ زىۋەرەمگە يېقىنلاشتى. زىۋەرەم «شارتتىدە» بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا غىل - پاللا بىر قارىدى - دە، ئىتتىك باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇ تەرلەپ كېتىۋاتاتتى. پۇت - قوللىرىدىن ماغدۇر كەتكەن. كۆزلىرى ھىمات ئىزدەيتتى. ئۇ-لارنىڭ ئېتىزىغا يانداشقان نەچچە كاندۇك كېۋەزلىكتىن بۆلەك ھەممە يەر شاللىق، ئاسماندا قاغا تويى، جىگدە شاخلىرىدا ئاق-قۇشقاچ، ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيدۇ...

زىۋەرەم لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدى-كى كېۋەزنى قاپقا سېلىشقا باشلىدى. يۇرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك، تىنىقى كېسىلىپ كېتىپ باراتتى. كۆڭلىدە قايسى

تەرەپ بىلەن ماڭسا مەتكېرىمدىن قوتۇلۇشىنى ئويلاۋاتاتتى . لې-
كىن ، مەتكېرىم ئويلاشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى :

— ئەجەب چىرايلىق بالىسەن جۇمۇ ، زىۋەرەم ! — مەت-
كېرىم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغانىدى . قولى ئۇنىڭ يەلكىسى-
گە تەگدى . زىۋەرەم بەدىنىدە چايان ئۆمىلەۋاتقاندەك سەسكە-
نىپ ، ئالدىغا ئىككى - ئۈچ قەدەم سەنتۈرۈلدى - دە ، ئىتتىك
ئۆزىنى ئوڭلاپ ئۇنىڭغا غەزەب بىلەن تىكىلدى . كۆز ياشلىرى
مۆلدۈردەك تۆكۈلۈۋاتاتتى ، — ھى ، ھى ، ھى… قورقۇپ
كەتتىڭمۇ ؟ چاقچاق قىلىپ قويدۇم . ھى ، ھى ، ھى…

مەتكېرىم غەلىتە ھىجىيىپ ، قىستاپ كەلگىلى تۇردى .
زىۋەرەم كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي ، بىر قەدەم ، بىر قەدەم
كەينىگە چېكىنىدى . ئۇمۇ ، بۇمۇ پات - پات ئەتراپقا قاراپ
قوياتتى .

— كۆيۈك دېگەننى بىلەمسەن ؟ مەن ساڭا نەچچە يىل
كۆيدۈم . سېنى ئالارمەن دەپ چۆرەڭدە ئەگىپ يۈرسەم ، غوپۇر
ھاجى دېگەن ئوغرى ماڭا بەرمەي ، مەتقۇۋان دېگەن قېرىغا بەردى…
بالامنىمۇ ئۆلتۈردۈڭ…

— نېمە !… بالا… ؟

زىۋەرەم ئاغزىدىن مۇشۇ گەپنىڭ قانداق چىقىپ كەتكىنىنى
تۇيمايلا قالدى . كۆزلىرى بۇلاقتا ئايلاندى . كاللىسى ئىشلەيدى-
غاندەك ئەمەس ئىدى . مەتكېرىم گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتى-
ۋەتتى :

— تېخى بىلمەمسەن ؟ قورسىقىڭدىكى بالا مېنىڭ ئىدى…

— ھە !…

— ھى ، ھى ، ھى… قىزلىقىڭنى ئالغىنىمنىمۇ بىلمەي-
سەن - دە ! ؟ ساڭا كۆيگىنىمدىن ، چىدىماي شۇنداق قىلغان…
شۇنداق قىلسام ، غوپۇر ھاجى دېگەن ئوغرى سېنى ماڭا بېرىدۇ-
تەمدىكىن دەپتىكەنمەن… گېپىمگە كىرسەڭ ، مەتقۇۋاندىن خې-

تىڭنى ئېلىپ ماڭا تەگ ، بولمىسا ئاشنا ئويناپ تۇرساقمۇ بولـ-
دۇ . بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىساڭ ، يا ئۇچرىغان يەردە تۇتۇۋېلىپ ھېـ-
لىقىدەك قىلىمەن ، يا ئۆلتۇرۇۋېتىپ خۇنۇڭنى تۆلەيمەن…
بۈگۈن ھەممە گەپنى ئۇقتۇڭ چىرايلىقچە ماقۇل دېسەڭ ، ھازىر
بىر قېتىم…
— تۇفىي !…
مەتكېرىمنىڭ گېپىنىڭ قۇيرۇقى ئاغزىدا قالدى . زىۋەرەم
غەزەپ بىلەن بىرنى تۇكۇرۇپلا قولىدىكى قاپنىمۇ ، ئېتىكىدىكى
كېۋەزنىمۇ يەرگە تاشلاپ ، ئۆزىنى شاللىق تەرەپكە ئاتتى ۋە
ھۇقىيتىپ يىغلىغىنىچە :
— مۇشۇ گېپىڭنى مەتقۇناخۇنغا دەپ ، ئەنتىمنى ئالغۇز-
مايدىغان بولسام !… — دەپ تەكرارلاۋەردى .
مەتكېرىم ئۇنىڭ كەينىدىن شاللىقنىڭ قىرىغىچە يۈگۈرۈپ
بېقىپ قەدىمىنى توختاتتى - دە :
— قېنى ، ئۇنىڭغا بىر دەپباقە ، سەن جالاپنىڭ قارنىڭنى
چۇۋۇپ ، ئۇچىيىڭنى بېشىمغا سەللە قىلىپ يۆگىمەيدىغان بولـ-
سام ، مەتكېرىم دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن ! — دەپ بىر
ھازا پوپوزا قىلىپ قويۇپ «غىپپىدە» تىكىۋەتتى…
زىۋەرەم ئۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمىدى . مەتكېرىممۇ ئۇنىڭ
كەينىدىن قالمىدى . لېكىن ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى .
مەتقۇناخۇن ئۆلتۇرۇلگەن چاغدا ، مەتكېرىم ئىككىنچى قىـ-
زىغا ئاتا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى…
زىۋەرىخان ھېكايىسىنى تۈگىتىپ ، بىر ھازا خىرتىلدىدى .
ئاق داكا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈز - كۆزىنى نەچچە قېتىم
سۈرتتى . ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان
توختى تۇر سوزۇپ «ئۇھ» تارتتى . زىۋەرىخان ئۇنى تۆلەندى
«داجەي» ئارقىلىق چاقىرتىپ كەلگەنىدى . نېمە ئۈچۈن چاقىر-
تىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا دېگىلى ئۇنىمىغان . بايىدىن بېرى توختى

تۇرغا بىر قىسمىنى دېدى . گەپنىڭ يوغان بېشى تېخى كەينىدە ئىدى :

— مەتكېرىمنىڭ كادىرلار ساناتورىيىسىدە دەم ئېلىشۋاتقىنى راستمۇ ؟

زىۋەرىخاننىڭ ھەممە ئادەم بىلىدىغان بۇ ئىشنى سورىشى توختى تۇرنى سەل ئەجەبلەندۇردى ـ يۇ ، چاندۇرمىدى . پاختىسى سىغنىقىپ شۆپۆكتەك بولۇپ قالغان ئەسكى شەنبىجى كۆپىدە يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېرىپ كۈيۈشۈپ قالغان ئاياغلىرىنى سەل رۇسلىۋېلىپ ئۇدۇللا جاۋاب بەردى .

— ھەئە .

— ئۇنى سىلە ئەۋەتلىمۇ ، يا ؟...

— ياق ، ناھىيە ئەۋەتتى .

— مەن تېخى سىلىنى ئەۋەتتى دەپ يۈرۈپتىمەن... — زىۋەرىخان بۇزنىنى بىر تارتىۋېلىپ ، تۇڭلۇككە قارىدى . تۇڭلۇك ئۈستىدە تىكلەشكەن كۆز قۇياشى توختى تۇرنىڭ ئارقا تەرىپىدە چاپاننىڭ پېشچىلىك يەرنى يورۇتۇپ تۇرغاچ ، ئۆي ئادەتتىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن يورۇق ئىدى ، — توۋا ، ھۆكۈمەت دېگەنمۇزە... سىلە مەتكېرىمنىڭ ئوغرىلىقىنى بىلەملا ؟

— ياق . قانداق دەيلا ؟

— ئۇ دېگەن بىر تۇتۇلماس ئوغرى !...

— شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق بولماي !... سىلە بىلمەيلا ، ئۇ بۇرۇنلا ئوغرى ئىدى ، ھازىرمۇ ئوغرى... مەن ئۇنى تۇتۇۋالغان . ئەگەرچەندە سوپۇرئاخۇن تۆپىگە كىرىپ قالمىغان بولسا ، ئۇ ئوغرى مېنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋېتەتتى...

بۇ ھەقىقەتەن يېڭى گەپ ئىدى . توختى تۇر ھەيران بولغىنىدىن ، زىۋەرىخاننىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى :

— راستمۇ؟ سىلە بۇ گەپنى بالدۇرراق دېمەي...
— بالدۇرراق دەي دېسەم، — زىۋەرىخان يىغلاپ تاشلى-
دى. ئايىغىغا يېپىلغان يوتقاننى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، راۋۇ-
رۇس يۆكۈنۈپ ئولتۇردى، — نېمە دېسەم بولا؟... سىلە مېنى
كېسەل دەملا؟ مېنىڭ ھېچقانداق كېسىلىم يوق. مەتكېرىمنى
كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپلا يالغاندىن كېسەل بولۇۋالغان... سىلىنى
ئىزدەپ باراي دېسەم، خەق: «ئېرى كېسەل ياتسا يوقلاپ قوي-
ماي، تو جۇرېنىنىڭ قېشىدا نېمىش قىلىدىغاندۇ؟» دەپ قالار-
مىكىن دەپ بوسۇغا ئاتلاپ چىقالمىدىم. تۈنۈگۈن ئاڭلىسام،
مەتكېرىمنى ساناتورىيىگە ئەۋەتىۋېتىشىپلا...
— سىلە بىلەن خوشلىشىپ ماڭغاندۇ؟
— قايسى يۈزى بىلەن مېنىڭ دىدارىمغا قارايدۇ!؟
— بۇ... ؟
— ئۇنىڭ جېنى مېنىڭ چاڭگىلىمدا، ئۇنىڭ قەستى مەن-
دە. مېنى قاچان ئۆلتۈرۈۋېتەركىن دەپ قورقۇپ يۈرىكىم سۇ...
زىۋەرىخان مەتكېرىم توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى چالا قوي-
ماي سۆزلىدى. ھېلىقى جېدەلنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئەينەن
دەپ بەردى. ئاندىن:
— مانا ئۇنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىلىرى، — دەپ ياستۇق-
نىڭ ئاستىدىن ھېلىقى چىپەرقۇت خالتىنى ئالدى-دە، ئىچى-
دىكى تىللالارنى توختى تۇرنىڭ ئالدىغا تۆكتى، — ماۋۇ زۇن-
نارنى مەن غوپۇر ھاجىم پومنىڭ كىچىك خوتۇنى بىدىيان خې-
نىمنىڭ بوينىدا كۆرگەن. ماۋۇ تۈگمىلەر غوپۇر پومدىن ماڭا
«مېۋە» تەگكەن نىمچىنىڭ تۈگمىسى. مەتقۇناخۇن مۇشۇ تۈگمى-
لەرنى ساتقىلى كېتىپ جېنىدىن ئايرىلغان. ئۇنى ئۆلتۈرگەن
ئادەم چوقۇم مەتكېرىم!...
توختى تۇر كۆزلىرىگە ئىشىنىپ-ئىشەنمەي، قىيپاچ
چۈشكەن كۈن نۇرىدا ۋاللىداپ جۇلالىنىۋاتقان ئالتۇن ئەسۋابلار-

غا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. زىۋەرىخان ئېيتقان «چۆچەك» ئۇنى 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ نېرىغا باشلاپ بارغان بولسا، كۆز ئالدىدا ياللداپ تۇرغان بىر دۆۋە «پاكىت» ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سې-لىپ، قېنىنى قاينىتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭچە بولسا، ھازىرلا مەت-كېرىمنىڭ ماتېرىيالىنى تەييارلاپ، قولىغا ئالدۇرۇۋەتسە، ھەتتا ئاتتۇرۇۋەتسە. لېكىن، پاكىت باشقا گەپ، پاكىتنى ئەمەلىي-لەشتۇرۇپ، جىنايەتنى بېكىتىش يەنە باشقا گەپ. بۇ ئالتۇن تۇگمىلەر زىۋەرىخانىنىڭ ئىكەنلىكىدە شەك يوق دېگەندىمۇ، ئۇ-لارنىڭ قانداق بولۇپ مەتكېرىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى زىۋەرىخانغىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ سىر. بۇ سىرنى ئاچماي تۇرۇپ، مەتكېرىمنى «قاتىل» دەپ بېكىتىلىكى بولمايدۇ. مانا ماۋۇ تىللا-لار ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئەتكەس مال. بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئەتكەس مال ساقلىشى، ئېنىقكى، جىنايەت يولىغا ماڭغانلىقى. سوپۇرئاخۇن پاش قىلغان، توختى تۇر مەخپىي تەكشۈرۈپ بېكىتكەن مەسىلىلەرگە قوشۇپ مانا بۇ زۇننارنىڭ كېلىش مەنبەيىنى ئېنىقلاپ كۆرسە...

ھاياجانلىنىپ كەتكەن توختى تۇر نېمە دېيىش، نېمە قى-لىشنى بىلەلمەيلا قالغانىدى. ئاخىر:

— بۇ ئىشتىن تۆلەندى ئاخۇننىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق. ئۇنىڭغا دېمىدىم... ئۇنىڭ مىجەزى بەك ئىتتىك. ئىشنى بۇزۇپ قويمىسۇن دەپ دېمىدىم. ئاندىن... ئەستا... ھېلىقى سەت ئىشنى ئۇنىڭ ئالدىدا قانداق ئاغزىمدىن چىقىرالاي-مەن؟! ئەگەر مۇشۇ تۇگمىلەر قولۇمغا چۈشۈپ قالمىغان بول-سا، ئۇ ئىشنى سىلىگىمۇ دېمەي، ئۆلگۈچە ئىچىمدە سېسىتىۋې-تەتتىم... ئوبدان تو جۇرېن، سىلىدىن خۇش بولۇپ كېتەي، ئۆزلىرىگە ئىشىنىپ دېگەن مۇشۇ ئىشنى ئۆزلىرىدىن بۆلەك

ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن جۇما !
— خاتىرجەم بولسىلا... سىلە تەمىنلىگەن بۇ پاكىتلار بىزنى كۈچلۈك قورالغا ئىگە قىلدى . مەتكېرىم بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇدىر بولالمايدۇ... سىلىمۇ بۇ گەپنى ھازىرچە ئۆزلىرىلا بىلىپ تۇرسىلا...
بۇ گەپنى بىركىمگە دەمدىغان !... تۆلەندى ئاخۇنغىمۇ دېمەيمەن دېسىلە !...
— توغرا دېدىلە . تۆلەندى ئاخۇنمۇ ئۇقماي تۇرسۇن !... يەنە بىر گەپ ، مەتكېرىمنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغۇچە ، سىلە يەنە بەش - ئون كۈن ساقايمىغان بولۇپ يېتىپ تۇرسىلا . بۇنىڭ ھەر جەھەتتىن پايدىسى بار... ماقۇلمۇ ؟
— ماقۇل . سىلە نېمە دېسىلە شۇ...
توختى تۇر خوشلىشىپ ئورنىدىن قوپقاندا زىۋەرىخان يېڭىۋاشتىن يوتقانغا يۆگەندى .

* * *

مەتكېرىمنىڭ ئاغزىدىكى قۇلۇپ ئاخىر ئېچىلدى . ئۇ سانا-تورىيىدىن ئۇدۇللا تۇرمىگە ئېلىپ بېرىلغانىدى . دەسلەپكى نەچ-چە كۈننى خۇپسەنلىك ، ئۆكتەملىك بىلەن ئۆتكۈزدى . ئاغزى بېسىلماي ئۆز تۆھپىلىرىنى سۆزلەپ ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇ-ياقتا تۇرسۇن ، تېرىنقچىلىك خاتالىقى بارلىقىنىمۇ ئىقرار قىلمى-دى . سوپۇر ئاخۇن تەمىنلىگەن يىپ ئۇچلىرى ئاساسىدا تەكشۈ-رۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن پاكىتلار ، بولۇپمۇ ھېلىقى گىرانات پارچىسى بىلەن ئالتۇن تۈگمە ۋە تىلللار بىر - بىرلەپ كۆزىگە تىقىلغاندا چاشقاندەك ياۋىشىپ ، نائىلاج دۇدۇقلىغىلى تۇردى :
مەتكېرىم بىدىيان خېنىمنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغىلا ، مەتقۇناخۇن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . بىدىيان خېنىم مەتقۇنا-

خۇنى كۆرۈپلا ئۆزىنى دەرۋازىنىڭ دالدىسىغا ئالدى . مەتكېرىمـ
ـنىڭ چىرايى «لاپپىدە» ئۆڭدى ـ يۇ ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى :
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — دېدى ئۇ زورىغا كۈلۈمسىـ
ـرەپ ، مەتقۇناخۇنغا قول ئۇزىتىپ ، — بازارغا كىرگەن ئوخـ
ـشىمامسەن ؟
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — مەتقۇناخۇن نائىلاج ئۇنىڭ
قولىنى قىستى ، — بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن ؟ بىدىيان خېـ
ـنىمنىڭ ئۆيىغۇ بۇ ؟
— سەنمۇ بىلەمسەن ؟
— تويىنىڭ مەپىسىنى ئۆزۈم ھەيدىگەن تۇرسام...
— ھە... مەن تېخى... شەھەرگە بەك ئەتىگەندە كىرىپ
قاپتىكەنمەن... ناشتا قىلىۋالاي دەپ...
— ناشتا قىلدىڭمۇ ؟
— ھەئە .
ئۇلار يولغا چۈشتى . كېتىۋېتىپ ، مەتقۇناخۇن چاقچاق
قىلدى :
— كونا ئوتلىرىڭ ئۆچمەپتۇ ـ دە ، مەتكېرىم ! «ناشتا
قىلدىم» دەيدۇ تېخى...
— راست...
— كېچىچە «قوش ھەيدەپ» ھېرىپ كەتكىنىڭ كۆزلىـ
ـرىڭدىن چىقىپ تۇرمامدۇ ! ؟ تۈنۈگۈن ناماز دېگەر بىلەن شەھەرـ
گە ماڭغىنىڭنى كۆرمىگەن بولسام كاشكى...
— چاقچاق قىلمىغىنا ، مەتقۇنىكا !...
— چاقچاق ؟ كۆر بۇ گەپنى... ئەمىسە كېچىچە نەدە ياتـ
ـتىڭ ؟
— كېچىچە... كېچىچە
— مانا گەپ تۇگىدىغۇ !... سېنىنزە...
— كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ...

— ئىتتىنىڭ كۆڭلىمىكەن ئۇ ! تېزىڭنى ياپسا ، مېزىڭ
چۇۋۇلۇپ تۇرغان... قاچانمۇ ئادەم بولارسەم ؟ ! مۇشۇ ئىشىڭنى
خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇقۇپ قالمىسا ياخشى ، ئۇقۇپلا قالسا
ئىككى پۇتۇڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلمىسا مانا مەن...

— سەن دېمىسەڭ ئۇقمايدۇ...

— نېمىشقا دېمەيدىكەنمەن ؟ مىشەدىن بېرىپلا دەيمەن !
ئايدەك خوتۇنى ، گۆھەردەك بالىسى تۇرۇپ ، پومپىشچىكنىڭ يا-
لىقىنى يالايدىغان سەندەك ئەسكىنى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئوڭلى-
مىسا...

— ئوبدان مەتقۇنىكا ، بۇداچە ئېغىر ئاياغ خوتۇنۇمنىڭ
يۈزىنى قىلىپ ، مۇشۇ گەپنى يوقىتىۋەتكىن !... كېيىن يەنە
شۇنداق پوقنى يەپ تاشلىسام ، نېمە قىلساڭ مەيلى !... ماقۇلمۇ ؟

— هى ، هى ، هى... قورقتىڭما ؟ ئېغىر ئاياغ خوتۇنۇڭنى
شېپى كەلتۈرمىگەن بولساڭ ، ساڭا ھەرگىز رەھىم قىلمايتتىم .
خەير ، شۇ بىچارىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ قالمىسۇن...

مەتقۇناخۇن ئۇنى بىرمۇنچە تەرلەتكەندىن كېيىن ، چاپان
بازىرى تەرەپكە كەتتى . مەتكېرىم ئۇنىڭ كەينىدىن بىردەم قاراپ
تۇردى - دە ، ئۆزىمۇ سەزمەستىن قارا كۆرە ئۇنىڭغا ئەگەشتى .
قۇلىقىدا ماۋۇ جۈملە :

«مىشەدىن بېرىپلا دەيمەن !...»

مەتكېرىم ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ : «سېنى
مەن كۆرمىدىم ، مېنى سەن كۆرمىدىڭ . بۇ ئىش ئىككىمىزنىڭ
ئارىسىدىلا قالسۇن... ئىككىنچى مۇشۇنداق پوقنى يېگۈچى بول-
ما !...» دېگەن ۋەدىسىگىمۇ ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى . ئۇنىڭ كەي-
نىدىن قوغلاپ بېرىپ ، يەنىمۇ چىڭراق ۋەدە ئالغۇسى ، بىرەر
ئاشخانىغا باشلاپ ئوبدان بىر مېهمان قىلىپ ، ئاغزىنى تىكمۇەت-
كۈسى ، ئاندىن يۇرتقا بىللە قايتقۇسى كەلدى . لېكىن ، ئۇنداق
قىلىشقا گەدىنى قويمىدى . «ئۇنىڭ ھېچكىمگە دېمەيمەن دېگىنى

يالغان ! — دەيتتى شەيتان ۋەسۋەسىگە سېلىپ ، — بۈگۈن دېمىسە ، ئەتە چوقۇم دەيدۇ . ئۇ چاغدا ، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئەدىپىڭنى يەپلا قالماي ، خوتۇن - بالاڭدىنمۇ ئايرىلىسەن . كەنتكە مىراپمۇ بولالمايسەن !... »

مەتكېرىم مەتقۇناخۇننى كۆزىدىن قاچۇرمىدى . ئۇ بىرقەدەم چامدىسا بىر قەدەم ، ئىككى قەدەم چامدىسا ئىككى قەدەم چامداپ ، كەينىدە سايىدەك ئەگىشىپلا يۈردى . مەتقۇناخۇن زەرگەر بازىرىدا ناھايىتى ئۇزاق ھايال بولدى ، ھەربىر زەرگەرلىك دۇكىنىدا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت تۇردى ، قولىدىكى نەرسىنى ھەممە زەرگەرگە كۆرسەتتى . مەتكېرىم تىلك - تىڭلاپ ئۇقتىكى ، ئۇنىڭ ساتماقچى بولغىنى قانداقتۇر ئالتۇن تۇگمە ئىكەن . تۇگمىلەر ئۆزى يوغان بولسىمۇ ، ئىچىگە موم قاچىلانغاچ ، ۋەزنى يېنىك ئىكەن زەرگەرلەر تارازىدا مومنىڭ ئېغىرلىقىنى چىقىرىۋېتىپ سېتىۋالماقچى بولۇشۇپتۇ . مەتقۇناخۇن بۇ گەپكە ئىشەنمەي ، ھېلى ئۇنىڭغا ، ھېلى بۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ . مەتكېرىم مۇشۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى...

بازار تارقاپ ، كۈن ئولتۇرارغا يېقىن ، مەتقۇناخۇن قۇمساراىغا يول ئالدى . مەتكېرىممۇ ئۇۋچى تايغاندەك ، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى ۋە شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپلا ئۇنىڭغا يانداشتى .

— يائاللا ، ئەجەب ئوبدان ئۇچراپ قالدىڭ ! — مەتكېرىم ھىجايغىنىچە مەتقۇناخۇننىڭ مۈرىسىنى تۇتتى . خىيالەتتە كېتىۋاتقان مەتقۇناخۇن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنى كۆردى - دە ، كۈلۈمسىرىدى ، — ياتونۇش بىر كىم ئۇچرىمىدى ، «كېچىدە يالغۇز مېڭىپ ، ئۆيگە قانداق كېتىپ بولارمەن» دەپ تازا ئەنسىرەپتىم...

— بىديان خېنىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپ ، كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قاپسەن - دە !

— بىر گەپنى دەۋېرىدىكەنسەن... — مەتكېرىم تېرىككەن-

ـدەك دومسايدى ، ــــ «ئـككـنچى ئۇنـلۇڭ دىدارىغا قارىمايمەن»
دەپ ۋەدە بەردىمغۇ ، ساڭا !··· ئۆزۈڭچۇ ؟ ئۆزۈڭ كىمنىڭ كۆزد-
ىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئولتۇرۇپ مۇشۇ چاغنى قىلىۋەتتىڭ ؟
ــــ مېنىڭ سەندەك قىچىقىم يوق ، ئۇكام··· نەچچە ئايدا
قەشقەرگە ئاران بىر كەلگەندە ، كوچا ئايلىنىپ بازار كۆردۈم .
ئۆيگە سودىلىق قىلدىم···
ــــ مەنمۇ شۇ··· بازار چۆرگىلەپ ، كۆزۈمنىڭ پىتىنى
ئۆلتۈردۈم···
ئىككىيلەن گەپلەشكەچ مېڭىپ ، قاش قارايغان چاغدا دەريا
بويىغا يېتىپ كېلىشتى . ھەر ئىككىسى يالاڭ ئاياغ ئىدى .
مەتقۇناخۇن ئۆشنىسىدىكى زەدەك ، چامغۇر ، تارشا گۇگۇت··· بىلەن
تولغان رەزگى خورجۇننى يەرگە قويۇپ ، سەگەز ئەستەرلىك
قىزىل چەكمەن تونى بىلەن ئاق ماتا يەكتىكىنىڭ پەشلىرىنى
قايرىپ بەلبېغىغا قىستۇردى ـ دە ، ئېغى تىزىغىچە ساڭگىلاپ
تۇرغان ماتا ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۈرگىلى ئېگىشتى . مەتكې-
ـرىم ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىدى . يەرگە ئېگىشىپلا قوش مۇشتەك
چوڭلۇقتىكى تاشنى ئالدى ـ دە ، مەتقۇناخۇننىڭ بېشىغا ئۇردى .
مەتقۇناخۇن دۈملا يىقىلدى . ئەسەبىيلەشكەن مەتكېرىم مۇشۇك-
ـتەك چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ، تاكى مەتقۇ-
ناخۇن جان ئۈزگەنگە قەدەر ئۇرۇشنى توختاتمىدى . ئاندىن ،
ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ، نىمچە ساتقان پۇل بىلەن ئالتۇن
تۇگمىلەرنى ئېلىۋېلىپ ، جەسەتنى دەرياغا تاشلىۋەتتى . ئارىدىن
يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتكەندە ، ئاشۇ ئالتۇن تۇگمىلەرنىڭ ئۆزد-
ىنىڭ بويىنىغا سىرتماق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى···
تىللالار «بەش خىل ئۇنسۇر»لارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا
قولغا چۈشكەن غەنىيمەت ئىدى . ھەرقايسى دادۈي ، ئىشلەپچىقى-
ـرىش دۈيلىرى ھەر قېتىملىق ئۆي ئاختۇرۇشتا قولغا چۈشكەن
ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا مەتكېرىمگە تاپشۇرات-

ـتى . مەتكېرىم ئۆزىگە لازىملىقلىرىنى ئېلىپ قېلىپ ، قالغىنىـ
ـنى گۇڭشېنىڭ كاسسىرى ئارقىلىق بانكىغا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى .
كاسسىرمۇ تېگىشلىك «نېسىۋە»گە ئېرىشىپ تۇرغاچ ، بۇ ئىشنى
ھېچكىمگە تىنمايتتى... ئەينى چاغدا ئۆي ئاختۇرۇلۇپ ، ئالتۇن ـ
كۈمۈشلىرى مۇسادىرە قىلىنغان «بەش خىل ئۇنسۇر»لاردىن
سۈرۈشتۈرۈپ تىزىملىك تۇرغۇزۇپ ، بانكىنىڭ جەدۋەللىرىگە
سېلىشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى ، باىـ
ـكىنىڭ تاپشۇرۇۋالغىنى مۇسادىرە قىلىنغان ئالتۇن ـ كۈمۈشـ
ـنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىكەن . زىۋەرىخاننىڭ قولغا چۈشۈرگىنى
تېخىمۇ ئاز بولۇپ ، مەتكېرىم بىلەن كاسسىر بۆزۈپ ـ چاچقانـ
ـنىڭ نەچچىدىن بىرى ئىكەن...
مەتكېرىم زۇننارنى «ھىدىيان خاندىن سېتىۋالغان» دەپلا
گەپنى ئۈزدى . زىۋەرىخاننى نىكاھىغا ئالغانلىقى تۆلەندىدىن پايـ
ـدىلىنىپ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىكەن . گۈلزارغا
باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى بىلەن سوپۇر ئاخۇننى ئالدىغانلىقىنى
ئاسانلا ئىقرار قىلغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ تويىدىن كېيىنمۇ
دائىم گۈلزارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقى ، مەقسىتىگە يېتەلمىـ
ـگەچ ، ھەرخىل يوللار بىلەن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ،
ھەتتا تېببىي مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئىسىمسىز خەت يېزىپ ،
گۈلزارنى مەكتەپتىن قوغلاتماقچى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغاندا ،
مەتكېرىم «تۆھمەت !» دەپ چىچاڭشىدى . ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى
خېتىنى كۆزىگە تىققاندا بولسا ، كۆزلىرى جامدەك چەكچىيىپ ،
چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى . ئەمدى ئۇ كىشىلەردىن يوشۇرـ
ـغۇدەك ھېچقانداق سىرى قالمىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، جېنىدىن
تەلتۆكۈس ئۈمىد ئۈزگەندى . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، كىمـ
ـنىڭ ئېتى تىلغا ئېلىنسا ، شۇنىڭدىن «مېنى پاش قىپتۇ» دەپ
گۇمانلىنىپ ، ئۇنىڭ چۇۋۇتقۇسىنى چۇۋۇپ رەسۋا قىلىۋەتتى ،
ھەتتا ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ ، بەزىلەرگە تۆھمەت چاپلاشتىنىـ

مۇ يانمىدى···

* * *

مەتكېرىم بىدىيان خېنىم توغرىلىق ئاساسەن ھېچنەرسە دېمىگەنىدى . لېكىن ، توختى تۇرنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق يوغان بىر سوراق ئالامىتى بار ئىدى . ئۆزى كۆزىتىپ ھېس قىلغان ، باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ئۇ ئەينى چاغدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئىنكاس قىلغاندا ، بەزى رەھبەرلەر توختى تۇرنى «چوڭ - چوڭ سىياسىي ئىشلارنى تۇتماي ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ئېسىلىۋاپسىز » دەپ ئەيىبلىگەن ھەم : «ھازىر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەركىبىدىكى ئامىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئەيىبىنى كولايدىغان ۋاقىت ئەمەس···» دەپ ئاگاھلاندۇرغان . مانا ئەمدى ھەممە ئىش چۈۋۈلۈپ كەتتى . «كولىماڭ» دەيدىغانلارمۇ يوق . ئەكسىچە ، رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى «چوڭقۇر كولاش» غېمىدە . شۇنداق ئىكەن ، توختى تۇر «كىچىك جەھەت» كىمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك !···

— بۇنى دەملا ؟ — دېدى بىدىيان خېنىم گويا ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز نەرسە ئۈستىدە گەپ قىلىۋاتقاندەك قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ . 45 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ تۇغماس ئايال ھېلىمۇ بورۇنقىدەك چىرايلىق ، ساغلام ئىدى ، — بۇنى مەي جۇرېن مەندىن ئۈستەك ئالغان ! ئۆزىمۇ شۇنداق دېگەن ھەقچان ؟

ئۇنىڭ جاللاتنىڭ قىلىچىدەك ئۆتكۈر ، يۈرەكلەرنى تېشىپ ئۆتكۈدەك غەلىتە سوغۇق نۇر چاقناپ تۇرغان يوغان ، قاپقارا كۆزلىرى ئۆزىگە ھاياسىزلىق بىلەن تىكىلگەندە ، توختى تۇرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ ، نەزىرىنى قاياققىدۇر يۆتكىۋالدى . ئۇنىڭغا

قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي ھودۇققىنىدىن ، شىرە ئۈس-تىدىكى تاماكا قۇتىسىنى ئالدىغا تارتىپ ، بارمىقى بىلەن تاكىل-دىتىپ چېكىشكە باشلىدى .

— توۋا ، شۇمۇ ئەركىشى بولۇپ قاپتۇ… نومۇس قىلماي ، ئاشنىسىدىن ئۈستەك ئالغان نەرسىنى خەققە تۇتقۇزۇپ قويغىنى-نى !… مەن تېخى بۇنى «ئاللىقاچان سېتىپ ئۈكلەپ بولدى ، يا بولمىسا ، بىرەر جالاپنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى» دەپ يۈرۈپ-تىمەن… خىيانەت قىلغان پۇللىرىنى ماڭا خەجلەپ بەردىم ، دېمىگەندۇ ؟

— دېدى ، — توختى تۇر قىلغىلى گەپ تاپالماي ، قارد-سىغا سۆزلىدى ، — ھەممە ئىشتا سىزنى شېرىك دەۋاتىدۇ…

— پوقنى يەپتۇ ! ھۇ بېشىنى يەيدىغان پىتلىق !… — بىدىيان خېنىم كاسىسىغا يىڭنە سانجىلىپ كەتكەندەك چىرقى-راپ ، ئورۇندۇقتىن قوپۇپ كەتتى . چىرايىدىكى باياتىنقى تەلۋى-لەرچە تەمكىنلىك ، مەغرۇرلۇق ئارىلاشقان ھاياسىزلىق ئورنىنى ئۆكتەملىك ، بىشەملىك ئىگىلىگەنىدى . مەتكېرىمنى قاغاۋېتىپ ، ئىشتاننىڭ ئىچىدىكى بىرنېمىسىنىمۇ ئاغزىغا ئېلىپ بولدى ، — ئىشەنمىسىلە ! ئۇ شوۋىچىغا ھەرگىز ئىشەنمىسىلە !… بۇرۇن ، ھەر قېتىم قەشقەرگە بارسا ، مەندىن توم - توم ئېلىپ خەجلەيتى-تى . مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ، مەندىنمۇ ئالمىدى ، ماڭى-مۇ بەرمىدى . مەندە قۇرۇق جاندىن بۆلەك ھېچنېمە بولمىسا ، نېمىنى ئالىدۇ ؟ ! بولسىمۇ بەرمىدىم تازا !… ئويلاپ باقسىلا ، «مەن يوغان گۇڭشېنىڭ جۇرىنى» دەپ گىدىيىپ ، نەدىكى راخد-نا بولۇپ كەتكەن جالاپلارنى ئۆيۈمگە باشلاپ كىرىپ ، كۆزۈمگە كۆرسىتىپ ئويناپ يۈرسە ، يەنە تۆپىلەپ ئۇنىڭغا پۇل خەج-لەمدىمەن ! ؟ ھەممە پۇلنى ئاشۇ جالاپلارغا خەجلىدى !…

— سىزگە زادى پۇل خەجلىمىدى ؟ ئەمىسە بىزنى ئالداپتۇ - دە ، ئۇ !…

— بايا دېدىمغۇ، ئۇنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمىسىلە!...

— ئۇلتۇرۇڭ، ئۇلتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — بىدىيان خېنىم ئورۇندۇققا چۆكۈپلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولۇۋاتقان بولسا كېرەك، قويغان ئۆپكىدەك ئاپپاق، يۇمىلاق يۈزلىرى گاھ بوزىرىپ، گاھ تېخىمۇ ئاقىرىپ كېتەتتى. كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. توختى تور ئالدىدىكى زۇنارنى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى، — بۇنى ئۇنىڭغا قاچان بەرگەن؟

— بۇنىما؟ بۇنى مىشەگە كۆچۈپ كېلىدىغان چاغدا بەرگەن.

— نېمىشقا بەرگەن؟

— نېمىشقا بېرەتتىم؟ «بۇ يەرگە كەلسەم، ئاشۇ زۇننارنىڭ يۈزىدىن ئوبدانراق كۆن كۆرەرمەنمىكىن» دەپ بەرگەن...

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «تارقاقلاشتۇرۇش» گېپى چىقار - چىقمايلا، ئۇنىڭ ئېتى داڭزىنىڭ بېشىغا يېزىلىپ قاپتۇ. تازا بېشى قېتىپ، يىغا يىغلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خۇددى بىركىم چاقىرىپ قويغاندەك مەتكېرىم كىرىپ كەپتۇ - دە، قونۇپ قاپتۇ. ئىككىسى كېچىچە ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ، قانغۇچە ئويناپتۇ. ئەگەر بىدىيان خېنىم راستتىنلا يېزىغا چۈشىدىغان بولۇپ قالسا، «ۋېيشىڭ» گوڭشېغا بېرىپ، مەتكېرىم بىلەن نىكاھلىنىشقا پۈتۈشۈپتۇ. ئەتىگىنى بىدىيان خېنىم كۆزىنى ئاچسا، مەتكېرىم ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، زۇننارنى ئويناۋاتقۇدەك...

— ۋىيەي، بۇنى نەدىن ئاللا؟ — دەپتۇ بىدىيان خېنىم ھەيران بولۇپ، — چۈشۈپ قاپتىكەنمۇ؟

— ياق، — دەپتۇ مەتكېرىم ئۇنى قېچىقلاپ، — بويۇنلىرىدىن ئالدىم.

— تۇيماي قاپتىمەن - دە!...

— مەن شۇنداق تۇيدۇرمايدىغىنى !…
— ئۆتسىلە، نېرى !…
ئىككىسى بىردەم پومىداقلىشىپتۇ . ئاندىن ، مەتكېرىم دەپ-
تۇ :
— بۇنى ماڭا بېرىۋېتەملا ؟
بىديان خېنىم ئۇنى ئۆزىنى سىناپ بېقىۋاتقان بولسا كې-
رەك دەپ ئويلاپ :
— بەرسەم بەردىم ، سىلىگە بەرمىگەن نېمەم قالدى ؟ ! —
دەپتۇ ناز - كەرەشمە بىلەن ، — لازىم بولسا ئېلىۋەرسىلە !… سىلە يا خوتۇن كىشى بولمىسىلا ، بۇنى ئاسىدىغان ! ؟…
— سىلىنى سېغىنسام ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويسام ، كۆيۈك ئوتۇم بېسىلارمىكىن دەيمىنا !… توي كېچىسى مۇشۇنداق ياتقۇ-
زۇپ ، بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويسام…
مەتكېرىم ئۇنىڭ بىلەن ئەمەس ، زىۋەرىخان بىلەن توي قىلدى .
— سىلە بىلەن توي قىلسام بولمايدىكەن ، — دېدى مەتكېرىم بىر كېچىسى ئۇنىڭ قويىندا يېتىپ ، — ھەممە گەپنى دەۋەتسەم بولمايدۇ . ھازىر جاھان بەك نازۇك… توختى تۇردىگەن سېرىق ئىت سىلىنىڭ قەشقەردىن كەلگەن ئارخىپلى-رىنى كۆرۈپ قاپتىكەن ، مېنىڭ سىلىگە گۇڭشې بازىرىغا ئۆي سالدۇرۇپ بەرگىنىمنى باھانە قىلىپ ناھىيىگە چېقىپتۇ . ئەگەر سىلە بىلەن توي قىلىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقسام ، ئۇ چوقۇم پۈتلىشىدۇ ، يامىنىغا كەلسە ، قارا ماتېرىيالىمنى تەييارلاپ بې-شىمغا چىقىدۇ . ئاشۇنداق كۆڭگە قالسام ، ماڭمۇ ، سىلىگىمۇ ياخشى ئەمەس… سەگەكرەك بولغىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق… توي قىلدۇق نېمە بولدى ، قىلمىدۇق نېمە بولدى ؟ ھەممىدىن خاتىر-جەملىك ئەۋزەل . بىر خوتۇننى قارانچۇق قىلىپ ئۆيگە ئەكىرىپ

قويسام ، ئۇششاق گەپ ـ سۆز تۈگەيدۇ . ئىككىمىزمۇ خاتىرجەم ئويناۋېرىمىز . بەش بالىغا دادا بولۇپ تۇرۇپمۇ سىلىنى تاشلىمىغان ئادەم ، ئەمدى ئۆلسەممۇ سىلىنى تاشلىۋەتمەيمەن… ماڭا ئىشەنسىلە ! ماقۇلمۇ ؟

«ماقۇل» دېمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى . بىدىيان خېنىم ھەققە بويسۇندى .

بىدىيان خېنىمنىڭ غوپۇر ھاجى پوم بىلەن نىكاھدىن ئاجرىشىپ ، «ياش ـ قېرى» دېمەستىن 8 — 10 ئەرگە تېگىپ ، بەزىسىنى ئەجىلىدىن بالدۇر ئۆلتۈرۈپ ، بارلىق تەئەللۇقاتىغا خوجا بولۇۋالغان بولسا ، بەزىسىدىن ئېغىز ـ بۇرنىغا يەپ ، ئۆيىدىن قۇرۇق جېنىنى ئېلىپ قېچىپ چىققانلىقى ؛ كېيىن شەمسىبانۇخان سەتەڭ[1] دېگەن دەللال ئايال بىلەن «ئەر ـ خوتۇن» بولۇشۇپ ، نۇرغۇنلىغان چوكان ـ جۇۋاننى بۇزۇپ يولدىن چىقارغانلىقى ؛ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ تاپا ـ تەنىسى ، ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەربىيىسى ، تەنبىھىسى ، قىلچە كار قىلمىغاچ ، «تۆت كونا»نى بۇزۇش مەزگىلىدە ئاھالە كومىتېت «قىزىل قوغدىغۇچى»لار ئەترىتى يېرىم كېچىدە ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ ، شەمسىبانۇخان سەتەڭ بىلەن ئىككىسىنى بىر يوتقاندا قىپيالىڭاچ ياتقان ھالەتتە تۇتۇۋېلىپ ، نەق مەيداندا قولىغا چۈشكەن چەت ئەلدە ياسالغان «بۇلغارى» قاتارلىق سايمان ـ جابدۇقلارنى بويىنىغا ئېسىپ ، نەچچە كۈن كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايە قىلغانلىقى ؛ شەمسىبانۇخان سەتەڭ بىر قېتىملىق پىيەندىن كېيىن بىرلا يىقىلىپ نەچچە كۈندىن كېيىن جان ئۈزگەنلىكى ؛ ئەكسىچە ، بىدىيان خېنىمنىڭ ھەدىسىلا ئىشتان ـ كۆڭلەكنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ ، پىيەن قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، تەشكىللىگۈچىلەرنى پاسسىپ ئەھۋالغا

---

① سەتەڭ — ئەركەك زەدەك .

چۈشۈرۈپ قويغانلىقى؛ ئاخىر ئۇنى يېزىغا سۈرگۈن قىلىپ قۇتۇلۇشتىن بۆلەك چارە قالمىغانلىقى… نى توختى تۇر يېپىدىن يىگىنىسىگىچە بىلەتتى. شۇڭا، مەتكېرىم ئۇنى گۆگىشى بازىرىدى-كى لەڭپۇڭچىلىق كارخانىسىغا كاسسىر قىلىپ ئورۇنلاشتۇر-ماقچى بولغاندا، توختى تۇر قوشۇلمىغان، ھەتتا ئۇنى تۆلەندى «داجەي»نىڭ «ئادەم» قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، تاشمەتخانىلارنى با-زاردا ئەپقېلىشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، مەتكېرىمنىڭ قولىغۇ-چىلىرى: «شۇنچە جىق ئادەمنى بازاردا ئېلىپ قالساق، جىگلىق نوپۇس كۆپىيىپ كەتمەمدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن كېلىپ ماكانلى-شىدىغانلارمۇ بازارغا ئورۇنلىشىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمىز؟ قالدۇرۇش توغرا كەلسە، ھېلىقى يالغۇز جان ئايالنى قالدۇرايلى. كۆزىمىزدىرەك تۇرسا ئەسكىلىك قىلالمايدۇ…» دېيىشىپ، توختى تۇرنى يالغۇز قالدۇردى. مەتكېرىم ئۇنىڭ «قۇلىقىنى تولغاپ» قويغانمۇ، بىديان خېنىم بىر يىلنى ناھايى-تى «پاكىز» ئۆتكۈزدى. كىشىلەر ئۇنىڭ چىرايىغا ئاشىق بول-غانمۇ ياكى ئۇنىڭ قولى تېگىش بىلەنلا لەڭپۇڭ باشقىچە ئوخشاي-دىغان بولۇپ كەتتىمۇ؛ ئادەتتە بازار كۈنىدىن باشقا كۈنلەردە ئاساسەن سودا بولمايدىغان لەڭپۇڭچىلىق كارخانىسىنىڭ سودى-سى قالتىس يۈرۈشۈپ كەتتى. بولۇپمۇ قىش كىرىش بىلەن يېرىم كېچىگىچە خېرىدار ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. تاپاۋىتىمۇ، گۆگىشىگە تاپشۇرۇدىغان پايدىسىمۇ ھەر قانداق بىر كارخانىنىڭ-كىدىن يۇقىرى ئىدى… كېيىن نېمە بولدىكىن، بىديان خېنىم بىراقلا «يېڭى پەدە» چىقىرىپ، ئۆيىدىمۇ «بازار» ئاچتى. قەش-قەردىن چىرايلىق ـ چىرايلىق چوكان ـ جۇۋانلار كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ھەپتە ـ ئون كۈنلەپ مېھمان بولاتتى. يېرىم كېچە ـ يېرىم كېچىگىچە نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ، ھاراق ـ شاراب ئىچىشەتتى. بۇنداق كېچىلەردە، بەزى مەتكېرىم يالغۇز، بەزى گۆگىشى ۋە داڈۇيلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇيلۇق كادىرلىرى ئۇلارغا ئۇلپەت بولات-

ـتى . ئۇلار تېخى ئاشۇ ئۇلپەتلەرنىڭ ئۆيىگە نۆۋەت بىلەن چىللىـ
ـنىپ ، بىر — ئىككى كۈندىن قونۇپ ـ تۈنەيتتى . قايتىدىغان
چاغدا ، سومكا ـ سومكىدا بۇ يەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرى سوۋغا
قىلىنىپ ، گۇڭشېنىڭ خادىكى بىلەن ناھىيىلىك بېكەتكىچە ئا ـ
پىرىپ قويۇلاتتى… بۇنداق «مېھماندارچىلىق» تەكرارلىنىۋەر ـ
گەنسېرى ، ئادەم تۇگۇل ، تام ـ تورۇسقىمۇ تىل چىقتى . ئىنـ
ـكاسنىڭ تولىلىقىدىن ، توختى تۇرغا ئارامچىلىق بولمىدى . سۇ ـ
رۇشتە قىلىنۋىدى ، بىديان خېنىم بىردەم ساغىنىقىنى ئاچسا ،
بىردەم ھەممە يېرىنى تەڭ ئوينىتىپ ناز ـ كەرەشمە قىلىپ :
«ۋاي ئوبدان توجۇرېن ، ۋاي چىرايلىق تو جۇرېن… مېنىڭ يا
ئېرىم ، يا بالام ، يا بۇ يەردە ئىچكۆيەر بىـىركىمىم بـولمىسا ،
ئايدا ـ يىلدا بىرەر قېتىم قەشقەرچە يەردىن مېنى ئادەم ئېتىپ
يوقلاپ كېلىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ، قەدىناس ئاغىنە ـ
بۇرادەرلىرىم بىلەن نەغمە ـ ناۋا قىلىپ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇس ـ
سۇل ئويناپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلمىسام ، يالغۇز ئۆيدە دۈم
يېتىپ ، دۈم قوپۇپ ، ئەجىلىمدىن بالدۇر ئۆلمەمدىمەن ! ؟
راست ، دېمىسەممۇ ئۆزلىرى بىلىلا ، بۇرۇن ئىش ئوخشىدى
دەپ ، ئالدىمغا ئۇچرىغان ئەر بىلەن ئويناپ كۆڭلۈمنى خۇش
قىلىپ يۈرۈپ ، ئايىغىدا ئىتتىنىڭ كۈنىنى كۆردۈم . نىكۈنىكى
خۇدايىم بۇ يەرگە ئەكېلىپ ھەر بىرلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى ،
شۇنىڭدىن بېرى ئەر كىشى ئېتى بارغا يېقىن يولىمىدىم…
ئويلاپ باقسىلا ، ئەتىگەندىن كەچكىچە دۇكاندا مىختەك ئولتۇ ـ
رۇپ لەڭپۇڭ ساتسام ، ئاخشىمى تۈن تەڭگىچە غەللە ساناپ ،
ئەزالار بىلەن بىللە لەڭپۇڭ ئۇيۇتۇپ ، تۇرۇپ قاينىتىپ ، ئەتىـ
ـنىڭ ئامادىسىنى تەييارلىسام ، ئەر خەق بىلەن ئوينىغىلى نەدە
چولام ؟ !… بىديان خېنىم يەنە بۇ يەرنىڭ ئەرلىرىنىڭ تولىمۇ
ئەخلاقلىق ئىكەنلىكى ، بىرەرسىنىڭمۇ ئۆزىگە قانات سۆرەش ئۇ ـ
ياقتا تۇرسۇن ، ئىلمىكى بار چاقچاقمۇ قىلىپ باقمىغانلىقى…

نى سۆزلەپ ، توختى تۇرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى . دەرۋەقە ، ئۇنى
«ئەر خەقلەر بىلەن سورۇن تۈزۈپ ، كۆڭۈل ئاچتىڭ...» دەپ
ئەيىبلىگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇلپەتلىرىنىڭ ھەم-
مىسى «يۇرت كاتتىلىرى» ئىدى . شۇڭا ، توختى تۇر ئۇنىڭغا «سې-
رىق ناخشا» ئېيتماسلىقنى جېكىلەش بىلەنلا بولدى قىلدى...
مەتكېرىمگە پىچاق سېلىنىشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرى ، بىديان
خېنىمنىڭ بىر قوشنىسى توختى تۇرغا : مەتكېرىم ، زىكرۇللا
قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ شۇ كۈنى كېچىدە بىديان خېنىمنىڭ
ئۆيىدە كوللېكتىپ ئاشنىۋازلىق قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەنلىكى ؛ بېسىپ كىرىپ تۇتۇۋالاي دېسە ، كېيىن مەتكې-
رىمنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققانلىقىنى ئېيت-
تى . بۇ توختى تۇر خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بايقاش
ئىدى . توختى تۇر ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى ،
بىديان خېنىمغا داۋاملىق كۆز - قۇلاق بولۇشنى تاپىلىدى ۋە
ئۇ بۇزۇقلارنى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈ-
زۈپ ، بۇ ئىشقا قاتناشتۇرۇشقا بولىدىغان ئىشەنچلىك ئادەملەرنى
كۆڭلىدە بېكىتتى . بىراق ، بىديان خېنىمنىڭ ئىككى ئادىشى
شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقنى يەپلا ، گۇڭشېنىڭ خادىمىگە ئۈلتۈ-
رۈپ قەشقەرگە يول ئالدى . توختى تۇرغا ئۇلارنىڭ يەنە بىر
قېتىم بۇ يەرگە كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتىن بۆلەك
يول قالمىدى... بىديان خېنىمنىڭ زۇننارىنىڭ مەتكېرىمدىن
چىقىشى توختى تۇرغا بىديان خېنىم بىلەن يەنە بىر قېتىم
يۈزلىشىش يولىنى ئېچىپ بەرگەن بولسا ، ئۇنىڭ : «ھەممە
پۇلنى ئاشۇ جالاپلارغا خەجلىدى...» دېگەن گېپى توختى تۇرنى
يېڭى بىر يولغا باشلىدى :
— مەن سىزگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى دەي ، مەتكېرىم ئادەت-
تىكى جىنايەتچى ئەمەس ، بەلكى زىۋەرىخانىنىڭ ئېرى مەتقۇناخۇن-
نى ئۆلتۈرگەن قاتىل...

— نېمە !؟ — بىدىيان خېنىم بوغۇزىغا پىچاق تەگكەندەك چىرقىرىۋەتتى . ئۇ خۇدىنى يوقىتايلا دەپ قالغانىدى ، — مۇنداق ئىشمۇ بارمۇ تېخى !؟ تىۋا خۇدايىم…

— ئۇ ئىقرار قىلغان جىنايەتلەرنىڭ نۇرغۇنى سىزگە چېتىلىدۇ…

— ماڭا ؟ ۋاي ئۆلەي !…

— گېپىمنى بۆلمەڭ ! — توختى تۇرنىڭ تۇرقى سۇرلۇك ، تەلەپپۇزى قوپال ئىدى . بىدىيان خېنىمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ ، ئۇنى ئۆچتى . غىلجىڭلىق قىلسا زىيان تارتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ ياكى توختى تۇرنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدىمۇ ، ئەمدى قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ، ياش يۇقى كۆزلىرىنى نەگىدۇر تىككىنىچە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى ، — باياتىن دېدىم : ئەگەر مەتكېرىم ئۆز جىنايىتىگە سىزنى چېتىۋالمىغان بولسا ، مەن سىزنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ يۈرمەيتتىم . چۈشەندىڭىزمۇ ؟

— چۈشەندىم ، تو جۇرېن ، چۈشەنمەمدىغان…

بىدىيان خېنىم توختى تۇرغا «يالتىتىدە» بىر قارىۋېتىپ ، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى . توختى تۇر داۋام قىلدى :

— هازىر مەتكېرىم ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ ، ئۇدۇل كەلگەن ئادەمنى چىشلەپ تارتىۋاتىدۇ . سىز توغرۇلۇق ئېيتقانلىرى ھەممىدىن جىق ، خاراكتېرىمۇ ئېغىر . ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاساس قىلىدىغان بولساق ، سىز بىلەن بۇ يەردە ئەمەس ، تۈرمىدە سۆزلەشسەك بولاتتى… بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىدۇق ؛ يەنە بىرى ، سىزنىڭ ئېپادىڭىزنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇق… قېنى ، ئاراڭلاردىكى ئىشلارنى راستچىللىق بىلەن سۆزلەڭ . بىز ئىككىڭلارنىڭ ئىقرارىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىمىز… شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي ، سىزنىڭ ئاياللىقىڭىز ، تۇللىقىڭىز ، بۇ يەرگە مۇساپىرلىقىڭىزنى ھېسابقا ئېلىپ ، سىز

بىلەن مۇشۇنداق ئايرىم سۆزلىشىۋاتىمەن. مەقسىتىم، سىزنى قانۇنىي جازادىن قۇتقۇزۇپ، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش...

بىدىيان خېنىم رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن تۇمشۇقىنى تۇتۇۋېلىپ خېلى ئۇزاق خىرتىلداپ يىغلىغاندىن كېيىن دۇدۇقلاپ گەپ باشلىدى:

ئاشىنىۋازلىقىنىڭ خۇمارىسى ئەپيۇنىنىڭكىدىنمۇ يامانراق ئوخشايدۇ، ئېرىگە، قۇمارىغا قىلچە كۆڭلى چۈشمەي، ئۈچ كۈن بۇ يەردە تۇرسا، ھەپتە-ئون كۈن قەشقەردە — ئاتا-ئانىسى قېشىدا تۇرۇۋېلىپ، غوپۇر ھاجىم باينى جېنىدىن جاق تويغۇزغان بىدىيان خېنىم نىكۇنىكى مەتكېرىم بىلەن تاسادىپىي بىر قېتىم ئويناپ قويىدى، شۇنىڭدىن بېرى ئاتا-ئانىسى خىيالىغا كەلمەس بولۇپ قالدى. ئاتا-ئانىسى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتمىسە ياكى غوپۇر ھاجىم باي ئۆزى مەپىگە سېلىپ ئېلىپ بارمىسا، بۇرۇنقىدەك «ئازنا شەنبە» قىلىپ قەشقەرگە بارمايدىتى. بۇ ئۇنى قالتىس خۇشال قىلدى. چوڭ خوتۇندىن ئاللىقاچان كۆڭلى سوۋۇغان بۇ ئادەم بارلىق مېھرىنى ئۇنىڭغا بەردى. ھەرقانداق ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ئۇنىڭ مەسلىھەتى — رازىلىقىنى ئالاتتى. مەيلى ئېغىز ئاچسۇن-ئاچمىسۇن، ئۇنى ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇنغا كۆمۈۋېتەتتى. ئۇنىڭدىن ئاشقىنى قىزلارنىڭ، بۇۋىسارە خېنىمنىڭ ئىدى. بۇنىڭغا ياردىشا، بىدىيان خېنىم ئۇنىڭدىن تەبەسسۇمىنى ئايىمايتتى. قاچان «كەل...» دېسە شۇئان قۇچىقىنى ئاچاتتى بۇۋىسارە خېنىمنى «خانئاچا» ئوغۇل-قىزلىرىنى «خېنىم-غوجام» دەپ ئېردتىپ يەيتتى، خىزمىتىگە سالاتتى. ھېچكىم ئۇنى يەكلىمەيتتى، گۇمانلانمايتتى. قىسقىسى، ئون سەككىز ياشلىق بۇ شاياتۇن ھەممەيلەننىڭ كۆزىنى باغلاپ، مەتكېرىم بىلەن ئارزۇ-ئارمانسىز ئويناشقا كەڭ-كۇشادە پۇرسەت يارىتىۋالغانىدى. ئۇ

بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي ، مەتكېرىمگە زىۋەرەمنى جۈپلەپ ، ئۇنى تاشقارقى هويلىغا كۆچۈرۈپ كېلىشنىڭ پېيىگە چۈشكەندى ، ئەپلەشمىدى : «سىلە ئۇنى بىلمەيلا ، — دېدى بۇۋىسارە خېنىم چېچەك - چوكان ئېچىلغان باهار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىككىيلەن پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا بىر - بىرىنىڭ قېشىنى تېرىپ ، يۈزىگە يىپ سېلىشىپ ئولتۇرۇپ ، هويلا بىلەن باغنى ئايرىپ تۇرغان ۋادەكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قوغۇنغا يەر تەييار قىلىۋاتقان مەتكېرىم توغرۇلۇق گەپ بولغاندا ، — ئۇ دېگەن ئۆتۈپ كەتكەن بىر مەرەز . ئايىغى نەگە تەگسە ، شۇ يەردە خاپىلىق چىقىدۇ . قولىمۇ ئىلمەك... باللىنىڭ دادىسى ‹بېشىنى سىلاپ قويساق ساۋاب بولىدۇ› ، دەپ ئانچە - مۇنچە ئىشقا سېلىپ قويمىسا ، مېنىڭ ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق... زىۋەرەم ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قالغان . قۇلىقى يۇمشاق ، ئەقىللىق بالا . خۇدا نېسىپ قىلسا ، يەنە ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ئۇنى يا تۇغقانلارنىڭ بىرىگە ، يا بولمىسا ، چوڭ ئوغلۇم نادىرغا جۈپلەپ قويىمەن... »

نېمە بولدىكىن ، شۇ يىلى كۈزدە ، زىۋەرەمنى نادىرغا ئەمەس ، مەتقۇناخۇنغا جۈپلەپ قويۇشتى . زىۋەرەمنىڭ تويى بولۇپ ھەپتىدىن كېيىن بۇۋىسارە خېنىمنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋەرى كەلدى . بىدىيان خېنىم «مىجەزىم يوق» دەپ يوتقانغا يۆگىنىۋالدى . بۇۋىسارە خېنىم قارىلىق كىيىپ ، بالىلىرى بىلەن مەپىگە ئولتۇرۇپ ئۆلۈم پەتىسىگە كەتتى . ئۆي بىدىيان خېنىمغا ئۇڭچە قالدى . بۇنداق كۈنلەردە ، بىدىيان خېنىم مەپىكەشنىڭ سەككىز ياشلىق قىزىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ بىر بۇلۇڭغا چۈمكەپ قويۇپ ، كېچىچە مەتكېرىم بىلەن ئاشنىۋازلىق قىلاتتى . بۈگۈنمۇ ئاشۇ نىيەتتە ، كۈننىڭ كەچ بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى . قېرىشقاندەك ، يورۇق نامازدىگەردە غوپۇر هاجىم باي پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئالتە ياشلىق

ئوغلى كەنجىنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ، قارا كېچىككە مەشرەپكە كەتكەنىدى . ئەسلى سەككىز — ئون كۈن تۇرماقچى ئىدى . چۈشى بۇزۇلۇپ قايتىپ كەپتۇ . بىدىيان خېنىمدىن قىز- يىناغىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپلا تازغۇنغا ئات سالدى . كەنجىنى «سىلىگە ھەمراھ بولسۇن» دەپ ئۆيدە قويۇپ كەتتى ...

ئاجايىپ شېرىن كېچە . نەچچە سائەت ئىرمىشىپ - چىرمى- شىپ ، بىر - بىرىنىڭ تېنىدىن قانغۇچە لەززەت ئېلىپ «ئۇھ» دېگۈدەك ھالى قالمىغان مەتكېرىم بىلەن بىدىيان خېنىم بىر - بىرىگە يېلىمدەك چاپلاشقان ھالدا تاتلىق ئۇيقۇدا . شۇ تاپتا ، بىر كىم ئىككىسىنى يوتقان بىلەن كۆتۈرۈپلا ئېلىپ كەتسىمۇ تۇيماي- دۇ... ئاۋۋال ئاخشامدىلا شىرداق ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخ- لاپ قالغان كەنجى تىپىرلىغىلى ، خىرتىلدىغىلى تۇردى . بىدى- يان خېنىم ئۇنىڭ كىيىمىنى سالدۇرمايلا ، ئۈستىگە كۆپە تاشلا- پ قويغانىدى... كەنجى ئويغىنىپ كەتتى . قورسىقى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى . كۆپىنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن قوپ- تى . كۆزلىرى قاراڭغۇغا كۆنۈك ئىدى . تىمىسقاپ يۈرۈپ بىدى- يان خېنىمنىڭ ئورنىنى تاپتى - دە ، مەتكېرىمنىڭ يۈزىنى سىيلاپ :

— دادا... دادا... چىچىمەن ، — دېدى يىغلامسىراپ . ئۇ مەتكېرىمنى دادىسى دەپ قىياس قىلغانىدى .

مەتكېرىم يۈزىدە قۇرت ئۆمىلىگەندەك توختىماي مىدىرلا- ۋاتقان نەرسىنىڭ كەنجىنىڭ قولى ئىكەنلىكىنى تۇيغاندا ، ئەزرا- ئىلنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغاندەك شۈركۈنۈپ ، بېشىنى يوت- قاننىڭ ئىچىگە تىقتى - دە ، ئانا قارىنىدا ياتقاندەك بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بىدىيان خېنىمنىڭ كاسىسىنى بوشقىنا چىمدىدى .

— ئانا !... — بىدىيان خېنىم چۆچۈپ ئويغىنىپ ، مەتكېرىمنى مەيدىسى بىلەن تۇرتۇپ ناز بىلەن ئەركىلىدى ، —

ئەسكىلىكىنى ! ئادەمنى چىمدىپ··· قورقۇپ يۈرىكىم چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى !··· تۇتۇپ باقسىلا مانا··· ئات چاپقاندەك دۈكۈلدەپ كېتىپ بارىدۇ !···

مەتكېرىم ئۈنچىقمىدى . بىدىيان خېنىم ئۇنى قەستەن ئۇخلىغان بولۇپ جىم يېتىۋالدى دەپ قىياس قىلىپ ، بېشىنى تارتىپلا يۈزىنى مەيدىسىگە چاپلاپ ، ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە :

— ۋىيىش ، ما ئادەمنىڭ يېتىشىنى··· خۇددى ئانىسىنى ئېمىۋاتقان بوۋاقتەك !··· ئەمچىكىمنى ئېمىۋالمىسىلا جۇمۇ ! — دەپ ئەمچىكىنى يۈزىگە سۈركىگىلى تۇرۇۋىدى ، مەتكېرىم ئۇنىڭ پاختىدەك يۇمشاق قوللىرىنى قوپاللىق بىلەن سىقىپ ، ئۇنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتەردى . بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان بىدىيان خېنىم «ۋاي ـ جان !···» دەپ چىرقىرىغان پېتى قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى ـ دە ، يوتقاننى تېپىشلاپ ئېچىۋېتىپ ، جالدىقىنى چالغىنىچە ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى . ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى :

— چىرايلىق ئاشىق ھۆرلىقانىڭ ھالىنى !··· مەندىن تويۇپ كەتكەن ئوخشىمامىلا ؟··· بولاپتۇ ، ئۇبدان گەپ ئىكەن··· قوپسىلا ! بېزىرىپ يېتىۋەرمەي ، ئۆزلىرىگە يارايدىغانىنىڭ قېشىغا بارسىلا !··· ھوي . مەتكېرىم ئاخۇن ، ئۆللىمۇ نېمە ؟ !

— ئاچا ، سەن مەتكېرىم ئاكام بىلەن ياتتىڭمۇ ؟

بىدىيان خېنىم ئۈجۈقۈپ كەتتى . ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ، ئۆزىگە بىر غېرىچ كەلگۈدەك ئارىلىقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان كەنجىنى كۆرگەندى .

— كەنجىمۇ سەن ؟ — دېدى ئۇ ، گېلىنى بىر كىم بوغۇۋالغاندەك خىرقىراپ . ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەيتتى .

— چىچقىم كېلىپ كەتتى !···

— ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان شۇمقۇش ! قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدى ـ يا··· ماڭ جۇگۇ ، باغقا چىقىپ يېرىلىپ كىر !···

— قورقۇمەن...
— ئاناڭ جالاپتىن قورقامسەن ! ؟
— باغدا كوكاچ بار...
— شۇنداق دېگەن ئادەم پوقنىڭ ئىسسىقىنى يەپتۇ ! قورق-ماي چىقىۋەر !... ھېلى بىكار ئىشتىنىڭغا چىچىپ سالساڭ مەندىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈسەن !...
كەنجى «ۋاررىدە» يىغلاپ، جايىدىن قىمىرلىمىدى. سەل ھوشىنى تاپقان بىديان خېنىم ئاپچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنى ئالداشقا كۆچتى :
— ئوبدان ئوكام، گەپكە كىرىپ باغقا چىققاچ تۇر. مەن كىيىمىنى كىيىپلا كەينىڭدىن چىقىمەن. ماقۇلمۇ ؟
— ئەمىسە ھازىرلا چىق جۇمۇ، ئوبدان ئاچا !...
كەنجى شۇنداق دەپلا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئەمما، دەلىز-گە چىقىپلا خىرتىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. قارىغاندا، كەنجى سىرتقا چىقمايدىغاندەك قىلاتتى. بىديان خېنىم : «دەلىزگە چىچىۋەر» دېمەكچى بولدى - يۇ، دېمىدى. بۇ ئۇنىڭ كەنجى بىلەن تۇنجى قېتىم بىر ئۆيدە يېتىشى ئەمەس ئىدى. مەتكېرىم بىلەن بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا قورقۇپ تۇرۇپ چالا - پۇچۇق ئويناپ تويمىغان بۇ چوكان ئۆيدىكىلەر بىر يەرگە بېرىپ قونۇپ قالماقچى بولسا، بىرەر باھانە تېپىپ بارغىلى ئۇنىماي، كەنجىنى «ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىمەن» دەپ ئېلىپ قالاتتى. كەنجىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. دادىسى ئۆيدە قونمىغان كېچىلىرى دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىر يوتقاندا ياتاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق كېچىلەر-دە، بىديان خېنىم كەنجىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، مەتكېرىم بى-لەن ئاشنىۋازلىق قىلاتتى. تاڭ ئاتارغا يېقىن، كەنجىنى ھاجەت-كە ئېلىپ چىقىش باھانىسىدە ئەتراپنى كۆزىتىپ، مەتكېرىمنى يولغا سېلىۋېتەتتى. تېخى بەزىدە قەستەن يۆتىلىپ - چۈشكۈ-رۈپ، كەنجىنى بىر نېمە دەپ ئەركىلىتىپ، ئۇخلاۋاتقانلارنى

ئويغىتىپ، ئۆزىنىڭ كەنجىگە نەقەدەر كۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رۈپمۇ قوياتتى. شۇڭا بۇ ئائىلىدە ھېچكىم ئۇنىڭ شۇ قەدەر
«سۈيۈق»لىقىنى سەزمىگەن، ھەتتا گۇمانمۇ قىلمايتتى. مانا
بۈگۈن كەنجى ئۇنىڭ ئاشنىسى بىلەن بىر يوتقاندا ياتقىنىنى
كۆرۈپ قالدى. تېخى: «مەتكېرىم ئاكام بىلەن ياتتىڭمۇ؟» دەپ
سورىدى. ئەتە بۇ گەپنى چوقۇم يا ئانىسىغا، يا دادىسىغا دەيدۇ.
ئۇ چاغدا...

بىدىيان خېنىم ئانىدىن تۇغما ھالەتتە ئولتۇرغان بولسىمۇ،
نېمە ئۈچۈندۇر ھەممە يېرىدىن پۇرقىراپ تەر ئۆرلەشكە باشلى-
دى. بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئاينىۋاتاتتى. ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرى-
سىغا توختىتىلغان تەكى مەشكە كەپلەپ سېلىنغان ئوتۇن ئاللى-
قاچان كۆيۈپ بولغان بولسىمۇ، ئىچىدىكى چوغ يالىلداپ تۇرات-
تى. يوغان ئەينەكلىك تۈڭلۈكتىن قىيپاچ چۈشكەن ئاي نۇرى
ئۇدۇللا ئۇنىڭ ئاپئاق تېنىگە سىڭىپ كېتىپ باراتتى. دەلىزدە
كەنجىنىڭ خىرتىلدىشى، يېنىدا مەتكېرىمنىڭ پۇشۇلدىشى...

كەنجىنى قانداق ئالداش، ئاغزىنى قانداق «دۇملەش» غې-
مىدە خۇدىنى يوقىتايلا دەپ قالغان بىدىيان خېنىم ئاخىر ئەپچىل
بىر چارە تاپقاندەك بولدى ـ دە، ئېڭىشىپ مەتكېرىمنىڭ قۇلى-
قىغا پىچىرلىدى:

— مەتكېرىم ئاخۇن...

— ھە، نېمە دەيلا؟ — مەتكېرىمنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭكى-
دىنمۇ پەس ئىدى.

— مەن ئاۋۇ شۇمنى يېرىلدۇرۇپ كىرگۈچە، سىلە ساراي-
غا كىرىپ تۇرۇپ تۇرسىلا.

— نېمىشقا؟

— بايا ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىغانلا؟

— ئاڭلىدىم... قانداق دەيلا؟

— مەن قايتىپ كىرىپ چىراغنى يېقىپ، ئۇ شۇمنى

سىلىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقلىرىغا ئىشەندۈرمىسەم ، ئۇ شۇم ئەتىلا دادىسىغا دەيدۇ…

— ماقۇل . مەن ھازىرلا…

مەتكېرىم يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى . بىدىيان خېنىم ئورنىدىن قوپۇپ ، كىيىمىنى ئىزدەۋېتىپ نېمىگىدۇر پۇتلاشتى - دە ، دۈگۈجۇپ بېرىپ بىلىكى مەشنىڭ كارنىيىغا تەگدى . ئۇ «ۋاي…» دەپ چىرقىراپلا مەتكېرىمنىڭ پۇتىغا دەسسەپ ئوڭدا چۈشتى . ھېلىمۇ ياخشى ، مەتكېرىمنىڭ گەۋدىسى توسۇپ تۇر- غاچ ، كاناي ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشمىدى . مەتكېرىم كانايىنى كۆ- تۈرگىنىچە چۆراپ ئورنىدىن قوپتى . شۇ چاغ :

— ئاچا !… — دەپ يۇگۇرۇپ كىرگەن كەنجى ئۆزىنى بىدىيان خېنىمنىڭ ئۈستىگە ئاتتى - دە ، ھۆركىرەپ يىغلىغىلى تۇردى…

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار مەتكېرىم- نى ساراڭ قىلىۋەتتىمۇ ياكى نىيىتى ئەسلى شۇنداقمۇ ؟ ئۇ پاختىلىق تونىنى يېپىنچاقلاپ ، كەنجىنى بىدىيان خېنىمنىڭ ئۈستىدىن يۇلۇپلا ئالدى - دە ، ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇپ كۆتۈر- گەن پېتى سىرتقا ئېلىپ ماڭدى . ئۇ قايتىپ كىرگەندە ، بىدىيان خېنىم تېخىچە ئېسىنى يىغالماي ئولتۇراتتى .

— كەنجى قېنى ؟ — ھاسىراپ كىرىپ كەلگەن مەتكېرىم ئىشىكنى يېپىۋاتقاندا ، بىدىيان خېنىم ئاسۇقۇپ سورىدى ، — ئۇنى يالغۇز قويۇپ كىرىلىمۇ نېمە ! ؟

— كاچكۇلغا تاشلىۋەتتىم…

مەتكېرىم لاغىلداپ تىترىگەن پېتى بىدىيان خېنىمغا چاپ- لاشتى .

— ۋىيەي ، نېمە دەيدۇ ماساراڭ !… — ئەندىكىپ كەت- كەن بىدىيان خېنىم بىر تەرەپتىن كۆچىنىڭ يېتىشچە تىپچەك- لەپ ، ئۇنىڭ قوللىرىدىن بوشىنىشقا تىرىشسا ، يەنە بىر تەرەپ-

تىن ، ئۇنى «چاقچاق قىلىۋاتىدۇ» دەپ قىياس قىلىپ ، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ ئەركىلەيتتى ، — چاقچاق قىلـ-مىسىلا ، ئۇنداق... ھېلى كىرىپ قالسا ، گېپىمگە كىرمىگەنگە تويۇدىغان ئىش چىقىدۇ... قوپسىلا ، ئىتتىك سارايغا كىرىۋالسىـ-لا ! ئۇنى ئۇخلىتىۋېتىپ . ئويىنساقمۇ - چا...

— ئۇ كىرەلمەيدۇ . ئاللىقاچان ئۆلدى...

— ھە !...

بىدىيان خېنىم «پاڭڭىدە» يىغلىۋەتكەنىدى ، مەتكېرىم ئۇ-نىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ئاستىغا باستى ۋە نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئالدىراش چۈشەندۈردى . بىدىيان خېنىم دەسلەپ قايىل بولماي خېلى تىركەشتى . كېيىن ، ئۆزىنى ئۆل-تۈرۈۋالغان بىلەنمۇ كەنجىنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايدىغانلىـ-قىغا كۆزى يەتتى - دە ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، تەقدىرگە تەن بېرىش نىيىتىگە كەلدى ؛ يەنە بىر جەھەتتىن ، مەتكېرىمگە تاپا - تەنە قىلىۋەرسە ، ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزىنىڭ تەقدىرىمۇ كەنجىنىڭ تەقدىرىدەك بولۇشىغا كۆزى يەتكەنىدى .

— قورقمىسىلا ، — دېدى مەتكېرىم ئۇنىڭ ئاغزىنى قويۇۋېتىپ ، — مەن ھەممىنى ئويلاپ قويدۇم . غوپۇر ھاجى سىلىنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ...

— ھەممىنى ئويلاپ قويۇپتىمىش !... — بىدىيان خېنىم يۈزىنى يانغا بۇراپ خىرتىلدىغىلى تۇردى ، — سىلىغۇ بۇ يەر-دىن چىقىپلا جانلىرىنى ئېلىپ بىر يەرگە قاچالا ، مەن قانداق قىلىمەن ؟ «بالامنى نېمە قىلدىڭ ؟» دەپ سوراقىقا تارتسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن ؟ !...

— نېمانچە تەتۈرلۈك قىلىدىغانلا ؟ قورقمىسىلا دېدىمغۇ ! ھېچ ئىشنى بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ : «مەن ئۇخلاۋاتقاندا ، ئۆندەرەپ قوپۇپ كۆلگە بېرىپ قالغان ئوخشايدۇ...» دەپ تۇرۇ-ۋالسىلا ، سىلىگە ھېچقانداق گۇناھ ئارتالمايدۇ...

ئىش مۇشۇنداق پۈتتى . ھېچكىممۇ بىديان خېنىمدىن گۇ-
مانلانمىدى . لېكىن ، ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەچ ، ھەپتىدەك
تەكىيە تۇتۇپ يېتىپ قالدى . غوپپۇر ھاجىم باي ئۇنىڭ چۆرىسىدە
پەرۋانە ئىدى . كەنجىنىڭ پىراقىدا بىر كۆزى ياش ، بىر كۆزى
قان بولغان بۇۋىسارە خېنىممۇ ئۇنىنى ئۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى…
ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن ، مەتكېرىم بىديان خېنىمغا خالىغان-
چە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى . ئايدەك ھۆسنى ، گۈلدەك
جىسمىدىن خالىغانچە ھۇزۇرلانغاندىن تاشقىرى ، ھېلى ئۇنى ،
ھېلى بۇنى تەلەپ قىلاتتى . بەزىدە يېلىنسا ، بەزىدە كەسكىن
بۇيرۇق قىلاتتى . بىديان خېنىم سەل تىرەجىسە ، مەتكېرىم
كەنجىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قوياتتى . ھەتتا :
«بىديان خېنىمنىڭ كەنجىنى كاچكۇلغا تاشلىۋەتكىنىنى ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ، دەپ گەپ تارقىتىمەن…» دەپ تەھدىت
سالاتتى . بارا - بارا ، ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم ئويناش بىديان
خېنىمغا ناھايىتى قىممەتكە توختايدىغان بولدى . ئەلۋەتتە ، ئۇ-
نىڭغا بېرىدىغان ئۇستەكنى ھەرخىل يوللار بىلەن ئېرىدىن ئالات-
تى . ئېرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ ھېچنەرسىنى ئايىمايتتى…
مەتكېرىم بىديان خېنىم بەرگەن ئۇستەك بىلەن ئۆيلەندى .
خوتۇن - باللىرىنىڭ كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمىكىنىڭ
خېلى كۆپ قىسمى بىديان خېنىمنىڭ ئۇستىكى ئىدى . كۈنلەر-
نىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىش بىديان خېنىمغا قاتتىق ھار كېلىش-
كە باشلىدى . ئويناشقىمۇ تويىدى . ئىلگىرىكى ھەۋەس ،
خۇلق - نازلىرىنىڭ يۈزدىن ، مىڭدىن بىرىمۇ قالمىدى . مەتكې-
رىم بىلەن بىللە بولغاندا ، ئۆزىنى كىملا ئاستىغا بېسىپ ،
ئەيلەپ چەيلىسە بولىۋېرىدىغان ئەسكى پوستەك تېرىگە ياكى
كىملا ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرسا - ياتسا بولىۋېرىدىغان رەزگى
كۆرپە - يوتقانغا ئوخشىتىپ ، يۈرىكى قان يىغلاپ كېتەتتى .
مەتكېرىم نېمىلا قىلسا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي ، جان-

سىز ـ ھېسسىياتسىز رېزىنكە قونچاقتەك جىمجىت تۇرۇپ بېرەتتى . ئۇ نەپسىنى قاندۇرۇپ كۆزدىن يوقالغاندا بولسا، «ئۇھ» دېگۇدەك ھالى قالمىغۇچە ئېسەدەپ يىغلاپ كېتەتتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئارا كۇندە ئالتە قېتىم «بەر ـ بەر» دەپ قىستىشى؛ دېگىنىنى بەرمىسە، ئىتنى سىلكىگەندەك سىلكىشلىرى؛ تۇگىمەس تەھدىت ـ پوپوزىلىرى بىديان خېنىمنى جېنىدىن جاق تويغۇزغانىدى . بۇنىڭسىزمۇ، كەنجىنىڭ ئۆلۈمى بىلەنلا ئىچىگە قورقۇنچ چۇشۇپ كەتكەن بىديان خېنىم ئۇنىڭدىن ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقۇدىغان؛ ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش تۇگۇل ئېتىنى ئاڭلىسىمۇ ئەت ـ جانى تىكەنلىشىپ، پوقتىن سەسكەنگەندەك سەسكىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى . كەنجى چۇشىدىن چىقمايتتى . بەزىدە كۇپكۇندۇزدە كۆزلىرىگە كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى، يىغا تۇتاتتى، كېچىلىرى تۇزۇك ئۇخلىيالماي يۇلتۇز سانايتتى، ئۇنىسىز نىدا قىلىپ، تەڭرىدىن گۇناھىنى تىلەيتتى . كۆزلىرى ئىلىنىسىلا ھەرەڭ ـ سەرەڭ چۇشلەرنى كۆرۈپ، ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولمايتتى . يېگىنى چىرايىغا چىقماي ئورۇقلىغىلى، سارغايغىلى تۇردى . كۇلكە ـ تەبەسسۇمى ئۆچتى؛ چاچقۇن، يىغلاڭغۇ، يامانلىغاق بولۇپ قالدى . قىلدىن قىيىق كەتسىلا قەشقەرگە كېتىۋېلىپ، قايتىپ كەلگىلى ئۇنىمايتتى . «خېتىمنى ئالىمەن» دېسە، دادىسى ئاخۇن ھاجىم : «ئۇ ئۆيدىن ئۆلۇكۇڭ چىقىدۇ، تىرىكىڭ چىقمايدۇ» دەپ گەپ يېمەيتتى . چۇنكى ئۇنىڭ دادىسى ھەج سەپىرىدىن قايتىشىدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ، جىمى ۋەجىدىن ئايرىلىپ بومباي كوچىلىرىدا تېنەپ يۇرگەندە، غوپۇر ھاجىم باينىڭ دادىسى ئەسرا ھاجىم «ھىندى»غا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭ كارۋىنىغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كېلىۋالغان . ئەسرا ھاجىم يول بويى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاندىن تاشقىرى، بەش قېچىر مالنى نىسي بېرىپ،

ئۇنى «تىرىلدۇرۇپ» قويغان . ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپ ، ئەسرا هاجىم شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، قەشقەر شەھەرىدىكى كاتتا كارۋان سارىيى بىلەن ساراي ئەتراپىدىكى دۇكانلىرى نىسەن[1] گە ئېلىنغان ، ئاخۇن هاجىم «ۋاپاغا ۋاپا قىلىش» ئۈچۈن ، غوپۇر هاجىم بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىنى قويۇقلاشتۇرغان . غوپۇر هاجىم قەشقەرگە كەلسىلا ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ؛ ئۇلارمۇ قۇمسارايىنى «قوغۇنلۇق يولى» قىلىۋالغان ھەم ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپ يالغۇز قىزى بىدىيان خېنىم 15 ياشقا كىرگەندە غوپۇر هاجىمغا كىچىك خوتۇنلۇققا بەرگەن . بۇنىڭغىمۇ ئۈچ يىل بولدى . نېمە ئۈچۈندۇر بىدىيان خېنىم تۇغمىدى . ئۇنىڭچە بولسا ، بىدىيان خېنىم تۇغسىلا بېغىر بېسىپ قالاتتى...

بىدىيان خېنىم ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئىلىنىشىپ قالغان ناتىۋان كېپىنەكتەك تىپىرلاپ يۈرگەن كۈنلەردە ، ئاتا ـ ئانىسى كەينى ـ كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى . ئىگە ـ چاقىسىز قالغان بۇ چوكان لېۋىنى چىشلەپ ، تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى . «جاھان ئۆزگىرىپ» ، «بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش سىياسىتى» تەشۋىق قىلىنىشقا باشلاش بىلەنلا بىدىيان خېنىمغا يېڭىباشتىن جان كىردى ۋە يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەرگە بىر كېتىۋېلىپلا ، قۇمسارايغا ئىككىنچى ئاياغ باسمىدى . ئېرىمۇ چوڭ خوتۇنىغا تۇيدۇرماي ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ رازى قىلدى . بىراق ، مەتكېرىم ئۇنىڭغا قەشقەردىمۇ ئارام بەرمىدى . بىدىيان خېنىممۇ بوش كەلمەي ، «ئالاي» دەپ گەپ ئاچقان ئەرلەرگە «ياق» دېمەي تېگىۋەردى . ئەرلىرىنىڭ بەزىسىگە ئۇنىڭ تېنى «سوغۇق كېلىپ» ئۆلسە ، بەزىسى «تۇغمىدىڭ» دەپ كەشىنى توغرىلاپ قويدى ، يەنە بەزىسىدىن

---

① نىسەن — مۇسادىرە قىلىش .

ئۆزى بەزدى . قارىغاندا ، بىرەر ئەر بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتەلەيدى-
غاندەك قىلمايتتى . ئاخىر ، لەڭپۇڭچىلىق كارخانىسىنى چۆرۈي-
دىغان شەمسىبانۇخان سەتەڭگە «تەگدى» ھەم لەڭپۇڭچىلىق
كارخانىسىغا ئەزا بولدى . ئەمدى ئۇ خالىسا ئەرلەر بىلەن ،
خالىسا ئاياللار بىلەن ئوينايتتى . ھەممىسىدىن دۆڭ - دۆڭ
يۇلۇپ ئالاتتى . كىيىشى ئېسىل ، يېيىشى ئېسىل ، خەجى چوڭ
ئىدى . مەتكېرىم بېزىرىپ بوسۇغىسىدا پەيدا بولسا ، بىرەر كېچە
ئۆيىدە قوندۇراتتى - دە ، قايتىدىغان چاغدا : «كارخانىدىن قو-
لۇمغا بىر نەرسە تەگمىدى» دەپ ھال ئېيتىپ ، 2 — 3 كوي
كىرا پۇلى تۇتقۇزۇپ قوياتتى ياكى قۇرۇق قول ئۇزىتىۋېتەتتى .
مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئۇنىڭ بېشىغا بالا بولدى . شەھەر كوچىلى-
رىنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىنىش ، «ئېرى»نىڭ ئۆلۈمى ،
«خوتۇن»لىرىنىڭ پىچەن يىغىنلىرىدىكى ئاشكارا شىكايەتلىرى ؛
كوچا باشقارمىسى ، ئاھالە كومىتېتىنىڭ تاملىرىغا چاپلىنىۋاتقان
چوڭ خەتلىك گېزىتلىرى ئۇنىڭغا قەشقەرنى ھارام قىلدى . بۇ
كۈنلەردە ، ئۇنىڭ يالىقىنى يالاپ ، تاپقىنىنى ئۇنىڭ ئېتىكىگە
تۆكمىسە كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدىغان بايۋەچچىلەر ئۇياقتا تۇر-
سۇن ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ دىدارىغا قارىماس بولۇۋالدى .
ئەكسىچە ، ئۇنىڭ «داڭقى»نى ئاڭلىغان بەزى ئويۇنپەرەس ياش
ئەر - ئاياللار ئىزدەپ - سوراپ لەڭپۇڭچىلىق دۇكىنىغا كېلىپ
ئۇنى «ئېكىسكۇرسىيە» قىلىپ كېتىدىغان بولدى . بۇنى ئاز
دەپ ، ھەممە يەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇنىڭ گېپى ؛ ئۇنىڭ
شەنىگە ياغدۇرۇلۇۋاتقان لەنەت - نەپرەت...

بىديان خېنىم كۈندۈزلىرى بۇ ئىشلارنى چىۋىقىغا ئالماي-
ۋاتقان ، ھەتتا نامى پۇتۇن قەشقەرگە تارالغىنىدىن پەخىرلىنىۋات-
قاندەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرگىنى ، گەپنى پوجاڭزىدەك
قىلىپ ھېچكىمنى ئېغىز ئاچقۇزمىغىنى بىلەن ، كېچىلىرى ئە-
شىك - تۈڭلۈكنى مەھكەم دۈملەپ ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغ-

لاپ چىقاتتى . ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تۇپراق بېشىغا چىقىپ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەرۋاھى بىلەن يىغلاپ كۆنلەپ ـ يىغلاپ كۆنلەپ مۇڭ-دىشاتتى ، دەرد تۆكەتتى . ئۆزىنى قېشىغا ئېلىپ كېتىشنى ئىلـ-تىجا قىلاتتى... «تارقاقلاشتۇرۇش» گېپى ، مەتكېرىمنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشى ئۇنىڭ ئۈمىد شامىنى قايتا ياندۇردى . ئۆيىنى ھۆكۈمەتكە ساتتى ـ دە ، بۇ يەرگە كەلدى .

ئويناش ، ئويناش ، ئويناش !... پەقەت مەتكېرىم بىلەنلا...

بىر يىل بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى . مەتكېرىمنىڭ ئابرۇيى ئۆستى ، ئۆلى چىڭىدى ، ئۆيلەندى ، پەدىسىمۇ كۆپەيدى . ئەمدى ئۇ بىدىيان خېنىم بىلەن ئويناپ قانائەتلەنمەيدىغان بولدى ، سەھ-رانىڭ «قىغ پۇرايدىغان» چوكان ـ جۇۋانلىرىنى ياراتمايدىكەن . بىدىيان خېنىمنى شەھەرنىڭ «ئەتىر پۇرايدىغان» نازىنىنلىرىنى چىللاپ كېلىشكە قىستىدى . بىدىيان خېنىم دەسلەپ تىركىشىپ بېقىۋىدى ، «دېگىنىمنى قىلمايدىكەنسەن ، بەش خىل ئۇنسۇرلار قاتارىدا نازارەت ئاستىدا تېزەك تېرىسەن !» دەپ پوپوزا قىلدى . ئۇ شەرتسىز شۇنداق قىلالايتتى . بىدىيان خېنىم قورقتى . دەر-دىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، بۇنىڭغىمۇ كۆندى . «كانايچىدىن يەل كەت-تى» دېگەندەك ، مەتكېرىمدىن تۇتام ـ تۇتام پۇل ئېلىپ قەشقەر-گە باردى ـ دە ، تونۇش دەللال چوپقەتلىرى ئارقىلىق «تىرناقتا توختايدىغان» گۈزەللەرنى تۆۋەت بىلەن ئەكېلىپ ، مەتكېرىمنىڭ «ھاجىتىنى راۋا» قىلدى . دەسلەپ بىرى بىلەن ئوينايدىغان مەتكېرىم بارا ـ بارا ئىككى ـ ئۈچنى قاتار قىلىپ ئوينايدىغان ، زىكرۇللا قاتارلىق يېقىنلىرىنى باشلاپ كىرىپ ، ئېيىقتەك يالـ-ڭاچ بولۇپ تاڭ ئاتقۇچە ـ تاڭ ئاتقۇچە نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ ، ئىچكۈلۈك ئىچىشىپ ، چوكانلارنىڭ تۆپىسىدە ئېغىناپ ، ئادەم توگۇل ھايۋانمۇ قىلمايدىغان سەت قىلىقلارنى قىلىشىدىغان بول-دى . پۇل دېگەننى قەغەزدەك چاچاتتى . بىدىيان خېنىم پەگاغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ ، ئۇنى ئىشىك بېقىش ، تاماق ئېتىشتىن

بۆلەككە سالمايتتى...

— ئۈچ يىل بولدى، كۈنۈم مۇشۇ! — دېدى بىدىيان خېنىم قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈپ. هازىر ئۇ بۇنىڭدىن يېرىم سائەت ئىلگىرىكى ئۆزىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى، — خۇدايىم گۇۋاھ، ئۈچ يىلدىن بېرى، هېچقانداق ئەر كىشى قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىدى... مەتكېرىم دېگەن لۈكچەك قىپقىزىل يالغان سۆزلەپتۇ! مەن ئۇنىڭ بىر پۇڭنىمۇ كۆرمىدىم... ھەممىسىنى ئاشۇ جالاپلارغا خەجلىدى. ئىشەنمىسىلە شۇلاردىن سوراپ باقسىلا! ھەممىسىنى ئالدىلىرىغا ئەكېلىپ بېرەلەيمەن!...

بىدىيان خېنىم دەمدەردەك «ھۇق» تارتىپ بىر هازا يىغلىدى. يۈزلىرى ناغرىدەك ئىسسىلىپ، ياشتىن ئالىپاساق بولۇپ كەتتى. «شۈلۈك - شۈلۈك» قىلىپ بۇرنىنى تارتاتتى. قوللىرى يېشىنى، پوتلىسىنى ئېيتىپ بىردەممۇ جىم تۇرمايتتى. مىشىلداۋېتىپ:

— مەن هازىر بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمەن. كېچە - كۈندۈز خۇدايىمدىن كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى تىلەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىمەن... — دەپمۇ ئۇلگۇردى.

توختى تۇر تاكى ئۇ يىغلاپ ھېرىپ، «ئۇ - ھ - ھ» دەپ سوزۇپ بىر تىنىپ، ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلگەنگە قەدەر كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇۋەردى. ئىككىيلەننى بىر جۇپ شىرە ئايرىپ تۇراتتى. بىرى ئۇنىڭ، بىرى مەتكېرىمنىڭ خىزمەت شىرەسى ئىدى. مەتكېرىمنىڭ ئورۇندۇقىدا بىدىيان خېنىم ئولتۇرۇپتۇ. مەشكە ئوت يېقىلمىغاچ، ئىشخانا سوغۇق ئىدى. توختى تۇر سوغۇققا كۆنۈكمۇ ياكى ھەربىيچە جۇۋىسىدىن سوغۇق ئۆتمەمدۇ؟ مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندەك بەخىرامان ئولتۇراتتى. ئەكسىچە، بىدىيان خېنىم گېپىنى توختىتىش بىلەنلا سۇغا پىشلغان مېكىياندەك شۈمشىيىپ، قوللىرىنى پاختىلىق چېپەرقۇت پالشوپكىسىنىڭ

يېڭىگە تىقىۋالدى . تىنىقى ئىتتىپ ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىتى-
رەشكە باشلىدى . كۆز قارچۇقلىرى توختىماي پىلدىرلاپ ، ھېلى
توختى تۇرغا ، ھېلى قەيەرگىدۇر ئاياننچىلىق تىكىلەتتى . كې-
يىن ، بېشىنى بىر ئېگىۋالغىنىچە ئىككىنچى ئۇستۇن قىلمىدى .
— سىزنى مەتكېرىم بىلەن يۇزلەشتۇرسەك ، مۇشۇ گەپلى-
رىڭىزنى ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ دېيەلەمسىز ؟
توختى تۇرنىڭ بۇ سوئالى بىدىيان خېنىمنى بۆلەكچە جانلان-
دۇرۇۋەتتى :
— دەيمەن ! — دېدى ئۇ كېسىپلا ، — مېنى دېيەلمەس-
مىكىن دەپ غەم قىلىۋاتاملا ؟ خاتىرجەم بولسىلا ! كۆزىنىڭ
ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ دەيدىغاننى دەپ ـ دەپ ، يۇزىگە «شالاققى-
دە» بىرنى تۇكۇرۇۋالمىسام ، ئۆلسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ دېسى-
لە !··· ئاز تارتتىممۇ بۇ دەردنى ؟ ! ئەمدى خىجىل بولغۇدەك ،
يوشۇرغۇدەك ھېچنېمە قالمىدى !··· مۇشۇ قېتىم دەپ ـ دەپ
ئىچىمنى بوشىتىۋالمىسام ، يەنە قاچان دەيمەن ! ؟ ئەگەر رۇخ-
سەت قىلسىلا ، قاشلىرىدىن چىقىپلا ، ئالدىمغا ئۇچرىغان ھەممە
ئادەمگە ئۆزۈم بىلەن مەتكېرىمنى سازايى قىلمايدىغان بولسام
ئىتنىڭ بالىسى بولۇپ كېتەي !···
بىدىيان خېنىمغا مەتكېرىم بىلەن يۇزلىشىش نېسىپ بول-
مىدى . دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست ئىكەن : مەتكېرىم چىش-
لىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ تەن ئالدى . بىدىيان خېنىم بىلەن
مەتكېرىم ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق يىل داۋام قىلغان سىرلىق
مۇھەببەت پاجىئەسىنى توختى تۇر قاتارلىق بىرنەچچە مۇناسىۋەت-
لىك كىشىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمىدى···

* * *

سوپۇر ئاخۇن قويۇپ بېرىلگەندە ، گۇلزارنىڭ تۇغۇتى يې-

قىنلاپ، بۆگۈن ـ ئەتىلىك بولۇپ قالغانىدى. سوپۇر ئاخۇننىڭ
يېڭى مېھماننى ئەسكى كەپىگە «باشلىغۇسى» كەلمىدى. مۇددى-
ئاسىنى تۆلەندى «داجەي»گە ئېيتىۋىدى، ئۇ پۈتۈن دادۈينى
كەينىگە سېلىپ بىر كۈن پالاقلاپ، سوپۇر ئاخۇننىڭ يېڭى
ئۆيىنىڭ تۆرىنى تۆر، پەگىرىنى پەگا قىلىپ بەردى. يېڭى ئۆي
يېڭى مېھماننىڭ پىنھاندا تۇرۇۋېرىشىنى خالىمىدىمۇ ياكى ئىلا-
ھى قىسمەت شۇنداقمۇ؟ ئۆي كۆچۈرگۈچىلەرنى رەھمەت ـ تە-
شەككۈر بىلەن ئۇزىتىپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرگەن گۈلزار مەشىنىڭ
تېگىنى كولاپ، لىق بىر كۈرەك كۆمۈرنى سېلىپ تۇرۇشىغا،
شۇنداق قاتتىق تولغاق تۇتتىكى، ۋاي ـ ۋايلىغىنىچە، تۇرغان
جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئىتتىك بولسىلا! — دېدى ئۇ ئىككى چېلەكتە لىق
سۇ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەن سوپۇر ئاخۇننى كۆرۈپلا چىشلىرى
ئارىسىدىن، — تۇغۇت ئانىسىنى چاقىرىپ كەلسىلە!...

— ھە!... — سوپۇر ئاخۇننىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، كۆزلى-
رى چەكچەيدى. چېلەكلەرنى دېرىزە تۈۋىگە قويدى ـ دە، مەست
ئادەمدەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ گۈلزارنىڭ قېشىغا كەلدى. —
تۇغىدىغاندەك تۇراملا؟

— ھەئە، شۇنداق ئوخشايدۇ... ئۇ ـ ھ ـ ھ... ئوبدان
سوپۇر ئاخۇن، ئىتتىك بولسىلا!... ۋايجان!... ئىم...

گۈلزار سوزۇپ ئىڭراپ، يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى. كۆز
قارىچۇقلىرى غەلىتە پىلدىرلاپ، چېكىسىدىن ماشتەك ـ ماش-
تەك تەر ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئەلپازىدىن ھازىرلا ئۆزىنى يەرگە
ئېتىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ھودۇققىنىدىن پۇت ـ قوللىرىدىن
ماغدۇر كەتكەن سوپۇر ئاخۇننىڭ ئۇنى بۇ ھالدا تاشلاپ ئۆيدىن
چىقىپ كەتكۈسى كەلمىدى. گۈلزار داق كىگىز ئۈستىدە ئاياغ-
لىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرىگەن
ھالدا كەينىگە قاتىيىپ ئولتۇراتتى. تولغاق ئازابىغا چىدىماي

شۇنداقلا مىدىرلايدىغان بولسا ، بىرەر ئەزاسىنى مەشكە يېقىۋېلى۔
شى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى .
ــ سىلىگە ئورۇن سېلىۋېتىپلا باراي ، ــ دېدى سوپۇر
ئاخۇن ۋە يوتقان ـ كۆرپە ئېلىش ئۈچۈن مەرەپ تەرەپكە ماڭدى .
گۇلزار : «سىلە كېتىۋەرسىلە . ئورۇننى ئۆزۈم سالىمەن»
دېمەكچى بولغانىدى ، ئۇلگۈرەلمىدى . سوپۇر ئاخۇن ئالدىرىغى۔
نىدىن مەرەپتىكى يوتقان ـ كۆرپىنى بىرلا تارتىپ ئۆرۈۋەتكەنى۔
دى . گۇلزار لېۋىنى چىشلەپ ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى . سوپۇر
ئاخۇن دەل مۇشۇ كۈنگە ئاتاپ تىكىلىپ ، مەرەپنىڭ ئاستىغا
يىغىپ ساقلانغان نېلۇپەر گۇللۇك پەتچە يوتقان ـ كۆرپىنى
ئۆينىڭ تۆرىگە سالدى ـ دە ، گۇلزارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي
ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ياتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىگە
ئېزىپ سۆيۈپ قويۇپ :
ــ مەن هازىرلا كېلىمەن ، ــ دېگىنىچە تاشقىرىغا ئۇچ۔
تى...
گۇلزار تۇن تەڭدە يەڭگىدى . بالا قىز ئىدى . تۇغۇت ئاند۔
سى ئۇنىڭ كىندىكىنى كېسىۋاتقاندا ، ئەر ـ خوتۇننىڭ كۆزلىرى
تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ ، چىرايىدا تىل بىلەن تەسۋىرلىگىلى
بولمايدىغان بىر خىل ئىللىق تەبەسسۇم ئەگىدى . بۇ تەبەسسۇم
زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا چۈ۔
شىنەتتى...
دەل شۇ چاغ ، تەبىئەت مۇشۇ دەقىقىنى مۇبارەكلەپ ، ئانا
زېمىننى ئاق يۆگەككە يۆگىمەكچى بولغاندەك ، ئۆزىنىڭ تۇنجى
قارىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە ئىدى .

# قىل ئۇستىدە...

1975 ـ يىل، قاراقىش.

بۇ يىل قار ھەرقانداق بىر يىلدىكىدىن ئاز ياغدى. لېكىن، قۇرۇق سوغۇق جاندىن ئۆتىدۇ. بۇلاق، زەيكەش سۇلىرىمۇ تارتىلىپ كەتكەن. سوقا، تۇگمەنلەرنىڭ يېرىمى دېگۇدەك ئايلىنىشتىن توختىغان. ئۆي ـ ئۆيدىن يارغۇنچاقنىڭ غۇلدۇرلىغان، يەر سوقىسىنىڭ گۇپۇلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئاچلىقتىن ئۆلەي ـ ئۆلەي دەپ قالغان ئاق قۇشقاچلار قىغ دۆۋىلىرى، ئوغۇت تەرگۈچىلەر تېرىشكە ئۈلگۈرمىگەن تېزەكلەرنى چوقۇلاش بىلەن بەنت. كاتاڭ ھارۋا يولىنىڭ ئىككى بېشىدىن تەڭلا كەلگەن ئىككى ئېشەك ھارۋىسى بىر دۆۋە تېزەكنى چۆرىدەپ توختىماي ۋىچىرلىشىۋاتقان قۇشقاچ توپىنى ھۈركىتىۋەتتى.

— ھوي، سىراجىدىن ئاخۇن، نەدىن كېلىشلىرى؟

— ناھىيىدىن كېلىشىم، — ئىككى ھارۋا تەڭلا توختىدى. ئېشەكلەر بىر ـ بىرىدىن ھال سوراشقاندەك، تۇمشۇملىرىنى تەگكۈزۈشتى ـ دە، پۇشقۇرۇشتى، — ئۆزلىرىچۇ، نەگە ماڭلا؟

— ناھىيىگە كېتىۋاتىمەن. نەۋرەمنى ئەپىراس قىلغان ئەمەسمىدى؟ شۇنى يوقلاپ كېلەي دەپ مېڭىشىم.

—ۋاخچە قاپلىغۇ؟ چۇش بولغاندا...

— ھەي... نېمىسىنى دەيلا... تۆلەندى دادۇيگە يىغىن دەپ سولىۋېلىپ، مۇشۇ چاغنى قىلىۋەتتى. ۋاخ قالسامۇ بېرىپ كېلەي دەپ ماڭدىم...

— ئوبدان قىپلا…

بىر چوشقىنىڭ «چىررىدە» قىلىشى باشقا چوشقىلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى بولغاي، ھەممىسى چىرقىرىشىپ، تېپىرلىشىپ، جىمجىت دالىنى بېشىغا كىيدى. سىراجىدىن ئاخۇننىڭ هارۋىسىدا ئاياغلىرى چۇشەكلىك تۆت دانە چوشقا تۇرغانلىقىنى ئەمدىلا كۆرگەن شا يۇنۇس ئاكا ھەيران بولغىنىدىن هارۋىسىدىن چۈشتى ـ دە، سىراجىدىن ئاخۇننىڭ هارۋىسى تۇۋىگە كەلدى.

— بېقىۋاتقان چوشقىلىرى ئازدەك، بۇ جانىۋارلارنى نەدىن تاپقانلا؟

— نەدىن تاپاي… ئۆيدىكى جانىۋارلار بولمامدۇ! — سىراجىدىن ئاخۇن خورسىنىپ «ئۇھ» تارتتى، — سېتىۋېتەي دەپ ناھىيىلىك ئىستېمال شىركىتىگە ئاپارسام، «ئېغىرلىقى ئۆلچەمگە توشمايدىكەن» دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى…

— نېمە! شۇنداق گەپمۇ بارمىكەن تېخى؟…

— ئۇنى بىر دېمىسىلە… «بىر كىلو كەم بولسىمۇ ئالمايمىز» دەيدۇ.

— ما ئىشنى… كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئېتىنى ئۇقمىدىم… «ساگوجاڭ» دەيدۇ، ئىشقىلىپ، شۇ يەرنىڭ چوڭى ئوخشايدۇ.

— ھە، ساۋۇت تاش ئىكەن ـ دە، خوتۇنى تالاق! ئۆتكەندە مەن چوشقا كۈچۈكى ساتقىلى بارغاندا ئۇنداق گەپنى قىلمىغان. نېمە قىلغان ئىشىدۇ بۇ ئۇنىڭ … بۇ جانىۋارلار كېسەلغۇ ئەمەستۇ؟

— خۇدايا توۋا دېسىلە… ئەڭ سېمىز، ئەڭ تىمەنلىرى بۇ!…

— ئەمىسە نېمىشقا ساتىلا؟ ئەتىيازغا چىقىرىۋالسىلا، چوشتا بېشىغا ئون ـ يىگىرمە كويدىن قونۇدىغان تۇرسا…

— بۇ نېمىلەرگە ئون كوي قوندۇرۇپ بولغۇچە ، يۈز كوي يېگۈزۈپ بولغۇدەكمەن...

سىراجىدىن ئاخۇن بەك نامراتلاردىن بولمىسىمۇ ، بالا جاڭ-لىق ئادەم ئىدى . ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا دۇيدىن قەرزى ئۈزۈلمەيت-تى . بۇلتۇر ئەتىياز تۆلەندى ئۇنى «يۆلەپ» قويۇش مەقسىتىدە ، كۈزلۈك دارامەتتىن تۇتۇۋېلىش شەرتى بىلەن بىر بوغاز مېكى-جىننى نېسى بېرىۋىدى ، نەچچە ئايدىن كېيىن سەككىزنى كۆ-چۈكلەپ ، ئۇنىڭ ئاغزىنى قۇلىقىغا يەتكۈزدى . سىراجىدىن ئا-خۇن بىرەر ئايغىچە چوشقا قوتىنىدا تۇنىگەندەك كېچىنى كۈندۈز-گە ئۇلاپ يۈرۈپ ، ھەممىسىنى چىرايلىق ئەي قىلدى . تۆت قاۋانىنى پىچتۇرۇپ ئېرىك قىلىپ بورداققا سېلىپ ، تۆت مېكى-جىننى ئىككى ئايلىقتىن قىلىپ تۆت ئائىلىگە 40 يۈەندىن سېتىپلا 160 يۈەنلىك بولۇپ قالدى . بۇ ئۇنىڭ يېرىم يىللىق دارامىتىگە تەڭ ئىدى . «چوشقا دېگەن خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئەمەس ، پۇل زاۋۇتى ئىكەن ! — دەيتتى ئۇ . ئۇچرىغانلا ئادەم-گە ماختىنىپ ، — خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئېرىكلەرنى راسا بور-داپ ، ئانىسىنى يەنە بىر ئۇۋا كۈچۈكلىتىۋالسام ، دۇينىڭ قەرزى-دىن پاك - پاكىز قۇتۇلىمەن . ئاندىن ، ئۆيۈمنى چېقىپ يېڭىلاپ ، كەنجى ئوغلۇمنى بىر ئۆيلىۋالسام...»

ئۇ مۇشۇ مەقسەت بىلەن دۇينىڭ ئەمگىكىدىن بوشىغان ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى چوشقىلار يېنىدا ئۆتكۈزىدىغان بول-دى . چوشقىلار ئاغرىسا ، ئۇمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ ئاغرىيتتى ، ساقايسا تەڭ ساقىياتتى . نېمىلا تاپسا ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ، قوڭى-دىن تىقاتتى . ئۇنىڭ ئەجرىگە يارىشا ، ئېرىكلەر ناھايىتى تىمەن چوڭ بولدى ، سەمرىدى . ئانا مېكىجىنمۇ قىشنىڭ بېشىدىلا ئۇننى كۈچۈكلەپ ، قوتاننى توشقۇزۇۋەتتى . ئۇ خۇشاللىقتا ئۆ-زىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي قالدى . قوتانغا مەش قويۇپ ئىسسى-تىشقا قۇربى يەتمىگەچ ، ياتىدىغان ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كاتەك

ياساپ ، چوشقا كۈچۈكلىرىنى كېچىسى شۇنىڭغا سولىدى . ئۇلارنىڭ توختىماي چىرىلداشلىرى ، خورتىلداشلىرى ، سىيىپ - چىچىپ ، ئۆينى سېسىقچىلىققا تولدۇرۇۋېتىشلىرىنى ئېغىر ئالمىدى ، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ تاپا - تەنىلىرىگە پىسەنت قىلمىدى . قىشنى چىقىرىۋالسىلا ، تۆت - بەش يۈز يۈەنلىك بولۇپ قېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى . بىراق ، چوشقا «پۇل زاۋۇتى» بولۇپلا قالماي ، «يەم - بوغۇز زاۋۇتى» ئىكەن ، ئوتۇن - ياغاچ دېگەننىمۇ ئەجدىھادەك «يەيدىكەن» !··· ئەينى چاغدا دۆيدىن ئۇنىڭغا بوغازمېكىجىنىگە قوشۇپ يېرىم مو ئوزۇقلۇق يەر بېرىلگەنىدى ، كۈچۈكلىرىگە ھېچنېمە بېرىلمىدى ھەم زادى بېرىلمەيدىكەن . ئاشۇ يېرىم مو يەردىن چىققاننى چوشقىلار قىشقا كىرمەيلا يالماپ بولغان . ئائىلىدىكى ئون بىر جاننىڭ رىزقىنى قىسىپ چوشقىلارغا يېگۈزۈپ يۈرۈپ بۈگۈنگە ئۇلاشتى . مانا ئەمدى ئۇ جانىۋارلارغا بېرىدىغان بوغۇز تۈگۈل ، «ئاش» ئېتىشكە قالايدىغان شاخ - شۇمبىمۇ بىر يەرگە باردى . ئەگەر ئاۋۇ تۆت ئېرىكنى سېتىپ پۇل قىلمىسا ، يېتەرلىك يەم - خەشەك غەملىۋالمىسا ، ئۇ جانىۋارلارنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان گەپ···

— كۆرلىمۇ بۇ ئىشنى ! ساتاي دېسە ، ئالغىلى ئۇنىمىسا ؛ باقاي دېسە ، گېلىغا بەرگۈدەك نەرسە تېخى بولمىسا ، ھەي··· تويدۇمغۇ بۇ نېجىسلىدىن !··· مەن تېخى «ئىستېمال شىركىتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ بولغۇچە ، تەرەپ - تەرەپتىن جوخولۇق قىلىپ ، سىقىمىمنى پۇلغا توشقۇزۇۋېتەر» دەپ ئويلاپتىكەنمەن دېسىلە ! نېمە بىلەي ، نېمە بىلەي··· بۇ نىجىسلارنى ئۆلتۈرۈپ يېگىلى بولسىمۇ كاشكى··· بولدى ، بۇنى بېقىپ باي بولۇمەن دەپ كۆرگەن كۈنۈم مۇشۇ بولسا ، ھازىرلا ئاپىرىپ تۆلەندى ئاخۇنغا تاشلاپ بېرىپ قۇتۇلمىسام بولمىغۇدەك···

سىراجىدىن ئاخۇن گېپىنى تۈگىتىپ ، بەلبېغىدىن چىلاندەك قىزىرىپ كەتكەن ناسىۋال قاپىقىنى ئېلىپ ، ئاغزىغا بىر

چېكىم ناسىۋال سالدى . ئۇ شا يۇنۇس ئاكىدىن ئون ياشچە كىچىك بولسىمۇ ، ئۇنى ھەرگىز ئاكا دېمەيتتى . ئوخشاشلا ، شا يۇنۇس ئاكىمۇ ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتايتتى . بىر - بىرىنى «سىلە - ئۆزلىرى» دېيىشەتتى . ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى شا يونۇس ئاكىنى ئويغا سېلىپ قويغانىدى . ئۇنىڭ بېشىدىمۇ ئاشۇنداق غەم بار ئىدى . باشقىلارغا يامان تەسىر بېرىپ قويماسلىق ئۇچۇنلا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ ئۇقۇشىچە ، چوشقا باققان ئائىلىلەرنىڭ خېلى كۆپى يەم - خەشەك يېتىشتۈرەلمەسلىك قىيىنچىلىقىدا قاپتۇ . چوشقا كۈچۈكلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ، سو-غۇقتىن ئۆلۈش ئەھۋالىمۇ خېلى ئېغىر ئىكەن . «بەزىلەر يەم - خەشەككە چىدىماي ، يېڭى تۇغۇلغان چوشقا كۈچۈكلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمىش» دېگەن «مىش - مىش» گەپلەرمۇ ئېقىپ يۈرىدۇ . ھەقىقەتەن شۇنداق قىلغان ئادەمنى كۆرگەن ياكى قولى بىلەن تۇتۇۋالغان ئادەم بولمىغاچ ، بىر كىمنى تارتىپ چىقىپ پىپەن قىلغىلى بولمىدى . ئەمما ، تۆلەندى ھەر قېتىملىق يىغىن-دا مۇشۇ توغرۇلۇق كىمگىدۇر دارىتمىلىغىنى دارىتمىلىغان . شا يۇنۇس ئاكىنىڭ قورسىقىدىمۇ سان بار ، ئۇنىڭچە بولسا ، باشتا ۋەدە قىلىنغىنىدەك ، بىر ئانا چوشقا كۆپەيسە ، چوقۇم بىر چوشقىلىق ئوزۇقلۇق يەر كۆپەيتىپ بېرىلىشى كېرەك . ئۇنداق قىلىنمىسا ، بىر چوشقىنىڭ رىزقى بىلەن ئونلاپ چوشقىنى قان-داق باققىلى بولىدۇ ؟ ! شا يۇنۇس ئاكا ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى ، دادۇي - شياۋدۇيلەر كوللېكتىپ بېقىۋاتقان چوشقىنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ يېرىمىغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ . ئۇلارغا قالدۇرۇلغان ئاشلىقمۇ ئەزالارنىڭ نورما ئاشلىقىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىكەن . ئەلۋەتتە ، بۇنى دۆلەت بېرىدۇ . ئەزالارغا پايدىسى باركى ، زىيىنى يوق . ئەزالارغا كۆپلەپ چوشقا بېقىپ ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش تەشەببۇس قىلىنغانىكەن ، ئۇ ھالدا چوش-قىلارنىڭ يەم - بوغۇز مەسىلىسىنىمۇ مۇۋاپىق ھەل قىلىپ

بىرىش كېرەك . كۆزدە خاماندىن گىرلاپ ـ جىڭلاپ تەقسىملەپ بېرىلگەن نەچچە يۈز كىلوگرام پاخال ـ سامان بىلەنلا چوشقىلار ـ نى قىشتىن چىقارغىلى بولمايدۇ . كۆنلۈكى بىرەر جىڭدىن ئاش ـ لىق يېگۈزۈلمىسە ، ئۇلارنىڭ سەمىرىپ پىچاققا يارىغۇدەك بولۇ ـ شىدىن گەپ ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايدۇ . ئەسلىدە شا يۈنۇس ئاكا بۇ گەپلەرنى بۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى يىل بۇرۇنلا ياچېيكا ھەيئەت ـ لىرى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانىدى . بىراق ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئائىلىسىدە چوشقا بېقىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا مۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويسا ، چوقۇم بەزى ياچېيكا ھەيئەتلە ـ رىنىڭ «شەخسىيەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ . شۇڭا ئۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ گەپ قىلىشتىن يالتايدى . دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، چوشقا بېقىشنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە كەلتۈرگەن پايدىسىنىلا سۆزلەپ ، زىيىنى توغ ـ رۇلۇق زادى ئېغىز ئاچمىدى . بەزىلەر زىيان توغرۇلۇق گەپ ئاچسا ، چوشقا بېقىشنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ قايىل قىلىشقا تىرىشتى . كۆنلەر ، ئايلار ئۆتكەنسېرى ، ئەزالارنىڭ چوشقا بېقىشتىن رايى قايتىپ ، ئىككىيلەننىڭ كال ـ لىسى بىر يەردە بولسىلا تۆلەندىنىڭ غەيۇتىنى قىلىدىغان ؛ بېقىۋاتقان چوشقىلىرىنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان ؛ كۆيلىگەن مېكىجىنلارنى ئۇرۇقلاندۇرماي قىسىر قويۇدىغان ؛ چوشقا بېقىشقا تىزىملاتقانلار باھانە ـ سەۋەب كۆر ـ سىتىپ ، ئۆزىگە تەقسىملەنگەن چوشقىنى ئالغىلى ئۇنىمايدىغان بولۇپ قالدى . مانا ئەمدى «ئېغىرلىقى ئۆلچەمگە توشمايدىغان چوشقىلارنى سېتىۋالماسلىق»تەك يېڭى «پەدە» چىقىپتۇ . مۇبا ـ دا ، بۇ گەپ ئەزالارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپلا قالسا ، چوشقا دېگەننى بىكارغا بەرسىمۇ قوتىنىغا يولاتمايدۇ . ئۆيلىرىدە بېقىۋاتقانلارمۇ ھەرخىل يوللار بىلەن ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ . ئۇ چاغدا...

شا يۇنۇس ئاكا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە توپ - توپى بىلەن ئۆلۈۋاتقان چوشقىلار، چوشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن قالپاق كىيگەن چوشقا ئىگىلىرى، بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئۇلاپ ئېچىلىۋاتقان پىپەن يىغىنلىرى، تىل - تاياق دەستىدىن باش - كۆزى قانغا بويالغان ئادەملەر... كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خۇدا مۇنداق كۈنلەردىن ساقلىسۇن!...

شا يۇنۇس ئاكا شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭسىزمۇ، سوغۇق جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مانا ئەمدى يوغان جۇۋا، كېلەڭسىز پىيما، پۈتۈن بىر پاقلاننىڭ تېرىسىدە تىكىلگەن سالۋا تۇماقمۇ ھېچنېمىگە دال بولمايۋاتاتتى. بۇمۇغۇ مەيلى، ئادەتتە گەپدانلىقىدىن ئاغزىدىن گەپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم ئۇنداق ئويلىنىپمۇ، مۇنداق ئويلىنىپمۇ، سىراجىدىن ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قايىل قىلغۇدەك ئىككى ئېغىز گەپ تاپالماي، ئىچ - ئىچىدىن ئۇۋۇلىنىپ كېتىپ باراتتى. نېمە دېسۇن؟ تۆت چوشقا تۆت «ئەجدىھا». «بەر، بەر! يەيمەن، يەيمەن!...» دەپ چىرقىرايدۇ، خورتىلدايدۇ. بەرمىسەڭ ئورۇقلايدۇ. بىرنى ساتقان پۇلنى يەنە بىرىگە (بەلكى نەچچىسىگە) يېگۈزمىسەڭ، بۈگۈن بىرى، ئەتە بىرى... ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

«بۇ پاكىتنى ئىستېمال شىركىتىدىكىلەر بىلەمدىكىنە؟... بىلمەي قالمايدۇ. مۇشۇ سىراجىدىن ئاخۇن ئىككى ئېغىز گەپنى ئوڭلاپ قىلىپ، ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى ئۇلارغا چۈشەندۈرەلمىگەن گەپ. بولمىسا، ئۆتكەندە مېنىڭ ئورۇقلىقىدىن ئاران ماڭىدىغان بولۇپ قالغان چوشقىلىرىمنى ‹غىڭ› قىلماي سېتىۋالغان خەق سېمىزلىكتىن كۆزلىرى پۈتۈپ كەتكەن مۇشۇ چوشقىلارنى ئالماي قالامدۇ؟! ‹ئېغىرلىقى ئۆلچەمگە يەتمەيدۇ› دېگىنىمۇ چوقۇم قۇرۇق گەپ!... بۇنى ‹چوشقىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا سوغۇق سۇ سەپكەنلىك...›، دەپ پرىنسىپقا كۆتۈرىدىغان

بولسا ، ساگوجاك تورماق ، جىگلىنىڭمۇ پۇتلىرى تىترەپ ، ئاغ-
زى كالۋالاشمىسا مانا مەن !... »
— هارۋىنى كەينىگە ياندۇرسىلا ، — دېدى كەسكىن
قارارغا كېلىپ بولغان شا يۇنۇس ئاكا ، — چوشقىلارنى سېتىپ
بولۇپ بىللە قايتىمىز .
— نەدە ساتىمىز ؟
سىراجىدىن ئاخۇن هەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تى-
كىلدى . ئۇمۇ شا يۇنۇس ئاكا بىلەن ئوخشاش كىينىگەندى .
شا يۇنۇس ئاكا ئىشەنچ بىلەن دېدى :
— نەدە ساتاتتۇق ؟ ناھىيىدە ساتىمىز...
— ناھىيىدە ؟...
— هەئە ، بايا ئالمىغان يەرگە ساتىمىز .
— ئالغىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلىمىز ؟
— ئالىدۇ ، ئالماي هەددى ئەمەس !
— ئەستا... ئالماي قالسا...
— خاتىرجەم بولسىلا ، مەن چوقۇم ئالدۇرىمەن . ئەگەر
ئالدۇرالمىسام ، مانا مەن ئۆزۈم ئالاي !...
بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گەپ بولامدۇ ؟ ! يولبويى غەمگە پېتىپ ،
ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئۆرلىگەن سىراجىدىن ئاخۇننىڭ يۈرىكى
خۇشاللىقتىن ئويناپ ، يۇزلىرىگە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەس-
سۇم قوندى . خۇنسىز چېقىر كۆزلىرى بۆلەكچە نۇرلىنىپ كەت-
تى...
— نېمە ! «ئۆلچەمگە بىر كىلو كېمىپ قالسىمۇ ئالالماي-
مىز ؟ » كىمنىڭ بۇيرۇقىكەن بۇ ؟ مۇشۇنداق بۇيرۇقنى چۈشۈر-
گەن ئادەمنى ماڭا بىر كۆرسىتىپ قويغىنا ، ئۇكام !...
كەسپىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى ساۋۇت تاشنىڭ گېپىنىڭ ئاي-
غىنى ئاڭلار - ئاڭلىماستىن ، شا يۇنۇس ئاكا ئاقبالداقتەك
ئېتىلىپ ، تېرىقتەك چېچىلىپلا كەتتى . ئۇنىڭ گەپلىرى شۇنداق

تورلۇق ـ داۋالىلىق بولۇشىغا قارىماي ، ساۋۇت تاش كىچىككىنە يۇمشىمىدى .

ـــ سىلە بىلمەيلا ، ـــ دېدى ئۇ چۇشەندۈرۈپ ، ـــ ھازىر ناھىيىمىزنىڭ ھەممە دادۇي ـ شىياۋدۇيلىرىدە چوشقا بېقىلىۋاتىدۇ . شەخسلەرنىڭ باققىنىمۇ ئاز ئەمەس… بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ـــ ناھىيە چۇشۇرۇپ بەرگەن چوشقا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ ، ناھىيىمىزدىكى خەنزۇ يولداشلارنى چوشقا گۆشى بىلەن نورمىلىق تەمىنلەپ ، قوي گۆشى يېتىشمەسلىكتەك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ھەم ۋىلايەتكە مەلۇم مىقداردا چوشقا يۆتكەپ بېرىش…

ـــ بۇ گەپلىرىڭنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ ! ـــ شا يۇنۇس ئاكا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ شېخىغا ئۇردى . ئۇلار ئىستېمال شىركىتىنىڭ ھويلىسىدىلا سۆزلىشىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ئاۋازى ، چوشقىلارنىڭ توختىماي چىرقىرىشىدىن ئىشخانىلىرىدا ئولتۇرالمىغان خادىملار بىردىن ، ئىككىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ چۆرىسىگە ئولاشقىلى تۇردى ، ـــ باشقا گەپلىرىڭنى قويۇپ ، ئۆلچەمگە توشمايدىغان چوشقىلارنى نېمە ئۈچۈن سېتىۋالمايدىغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى بىر دېگىنە زادى !

ـــ بايا دېدىمغۇ ! ـــ ساۋۇت تاش ئۆكتەدى ، ـــ شىركەتنىڭ ئاشۇنداق بەلگىلىمىسى بار .

ـــ ھۇ شۇنداق بەلگىلىمەڭنى !… مەن چوشقا ساتقاندا ، سەن ئۇنداق گەپنى قىلمىغانغۇ ؟

ـــ ئۇ چاغدا بۇنداق بەلگىلىمە يوق ئىدى .

ـــ ھازىر نەدىن پەيدا بولدى ئەمىسە ؟ !

ـــ ئۇ چاغدا چوشقا ئاز ئىدى . قارىقويۇق سېتىۋالمىساق ۋەزىپە ئورۇندالمايتتى . ھازىر چوشقا كۆپ ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىمىز ئاز . تاللاپ سېتىۋالمىساق ، سوپەتكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ…

— ھە ، تاللىق باغقا كىرىپ قالغان گەپ ئىكەن ـ دە ، بۇ !... ئاز بولسا ئۇنىڭ دەردى ، كۆپ بولسا تېخى... بىزنىڭ بۇ چوشقىلارنى قانچە تەسلىكتە مۇشۇنچىلىك قىلغانلىقىمىزنى ئېتىبارغا ئالامسىلەر زادى ؟

— مېنىڭچە بولسىغۇ ھازىرلا سېتىۋالسام... پرىنسىپتىن چىقىپ كەتسەم بولمايدۇ...

— خەير... ما ئىشنى... ئەمىسو ماڭا مۇشۇنداق بەلگىلە-مىنى چىقارغان باشلىقىڭنى كۆرسىتىپ قويغىنا !

—.........

باشلىقمۇ ئوخشاشلا گەپنى قىلدى . چۈشەندۈرۈشمۇ ، يېلى-نىشمۇ ، چالۋاقاپ پوپوزا قىلىشمۇ كارغا كەلمىدى . پۇل ئۇنىڭ يانچۇقىدا . خالىسا چوشقاڭنى سېتىۋالىدۇ ، خالىمىسا ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالساڭمۇ پەرۋايى پەلەك . نېمە ئىلاج ؟ ئۇ دەيدىغاننى ئاللىقاچان دەپ بولۇپ ، ئىسسىق ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى . ئىشكنى «جالاقىدە» يۈزۈڭگە يېپىۋېتىشتىن رەنجىمە . ئۇنىڭ ھوقۇقى ، پۇلى بار . سەندە بارى تۆت سېسىق چوشقا . سېنىڭ كىملىكىڭنىمۇ ، مەقسىتىڭنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنىمۇ بىلمەيدۇ . يېڭى بولغان ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق . پۇقرانىڭ ھالىغا يېتىشنى ، كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدۇ . بۇ ئەمەلدار ھەرقاندىقىنى بېسىپ چۈشكۈدەك تولۇق ، ئۆپكىسى يوق نەرسە ئىكەن . «چوشقا كۆپىيىپ كەتتى» دەيدۇ تېخى !... كۆپەيتمىز دەپ بېقىۋاتامدۇ خەق ئۇنى !... گۆشىنى جان بېشىغا بىر جىڭدىن نورما قىلىپ قويغۇچە ، «ئالە ، يە» دەپ مەيلىگە قويۇپ بەرسە ، پۇقراغىمۇ ، ئۆزىگىمۇ پايدا ئەمەسمۇ ؟ ! شۇنچىلىك ئىش-نىمۇ بىلمەيدىغان ھالىغا پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر ئىدارىگە باشلىق بولۇۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان ئۇنىڭ !...

«ۋاڭ جورېن بارمىدۇ ؟ بۇنداق چۈپرەندىلەرنىڭ ئالدىدا لەۋزىمنى خار قىلغۇچە ، كۆڭلۈمدىكىنىڭ ھەممىسىنى شۇنىڭغا

دېسەم بولمامدۇ !··· مەنمۇ ـ زە···· »

روھى چۈشكىنىدىن ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق كېلىۋاتقان شا يۇنۇس ئاكا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ بىيلەينى يادىغا ئېلىش بىلەنلا بۆلەكچە روھلىنىپ كەتتى . ۋاڭ بىيلەي ئەسلىدە «ۋېيشىڭ» گوڭشېنىڭ پارتكوم شۇجىسى بو- لۇپ ، شا يۇنۇس ئاكا بىلەن بەكمۇ يېقىن ئىدى . كېيىن ناھىيە- لىك پارتكومغا يۆتكىلىپ كەتتى . لېكىن ، «ۋېيشىڭ» گوڭشې- دىكى قەدىناس دوستلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى . «يۆ- جىن» دادۇينى «داجەيچە دادۇي» قىلىپ ، تۆلەندىنى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتقان ئادەم ئاشۇ ۋاڭ بىيلەي ئىدى . مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، ئىسيانچىلار ۋاڭ بىيلەيدىن ھوقۇق تارتىۋالدى . ناھىيە ئىچىدە پىپەن قىلىش بىلەنلا قانائەت- لەنمەي ، ئۇنى گوڭشېمۇ گوڭشې سۆرەپ يۇرۇپ سازايى قىلىپ ، ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇپ قويغىلى تاس قالدى . «ۋېيشىڭ گوڭشې» دە پىپەن قىلىدىغان چاغدا ، ئاياغلىرى يەر دەسسەپ تۇرالمىغاچ ، ئىككى نەپەر «قىزىل قوغدىغۇچى» ئۇنى ئىككى بىلىكىدىن تۇ- تۇپ كۆتۇرۇپ تۇردى . شا يۇنۇس ئاكا ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ نەچچە كۈنگىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى . ئاخىر بىر كۈنى كېچە- سى ئېشەك ھارۋىسىنى قاتتى ـ دە ، ناھىيىگە ـــ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ھارۋىسىغا چىقىرىپ ئۆيىد- گە ئەكېلىپ ، تاكى قىش چىقىپ كەتكۈچە جىن ـ ئىسقا تۇيدۇر- ماي باقتى . بۇ جەرياندا ، ئىسيانچىلارمۇ ، ھەر دەرىجىلىك ھەر- بىي ئىدارە قىلىش كومىتېتلىرىمۇ پۈتۈن شىنجاڭنى ئىزدىدى . يۇرت ـ يۇرتقا ئادەم ئىزدەش ئېلانى چاپلىدى··· ئەتىياز كېلىش بىلەن تەڭ ، ۋەزىيەت سەل ـ پەل يۇمشىدى . ھەربىيلەرنىڭ ئورنى مۇستەھكەملىنىپ ، ئىسيانچىلارنىڭ خالىغانچە ئادەم تۇ- تۇش ، ئۆز ئالدىغا تۇرمە قۇرۇپ ئادەم قاماش قاتارلىق باشباش- تاقلىقىغا خاتىمە بېرىلدى . ھەربىيلەر رەھبىرىي كادىرلارنى

«نەزەربەنت قىلىش» نامى بىلەن ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى . ۋەزد-
يەتنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ كەلگەن شا يۇنۇس ئاكا قەش-
قەر شۆبە ھەربىي رايونىغا بېرىپ ، ۋاڭ بىيلەيىنىڭ ئەھۋالىنى
مەلۇم قىلدى ۋە شۇ كۇنى كېچىسى ئۇنى ھەربىيلەرگە ساق -
سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئالدى . ناھد-
يىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغان چاغدا ، ۋاڭ بىيلەي
مۇدىر بولدى . پۇرسەت تاپسىلا شا يۇنۇس ئاكىنى يوقلاپ تۇر-
دى . ئۇنى ئۆز ئاتىسىدەك ھۆرمەتلەيتتى . ئۇنىڭ ھىممىتىگە
جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەرمەكچى
بولغان بولسىمۇ ، شا يۇنۇس ئاكا چىرايلىقچە رەت قىلدى .
شەخسىي ئىش ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ ئاۋارە
قىلمىدى ، ۋاقتىنى ئالمىدى . قىسقىسى ، ۋاڭ بىيلەيگە قىلغان
ياخشىلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلمىدى . شۇڭا بۇ
ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن يېقىن ئد-
دى . ئەمدى باشقا كۈن چۈشتى . ئۇنىڭ بېشىغىلا ئەمەس ،
ماۋزېدۇڭنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ چوشقا باققان گۇڭشې
ئەزالىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى . بۇ ئىشتا ۋاڭ بىيلەي ئوتتۇ-
رىغا چىقىپ ، قانداقتۇر «ئېغىرلىق ئۆلچىمى» دېگەن چەكنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلمىسا ، بۇنىڭدىن كېيىن
چوشقىچىلىقنىڭ ئىستىقبالى ئېغىر خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ . مۇبادا
بۇ «ئۆلچەم» يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ مۇددىئاسى
بولۇپ ، ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىسا ، ئۇنىڭ-
غىمۇ مەيلى . ئاقىۋەتتە ئۆزى ئىگە بولىدۇ… ھېچ بولمىسا ،
ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ، ئىستېمال شىركىتىگە سد-
راجىدىن ئاخۇننىڭ تۆت تۇياق چوشقىسىنى شەرتسىز سېتىۋې-
لىش توغرۇلۇق ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ ، سىراجىدىن ئاخۇن-
نىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلار ؟ ! ئۇ چوقۇم بۇنچىلىك
ئىشقا يارايدۇ !

ــــ جۇرسىلە ، سىراجىدىن ئاخۇن ، ــــ دېدى ئۇ ئىشىكـ-
نىڭ بېشىنى قايرىپ ، ــــ بۇلار ئالمىسا ، ئالىدىغان يەرگە
بارايلى .

شا يۇنۇس ئاكا ماڭدى . ئەتراپنى چۆرىدىۋالغانلار يول بو-
شاتتى . سىراجىدىن ئاخۇن كەيپى ئۇچقان هالدا ئۇنىڭغا ئەگەش-
تى . ئۇلار دەرۋازا تۈۋىگە كەلگەندە ، سىرتتىن ئىشەكتەك يوغان
ئىككى چوشقا بېسىلغان ئىشەك هارۋىسى كىرگەنىدى ، ئېخىچە
ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كەتمەي ، شا يۇنۇس ئاكىلارغا قاراپ نېمە-
لەرنىدۇر دەپ كۇلۇشۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئەتىۋارلىق گۆ-
ھەرنى كۆرگەن زەرگەرلەردەك ، ھېلىقى ھارۋىنىڭ ئەتراپىغا
گۇررىدە ئولاشتى...

ئاقمىدى ، شا يۇنۇس ئاكىنىڭ گېپى ئىككى پۇلغا ئاقمى-
دى ! ۋاڭ بىيلەي يوق ئىكەن . ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچ-
كىم بىلمەمدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇۋاتامدۇ ؟ ھېچقايسىسى
دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى . ئۆيگە بېرىۋىدى ، ئىشىكى قۇلۇپلاق-
لىق ئىكەن . ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ،
خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئىچكىرىگە كەتكەنلىكىنى ئۇقتى . ئۆزى
توغرۇلۇق ھېچنەرسە ئۇقالمىدى . قايتىپ كېلىپ ، ئۇ ئىشخانا ،
بۇ ئىشخانىغا ئۇسسۇپ كىرىپمۇ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدى ،
بەزىسىگە گەپ ئۇقتۇرالمىدى ، بەزىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلار ـ
ئاڭلىمايلا ھەيدەپ چىقاردى ، يەنە بەزىسى مەسخىرە قىلغاندەك
تەلەپپۇزدا : «بۇ يەر چوشقا سېتىۋېلىش پونكىتى ئەمەس ، گېۋ-
يېخۇي . شىپىڭ گۇڭسى① ئالمىغان بولسا ، ئالىدىغان يەرگە ئاپى-
رىپ سېتىڭلار !... » دەپ گەپنى ئۈزدى . «ئالىدىغان يەر» نىڭ
نەدىلىكىنى دەپ بەرمىدى . سوراپ بىلىشكە مۇمكىنچىلىك بول-
مىدى . بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ، بىر ـ بىرىدىن ئىسسىق ئىشخا-

---

① ① شىپىڭ گۇڭسى — خەنزۇچە «شىپىن گۇڭسى (ئىستېمال بۇيۇملىرى شىركىتى )
»نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى .

نلاردا كاتتا بەگ ـ تۆرىلەردەك غادىيىپ ئولتۇرۇشقان بۇ كاتتا زاتلاردىن بۇنداق سوئاللارنى سورىغىلى ، قۇلاققا ياققۇدەك جاۋاب ئالغىلى بولاتتىمۇ !؟ ئۇلارنىڭ خادىكلاردا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ئايدا ـ يىلدا بىرەر قېتىم گۇڭشېڭىز ، دادۇيىڭىزگە كېلىپ سۆزلەيدىغان تەسىرلىك نۇتقى ، مۇھىم يولىيورۇقلىرىنى جىمـ. جىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىسىڭىزلا بولدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېـ. قىندىلا ھوقۇققا ئېرىشكەن . يا گۇڭچەنداڭغا ، يا گومىنداڭغا ئوخشىمايدۇ . كونا باشلىقلارنى «بيۇروكرات» ، «ئاممىدىن ئايـ. رىلىپ قالغان» دېيىشىدۇ تېخى !… خەپ ! ۋاڭ جۇرېن بىر تېپىلىپ قالساڭچۇ…

ۋاڭ بىيلەي ھېچيەردىن تېپىلمىدى . سىراجىدىن ئاخۇن ئىككى ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇپ ، ئەتراپقا خۇدۇكـ. سىرەپ قاراپ تۇرغان بولسىمۇ ، ھېلى ئۇ ئىشخانىغا ، ھېلى بۇ ئىشخانىغا كىرىپ ـچىقىپ يۈرگەن شا يۇنۇس ئاكا ئۇنىڭغا ھەر قېتىم روبىرو بولغاندا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى : «ھە ، شا يۇنۇس ئاخۇن ، ئابايا : ‹چوشقىلىرىنى ئىستېمال شىركىتى سېتىۋالمىـ. سا ، مانا مەن سېتىۋالىمەن› دەپ پو ئېتىۋاتاتتىلە ، مانا ئەمدى نېمە دەيلا ؟ سېتىۋالاملا ، يا… ؟» دەپ تەنە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇـ. لۇپ ، جىمى ئەزاسى تىكەنلىشىپ كېتەتتى . خىجىل بولغىنى ، ھودۇققىنىدىن ، بىر قېتىم دوقۇرۇپ بۇرنىغا يېگەن ئىشخانىغا ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قېتىممۇ دوقۇرۇپ قالاتتى . مانا ئەمدى دوقۇرمىغان ، دوقۇرۇدىغان ئىشخانىمۇ قالمىدى . ئۈچتىن بىر ئىشخانىنىڭ خوجايىنلىرى يۆتىلىپ ـ چۈشكۈرۈپ ، ئەسنەپ ـ كېرىلىپ ، بىردىن ـ ئىككىدىن ئىشخانىلىرىدىن چىقىشىپ ، ئىشىكلىرىنى قۇلۇپلىشىپ قاياققىدۇر غايىب بولۇشتى . ئىشخاـ. نىدا قالغانلىرى تېلېفون باقىدىغان ، خەت ـ چەك باشقۇرىدىغان پارچە ـ پۇرات ئادەملەر ئىدى . شا يۇنۇس ئاكا باشتىلا ئۇققان ، ئۇلاردىن تېرىقچىلىك ياردەم كۈتكىلى بولمايتتى…

ئەمدى ئىككىلا يول قالدى : بىرى ، ئاغزىدىن چىققان ۋەدى-سى بويىچە ، سىراجىدىن ئاخۇننىڭ چوشقىلىرىنى سېتىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ «لەۋزى هالال ئادەم»لىكىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش . لېكىن قايسى پۇلغا ؟ ئۇنىڭ تۆت چوشقىنى سېتىۋالالىغۇدەك نەق پۇلى بارمۇ ؟ يوق ! ئەمىسە…

يەنە بىرى ، ۋاڭ بىيلەينىڭ بوسۇغىسىدا تۇنەپ ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش .

بۇنداق قىلىشقا سىراجىدىن ئاخۇن ئۇنارمۇ ؟ ۋاڭ بىيلەي بۈگۈن ، هەتتا ئەتىمۇ سايىسىنى كۆرسەتمەي قالسىچۇ ؟…

تۇيۇقسىز ، شا يۇنۇس ئاكىنىڭ كۆڭلىگە : «ۋاڭ بىيلەي سېنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن ئىزدەپ كەلگىنىڭنى بىلىپ قېلىپ ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالدىمۇ يا ؟… » دېگەن خىيال كېلىش بىلەنلا ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى . «ياق ، ياق ! — دېدى ئۇ ئىچىدە تەكرارلاپ ، ئۇ هەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ ! هەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ ! ! !… »

ئۇ ئەقلىدىن ئازغاندەك ، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ هويلى-سىنى تېز - تېز قەدەم بىلەن نەچچە ئايلىنىپ چىقتى . نەچچە توختاپ ، نەچچە ماڭدى . نەچچە - نەچچە قېتىم «ئۇھ» تارتىپ ، كىملەرنىدۇر «خەپ»لىدى . مېڭىۋېرىپ هاردىمۇ ياكى ئەپچىل-رەك بىرەر چارە ئويلاپ قاپتىمۇ ؟ سىراجىدىن ئاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماستىن ، ئۇنىڭ قولى-دىن ئېشىكىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى . سىراجىدىن ئاخۇن هەيران بولغىنىدىن ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە بىر نەرسە دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللىگەندە ، شا يۇنۇس ئاكا ئاللىقاچان قاتار كەتكەن كارىدور-لۇق ئىشخانا بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ بولغانىدى . ئۇ هارۋىنى توختىتىپ ، چوشقىلارنى بىر - بىرلەپ بوشىتىپ كۆ-تۈرگەن پېتى كارىدورغا سولىۋەتتى - دە ، ئىشىكنى مەهكەم ياپتى . ئۇ بۇ ئىشلارنى شۇنداق تېز ، شۇنداق چاققانلىق بىلەن

پۇتتۇردىكى ، سىراجىدىن ئاخۇن ئۇنىڭ زادى نېمە قىلغىنىنى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى . شا يۇنۇس ئاكا بىر قولىدا ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ، يەنە بىر قولىدا تاياق بىلەن هارۋىنىڭ چوقىيىنى تۇتۇپ ، غەلىتە بىر چاققانلىق بىلەن هارۋىغا سەكرەپ چىقتى ـ دە ، ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا تاياق سانجىدى . سىراجىدىن ئاخۇننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە :

— ماڭسىلا ، — دېدى ھەييارلىق بىلەن ھىجىيىپ ، — ئەمدى خېرىدار بىزنى ئىزدەيدۇ !...

دەرۋەقە ، تۇن تەڭدە ، سىراجىدىن ئاخۇننىڭ دەرۋازىسى قېقىلدى . بىراق ، ئۇنى ئىزدەپ كەلگىنى قانداقتۇر خېرىدار ئەمەس ، بەلكى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تۆت نەپەر ساقچىسى بىلەن تۆلەندى «داجەي» ئىدى . بىر نەپەر ساقچى قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان شا يۇنۇس ئاكىنى شىللىسىدىن تۇتۇپ تۇراتتى...

*　　　　*　　　　*

— مەن بىلمەيدۇ . سىيزى باشكا ديسۇڭ .

— ۋاڭ جۇرېن ، نىگا بىزنىڭ دادۇيدىكى شا يۇنۇس بارغۇ...

— ئا ، نېمە بودي ؟

— سىراجىدىن ئاخۇننىڭ تۆت چوشقىسىنى گېۋېيخۇينىڭ هويلىسىغا سولاپ قوياپتىكەن ، ئۇنى ساقچى تۇتۇپ كەتتى . مەندىيما «ئۇنىڭدا گۇناھ يوق» دېسە ، ساقچى ئۇنىمىدى . بۇگەنما ، سىلىنى ساقلاپ سان تەنلە①...

— مەنما ، بەيشى كۇن مەيجىلىسى بادي ئەيمەيسىما...

— توغرا ، توغرا ، دۇي !... ھى ـ ھى ـ ھى ... سىلە

① سان تەنلە — خەنزۇچە «ئۈچ كۈن بولدى» .

ۋىلايەتكە كېتىپ ئەتىسى تۇتۇپ كەتتى… مەن سورۇشتۇرۇپ ئۇقتى ، سىراجىدىن ئاخۇننىڭ چوشقىما ، شىپىلىڭ گۇڭسى ئامىدۇ ، شا يۇنۇس گېۋېيخۇيغا سولاپ قويدى… نىگا سىراجىدىن ئاخۇن بارغۇ ، سىلىمۇ بىلىدۇ… جىگىياڭزا خورېن !…

— مەن بىلىدۇ . ياكېشى ئادامۇ…

— دۇي ، سىراجىدىن ئاخۇن ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم… جىگا جىگىما ، مەن سىلىگە دېمىدى . نىگا شا يۇنۇسما نەچچە يىل بولدى ، بۇزۇلۇپ كەتتى…

— ئا !… مەن نېمىشىكا بىلمەيدۇ ؟ !

— مەن ئەمدى دەيدۇ… خەمەسى دەيدۇ… نىگا ـ نىگىما…

«گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ» . ۋاڭ بىيلەي بىلەن تۆلەندى بىر يەرگە كېلىپ قالسا ، ئىككىسىنىڭ گېپى تۈگىمەيدۇ . ۋاڭ بىيلەي ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلسا ، تۆلەندى «خەنزۇچە» سۆزلەپ بولالماي ئاۋارە . بەزىدە گەپ تاپالماي قالسا ، «نىگا ـ نىگىما ، جىگا ـ جىگىما» نى يەتتە ـ سەككىز قېتىم تەكرارلىۋېتىدۇ . مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ بولالماي ، بىر سۆزنى نەچچە قېتىملاپ ياندۇرمىلايدۇ . راستىنى ئېيتقاندا ، ۋاڭ بىيلەيدىن بۆلەك ئادەمگە ئاشۇنداق گەپ قىلىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان بولاتتى . لېكىن ، ۋاڭ بىيلەي ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەينەن چۈشىنىدۇ ھەم لايىقىدا جاۋاب قايتۇرىدۇ . بەزىدە ئۇنىڭ «خەنزۇچە» سۆزلىيەلمەي بەك قىينىلىپ كېتىۋاتقىنى ھەم تەكرار سۆزنى تولا ئىشلىتىپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقىنىغا چىدىماي : «ۋويگورچە سۆزلەيۋېرىڭ» دەپمۇ قويىدۇ . تۆلەندى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز «تالانت»نى نامايان قىلماقچىمىكىن ـ تاڭ ، نەچچە جۈملە ئۇيغۇرچە سۆزلىۋېتىپلا يەنە «خەنزۇچە» سۆزلەپ كېتىدۇ . بۈگۈن ۋاڭ بىيلەي ئۇنىڭ قانداق تىلدا سۆزلىشى بىلەن كارى بولمىدى . ئۇنىڭ «نىگا شايۇنۇسما ، نەچچە يىل

بولدى ، بۇزۇلۇپ كەتتى... » دېگەن گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىۋىن يەۋالغاندەك غەش قىلىپ قويغانىدى . شا يۇنۇس ئاكىنىڭ زادى قانداق «بۇزۇلغان»لىقىنى بىلىش تەقەززاسىدا ئۇنىڭ ئاغ-زىدىن كۆز ئۈزمىدى . سوئالمۇ سورىمىدى ، گېپىنىمۇ بۆلمە-دى . تۆلەندى «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە»دىن نەچچە ئاب-زاس ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن ، گەپنى شاللىقنى بۇغدايلىقتا ئۆز-گەرتىشتىن باشلاپ ، شايۇنۇس ئاكىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق توسقۇن-لۇق قىلغانلىقى ؛ ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ بەزى چوڭ ئىشلاردا باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ھەممە مەسئۇلىيەت-نى ئۈستىگە ئالىدىغان پرولېتارىياتچە خىزمەت ئىستىلىگە زە-ھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقى ؛ شەخسەن ئۆزى ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىدە قايتا ـ قايتا تەربىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلمىغانلىقى ؛ ئاخىر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ، چوشقىلارنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ كارىدورىغا سولاپ قويۇش-تەك ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، قىزىل ھاكىمىيەتكە ئاشكارا قارشى چىقىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن-لىكىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلىدى . ئاخىردا ، دادىسىدىن تاياق يېگەن كىچىك بالىدەك ھۆركىرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ، «شا يۇنۇس ئاكىنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان كونا سەپداشلىق مۇناسىۋە-تىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە ئىنكاس قىلمىغانلى-قى ؛ تېخىمۇ مۇھىمى ، ئىشنىڭ بېشىدىلا ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى ئېچىپ ، ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ ، تېگىشلىك جازا بەرمىگەنلىكى ؛ نەتىجىدە ، مۇشۇنداق چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقە كېلىپ چىققانلىقى ؛ بۇنىڭدىكى بارلىق مەسئۇلىيەتنى دا-دىللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ ، ھەرقانداق ئېغىر جازا بېرىلسە ، رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقى»نى بىلدۈردى .

— نېمە يىگىلاڭ ؟ بەيكار ـ بەيكار يىگىلايدۇما ، بۇمەيدۇ...

يىگىلمىسۇڭ ، ھە !···

— ماقۇل ، ۋاڭ جۇرېن . شىڭ··· مەن يىغلىمايدۇ···

— شىپىن گۇڭسىما ، توخۇلى يىشى كىمەيدۇ··· بىزىما ، چىيۇڭ ئاسۇڭ ، كىچىك ئامىسۇڭ دېمىدى···

— ھە !··· بۇ··· ؟

— چىيۇڭ ئاسا ، كىچىكى ئامىسا ، تۇڭگۇز باكاڭ دىيىخەن كاڭداكىلا ؟··· جىڭلى يالىگەن گەيپۇ دەيدۇ···

— شۇنداقمۇ ؟ ئەستا···

— مەن جىڭلى سۆزلىشىپ ، سىزىما ئاڭلايدۇ . شا يۇنۇس ئاكاڭدىي گەيپۇما كېيىڭ دەيدۇ . ماكىما ؟

— ماقۇل ، ۋاڭ جۇرېن . شىڭ ، شىڭ···

ۋاڭ بىيلەينىڭ گەپلىرى ، شا يۇنۇس ئاكا قولغا ئېلىنغاندىن بېرى : «دادۇيىمىزدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ئەمدى تۇتۇدىغان پەيت كەلدى . شا يۇنۇسنى ‹تىرىك نىشان› قىلىپ تۇرۇپ ، بۇ چاغقۇچە چوشقىچىلىق توغرىسىدا ئېگىز - پەس كوتۇلداپ يۈرگەنلەرنى بىر - بىرلەپ تارتىپ چىقىپ پىپەن قىلىپ سېستىپ ، ۋىلايەت بويىچە يەنە بىر قېتىم ئۈلگە كۆرستىدىغان بولدۇم··· » دېگەن شېرىن خىيال بىلەن كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان ، كۈندە بىر قېتىم ۋاڭ بىيلەينى ئىزدەپ ناھىيىنىڭ يولىنى مېڭىپ پىيمىسىنىڭ يىرتىقى تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەن تۆلەندىنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزلىتىۋەتتى . ئۇ مۇبادا ، ۋاڭ بىيلەينى بۈگۈن يەنە تاپالمىسا ، ئۆمىلەپ بولسىمۇ ۋىلايەتكە بېرىپ ئۇنى تېپىپ ، شا يۇنۇس ئاكىنىڭ نەق ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايىتىنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلماقچى ؛ ئۇنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپلا دادۇيگە قايتىپ «شا يۇنۇسچە ئۇنسۇر»لارنى تارتىپ چىقىرىپ پىپەن قىلىش بىلەن بىر چاغدا ، شا يۇنۇسنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش دولقۇنىنى قوزغىماقچى ؛ ئۇدۇللۇق پاش قىلغاننى ئۇدۇللۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ما-

تېرىيال تۇرغۇزۇپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشنىڭ غېمىدە قالغانىدى ··· يۇلتۇز تار- قىماستا يولغا چىقىپ ، ۋاڭ بېيلەيىنىڭ ئىشقا چۈشۈشىگە ئۈلگۈ- رۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن تۆلەندى ۋاڭ بېيلەيىنى كۆرۈپلا مەقسىتىنىڭ يېرىمى ئىشقا ئاشقاندەك خۇشاللىنىپ ، يولدا تارت- قان سوغۇق ، هارغىنلىق ئازابىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى . بىراق ، ۋاڭ بېيلەي ئۇنىڭ «دوكلات»نى خۇشياقمىغاندەك ئېرەڭسىز- لىك بىلەن ئالدى . كۆڭلىگە يارىشا ، يا ئىككى ئېغىز ماختاپ قويغاي ، يا ئىككى ئېغىز سوئال سوراپ قويغاي··· ياق . ياق ، ياق··· ئەلپازىدىن قارىغاندا ، ئۇنى ماختاش نىيىتىمۇ ، شا يۇنۇس- نى جازالاش نىيىتىمۇ يوق ! تۆلەندى بۇنى ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ ، گېپىدىنمۇ بىلىۋالدى !

«جىڭلى يالىگەن گەيپۇ دەيدۇ··· »

بۇ ئۇنىڭ «جىڭلى يالغان سۆزلەپتۇ» دېگىنىمۇ !··· تېخى «شايۇنۇس ئاكا» دېگىنىنى قاراڭ !··· بىر نەق ئەكسىلئىنقىلابى- چىنى «ئاكا» دەۋاتقان ئادەم ئۇنى جازالامدۇ ؟ !

تۆلەندى مۇزدەك سوغۇق تەرلەپ كەتتى . ئۇنداق ئويلاپمۇ ، بۇنداق ئويلاپمۇ ، ئەڭ ئۇششاق ئىشلاردىمۇ سىياسەتتىن ، پرىنسىپتىن ، سىنىپىي كۆرەشتىن گەپ ئېچىپ ، پۈتۈن ناهىيىنى دىر - دىر تىترىتىدىغان بۇ ئادەمنىڭ بىراقلا 360 گرادۇس بۇرۇلۇپ ، بىر نەق ئەكسىلئىنقىلابچى تەرەپتە تۇرۇپ ، پۈتۈن سۇرۇك بىر جىڭلىنى «يالغانچى» دەپ ئەيىبلىگەنلىكىنىڭ تېگى- گە يېتەلمىدى . كېيىن ، بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى شا يۇنۇس ئاكىنىڭ ئۇنى ئۆيىدە بىر قىش يوشۇرۇپ ساقلىغانلىقى ئېسىگە كېلىش بىلەنلا چىشلىرى غۇچۇرلاپ ، كۆڭلىدىكى ۋاڭ بېيلەيگە بولغان هۆرمەت - چوقۇنۇش ئورنىنى غەزەپ - نەپرەت ئىگىلىدى . ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىدىن قاتتىق ئۆكۈندى . ئۇنىڭ نەزەرىدە ، ۋاڭ بېيلەي «سىنىپىي

كۈرەشنىڭ ئورنىغا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى»نى دەسستىۋاتاتتى، شا يۇنۇس ئاكىنىڭ بىر چاغدا ئۆزىنى «ئىسيانچىلارنىڭ تىل - تايىقىدىن ساقلاپ قالغىنىغا جاۋابەن ئۇنى پرولېتارىياتنىڭ دىكتاتۇرىسىدىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى» بولۇۋاتاتتى···

تۆلەندى مەركەزدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ھەممە يەردە «ئىككى سىنىپ، ئىككى لۇشيەننىڭ كۈرىشى ناھايىتى كەسكىن» داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى. لېكىن، بۇ كۈرەشنىڭ قايسى شەكىلدە داۋاملىشىدىغانلىقى، ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئۆزى ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ھەم ئەڭ چوقۇنىدىغان ئادەم — مەتكېرىمنىڭ تۇيۇقسىزلا تەختتىن غۇلاپ، ئۇدۇللا تۈرمىگە كىرىپ كېتىشى؛ ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ كەينى - كەينىدىن تارتىپ چىقىرىلىشى؛ پۈتۈن گۇڭشېنى قاپلاپ كەتكەن ئەنسىزچىلىك، يېرىم كېچە - يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىۋاتقان پىپەن يىغىنلىرى ۋە بۇ يىغىنلاردا ئوتتۇرىغا چۈشۈۋاتقان يېڭى - يېڭى مەسىلىلەر··· تۆلەندىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىمگە ئىشەنمەس قىلىپ قويىدى. بەزىدە ئۆزىدىنمۇ گۇمانلىناتتى، كەلگۈسى تەقدىرىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ كۈنلەردە بىر كىمنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشتا بولسۇن، ئۆستۈرۈش - ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە بولسۇن، ئاشۇ كىشىنىڭ يەتتە ئەجدادىنىڭ «قىزىل ئەۋلاد» ياكى «قارا ئەۋلاد»لىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. بىر ئۇرۇقتا بىرەر ئادەم جىنايەت ئۆتكۈزگەن، خاتالىق سادىر قىلغان بولسا، پۈتۈن ئەۋلاد گۇمان ئاستىغا ئېلىنىدۇ. «چوڭ - كىچىك» دېمەستىن نازارەت ئاستىدا، بېسىم ئاستىدا ئىشقا سېلىنىدۇ. ھېچقانداق سىياسىي ئەركىنلىك بېرىلمەيدۇ··· تۆلەندىنىڭ يەتتە ئەجدادى «قىزىل»لىقى راست، شامال كىرمەيدۇ! لېكىن، ھەي··· قىزى تاجىگۈلنىڭ نەق ئەكسىلئىنقىلابچى سالى بىلەن قېچىپ كېتىشى، «ئۆگەي دادىسى» مەتكېرىمنىڭ «قىلىچ ئاستىدا»

تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنى گۇمان ئاستىغا قويمىدى دېگىلى بولمايدۇ .
ئەگەر تاجىگۇل بىلەن مەتكېرىم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن چىقماي ،
باشقا بىراۋنىڭ ئائىلىسىدىن چىقىپ قالغان بولسا ، تۆلەندى
ئالدىقاچان ئۇ ئائىلىنى «قارا ئەۋلاد» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ ،
پىپەن ئۈستىگە پىپەن قىلىپ ، بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپ قالغىنىغا
پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتكەن بولاتتى . ئەكسىچە ، تۆلەندىنى هېچ-
كىم پىپەن قىلمىدى ، ئوچۇقراقى ، پىپەن قىلىشقا جۇرئەت
قىلالمىدى . چۈنكى ئۇ پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر «داجەي» ،
رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلىدىغان ئادەم !...
شۇنداقتىمۇ ، ئەزالار ئارىسىدا پىچىر - پىچىر ئاز ئەمەس .
گۇڭشې ، ناھىيە مەسئۇللىرىمۇ ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك پەپەشلەپ
كەتمەيدۇ . قىزى تاجىگۇل بىلەن «ئۆگەي دادىسى» مەتكېرىم-
نىڭ جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى
يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ نەچچە قېتىم تەكشۈرۈشنامە يېزىپ ، گۇڭ-
شې ۋە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا تاپشۇرغان بولسىمۇ ،
ھەممىسى جاۋابسىز قالدى . هېچكىم ئۇنى چاقىرتىپ ئىككى
ئېغىز چىرايلىق گەپ بىلەن كۆڭلىنى ياساپ قويمىدى ياكى
«گۇناھىڭ ماۋۇ» دەپ ، پاكىتنى كۆزىگە تىقمىدى . ھەممىسى-
نىڭ مۇئامىلىسى ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدەك يىلىمان ، نەزىرى
مۇزدەك سوغۇق... بىرلا ۋاڭ بىيلەينىڭ مۇئامىلىسى بۇرۇنقى-
دەكلا ئىدى . مانا بۈگۈن ئۇمۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى . قارىغاندا ،
ئۇمۇ ئۇنىڭدىن سوۋۇغان يالىكى «پرولېتارىيات سىلىڭبۇسىغا
سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ليۇشاۋچىنىڭ ئادىمى» ، بولمىسا ، شا
يۇنۇسنىڭ گېپى چىقىش بىلەنلا چىرايى نېمانچە ئۆزگىرىدۇ ؟
تۆلەندىنى مەنسىتمىگەندەك ، گەپلىرىگە ئېرەن قىلماي ئاڭلايدۇ ؟ !
«ئۆگەي ئانىسى» زىۋەرىخاننى مەتكېرىمگە زورلاپ چاتقان ئادەم
شايۇنۇس ئىكەنلىكى ، ئەگەر ئۇنىڭ مەتكېرىم بىلەن هېچكىمگە
دېگىلى بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى بولمىسا ، ئوتتۇرىدا

دەللاللىق قىلمايدىغانلىقىنى دەۋەتكەن بولسا، ۋاڭ بىيلەي سەل چۆچۈپ بولسىمۇ تۆلەندى تەرەپتە تۇرارمىدى ـ يا؟!

تۆلەندى نەچچە كۈندىن بېرى ۋاڭ بىيلەيگە گېپىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدىلا مۇشۇ ئىشنى دېيىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەندى. ۋاڭ بىيلەينىڭ يىلىمان مۇئامىلىسى ئۇنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلىدى بولغاي، ئەڭ مۇھىم گەپنى ئۇنتۇپ، دېسىمۇ ـ دېمىسىمۇ بولىدىغان بىرمۇنچە گەپنى دەۋەتتى. مەيلى، ھەممە گەپنى بىراقلا دېيىش پەرزمىدى؟ دېمىگەننى ھامان دېگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا دېمىسە ۋىلايەتكە، ئاپتونوم رايونغا دەيدۇ! ۋاڭ بىيلەي ئاۋۋال مەتكېرىمنىڭ شېرىكى شا يۈنۈس «ئاكىسى»غا قانچىلىك شەپقەت كۆرسىتەلىسە كۆرسىتىپ باقسۇن. جاھاننى ۋاڭ بىيلەي سورامتى؟ تۆلەندىمۇ بوش ئادەم ئەمەس!...

تۆلەندى ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇۋاتقاندا، ۋاڭ بىيلەي كىمگىدۇر تېلېفون بەردى. كاتىپ كۆتۈرۈپ كىرگەن قانداقتۇ قەغەزلەرنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈپ چىقتى، ئۈستىگە نېمىلەرنىدۇر يازدى. كاتىپقا نېمىلەرنىدۇر دېدى. تۆلەندى ھېچنەرسىنى ئۇقمىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، كەلگۈسىدە ئۇنى قانداق ئاغدۇرۇش غېمىگە پېتىپلا كەتتى...

ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. ۋاڭ بىيلەي رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئورۇقنا بىر ئۇيغۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھىيىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى شىركىتى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ناسىر غولام ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «ناجىڭلى» دەيتتى. ئۇ ئاۋۋال ۋاڭ بىيلەي بىلەن، ئاندىن تۆلەندى بىلەن قول سىقىشىپ كۆرۈشتى. تۆلەندى ئۇنىڭ بىلەن تونۇش بولۇپ، بايا ۋاڭ بىيلەي «يالغانچى» دېگەن كىشى شۇ ئىدى. ۋاڭ بىيلەي ئۇنىڭغا تۆلەندىگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ كۆرسەتمىدى،

چىرايىنىمۇ ئاچمىدى . قولى بىلەن ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ، بىرنېمە دەپ كالدىرلىغۇدى ، «ناجىڭلى» قورۇنۇپراق ئولتۇردى . بۇ ھالنى كۆرگەن تۆلەندىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . چۈنكى ، ئۆزى تۆردە — لۆم لۆم ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى...

ۋاڭ بىيلەي بىلەن «ناجىڭلى» خەنزۇچە سۆزلىشىپ كەتتى . ۋاڭ بىيلەينىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ، تۇرۇقى سۇرلۇك . «ناجىڭلى بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ ، دۇدۇقلاپ - دۇدۇقلاپ سۆزلەيتتى . سۆزى بۆلۈۋېتىلسە ، تىكەنگە ئولتۇرۇپ قالغاندەك تېپىرلاپ ، كۆزلىرىنى ئايانچلىق پىلدىرلىتاتتى . بەزىدە تۈكۈرۈكىنى يۇتالماي چىڭقىلىپ ، گېپى ئاغزىدىن چۈشۈپ قالاتتى :

— چوشقا سېتىۋېلىشتا مۇقىم بىر ئۆلچەم بېكىتمىسەك ، بىرىنچىدىن ، دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدىكەن ؛ ئىككىنچىدىن ، ئىستېمالچىلارنى سۈپەتلىك گۆش بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىكەن . شۇڭا...

— سىلەر سېتىۋالمىغاننى دېھقانلارنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتىڭىزمۇ ؟

— نېمە دەيدىغانلا ، ۋاڭ جۇرېن... شۇنىمۇ ئۇقمايدىغان ئىش بولامدۇ ؟ !... ئۆيىگە ئەكېتىپ بورداپ بېقىپ يەنە ئەكېلىدۇ . يەنە ئۆلچەمگە توشمىسا ، يەنە سېتىۋالمايمىز...

— ئۆلچەمگە يەتكۈدەك سەمرىتەلمىسە قانداق بولىدۇ ؟

— سەمرىتەلمىسە ئۆزىنىڭ شورى ! بىزنىڭ نېمە كارىمىز ! ؟...

— نېمە ! — ۋاڭ بىيلەي شىرەگە «ۋاققىدە» بىرنى مۇشتلاپ ، ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى . چىرايىدىن مۇز ياغاتتى . «ناجىڭلى»نىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ ، چىرايىدىكى خۇشامەت ئارىلاش مەغرۇرلۇق قاياققىدۇر ئۇچۇپ ، مۇشۇكنى كۆرگەن چاشقاندەك شۈمشىيىپ كەتتى . ۋاڭ بىيلەينى ھېچقاچان مۇنداق

ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان تۆلەندى ھەيران بولغىنىدىن ، ئۇلارغا چەكچىيىپلا قاراپ قالدى . كۆڭلىدە : «ناچىگلى نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولغىيدى؟» دەپ ئويلايتتى ، — يەنە بىر دەڭە !··· «نېمە كارىمىز؟» شۇمۇ گەپمۇ !··· مىلك جاپادا چوشقا بېقىپ ، ئالدىڭىزغا سېتىپ بەرگىلى ئەكىلىدىغان دېھقان بىلەن كارىڭىز بولىمىسا ، سىزدەك ئادەمىنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى !؟··· «دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدىكەن» دەيدۇ تېخى !··· دۆلەت مەنپەئىتىنى دەپ ، خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان ئۇرسا بولامدىكەن !؟···

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟ بولامدۇ - بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ ···

— ئەمىسە نېمىشقا دېھقانلارنى مۇشۇنداق قىينايسىز؟

— مەن ···

— قولىڭىزدا يۇقىرىنىڭ تىرىك چوشقا سېتىۋېلىشتا ئېغىرلىق ئۆلچىمى بېكىتىش توغرۇلۇق ھۆججىتى بارمۇ؟

— يوق ···

— «يوق؟» ئەمىسە بۇ ئۆلچەمنى نېمىگە ئاساسەن بېكىتتىڭىز؟

— بىز··· بىز··· لىڭداۋشياۋزۇ مۇزاكىرە قىلىپ···

— ھە··· بۇ ئەسلىدە ئۆزۈڭلەرنىڭ كەشپىياتى ئىكەن - دە ! ···

— ··· ··· ···

— نېمىشقا مۇشۇنداق قىلدىڭلار؟

— چوشقا ساتقىلى كېلىدىغان دېھقانلار بەك كۆپىيىپ كەتتى . قارىقويۇق سېتىۋالساق ، ناھىيىمىزدە چوشقا گۆشى يەيدىغانلار ئاز بولغاچ ، نۇرغۇن چوشقا گۆشى ئامباردا بېسىلىپ قېلىپ ، دۆلەتكە زىيان بولىدىكەن···

— شۇڭا ، ئاپەتنى دېھقانلارغا ئىتتىرىپ قويۇپ ، ئۆزۈڭ-

لەرنى قۇتقۇزماقچى بولۇپسىلەر ـ دە ! ...
— ياق ...
— «ياق ؟ » ئەمىسە بۇ ئىشىڭلارنى قانداق چۈشەندۈرۈ-سىز ؟
— بەزىلەرنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە ، سىنىپىي دۈشمەنلەر-نىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەن بەزى ئىدىيىسى قالاق دېھقانلار يەم ـ خەشەك يېتىشتۈرەلمەسلىكنى باھانە قىلىپ ، بېقىۋاتقان چوشقىلىرىنى بىرنى قويماي سېتىۋېتىش نىيىتىگە كەپتۇ . بىزنىڭچە ، بۇنىڭ چوشقىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا يەتكۈ-زىدىغان زىيىنى ناھايىتى زور بولۇپلا قالماستىن ، ئاقىۋىتىمۇ خەتەرلىك . شۇڭا ، مۇشۇنداق ئۆلچەم بەلگىلىدۇق . بىزلا سېتىۋ-ۋالمىساق ، دېھقانلارنىڭ چوشقىلارنى قالايمىقان سېتىۋېتىش يو-لى ئېتىلىپ ، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ رەزىل مەقسىتى ئىشقا ئاشمايدۇ...
— مۇنداق دەڭ... دېھقانلارنىڭ چوشقا بېقىشتىكى مەقسى-تى نېمە ؟
— ماۋجۇشىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ...
بۇ بىر تەرەپ . تېخىمۇ مۇھىمى ، چوشقىنىڭ تېز كۆپىيىشتىن ئىبارەت ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشى-لاش . ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەر بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى . بىراق ، ناھىيىمىزدە ئەھ-ۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى . بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەت مەندە... ھەممىدىن يامان بولغىنى — سىلەر بىزدىن يوليورۇق سورىمايلا ئۆلارنىڭ سېتىش يولىنىمۇ ئېتىپ تاشلاپسىلەر... قاچاندىن بېرى مۇشۇنداق قىلىۋاتىسىلەر ؟
— نېمىنى ؟
— «نېمىنى» دەيسىزغۇ ! ھېلىقى «ئېغىرلىق ئۆلچىمى» دېگەن بىر نېمىنىچۇ ! ؟

— بۇ ··· بۇلتۇر بەش··· بەشىنچى ئايدا يولغا قويغان···
— بۇلتۇر بەشىنچى ئايدا ! ؟··· بىز شۇ چاغقىچە نېمىشقا بىلمەيمىز ؟ ···
— يىللىق خۇلاسە دوكلاتىدا بىراقلا مەلۇم قىلايلى دەپ···
— بۇ پەۋقۇلئاددە كەشپىياتىڭلارنىڭ شانلىق نەتىجىلىرى بىلەن بىزنى هاڭ - تاڭ قالدۇرماقچى بولۇپسىلەر - دە ؟··· قۇرۇق گەپ !··· چوشقا باققان دېهقان يا ئۇنىڭ گۆشىنى يېمىسە ، يا سېتىپ ئۆزىگە ئېهتىياجلىق نەرسىگە ئېرىشەلمىسە ، ئۇنى بېقىپ نېمە قىلىدۇ ! ؟ «سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسى» دەيدۇ تېخى !··· دېهقانلارنى چوشقا بېقىشتىن بىزار قىلىۋاتقان نەرسە دەل سىلەرنىڭ «ئېغىرلىق ئۆلچىمى» دېگەن بىر نېمەڭ-لار ، بىلدىڭىزمۇ ! ؟··· مەن بۇ ئىشنى ئەتىلا گېۋېيخۇيىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇمەن . قېنى كىم سىزنى ياقلايدىكىن !··· بېرىڭ ، دەرهال بېرىپ ، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قول ئاستىڭىزدى-كىلەرگە يەتكۈزۈڭ !··· هازىردىن باشلاپ ، چوشقا سېتىۋېلىشتا هېچقانداق چەك بولمىسۇن ! دەرهال بىر تۇركۇم ئادەم ئاجرى-تىپ ، چوشقا گۆشىگە خېرىدار ئىزدەڭلار . مەنمۇ ۋىلايەتكە ئەهۋالنى مەلۇم قىلىپ دوكلات يازاي···

ۋاڭ بىيلەي كەيپى ئۇچقان ، روهى چۈشكەن هالدا ئىككى مېتىرچە ئارىلىقتا توختىماي مېڭىپ يۈرۈپ ، «ناجىڭلى»غا يې-رىم سائەتچە «دەرس» ئۆتتى . ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ بولۇپمۇ بىر يېرى قاتتىق سىرقىراپ ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈش-تۇرگىنىچە مېڭىشتىن توختىمىدى . ئۇنىڭ «ناجىڭلى» بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى ، ئۇنى بۇنچىلا جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن نەرسىنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتقان تۆلەندى ئۇنىڭ لاتا خەي كىيگەن ئاياغلىرىدىن كۆز ئۈزمەي ، قەدەملىرىنى «سانايتتى··· »

ئاخىر ۋاڭ بىيلەي ئولتۇردى . تۆلەندىگە قاراپ كۈلۈمسى-

ـرەپ قويدى . تۆلەندىمۇ كۆلۈمسىرىدى . ۋاڭ بىيلەي تاماكا چەكـ
ـمەيتتى . نېمە ئۈچۈندۇر شىرەدىكى كۆلدانىنى جايىدىن يۆتكەپ
قويدى . تۆلەندىگە ئۇ تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەندەك كۆرۈندى .
ۋاڭ بىيلەي «ۋېيشاڭ» گۇڭشېگە شۇجى بولۇپ كەلگەندە ئۇتتۇز
ياشلاردا بولۇپ ، بۇ يەرگە مۇقىم ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگەن تۇنجى
خەنزۇ رەھبەر ، بىردىنبىر خەنزۇ كادىر ئىدى . ئۇيغۇر تىلىنى
ئاز - تولا يامىدايتتى . خوتۇن - بالىلىرى ناھىيە ئىچىدە بولـ
ـغاچ ، ئۆزى يالغۇز يېتىپ قوپاتتى ، ئاش - تاماقنى ئۆزى ئېتىپ
يەيتتى . ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم پىيادە ياكى ئۇدۇل
كەلگەن بىرىنىڭ هارۋىسىغا چىقىۋېلىپ ، خوتۇن - بالىلىرىنى
يوقلاپ كېلەتتى . خۇسۇسىي ئىشىغا گۇڭشېنىڭ خادىكى ، ئات - ئۇلـ
ـغىنى ئىشلەتمەيتتى . بىر كىمنىڭ ئۆيىدە تاماققا ئېغىز تېگىپ
قالسا ، ئاشلىق بېلىتى بىلەن پۇل تۆلەشنى ئۇنتۇمايتتى . بۇ
يۇرت ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ ، دېھقانلار
ئارىسىغا سىڭىپلا كەتتى . قۇمسارايىنى ، تۆلەندىنى «داجەي»
لەشتۈرۈپ ئاپتونوم رايونغا تونۇتتى… ئۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي
كومىتېتقا مۇدىر بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ يەردىن مېھرىنى ئۈزمىـ
ـدى . قولىدىن كېلىشىچە يۆلىدى . تۆلەندىنىڭ خىيالىغا بىرەر
يېڭى ئىش كەلسە ، گۇڭشې مەسئۇللىرىنى بىر چەتكە قايرىپ
قويۇپ ، بىۋاسىتە ئۇنى ئىزدەيتتى . شاللىقنى ئاقيەرگە ئۆزگەرـ
ـتىش ، چوشقىچىلىقنى يولغا قويۇش… مۇ ئاشۇنداق بولغان…
هازىر چوشقا قوي - كالىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى
لېكىن سېتىش تەس . ئىلگىرى ، شەخسلەردە بىر ئانا چوشقا
كۆپەيسە ، يېرىم مودىن يەم - خەشەك يېرى ئاجرىتىپ بېرىلـ
ـگەن . ھېلىمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولسا ، شەخسلەرنىڭ قولىدىـ
ـكى يەر كۆپىيىپ ، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى يەر ئازلاپ كېتىدۇ .
شۇڭا ، ئەزالارنىڭ قوتىنىدا كۆپەيگەن ئانا چوشقىلارغا يەم -
خەشەك يېرى ئاجرىتىپ بېرىلمىدى . بۇنىڭدىن ئەزالار قاتتىق

نارازى . چوشقا بېقىش قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى . بۇنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى — شا يۇنۇسنىڭ سىراجىدىن ئاخۇننىڭ ئۆلچەمگە توشمايدىغان چوشقىلىرىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كو-مىتېتىنىڭ كارىدورىغا سولاپ قويغانلىقى… بۇ ناھىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن زور ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ۋەقە . تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ، «يۆجىن» دادۇيىنىڭ ، تۆلەندى «دا-جەي» نىڭ ئابروينى يەرگە ئۇرۇپ ، چوشقىچىلىقنى ، داجەيدىن ئۆگىنىشنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ . ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت شا يۇنۇسنى قاتتىق جازالاش بىلەن بىر چاغدا ، ناھىيە بويىچە بىر مەيدان ئىنقىلابىي چوڭ پىپەن ئېلىپ بېرىشى كېرەك…

بۇ — تۆلەندىنىڭ قارىشى . ئۇ بۇ قارىشىنى گۇڭشې مەسئۇللىرىغا تىنىمىدى . بۇرۇن ، ۋاڭ بىيلەيگە دەيدىغان گەپلە-رىنىڭ بەزىسىنى ئاۋۋال مەتكېرىمگە دەپ ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن دەيتتى . ئەمدى مەتكېرىم يوق . توختى تۇر بىلەن تىنىقى تىنىقىغا كېلىپ بولالمىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇ ئادەم «ئوڭ»غا مايىلدەك تۇرىدۇ . تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ . پەقەت ۋاڭ بىيلەيلا…

بىراق ، ۋاڭ بىيلەي قىزغىن بولمىدى . شەخسىي مۇناسى-ۋەتنى چىقىش قىلىپ ، شا يۇنۇس تەرەپتە تۇرۇۋالدى . تېخى «ناجىڭلى»غا چېچىلىشچۇ !… قارىغاندا ئۇ ئۆز شەپقەتچىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپلا خۇدىنى يوقىتىپتۇ . «پارتىيىۋى-لىك» ، «رەھبىرىي كادىرلىق» سالاھىيىتىنىمۇ ئۇنتۇپ ، شەخ-سىيەتچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قاپتۇ… قاراڭ ئۇنىڭ تۇرقىغا ، ئۇن كۈن ئاش ـ نان يېمىگەندەك !…

«قېنى ، شا يۇنۇس دېگەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى توغرۇ-لۇق نېمە دەيدىكىن ؟… »

ۋاڭ بىيلەينىڭ ئاغزى ئاخىر ئېچىلدى :

— ھەي··· دىيخەن توڭگۇزى باكېدۇ ، شېپىن گۇڭسى
ئامەيدۇ ، كاڭداكې يېشى بۇ ! ؟···

ۋاڭ بېيلەي باياتىن «ناجىڭلى» بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى
قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ، ۋىلايەتتە ئېچىلغان يىغىن-
نىڭ روھىدىنمۇ خەۋەردار قىلدى . ئۇنىڭ دېيىشىچە : نىڭشىيا
خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ بەزى جايلىرىدا ، چوشقا باققان ئائى-
لىلەر بىلەن قۇدىلاشماسلىق ، ئۆلسە نامىزىغا قاتناشماسلىقتەك
غەلىتە ھادىسە يۈز بېرىپ ، بەزى ئادەملەر قولغا ئېلىنىپتۇ ،
ھەتتا ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا قورالىق توقۇنۇش كې-
لىپ چىقىپتۇ . مەركەز بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ،
دەرھال مۇسۇلمان مىللەتلەرگە زورلاپ چوشقا باققۇزۇشتەك خاتا
قىلمىشنى چەكلەش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش تارقىتىپتۇ . ئۇقتۇ-
رۇشتا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئىمزاسى بار ئىكەن . ئۇقتۇرۇشتا
كۆرسىتىلىشىچە لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى «رەئىس
ماۋزېدۇڭنىڭ چوشقىچىلىق توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى بۇرمى-
لاپ ، مۇسۇلمان مىللەتلەرگە مەجبۇرىي چوشقا باققۇزۇپ ، ئۇلا-
رنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى ئاياغ ئاستى قىلىش
ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پارتىيىگە ، رەئىس ماۋزېدۇڭغا نارازىلىقىنى
قوزغاپ ، ئۆزلىرىنىڭ پارتىيىنى ، ئارمىيىنى چاڭگىلىغا كىر-
گۈزۈۋېلىش قارا نىيىتىگە جامائەت پىكرى تەييارلىماقچى» ئى-
كەن . نىڭشيادا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقە دەل بىر قېتىملىق چوڭ
ئاشكارىلىنىش بولۇپ ، مەركىزىي كومىتېت بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى
بىلەن مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەڭشەي-
دىكەن . ۋىلايەتتىكى يىغىندا مۇشۇ ھۆججەت ئۆگىنىلىپتۇ .
شەرت - شارائىت ھازىرلاپ ، ئاستا - ئاستا ئىجرا قىلىنىدىكەن···

تۆلەندى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، دەسلەپ ئاسماندىن يەرگە
تاشلانغاندەك بىئارام بولدى . بارا - بارا ، ۋاڭ بېيلەينىڭ ئېزىپ -
ئېچكۈزۈپ چۈشەندۈرۈشى ، پايدا - زىيانغا مۇناسىۋەتلىك بىرقا-

تار سان ـ سىفىرلارنى تىلغا ئېلىشى… ئۇنى قاتتىق ئۇيقۇدىن سەگىتكەندەك بولدى . ئىچىدە ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى ، چوشقىچىلىقتىن ئۇنىڭ دادۇيىگە قۇرۇق چاۋاكتىن بۆلەك ھېچقانداق نەپ تەگمەپتۇ . «نەپ تەگدى» دېيىلسە ، جىمى نەپنى مەتكېرىم ئاپتۇ !… ھاراق زاۋۇتى… چوشقىلارغا بوغۇز قىلىش باھانىسىدە مەتكېرىم قاتارلىقلارنىڭ نەپسىگە كىرىپ كەتكەن تاغار ـ تاغار گۇرۇچ…

تۆلەندى يىغلاپ تاشلىغىلى تاس قالدى . ۋاڭ بېيلەي گېپىنى يەنە بىر ئاز داۋاملاشتۇرسا ، ئۇ چوقۇم يىغلىۋېتەتتى . يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن — پارتىيىدىن گۇناھىنى تىلەيتتى . لېكىن ، پۇرسەت بولمىدى !

— جۇڭئياڭدې گەيپۇما ، مەن سىزگە دېيدىي ، — دەپ گېپىنى ئۇزدى ۋاڭ بېيلەي ، — سىزنىما باشكا ئادامۇ دېيمەيدۇ ، ماكىما ؟

— ماقۇل ، ۋاڭ جۇرېن ! مەن ھېچكىمگە دېمەيدۇ…

ۋاڭ بېيلەي نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا دېمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، ئۇنى ھەمراھ قىلىپ تۇرمىگە باردى ـ دە ، سىراجىدىن ئاخۇن بىلەن شا يۇنۇس ئاكىنى ئاچىقىپ ، خادىك بىلەن قۇمسارايغا ئاپىرىپ قويدى .

شۇ كېچىسى ، تۆلەندى ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان شا يۇنۇس ئاكىنى ئەيىبلەش ماتېرىيالىنى كۆيدۈرۈۋەتتى ، ۋاڭ بېيلەي ئۇستىدىن يۇقىرىغا ئەرز قىلىش نىيىتىدىنمۇ ياندى . ئەمدى ئۇنىڭ نەزەرى ئۆزىگە ، ئاندىن ھاراق زاۋۇتىنىڭ «يوچۇق» لىرىدا تىمىسقاپ يۈرۈشكەن مەتكېرىمنىڭ «چاشقان»لىرىغا تىكىلگەندى . لېكىن ، تاجىگۈلنىڭ ئىشى تۇپەيلىدىن كاللىسى ئارامىدا بولمىغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ ؟ «پۇختا ، دەل» بولۇشقىلا كۈچەپ ، «قاتتىق» بولالمايۋاتاتتى…

# يازنىڭ «ئەلچىسى»

ياز ــــ ھېچقانداق بىر يىلدىكى يازغا ئوخشاشمايدىغان
قۇرۇقچىلىق ياز . ئەگۈزگە ئۈلىشىپلا يېتىپ كەلگەن «دەلۋە
دىۋانى»دا باشلانغان بوران تېخىچە توختىغىنى يوق . ھاۋا ھېلىلا
هارامزادىنىڭ ساختا تەبەسسۇمىدەك غىل ـ پاللا ئېچىلسا ، ھايال
ئۆتمەي قاپاق تۈرۈدۇ . شەيتاننىڭ سۈيدۈكىچىلىكمۇ يامغۇر ياغ-
مىدى . قۇرغاقچىلىق دەستىدىن دېھقان بىچارىلەر نېمە كۈن
كۆرۈۋاتىدىكىن ـ تاڭ ، شەھەرلىكلەرگە بەكمۇ ئۇۋال بولدى .
ئەللىك ـ ئاتمىش نەپەر مال ساتقۇچى ئىشلەيدىغان كاتتا ماگى-
زىنلارنىڭ ئۈزۈندىن ئۈزۈن سوزۇلغان ئەينەكلىك پوكەيلىرىگە
جاھاندا بار مالنىڭ ھەممە تۈرى رەت ـ رېتى بىلەن چىرايلىق
تىزىۋېتىلگەن بولسىمۇ ، جەننەتنىڭ مېۋىسىدەك ، خۇرجۇندا بىر
پۇلنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئادەمگىمۇ بىرى تەگمەيدۇ . بەزىسىگە
«ئەۋرىشكە ، سېتىلمايدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان باغاقچە قىس-
تۇرۇلغان بولسا ، بەزىسىگە باھاسىدىن بۆلەك ھېچنەرسە يېزىل-
مىغان . باھاسى شۇنداق ئەرزانكى ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىرەرنى
سېتىۋالغۇسى كېلىدۇ . مال ساتقۇچىدىن تالون يېزىپ بېرىشنى
تەلەپ قىلسا ، خېرىدارغا قاراپمۇ قويماستىن : «چەت ئەللىككە
ساتىمىز» دەيدۇ كۆرەڭلەپ ياكى «تونۇشتۇرۇشىڭىز بارمۇ ؟»
دەپ كۆزىنىڭ ئىچىگە مەسخىرىلىك تىكىلىدۇ . تەمىنات ـ سودا
كوپىراتىپلىرىنىڭ ماگىزىنلىرىدىكى ئەھۋالمۇ ئوخشاش . پەر-
قى : ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ قۇرتلاپ ئەتكەن خەشەك گۈلىسى ، تېڭى
يېلىم ، تېڭى قۇرت شاپتۇل قېقى بىلەن كۆكىرىپ قالغان جىگدە

نورمىسىز ـ بىلەتسىز . پۇلىڭىز بولسا ، ئاندىن يېرىم كۇنلەپ ـ يېرىم كۇنلەپ ئۆچىرەت ساقلاشتىن زېرىكمىسىڭىزلا ، جىڭلاپ ـ كىلولاپ ئەمەس ، چارەكلەپ ـ تاغارلاپ ئالسىڭىزمۇ ئىختىيا-رىڭىز ، ھەتتا ھېچكىم : «بۇنچە جىق ئېلىپ نېمە قىلىسەن ؟ » دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ . (تاشمەتخان ئۇستامىنىڭ ئائىلىسى بىر نانىنىڭ پۇلىغا بىر ـ ئىككى كىلوگرام كېلىدىغان مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن جان بېقىپ ، نۇرغۇن كۇنلەرنى ئۆتكۈزگەن . ھازىرمۇ بۇلاردىن ئايرىلمايدۇ !... ) ماگىزىنلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرغان زىلچا ـ گىلەم ، داس ـ چېلەك ؛ يەكەن-نىڭ ، يېڭىسارنىڭ ، پاكىستاننىڭ بادامىلىرى ؛ بەشكېرەمنىڭ چىلانلىرى بىلەن ئەنجۈر قېقى ، باغداتنىڭ خورمىسى ، قاغىلىق-نىڭ ياڭىقى ، تۇرپاننىڭ كۆك يېمىشى... «پۇلىنىڭ تامغىسى تۆت» كاتتىلارنىڭ ياكى بىرەر پارچە تامغىلىق تونۇشتۇرۇشقا ئېرىشىپ قالغان «تەلىيى ئۇڭ» لارنىڭ نىسىۋىسى . ئاددىي پۇقراغا نىسبەتەن «كۆرمەككە بار ، يېمەككە يوق تۇتىيا !... » بۇلا ئەمەس ، سېسىق تۇرۇپتىن تارتىپ پاقپاق بەسەيگىچە ھەم-مىسى بىلەتلىك ، ھەممىسى نورمىلىق . ھەممە يەردە ئۆچىرەت ، ھەممە ئادەم قورساقنىڭ ، كىيىم ـ كېچەكنىڭ غېمىدە...

ئەمما ، گېزىت ـ رادىئودا كۇنبويى تەشۋىق قىلىنىۋاتقىنى «بازارلار ئاۋات ، مال باھاسى مۇقىم... »لىق .

باھانىڭ مۇقىملىقىغا قىل سىغمايدۇ . «ئاۋات»لىقتىن گەپ ئېچىلسا ، ماگىزىنلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇرغان ، پۇقرالارغا ئەڭ ئېھتىياجلىق ماللارنى «كۆزنى خۇش قىلىدىغان كۆرگەزمە بۇيۇمى» دېگەن تۈزۈك . قىزىق يېرى ، بۇ ماللار پات ـ پات پوكەيلەردىن غايىب بولىدۇ . ئورنىغا يېڭى ماللار تىزىلىدۇ . «ئەۋرىشكە ، سېتىلمايدۇ» دېيىلىدۇ ـ يۇ ، پۇقراغا بىر كىمنىڭ بىرنى سېتىۋالغىنىنى كۆرۈش نېسىپ بولمايلا ، كاسسىرنىڭ سومكىسىغا پۇل بولۇپ كىرىپ كېتىدۇ...

بۇ سىرنى يېشەلىگەن ھېچكىم بولمىسا كېرەك !...

ئەنە قاراڭ ، ھېيتگاھ جامەنىڭ ئالدىغا بىر دېھقان بىر ئۇلاغ ئوتۇن ئەكىرىپتىكەن ، بامداتتىن يانغان سەككىز - ئونەيلەن ئۇنى چۆرىدىشۋالدى . بىر سائەتچە سالا - سۇلھىدىن كېيىن سودىسى پىشىپ ، بىرەيلەن پۇل سانىغىلى تۇرۇۋىدى ، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بازار باشقۇرۇش خادىمى بىرمۇنچە كايىپ ، دېھقاننىڭ قولىدىكى تاياقنى قوپاللىق بىلەن تارتىۋالدى - دە ، ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا كۈچەپ بىرنى سېلىپ ، ئېشەك بىلەن دېھقاننى ئالدىغا سېلىپ ، ئۆستەڭ بويى تەرەپكە ھەيدەپ كەتتى . قارىغاندا ، «قىزىل ھاكىمىيەت» ئوتۇن - ياغاچ ماگىزىنى ئېچىش ئارقىلىق ، شەھەر ئاھالىسىنى ئوتۇن بىلەن نورمىلىق تەمىنلەپ ، بازارنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرىدىغان ئوخشايدۇ .

جامائەت دەل مۇشۇ ئىش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندا ، شەھەردىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھەممىسىگە تونۇش باققال - چاقماقجان پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى تۇيۇپ ئۈلگۈردى بولغاي ، جامائەتكە يېقىنلاشماستىن ، بۇرۇلۇپلا شەرققە يول ئېلىپ ، گۈللۈكنىڭ ئەڭ چېتىگە كەلدى - دە ، ئۈستى يېپىقلىق سېۋەتلىرىنى گۈللۈكنىڭ تۆمۈر ۋادىكىگە يۆلەپ قويۇپ ، گەۋدىسى بىلەن ئۇلارنى دالدا قىلىپ زوڭزايدى . ئۇنىڭدىن تۆت - بەش مېتىر بۇياندىراق ئوسمىدەك كۆپكۆك نەچچە چاڭگال غورىنى ئەسكى خېيمەچكە يىگىرمە - ئوتتۇز تالدىن دۆۋىلەپ قويغان ؛ كىچىك - كىچىك قوشۇقلۇق ، سېۋەت ، داسلارغا قاچىلانغان ئۈجمىلەرنى ئالدىغا تىزىۋالغان سەككىز - ئون جۇلدۇر كېپەن بوۋاي - موماي بىلەن تۆت - بەش نارەسىدە ئوغۇل - قىز خېرىدار كۈتۈپ شۈمشىيىپ ئولتۇرۇشاتتى . ھازىر بازارنى ئاۋات قىلىۋاتقانلار دەل شۇلار . بىرى ، بازار باشقۇرغۇچىلار ئۇلارنىڭ «مال»لىرىنى مۇسادىرە قىلمايدۇ ؛ يەنە بىرى ، «تەمىنات - سودا كوپىراتىپىغا سېتىپ بەرمەي قاراڭغۇ

بازارچىلىق قىپسەن» دەپ ئۇرۇپ ـ تىللاپ يۇرمەيدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، غورىلارنىڭ بىر قىسمىنى پۇل قىلىش نىيىتىدە شېخىدىن قېقىپ ئەكىرگەن…

چاقماقجان مۇشۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم قېشىدىلا توختاپ ، ئۆشنىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە قويدى ـ دە ، يۇكۇندى . خۇرجۇننىڭ بىر كۆزى قۇرۇق ، بىر كۆزىدە لىق ئاغىچا ياغلىقنىڭ غورىسى بار ئىدى . ئۇ خۇرجۇننى ياتقۇزۇپ ، بوش كۆزىنى داستىخان شەكلىدە يايدى ـ دە ، غورىلارنى ئوندىن يىگىرمىدىن دۆۋىلىگىلى تۇردى . غورىلار كۆك بولۇشقا قارىماي ، ياغلاپ قويۇلغاندەك پارقىراپ تۇراتتى . چاقماقجاننىڭ ھەۋىسى كەلدى . چۇنكى ، ئۇ ئۇلۇشكۇن مۇشۇنداق غورىدىن بىر سېۋەت سېتىۋېلىپ ، قوناق بازىرى مەكتەپىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ، ئوقۇغۇچىلارغا بەش پۇڭلۇق ، ئون پۇڭلۇقتىن پارچىلاپ سېتىپ ، «قۇمدەك پۇل قىلغان» ئىدى .

— غوجام ، — دېدى ئۇ ئولتۇرغان جايىدىن قوزغالماي ، تەۋەززۇ بىلەن ، — ئەچچىيگەنلىرى ئاغىچا ياغلىقنىڭ غورىسى ئوخشىمامدا ؟

— ھەئە .

— ئەجەب پاكىز غورىكەن… نەچچە پۇلغا ئاغانلا ؟

— ئالمىدىم . بېغىمدىن چىققان .

—توۋا قىلدىم ، توۋا… ئاغىچا ياغلىقنىڭ ساپىقى بەك چىڭ بولىدىغان… ئەجەب تۆكەپتۇ بۇ بوران ، ئەجەب تۆكەپتۇ… شېخى بەك ئېگىز كەندە كاساپەتنىڭ ؟

— ياق . قاپاق تېرەكتەك شاخاراپ ، ھويلىنى بىر ئالغان ئۆرۈك ئىدى ، — ھېلىقى كىشى چۇشەندۇردى ، — پۇتىمدىسام ، كوھىقاپىنىڭ بورىنىدىمۇ بىر تال تۆكۈلمەيتتى…

— پۇل لازىم بولاپ قېلىپ ئەچىرىپ قاپلىدە ؟ !

— پۇلمۇ لازىم بولدى . مىرادىغا يەتكۇزۇپ پىشۇرۇپ

ساتىمەن دەپ خاپىلىق تارتقۇچە ، كۆڭلۈكى بىرەر خۇرجۇن پۇ-
تاپ ، ئېلىشىغا سېتىپلا قۇتۇلاي دېدىم .

چاقماقجان ئويلىنىپ قالدى . ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدى :

— قوشنىلىرىنىڭ ئۈششاق بالىلىرى ئوغرىلاپ ئارام بەر-
مەيدىكەن - دە ؟

— قوشنامنىڭ بېغىدا ئۆرۈك دېگەن سېسىمچىلىق . بالى-
لىرى ئوغرىلاش تۈگۈل ، ئۆرۈكىمىزگە قاراپمۇ قويمايدۇ...

— ئەمىسە نېمىشقا...

— سىلە مېنى تونۇمىغان بىلەن مەن سىلىنى تونۇيمەن .
سىلە بىزنىڭ مەلىگە نەچچە قېتىم چىققان . ئاتلىرى چاقماقجانغۇ ؟

— ھەئە غوجام ، ھەئە... مەن بېزغېرىپ باققال...

— باققاللىقلىرىنى بىلگەچ ، سىلىگە كۆڭلۈمدىكىنى دەپ
بېرەي دەۋاتىمەن...

— دېسىلە غوجام ، دېسىلە !... كۆڭۈللىرىدە نېمە بوسا
تارتىنماي دەۋەسىلە... ئادەمنىڭ زەھىرىنى ئادەم ئالىدۇ . كۆڭ-
لىدىكى ئادەم بىلەن تېپىشقاندا ، ئىچ - قاننى تۆكۈشۈۋاسا ،
ئادەمنىڭ مىڭ ژىللىق ھادۇقى چىقىدۇ دېسىلە !... نېمە خاپىلىق
تاتقانلا ، نېمە خاپىلىق تاتقانلا... جاھاندا دەدى يوق ، خاپىلىق
تاتمايدىغان ئادەممۇ بامىدۇ زادى ! ؟...

چاقماقجان خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى . دېھقان ئۇنىڭ گەپلى-
رىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىدى . ئۇ گېپىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ،
ئۇنىڭ زادى نېمە خاپىلىق تارتقانلىقىنى سورىغاندا ، كۆڭلىدە
بارنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتتى :

— مېنىڭ كۆچەت تىكىپ باغ قىلغۇدەك يېرىم يوق .
ھويلامدا بوۋامدىن قالغان بىر تۈپ ئۆرۈكۈم بار . مۇرادىغا
يېتىپ پىشسا ، يىگىرمە ئۇلاغدىن كەم ئۆرۈك چىقمايدۇ...

— كۆسىلە بۇ ئىشنى... ئۆرۈك ئەمەس ، كانكەن - دە ،
كان ؟ !...

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ ، — دېھقان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ، — ھەر يىلى تويغۇچە يەپ ، ئاشقىنىنى گۆلە قۇرۇتۇپ ، قىشتا بەش جىڭدىن ، ئون جىڭدىن ئوغرىلىقچە ساتسام ، ئۆينىڭ خەرجىگە دال بولاتتى . بۇلتۇر ئۆرۈك پىشىشىقىدا خوتۇنۇم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى . پىشكە پۇل قىلىپ چىقاي دەپ ئىككى ئۇلاغ ئۆرۈكنى شەھەرگە ئەكىرسەم ، بازار باشقۇرۇش تارتىۋالدى . جان ئاچچىقىمدا تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ ساپتىكەنمەن ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى . بۇنى ئاز دەپ ، دادۇيدە نەچچە كۈن پىپەن قىلىندىم... بۇ يىل گۇڭشې مېۋىگە ئىش قوشۇش كارخانىسى قۇردۇق دەپ ، ھېلىتىن غورىنى ساندىغىلى تۇردى . مۇنداق ئويلانسام ، بېرىدىغان پۇلى ئىككى چارەك گۆلىنىڭ پۇلىچىلىك بولمايدىكەن . تېخى : «مانچىلىكنى يېۋاپسەن ، مانچىلىكنى ئوغرىلىقچە سېتىۋاپسەن» دېگەن گەپمۇ چىقىدىغاندەك . شۇڭا ھازىردىن باشلاپ كېچىلىرى ئوغرىلىقچە پۇتاپ ، ئۇدۇللۇق شەھەرگە ئەكىرىپ ئېلىشىغا ساتقاچ تۇرسام ، ئۆرۈكنىڭ ئالدى سارغايغۇچە شېخىنى بىكارلاپ ، بىرمۇنچە پۇللۇق بولۇپ قالغۇدەكمەن... ھېسابلاپ باقتىم ، مۇشۇنداق ساتسام ، گۇڭشېغا ساتقاندىن يۈز كوي ئوشۇق ساتىدىكەنمەن... بىزنىڭ دادۇيدە بىر گۇڭ ئاران ئەللىك پۇڭ . ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى بولمىسا ، بىر كۈندە بىر گۇڭغا ئېشىلىيەلمەيدۇ . ئويلاپ باقسىلا ، بۇنى پىشۇرىمەن دەپ يۈز كوي زىيان تارتسام ، بىر ئۆينى قانداق تۇتۇمەن ؟ بالىلىرىمنى قانداق باقىمەن ! ؟ ئەگەر چەندە ، ئۆزۈمنىڭ نەرسىسىگە ئۆزۈم ئىگە بولالايدىغان ئىش بولسا ، ئۆلسەممۇ مۇرادىغا يەتمىگەن غورىنى پۇتاپ بازارغا ئەكىرىپ ، خۇدايىمنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدىغان ئىشنى قىلامدىغان !...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان چاقماقجان ئەلچىخانىنىڭ دوقمۇشىدا ئاستا قەدەم تاش-

لاپ ياۋاغ تەرەپكە كېتىۋاتقان تونۇش بىرەيلەننى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، چۇراپ ئورنىدىن قوپۇپ ، دېھقانغا «خوش» مۇ دېمەستىن ، سېۋەتلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئاشۇ تەرەپكە ماڭدى . چاقماقجان قوغلاپ يەتكەندە ، ھېلىقى كىشى خام بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا يېقىنلاپ قالغانىدى . چاقماقجان :

— سىيجاڭ ئاتا !... شەرىمىزگە گۇلدەك يارىشىپ ، قاق ناشتىدا نەگە ماڭغانلا ، نەگە ماڭغانلا ؟ — دېگىنىچە ئۇنىڭغا ياندىشتى .

يالاڭۋاش ، نىل رەڭ دىيكا شىم — كەمزۇل ، قارا خۇرۇم بەتىنكە كىيگەن ؛ ئېگىز بوي ، ئۇستىخانلىق بۇغداي ئۆڭ ، بېشى يوغان ، قاپقارا قاشلىرى توم ھەم ئۆسكىلەڭ ، كەيىنگە سىلىق تارىغان يىرىك ـ قويۇق چاچلىرى قۇندۇزدەك پارقىراپ تۇرغان بۇ ئادەم مېڭىشتىن توختاپ ، سول يېنىغا قىيا بۇرۇلدى ـ دە ، ئىككى قولىدا قوۋزىقى سويۇلغان سېرىق سۆگەتنىڭ چىۋىقىدا يېڭىلا توقۇلغان ، بىرى كىچىك ، بىرى چوڭراق ئىككى سېۋەتنى ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈۋالغان چاقماقجاننى كۆرۈپ كۇلۇمسىردى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئاتا !... تىچ قوپاپلىما ؟ — چاقماقجان چاققانلىق بىلەن سېۋەتنى يەرگە قويۇپ ، ھېلىقى كىشى بىلەن قول ئېلىشتى ، — ئىۋەدە ئۆتكەن ـ كەچكەنلىگە قايلىغاچ بويان قىسىپ تۇسام ، «تاق ، تاق ، تاق...» دەسسەپ ئالدىمدىن ئۆتەپ كېتىۋاتاملا... «شۇمىدۇ ، ئەمەسمىدۇ ؟» دەپ شۇنداق قايلىسام ، ئۆزلىرىكەنلا ئەمەسما !... خۇشلۇقىمدا ژۇرۇدىكىم «ۋاققىدە» يېرىلىپ كېتەي دېدى دېسىلە !... جاڭدىماي سالامەت تۇغانلا ؟

— ئۆزەڭلىچۇ ؟

— خۇداغا شۇكۇر ، ئاتا !... دۆلەتلىرىدە ئاچ ـ توق قېلىپ نامەندىگە خار بومماي ، پاشادەك ياشاپ تۇدۇق !...

— مەن سىلىنى «بۇ چاغقىچە باي بولۇپ كەتتى» دەپ يۇرسەم ، تېخىچە سېۋەت كۆتۇرۇپ يۇرەمسىلە ؟

— ۋاي ئاتا ، ۋاي ئاتا… چوڭ ئىش تۇتقانلىنى ئاز كۆدۇقمۇ بۇ جاھاندا ؟ !… ئۇنى ئالداپ ، بۇنى قاقشىتىپ ، چارەكلەپ - چارەكلەپ ئالتۇن - كۇمۇش ژىققانلا نېمە كۇن كۆدى ؟ !… تازا كىشىكەنلە… «ئاتمىش ياشقا چىيدىم» دېسەم ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ . مەن دېگەن ماتىتەينى داغا ئاسقاننى ، تۆمۇر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى موماياغاچنىڭ ئۇچىغا قاداپ ، ھېيتگا جامەنىڭ ئالدىدا سازايى قىيغاننى كۆگەن ئەدەم دېسىلە !… «بىژنى ئىككى قىلىمەن» دەپ جاننى قىژناپ خەقنىڭ قاغىشىغا قاغۇچە ، كۇنلۇكى تۆت ناننىڭ پۇلىغا ئىشلەپ قويساق ، بىسسى ئەتىگە ناشتىلىقا قالىدىكەن… ژىغىپ - ژىغىپ ، يامبۇدا ئىشىك تاقىغىنىمىز بىلەن ، خۇدايىم يېگۇزمىسە باكا… قانداق دېدىم ، ئاتا ؟ خاتا گەپ قىممىغاندىمەن ! ؟…

— توغرا دېدىڭلا… مەندە بىرەر ئىشىڭلا بارمىدى ؟

— يوقسۇ ، ئاتا ، يوقسۇ !… يامان كۇندە بېشىمنى سىيلاپ ، قىيغان ئاتىدارچىلىقلىرىنى نېمەم بىلەن ياندۇرۇشنى بىلەممەي ژۇسەم ، قايسى يۇزۇم بىلەن يانا ئۆزلىرىنى خىزمەتكە سالىمەن ؟ !… بىژچاڭگال جەننەتنىڭ نېمىتى قولامغا چۇشۇپ قاپتى ، ئۆزلىرىنى «باش بۇنىغا ئېغىز تېگىپ باقامدىكىن» دەپ يوللىرىنى توساپ سالدىم… خاپا بوممىغانلا ؟

چاقماقجان سۆزلىگەچ ، سېۋەتلەرنىڭ ئۇستىگە يېپىلغان رەختلەرنى بىر چەتكە قايرىدى . چوڭ سېۋەتتە لىق مايسەن ئۆرۇكنىڭ ئالاغورىسى ، كىچىكىدە ئىككى كىلوگرام كەلگۇدەك ئالا بۆرەك بولغان قوقاق گىلاس بار ئىدى . ھېلىقى كىشى سېۋەتلەردىن كۆز ئۇزمەي ، تېخىمۇ ئېچىلىپ كۇلۇمسىرەپ ، چاقچاق تەلەپپۇزىدا سورىدى :

— بۇ گىلاسنى نەدە قىزارتتىڭلا ؟

— مەن قانداق قىزاتاي ، ئاتا ؟… قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايىم
قىزاتىپتۇ !… ئۇلۇشكۇن نامازدىگەدىن يېنىپ ، ئۇۋۇ دوقمۇشتا
خۇۋەينە ئۆرۈكنىڭ چۇلىسىنى سېتىپ ئوتتاسام ، ئۆزلىرىدەك
دىلى خاسلىق چوپقىتىمدىن ئىككى - ئۇچى قوقان گىلاسنىڭ
گېپىنى ئېچىپ قالدى ، «ھەربىژلىرىنىڭ كۆڭلى گىلاس تاتقان
بوسا ، رۇمدا بوسىمۇ تاپاي ، غوجىلىرىم… » دەپ ۋەدە بېرىپ
قوياپ ، تۇنۇگۇن ئەتىگەن باش توخۇدا «ئاللا رەببىم» دەپ بىژ
مېڭىپتىكەنمەن دېمەملا… يائاللا ، يا ئاللا… شامالباغ ، سەمەندى-
كى يۇز باغقا چىيگەندىمەن… بىسىدە بىژ تۇپ گىلاس بوسا-
كاشكى… بۇرۇن دېگەندە ، بىژ تۇپىنى بىژ كۇندە ئاران پۇتاپ
بوغىلى بولىدىغان ھەر يوغان ، ھەر يوغان ، قاپاقتېرەك بىلەن
بەسلەشكەن گىلاس باتى دېسلە ، بۇ ژۇتتا !… «نېمە قىپتۇ»
دېمەملا ؟ ھەممىسىنى ئوتان ئېتىپ قالاپ بولاپتۇ !… يا رەببىم ،
يارەببىم… سۆگەت بىلەن تېرەكنىغۇ خۇدايىم قالاشقا ياراتقان ،
جەننەتنىڭ مېۋىسىنىمۇ قالىغان بامۇ ؟ !… كەشمنى قولتۇقىمغا
قىستۇرۇپ ، ئىچىمدە خۇدايىمغا نالە قىلىپ ، «ماڭە چاقماق !» دەپ
بىژ مېڭىپتىكەنمەن ، پېشىندىن يانغاندا غوجاۋاغ غوجامغا بېرىپ
توختاپتىمەن… سۇرۇشتۇرسەم ، ئۇۋەدىمۇ يوق ئىكەن . كەينىم-
گە ياناي دېسەم ، ھېلىقى چۆپقەتلىرىم : «سىلىنى ‹چاقماقجان› دەپ
ئەتىۋالاپ ژۇسەك ، يالغانچى ‹پاقپاقجان› ئىكەنلە ئەمەسما ، غو-
جام !… » دەۋاتقاندەك ئەڭگايان بومماسما ، مېڭەمدىن «پىژژىدە»
تۇتۇن چىقىپ كەتتى . ئۆستەڭگە پۇتۇمنى چىلاپ ئوتتۇراپ ،
قاغىلىقنىڭ توقىچاق كۆك تاماكىسىنى گۇرۇجدەك دانە - دانە
قىلىپ ئۇۋاپ ، قولبالىسى قىلىپ سەللاتچە يۆگەپ : «چېكە
چاقماق ، چەك ! ئاتاڭ بامىتى قەشقەدە ؟ ئاناڭ بامىتى قەشقەدە ؟
خەقنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى چاغلىماي پو ئېتىپ ، ئەمدى قانداق
ياشايسەن بۇ شەدە ! ؟» دەپ «ھۆك - ھۆك» ژىغلاپ تازا چېكىپ-
تىمەن… بىژ چاغدا ئويلانسام ، بوۋئانام سەيلىسگە چىقمىغىلى

نەچچە ژىل بولاپتۇ… «كېلەر ژىل بۇ چاغ كەلگۈچە، بۇ جاھاندا
چىم با، چىم يوق؟ خۇدايىم قەدىمىڭنى بۇ يەگىچە يەتكۈزگەندە،
شۇ ئۇلۇغ مازانى تاۋاپ قىلماي كېتەمسەن، چاقماق!؟» دەپ،
ئۆستەڭنى بويلاپ بىز مېڭىپتىكەنمەن، كۆمەمدىلا بۇ ئىشنى…
ناماز ئەسرى بىلەن بىزباغ ئۇشلاپ قالدى!… شۇنداق قايىل-
سام، رېدىدەك پومزەك، يوپۇرماقلىرى ھەر يوغان، بىز تۈپ
دەرەخ تۇمامدا… «خۇدايىمنىڭ قانداق نېمىتىدۇر بۇ؟» دەپ تازا
يېقىن كېلىپ سەڭگەسەم، ۋاي، ۋاي، ۋاي… «نىمىكەن» دې-
مەملا؟ دەل مەن ئىزدېگەن تۇتىياكەن دېسىلە!… دەرۋازىنى
شۇنداق قاقسام، پېرىشتىدەك ئاپئاق ساقال بىز مويسىپىت چى-
قىپ كېلىپ: «كەسلە غوجام، كەسلە! ئۆزلىرىنى بىز يەردە
كۆگەندەك قىلىمەن، ئاتلىرىنى تاپالمايمەن…» دەيدا… خۇدايىم
بەسە، مانا مۇشۇنداق بېرىدىكەن دېسىلە!… «نېمە دېدىڭ»
دېمەملا؟ «ۋاي ئاتا، پېرىشتىدەك ئاتا، ئېتىم چاقماقجان،
ھېيتكانىڭ كىندىكىدىن ئالدىلىرىغا ھاجەتمەن بولۇپ چىقىپ
قالدىم…» دېيىشىمگە: «ۋاي غوجام چاقماقجان، ۋاي غوجام
چاقماقجان… مېڭەمدىن قېرىدىمىكىن - تاڭ، ئاتلىرىنى يادىم-
غا ئالالماي بەك سەت بولدى…» دەپ قۇچاغلاپ كۆرۈشۈپ
كەتتى. «مېنى دېمەملا ئاتا، مەنمۇ ياپياش تۇرۇپ ئۆزلىرىنى
تونۇماي قاپتىمەن» دەپ ژىغلاپ تاشلىدىم…

— سىلە ئۇ كىشىنى تونۇمتىڭلا؟ — دېدى ھېلىقى
كىشى چاقچاق تەلەپپۇزىدا چاقماقجاننىڭ گېپىنى بۆلۈپ. ئۇنىڭ
چاقماقجاننى گەپكە سالغۇسى كېلىپ قالغان بولسا كېرەك،
كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى.

— نېمە دەيدىغانلا ئاتا، نىم دەيدىغانلا، — چاقماقجان
نەچچە قېتىم بېشىنى چايقاپ، كۇندە بىر ۋاخ ئۇستىرا سېلىپ
تۇرىدىغان ئۇچلۇق ئېڭىكىنى نەچچە قېتىم سىلىۋەتتى. ھېچ
كىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كۆز قارىچۇقلىرى چوڭقۇر چاناقلار ئىچىدە

غەلىتە ئويناتتى ، — يالغان سۆزلىسەم يامان بولىدۇ… ئۆزلىرىمۇ بىلىدىغانلا ، مەن دېگەن كۆنلۈكى نەچچە يۈز ، نەچچە مىڭ زاتى كەرەم بىلەن دىدارلىشىپ تۇرىدىغان يېتىمچى غېرىپ تۇسام ، قەشقەدە مەن تونۇمايدىغان چىم با دەيلا ! ؟… ئامما لېكىن ، ئۆزاتنى قاچان كۆگىنىمنى زادى ئېسىمگە ئالالمىدىم…

— ئەمىسە نېمىشقا «تونۇيمەن» دەپ يالغان سۆزلىدىڭلا ؟

— يالغان سۆزلىمىدىم ، ئاتا… با گەپنى قىلدىم ، — چاقماقجان ئۆزىنى ئاقلاشقا گۇۋاھچى ئىزدىمەكچى بولۇۋاتقاندەك ، ئەتراپقا ئالاق - جالاق قارىغاندى ، بىردىن ، ئىككىدىن يىغىلىپ ، ئىككىيلەننى چۆرىدەپ تۇرۇشقان ئوندەك يولۇچى مەنىلىك كۈلۈمسىرەشتى . بەزىسى بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشىقىلى تۇردى ، — ئەدەم ئەدەمگە ئوخشايدۇ ئەمەسما ؟ قايسى بىسىنى تۇتۇپ بولىمەن ! ؟… ئۇ زات : «سىلىنى تونۇيمەن» دېگەندىكىن ، مەن قوپاپ : «سىلىنى تونۇمايمەن» دېسەم سەت تۇمامدا ! ؟ تازا كىشىكەنلە ، «بىر كۆرۈشكەن تۇتۇش ، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان» دەپتىكەن… مانا ماقارا كۆزلىدىن سوراپ باقسىلا ، مېنى تونۇمايدىغىنى بامىكەن ؟…

— ھا - ھا - ھا - ھا !…

— ھا - ھا - ھا - ھا !…

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ھەممىدىن بەكرەك ھېلىقى كىشى كۈلدى . ئۇ كۈلۈۋېتىپ ، بىلەك سائىتىگە غىل - پاللا قاراپ قويدى - دە ، چاقماقجاننىڭ ئاغزىنى يەنە تاتىلىدى :

— كېيىن قانداق بولدى ؟ تۇغقان چىقىپ قالدىڭلىمۇ ؟

— ھا - ھا - ھا - ھا !…

— تازا گەپلىرى باكەن… ئەدەمنىڭ يېتى نەدە ؟ تازا سۈرۈشتۈرۈپ كەسە ، ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى بىزتۇغقان دېسىلە !… ئۇ زات بىلەن بىزدەم مۇڭدىشىپلا بىز تۇغقاندىن چارە بولاپ كەتتۇق . «ئاتا ، ئات

بېشىدەك ئالتۇنغا كەسمۇ ، مۇشۇ گىلاسلىرىنى ئېلىپ ، چۆپ-
قەتلىرىمنى راسا بىر خوش قىلىپ دۇئاسىنى ئالاي··· » دېسەم ،
نېمە دەيدۇ دېمەملا ؟ «بولدى ، ئەككەسلە ئالتۇنلىرىنى ! تۇپى
بىلەن ساتتىم !··· » دېمەسما···

— ها - ها - ها - ها !···

— شۇنداق قىلىپ ، قانچىلىك ئالتۇنغا ئالدىڭلا ؟

— ئالتۇن ؟ تازا كىشىكەنلە··· مەندە ئالتۇن نىمىش قىي-
سۇن ؟ قۇرۇق جان بار ، قۇرۇق جان !···

— ئەمىسە قانداق ئالدىڭلا ؟

— ها - ها - ها - ها !···

— توختاپ تۇسىلا ئاتا ، توختاپ تۇسىلا !··· ئالتۇنغا بۇ
كۇندە نېمە كېلىدۇ ؟ ! يا قۇۋاجىم دوتەيىنىڭ بويىنىغا بىر چارەك
كەگىدەك ئالتۇننى ئېسىپ سازايى قىلغاننى كۆرەشكەن بوغىيتد-
لە ؟···

— ها - ها - ها - ها !···

— مۇشۇنداق گەپ ، ئاتىلىرىم··· ئالتۇن تۇتقان ئەدەمنىڭ
قولى كۆيۇدۇ !··· ئۇ زاتنى بىر سىناپ باقاي دەپ ، يانچۇقۇمدا
با پۇلنىڭ ھەممىسنى ئالدىغا قوياپ : «با دەسمايەمنىڭ ھەممد-
سى مۇشۇ‹ ···مۇشۇ يېتىمەك خۇدا ماڭا تۆمە قىلغان مۇشۇ بىر
تۇپ گىلاسنىڭ قۇدى بىلەن تۆت نانلىق بولاپ قاسۇن› دېسلە ،
مۇشۇ پۇلۇمنى بىر چارەك ئالتۇنغا تاۋاپ قىيسىلا··· بۇنى ئاز
كۆسلە ، مۇشۇ پۇلۇمغا لايىق گىلاس پۇتاپ بەسلە··· ۋەدە قىي-
غان چۆپقەتلىرىمنىڭ ئاغزىغا تۆت - بەش تالدىن تەگكۇزۇپ ،
رەخمىتىنى بىر ئېلىۋالاي » دەپ بىر ژىغلاپتىكەنمەن ، خۇدايىم
با ، «نېمە دەيدۇ» دېمەملا ؟ «مۇشۇ بىر تۇپ گىلاسنى قىق
ژىلنىڭىزى قۇرۇتماي ، ئۆزۇم يەپ ، ئۆزۇم داڭلاپمۇ ئاسمانغا
چىكەتمەپتىمەن . بۇ ژىلچە يېمىگەنگە تامىقىم ئىششىپ قامماس ،
ئاسسىلا غوجام ، خۇدا يولىدا ئۆزلىرىگە تۇتتۇم . شەگە ئەچد-

رىپ ، جامائەتنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزسىلە ، ساۋابىنى تەڭ كۆرەر-
مىز… » دەپ پۇلنى ئاغىلى ئۇنىمىدى…
— ھە… بىكارغا كەلگەن گىلاس ئىكەن - دە ، بۇ ! ؟
— ھا - ھا - ھا - ھا !…
— «خۇدايا توۋا» دېسىلە ئاتا… باكاغا كەلگەن نەسىنى
پۇلغا ساتسام يامان بوممامدا ؟ ! مەن يا قەلەندە - سايىل بوممى-
سام… ئون كۈندە بىز ۋاخ ناشتا قىيسامىمۇ ئۇنداق يامان بولىدى-
غان ئىشنى قىلامدىغان ؟ !… خۇدايىم بۇرۇسا ، قىزىل قەغەزگە
ھالاللاپ سېتىۋالدىم…
— نەچچە پۇلغا ئالدىڭلا ؟
— خۇشلۇقىمدا ئۇنى ھېسابلىغىلى نەدە چولا دەيلا ؟ بىز
تۇتام تىيىزىنى مىڭ جازادا چاڭگىلىغا تۇتقۇزۇپ : «بۇنداق قىي-
سىلا سودام ھارام بوماممدۇ ؟ ! مەن يا ئۆزەم يېمىسەم… » دەپ
تۇرۇۋاسام ، «ئەستا» دەپ بېشىنى قاشلاپ ، «توۋا» دەپ كۆزى-
نى ياشلاپ ، نەچچە تىيزا سوغۇرۇۋالدىكىن ، قاغىنىنى ياندۇ-
رۇپ بەدىغۇ !…
— ھا - ھا - ھا - ھا !…
— تېخى دېمەيلا ، قايلىسام گىلاسنىڭ ئالدى ئەمدى قىزى-
يىپتۇ . ئۇ شاختىن بىز تال ، بۇ شاختىن بىزتال تىيىپ ،
«قاغىنىنى كۈندە - كۈندە ئاز - ئازدىن تىيىپ ئەچىرىپ ،
ماللىرىمغا روگەي قىلىپ ئاستا - ئاستا ساتامەن… » دەپ
شاختىن چۈشسەم ، نامەششەمگە ئەزان چىقىۋاتامدا ، شۇنداق
قايلىسام ، ئەزان ئېيتىۋاتقان ھېلىقى زات ئىكەن… «شاققىدە»
تەرەت يەڭگۈشلەپ ، ئۇنىڭ بىلەن شامنى ئوقۇۋالدىم . دۇئانى
يۈزۈمگە سۈرۈپ بولۇپ : «ئاتا ، خۇدايىمغا ئامانەت . مەن بۇدا
چىققۇچە ، گىلىسىمغا سوغاق قول تېگىپ قامىسۇن… قايلاپ
قويالا… » دەپ سالسام بوماممدۇ ، شۇنداق چېچىلىپ كەتتىكى ،
ۋاي - ۋۇي… قىزىل قىيامەت چىققىلى تاس قالدى… «نېمە

دەيدۇ » دېمەملا ؟ «غوجام ، مېنى كەمبەغەل كۆرۈۋاتاملا ؟ مۇ-شۇنداق كېچىدە چىرىپ كېتىمەن دېگەنلىرى نېمىسى !... شەنە ؟ بۇۋەنە ؟... كۆڭلەمنى دىسىلە قوناپ قاسىلا ، بەك قونغىلىرى كەمىسە ، سوياي دېسەم ياقويام ، يا توخام يوق ، قولبالىسى قىلىپ بىژداڭقان پولۇر ئەتتىم . ‹ئالسىلا ، باقسىلا› دەپ تۆت كاپامدىن يېيىشىپ ، دۇئادىن كېيىن بىرەر تالدىن جۇۋلىشىپ چېكىشۋېلىپ ، ئىززەتلىرى بىلەن يولغا سېلىپ قويمايما... » دەپ قولامغا بىر ئېسىلىپتى ، نۆزەمبىللا قويۇۋەتكىلى ئۇنىمىدى دېسىلە !... پولا دېگەن شۇندق ئوخشاپتىكى ، ئەدەمنىڭ تامىقىدا قالغۇدەك...

— ھا - ھا - ھا - ھا !...

—پولونى خوتۇنى ئېتىپتىمۇ ، قىزىمۇ ؟

— ئۆزى ئەتتى ، ئاتا ، ئۆزى !... خوتۇنى ئۆلەپ كېتىپتۇ ، قىزى ئەدىيكەن ، ئىككى ئوغلى تاغ ئاقىسىغا چىكىتىپ قارىسى-نى كۆسەتمەپتۇ... ئۆزى يالغۇز ئەترەتكە ئىشلەپ ، بېغىنى پە-ۋىش قىلىدىكەن...

— بېغى چوڭمىكەن ؟

— بۇرۇن مايانىدىن قايسىلا ، ئايانغا كۆز يەتمىگىدەك چوڭىكەن ، ھازىر ئۈچ پۇڭ كېلمىش... مەنغۇ «پۇڭ» دېگەننىڭ قانداق نېمىلىكىنى بىلمەيمەن ، مۇنداق قايلىسام مۇشۇ گۇللۇق-نىڭ يېرىمىدەك تۇرامدۇ ، — چاقماقجان گېپىنى توختىتىپ ، قولى بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىدىكى گۇللۇكنى كۆرسەتتى . ھەم-مەيلەن گۇللۇككە قاراشتى . مۇشۇ گۇللۇك بىلەن تەڭلا ئەھيا بولغان ئەتىر گۇللەرگە «سوغۇق قول» تەگمىگەن بولسىمۇ ، ۋاقتى - قارارىدا سوغۇرۇپ ، ئوغۇتلاپ تورۇلمىغاچ ، شاخ - نوتىلىرى ئوغۇز سۇتىگە تويمىغان بوۋاقتەك ئىنچىكە - ئاجىز بولۇپ ، بۇ ئاي - بۇ كۇنلەردە غۇنچىلايدىغان - ئېچىلىدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى . بىر چاغدا ، مۇشۇ گۇللۇكنى بىنا قىلدۇرغان

كىشىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيت ـ
ـتى ، ــــ گۇل بولامدۇ بۇ ! ــــ چاقماقجان گېپىنى داۋام
قىلدى . ھەممەيلەننىڭ نەزىرى ئۇنىڭ ئاغزىدا ئىدى ، ــــ گۇل
دېگەننى ھېلىقى باغدا كۆسە بولىدىكەن ! ھەر گۇل ، ھەر
گۇل… سېرىقگۇل ، مەغەزگۇل ، ئەتىر گۇل ، چىمەنگۇل ، قى ـ
ـزىلگۇل دېگەن شۇنداق چىرايلىق ئېچىلىپ كېتىپتۇكى ، ئەدەم ـ
ـنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولاپ كەتكۇدەك !… گۇلغۇ گۇل ،
مېۋىسىنى دېيىشمەيلا تېخى !… ھازىر قەشقەردە كۆكسۇلتان ،
ئالىيرات ، ئامىيلە ، سەنۇلە ، جىنەستە دېگەنلەرنى دارىلىققىمۇ
تاپقىلى بوممايدىغان بولاپ كەتتى… خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ،
ھېلىقى باغدا ھەممىسىدىن بىژ ـ ئىككى تۇپتىن باكەن ، دېيىش ـ
ـسىلە !…

ــــ ئەمىسە نېمىشقا ئۇلاردىن ئەكىرمىدىڭلا ؟

ــــ پىشمىدى ئاتا ، پىشمىدى ! ــــ چاقماقجان تېخىمۇ
جانلىنىپ كەتتى . ئۆزىدىن سوئال سوراۋاتقان ئادەمنىڭ كىملى ـ
ـكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، ئوقۇغۇچىغا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇ ـ
ـچىدەك ئېزىپ ئىچكۇزۇپ چۇشەندۇرۇشكە باشلىدى ، ــــ ھازىر
دېگەن بەشىنچى ئاي . ئەمدىلا ئۇژمىنى قۇشقاچ تاشلىدى…
جىنەستە بۇغدايغا ئورغاق تەگكەندە ، ئامىيلە بىلەن سەنۇلە قو ـ
ـغۇن شاپىقى يەرگە چۇشكەندە پىشىدىغان مۆجىزات تۇسا ، قايلاپ
تۇرۇپ ئۇنىڭغا قول تەگكۇزەمدىغان !…

چاقماقجان چىشى چىققاندىن بۇيان قەدىمى يەتكەن باغلار ؛
كۆزى كۆرگەن ، قولى تەككەن مېۋىلەرنىڭ نامى ، پىشىش ۋاق ـ
ـتى ، ماكانلاشقان جايلىرىنى تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ تونۇش ـ
ـتۇردى . ئاندىن ، نەسلى قۇرۇپ كېتىشكە يۇزلەنگەن ئەتىۋارلىق
مېۋىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ، ئېچىنغان ھالدا كۆزلىرىگە
ياش ئالدى . ئاخىرىدا ، ئاخشام تۇن تەڭدە بۇۋىئانامدىن يولغا
چىقىپ ، ئەتىگەن بامداتتىن يانغاندا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكى ـ

نى تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىدى .

— كېچىدە شۇنچە جاپا تارتىپ يول ماڭغۇچە ، — دېدى ھېلىقى كىشى چاقماقجان گېپىنى تۈگەتكەندە يەنە ئۇنىڭ ئاغزىدىنى تاتىلاپ ، — شۇ يەردە قونۇپ قالساڭلىچۇ…

— مېنىڭغۇ «جان بوۋىكام» دەپ قونغىم باتى ، ھېلىقى زات پومچىك ئىكەن ئەمەسما ، ئاتا !…

— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا !…

— پومچىككە چاپىنىنىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن ئەدەم «ئۇنسۇر» بولاۋاتسا ، پومچىكنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونغىنىمغا ، كومىتېت مۇدىرىمىز : «پومچىكنىڭ شېرىكى» دەپ قاپقىنغا ھەيدىۋەتسە ، قايداغ قىلىمەن ! ؟

— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا !…

— باشتا بىلمەي قاپتىمەن دىسىلە ، ئاتا… پولانى يەپ بولاپ ، پادىشاھى جەمىشتىنى ئاتتىن چۈشۈرگۈدەك ئاچچىق قىلىپ بىرتال يۆگەپ ، راسا جوۋىلىشىپ چېكىپ ئولتۇراپ بىر گەپ باشلىماسىما ، شۇنداق گېپىگە سەڭگەسەم ، پومچىك چىقىپ قېلىپ بالىلىرىدىن ئارىلىپ قاپتىكەن… ئەترەت بېشى ئۇنىڭ ساقلىغا ھۆرمەت قىلامدۇ ، يا «قېرىپ قاپتۇ» دەپ ئىچ ئاغرىتامدۇ ؟ ئۆزى كەتمەن كۆتۈرۈپ ئېتىزغا چىقمىسا ، ئەمگەك ئول ـ بولغا ھەيدەپ ژۇمەيدىكەن… شۇڭا بېغىنى قۇتىدەك چىرايلىق قىلىۋاپتۇ دېسىلە !… مۇنداق قايلىسام ، ئەسكى پومچىك ئەمەس ئوخشايدۇ . شۇنداق بوسىمۇ قوناپ قېلىشتىن قوقتۇم دېسىلە… پومچىك دېگەننىڭ ئېتى يامان ئەمەسما !…

— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا !…

— ئاتا ، — چاقماقجان ھېلىقى كىشىگە بۇرالدى ، — ئۆزلىرىدىن بىر گەپنى سوراپ باقسام بولاما ؟

— بولۇدۇ . نېمىنى سورايسىلە ؟

— بايا : «گىلىسىمنىڭ قىزايغىنىنى پۈتىدىم» دېمىدىمـ

ما ؟ قاغىنىنى بۇدا بىز كۇنى چىقىپ پۇتاپ چىيسەم ، هۆكۈ-مەت : «پومچىكتىن گىلاس ئاپسەن» دەپ تۇتۇپ سولاپمۇ قويا-ما ؟

— ئوغرىلىماي ، پۇل تۆلەپ كىمدىن سېتىۋالساڭلا بولى-ۋېرىدۇ...

— ئاغزىلىرىغا ناۋات ، ئاتا ، ناۋات !... ئۇ - ھ - ھ... ياڭاللا ، ياڭاللا... ئەمدى ژۇرىكىم جايىغا چۈشتى... سىلىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بوسام ، قانداقمۇ كەچ قىلاتتىم بۇ كۈننى ؟ !... خۇدايىم ئۆشلىتىپتۇ جۇما سىلىنى ، خۇدايىم ئۆشلىتىپتۇ !...

گۈللۈكتىكى مۇنارغا ئورنىتىلغان سائەتتىن ياڭرىغان «شەرق قىزاردى» مۇزىكىسىنىڭ ئاۋازى ھېلىقى كىشىنىڭ نە-زىرىنى ئۆزىگە تارتتى . سائەت دەل يەتتە بولغانىدى .

— خىزمەتكە چۈشۈشكە ئاز قاپتۇ ، — دېدى ھېلىقى كىشى چاقماقجانغا يۈزلىنىپ ۋە ئوڭ قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ، — مەن ماڭاي ، كېيىن يەنە مۇڭدىشارمىز...

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ، مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى ، چاقماقجان :

— ئاتا ، ماۋۇ جەننەتنىڭ نېمىتىدىن باللىغا پىشكە ئاغاچ كەتسىلە ! — دەپ ئالدىنى توسىدى .

— بولدى ، — دېدى ھېلىقى كىشى چۈشەندۈرۈپ ، — باشقا بىر كۈنى ئالاي . ھازىر ئۇدۇللا ئىدارىگە بارىمەن...

— ئۇنداغ دېمىسىلە ئاتا ، كۆڭلەمگە كېلىدۇ !... «يېتىمنىڭ كۆڭلى ، خۇدانىڭ ئۆيى» دەپتىكەن... پەقىيدەك يېتىمەكتىن بۇ شەدە نەچچىسى با ؟... ئۇنداق قىمماي يېگىلىققا ئېغىز تېگىپ قويسىلا ! ئىمانلىرىنى قوۋۋەتلەپ ، تەنسەھەت قىلى-دۇ... «يۆگەيدىغان بىز نىمە يوق» دەملا ؟ تازا كىشىكەنلە !... مانا ، مانا... قايىلىسىلا ، مۇشۇنداق ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈۋاسىلا شۇنداق يارىشىدىكى...

ھېلىقى كىشى كۈلۈمسىرىگىنىچە جايىدىن قوزغىلالمىدى .

ئالدىراۋاتقىنى بىلىنىپلا تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇنىڭ گەپلىرىـ
نى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى . چاقماقجان بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ ،
بىر تەرەپتىن سۆگەتنىڭ چىۋىقىغا مارجاندەك تىزىپ باغلاپ ،
ئۆرۈك قاچىلانغان سېۋەتنىڭ بېغىغا چىگىپ قويۇلغان ئىككى
بوغماق گىلاسنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى :
— جىقراق تەڭلەي دېسەم ، بوغقىنىم مۇشۇكەن . تۆت ـ
بەش ئاسماق بوغاپ بېرەي دېسەم ، ئىدارىگە ئالدىراپ تۇرۇلا...
سېۋەت بىلەنلا ئاپىرىپ تاشلاپ بېرىپ كېلەيمۇ يا ؟
— بولدى ، رەھمەت...
ھېلىقى كىشى گىلاسنى قولىغا ئېلىپ ، يانچۇقىنى كولىـ
غىلى تۇرغانىدى ، چاقماقجان :
— نېمە قىلىۋاتىلا ئاتا ؟ ئۇنداق قىممىسىلا !... بوسىغۇ ،
ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئىگە ـ ژۇگەنلىك ئات مىندۇسەم...
قانداق قىلىمەن ، كەمبەغەلچىلىك... «كەمبەغەلنىڭ ئېشى چىشـ
قا داۋا» دەپتىكەن... پۇل تەڭلەپ مېنى ئۇۋاتتۇممىسىلا !...
چاقماقجانىنىڭ شۇنچە رەت قىلغىنىغا قارىماي ، ھېلىقى كىـ
شى ئىككى يۈەنلىك بىر قەغەزنى ئۇنىڭ سېۋىتىگە تاشلاپ قوـ
يۇپ ، بۇرۇلۇپلا مېڭىۋىدى ، چاقماقجان ئۆرۈك قاچىلانغان سېـ
ۋەتنىڭ يېرىمىغا يېپىپ قويۇلغان يېشىل دۇردۇن ياغلىق ئاسـ
تىدىن بىر تۇتام چالا ـ پۇچۇق ئېچىلغان چىمەنگۇلنى ئالدى ـ دە :
— ئاتــا ، تــوخــتــىسىلا ! — دېــگىنىچە ئۇنى قــوغلاپ
يەتتى ، — كۆسلە بۇ ئەقلىمنى... سىلىگە ئاتاپ ئاتايتەن
ئەچىرىپ ، تاس ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن !... خەق نېمە دەيدىكىن
ـ تاڭ ، مەن چىمەنگۇلنى «يازنىڭ ئەلچىسى» دەيمەن... قەشقەغە
مەن ئەچچىيمىسەم ، ھېچكىم ئەچچىيمەيدىغان بولاپ كەتتى دىـ
سىلە ، بۇنى !... مېنى كۆگەن كۆزلىرىدە كۆرەپ ، شىرەلىرىگە
بىژ قوياپ قويسىلا !... مۇشۇ گۇلدەك ياشىناپ ، چىققان دۆۋىلىـ
رى تېخىمۇ ئېگىز بولاپ كېتەمدۇ نېمە !...

ھېلىقى كىشى ھاياجانلانغان ھالدا گۈلنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى . قىزىرىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى . ئۇنىڭ قولىنى سىد-قىپ خوشلاشتى...

— چاقماقجان ، ئەجەب پەش - كەش قىلىپ كەتلىيا ئۇ كىشىگە ! — دەپ چاقچاق قىلدى بىرەيلەن چاقماقجان سېۋىتىد-نىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە . بايا ئولاشقانلار تېخى تارقالمىغا-نىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاشمەتخان ئۇستاممۇ بار ئىدى . ئۇ ھارۋىنىڭ شوتىسىنى تۇتقان ھالدا گەپكە قولاق سېلىۋاتاتتى ، — ئۇ كىشى كىم بولىدۇ ؟

— چىم بولىتى ، ئاتا ، رەبىرىمىز !... «شەلىك ئۆزىنىڭ ئېشىكىنى تونۇمايدۇ» دېسە ، «خەقنىڭ نېمە دېگىنىدۇ بۇ ؟ » دەپ ژۇرۇپتىكەنمەن... ئۆزىنىڭ رەبىرىنى تونۇمايدىغان ئەدەممۇ باكەن ئەمەسما بۇ شەدە !...

— ھا - ھا ، ھا - ھا !...

تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قاتتىق كۈلكە سوئال سورد-غۇچىنى پوكاندەك قىزارتىۋەتتى . ئۇ قىلغىلى گەپ تاپالماي ، ئاستا - ئاستا سۇرۇلۇپ ، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ كەينىگە ئۆتۈ-ۋالدى . چاقماقجان ئۇنى تېخىمۇ خىجالەت قىلغۇسى كەلمىدى بولغاي ، نەزىرىنى باشقا تەرەپكە يۆتكەپ :

— يائاللا ، يائاللا... «ئاسىيجاڭ» دەپ ئاڭلاشقان بوغىي-تىلە ؟

— ئاڭلىغان...

— ھەببەللى... ئاسىيجاڭ دىگەن ئىشى شۇ !... ھېلىقى ماۋجۇشىنىڭ ھەيكىلى با ئىدارىنىڭ ئېتى نېمىتى ؟ گاۋىخۇي دەمدا ؟ توغرا ، گاۋىخۇينىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى شۇ كىشى !... سىلە يا بىلىشىلا ، يا بىلىشمەيلا... بىز چاغدا كومىتېت مۇدىرد-مىز مەن بىلەن قېيىشىپ ، مەكتىت دېگەن ژۇتقا قوغلىۋەتكەن ئەمەسمىتى ؟ ئۇ يەدە جان باقامماي يېنىپ كەسسەم ، بىسسى

«نوپۇسۇلڭ يوق» دېسە ، بىسى «نورمالڭ يوق» دەيدۇ ، خۇددى مەن بىز نايماندىن كەپقاغان مۇساپىر ، لاماكاندەك··· قوساقتا يەيدىغان بىز نەمەم يوق ، قەلەندەچىلىك قىلاي دېسەم ، كىچىكمە-دىن ھالاللاپ نان تېپىپ يەپ كۆنەپ قاغان ئەدەم نومۇس قىلىدى-كەنمەن ، ئوغۇرلۇق قىلاي دېسەم يامان بولىدۇ . تۆمەن بويىغا چىقىپ ، بىز توپ سۆگەتكە ئېسىلىپلا ئۆلۈۋالاي دېسەم ، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئالدىدا گۇناكا بولۇمەن··· ئۇنىڭغا يىلىنىپ ، بۇنىڭغا تېلىنىپ ، ئۇ ئىشىككە دوقۇرۇپ ، بۇ ئىشىككە تەلمۈرۈپ يۈ-رۈپ ، ئاسىيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا چىرىپ قاپتىمەن دىيىشىسىلە ··· تازا ژىغلاپ تۇرۇپ ، مەكتەتە كۆگەن كۆنلىرىمنى بىز سۆز-لەپتىكەنمەن ، ئۇزات بىزدەمدىلا بىز مۇنچە ئەمەلدانى ژىغىپ چىگىتتەك ، ماياقتەك چىچۇتىۋېتىپ بامامدا··· ئىچىمدە : «ئەمە-دى دادىجانى تېپىپسەن چاقماق ، چىلڭ تۇ ! ‹ئۆلۈكۆم چىقىدۇ بۇ شەدىن ، تىرىكىم چىقمايدۇ › ، دەپ چىلڭ تۇ !··· » دەپ ئويلاپ ، ئۇ زاتنىڭ بوسۇغىسىنى ئۈچ كۈن تاۋاپ قىپتىم ، نوپۇسۇممۇ ، نورماممۇ ھەل بولدى··· مانا كۆرەشلە ، شۇندىن بىرى بۇ شەدە «قاس ــ قاس» دەسسەپ ژۈرۈپ ، ھە بىزلىرىنى جەننەتنىڭ مۆجىزاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىمەن !··· ئۇ زاتقا يوغاد-راق بىزنەسە سوۋغا قىلىپ ، كۆڭلىنى بىز ئاغىم باتى ، قولام قىسقا كېلىپ ، پەقەت مەقسىتىمگە يېتەممىدىم··· توۋا ، توۋا··· مانداقمۇ رەبەر بولىدىكەن··· بايا كۆرەشلە ، بىز كويلۇق گىلاسقا ئىككى كوي تاشلاپ بېرىپ كەتتى . يەنە چىم شۇنداق قىلالايدا ؟ !···

چاقماقجان ھەم ماختاپ ، ھەم ماختىنىپ تۇرۇپ خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى . ئۇنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى مەھ-لىيا قىلىپ ، چۆرىسىگە ئولاشتۇردى . گەپ ئارىسىدا تاشمەتخان ئۇستامنى كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن قەدىناسلارچە قىزغىن قول سىقىشتى ، ھال ــ ئەھۋال سورىدى . ئۇنىڭ كەچمىشلىرى توغرۇلۇق كۆپچىلىككە بىرمۇنچە «ھېكايە» ئېيتىپ بېرىپ ،

يۈرىكىنى ئەزدى . ئاندىن :
— جامائەت ، — دېدى گەپىنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ ، — ماۋۇ جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى ھە بىزلىرنىڭ ئالدىغا قوياپ ، دائالىرىنى ئالاي دېسەم ، ئۆزۈمنىڭ قورسىقى ئاچ قالىدۇ ...مۇشۇ مۆجىزاتلارنى ھە بىزلىرنىڭ ئالدىغا ئەككەگىچە ماڭغان قەدەم ھەققىم ئۈچۈن ، بەش - ئون پۇڭلۇقتىن ئېغىز تېگىپ قوياشاملا !...
— ماڭا بىر كويلۇق گىلاس...
— ماڭا ئەللىك پۇڭلۇق ئالا غورا...
كۆپچىلىك ئۇنىڭ مۇشۇ گېپىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان بولسا كېرەك ، «گۇررىدە» ئۇنى ئارىغا ئېلىپ ، بىر يۈەنلىك ، ئىككى يۈەنلىك پۇللارنى ئۇنىڭ چاڭگىلىغا تىقىشقىلى تۇردى . بەزىلەر ئۇنىڭغا يېقىنلىشالماي ، ئالدىدىكىلەرنى ئىتتىرەتتى ، قىستايتتى . بەزىلەر كۈلۈمسىرسە ، بەزىلەرنىڭ چىرايى ئۆڭەتتى . چاقماقچاننىڭ قوللىرى پۇل ئېلىپ ، گىلاس ، غورا سىناپ ھارمايتتى . ھېچكىممۇ سېۋەتكە قول تىقمايتتى...
كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ، چاقماقچاننىڭ سېۋەتلىرى بىكار بولۇپ ، سىقىمى پۇلغا تولدى . غورا ، گىلاس يەتمەي قالغانلار ئۇنىڭدىن گەپ «سېتىۋالغۇسى» كەلگەنمۇ قانداق ؟ ئۇ بۇنى ، بۇ ئۇنى سورىدى . چاقماقچانمۇ سوئاللارغا لايىقىدا جاۋاب بەردى . بەزى سۆزلىرى شۇنداق قىزىق ، شۇنداق يۇمۇرلۇق ئىدىكى ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى . بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىكار تەلەپمۇ ياكى ئۇنىڭ گەپلىرىگە مەغۇل بولۇپ ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى تۇيماي قېلىشىدۇ ۋاتامدۇ ؟ بىرەرىمۇ بۇ يەردىن كېتەي دېمەيتتى...
— كىم بۇ ئادەم يىغىۋالغان ؟... مۇنداق تۇرۇشەۋە خەق ! — كىمنىڭدۇر قوپال ئاۋازى ، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى تەلەتى سۆرۈن بىر ئادەمنىڭ كىشىلەرنى سىلكىپ ، جەينەكلەپ ئىتتىر-

ـرىپ چاقماقجاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشى ، ئۇنىڭ ئۇنىنى ئۆچۈر-
دى ، چىرايىمۇ ئۆڭدى ، — سىلىمىدىڭلا ، چاقماقجان… پەقەت
گەپ ئاڭلىمايسىلە جۇمۇ ، ئاداش !… «چۆرەڭلىگە ئادەم يىغماڭ-
لا» دەپ مىڭ قېتىم دېگەندىمەن !…

ئۇ كىشى — بىز بۇ يىل قىشتا ھېيتگاھدا كۆرگەن بازار باشقۇرۇش خادىمى قازى ئىدى . ئۇ چاقماقجانغا خېلى كايىدى ، چاقماقجان چوڭ سېۋەتنىڭ ئىچىگە كىچىكىنى سېلىپ ، بىلىكىگە ئۆتكۈزدى - دە :

— باكادىن باكا ئازا بەمىسىلە ، ئاتا ! يامان بولىدۇ… ھەبىژلىرى دوقمۇش — دوقمۇشقا ئېلان چاپلاپ ، كانايدا قىچقىرىپ ژىغامماۋاتقان جامائەتنى مەن قانداق ژىغاي ، مەن قانداقا ژىغاي ! ؟… ئۆزى كەپتىكەن ، «كېتىڭ» دېگىلى بومىمدى… ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، مەن دېگەن بىژ غېرىپ پۇخرا… ھەبىژلىرى تۇغان يەدە ، مەن قوپۇپ جامائەتنى : «نېرى تۇ ، بېرى تۇ» دېسەم ئەپلىشەمدۇ ؟ !… مانا ئەمدى ئۆزلىرى كەپلا ، نەگە «كەت» دېسىلە شۇ يەگە كېتىلى… قانداق دېدىم جامائەت ؟ — چاقماقجان ئەتراپىدىكىلەرگە سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى . كۆپچىلىك ئۇنچىقمىدى ، — ئۆزلىرىغۇ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىدسىدەك چىرايلىق بالا… بايىقى گۈلنى ئاسىيجاڭغا بېرىۋەتمىگەن بوسام ، ئۆزلىرىگە بېرىدىكەنمەن… مانى بەسەم چېكىلىرىگە قدسىۋالامىيا ؟…

چاقماقجاننىڭ ئاخىرقى سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى . قازى بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى . «ئاسىيجاڭ» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ پېيىنى سىرقدرىتىۋاتاتتى . ئۇ بىلىدۇ : «ئاسىيجاڭ» — سابىق شەھەر باشلىقى ، ھازىرقى قىزىل ھاكىمىيەت — شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى ئابلا ئىسمائىل ئىدى . چاقماقجاننىڭ نوپۇس - نورمىسىنى ئابلا ئىسمائىل ھەل قىلىپ بەگەنلىكى

توغرىسىدىكى ھېكايىنى قازى تولا ئاڭلىغان . لېكىن ئۇنىڭ گۈلنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان . دېمەك ، چاقماقجان ئابلا ئىسمائىلنىڭ يېقىن ئادىمى . ئۇنىڭغا «ھۆرۆت - پۆرۆت» دېگەنلىك ــ ئابلا ئىسمائىلغا «ھۆرۆت - پۆرۆت» دېگەنلىك... ھېلىمۇ ياخشى ، باشقا باققال - قاراڭغۇ بازارچىلارنى تىللاپ ، سېۋەت ، خۇرجۇن - خالتىلىرىنى تېپىپ ، دەسسەپ چەيلىگەندەك ، ئۇنىمۇ تىللاپ تاشلىماپتۇ ، بولمىسا...

چاقماقجان قىشتا قارا كاجى تون ، قىزىل كارۋانچە ئۆتۈك ، سەرپوش تۇماق ؛ ئەتىياز ۋە كۈزدە قىزىل تون ؛ يازدا ئاق يەكتەك كىيىپ يۈرۈشى بىلەن پۈتۈن شەھەرگە تونۇش . ئۇ بۇ گۈنمۇ يىللاردىكىدەك ئاق خەسە يەكتەك ــ تامبال ، يېشىل شايى شاپاق دوپپا ، ئۇچى قۇشنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك پىيادە كەش كىيگەن بولۇپ ، چېكىسىگە بىر تال سېرىق گۈل قىسىۋالغانىدى . باياتىن ئۇنىڭ ئابلا ئىسمائىلغا بەرگىنى بىلەن چېكىسىدىكى گۈل ، ئېھتىمال ، بۇ يىل قەشقەر شەھىرى كۆرگەن تۇنجى گۈل بولسا كېرەك . ئۇ زادى نېمە ئۇچۇن سېۋەت توشقۇزۇپ گۈل ئەكىرمىدى؟ بۇمۇ بىرسىر . ئەگەر قازى كېلىپ قالمىغان بولسا ، چاقماقجان بۇ سىرنى ئاشكارىلىماي قالمايتتى . مانا ئەمدى ھەممىيلەننىڭ تىلى كېسىلدى ، ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە سورىيالمايدۇ . قازى بىلەن ئۇنىڭ «تاماشا» سىنى كۆرسىلا كۇپايە...

چاقماقجان چېكىسىدىكى گۈلنى ئېلىپ ، قازىغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى :

ــ غوجام ئاتا ، چېكىلىرىگە بىز قىسىپ باقسىلا !... «قاس - قاس» دەسسەپ ، شۇنداق ماڭىدىغان بوسىلا ، شەنىڭ خېنىملىرىنىڭ ژۇرىكىگە ئوت كېتىپ : «نەدىن كەپقاغان ئوغال

بالىنىڭ خۇۋەيىنىسىدۇ بۇ ؟ » دەپ كەينىلىرىگە چىرىۋاممىسا ما-
نامەن !...

قازى گۇلگە قول ئۇزىتىش تۇگۇل ، ئۇنىڭدىن سەسكەنگەن-
دەك كەينىگە چېكىنىدى ۋە :

— چاقچاق قىلماڭلاۋە ئاداش ، ئادەمنى زاڭلىق ئېتىپ ، —
دەپ كۇلۇمسىرىدى .

— يائاللا ، نېمە دەيدىغانلا ؟... سىلىنى زاڭلىق ئەتكىلى
ھەددىممۇ غوجام !... كۆڭەللىرىنى ياز قىلىۋېتەي دەپ گۇل
تەڭلىسەم ، ئەجەب ئۇمۇندۇرلا ، ئەجەب ئۇمۇندۇرلا... بۇ كۇنىنىڭ
ئەدەملىرىغۇ گۇلنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ ، سىلىمۇ بىلمەملا ! ؟...
ئاسىيجاڭ باشقا ئەدەم جۇما ، ئاسىيجاڭ !... بۇنى سېرىقكەن دەپ
قالىلىمۇيا ؟

— ... ... ...

— تۇۋا خۇدايىم ، تۇۋا... سېرىقگۇل دىگەنچا ، ھەممە
گۇلدىن بالدۇ ئېچىلىدۇ... بىلگەن ئادەمگە قىزىلگۇلدىن ئەتىۋا
دېسىلە !... بۇرۇن ئون باغنىڭ ، يۇز باغنىڭ بىسىدىن بىژ تۇپ
تېپىپ ، قىزىل گۇلغا روگەي قىلىپ ، دىلىمدىكى خېرىداغا
ساتاتتىم دېسىلە !... بەش - ئالتە ژىل بولدى ، ھېچچەدە قاممى-
دى... بۇۋى ئانامغا چىقىپ قاممىغان بوسام ، ئۆلگۇچە كۆرەم-
مەسمىتىمكىن تاڭ !...

چاقماقجان تاڭسۇق - تاڭسۇق گەپلىرى ، «قان چىقارماي
جان ئالىدىغان» تەنىلىرى بىلەن قازىنى يەر - يەر قىلىۋەتتى .
مۇبادا ، چاقماقجاننىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەر باشقا بىر ئادەم-
نىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان بولسا ، قازى ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئېغىز
- بۇرنىنى تۇزلىۋەتكەن بولاتتى . ئۇنىڭ گەپلىرىنى زورلاپ
تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى ، ئۆتى يېرىلىپ كەتكۇدەك
ئاچچىقى كەلسىمۇ چاندۇرمىدى ، ھەتتا ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ نېمە-

لىكىنىمۇ ئۇنتۇپ ، بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئادەم توپىنى «تارقىلىڭلار !» مۇ دېمىدى . چاقماقجاننىڭ دەيدىغان گېپى تۇ-گىدىمۇ ياكى نەزەرباغ ، قوغان تەرەپلەرگە يول ئېلىپ ، پىشىش ئالدىدا تۇرغان بىرەرخىل مېۋىنىڭ سىيتىقىنى ئېلىش نىيىتىگە كېلىپ قالدىمۇ ؟ ئېخىمۇ كۆلكىلىك قىلىپ :

— ھەبىژلىرىنىڭ ئاغزىنى تاتلىق قىلاي دېسەم ، سېۋى-تىمنى باكالاپ بولۇشاپلا . «بىسمىللا» دەپ بىژ مېڭىپ ، ئە-سىردىن يانغىچە بىر سېۋەت بىژ نېمە ئېپىپ چىيمىسەم ، ئىككى ناندىن قورۇق قالىمەن ، — دېگىنىچە قولىدىكى گۈلنى چېكى-سىگە قىسىپ ، جايىدىن قوزغالدى . كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ھۆر-مەت ، قىزىقىش بىلەن تىكىلىپ ، تەبەسسۇم قىلىشىپ يول بو-شاتتى . چاقماقجان توپ ئارىسىدىن چىقىپ ، پىيادىلەر يولىنىڭ دوقمۇشىدا قول ھارۋىسىنى تۇتۇپ تۇرغان تاشمەتخان ئۇستامى-نىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە :

— تىچ تۇلىمائاتا ؟ — دېدى مېڭىشتىن توختاپ ، — مەن تېخى سىلىنى كېتىپ قالدى دەپتىمەن··· ئوقەتلىرى قانداق-راق ؟

— خېرىدارنىڭ تايىنى يوق ، — ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان تاشمەتخان ئۇستام ساقىلىنى قويۇۋەت-كەن بولۇپ ، سىياقىدىن ئاتمىش ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنەتتى . بېشىدىكى مويلىرى تۆكۈلۈپ رېڭى ئۆچۈپ ئاقىرىپ كەتكەن قارا مەخمەل تاشلىق سەرپۇش تۇمىقى بىلەن ئۇچىسىدىكى نىمكەش كاجى تون ئۇستىدىن بېلىگە نەچچە يۆگەپ باغلىۋالغان ئاغامچا ئۇنى تولىمۇ ئاۋارە ، تولىمۇ بىچارە كۆرسىتىپ تۇراتتى . قاڭشى-رى ئۆسۈپ ، كۆزلىرى چاناقلىرىغا چۆكۈپ كەتكەن بۇ ئادەمنى ھېچنېمىسى بىلەن بۇنىڭدىن نەچچە ئاي بۇرۇنقى تاشمەتخانغا ئوخشاتقىلى بولمايتتى . ئۇ بىر يېرى سىرقىراپ ئاغرىۋاتقاندەك

چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ ، پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى ، ـــ بامداتقا
ئەزان چىققاندا بىرەيلەننىڭ شىڭلىسىنى بېكەتكە ئاپپارغانتىم ،
ماشىنىلار قوزغىلىپ كەتكىچە بىرمۇ خېرىدار چىقمىدى . قارا
قىر دەرۋازىسىدىكى ئاشلىق ماگىزىنىنىڭ ئالدىغا كەلسەم ،
«چۇشتىن كېيىن ئۇن كېلىدىكەن» دەپ يۇزدەك ئادەم ئۆچىرەتـ
ـتە تۇرۇپتۇ . «ئۇن كەلگۇچە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ ، بىر ـ
ئىككى نانغا ئىشلىگەچ تۇراي» دەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىنى
كۆرۇپ ، گەپلىرىدىن كۆڭلۇم ئېچىلىپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم···
ـــ ئىمبولاپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاهان ! ؟··· ئىمبولاپ كېتىدـ
ـۋاتىدۇ··· پۇل تاپسا ، بېلەت بولمىسا جۇغۇرۇپ بېرىپ بەشخوىـ
ـدىن بىژنان ئېلىپ يېگىلى بولمىغان··· مەنغۇ بىژ جان ، هە
قانداق قىيسام كۇنۇم ئۆتۇدۇ··· سىلىگە ئەجەب ئۇۋال بولدى ،
ئەجەب ئۇۋال بولدى !··· ئۇچامدىكى يەكتەكنى بۇنىڭدىن ئالتە
ژىل بۇرۇن ئۆزلىرى تىكىپ بېرىپلە ، تېخى پېتى چۇشمەي
تۇرۇپتۇ··· قوساق دېگەننى يا تىكىپ قويغىلى بومىسا···
خانلىرىم بىلەن غوجىلىرىم ئاغرىپ ـ سىلىماي تۇغاندۇ ؟
ـــ خۇداغا شۇكۇر···
ـــ هەنىم بوسا··· بىرەسىگە بىرە ئىش ـ هەرىكەتنىڭ
پېشىنى تۇتقۇزغانلا ؟
ـــ ئۇچى مەدىكار ئىشلەۋاتىدۇ . ئۇ ئىشمۇ بەزى بار ، بەزى
يوق···
ـــ شۇنداق ، شۇنداق··· پۇقرالا نان قايغۇسىدا ئۆي ـ
ئىمارەت ياساشقا چىقىنالمايدۇ . هۆكۇمەتنىڭ كاللىسى تېخى
ساق ئەمەس··· مەدىكاچىلىق قىمماقمۇ تەس دېسىلە بۇ كۇندە !
ئېلىم ـ سېتىمغا يول قويغان بوسىمۇ پۇقرانىڭ كۇنى پىشكە
ئاسانلىشامتىكى دېسەم ، بازار باشقۇرۇش غوجىلىرىم بارغانسېـ
ـرى پەيلىنى بۇزۇپ ، ئەدەمنىڭ قورسىقىغا چىرىپ بوغان نانىمۇ

تاتىۋاغىلى تاس قىلىۋاتىدۇ دېسىلە !··· تۇۋا ، تۇۋا··· لىيۇشاۋچى
دېگەن داڭچەنپەي[1] ئەجەب يامان بىڭنىمىكەن !··· ھەممىسى شۇ-
نىڭ كاساپىتى دېسىلە !··· شۇ ئوغرى بىڭ يوقالسا ، جاھان پىشكە
ئوڭلىنامىكى ؟···

ئىككى - ئۈچ يولۇچى مېڭىشتىن توختاپ ، گەپكە قۇلاق
سالغىلى تۇرۇۋىدى ، چاقماقجاننىڭ چىرايى سەل ئۆڭۈپ :

— جۇسىلە ئۇستام ، ئوردا ئالدىغا چۈشۈپ كېتىلى ، —
دەپ بۇرۇلۇپلا ماڭدى . تاشمەتخان ئۇستام ھارۋىنى سۆرەپ كەي-
نىدىن ئەگەشتى . ئۇلار دورا پۇرۇچلۇق ، رەڭچىلىك دۇكانلىرى-
نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ھەممە يەرنى ئەخلەت ، مەينەتچىلىك
قاپلاپ كەتكەن ئوردا ئالدىغا كېلىپ توختاشتى . بۇ يەردە بىرەر-
دىن ئەسكى چاپان ، ئەسكى ئىشتان ، ئەسكى چېلەك ، ئەسكى
داس كۆتۈرۈۋالغان نامرات سېتىقچىلار ؛ بىر - ئىككى پوزا ،
شۇمەك ، كىچىك ئورۇندۇق كۆتۈرۈۋالغان قىرغۇچى - ياغاچچى-
لار ؛ گەزنە ، رېپىدە ، تۇكۇچە ، ئىشتانباغ - قۇۋا كۆتۈرۈۋالغان
پاقما باش جېرىدە خوتۇنلار ؛ ئەسكى - تۇسكى كىيىملەردىن
ئۆزگەرتىپ تىكىلگەن ئىشتانپايپاق ، شاھالدۇرۇق ، پوسما···
كۆتۈرۈۋالغان يىڭنە ئىشى ماھىرلىرىمۇ بار ئىدى . ھەممىسىنىڭ
چىرايى سولغۇن ، ئاچلىق - ھارغىنلىقتىن لەۋلىرىنى گەز باغ-
لاپ كەتكەن ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بۆرىگە يولۇقۇپ
قىلىشتىن ئەنسىرىگەن توشقاننىڭ كۆزلىرىدەك ، ئەتراپقا ئەنسىز
تىكىلەتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ «مال»لىرىنى
زادى نەچچە پۇلغا سېتىپ ، زادى قانچىلىك پايدا تاپىدىغانلىقىغا
ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى . چۈنكى «قازى»لار كۈندە نەچچە
قېتىم تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى مۇسادىرە
قىلىپ ئېلىپ كېتەتتى ياكى ئۇلارنىڭ كۆزىچىلا دەسسەپ -

---

[1] داڭچەنپەي — خەنزۇچە «داڭچۈەنپەي (ھوقۇقدار)» نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنى-
شى . تولۇق ئاتىلىشى : «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»

چەيلەپ سۇندۇرۇپ ، يىرتىپ ـ تىتىپ تىتما ـ كاتاڭ قىلىپ تاشلاپ بېرەتتى . يىغلاپ تۇرۇپ يېلىنىش ـ يالۋۇرۇشلار ئۇلار-غا پاشا گىڭىلدىغانچىلىك تەسىر قىلمايتتى . چىرايى تۇرۇلگەن ، ئاۋازى قاتتىقراق چىقىپ كەتكەنلەرنى مۇشت ـ تەستەك بىلەن «مېھمان» قىلاتتى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇلار نېمە ئۈچۈندۇر بۇ «با-زار» دىن مېھرىنى ئۈزەلمەي ، ئۇياندىن قوغلىسا بۇيانغا ، بۇياد-دىن قوغلىسا ئۇيانغا قېچىپ يۈرۈپ «سودا» سىنى داۋاملاشتۇ-راتتى . كۈندۈزى «سودا» قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ، كەچ-قۇرۇن «قازى» لارنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىنى ماراپ تۇرۇپ ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدىن ئۆمىلىشىپ چىقىپ «بازار» قىلىشاتتى . بەزىسى چۈشتىن بۇرۇن بىر «مىلى» مۇسادىرە قىلىنسا ، چۈش-تىن كېيىن باشقا بىر «مال»نى كۆتۈرۈپ يەنە پەيدا بولاتتى . تەھدىتلەر ، ئۇرۇش ـ تىللاشلار ئۇلارغا قىلچە كار قىلمايتتى...

چاقماقچان بىلەن تاشمەتخان ئۇستام دەل «قاچ ـ قاچ»نىڭ ئۇستىدىن چۈشتى . ئۆزى ياش ، ئايىغى ئىتتىك رەك سېتىقچىلار ئالدىقاچان ئۆزىنى ياقىغا ئېلىپ بولۇشقانىكەن . «قازى»لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان قېرى ـ چۆرىلەر جاللاتتىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەۋاتقان گۇناھكاردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا يالۋۇراتتى . تۆكۈچە ، رېپىدىسى مۇسادىرە قىلىنغان ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر مەزلۇم شۇنداق قاتتىق نالە قىلاتتىكى ، ئۇنىڭغا ئادەم تۈگۈل ، ھايۋانىنىڭمۇ ئىچى ئاغرىغان بولاتتى . بىراق ، «قازى» نىڭ پەرۋايىغىمۇ كەلمىدى :

ــ ئاچاۋە ، قانداق گەپ ئۆتمەيدىغان قېلىن خوتۇن سەن ! مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم قولۇمغا چۈشتۈڭ . بۇدا يەنە قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭ ، ئاياپ تۇرمايمەن جۇما !... ماڭ ، ئادەم يىغماي ، بۇ يەردىن تېز كەت !...

«قازى» ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئىتتەردى . ئايال :

ــ كېتەي غوجام ، كېتەي ، ــ دېدى كەينىگە ئىككى

قەدەم دۆگۈجۈپ توختاپ، — خۇدايىم مۇرادىلىرىغا يەتكۈزەر! ئۇنداق قىلماي، تۇكۇچەم بىلەن رېپىدەمنى بەرسىلە!...

— شۇنچە گەپ قىلسام، ئۆزىنى سورىماي‌ۋاتقىنىنى ماقېرىنىڭ!... بەرسەم نېمە قىلىسەن؟

— ئىشلىتىمەن...

— «ئىشلىتىمەن؟» يالغانچىلىقىنى!... ۋە قېرى، تېخى تۈنۈگۈن «ئىشلىتىمەن» دەپ ئەكەتمىگەنمىدىڭ بۇنى!؟...

— ۋاي چىرايلىق غوجام... جاھانسازلىق قىلماقنىڭ تەسلىكىدە، يالغان سۆزلىسەممۇ سۆزلىگەندىمەن... كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا!... كۈيئوغلۇم سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا غايىب ئوقتا ئۆلۈپ كېتىپ، ئارقىدىنلا يالغۇز قىزىم ئىككى بالىسىنى ماڭا تاشلاپ ئۆلۈپ كەتتى. ئېرىم ياغاچچىلىق كارخانىسىدا ئىشلەيتتى، پالەچ بولۇپ قېلىپ، بىر يىلنىڭىزى ئورنىدىن قوپالمايدۇ. نورما ئالغىلى پۇل يوق، ئۆيدىكى پۇلغا يارىغىدەك نەرسىلەرنى سېتىپ تۈگەتتىم. يا بۇ گالنى ياماپ قويغىلى بولمىسا، يا خۇدايىم ئامانىتىنى ئالمىسا... قانداق قىلىتىم؟ چامامنىڭ يېتىشىچە مىدىرلاپ، ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا بىر - ئىككى جاننىڭ نورمىسىغا لايىق پۇل تاپاي دەپتىكەنمەن... نېمە بىلەي، نېمە بىلەي... مەن يا ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتمىسام... ئەسكى - تۇسكى لاتا، توخنىنىڭ پېيىدە ياسىغان نەرسىنىمۇ باشقۇرىدىغانلىقلىرىنى نېمە بىلەي... دەپ باقسىلا، ئۇكام، بۇ ئىشنىمۇ قىلغىلى قويمىسىلا، تۆت جان ئادەمنى قانداق باقىمەن!؟

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان قېرى! قانداق باقساڭ نېمە كارىم!... مەن يا سېنىڭ كۈيئوغلۇڭمىدىم؟!...

— ئۇنداق دېمىسىلە، غوجام!... يامان بولىدۇ... خۇدايىم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. تۈنۈگۈن چۈشتە بىر قاچا ئۇماچ ئىچكەنچە، ئاغزىمغا بىرتال گىيا سالمىدىم... سىلىنىڭمۇ ئانىلىرى باردۇ...؟

— نېمە مېنىڭ ئانامنى چىشلەپ تارتىپ يۇرىسەن ! ھۇ...

ئۇ شۇنداق سەت تىللاپ كەتتىكى ، ئادەم تۇگۇل ، ھايۋانمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى .

— جۇسلە ، ئۇستام ، — غەزەپلەنگىنىدىن چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان چاقماقجان تاشمەتخان ئۇستامنىڭ يېڭىنى تارتتى ، — بۇ غوجام بىزنىمۇ تىللاپ كەتمىسۇن . بۇ يەردىن ئاستا كېتىۋالايلى...

ئۇلار «زەيكەش»كە كېلىپ توختاشتى . چاقماقجان يەكتىـ كىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن قەغەز ئېلىپ ، بىر تالنى تاشمەتخان ئۇستامغا تەڭلەۋېتىپ دىدى :

— نېمە بولاپ كەتتى بۇ جاھان !... يا خۇدايىم بۇ كۆزنى ياراتماي تۇماپتىكەن... ئادەمنى ئەدەم ئۇغاننى ، تىللىغاننى كۆـ رەپ قاسام پەقەت چىدىمايمەن دېسىلە !... يائاللا ، يائاللا... بىژ تال چەكسىلە ، ئۇستام... ئەدەم ئاچچىقىنى تاماكا بىلەن چىقامىـ سا...

— رەھمەت ، مەن تاشلىۋەتكەن .

— شۇنداقما ؟ كۆسلە بۇ ئىشنى... مەن تېخى بىژ تالدىن چېكىشكەچ ، بىژدەم مۇڭدىشامىز دەپتىكەنمەن...

چاقماقجان بىلەن تاشمەتخان ئۇستام قەدىناس چۆپقەت ئىدـ دى . يېزىغا بىر كۇندە مېڭىشتى . بەش يىل دىدار كۆرۈشمىدى ، بىر - بىرىنى ئۇنتۇپمۇ كېتىشمىدى . بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى تاساددىپىي ئۇچرىشىپ قالدى - يۇ ، مۇڭدىشالمىدى . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ھارۋىسىدا يۇك بار ئىدى ، ئالدىراش كېتىپ قالدى . بۇگۇن تەڭرى ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئۇچراشـ تۇردى . تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭ تاڭسۇق - تاڭسۇق گەپلىرىگە مەغۇل بولۇپ يولدىن قالدى ، پۇلدىن قالدى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى . ئۇنىڭ گەپلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى . ئۆزىمۇ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ «ئىچىنى بوـ

شتىۋالدى» . ئۇنىڭ گېپى ئۆي ۋە نوپۇس ، نورما ئۇستىگە كۆچكەندە :

— تۈۋا ، تۈۋا… — دېدى چاقماقجان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — ئەجەب ياۋاش ئەدەم جۇما ، ئۇستام سىلە !… «ئۆي مېنىڭ» دەپ ھېلىقى ئەپەندىچاق بىلەن «سەن - پەن» دېيىشمىگەنلىرىغۇ ئوبدان بولاپتۇ . ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، ئاق كىنىشكا[1] ئېلىۋالمىغانلىرى بەك يامان بولاپتۇ… توققۇزجان ئەدەم - توققۇز زاۋۇت دېسىلە ، زاۋۇت !… بۇنچە جىق ئەدەمگە قاراڭغۇ بازاردىن ئاش - نان سېتىۋالسىلا ، سايىنىڭ تېشىدەك جىق ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بولسىمۇ توشماس !…

— شۇنى دېسىلە ، — تاشمەتخان ئۇستام ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . ئائىلە بويىچە تىلەمچىلىك قىلىپ قىشتىن چىقىۋالغىنىدىن بۆلەك گەپنىڭ ھەممىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىۋەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى ، — ئەدەمنىڭ پېشانىسى تەتۈر كەلسە ، قۇمباسىنىڭ قۇمىمۇ تېپىلماس تۇتىيا بولۇپ كېتىدىكەن… يېزىغا بارماستا خېلى جىق ئەمەلدار تونۇشلىرىم بار ئىدى . بىرەر ھاجىتىم چىقىپ قالسا ، ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرىپ تۆت ئېغىز گەپ قىلالايتتىم . ھازىرقى ئەمەلدارلارنىڭ بىرەرىنى تونۇسام كاشكى… ئۇ خەقنىڭ سۇرىنىڭ يامانلىقىنى دېمەيلا تېخى ! ئادەم دىدارىغا تىكىلىپ قاراشتىنمۇ ئەيمىنىدۇ… رىزقىمىزنى ئۇ خەق بەرمىگەندىكىن ، ئالدىغا بارمىساقلا بولدى . ئەمما - زە ، ئۆز يۇرتىمىزغا لاماكان - مۇساپىر بولۇپ قالغىنىمىز بەك يامان بولدى . «قاچان ‹ چىقە شەھەردىن !› دەپ قوغلاركىن…» دەپ يۈرىكىمىز پوك - پوك…

— نېمە دەيدىغانلا ئاتا ، نېمە دەيدىغانلا… ماڭا قايلىسىلا ،

---

[1] ئاق كىنىشكا — ئەينى يىللاردا ، يېزىغا قوغلانغاندىن كېيىن ئۇ يەردە جان باقالماي قايتىپ كەلگەن بىر قىسىم شەھەر ئاھالىلىرىگە ۋاقىتلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش قەغىزى بېرىلەتتى . كىشىلەر بۇنى «ئاق كىنىشكا» دەيتتى .

مۇشۇ كۈنده باشلىقنىڭ ئالدىغا باماي ئىش پۈتەمدا؟ ! تازا كىشى-
كەنلە··· تېخى : «رىزقىمىزنى ئۇ خەق بەمىگەندىكەن» دەۋاتقان-
لىرىنى !··· بۇرۇن : «رىزقىمنى ئاللا بېرىدۇ» دەيتتۇق . ھازىر
ھەممىنى ماۋجۇشى ئاتىمىز بېرىدىغان بولاپ كەتتى ! ···
ئىشەنمىسىلە ، ماگىزىنغا چىرىپ بىژ قاپ سەرەڭگە ئالاي دەپ
باقسىلا ، يا «كىنىشكىلىرى بارمۇ؟» دەيدۇ ، يا «باشلىقتىن
خەت ئەكەسىلە» دەيدۇ··· بۇرۇن مەنمۇ بىلمەيتتىم ، بۇدا بىلـ-
دىم : باشلىق دېگەن ماۋجۇشى ئاتىمىز پۇقرالىرىغا ئەۋەتىپ
بەرگەن رىزقى - نېسىۋىنى «ما ساڭا ، ما ساڭا» دەپ ئۈلەشتۈ-
رۈپ بېرىدىغان ئەلچىيكەن دېسىلە !··· ئۆزلىرى دېگەندەك ،
سۈرى يامان ، ھالى يوغان ، «ئاتامىمۇ ئەمەل ، ئانامىمۇ ئەمەل»
دەپ ، ئۆزىنىڭ دادىسىدىن سالام تەمە قىلىدىغانلىرىغۇ ساماندـ
دەك ، ئانچە - مۇنچە ماۋجۇشى ئاتىمىزنىڭ يولىنى تۇتۇپ ،
سەينى خۇدا ئىش قىلىدىغانلىرىمۇ با··· سىلە ئىزدەپ سوراپ ،
مۇشۇندىغىدىن بىرەرىنىڭ ئالدىغا چىرىپ باقمىسىلا ، بۇ كۈنده
ھېچكىم سىلىنى «چىچادا يارىم» دېمەيدۇ ، ئۇستام !···
— مېنى «بارغۇسى يوق» دەملا؟ كومىتېت مۇدىرىنىڭ
ئالدىغا نەچچە باردىم··· ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ھازىر بىرەر جاننىڭ
نوپۇسىنى شەھەرگە ئالدۇرماق ، ئاسمانغا شوتا قويۇپ چىقماق-
تىنمۇ تەسمىش . بىزدەك يېزىغا پالانغانلارغا ماۋجۇشى ئۆزى
بىرنېمە دېمىگۈچە ، ھېچكىمنىڭ چىشى پاتماسمىش···
— نېمە دەيدۇ ما ئۇستام··· مۇدۇرلىرى قىپقىزىل يالغان
سۆزلەپتۇ ، ئاتا !···
— باشقىلارغا يالغان سۆزلىسە سۆزلەمدىكىن - تاڭ ، ماڭا
ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ···
— ئەستا··· ما ئۇستامنى !··· ئۇستام ، كىچىكمىكىن
دېسەم ، «سەككىز بالام با» دەيلا . قويسىلا سىلىنى !··· بەك
ساددىيكەنلە جۇما ئۇستام ، بەك ساددا !··· بۇ كۈننىڭ بەزى

ئەمەلدالىرى باغۇ ، بىر قولىدا رەخمانىنى ، بىر قولىدا شەيتاننى كۆتۈرۈپ ژۈرۈدۇ جۇما !...

— بىزنىڭ مۇدىر ئۇنداقلاردىن ئەمەس دەيمەن !...

— ماڭا قايلىسىلا ئۇستام ، مەن يېزىغا قوغلانغانمۇ ، قوغلانمىغانمۇ ؟

— ئىككىمىز بىر كۇندە ماڭغان تۇرساق...

— مانا بومىدىما !... مەن مەكىت دېگەن ژۇتتىن ئۇياتىن كەسەم ، بۇياتىن نوپۇس ، نورمامنى ئوتتاغۇزۇپ بەگەن تۇسا ، سىلىنىڭكىنى نېمشقا ئوتتاغۇزۇپ بەمەيدىكەن ! ؟...

— نېمە ! سىلىنى شەھەر نوپۇسىغا ئالدىما ؟

— ئاماي ئەمىسە ! ئامىسا «ئالدى» دېگىلى ساراڭمۇ مەن ! ؟ بىرەژىلنىڭىزى پونكىتتىن نورما ئاش بېرىۋاتىدۇ . كۆ-لۆگە گۆش بېلىتى بىلەن رەخ بېلىتمۇ بېرىدىغاننىڭ گېپى با...

— توۋا ، ما ئىشنى... بۇ گەپچە ، سىلىنىڭ مۇدىر...

— قويسىلا ، ئۇنداق مۇدۇرنىڭ گېپىنى !... «كۆرۈڭلا بۇ ئالەم بىيباقانى ، پاچاقتىكى پىتلا ئۆمىلىشىپ ئالدى ياقانى» دېگەندەك ، ھەممىسى كونا مۇدۇرلىدىن ھوقۇق تاتىۋاغان نان كۇچۇكلىرى تۇسا ، ئۇ خەقتىن بىز كىمگە ياخشىلىق كىلەمدا ؟ توۋا ، توۋا... دۇنيادا مۇنداقمۇ گولچامغۇ ئەدەم بولىدىكەن... سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن بولىدىغان بوسام ، سەككىز بالامنى كەينىمگە سېلىپ ، دادىخانىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئالدىغا بارىتىم دېسىلە ، ئۇستام !...

— مېنىڭغۇ مىڭ مەراتە بارغۇم بار . ئاتايىتەن بارغىنىمغا يارىشا ، ئىشىممۇ ئىش بولماي ، دىلىم بىرمۇنچە ئازار يەپ قالارمىكىن دەپ...

— ۋاي ئۇستام ، ۋاي ئۇستام ، بۇ كۇندە دىلى ئازا يېمى-گەن چىم قالدى ؟ ! سىلىغۇ سىلە ، بىز چاغدا يەتتە كۇنلۇك يەدە كېلىۋاتسا ھەممە ئەدەم سايىسىگە تەزىم قىلىدىغان نى - نى كاتتا

زاتلىرىمىز تاياق ئاستىدا ئۆلەپ كەتكىلى تاس قالدى ئەمەسما ! بىز گەپنى دەپ بېرەي : بىز كۆنى ئاقئۇدىدا كېتىۋاتسام ، دوتەي ئىمنوپ ھامىت خاشۇ[1] كەشنى يامىتىپ ئوتتامامدا ، ياپىرىم··· «چىمنىڭ ئەزىزلىرى چىمگە خار بولدى ؟» دەپ ژىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم دېسىلە !··· تازا كىشىكەنلا ، مانا مۇشۇنداق جاھان بۇ !··· گېپىمگە چىيسىلە ، كۆزلىرىنى ژۇمۇپلا بىرە ئامبالنىڭ بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىيسىلا . خۇدايىم «ئال قۇلۇم» دەۋەتسە ، ماڭا ئوخشاش نوپۇس ، نورمىلىق بولاپ قاسىلا ئەجەب ئەمەس···

— دېگەنلىرىدەك بولار ئىلاھىم··· كومىتېت بىزنى «قارا نوپۇس» دەپ ، مەجلىس ، ئول - بولغا قاتناشتۇرمىغاچ ، شەھەرنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ بىلىپ بولالمىدۇق···

— تېخى مانداق ئىشمۇ با دېسىلە ، ئاتا !··· پەقەت ئۇقماپتىمەن ، پەقەت ئۇقماپتىمەن··· ئۇققان بوسام ، بايامقى گەپنى نۆزەمبىللا دەمدىغان !··· ئەدەپسىزلىكىمنى كۆڭەللىرىگە ئامىسىلا جۇما ، ئۇستام !···

— شۇنداق بەلەن مەسلىھەت بەرگەن تۇرسىلا ، نېمىشقا كۆڭلۈمگە ئالىمەن ! ؟ مېنى ئويغىتىپ قويغانلىرىغا رەھمەت چاقماقجان !

— بۇگەنلا بىز بېرىپ ، تەلەيلىرىنى سىناپ باقاملىيا ؟

— نەگە بارىمەن ؟

— دىۋىي[2] گە باسىلا ، رەخمىوپ جۇرىن دېگەن بىز ئۇرغۇي باشلىق با . سىۋىي[3] ما ياق ، گاۋىخۇيغا باسىلا ، ئاسىيجاڭ ئاتىمىز با···

— ئاسىيجاڭ دېگەنلىرى باياتى سىلىدىن گىلاس ئالغان كىشى شۇمۇ ؟

---

① خاشۇ — خەنزۇچە «خۇاشۇ (خېمىيە)» نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى . بۇ يەردە «سۇلياۋ» دېمەكچى .
② دىۋىي — ۋىلايەتلىك پارتكوم .
③ سىۋىي — شەھەرلىك پارتكوم .

— شۇ بوممامدىغان ، ئۇستام ! شۇ زات شۇ !… ئۇنىمۇ قويياپ ، بۇنىمۇ قويياپ ، شەنىڭ ئامبىلى شۇ زات بوغاندىكىن ، ئۇدۇللا شۇ زاتىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، تازا بىژ ژىغلىماملا !

— شۇنداق قىلسامغۇ ئوبدان بولىتى ، ئۇ كىشى يا مېنى تونۇمىسا…

— ما گەپلىرى قاملاشمىدى ئۇستام ، پەقەت قاملاشمىدى ! قەشقەر دېگەندە ، لەكمىڭ ـ لەكمىڭ پۇقرا تۇسا ، بىژ ئامبال قاسى بىسىنى تونۇپ بولىدۇ ! ؟… ئاۋۋال «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا… » دەپ ئىشخانىسىغا چىرىلا . ئاندىن ، تازا ژىغلاپ تۇرۇپ بىژ هال ئېيتىلا . ژۇرىكى تاش بوسىمۇ ئېرىيدۇ دېسىلە ئۇ زاتىنىڭ !… پەقي مانا مۇشۇنداق قىلىپ تونۇشقان دېسىلە ، ئاسىيجاڭ بىلەن !…

چاقماقچاننىڭ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈشلىرى تاشمەتخان ئۇستامغا تېرىقچىلىكمۇ جۈرئەت بېغىشلىمىدى . ئۇ ئىككى گېپىنىڭ بىرىدە : «تارتىنىمەن ، ئەيمىنىمەن… » دەپ تىيماق تاتىلايتتى ، هەتتا بۇقۇلداپ يىغلاپمۇ كەتتى . چاقماقچانمۇ «نېمە بولساڭ بولمامسەن !… » دەپ پەش قېقىپ كېتىپ قالمىدى . چۈنكى ئۇلار قەدىناس دوست بولمىسىمۇ ، ئۇزۇن يىللىق چوڭقۇر قەت ئىدى . نىكۇنىكى تاشمەتخان ئۇستام دۇكان ئاچىرىپ ، ئۆز ئالدىغا هۈنەر قىلىشقا باشلىدى ، شۇنىڭدىن بېرى چاقماقچان قىشلىق ، يازلىق كىيىملىرىنى ئۇنىڭدىن بۆلەك هېچكىمگە تىكتۇرمەيدىغان بولدى . بۇنىڭغا يارىشا ، تاشمەتخان ئۇستامىمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى شۇنداق سىپتە ـ سىلىق ، قېلىپتا قۇيغاندەك يارىشىملىق تىكىپ بېرەتتى . سىمكىرىغا نېمە بەرسە «هەشقاللا » دەپ ئېلىپ ، سانىمايلا يانچۇقىغا سالاتتى . چاقماقچانمۇ مەيلى ئۇنىڭغا ئىش بۇيرۇتسۇن ياكى بۇيرۇتمىسۇن ، تۆت پەسىلنىڭ هەممىسىدە بىرىنچى قېتىم قولىغا چۈشكەن «يېڭىلىق »نىڭ باش بۇرنى هەم روگىيىنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا تەگكۈزمى-

سە كۆڭلى ئارام تاپمايتتى ، سودىسى سودىدەك بولمايتتى . كۆپ
ھاللاردا ، تاشمەتخان ئۇستام دۇكىنىنى ئېچىپ بولغۇچە ، چاق-
ماقجان دۇكان ئالدىغا ئۈنۈپ بولاتتى . سالام - سەھەتتىن كې-
يىن ، سېۋەتنىڭ ئۇستىگە يېپىلغان ئاپئاق رەخت ياكى پاكىز
يۇيۇلغان ئوت - چۆپنىڭ بىر چېتىنى قايرىپ :

— قايلىسىلا ئۇستام ، تۇنۇگۇن پېشىندىن يېنىپ ، «بەخ-
تىمنى بىز سىناپ باقاي» دەپ شامالباغقا چىقىپتىم ، ئۇنىڭدىن
سوراپ ، بۇنىڭدىن سۇرۇشتۇرۇپ بىز باغقا چىيسەم ، بىز تۇپ
مايسەن قەھرىۋادەك ساغىيىپ ، مانتىدەك ژۇمشاپ قاپتۇ ئەمەس-
ما !‹ ئاسىلا غوجام ، ئاسىلا ، نەچچە پۇل ئاسىلا ئېلىپ ، مۇشۇ
ئۆرۈكلىرىدىن بىز سېۋەت بەسلە !… ئەچىرىپ ، شەدىكى چۆپ-
قەتلىرىمنىڭ ئاغزىنى يېڭى ئاشقا تەگكۇزەي !› … دەپ بىز
سىقىم تىيىزىنى تەڭلەپتىم ، ‹غىڭ› قىلالمىدى دېسىلە !… تازا
شاخنىڭ ئۇچىغا چىقىۋېلىپ ، بىز تالدىن - بىز تالدىن تەيگىلى
تۇرۇپتىكەنمەن ، نامەششەم گۇگۇمدا سوۋىتىم ئاران تولدى… ئۇدۇللا
قاشلىرىغا ئەكىلەي دېسەم ، خۇپتەندىن يانغاندا شەگە چىرىپتىد-
مەن… ئۆزلىرىنى «شاخ مانتىسىدا ناشتا قىلىپ ، مۇشۇ نېمەت-
نى تەييا قىيغان دىيخان ئاكامغا بىز دائا قىپ قويسۇن» دەپ ،
ھېچكىمگە كۆسەتمەي قاشلىرىغا ئەككەلدىم دېسىلە ! بولاپتىما ؟ —
دەپ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، تاشمەتخان ئۇستامغا سوئال نەزىرىدە
تىكىلەتتى .

— بولمامدىغان ، چاقماقجان ! — دەيتتى تاشمەتخان
ئۇستاممۇ ئۆز نۆۋىتىدە ، — رەھمەت غوجام !…

— تازا ئۇزۇكنىڭ كۆزىدەك «ۋىل - ۋىل» قىلىدىغىنىد-
دىن ئىككىنى ئېغىزلىرىغا ساپباقسىلا ! تېتىسا ، بىز - ئىككى
موچەنلىك دەسلاپ قىلىپ قويالا . تېتىمىسا ، ئاممىسلىمۇ مەيلى…
ئۆزلىرى ئالدى ئوچۇق ئەدەم . قوللىرىنى تەگكۇزۇپلا قويسىلا ، سودام
ژۇرۇشۇپ كېتىدۇ… ئەجەب كۆزلۇك ئەدەم جۇما سىلە !…

ۋاي ، ۋاي ، ۋاي··· تاپلا ئاتا ، تاپلا !··· ھەشۇنى··· قايلىسىلا ، مانا مانىمۇ···

تاشمەتخان ئۇستام ئۆز قولى بىلەن تاللىغانى كەينى كەيىندىن ئاغزىغا سېلىپ ، ھۇزۇرلىنىپ چاينايتتى ھەم يېنىشلاپ - يېنىشلاپ ماختايتتى ، رەھمەت ئېيتاتتى . ئاندىن ، تۇيۇپ - تۇيمايلا قىرىق - ئەللىك پۇڭلۇق مېۋە ئېلىشۋېتەتتى . تېخى بەزىدە ئوتياش - چونەككە ئاتىغان پۇللىرىمۇ ، چۆنتىكىدىن چىقىپ كېتىپ ، ئوتياش - چۆنەكسىز قالىدىغان كۈنلىرىمۇ ، يېنىدا پۇل يوق بىرەر يەەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدىغان كۈنلىرىمۇ بولاتتى . لېكىن ، چاقماقجان ھەرگىزمۇ قەرزنى تىلغا ئالمايتتى . شۇنداقتىمۇ ، تاشمەتخان ئۇستام قەرزنى تۆلىۋەتمىگۈچە كۆڭلى ئارام تاپمايتتى . كۆپىنچە ، ئۇنى نەدىن بولسا ئىزدەپ تېپىپ ، ئامانەتنى قولىغا تاپشۇراتتى ھەم شۇ باھانىدە ئۇنىڭ بىلەن سائەتلەپ - سائەتلەپ مۇڭدىشىپ تۇرۇپ كېتەتتى . ئۇنى بىر - ئىككى كۈن كۆرمەي قالسا سېغىناتتى . دۇكىنى چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ قولى ئىشقا بارماي ، دۇكاننى شاگىرتلىرىغا تاشلاپ بېرىپ ، قاڭقىپ چىقىپ ئۇنى نەدىن بولسا ئىزدەپ تېپىپ مۇڭداشقاچ ، بىر - ئىككى تالدىن تاماكىنى جوۋلىشىپ چېكىپ ، خۇماردىن چىقاتتى . ئۇنىڭ دۇكىنى كارخانىغا ئۆزگەرتىلىپ ، ئۆزى «كارخانا ئەزاسى» بولغان كۈنلەردىمۇ ، كارخانىدىن قايتىپ چىقىپ «قاراڭغۇ بازارچى»لىق قىلغان كۈنلەردىمۇ بۇ ئادىتى ئۆزگەرمىدى . ئىلاھى قىسمەت ئۇنى ھەم چاقماقجاننى باشقا - باشقا يۇرتقا ئاپىرىپ تاشلىۋەتكەندىن بېرى ، ئۇلارغا بىر چېكىم تاماكىنى بىللە چېكىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بىر - بىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ تۇرۇشمۇ ، ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم دىدارلىششمۇ نېسىپ بولمىغانىدى . قايسى كۈنى ئۇلار تاسادىپىي چالا - پۇچۇق ئۇچراشتى - يۇ ، جان قايغۇسىدا — جان قايغۇسىدا قالغان تاشمەتخان ئۇستام «پۇل

قوغلاپ» كېتىپ قالدى . شۇنىڭدىن بېرى ، نەچچە – نەچچە قېتىم ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ، قانغۇدەك بىر مۇڭدىشىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى – يۇ ، هارۋىنىڭ چاقلىرى ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان غايىب خەزىنە – بىر – ئىككى يۈەن پۇلنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي ، ئۇنى ئىزدەشتىن يالتايدى . مانا بۈگۈن تەڭرى ئاخىر ئۇلارنى ئۇچراشتۇردى . تاشمەتخان ئۇستام ئۇنى ئەلچىخانىنىڭ شىمال تەرەپ دوقمۇشىدا بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدا كۆرۈپلا يۈرىكى قەپەستىكى تۇمۇچۇقتەك تېپىرلاپ كەتتى . «پۇل – پۇل» دەپ ئايلىنىدىغان هارۋا چاقلىرىمۇ ئىختىيارسىز هەرىكەتتىن توختىدى . كۆزلىرى چاقماقجاننىڭ سېۋەتلىرىدە لەئىلىدەك پارقىراپ تۇرغان قوقان گىلاس بىلەن قەھرىۋادەك كۆز چېقىپ تۇرغان مايسەن ئۆرۈكلەرنى كۆرگەندە ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ ، بۇنىڭدىن بەش – ئالتە يىل بۇرۇن يېگەن «جەننەتنىڭ مۆجىزاتلىرى» نىڭ تەمىنى قايتا تېتىغاندەك بولدى . هارۋىنى جايىغا تاشلاپ قويۇپلا توپ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ ، بىر چاغلاردىكىدەك سېۋەتلەرگە قول ئۇزاتقۇسى كەلدى – يۇ ، يانچۇقىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئېسىگە كېلىپلا نىيىتىدىن ياندى . نىسىي ئېلىشنى ئويلاشتىنمۇ قورقتى…

مانا هازىر ئىككىيلەن هاجەتخانىغا يېقىن خىلۋەت جايدا تامغا يۆلىنىپ يانمۇ يان ئولتۇرۇپتۇ . چاقماقجان ئۇزمەي تاماكا چەكمەكتە . تاشمەتخان ئۇستام يېزىغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، يانچۇقىدا بار پۇلىنى گالغا «ياماپ» ، تاماكا سېتىۋېلىشقىمۇ قادىر بولالمىدى . قەرز ئالاي دېسە ، كىمدىن ئېلىشنى بىلمىدى ، گەدىنىمۇ قويمىدى . تېخى كۈزلۈك ئالتە پۇل دارامەتتىن تۆلەي- دىغان گەپ . ئۆزىنى بۇنچە خورلۇغىچە ، ئاشۇ «مەرەز»دىن ئادا – جۇدا بولسىلا بولمىدىمۇ ! ؟

ئۇ شۇنداق قىلدى ، تاماكىنىمۇ ، ناسىۋالنىمۇ تاشلىدى… چاقماقجان بىر تەرەپتىن سۆزلەپ ، بىر تەرەپتىن پۈرقىرى-

تىپ تاماكا چېكىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن خىيال سۈرمەكتە :
«ئادەمنىڭ دوستى قانچە كۆپەيسە ، دۈشمىنى شۇنچە ئازىيىدۇ»
دېگەن گەپ بار . لېكىن ، چاقماقجاننىڭ بىرەر تۇتۇنغان دوستى-
مۇ ، زىتىنى ئويۇدىغان بىرەر ئەشەددىي دۈشمىنىمۇ يوق ئىدى .
ئۇنىڭ نەزىرىدە ، تەڭرىنىڭ ياراتقىنى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا
ئانىدىن ئىبارەت ئىككىلا ئادەم . ھازىر يورۇق دۇنيادا ياشاۋاتقان
نەچچە مىليارد ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ پۇشتى - ئەۋلادلى-
رى ، ھەممىسى «بىر بۆزنىڭ ئۇچى» باي - كەمبەغەللىك ،
يۇقىرى - تۆۋەنلىك - تەڭرى بەندىلىرىگە نۆۋەلقەلەمدە پۈتكەن
قىسمەت . شۇڭا «بار بۆلۈپ بەرمەيدۇ ، يوق ئۆلۈپ بەرمەيدۇ» . بارغا
ھەسەت قىلىش ، يوقنى كەمسىتىش — تەڭرىدىن ناگۇزا بولغان-
لىق . شۇڭا ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا پادىشاھنىمۇ ، قەلەندەرنىمۇ «سى-
لە - ئۆزلىرى» دەپ ئىززىتىنى قىلىپ ، قىش - ياز قۇرتتەك
تىمىسقاپ يول مېڭىپ ، قەشقەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ
ئېسىل ، ئەڭ سەرخىللىرىنى تۈنج بولۇپ خېرىدارنىڭ ئاغزىغا
تەگكۈزۈپ ، ئۇلارنىڭ رەھمەت - تەشەككۈرىگە نائىل بولۇشنى
ھەممىدىن ئەلا بىلدى . ماڭغان يولى ، تارتقان جاپاسى بەدىلىگە
سېرىق قوناقنىڭ بىر زاغرىسىغا ئېرىشىپمۇ نارازى بولمىدى .
ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ زادى قانچىلىك پۇل تاپقانلىقى ، قانچىلىك
دەسمايىسى بارلىقىنى بىر ئۆزى ، بىر تەڭرىلا بىلسە كېرەك .
ئەمما ، ئۇنىڭ كۇنبويى ساتىدىغان مېلى ئون يۈەنلىكتىن ئاشماي-
دىغانلىقى كىچىك بالىغىمۇ ئايان··· ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ، بالىسىمۇ
يوق . ئولتۇراق ئۆيى مەسچىتنىڭ كۇتلەك ۋەخپىسى . كىم بى-
لەندۇر دوستلىشىپ ، چوڭراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىپ كاتتا
باي بولۇپ كېتىش نىيىتىمۇ ؛ كىمگىدۇر كۇچ كۆرسىتىپ ،
كىمنىدۇ قاقتى - سوقتى قىلىپ «مەندۇرمەن ئاكاڭ قارىغاي
چاقماقجان» دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش نىيىتىمۇ يوق . شۇڭا
ئۇ ، قەشقەردە بىرلا . خىلىمۇ ، جورىسىمۇ تېپىلمايدۇ . ئەمەل-

ـداردىن پۇقراغىچە ، بايدىن گادايغىچە ، بىلى يادەك ئىگىلگەن موبىسىپىتلەردىن ئەمدىلا ئايىغى چىققان نارەسىدىلەرگىچە ھەممى-سى ئۇنىڭغا ئامراق ، ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ . ئەھلىمەھەل-لە ، قولۇم - قوشنىلىرى توي - مەرىكە ئۆتكۈزمەكچى بولسا ، بىرىنچى قىلىپ ئۇنىڭغا باغاق يېزىشنى ئۇنتۇمايدۇ . قىسقىسى ، ئۇ قەشقەر شەھىرىدە ھەممىگە تونۇش گۈل خۇمار ، بىر يىلدىكى تۆت پەسىلنى ھەممىدىن بۇرۇن سېزىپ ، تۆت پەسىلنىڭ تۇنجى ھەم ئەڭ ئېسىل مېۋىلىرىنى بىرىنچى بولۇپ شەھەرلىكلەرنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزۈدىغان چارچىماس خىزمەتكار !...

لەۋزى ھالال ، كۆڭلى تۈز ، نىيىتى دۇرۇس ئادەملەر تۇ-يۇپ - تۇيمايلا كىم بىلەندۇر ئىخلاسمەن ئۇلپەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇ قانداقتۇر باشقىلارغا تاقابىل تۇرۇش ، ئىككىسى بىرلىشىپ «دۈشمەن»لىرىنىڭ ئورىسىنى كولايدىغان «دوست-لۇق» ئەمەس ، ئەلۋەتتە . چاقماقجان بىلەن تاشمەتخان ئۇستام-نىڭ مۇناسىۋىتى ئاشۇنداق ئۇلپەتلىشىش بىلەنلا چەكلەنگەن . ئاھالە كومىتېت مۇدىرلىرى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك ، ھەر ئىككىيلەننى بىرلا ۋاقىتتا يېزىغا ھەيدىدى . لېكىن ، ئۇلار-نىڭ كۆڭۈل رىشتىنى ئۈزۈۋېتەلمىدى . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، چاقماقجان قەشقەر شەھىرىدىن ئايرىلغاندىن بېرى بىرەر قۇر يېڭى كىيىم تىككۈزمەي ، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ قولىدىن چىق-قان كىيىمنى كىيىپ يۈرۈپتۇ .

نېمىدېگەن ئىخلاسمەنلىك - ھە ! ؟

مۇشۇ ئىخلاسمەنلىك چاقماقجاننى تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ھالىغا ئېچىندۇرۇۋاتاتتى . قولىدىن كەلسە ، ئۇنىڭ نوپۇس ، نورمىسى ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۇنى شەھەر بويىچە ئەڭ دۆلەتمەن ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتكۈسى بار ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ قولى قىسقا ، بىقورو !...

قانداق قىلسا بولار ؟

«توختا ، بالا يىغلىمىسا ، ئانا ئەمچەك سامامايدۇ . تاشمەت-
خان ئۇستام پىستىنىنىڭ پوستىدىنمۇ نېپىز ئەدەم . ئۆزىنى تونۇ-
مايدىغان ئەدەمنىڭ قېشىغا ئۆلسىمۇ هال ئېيتىپ بامايدۇ...
ئاسماقتەك سەككىز بالىسىنىڭ تىيىپ - سىيىم بولاپ كەتمەس-
لىكى ئۈچۈن بوسىمۇ قولىدىن يېتىلەپ ، يۈزۈمنى قېلىن قى-
لىپ ئاسىيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا بىز ئاپىرىپ قويىمايما !... ئىشى
ئوڭغا تاتىپ قاسا ، ماڭىمۇ بىز چىشلەم ساۋابى تېگە ، ئەپلەشمى-
سە ، خۇدايىم ئۆزى بىزنېمە دېمەمدا !...»

— ئۇستام ، — دېدى ئۇ ، تاماكىسىنى كۈچەپ ئىككى -
ئۈچ قېتىم شورىۋېتىپ ، — ئەدەم هەممە ئىشتا نېپىزلىك
قىيسا ، بۇ جاهاندا جان باقامايدۇ . ئاسىيجاڭنىڭ ئالدىغا ئۆزلى-
رى يالغۇز بېرىشتىن تاتىنسىلا ، مانا مەن باشلاپ باراي . ئەگەر
چەندە گېپىمىز قۇلىقىغا خوشياقماي ، ئىشخانىسىدىن هەيدەپ
چىقاسا ، بىزدىن نېمە كېتەتتى ! ؟ قانداق دېدىم ؟ ئەمدىغۇ گې-
پىمگە چىرەلا !...

— راستمۇ ؟ — هاياجانلىنىپ كەتكەن تاشمەتخان ئۇستام
كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى . نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى
تاتىرىپ كەتكەندى . ئاۋازى تىترەيتتى ، راستتىنلا مېنى باشلاپ
بارامىلا ؟ !

— راست بومماي !... مېنى چىم چاغلاۋاتىلا ؟ توۋا خۇدا-
يىم ، توۋا... تازا كىشىكەنلە !... جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ ،
گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ ، غوجام ئۇستام !... سىلە يا كىچىك
بالا بومىسىلا ، ئىككى پۇڭلۇق پەشمەك بىلەن گوللىغىلى !...
سىلىلام «كەينىڭدىن مېڭىپ باقاي» دېسىلە باغۇ ، هېلىغۇ ئا-
سىيجاڭنىڭ قېشىكەن ، بېجىندىكى ماۋجۇشىنىڭ قېشىغىمۇ باش-
لاپ ئاپىرالايدىغان ئوغال بالىمەن !...

— ئۆزلىرى بۇنداق دەۋاتقان يەردە ، ئۆلسەممۇ كەينىمگە
قارامدىغان !...

— ھەببەللى··· ئوغال بالا ئەكەكتەك گەپ قىللا ئەمدى ! قاچان باساق بولا !

— مېنىڭچە بولسىغۇ ھازىرلا بارغۇم بار···

— ھازىردەملا ؟ مېنىڭمۇ «ياق» دېگۈم يوق . تېخى بايىلا خوشلىشىپ ، ئىشخانىسىنىڭ تۆ - پەگىرىنى تېپىپ بوغچە كەينىدىن قوغلاپ باساق ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېسە ، «بەش تەڭگەمنى بېرىڭ» دېگەندەك ئىش بولامىكىن دەيمىنا ! ؟

— بۇنى ئويلىماپتىمەن··· ئۆزلىرى قاچان دېسىلە شۇ چاغدا بارايلى .

— ئەمىسە ، ئەتە ئەتىگەن قاقپودا خېنىملىرى بىلەن سەك-كىز كۆز مۇنچاقنى كەينىلىرىگە سېلىپ ، ھېيتكا گۇللۇقنىڭ تۇۋىگە ئۇنەملا ؟

— ماقۇل .

چاقماقجان قانداق كىيىنىش ، ئابلا ئىسمائىلنىڭ ئىشخانى-سىغا قانداق كىرىش ، قانداق ھالەتتە تۇرۇش ، قانداق سۆزلەش ، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بېرىش··· توغرۇلۇق ئېزىپ - ئىچۇرۇپ بىرمۇنچە «دەرس» ئۆتتى . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئۇ-نىڭ سۆزلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاپ ، ھەممىسىگە ماقۇللۇق بىلدۇردى . گەپ ئارىسىدا ئۆندۆرىگەندەك قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزد-تىپ :

— ئەكەسىلە تاماكىلىرىنى ! جەمىشتىنى ئاتتىن چۈشۈر-گەن يېرىنى بىر شورىۋالاي !··· — دەپ كۈلۈمسىرىدى .

بەلكى بۇ ئۇنىڭ شەھەرگە قېچىپ كىرگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم چىن يۈرىكىدىن كۈلۈمسىرىشىدۇ ؟ !···

# ئاق كىنىشكا ـ ئاقيول

ـــ گۈلزار ، بۇياققا كېلىڭە ! ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن
ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش يىغىنىد-
دىن قايتىپ چىقىۋاتقان گۈلزار «دىڭگىدە» چۆچۈپ ، ئاۋاز
چىققان تەرەپكە قارىدى ، زالنىڭ ئىشىكىدىن بەش قەدەمچە نېرىدا
توختى تۇر بىلەن پېشقەدەم گۇڭشې باشلىقى ئىسمائىل موللاق
تۇراتتى . ئۇ ئىككى ئاي ئىلگىرى تەلتۆكۈس ئاقلىنىپ ، گۇڭشې
ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى .
گۈلزار توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ، قورۇنۇپراق ئۇلارنىڭ
ئالدىغا باردى . ئىسمائىل موللاق ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ
قويۇپلا ئىشخانىسى تەرەپكە كەتتى . توختى تۇر گۈلزارنىڭ باش ـ
ئايىغىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىۋېتىپ سورىدى :
ـــ ئىسمائىل شېجاڭدىن ئاڭلىسام ، سىزنى «بەك تىرىد-
شىپ ئىشلەۋاتىدۇ» دەيدۇ . يوقلاپ كىرىشكە پەقەت پۇرسەت
چىقىرالمىدىم . زۇنۇنۇپ بىلەن چىقىشىپ قالغانسىز ؟
ـــ ھەئە ...
گۈلزار بېشىنى كۆتۈرمىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، توخ-
تى تۇر ئۇزاق يىل خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ ، تىل ـ تاياق
ئاستىدا خورلانغان ئىسمائىل موللاقنىڭ ئوبرازىنى يېڭىۋاشتىن
تىكلەش ئۈچۈن ، ئۇنى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزى كەم-
دىن ـ كەم ئوتتۇرىغا چىقىدىكەن . دوختۇرخانىغا بىرەر قېتىممۇ
دەسسەپ باقمىدى ، گۈلزار بىلەنمۇ ئۇچراشمىدى . «ئوتتۇز كوي-
لۇق غالچا» بولسا زۇنۇنۇپقا ئورۇن بوشىتىپ ، تۇرمىدە قانۇن-

ىنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈۋاتاتتى .
— راست گەپ قىلىۋاتامسىز ، يا… ؟
— راست …
— ياخشى… زۇنۇنۇپ بىلىملىك ئادەم . ئۇ دائىم سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن ئوبدان ئۆگىنىڭ…
— ماقۇل .
زۇنۇنۇپنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىگە كېلىش بىلەنلا ، ئەسلىدىكى پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىپ ، ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلىدى . ئون بەش كىشىلىك ياتاقتىن ئىككىنى مەخسۇس ئاياللار ياتىقى قىلىپ ئايرىپ ، گۈلزارنى مەسئۇل قىلدى . بەزىدە ، بىرىدە تاشقى كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلار ، بىرىدە ئىچكى كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلار ياتسا ؛ بەزىدە ئارىلاش ياتاتتى . گۈلزارنىڭ داڭقى يىراق - يېقىنغا تارقىلىپ كەتكەچ ، كارىۋاتلار ئاساسەن بوش قالمايتتى . گۈلزارنىڭ كۆچى يەتمەيدىغان كېسەللىكلەرگە كوللېكتىپ دىئاگنوز قويۇلۇپ ، ھەممىيلەن تەڭ مەسئۇل بولاتتى . دوختۇر - سېستىرالار گۈلزارنى بېشىدا كۆتۈرەتتى . گۈلزارمۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچان ، مەسئۇلىيەتچانلىقى ، كەمتەرلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايتتى . بىراق ، ئىشتىن چۈشسىلا باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ ، چىرايىنى مۇڭ باساتتى… توختى تۇر بۇنى زۇنۇنۇپتىن ، سوپۇر ئاخۇندىن ئاڭلىغان . بۇگۈن ئۇنى تۇتۇپ قېلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى .
توختى تۇر سورىدى :
— بالىڭىز ئوبدان چوڭ بولۇۋاتقاندۇ ؟
— ھەئە .
— كىمگە باقتۇرۇۋاتىسىز ؟
— دەرۋازىۋەننىڭ خوتۇنى بېقىۋاتىدۇ .
— ئاتا - ئانىڭىزنى يوقلاپ قويدىڭىزمۇ ؟

— ياق…
— نېمىشقا يوقلىمىدىڭىز ؟
— … … …
— «ئۈنسۈر»لۈقى يۈقۈپ قېلىشتىن قورقتىڭىزمۇ ؟
— … … …
— سىزنىزە… ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسىز ؟
— ياق…
— سېغىنغانسىز ؟
— … … …
— سېغىنمىدىڭىز ؟

گۈلزار كۆزلىرىگە «لۆممىدە» ياش ئېلىپ ، ئۇنىڭ كۆز-لىرىگە «لىپپىدە» بىر قارىدى - يۇ ، يەنە يەرگە قارىۋالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى «سېغىندىم !…» دەپ بولغانىدى . توختى تۆر-نىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ ، چىرايى بىلىنەر - بىلىنمەس تۈرۈلدى - يۇ ، شۇئان ئەسلىگە كېلىپ ، سوراشنى داۋام قىلدى :

— يوقلاپ كەلگىڭىز بارمۇ ؟

گۈلزار ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى . كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتاتتى :

— يوقلاپ كەلسەم بولامدۇ ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن ؟ بولىدۇ ! سىزنىڭ مۇشۇ مىجە-زىڭىزنىزە… ماڭا قارالڭ قىزىم ، ئاكىڭىز توغرۇلۇق يېزىلغان ماتېرىيالنى كۆرۈپ چىقتىم . ئېيتقان ناخشىسىنىڭ مەزمۇنى ھەقىقەتەن ئەكسىيەتچى ئىكەن . ئەگەر ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلسە-ڭىز ، چوقۇم ماڭا ئېيتىڭ . قولۇمدىن كېلىشىچە جازانى يەڭ-گىللىتىشكە تىرىشىمەن . دادىڭىزنىڭ ئىشىغا كەلسەك ، ئادەتتىـ-كى تونۇش مەسىلىسىگە دوست - دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىد-دىيەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ كېتىپتۇ . بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەت مەندە ، — توختى تۆر بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك

چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ ، تۇكۇرۇكىنى يۇتتى ، ــــ باياتىن مەن يەتكۈزگەن ھۆججەتنىڭ روھى دادىڭىزغا ماس كېلىدۇ... سىز ئۇنىڭ نەدىلىكىنى راستتىنلا بىلمەمسىز ؟

ــــ ھەئە .

ــــ سۇرۇشتۇرۇپ باقمىدىڭىزمۇ ؟

ــــ ياق .

ــــ قورقۇپسىز ـ دە ؟

ــــ ھەئە .

ــــ مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلغان... مەن دەپ بەرسەم خۇش بولامسىز ؟

توختى تۇر يېقىملىق تەبەسسۇم قىلىپ ، گۇلزارغا سوئال نەزەرىدە تىكىلگەنىدى ، گۇلزارنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ ، چاناقلىرىدا توختاپ قالغان نوقۇتتەك ئىككى تامچە ياش «غىلدىررىدە» دومىلاپ ، مەڭزىلىرىدە توختىدى ۋە :

ــــ ھەئە ، ــــ دەپ تاشلىغىنىنىمۇ تۇيمىدى .

ــــ قەشقەردىكى ئۆيۈڭلەردە ئىكەن...

ــــ ھە !...

گۇلزارنىڭ چىرايى گەجدەك ئاقىرىپ ، كۆزلىرى توختى تۇرغا قادىلىپلا قالدى . بۇ كۆزلەردە يا خۇشاللىقتا ، يا ئەندىشىگە ئوخشمايدىغان بىرخىل مەۋھۇم نۇر پىلىلدايتتى . توختى تۇر كېسىپلا دېدى :

ــــ ئەگەر ھەقىقەتەن سېغىنغان بولسىڭىز ، بېرىپ يوقلاپ كېلىڭ . مەن زۇنۇنۇپقا ئېيتىپ ، ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ بېرەي . قانداق ؟ يوقلاپ كېلەمسىز ؟

«ئۇنسۇرنىڭ قىزى» دېگەن تاغنىڭ ئاستىدا يۇرىكى شۇنچە يىل مۇجۇلغان گۇلزارغا دۇنيادا بۇنىڭدىن چوڭراق خۇشاللىق ـ بەخت يوق ئىدى ! ئەگەر ئۇ «نامەھرەم بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئۆمۇرلۈك ئەسىر بولمىغان بولسا ، شۇ تاپتا ئۆزىنى توختى تۇرنىڭ

باغرىغا ئوقتەك ئېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى ئىسسىق كۆز يېشى بىلەن نەمدىۋەتكەن؛ 〈مېنى ئۇنسۇرنىڭ كۈچۈكى〉 دېگەن بەدنامدىن قۇتقۇزغانلىرىغا رەھمەت!...» دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغان بولاتتى. بىراق، ھازىر تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغانمۇ - قانداق؟ ئۇنداق دېيەلمىدى. ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىق، شۇنچە دىمىق بولۇشىغا قارىماي، ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەيتتى. لەۋلىرى توختىماي مىدىرلايتتى - يۇ، ھېچقانداق سادا چىقمايتتى.

«يوقلاپ كېلەمسىز؟»

گۈلزار مۇشۇ سوئال سورىلىشتىن سەككىز ئاي بۇرۇن —— تۇغۇتتىن قوپۇپلا مۇشۇنداق نىيەتكە كەلگەن. ئۇنىڭ سۆيۈرگىنى كۆرگۈسى، قىزىنى ئاتا - ئانىسىغا كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارنى نەقەدەر سېغىنغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، ئانىسىنىڭ قولىغا بىر - ئىككى يۈز يۈەن تۇتقۇزۇپ، ئازراق بولسىمۇ پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلماقچى بولغانىدى. نىيىتى بىر ئادەملەرنىڭ كۆرگەن چۈشىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ بۇ مۇددىئاسىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا ئۈلگۈرمەستىن، سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭدىن بالدۇرراق مۇشۇ گەپنى قىلدى، ھەتتا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ كېلىشنى باھانە قىلىپ گۈلزارنى گۈڭشېنىڭ خادىكىگە ئولتۇرغۇزۇپلا قەشقەرگە ئاپىرىپ، تاشمەتخان ئۇستاملار بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ كېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى. گۈلزارمۇ خۇشاللىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. بىراق «ئۇلار زادى نەدە؟» دېگەن بىر دوقال يولىنى توسۇپ، تۇيۇپ - تۇيمايلا گۈلزارنىڭ تۇغۇت ئىچىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇپ قالدى. «بۈگۈن» دەپ، «ئەتە» دەپ ھەپتە - ئايلار ئۆتۈۋەردى. گۈلزارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سوپۇر ئاخۇننىڭ تىنىڭ تىڭلاشلىرىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىدى. تاشمەتخان ئۇستاملارنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقى ھېچكىم-

نىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاچ ، ئۇلارنىڭ زادى نەدىلىكى
هامان سىر پېتى قېلىۋەردى . تاجىگۇلنىڭ سالى بىلەن بىللە
قاچقانلىقى تەۋەككۇل «پىستەك»نىڭ ئاغزى بىلەن پۈتۈن گۇڭ-
شېگە تارقىلىپ كەتكەچ ، تۆلەندى «داجەي» بوغنۇقۇپ كەتتى .
رەنىخان يېقىنلىرىغا : «گۇلزارخان ئاكىسى بىلەن ئاتا - ئانىسى-
نىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇۋاتىدۇ... » دەپ يۈردى .
بۇ گەپ گۇلزار بىلەن سوپۇر ئاخۇننىڭ پۈت - قولىنى بوغۇچلاپ
مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى... ئاتا - ئانا مېهرى شۇنداق
ئۇلۇغ ، شۇنداق چوڭقۇر بولىدىغان ئوخشايدۇ . كۆنسېرى ئې-
شىپ بېرىۋاتقان هۆرمەت ، رىغبەت ، هېسداشلىق گۇلزارغا نىس-
بەتەن خىزمەت ئۈستىدە چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت ، غەيرەت
بەخش ئېتىۋاتقان بولسىمۇ ، خىزمەتتىن چۈشىسىلا ئۆزىنى قارا
يېتىم ، روهى تۈۋرۈكتىن ئايرىلغان بىقورو - بىچارە ئايال
هېسابلايتتى . كۆزى يۇمۇلسىلا ئاتا - ئانىسىنى چۈشەيتتى .
چۈشلىرى شۇنداق يامان ، شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى ، بىر
ئۇيقۇدا چىرقىراپ يىغلاپ ئويغىنىپ ، سوپۇر ئاخۇننىڭ ئۇيقۇ-
سىنىمۇ هارام قىلاتتى . مۇنداق ئىشلار تەكرارلىنىۋەر-
گەنسېرى ، سوپۇر ئاخۇنمۇ كۈندىن - كۈنگە غەمكىنلىشىپ ،
قاپىقى ئېچىلمايدىغان بولۇپ كەتتى . گۇلزار كۈندىن - كۈنگە
ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى . ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئويۇن -
چاقچاق ، ئايىغى چىقماس شېرىن سۆهبەتلەر ئېغىر «ئۇھ»
تارتىش بىلەن ئالماشتى . سوپۇر ئاخۇننىڭ قىزىغا ئامراقلىقى ،
ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن كىرەر - كىرمەيلا ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ
ئەركىلىتىشلىرى ؛ ئۇنىڭ چىرايى ، قىلىقلىرىنى ماختاش باھا-
نىسىدە گۇلزارنىڭ ئاغزىنى تاتلاپ تۇرۇشى بولمايدىغان بولسا ،
ئېهتىمال ، گۇلزار بوش ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە كىتابلار ئا-
رىسىغا چۆكۈپ كەتكەن ياكى تۈنۈگۈن يۈغان نەرسىنى بۈگۈن
يەنە يۈيۈش ياكى ئۆيىنىڭ پەگىرىنى تۆرگە ، تۆرىنى پەگاغا

يۈتكەش بىلەن بەنت بولغان بولار ئىدى…
هازىر گۈلزارنىڭ بۈلتۈر مۈشۈ كۈنلەردىكى ئۇن ھۆسنىدىنىڭ بىرى يوق . قىزىل چىت كۆڭلەك ئۈستىدىن كىيىۋالغان كۈل رەڭ خۇادانى پىلاتىسى خۈددى بىر كىمنىڭكىنى تىلەپ كىيگەندەك ھەم كەڭ ، ھەم ئۇزۇن كېلىپ قاپتۇ . ئورۇقلاپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى بىرەر كېسىلى بارمۇ ؟ قىزى ماڭغۇدەك بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق ، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە يۈزىگە چۈشكەن داغلار شۇ پېتى تۇرۇپتۇ . تېخى چىرايىدىكى سېرىقلىقنى دېمەمسىز !…
ئاخىر گۈلزار تىلغا كىردى :
— رۇخسەت قىلسىلا…
— «رۇخسەت ئېلىپ بېرەي» دېدىمغۇ !… گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامسىز نېمە !
— … … …
گۈلزار نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقى ياكى بۇ گەپلەرنى ئوڭىدا ئاڭلاۋاتقىنىنى ئاڭقىرالمايۋاتاتتى . توختى تۇر بۇنى سەزدى بولغاي ، چۈشەندۈردى :
— ئاتا - ئانىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى بۇرۇن مەنمۇ بىلەلمىگەن . بۇ قېتىم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشىدا بىللە جەڭ قىلغان بىر سەپدىشىم بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ قالدىم . ئۇ بىر ئاخشىمى تۈيۈقسىز سىز بىلەن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىنى سوراپ قالدى…
— كىم بولغىيدى ئۇ ؟
گۈلزار ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك ، توختى تۇرنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ھەم خىجىل بولغىنىدىن يۈزىگە قىزىللىق تەپچىدى ، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى .

— شەھەرلىك گېۋېيىخۇيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلا ئاۋۇت-
نى بىلەمسىز ؟

— ھەئە ، — دېدى گۈلزار كېسىپلا . ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «دېھقانلار سىلىگىبۇسى» قۇرۇپ ، نەچچە يۈز ئاتلىق دېھقاننى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ ۋەھىمە سېلىپ ، سىمونت كوچىلارنى تىزەككە توشقۇزۇۋەتكەن ؛ شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا دېھقانلار ۋەكىلى سۈپىتىدە مۇئاۋىن مۇدىر بولغان بىرتونۇش چىرايىنى غىل - پال ئېسىگە ئالغاندى ، — شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغان كۈنى مەن ئۇنى جۇشىتەي[1]دە كۆرگەن···

— دادىڭىز شەھەرلىك گېۋېيىخۇيغا نوپۇس ، نورما توغرۇلۇق ئىلتىماس سۇنۇپتىكەن . ئابلا ئاۋۇت ئەھۋاللاشسا ، ئۆزىنىڭ بىزنىڭ گۇڭشېدا تۇرغانلىقى ، سىزنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتىپتۇ . گەپتىن گەپ چىقىپ ، مەندىن مۇشۇ ئىشنى سوراپ قالدى . مەنمۇ ئەھۋالنى ئەينەن دەپ بەردىم···

— رەھمەت توجۇرېن ! — گۈلزار يەنە كۆزلىرىگە ياش ئالدى ، — نوپۇسقا ئالارمۇ زادى ؟

— «توختىكا» دەڭ دەپ نەچچە قېتىم دېسەم ، يەنە نېمە «تو جۇرېن ! ؟» سىزنىزە··· ئۇ توغرۇلۇق سوراشنى ئۇنتۇپتىمەن . مېنىڭچە ئېلىشى مۇمكىن ، — توختى تۇر گۈلزارنىڭ ئەمچىكى چىڭقىلىپ ، سۇتى پىلاتىنىڭ سىرتىغا تەپچىرەپ چىقىۋاتقىنىنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالدى - دە ، نەزىرىنى ئىتتىك باشقا تەرەپكە يۆتكەپ ، گېپىنى ئۇزدى ، — سىز ئەتىدىن قالدۇرماي ئىلتىماس يېزىپ ، زۇڭنۇپقا بېرىڭ . قەشقەردىكى ئىشلارنى ئاتا - ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇقۇشىڭىز مۇمكىن .

— ماقۇل .

---

① جۇشىتەي — رەئىس سەھنىسى

گۈلزارنىڭ چىرايى «ۋاللىدە» ئېچىلىپ ، چىن كۆڭلىدىن تەبەسسۇم قىلدى . يۈرىكى ئايەم ناغرىسىدەك گۈپۈلدەيتتى . ئۇ توختى تۇر بىلەن خوشلىشىپ ، دەرۋازا تۈۋىدە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان خالىسخان تەرەپكە ئالدىراش يول ئالدى . قەدىمى شۇنداق ئىتتىك ، شۇنداق يەڭگىل ئىدىكى ، ئۇ پەقەت بىرەر كېسەلدە جىددىي ئۆزگىرىش بولغاندا ، ئىشخانا بىلەن ياتاق ئارىلىقىدا مۇشۇنداق ئىتتىك ماڭاتتى .

*　　　　　*　　　　　*

— تىررررر…

خادىك ئىشىك ئالدىدا توختىغاندا ، خېۋىر بىلەن سۇپۇرگە يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا خادىك يېنىدا پەيدا بولدى . گۈلزار بىلەن سوپۇر ئاخۇنغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇشۇپلا ، ئۆزىنى ھويلىغا ئېتىشتى . گۈلزارنىڭ «بالام !» دېيىشكە ئۈمەللەنگەن ئاغزى ئېچىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا كۆزلىرى ياشلاندى .

— ئانا ! — دەپ ۋارقىراپ دالاندىن ئۆتۈپ كەتتى خې-ۋىر ، — ئاچام كەلدى !…

— چوڭ ئانا ! — دەپ ۋارقىراپ ئۇنىڭ كەينىدىن كې-تىپ باراتتى سۇپۇرگە ، — ئانام كەلدى !…

ئۈجمىنىڭ سايىسىدا كىر يۇيۇپ ئولتۇرغان روزىخان قو-لاقلىرىغا بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي ، قوللىرىدىكى ماغزاپ-نى داسقا سىيرىغاچ ئورنىدىن قوپۇۋېتىپ ، تىترەك ئاۋازدا سو-رىدى . ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچەيگەنىدى :

— كىم كەلدى دېدىڭلار ؟

— گۈلزار ئاچام كەلدى !…

— ئانام كەلدى !…

— ھە !… نەدە ؟

— ئىشىك ئالدىدا... خادىك بىلەن كەلدى !...

ئىككى بالا چۇرۇقلاشقىنىچە ئۇنىڭ ماغزاپ يۇقى قوللىرىغا ئېسىلىپ ، دەرۋاز تەرەپكە سۆرەشتى . روزىخان يا بېشىغا رومال سېلىۋېلىش ، يا بېدە گۇللۇك ئاق چىت كۆڭلىكىنىڭ ياقا - پەشلىرىنى تۈزەشتۇرۇۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ ، مەست ئادەمدەك ئېگىز - پەس دەسسىگىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى . ئۇ ئەمدىلا دالانغا كېلىشىگە ، بوسۇغىدىن ئايىغىنى ئىچكىرىگە ئالغان گۇلزار «ئانا !... » دەپ سەۋدايىلارچە ۋارقىراپ ، ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتى .

— جېنىم بالام !... بۇ راست سەنمۇ ؟ !

روزىخانمۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ، ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى . خېۋىر بىلەن سۇپۇرگە گۇلزارنىڭ ئاياغلىرىغا ئېسىلدى . ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ياش بۇلىقىغا ئايلانغاندەك ، ياشلىرى سىرغىپ ئەمەس ، بەلكى ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى . كىمنىڭدۇر ھازىسىنى ئېچىۋاتقاندەك ، يىغلىغانسېرى ئۇنى كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى . بۇ تاسادىپىي يىغا - زارىدىن ئارامى بۇزۇلغان قولۇم - قوشنىلارنىڭ بەزىسى ئۆگزىسىگە چىقىپ سىرەج تامدىن بويۇنداشقا ، بەزىسى دەرۋازىلىرىنى قىيا ئېچىپ ماراشقا ، يەنە بەزىسى خادىك يېنىغا كېلىشكە باشلىدى . تېخى ئەنسىرىگىنىدىن ، كىچىك بالىلىرىنى ئەھۋالنى ئۇقۇپ كىرىشكە چىقارتقانلارمۇ بولدى . بۇنىڭسىزمۇ ، پەقەت ئەمەلدارلارنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدىلا توختايدىغان خادىكنىڭ بۇ يەردە توختىغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئەھلى مەھەللىدىن يولۇچىلارغىچە ھەيرانلىقنى باسالماي ، بىر - بىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى ، نەزىرىنى خادىكتىن ئۈزەلمەيتتى . مۇبادا ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئانىسىنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق نىدا قىلىپ يىغلىغىنىنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان ئىززەتگۇلنىڭ قىرقىراپ يىغلاۋېرىپ دۆلىنىپ كەتكىنىنى سوپۇرئا-

خۇن سېزىپ قېلىپ ، ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ئۇنى گۈلزارنىڭ قولىدىن ئېلىۋالمىغان بولسا ، گۈلزار بىلەن روزىخان قاچانغىچە مۇشۇنداق يىغا - زار قىلىشىۋېرەر ئىدىكىن ؟ !...

تەلىيى بار ئىكەن ، ئىززەتگۈلنى ھوشىغا كەلتۈرۈۋېلىشتى . ھەممەيلەننىڭ ، ھەممىدىن بەك سوپۇر ئاخۇننىڭ يۈرىكى قىنىغا چۈشۈپ ، چىرايىغا قان يۈگۈردى . ھويلا قوشنا ئاياللار ۋە ئۇششاق باللار بىلەن تولغانىدى . سوپۇر ئاخۇن ھارۋىدىكى نەرسىلەر - ئىككى تاغار قوغۇن - تاۋۇز ، بىر تاغار ئۈن ؛ ئىككى كۆزىگە لىق زاغرا بىلەن توقاچ قاچىلانغان ، توقۇلغىنىغا كەم دېگەندىمۇ يىگىرمە يىل بولغان سەپەر خۇرجۇنىنى بىر - بىرلەپ يۈدۈپ ئەكىرىپ ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا قويۇشقا باشلىغاندىلا ، قوشنىلار بىردىن - ئىككىدىن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى .

— رەھمەت ، — دېيىشتى ئۇلار ، قۇمسارايىنىڭ نېمەتلىرىگە ئېغىز تېگىشنى تەكلىپ قىلىپ يولىنى توسىغان روزىخان بىلەن گۈلزارغا ، — تىنچ - ئامان دىدار كۆرۈشكەندىنىمۇ چوڭ ئىش بولامدۇ ؟ ! ئاۋۋال گۈلزارخانىم ھاردۇقىنى ئېلىۋالسۇن . بىز يەنە كىرىمىز...

سوپۇر ئاخۇن ئاتىنىڭ بېشىغا يەم ، سامان قاچىلانغان تۇۋرىنى كىيگۈزۈپ ، دەرۋازىنىڭ ھالقىسىغا باغلاپ قويدى . روزىخاننىڭ يول باشلىشىدا ئۆينىڭ تۆرىدىن جاي ئېلىپ ، ئەمدىلا بىر پىيالە چايغا ئېغىز تەگكۈزۈشكە ، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ناشمەتخان ئۇستام ھاسسازالاپ كىرىپ كەلدى .

ئۇ چۈشلۈك تاماققا كەلگەنىدى . چۈشلۈك تاماق — زاغرا بىلەن قايناقسۇ بولاتتى . قورسىقىنى تويغۇزۇپلا پېشىنىنى ئوقۇپ ، بىرەر سائەتچە سوزۇلۇپ يېتىپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋېلىپلا ھارۋىسىنى سۆرەپ چىقىپ كەتسە ، ناماز شامغا يېقىن سالپايغان ھالدا ئۆيگە ئۇنەتتى . بۇ ئۇنىڭ ياز كىرگەندىن بۇيانقى

ئادىتى ئىدى . چۈنكى ، قىش ۋە ئەتىيازدا ئۇلار بىر - ئىككى ۋاخ تاماق بىلەن كۈنى كەشكەندى . ھاۋا ئىسسىپ ، كۈن ئۇزار-غانسېرى ، قورساقلار بۈنىڭغا كۆنمىدى . تاشمەتخان ئۇستامدىن باشقىلار ناشتىدىن كېيىن بىردىن زاغرىنى كۆتۈرۈپ ئىش ئو-رۇنلىرىغا كەتسە ، كەچلىك تاماقنىڭ داستىخىنىغا ئولگۇرۇپ ئۆيدە پەيدا بولۇشاتتى...

تاشمەتخان ئۇستام بوسۇغىسىدىكى خادىكنى كۆرۈپلا تونۇغاند-دى . «گۈگۈشى پەيچۇسودىن ساقچى كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ !... » دې-گەن خىيال كاللىسىغا كېلىش بىلەنلا پۇت - قولىدىن ماغدۇر كېتىپ ، ھەممە يېرىدىن پۇرقىراپ تەر ئۆرلىدى . ئۇ دەرھال كەينىگە يېنىپ ، تۇغقانلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنماقچى بولدى - يۇ ، ئۇنداق قىلالمىدى . چۈنكى ، خەق ئۆيىگە ئۇسسۇپ كىرگەنىكەن ، ئۇنى نەدىن بولسا تاپماي قويمايدۇ . ئۇنى تاپالمىسا ، خوتۇن - بالىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ . ئۇ چاغدا ... ياق ، تاشمەتخان ئۆلسىمۇ بالا - چاقىسىدىن ئايرىلىپ قالىدى-غان ئىشنى قىلمايدۇ !...

تاشمەتخان ئۇستام «جېنىنى ئالىقانغا ئېلىپ» تۇرۇپ ، ھارۋىنى ئۇدۇللا ھويلىغا سۆرەپ كىردى . سۇپىدىكى تاغار - خۇرجۇنلارنى يا كۆردى - كۆرمىدى ، قەستەن ئىككى - ئۈچ قېتىم گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ شەپە بېرىپ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى-غا يېقىنلىشىشىغا ، ئالدىغا چىققىنى قانداقتۇر ساقچى ئەمەس ، بەلكى گۇلزار بولدى . گۇلزار ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ، ئۇنى بارغانسېرى مەھكەم قۇچاقلىدى . يۈزلىرد-نى ياش بىلەن نەمدىدى . ئۇمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، بەش يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم گۇلزارغا ئاشكارا مېھرىبانلىق كۆر-سىتىپ ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيدى . مۇرىسىنى سىلىدى . سوپۇر ئاخۇن بىلەنمۇ تۇنجى قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭغا ئۆز قولىچە چاي تۇتتى...

— مەن ماڭاي ، — دېدى سوپۇر ئاخۇن تاماقنىڭ داسىدىتىخنىنغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن . گۆش تېپىش مۇمكىن بولمىغاچ ، تاشمەتخان ئۇستام سوپۇرئاخۇنغا تۇيدۇرماستىن ئاشپۇزۇلدىن ئىككى تەخسە «گويۇرۇ» ئەكىرىپ ، روزىخانغا ئوخشىتىپ «كۇيئوغۇل ئېشى» ئەتكۈزگەنىدى ، — بالدۇرراق بېرىپ ئاتنى سوۋۇتۇپ ، ئوت چالدۇرۇۋالمىسام بولمايدۇ…

كۆن قايرىلغانىدى . ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ ، سوپۇر ئاخۇن يېرىم كېچە بىلەن گۈگۈمدە يېتىپ بارالايتتى . گۇلزارنىڭ يۈزى شۇنچىلا چوڭمۇ ياكى سوپۇر ئاخۇننىڭ «هوقۇقى»مۇ ؟ سېكرىتار ، دادۇيجاڭلىرغىمۇ ئاسانلىقچە ئولتۇرۇش نېسىپ بولمايدىغان خادىككە خوتۇن - بالىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ قەشقەرگە كەلدى… تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن ، ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ ، باشلىق ئىشخانىسىغا ئۇسسۇپلا كىردى - دە ، خوتۇن - بالىسىنى خادىك بىلەن ناھىيىلىك بېكەتكە ئاپىرىپ ، قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويۇش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى . گېپىنىڭ ئايىغى تۈگەر - تۈگىمەستىن ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ ، تىرناق تاتىلىغىلى تۇردى . ئوڭايسىزلانغىنىدىن كۆزلىرى نەدىدۇر ئەگىپ يۈرەتتى . ئىشخانىدا توختى تۇر بىلەن ئىسمائىل موللاق بار ئىدى . ئۇلار بىر - بىرىگە غىل - پاللا قارىشىۋېلىپ :

— ماقۇل ، — دېدى ئىككىيلەن تەڭلا .

شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىغا ئىچىدە ئۆزىگە كايىپ ، ئۇلاردىن بۇرۇن - قولىقىدىن چىققۇچە تەنبىيە ئاڭلاشنى كۈتۈپ تۇرغان سوپۇر ئاخۇننىڭ چىرايىغا «ۋالىلىدە» تەبەسسۇم قونۇپ ، يۈرىكى دەريادىكى بېلىقتەك يايراپ كەتتى . ھاياجاندىن ئاغزى قۇرۇپ ، دېمى كېسىلىپ كېتىۋاتقان سوپۇر ئاخۇن بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەي ، كەينىگە ئىككى قەدەم داجىۋىدى ، ئىسمائىل موللاق :

— قەشقەرگە بىلەت ئالغانمۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى .

— يا… ياق ، — دەپ دۇدۇقلىدى سوپۇر ئاخۇن ئىشىك-
كە يۆلىنىپ توختاپ ، — كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا گۈلزار-
نىڭ تونۇشتۇرۇشىنى يېنىمغا سېلىپ ، ناھىيىلىك بېكەتكە بې-
رىپ ئۆچىرەتتە تۇرسام ، ئۆگۈننىڭ بېلىتىنى ئالغىلى بولارمى-
كىن دەيمەن…

— «بېلەت بەك جىددىيكەن» دەپ ئاڭلىدىم . ئالالمىساڭ
قانداق قىلىسەن ؟

— ئالالمىسام… ئالالمىسام…

سوپۇر ئاخۇن گېپىنىڭ ئايىغىنى تاپالمىدى .

— تېلېفوندا ئۇقۇشۇپ ، بىر كىشىلىك بېلەت تىزىملى-
تىپ قويساق بولارمىكىن ؟

— ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ ، — ئىسمائىل موللاق
توختى تۇرنىڭ گېپىنى قوللىدى ، — يا بولمىسا ، ناھىيە بىلەن
قەشقەرنىڭ تەڭ يولى بولغاندىكىن…

ئىسمائىل موللاق گېپىنىڭ قۇيرۇقىنى يۇتۇۋېتىپ ، توخ-
تى تۇرغا سوئال نەزىرىدە تىكىلگەنىدى ، ئۇ :

— خادىك بىلەن ئاپىرىپ قويسۇن دەملا ؟ — دېدى .

— سىلە قوشۇلسىلا…

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان . ئەتە خادىكنىڭ ئىشى يوق .
ئۇنىڭ خوجايىنى سوپۇر ئاخۇن بولغاندىكىن ، بىرەر قېتىم شەخ-
سى ئىشىغا ئىشلەتسىمۇ بىركىم بىرنېمە دىمەس ! ؟…

بۇ چەكسىز كاتتا ئىلتىپات ئىدى . سوپۇر ئاخۇننىڭ بېشى
ئاسمانغا تاقاشمىدى ، ئۇنىڭ بېرىسى بولدى . ئەكسىچە ، گۈلزار
بىرمۇنچە يىغلىۋالدى . ئەڭ ئاخىرقى يىغىسىنى تېخى بايىراق
يىغلاپ تۈگەتتى . سوپۇر ئاخۇننىڭ «مەن ماڭاي» دېگەن گېپى
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يىغا ياماشتۇرغانىدى ، چاندۇرمىدى . تاشمەتخان
ئۇستام بىلەن روزىخاننىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتاتتى . ئۇلار بول-
سا ، سوپۇرئاخۇننى ئىككى - ئۈچ كۈن قوندۇرۇپ ، «شەھەر

پەدىسىدە» مېھمان قىلسا؛ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتىلىتىپ، راسا ئىززىتىنى قىلىپ قويسا؛ قايتىدىغان چاغدا، ئالدىغا قوش ـ قوش ئېسىل كىيىملىك رەختلەرنى قويۇپ، تاكى بېكەتكىچە ئۇزىتىپ بارسا... ئەپسۇس، ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس... ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلغۇدەك مادارىمۇ، شارائىتىمۇ يوق. ئۆي بىر ئېغىز، كۇيئوغۇلنى قېينانا، قېينىسىڭىللار بىلەن بىللە ياتقۇزسا، مۇسۇلمانچىلىقىمۇ، ئادەمگەرچىلىكىمۇ خىلاپ. ئايال زاتىنى پېشايۋاندا ياتقۇزايلى دېسە، «خوجايىن»لار كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ. سوپۇرئاخۇننى ياتقۇزغۇدەك يوتقان ـ كۆرپىنىڭمۇ تايىنى يوق...

ئۇنى چىڭراق تۇتۇشمىدى. ھەممەيلەن ئىززىتىنى قىلىپ دەرۋازا تۇۋىگىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. سوپۇر ئاخۇن خادىقا چىقىپ ئەپلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە مەن يەكشەنبە كۇنى كېلەي، — دەپ قويۇپ چۇلۇۋۇرنى سىلكىدى...

— بالام، پۇلنى بۇزۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇزنى نېمانچە جىق ئەكەلگەنسەن؟ — دېدى ھەممەيلەندىن كېيىن ئۆيگە كىرگەن تاشمەتخان ئۇستام سىڭىللىرىنى چۆرىسىگە ئولاشتۇرۇپ، بالا ئېمىتىۋاتقان گۇلزارغا قاراپ. سوپۇرگە گۇلزارنىڭ دۇمبىسىگە چاپلىشىپ ئۆرە تۇراتتى.

— بىز بىر تاغار ئەكەلمەكچى بولغان، — دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى گۇلزار. قىزى تېپىشلەپ ئېچىۋەتكەن قورسىقىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن ياپقاچ قىزىرىپ تۇرۇپ، — قوغۇنلۇقتا ھوشۇر دۇيجاڭ: «سوپۇرگە ئاخۇننىڭ نىسىۋىسى» دەپ، بىر تاغارنى بىكارغا بېرىپتۇ...

— ھە... «ئىگىسىنى سېغىنساڭ، ئىتىغا سۆڭەك سال» دەپ، ھوشۇر دۇيجاڭ سوپۇرگىنىڭ باھانىسىدە بىزنى يوقلاپتۇ ـ دە!... ئۇ خېلى تۇزۇك ئادەم ئىدى... خەير... — تاشمەتخان ئۇستام

پەگادا تۇرغىنىچە ، سوزۇپ بىر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك سۆزلەپلا كەتتى ، — توۋا ، «كۆزدىن يىراق ، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەندەك ، سوپۇر ئاخۇن سۇپۇرگىنى قۇچىقىغا ئېلىپمۇ قويمىدى… يا بۇ بالىمۇ…
— ھەممىنى قىلغان ئۆزلىرى ! — روزىخان گەپنى تارتىۋالدى ، — ئېغىزلىرىدىن تۇغقاندەك پوكانلىرىغا بېسىۋېلىپ ، بەش يىلنىڭىزى ئاتا - ئانىسىنىڭكىدە بىرەر كېچىمۇ قوندۇرمىغاندىكىن ، بىر - بىرىگە مېھرى چۈشەمدۇ ! ؟
— ئۇغۇ راست…
— ھە… شۇنى بىلگەندىكىن ، ئادەمنىڭ مىجەزىنى قوداڭشىتىپ ، سوپۇرئاخۇننى «ئاق - كۆك» دېمىسىلە !…
— ماقۇل خوتۇن ، ماقۇل… ئاغزىم قىچىشىپ ، دەپ تاشلىغان گەپكە…
— قانداق قىچىشىۋەرگەن ئېغىز ئۇ ؟ گۈلزارنى خىجىل قىلىپ !…
دادىسىنىڭ گېپى ھېلىقى خورلۇقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنتۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ زادى ئۇنتۇيالماي كېلىۋاتقان گۈلزارنىڭ يۈرىكىنى «چىممىدە» چېقىپ ، مەتكېرىمنى غىل - پاللا ئېسىگە سېلىپ ، چىرايىغا ھەسرەت شولىسىنى چاچقاندى . بۇنى سەزگۈر ئانىنىڭ سېزىپ قېلىشىنى گۈلزار نەدىن بىلسۇن ! ؟ ئۇ زورلاپ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى - يۇ ، ئەپلەشتۇ-رەلمىدى .
— گۈلزار نېمىشقا خىجىل بولىدۇ ؟ توۋا ، سىلىمۇ زە… — تاشمەتخان ئۇستام گەپنى بۇرىدى ، — قوغۇن ، تاۋۇزنى نەگە قويساق بولار ؟
— ئاۋۇال ئۆيگە ئەكىرىپ كۆرۈپ بېقىپ ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا بىرەردىن نېسىۋە قىلغاچ ، گۈلزارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلساقمىكىن ؟

— شۇنداق قىلايلى . قوشنىلارنىڭمۇ كۆزى كـۆردى ، ئۇلارمۇ بىرەردىن ئىغىز تەگسۇن . ھەرقانچە كەتسە ، بىر تاغىرى كېتەر...

شۇنداق قىلىشتى . تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىرەر قوغۇن ياكى تاۋۇز سېتىۋې-لىشقا ۋاقىتمۇ ، پۇلمۇ چىقىرالماي ، لەۋلىرىگە قوغۇن ـ تاۋۇز جىجىپ باقمىغان بۇ بىچارىلەر ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاچ ، قوغۇن ـ تاۋۇزنى قانغۇدەك يېيىشتى . گۇلزار ئاتا ـ ئانىسى قۇمسارايدىن قاچقاندىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى . گەپ مەتكېرىم ئۇستىگە كۆچ-كەندە تاشمەتخان ئۇستامنىڭ بەدىنى «غۇژژىدە» بولۇپ ، چىرايى ئۆڭدى ، ئۇنىڭ كونا جاراھىتى قوزغالغانىدى .

— ئاكاڭ توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاڭلىمىدىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ گۇلزارنىڭ گېپىنى بۆلۇپ .

— ياق .

گۇلزار جىم بولدى . باشقىلارنىڭ چىرايىدىن بوران ئۆچ-تى . تاشمەتخان ئۇستام قاتتىق ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى .

— ھە ـ ي ـ ي... بىچارە بالا . نەدىمۇ يۈرگەندۇ ؟ نەدىمۇ يۈرگەندۇ ؟... خۇدايىمنىڭ كۆنلىرى تولا ، ئادەم تىرىكلا بولسا ، ھامان بىر كۈنى دىدارلىشىدۇ . تۈرمىگە چۈشۈپ كەتمىگەنلا بولسا...

— خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلار ... — روزىخان كۆزلىرد-گە ياش ئالدى ، — ئىغىزلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە ئۇنداق !...

— ئاغزىمنى ئۇششۇتمىدىم... تۆلەندى دېگەن ئوغرى بىد-لەن تەۋەككۇل «پىستەك» ھاياتلا بولىدىكەن ، سالىنى تۇتۇپ ، تۈرمىگە سولىتىۋەتمىگۈچە ئارام تاپمايدۇ !...

— تۆلەندى سېكرىتار ئاكامنى ئىزدەتمەيدىغان بولغان ئوخشايدۇ...

— نېمە ! — تاشمەتخان ئۇستام گۈلزارغا قادالدى ، — سەن قانداق ئۇقتۇڭ ؟

— ھەممە خەق شۇنداق دەيدۇ . سوپۇر ئاخۇننىڭ دېيىشىچە ، تو جۇرنىمۇ شۇنداقراق گەپنى قىپتۇ...

— ھە - ي... بۇمۇ بىر ھىيلە دەڭلا... ئۇنتۇلدۇرۇپ - ئۇنتۇلدۇرۇپ ، بىخەستە تۇرغاندا شۇنداق تۇتۇدىكى...

— راست ، دادا... تۆلەندى سېكرېتارنىڭ چوڭ قىزى تاجىگۇلنى بىلىسەنغۇ ؟... ئاكام بىلەن بىللە قېچىپتىكەن...

— نېمە !... نەگە قېچىپتىكەن ؟

— ۋاي تاڭەي...

— ما ئىشنى... ۋاي ، ۋاي ، ۋاي... ئەجەب ئوبدان بولاپتۇ !... ئۇ خوتۇنى تالاقتا خۇدايىم كۆرسىتىپتۇ - دە ، ئاخىر ؟...

— ... ... ...

— نېمىشقا قاچقانلىقىنى ئۇقمىدىڭمۇ ؟

— ئاكام بىلەن مۇھەببەت باغلاپ...

— ھە !... نېمە دەيدۇ مابالا... ئاكاڭ قاچقان چاغدا بىز قۇمسارايدا تۇرساق... ئۇنداق ئىش بولسا بىز ئۇقماي قالامتۇق ! ؟

— بۇ گەپ كېيىن چىقتى... تۆلەندى سېكرېتار تاجىگۇلنىڭ ئاكام بىلەن قېچىپ كەتكىنىنى ئۇققاندىن كېيىن ، ئاكامنى ئىزدەش نىيىتىدىن يانغان ئوخشايدۇ...

— ياق ، مەن ئۆلسەممۇ ئىشەنمەيمەن !... سالى ئىت ئېمىپ چوڭ بولغان بولسىمۇ ، ئۇ ئوغرىنىڭ قىزى بىلەن مۇھەببەت باغلاپ يۈرمەيدۇ !... تاجىگۇل باشقا بىرى بىلەن قېچىپ كەتسە ، سالىغا دۆڭگەپ قويغان گەپ !...

تاشمەتخان ئۇستام خېلى ئۇزاق چىچىلدى ، ھەتتا بۇ ئىش راست چىقىپ قالغۇدەك بولسا ، سالى بىلەن ئاتا - بالىلىقتىن كېچىدىغانلىقىنىمۇ جاكارلىدى . چۈنكى ئۇ پېپەن يىغىنىدا تاجىگۇلدىن يېگەن تاياقنى تېخىچە ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەنىدى .

تۆلەندى «داجەي»گە قانچىلىك ئۆچ بولسا ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنچە-لىك ئۆچ ئىدى . قولىدىن كەلسە ، ئۇلارنى ئېزىقىغا ئېلىپ جايناپ پۇركۇۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى… تەڭقىسلىقتا قالغان گۇلزارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ، كۆزلىرى ياشلاندى . باشقى-لارنىڭمۇ چىرايىدىن تەبەسسۇم قېچىپ ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىشتى .

— ياﺋاللا ، ياﺋاللا… گۇلزار ئاران بىر كەلگەندە ، كۆڭۈل-نى خۇش قىلغۇدەك گەپتىن ئىككى ئېغىز قىلسىلا نېمە بولۇپ كېتەرلا ؟ ! — روزىخان ئېرىنىڭ گېپىنى كەسكىن بۆلۈپ چالۋاقىدى ، — گۇلزارنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلىرى كەلمىگەن بولسا ، مەن سىلىگە كېيىن دەپ بېرەي…

— بۇ گەپچە ، سالى بىلەن تاجىگۇلنىڭ ئىشىدىن بۇرۇنلا خەۋىرىڭلا بار ئىكەن - دە ! ؟

— ھەئە .

— ماخوتۇننى… مۇشۇ چاغقىچە مەندىن يوشۇرۇپ…

— مەن قاچان سىلىدىن بىرەر ئىشنى يوشۇرغان ! ؟ تازا كىشىكەنلە… مەن ئۇ چاغدا ، ئۇ ئىككىسىدىن سەل گۇمانلانغان . ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىشنى سىلىگە دەپ كۆڭۈللىرىنى پاراكەن-دە قىلماي دەپتىكەنمەن… قورساقلىرىغا كىرىپ چىقسام ، بىر چاغدا تاجىگۇلدىن يېگەن تاياقنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتمىگەن ئوخشايلا… ئۇ چاغدا كىم كىمنى ئۇرمىغان ! ؟ بالا ئاتىنى ، قېرىنداش قېرىنداشنى ئۇرۇپ سوققاننى ئاز كۆردۇقمۇ ؟ ! تا-جىگۇل مىنىبىڭ باشلىقى تۇرۇپ ئادەم ئۇرۇشنى باشلاپ بەرمى-سە ، نېمە ئىش قىلىدۇ ! ؟… ئويلاپ باقسىلا ، تاجىگۇل سىلىگە ئۆچ بولىدىغان بولسا ، سالىنىڭ كەينىدىن كېتەمدۇ ! ؟… شۇكۇر قىلسىلا . شۇ قىز بالا سالى بىلەن بىللە كەتكەچ ، تۆلەندى ئاخۇننىڭ پۇت - قولى باغلىنىپ ، سالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپتۇ . بۇمۇ خۇدانىڭ رەھمىتى دېسىلە !…

تاشمەتخان ئۇستام تەن بەردى . گۇلزارغا يېڭىۋاشتىن جان كىرىپ ، ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى بىرمۇنچە يېڭى تەپسىلاتلار بىلەن تولۇقلىدى . كەيپىيات بارا ـ بارا ياخشىلىنىپ ، چىرايلارغا يېڭىۋاشتىن تەبەسسۇم قوندى . ئەمدىكى پارڭلار بىر ـ بىرىدىن قىزىقارلىق ، بىر ـ بىرىدىن خۇشاللىنارلىق ئىدى . قىش چىقىپ ، هاۋا ئىللىغاندىن بېرى ، ئەمرىددىن مەدىكارچىلىق قىلىپ ئۆز جېنىنى ئۆزى بېقىۋېتىپتۇ . نەسرىددىن بىلەن سەدرىددىن مۇز سۇيى سېتىپ ، كۇنلۇكى ئۇچ ـ تۆت كوي تاپىدىكەن . ئون كۇندەك بوپتۇ ، تاڭنۇر ئىستېمال بۇيۇملىرى شىركىتىگە يېڭىدىن باشلىق بولغان بىر تۇغقىنىنىڭ ياردىمى بىلەن قەن ـ گېزەك زاۋۇتىدا ياللىنىپ ئىشلەشكە باشلاپتۇ . ئىش ھەققىنى ئورىغان كەمپۇتنىڭ ئاز ـ كۆپلۇكىگە قاراپ ئاي ئاخىرىدا بېرىدىكەن . دىلنۇرنىڭمۇ مۇز سۇيى سېتىپ ، ئاز ـ تولا پۇل تاپقۇسى بار ئىكەن ، دادىسى : «مۇز سۇيى سېتىش — قىز بالىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس» دەپ ئۇنىماپتۇ .

بۇ ئىشلارنى گۇلزارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان دىلنۇر «دوكلات» قىلغانىدى .

— دادامغا گەپ قىلغىنا ، ئاچا ! «ماقۇل» دېسۇن ، دەپ گۇلزارنىڭ بويىنىغا مەڭزىنى ياقتى . روزىخان ئىززەتگۇلنى بۆشۇككە بۆلەپ ئۇخلىتىۋەتكەنىدى . گۇلزارنىڭ قۇچىقىدا سۇپۇرگە ئولتۇراتتى ، — مەندىن كىچىك قىز باللارمۇ قاراڭغۇ بازاردا نان ساتىدىكەنغۇ ! ؟...

— ما بالىنى... ئوغۇل بولۇپ قالغان بولساڭ خېلى كارامىتىڭ بار ـ ھە سېنىڭ !... ھى ـ ھى ، ھى ـ ھى... نەسرىددىن بىلەن سەدرىددىننىڭ بازار باشقۇرۇش ئۇ يەردىن قوغلىسا بۇ يەرگە قېچىپ ، بۇ يەردىن قوغلىسا ئۇ يەرگە قېچىپ ماڭقىسى چۇۋۇلۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ دەۋاتقان گېپىڭنى قارا !... چېچىڭنى تۇتۇۋېلىپ كاساڭغا بىرنى تېپىدىغان بولسا ،

نەچچە كۈن كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ بېرەرسەن ماڭا !...
ئالدىرىما ، ئامال قىلىپ سېنى مەكتەپكە بىر تىقايچۇ ، «بىكار
ئولتۇرۇپ زېرىكتىم... » دېگىنىڭگە تويۇسەن ، تېخى !...

بۇگۈن تاشمەتخان ئۇستامغا نېمە بولغان ، باشقىلا بىر ئا-
دەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ، ئۆينى لىق ئېلىپ ئولتۇرۇشقان
ئۇلۇغ - ئۇششاق ئون بىر جاننىڭ ھەممىسىنى ئەركىلىتىپ ،
ھەممىسىگە چاقچاق قىلىپ چىقتى . ئارىلاپ - ئارىلاپ ، بۆ -
شۈكتە — ئانا قارنىدا ياتقاندەك تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىززەتگۈلنى
سۆيۈپ ، بۇرنىنى يەڭگىل چىمدىپ قويۇشنىمۇ ئۇنۇتمايتتى .
بۇنداق چاغدا ، تەبىئىيكى ، خوتۇنىدىن دەككە يەيتتى . لېكىن ،
پىسەنت قىلمايتتى...

تۈن تەڭدىن ئاشتى . تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئەمرىددىن
بىر يېنىغا قىڭغىيىپلا ئۇخلاپ كەتتى . نەسرىددىن بىلەن سەد-
رىددىنمۇ «پىلەك ئۈزىتىپ ، سويما سېلىش» قا تەييارلىنىپ ،
ھەدەپ ئەسنەشكە باشلىدى . روزىخان كىمگە ئورۇن سېلىش ،
كىمنى كىم بىلەن بىر يوتقانغا سولاشنىڭ غېمىدە يەڭگىل بىر
«ئۇھ» تارتىپ ، نەزىرىنى ئەمرىددىندىن گۈلزارغا يۆتكىگەند-
دى ، سۈپۈرگە :

— ئەمدى تىلەمچىلىك قىلمايمىز - ھە ، چوڭئانا ! —
دەپ ھىجىيىپ قويۇپ ، گۈلزارغا بۇرۇلدى ، — قايلا ئانا ،
چوڭئانام بىلەن مەن ، خېۋىي ئاكام ئۈچىمىز كۈندە تىلەمچىلىك
قىلىپ ، تاژا جىق نان تاپشاق ، چوڭ دادام : «ئاچلىققا ئۆلەپ
قامىغاندىكىن ، ئۇنداق ئەشكى ئىشنى قىمماڭلا... » دەپ تىللى-
دى ، قايلا... چوڭئانامۇ ژىغلاپ ، مەنمۇ ژىغلاپ ، تالاغا چىمى-
دۇق ئەندىن... دەپ بىيەئانا ! تىلەمچى دېگەن ئەشكى ئىشما ؟

«ئاھ خۇدا !... ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستىمدۇ ؟... »

گۈلزارنىڭ ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى . ئىشەن-
مەي دېسە ، بۇ گەپنى قىلىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ باغرى — بەش

ياشقا ئۆلاشقان سۈپۈرگە. نارەسىدە باللار ھەرگىزمۇ يالغان گەپ قىلمايدۇ. «ئەركىلەپ شۇنداق دېدىمىكىن؟» دەي دېسە، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمىدى. ئەكسىچە، ھەممەيلەننىڭ چىرايى سوراق سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلغان جىنايەتچىنىڭ چى-رايىدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالاقزادىلىك ئىچىدە بىر - بىرىگە مەنىلىك تىكىلىشتى. بۇ كۆزلەر گۈلزارغا ھەممە گەپنى دەپ بولدى. سۈپۈرگىنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي راست! قىلچە يالغى-نى يوق!!! گۈلزارغا ئايان، خۇدانىڭ ئاپتىپىدىن بۆلەك ھەممە نەرسە پۇلغا كېلىدىغان بۇ شەھەردە توققۇز جان ئادەمنىڭ نوپۇس - نورمىسىز ھايات ياشىيالىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا كاتتا مۆجىزە. گۈل-زار بايىدىن بېرى ئاڭلىغان، ئاڭلاۋاتقانلىرى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تولا سېلىشتۇرۇپ، قايىل بولغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەي تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغانىدى. مانا ئەمدى ئايان بولدىكى، قول ھارۋىسىنىڭ بىر جۈپ چاقىنىڭ كۈنبويى توختىماي ئايلىنىشىغا زىچ ماسلىشىپ مېھرىبان ئانىسى روزىخان، يۈرەك پارىسى سۈپۈرگە قاتارلىق نەچچە ئادەم كوچىمۇ - كوچا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ بوسۇغىسىدا «ھەق - دوست شەيدىئىللا...» دەپ سازا قىلىش بەدىلىگە ھاياتىنى ساقلاپ قې-لىشقان!...

ئەگەر گۈلزار «چېنىقىش»قا چىقمىغان بولسا...

ئەگەر گۈلزار مەتكېرىم بەرگەن دورىنى يېمىگەن بولسا...

ئەگەر ئاتا - ئانىسى گۈلزارنى پاناھ تارتىپ قۇمارايغا بارمىغان بولسا...

ئەگەر...

جىق، بەك جىق! گۈلزارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنلىرى ھەقىقەتەن بەكمۇ جىق!!! جىمى ئەيىب، جىمى گۇناھ ئۇنىڭدا... ئائىلىسىنى خانىۋەيرانلىق كوچىسىغا سۆرەپ كىرگەن، ھەتتا تىلەمچى قىلىپ قويغانمۇ دەل ئۇ!... گۈلزار بۈگۈنلا ئەمەس،

ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئويلاپ كېلىۋاتاتتى . قانداق قىلىپ ئۇلار ئالدىدىكى گۇناھنى يۇيۇش غېمىدە تۈنلەرنى ئۇيقۇدىن بىدار تاڭغا ئۇلايتتى . ئادەتتە ، كىشىلەرگە كۇلۇپ يۇرگەندەك كۆرۈنگەن ، ھەتتا سوپۇر ئاخۇن بىلەن بىر يوتقاندا ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ يېتىپ مۇھەببەتنىڭ ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۇرۇۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ئاشۇ بىچارىلەرنى ئېسىدىن چىقىرالماي ، يۇرىكى قان - قان يىغلايتتى .

ئەمدىچۇ ؟ ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرسۇنچۇ ؟

بولدى ، بەس ! سورىماڭ !...

گۇلزار ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ دەسلەپ خىرتىلداپ ، كېيىن شۇنداق قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىكى ، ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئويغاقلارلا ئەمەس ، تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئەمرىددىنمۇ ئۆندەرىگەندەك چۆچۈپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى . ئىززەتگۇل «قىررىدە» يىغلاپ ، ئۆيىنى بېشىغا كىيدى . ئۇلىشىپلا سۇپۇرگە «تەڭكەش» قىلدى . روزىخان خىرتىلدىغىنىچە بۆشۇكنىڭ قولتارتقۇسىنىڭ شوينىسىنى يېشىپ بولالماي قاراتەرگە چۆمۇپ كېتىۋاتاتتى . قىسقىسى ، ئۆي ئىچى قىيامەت قايىم ، چىرايلاردا مۇڭ ، ئەنسىزلىك...

شادىيە خانىمنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلۇپ ، كۆڭلى ئۆتكىنىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھويلىغا چىقىپ ، ئۇلارنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە بىر دەم تۇرۇپ تىڭشاپ باقتى . قايتىشىدا ، بالىسىنىڭ ھويلىدا قەپقالغان ، ئىچىگە يەل قاچىلانغان سۇلياۋ ئويۇنچۇق ئېتىنى دەسسەپ تاشلاپ ئېتىۋەتتى . «پاققىدە» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان تاشمەتخان ئۇستام :

— بولدى ، يىغلىماڭلار ! — دېدى بىر دېرىزىگە ، بىر گۇلزارغا قاراپ پەس ئەمما كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ، — ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقىمۇ يىغلامدىكەن !؟ ھەممىسى خۇدادىن كەلگەن قىسمەت !... ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك كۇنگە ئۇلىشىۋالدۇق...

ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەك قانداق قىلاتتۇق؟ !...

گۈلزار ئۇننى پەسلىتىپ، تۇرۇقۇپ ـ تۇرۇقۇپ مىشىلـ دىغىلى تۇردى. روزىخان ئىززەتگۈلنى يېشىش نىيىتىدىن يالـ تايدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېمىزگە سېلىپ، بۆشۈكنى دوقىلدىـ تىپ تەۋرىتىشكە باشلىدى. تاشمەتخان ئۇستام گۈلزارنىڭ ئاراـ مىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن هازىرچە ئېغىزىدىن چىقارماسلىق نىيدـ تىگە كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئاندىن:

— تۈۋا، مائەقلىمنى ! — دېدى بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، — مېڭەمنى قاغا چوقۇۋالغاندەك، گۈلـ زارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا شۇنداق يوغان خۇش خەۋەرنى دېـ يىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسما ! — «خۇش خەۋەر» دېگەن گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا هەممەيلەننىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىدـ لىپ، كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى. تاشمەتخان ئۇستام قويۇن يانچۇقىدىن تۆت پۈكلەنگەن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، شاراقشىتىپ سىلكىپ تۇرۇپ، — قاراڭلار، بۇ نېمە؟ تاپالمايسىلەر !... «ئاق كىنىشكا» دېگەن «جاننىڭ ئاكىسى» شۇ ! — دەپ كۈلدى.

— هە؟ !...

— هۇ ! هۇ !...

— راستما؟

— راست، بالىلىرىم، راست !... بىز ئەمدى شەهەر نوپۇسى بولدۇق !... هېكچىم بىزنى «قارا نوپۇس»، «ماكانـ سىز» دېيەلمەيدۇ !...

كۆز ياشلار بىراقلا قۇرۇپ، چىرايلاردا ئايەم تەنتەنىسى جىلۋە قىلدى. كۆزلەردە ئۈيقۇدىن ئەسىرمۇ يوق ئىدى. ئۇلارـ نىڭ ئۆمرىدە سان ـ ساناقسىز هېيت ـ ئايەملەر بولۇپ ئۆتكەن. لېكىن، هېچقايسىسى ئۇلارنى بۈگۈنكىدەك خۇشال قىلمىغان،

هاياجانلاندۇرالمىغان !... «ئاق كىنىشكا» چوڭ ـ كىچىك ھەم-
مە قولغا بىر ـ ئىككى قېتىمدىن تەگدى ، ھەممە كۆزلەرگە
سۈرتۈلدى . ھەممەيلەننىڭ ياشلىرى بىلەن نەملەندى . نەملىك-
تىن بەزى خەتلىرى يامراشقا ، قەغەزنىڭ پېتى بۇزۇلۇشقا باشلى-
غاندىلا ، تاشمەتخان ئۇستام قولىغا ئېلىۋالغانچە «ئەۋلىيا»غىمۇ
تۇتقۇزمىدى . چۈنكى ئۇ «جاننىڭ ئاكىسى» دە !...

كۆڭلى خېلىلا ئارامىغا چۈشكەن گۈلزارنىڭ تىلى بارغاز-
سېرى «ئۇزىراپ» دادىسىنى سوئالغا كۆمۈۋەتتى ، تاشمەتخان
ئۇستاممۇ ئۇنى نائۇمىد قويمىدى . «جاننىڭ ئاكىسى» غا قانداق
ئېرىشكەنلىكى سورالغاندا ، تاشمەتخان ئۇستام تولىمۇ قىزىقار-
لىق قىلىپ مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى :

تاشمەتخان ئۇستام قەلەندەر سىياق جېرىدە كىيىنگەن خو-
تۇن ـ بالىلىرىنى كەينىگە سېلىپ ، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كو-
مىتېتقا كىرىپ كەلگەندە ، تېخى بىرمۇ ئىشخانىنىڭ ئىشكى
ئېچىلمىغانىدى .

— ئاسىيجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئىشخانىسى مۇشۇ ، — دېدى
چاقماقجان بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپ . چاقماقجان تۈنۈگۈن-
كى ۋەدىسى بويىچە ئۇلارنى باشلاپ كەلگەنىدى ، — مەشەدە
جىندەك تۇرۇپ تۇرساق ، ئاياندىن «قاس ـ قاس» دەسسەپ
چىقىپ كېلىدۇ . شۇنداق ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگە : «ئەسسالامۇ
ئەلەيكۇم ، سىيجاڭ ئاتا» دەپ ، خەتنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ
بېرىلا جۇما !

— ماقۇل .

— گەپ سومىسا ، ھەرگىز گەپ قىممىسىلا . ھەممە گەپ-
نى خەت ئۆزى دەيدۇ... مەنغۇ ئىلىپنىڭ سۇنۇقىنىمۇ تونۇمايمەن...
«خەتنى ئۆزەم يازدىم» دىلە ھە ؟

— ھەئە .

— بىرە ئېغىز يالغان ـ ياۋىداق گەپ ئارىلىشىپ قامىد-

غاندۇ ھە ، ئۇستام ؟

— يوقسۇ...

— ئۇنچىلىك ئىشەنچىلىرى بوسا ، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىش-
لىرى ئوڭغا تاتىدۇ...

— ... ... ...

ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ يولۇققىنى — ئوتتۇرا بوي ، يۈزى سەپكۈنلۈك ، ئورۇققىنا ، ئاۋازى ئىنچىكىرەك چى-
قىدىغان يىگىت بولدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، مەي مىيشۇ[1] ئاتا ، — ئۈچ قەدەمچە ئارىلىق قالغاندا ، چاقماقجان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول ئۇزاتتى ، — تىچ قوپاپلىما ؟

— سالامەتچىلىك... ئەتىگەندە كېپقاپلىغۇ ؟

— كەممەمدىغان ، مەي ميشۇ ئاتا ، كەممەمدىغان ! پۇقرا-
داچىلىقتا بېشىمىزغا كۈن چۈشسە ، ھەبىژلىرىنىڭ ئالدىغا كەم-
مەي ، چىمنىڭ قېشىغا كېلىمىز ؟ !

— باشلىرىغا نېمە كۈن چۈشتى ؟

— ۋاي مەي ميشۇ ، ۋاي مەي مىشۇ...

مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن كۈننى ئاسىيجاڭ ئاتام بىلەن ئۆزلىرى ئوڭلىغان... قايىلىسام ، ما ئۇستام...

چاقماقجان نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى بىرمۇنچە گەپ ئوينىتىپ چۈشەندۈردى . ئاندىن :

— ئەككەسىلە ئۇستام ، ئىلتىماسلىرىنى... مانا مۇشۇ ئاتىمىز ئاسىيجاڭنىڭ ئوڭ قول ، سول قول كاتىپى بولىدۇ...

چاقماقجان سۆزلىگەچ ، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ قولىدىن ئىلتىماسنى ئېلىپ ، كاتىپقا ئىككى قوللاپ سۇندى . ئۇنىڭ تۇپتۇز ، بىر قارىسا ماختاشتەك ، بىر قارىسا مەسخىرىدەك تۇيۇ-

---

① مىشۇ — خەنزۇچە «كاتىپ»

لىدىغان سۆزلىرى كاتىپنى تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى . ئۇ ئىلتىماسىنى ئالدىراش بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ :

— ئاسىيجاڭ چۈشتىن بۇرۇن ۋىلايەتلىك گېۋېيخۇيدا يىغىندا بولىدۇ . مەن چۈشتىن كېيىن قولىغا تەگكۈزەي ، — دېدى .

— ئوبدان ، ئاتا ئوبدان ، — چاقماقجان تاشمەتخان ئۇستامغا بۇرۇلدى ، — ئاڭلىدىمۇ ئۇستام؟ ئاسىيجاڭ مەجلىستىن كەن… چۈشتىن كېيىن كېلەمدۇق؟

— ئوبدان…

— ما ئىشنى… ئاكېلىۋاتقان چىما؟ ئاجۇرېن… ئابلا ئاۋۇت ئاتامىۇ نېمە !؟ — چاقماقجان كاتىپنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ، — ماڭا قايلىسىلا ئاتا… ئاسىيجاڭ مەجلىستىن كەگىچە ، ھالىمىزنى ئاجۇرېنغا ئېيتقاچ تۇساق بولاما؟

— بولىدۇ…

ئابلا ئاۋۇت ئېگىز بوي . بۇغداي ئۆڭ ، ئورۇق ، مۇنداقلا قارىسا دۇمچەكتەك كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى . ئۇ چاقماقجاننى كۆرۈپلا چاقچاق قىلدى :

— چاقماقجان ، سېۋەتلىرىنى قولتۇقلاپ ، بۇ يەرگە ئېزىپ كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟ — چاقماقجاننىڭ قولىدا تۇنۇگۇن بىز كۆرگەن سېۋەتلەر بار بولۇپ ، ئىچى قۇرۇق ئىدى ، — بۇ يەردە قەغەز بىلەن قەلەمدىن بۆلەك ھېچنىمە يوق جۇمۇ !…

ئىككىيلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قول ئېلىشتى .

— يائاللا ئاتا ، يائاللا… ئەجەب ئوبدان تۇرۇپلا ، ئەجەب ئوبدان تۇرۇپلا ! — چاقماقجان ئۇنىڭ بىر قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالغانىدى ، — ئاغزىمدىن چىقىرىپ بوغۇچە ، كۆڭلەمدىكىنى تېپىۋاغانلىرىنى قايلىسىلا !… بىزمۇ شۇ ھە بىزلىرىنىڭ قەغىزى بىلەن قەلىمىنى سېغىنىپ كەپقالدۇق دېسىلە ئاتا !… ھە بىزلىرىنىڭ قەلىمى بىزۋاراق قەغەزنى «كىرتتىدە»

جىجىۋەتسە ، بىزدەك ئاجىز پۇقرانىڭ بېشىدىكى يوغان بىر تاغنى كۆزنى ژۇمۇپ ـ ئاچقۇچە توزغاقتەك توزۇتۇپ ، سەككىز جەن-نەتنىڭ ئىشىكىنى «شارتتىدە» ئېچىۋېتىدۇ ئەمەسما !...

ئابلا ئاۋۇت ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىگە ئۇچىيى ئۇزۇلگۇدەك كۇلۇپ ، بەزى گەپلىرىدىن ئوڭايسىزلانغىنىدىن دولىسى قورۇ-لۇپ ، ئاخىر :

ــ بۇدا قايسى ئىشلىرىنى «كىرتتىدە» قىلىمىز ؟ ــ دېدى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ .

ــ مېنىڭ ئەمەس ئاتا ، مېنىڭ ئەمەس ! ــ چاقماقجان ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ، بېشىنى يەردىن ئۇستۇن قىلماي تۇگۇلۇپ تۇرۇشقان تاشمەتخان ئۇستام بىلەن ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى كۆرسەتتى . قول ھەرىكىتى شۇنداق قىزىق ، شۇنداق مەنىلىك ئىدىكى ، ئىشقا چۇشۇشكە ئالدىراپ ، بىرىنىڭ كەينى-دىن بىرى سوقا چۇشتى بولۇپ كارىدورغا كىرىپ كەلگەن خا-دىملار ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قاراپ قويۇپ ئۆتۇپ كېتىشەتتى ، ــ مانا ماۋۇ ئاجىز پۇقرالىرىغا مۇبارەك ئىشخانىلىرىنى كۆستىپ قوياي دەپ كەپقالدىم . بولاپتىما ؟...

ــ ھە... ــ ئابلا ئاۋۇت كارىدورنىڭ تېمىغا بويسېرى بولۇپ يۆلىنىپ قاتار تۇرۇشقان توققۇز نەپەر ناتىۋانغا بىر ـ بىرلەپ تىكىلىپ ، كۆڭلى بىئارام بولغىنىدىن چىرايى قارىداپ ، نېمىدۇر بىرنەرسە دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا ، كاتىپ قو-لىدىكى ئىلتىماسنى ئابلا ئاۋۇتقا بەردى .

ــ ئىشخانىغا كىرىپ سۆزلىشەيلى ، ــ دېدى ئابلا ئاۋۇت ۋە بۇرۇلۇپلا ئىشخانا تەرەپكە ماڭدى .

ــ جۇرۇشسىلە ، ــ چاقماقجان كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا كاتىپقا قارىغاچ ، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى ، ــ ئىتتىكرەك بومىساق ، ئاجۇرېنىڭ ئىشخانىسىغا بىزكىم چىرد-ۋالىدۇ باكا !...

ئابلا ئاۋۇت سۇرلۇك قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، ئىلتىماسنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى. ئورۇندۇق يېتىشمىگەچ، باللارنىڭ ھەممىسى تامغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. ھەممىسى پاكىز كىيىنگەن بولسىمۇ، كۆپلىرى يالاڭ ئاياغ، كىيىملىرىگە ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن؛ كۆزلىرى ئولتۇرۇشاڭغۇ، ئۇن كۈنلەپ ئاچ قالغان يېتىم قوزىلاردەك، چىرايلىرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى.

ئابلا ئاۋۇتنىڭ نەزىرى تاشمەتخان ئۇستامدا توختىدى. تاشمەتخان ئۇستامنىڭ تېنى «جۇغغىدە» قىلىپ، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى.

— بۇنىڭدا يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟

تاشمەتخان ئۇستام ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، چاقماقجان سايراپلا كەتتى:

— راست ئاتا، راست! بۇ ئۇستام ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ!...

— شۇنداقمۇ، ئۇستام؟

ئابلا ئاۋۇت چاقماقجاننىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— گەپ قىيسىلا، ئۇستام سىلىدىن سوراۋاتىدۇ...

چاقماقجان كۆزلىرىنى غەلىتە ئوينىتىپ، تاشمەتخان ئۇستامنى جەينەكلىدى. تاشمەتخان ئۇستام ئۆندەرىگەندەك چۇراپ ئورنىدىن قوپۇپ:

— ھەممىسى راست، ئاجۇرېن، — دەپ يەرگە قارىۋالدى. رەڭگى تېخىمۇ تاتىرىپ، ئاياغلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى، — بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلغان بولسام، ئوت باغرىمدا كۆيسۇن! تۇرمىدە سېسىپ ئۆلەي!...

تاشمەتخان ئۇستام بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. روزىخان بىلەن قىزلار خىرتىلدىغىلى تۇردى...

— يىغلاشمىسىلا ، — دېدى ئابلا ئاۋۇت بىر مەھەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، — بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىش ئىكەن . ئاسىيجاڭدىن يولىورۇق سوراپ بىر نەرسە دەيلى . ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل ئاتا ، ماقۇل… ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ ! نىمانداغ گەپ قىلمايلا ؟ «ماقۇل» دېسىلە ، ئۇستام !…

ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ بىرەر كاتتا ئەمەلدارنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەپ باقمىغان تاشمەتخان ئۇستام ھېيىقىش ، قورۇنۇش ئىچىدە خۇدىنى يوقىتايلا دەپ قالغاندى . چاقماقجان چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويغاندىلا ئېسىنى يىغدى :

— ماقۇل…

— … … …

ئۇلارغا ئۇچىنچى كۈنى ئابلا ئىسمائىل بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولدى . چاقماقجانمۇ ، تاشمەتخان ئۇستاممۇ ئۇچ كۈن ئىشتىن قالدى . ئابلا ئىسمائىل ھېلى مەجلىس بىلەن ، ھېلى ئىش بىلەن بولۇپ ، زادى ۋاقتى چىقمىدى (ئۇلار بۇنى كاتىپتىن ئۇقۇپ تۇردى ) . كۈنۇم - كۈنۇم شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سەيناسى ، كارىدورىنى چەگىدەپ يۈرۈشكەن تاشمەتخان ئۇستاملار ئىشتىن چۈشۈشكە ئون - يىگىرمە مىنۇتچە قالغاندا ، دەرھال ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى . «ئاسىيجاڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئاش ئۇرۇغى — ئادەم ، قورسىقى ئاچىدۇ ، — دەيتتى تاشمەتخان ئۇستام گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ ، — ئامانى خۇدا ئۆيىگە بېرىپ ، چۈشلۈك تامىقىنى يېۋالسۇن …» تاشمەتخان ئۇستام چاقماقجاننى ئىشتىن قويۇۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن چاغلاردا : «تازا كىشىكەنلە ، ئۇستام ! — دەيتتى چاقماقجان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، گەپنى چاقچاققا بۇراپ ، — بىزنان يېسەم بىز كۈن كۈنۇم ئۆتۈدىغان ئەدەممەن… ئۆزلىرىدەك ئون قولى گۈل كاسىپ

ھۈنەر قىلالماي ھارۋا سۆرەپ ژۈسە ، قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى-
دەك چىرايلىق ، قىيغىلى قويسا ھەر بىسسى بىژدىن شەنى
چۆرىيەلىگۈدەك خانلىرىم بىلەن غوجىلىرىم ئاچ - زېرىنلىقتىن
دەۋىدەدەك خەقنىڭ بوسۇغىسىدا قەلەندەرچىلىك قىلىپ ژۈسە
ژۈرىكىم قانداغ چىدايدا ؟ ! سىلىدىن مۇشۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن
بېرى ، ماڭغىنىم يول ، يېگىنىم ئاش ئەمەس ، زەھەر دېسىلە ،
زەھەر !… تووا ، تووا… يەپ - ئىچىپ سېسىق كېكىرىپ ، پۇل
- مالنى ياستۇق قىلىپ توڭگۇزدەك ئېغىناپ ياتسىلا ھېسابىما !
؟ ئەدەم دېگەنچا ، ئەدەم بىلەن ئەدەم… يالىڭاچ كېلىپ ، يالىڭاچ
كېتىدىغان بۇ جاھانغا 〈پۇل - پۇل〉 دەپ جېنىمىزنى سەپ
بەسەكمۇ بىژ كۈن ئۆلمەك ، بىسسى - بىسسىمىزنىڭ ھالىغا
يېتىپ ، ئون كۈندە بىژ ۋاخ ناشتا قىيساقمۇ بىژ كۈن ئۆلمەك
… قۇرۇق تېنىمىزدىن بۆلەك ھەممە نەرسە قالىدۇ دېسىلە ، بۇ
جاھاندا !… مەندىن ئەنسىرىمىسىلە ! يانچۇقۇمدا ژىگىيمە - ئوت-
تۇز كوي پۇلۇم با ، ئاچ قاممايمەن… سىلىنىڭ ئىشلىرى پۇتكۇ-
چە تۆت - بەش كۈن يوللىرىنى مېڭىشىپ بەسەم ، خۇدايىم
مېنىڭ يولامنى مېڭىپ ، بۇۋىئانامدىكى گىلىسىمنى پىشۇرۇپ
بېرىدۇ !… شۇ چاغدا كۆرۈلا ، پۇل دېگەننى قانداق تاپمەنكى
…»

ئۇلارنى ئابلا ئىسمائىلنىڭ ئىشخانىسىغا كاتىپ باشلاپ
كىرگەندى . چاقماقجان قايىسى كۈنى ئۆزى بەرگەن بىر تۇتام
چىمەنگۈلنىڭ دېرىزىدە ، ئىستاكاندىكى سۇغا چىلاقلىق تۇرغانلى-
قىنى ؛ ئۇ چاغدا تېخى ئېچىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن غۇنچىلارنىڭ
ئەمدى پورەكلەپ ئېچىلىپ ھۆسنىگە تولغانلىقىنى ؛ ئۆز ئېغىر-
لىقى بىلەن ئىستاكاننى بىر يانغا قىڭغايتىپ ، دېرىزىگە يۆلىنىپ
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى بۆلەكچە يايراپ كەتتى . ئۇ گەپنى
ئاشۇ گۈلدىن باشلىماقچى بولدى - يۇ ، تىلىنى يىغدى . بۇنىڭ-
سىزمۇ ، ئابلا ئىسمائىل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك ،

گەپنى ئاشۇ گۈلدىن باشلاپ ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە چاقچاق قىلدى . ئۇمۇ بوش كەلمىدى . گەپ ئارىسىدا ئابلا ئىسمائىل ئۇنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتقانىدى . ئۇ :

— نېمە دەيدىغانلا ئاتا ، نېمە دەيدىغانلا !··· مانا ما تاشمەتـخان ئۇستام «ئۆلەندىم» دەپ ، ئاۋۇ ئىشىك تۈۋىدە ھەزرەتلىرىـنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشنا بولاپ تۇرغان سەككىز كۆز مۇنچاقنى تېپىپ قوياپ نېمە كۈن كۆرۈۋاتىدۇ ؟ !··· «ئۆلەپ قوياي» دېگەن ھىممەتلىرىگە رەھمەت ئاتا ، ھىممەتلىرىگە !··· بىز جېـنىمنى ئاران بېقىۋاتقان ئەدەم ئۆلىنەمدىغان ئاتا ، ئۆلىنەمدىـغان !···

چاقماقجاننىڭ كېيىنكى گەپلىرى تېخىمۇ قىزىق ، تېخىمۇ كۈلكىلىك ئىدى . باشتا تازا كۈلۈپ ئولتۇرغان ئابلا ئىسمائىلـنىڭ تۇيۇقسىز تەرى تۇرۇلۇپ :

— مەھەممەت ناسىر ، — دېدى ئۇ كاتىپقا بۇرۇ ـ لۇپ ، — كەنجى مەمتاجىغا تېلېفون بېرىڭ ، ھازىرلا قېشىمغا كەلسۇن !···

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە مىنۇت يىلمان ئۆتتى . ئىشىك يەڭگىل چېكىلىپ ، ساقچى كىيىمى كىيگەن ئاقسېرىق ، ۋىجىك ئادەم كىرىپ كەلگەندە :

— ياخشى بىر ياققا چىقىپ كەتمەپتىكەنلا ؟ — دېدى ئابلا ئىسمائىل ئۇنى ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلغاچ .

ئۇ كىشى — شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىـنىڭ باشلىقى كەنجى مەھەممەتھاجى ئىدى .

— ئەمدى بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقاي دەپ تۇرسام ، ئۆزلىرى چاقىرتىپتىكەنلا ، — ئۇ سۆزلىگەچ چاقماقجانغا قاراپ بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قويۇپ ، ئورۇندۇققا ئولتۇردى ، — زۆرۈر بىر ئىش چىقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ھەئە ، — ئابلا ئىسمائىل تاشمەتخان ئۇستامنىڭ

ئىلتىماسنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، — بۇنى كۆرۈپ باقسىلا.

كەنجى مەھەممەتھاجى ئىلتىماسنى ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇغانسېرى رەڭگى ئۆڭۈپ، يۈزلىرىنىڭ تېرىسى تارتىشقىلى تۇردى. ئابلا ئىسمائىل دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالغان، ئىشخانا ئىچى پاشا ئۇچسا بىلىنگۈدەك جىمجىت ئىدى.

ساقچى باشلىقى قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئابلا ئىسمائىل سورىدى:

— بۇ كىشىنىڭ ئىشىدىن خەۋەرلىرى بارمىدى؟

— ياق، — ساقچى باشلىقى كېسىپلا جاۋاب بەردى، ئەمدى خەۋەر تېپىشىم...

ئابلا ئىسمائىل مەھەممەت ناسىرغا بۇرۇلدى:

— ئاۋۇلارنى چاقىرىڭە!

روزىخان باشلىق سەككىز جان — سەككىز تىرىك مۇردا ساقچى باشلىقىغا بويىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپلا، مەھەممەت ناسىرنىڭ ئىشارىتى بىلەن كەينىگەياندى. چاقماقجان بىلەن تاشمەتخان ئۇستامۇ چىقىرىۋېتىلىپ، ئابلا ئاۋۇت چاقىرىپ كىرىلدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق قالغانىدى. ئىشىك تۈۋىدىلا تۇرغان تاشمەتخان ئۇستام قولىقىنى دىڭ قىلدى. ئابلا ئىسمائىلنىڭ ئاۋازى:

— شەھەردە مۇشۇنداق ئائىلىلەردىن قانچىسى بارلىقىنى ئۇقلىمۇ؟

— پەيچۇسولارنىڭ دوكلاتىدا يېزىلىشىچە، ھەرقايسى كوچا باشقارمىسىدا بىرەردىن بار ئوخشايدۇ، — بۇ ساقچى باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — بىراق، كۆپرەكى ئۆيلىرى مۇسادىرە قىلىنغان تۇل، بويتاق پومېشچىك، باي دېھقانلار بىلەن ئۆيلىرىنى ھۆكۈمەت سېتىۋالغان شەھەر ئاھالىسى ئىكەن. ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ...

— بۇلاردەكلار كۆپ ئەمەس ئىكەن - دە؟

— ھەئە.

— تازا بىر ئىش بولدى - دە، بۇ! خەق تېرىغان چاتاقنى بىز ئوڭلايدىغان ئوخشايمىز، — ئابلا ئىسمائىل سەل ئويلىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — مەن بۇ ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شەھەر ئاھالىسىنى تارقاقلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ھۆججەتنى قايتا كۆرۈپ چىقتىم ئۇنىڭدا «بەش خىل ئۇنسۇر» لار بىلەن شەھەردىكى ئىش - ئوقىتى يوق، يېزىغا بارسا ئەمگەك قىلىپ جېنىنى باقالايدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، شەھەردىكى ئىشسىزلىقنى تۈگىتىش كېرەكلىكى ئېنىق يېزىلىپتۇ. ئەگەر ئەھۋال ھەقىقەتەن تاشمەتخان ئۇستامنىڭ يازغىنىدەك بولغان بولسا، بۇ بىزدىكى ناھايىتى زور خاتالىق بولىدۇ... باشقا ۋىلايەتلەرمۇ مۇشۇ ئىشنى تۇتۇۋاتقان ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، سىلە ئالدى بىلەن مۇشۇ ئائىلىنىڭ تارقاقلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئەھۋال ھەقىقەتەن ئىلتىماستا يېزىلغاندەك بولسا، ۋاقىتلىق نوپۇس بىلەن ئاشلىق نورمىسى ھەل قىلىپ بەرسىلە. ئۆي - ماكانى، ھۈنەر - كەسپى بار بىر ئادەم ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەردە خوتۇن - بالىلىرىنى تىلەمچىلىككە سېلىپ يۈرسە، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ!؟...

— بۇنداقلار خېلى بار ئوخشايدۇ...

— مېنىڭ دەۋاتقىنىممۇ شۇ گەپ!... سىلە بۇ ئائىلىنىڭ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىللىلا، باشقا ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ تەپسىلىي ئىگىلەپ، بىر دوكلات تەييارلاپ چىقسىلا. چاڭجۈيى[1] دا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك كېڭىيـ

① چاڭجۈيى — دائىمىي ھەيئەت.

خۇيغا يوللايمىز…
— ماقۇل .
— بۇ ئىش كېيىنگە سوزۇلۇپ كەتسە ، شەھىرىمىزدە قارا نوپۇسلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىپ ، ناھايىتى يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ…
— ئۇلارنى دوراپ ، باشقىلارمۇ «نوپۇس ، نورما ھەل قىلىپ بەر» دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمىز ؟
— قانداق قىلاتتۇق ، بىرى پرىنسىپقا ئۇيغۇن كەلسە بىرىنى ، ئىككىسى ئۇيغۇن كەلسە ئىككىسىنى ھەل قىلغاچ تۇرۇمىز . ھازىرچە پرىنسىپ : قېرىپ ئەمگەك كۈچىدىن ئايرىلىپ ، يېزىغا بارغاندىن كېيىن دېھقانلارغا يۈك بولۇپ قالغانلار بىلەن ئولتۇراق ئۆيى ، مۇقىم كەسپى تۇرۇپ ، تاشمەتخان ئۇستامدەك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار… مېنىڭچە بۇ شەھىرىمىزدە لىن بياۋ ، لۈك شۈجېن گۇرۇھىنىڭ زەھەرلىرىنى تازىلاشتىكى بىر مۇھىم نۇقتا . بۇنىڭغا مەن مەسئۇل… ئۆيى مۇسادىرە قىلىنغانلار بىلەن سېتىۋېلىنغانلارنىڭ ئىشىنى ۋىلايەتنىڭ يوليورۇقىنى ئالماي تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلساق بولمايدۇ… قانداق دېدىم ، ئابلا ئاۋۇت ؟
— توغرا دېدىلە…
— … … …
خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان تاشمەتخان ئۇستام ساقچى باشلىقى ئىشخانىدىن قايتىپ چىقىۋاتقاندا ئۆزىنى ئىشىك تۈۋىدىن نېرى قىلالمىغىلى تاس قالدى . ئابلا ئىسمائىل ئۇنى چاقىرتىپ ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلەر ھالەتتە قالسىمۇ خوتۇن - بالىلىرىنى تىلەمچىلىككە سالماسلىقنى قايتا - قايتا جېكىلىگەندىن كېيىن :
— بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ، مانا بۇ كىشى بىلەن ئۇچراش-

سىلا . ئېتى مۇھەممەت ناسىر . ئابلا ئاۋۇت بىلەن كۆرۈشسىلە-
مۇ بولىدۇ ، — دېدى .

«شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بار » دېگەندەك ، ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئىشخانىسى بىلەن تامغىسىمۇ شەرىئەتنىڭكىدىن ئاز
ئەمەس ئىكەن ! تاشمەتخان ئۇستام بىر ھەپتىدىن كېيىن ناماز
بامداتنى ئوقۇپلا ھارۋىسىنى سۆرەپ بىر ماڭغىلى تۇرۇۋىدى ،
ئۇ ئىشىككە دوقۇرۇپ ، بۇ كادىرغا تېلىنىپ ، بىر يېرىم ئايدا
ۋاقىتلىق نوپۇس بىلەن «ئاق كىنىشكا» گە ئېرىشتى . «ئاق
كىنىشكا» ئائىلىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى جىمى ئىشىغا ئاق
يول ئېچىپ بېرەمدۇ - قانداق ؟ «بىسمىللا» دېمەستىن «دىدارد-
نى كۆرۈش نېسىپ بولارمۇ - بولماسمۇ ؟ » دەپ كېچە - كۈندۈز
تەقەززا بولغان «يېڭى مېھمان» ئىززەتگۈل بىلەن گۈلزارنىمۇ
ئۆيىگە ئەكېلىپ بەردى . خۇشاللىقتا خۇدىنى يوقىتىپ ، «جاد-
نىڭ ئاكىسى » — ئاشلىق بىلەن ۋاقىتلىق تەمىنلىنىش قەغە-
زى قويۇن يانچۇقىدا تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىنىنى دېمەمسىز
تېخى !...

— سوپۇر ئاخۇن بار چاغدا مۇشۇ گەپنى دەپ بەرگەن
بولسىلا ، قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى ئۇ بىچارە ! ؟
سىلىمۇ - زە....

ھەممەيلەن تەڭ چۇرۇقلاپ ئۆيقۇسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىز-
زەتگۈلنى گۈلزار بۆشۈكتىن يېشىپ ، دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇ-
زۇۋاتقاندا ، روزىخاننىڭ مەسلىكى كەلگىنىدىن ئاشۇ گەپنى دېگە-
نىدى . تاشمەتخان ئۇستام :

— ھەممە گەپنى مەندىن ئاڭلىۋالسا ، گۈلزار بىلەن ئىز-
زەتگۈل ئۆيگە قايتىپ بارغاندا ، ئۇنىڭغا نېمىنى دەپ كۆڭلىنى
خۇش قىلىدۇ ! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى . ئاندىن گۈلزارغا
بۇرۇلدى ، — قانداق دېدىم ، ھە گۈلزار ؟

— ... ... ...

گۈلزار جاۋاب بېرىش ئورنىغا، ئۇنىڭغا قاراپ «پىسسىڭدە» كۈلۈپ قويۇپلا يەرگە قارىۋالدى. بۇ كۈلكە شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق سەممىمىي ئىدىكى، ئالتە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ چىرايىدا ھەسرەت - نادامەتتىن بۆلەك نەرسىنى كۆرمىگەن تاشمەتخان ئۇستامنىڭ يۈرىكى «شۇررىدە» ئېقىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئۇنى تارتىپلا باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيمەكچى بولدى - يۇ، ئۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە، ئەززەتگۈلنى باغرىغا بېسىپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيۈپ - يالاپ، ۋىلىقلىتىپ كۈلدۈرگىلى تۇردى. ئەمما، ئۆزىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياش بىلەن تولغانلىقى، بۇ ھالنى كۆرگەن گۈلزارنىڭ قانچىلىك كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

بۇ چاغدا، مەھەللە مەسچىتىدىن ناماز بامداتقا ئەزان چىقىۋاتاتتى. گۈلزار توختى تۇردىن ئاڭلىغانلىرىنى دېيىشكە تەمشەلدى - يۇ، دېمىدى...

* * *

— نېمە!... يائاللا، يائاللا... ھەرگىز ئۇنداق قىلامدىغان، ئاتا!؟... ھېلىمۇ ياخشى، پەقىيغا مەسلىھەت ساپلا... تۆت قوغۇننى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇللا ئىشخانىسىغا باغان بوسىلا، نومۇسقا ئۆتتۈرۈدىكەنلە، ئۇ زاتنى!... «كۆڭلەم» دەملا؟ قويسىلا ئۇنداغ كۆڭەلنى!... پۇقرانىڭ كۆڭلى — بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا يەتتە پۇكۈلۈپ تازىمغا بېرىش. ئەمەلدارنىڭ كۆڭلى — پۇقرانىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، دۇئاسىنى ئېلىش!... بومىسا، نى - نى ئېسىل بىنالىنى سېلىپ، چوڭ - كىچىك ئەمەلدادىن بىڭ تاغانى ئوتتاغۇزۇپ قوياپ نېمە قىلىدۇ،

ھۆكۈمەت ! ؟...

— بۇنى مەنمۇ بىلمەن... شۇنداق بولسىمۇ ئىززىتىنى قىلىپ قوياي دەپ...

— يانا دېسە ، يانا دەيدۇ ، «كاللا» دېسە ، «پاچاق» دەيدى-يا ، ما ئەدەم !... ئۇستام ، ئۆكەن بىز كويلۇق گىلاسقا ئىككى تىيزا تاشلاپ بېرىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆلىغۇ ؟ ئامما يدۇ !... ئالىدىغان ئىشى بوسا ، توققۇز نوپۇسلىرىغا توڭگۇز قۇلاقتىن توقسانىنى يانچۇقىغا ساغۇزۇپ ، بۇنى ئاز كۆسە ، سىلى-نى توققۇز - ئون ئاي يول ماڭغۇزۇپ ، بەرگۈدەك بىز نېمىلى-رى بوممىسا كۆزلىرىدىن قان بىلەن ياش ئاققۇزۇپ ، ئاندىن «جاننىڭ ئاكىسى» ئاق كىنىشكىنى قوللىرىغا بەمەمدا ؟ !... بەك بەرگۈلىرى كەپكېتىپ تۇراماۋاتقان بوسىلا ، دۇئا بەسىلە !... ناماز ئوقۇيلىغۇ ؟

— ئوقۇمامدىغان ! ئەلھەمدۇللا ئوقۇيمەن...

— مانا بوممىدىما !... قوغۇنلىرىنى باللىغا پىچىپ بې-رىپ ، كۇندە ئوقۇيدىغان بەش ۋاخ نامازلىرىدا ئۇ زاتنىڭ ئۆمرى-گە ، دۆلىتىگە دۇئا قىلىپ قويسىلا !... قانداق دېدىم ، جامائەت ؟

تاڭ شەپقى بىلەن تەڭ ھېيتگاھقا كېلىپ ، بىر تەرەپتىن ، ھارۋىنىڭ شوتىسىنى تۇتۇپ تۇرغان تاشمەتخان ئۇستام بىلەن چاقماقجاننىڭ سىرلىق پارىڭىغا مەغول بولسا ، يەنە بىر تەرەپ-تىن ، چاقماقجاننىڭ ئاياغلىرى تۇۋىدىكى ئەنجۈر قاچىلانغان سې-ۋەتلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇش-قان ئوندەك خېرىدار نەزىرىنى چاقماقجاندىن ئېلىپ قېچىشتى . ئەمدىلا توپقا قېتىلىپ ، نېمە توغرۇلۇق گەپ بولغىنىنى ئۇقۇشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر مويسىپىت :

— توغرا دېدىلە ، چاقماقجان ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — دۇئادىن ئۇلۇغ نېمە بار ؟ !

— ئاڭلىدىڭما، ئۇستام؟ — چاقماقجان تاشمەتخان ئۇستامغا بۇرۇلدى، — شۇنداق قىيسىلا!… سىلە بۇنى «كۆڭلەم» دېگەنلىرى بىلەن ئۆيلىرىدىكى ئاچ قورساق توققۇز غېرىبنىڭ رىزقى… غېرىبنىڭ رىزقى ئەمەلدارغا تەقۋا قىلامدا؟ قىممايدۇ ئاتا، قىممايدۇ!… سىلىمۇ ئۇنتۇپ قاممىغانلا؟ بىز چاغدىكى ئۈچكە قارشى ھەرىكەت①تە، بىز - ئىككى يۈز كوي پارا ئاغان، خىيانەت قىيغان نى - نى ئەمەلدالىنى ئون ژىللىق، ژىگىمە ژىللىقتىن كېسىۋەتكەن گۇڭسەنداڭ بىز يەگە كەتمىدى… ئۇ ئاتىمىزنى تەختىدە مەككەم ئوتتۇراپ، بىزدەك ئاجىز، غېرىب پۇقراغا تېخىمۇ ئوبدان رەبەرلىك قىيسۇن دېسىلە، گېپىمگە چىرىپ، قوغۇنلىرىنى باللىغا پىچىپ بەسىلە!…

تاشمەتخان ئۇستام بامداتنىڭ جەينامىزىدا ئولتۇرۇپ، گۈلزار ئەپكەلگەن قوغۇننىڭ بەلىنىدىن تۆتنى تاللاپ، ئابلا ئىسمائىلغا «رەھمەت ئېيتىش» نىيىتىگە كېلىپ قالغانىدى. قوغۇنلارنى تاغارغا قاچىلاپ، ھارۋىسىغا باستى - دە، ئۇدۇل چاقماقجان كۇندە تۇرۇدىغان جاي — ئەلچىخانا دوقمۇشىغا كەلدى. ھايال ئۆتمەي بىر سېۋەتنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ، بىرنى ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈۋالغان چاقماقجان ئوردا ئالدى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. ئىككىيلەن سالام - ساھەت قىلىشقاندىن كېيىن، تاشمەتخان ئۇستام تۇنۇگۇن «ئاق كىنىشكا»گە ئېرىشكەنلىكى، بۇ خۇش خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈش نىيىتىدە شەھەرنى قېزىۋەتكەن بولسىمۇ تاپالمىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئەمدىكى مۇددىئاسىنى شۇنداقلا ئېغىزىدىن چىقىرىشىغا، چاقماقجاندىن ئەدىپىنى يەپ، بىرمۇنچە ئادەمگە سازايى بولدى. ئويلىنىپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭ گەپلىرى ھەق ئىكەن. ئەمدى ئۇ ئەسلىدىكى نىيىتىدىن

---

① 1953 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بيۇروكراتلىق، پاراخورلۇق، خىيانەتچىلىكتىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يېنىپ ، قوغۇنلارنى چاقماقجانغا سوۋغا قىلماقچى بولدى .

— يەتتى ئاتا ، يەتتى ! — چاقماقجان بىر قارىسا چاقچاق
قىلىۋاتقاندەك ، بىر قارىسا تېرىكىۋاتقاندەك ، كۆزلىرىنى غەلىتە
چەكچەيتتى ، — بىز جېنىمغا بۇنچە جىق قوغۇننى قانداق يەپ
بولۇمەن ؟ !··· ھەزرەتلىرى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىپ سوۋغا قىي-
غان نىيمەتنى ساقلاپ يەي دېسەم سېسىتىپ قويۇمەن ، سېتىۋې-
تەي دېسەم كۆڭلەم ئۇنىمايدۇ···

يېلىنىشمۇ ، تىركىشىشمۇ ئۇنۇم بەرمىدى . تاشمەتخان
ئۇستام ھەرقانچە ئويلانغان بولسىمۇ ، كۆڭلىدىن چىقىرىپ سوۋ-
غاتقا ئاتىۋەتكەن بۇ قوغۇنلارنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەتكۇسى كەل-
مىدى . ئۇ هارۋىنىڭ شوتىسىنى يەرگە قويدى ـ دە ، تاغارنى
دەس كۆتۈرۈپ چاقماقجاننىڭ ئاياغلىرى يېنىغا قويۇپ :

— ئەمىسە ، ئۆز قوللىرى بىلەن «ئابى خۇدايى» قىلى -
ۋېتسىلە ! — دەپلا هارۋىنىڭ شوتىسىغا قول ئۇزاتتى .

— هە ، مانا ماگەپلىرى تازا جايىدا بولدى ، ئۇستام ! —
دەپ كۇلدى چاقماقجان ۋە بېلىگە ئېسىۋالغان بويتاسمىلىق غى-
لاپتىن يېڭىسارنىڭ كۇمۇش تولتىلىق پىچىقىنى سۇغۇرۇپ
ئېلىپ ، — بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم ، يا تۆت ئەلقابى چا -
رىيار ![1] — دەپلا بىر قوغۇنغا ئۇردى···

تاشمەتخان ئۇستام چاقماقجاندىن يىگىرمە قەدەمچە يىراق-
لاشقاندا ، ئۇنىڭ :

— ئەي ئېزىز جامائەت ، كۇللى نىيمەتنىڭ چىققان جايى
جەننەت··· ئەتىگەندە قاق پودا ، تومۇنىڭ ئوچۇقىدا بىز كەتمىدىن
ئېغىز تېگىپ قويۇشىلا !··· مانا ـ مانا ، ئۆزلىرىگە بىز كەت-
تىم . ئالدىراشمىسىلا غوجىلىرىم !··· ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي··· ناۋاتنىڭ
بالىسىيكەنغۇ بۇ !··· دۇئالىرىدا تاشمەتخان ئۇستامنى ئۇنتۇپ

[1] تۆت ئەلقابى چارىيار — ئەبۇبەكرى سىددىق ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ئوسمان زۇننۇرەيىن ، ئەلى كەرىم ئاللاھۇ ۋەجھۇدىن ئىبارەت تۆت خەلىپە .

قىلىشمىسىلا جۇما ! — دەپ ۋارقىراۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ، يۇرد-
كىدىن بىر ئوتلۇق «ئاھ» ئېتىلىپ چىقتى . كۆزلىرىمۇ ئىختىد-
يارسىز ياشلاندى .

.........

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يەكشەنبە يېتىپ كەلدى . كەچ
نامازدىگەر بىلەن گۈلزار بىر قولىدا ئىززەتگۈلنى كۆتۈرۈپ ،
بىر قولىدا سۇپۇرگىنى يېتىلەپ خادىكقا چىقىپ ئەپلىشىپ ئول-
تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، سۇپۇرگىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ
پىچىرلاپ ، قولىغا قەغەزگە ئورالغان بىر نېمىنى تۇتقۇزدى -
دە :

— خۇدايىمغا ئامانەت ! — دېدى ئۆزىنى ئۇزاتقىلى چىق-
قانلارغا قىيالماسلىق بىلەن تىكىلىپ .

— خۇدايىمغا ئامانەت ! — دېيىشتى ھەممەيلەن تەڭلا .
شۇ چاغ ، سۇپۇرگە ئانىسى بەرگەن بولاقنى روزىخانغا بېرىمەن
دەپ يەرگە تاشلىۋەتتى . ئوھوي ، نېمە ئىش بۇ ؟ پۇلغۇ ! نېمانچە
جىق ؟...

— ماڭسىلا ! — دېدى گۈلزار پەس ئاۋازدا ھەم سوپۇر
ئاخۇننى جەينەكلىدى .

— چۇ !...

خادىك قوزغالدى . چوڭلارنىڭ كۆزى خادىكتا . خېۋىر ،
سۇپۇرگە... لەر يەرنى بىر ئېلىپ چېچىلىپ ياتقان ئون يۇەنلىك
پۇللارنى تېرىپ بولالماي ئاۋارە....

خادىك دوقمۇشتىن قايرىلغاندا ، روزىخان قولىدا بىر ۋاراق
قەغەز تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى - دە :

— نېمە خەتتۇ بۇ ؟ — دەپ ، خىيالەتتە تۇرغان تاشمەت-
خان ئۇستامغا ئۇزاتتى . تاشمەتخان ئۇستام بىر قولىدىكى خەت-
كە ، بىر يەردىكى پۇللارغا قاراپلا چىرايى تامدەك تاتاردى - دە ،
«شارتتىدە» كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

«تووۋا، نېمە قىلغان ئىشىدۇ بۇ بالىنىڭ؟!...»

تاشمەتخان ئۇستام قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. خەتكە نەچچە قېتىم تىكىلگەن بولسىمۇ، ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمىدى. ھەممە يېرى، ھەممىدىن بەك قوللىرى تىترەيتتى. ئاخىر ئۇ، خەتنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ، ھەجىلەپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«جېنىم ئانا، — دېيىلگەنىدى خەتتە، — ھەر بىرىڭلارنىڭ شەھەردە قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىڭلاردىن كىچىككىنىمۇ خەۋەردار بولالمىغان بولساقمۇ، ئازراق بولسىمۇ پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش نىيىتىدە سوپۇر ئاخۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قولىمىزدا بار پۇلنىڭ ھەممىسى — بەشيۈز يۈەننى ئالغاچ كەلگەنىدۇق. دەرھال ئالدىڭلاردا قوياي دېسەم، دادامنىڭ خاپا بولۇپ كېتىشىدىن قورقتۇم... ‹نېمىشقا؟› دېسەڭ، سىلەرنىڭ شۇنچە كۈنگە قېلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولغان ئادەم مەن... دادامنىڭ ھارۋا سۆرەپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىمدە، گۇناھىمنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم... ئويلاپ باقە، سەككىز بالىنى چوڭ قىلىپ، بىرىدىن بىرىتىيىنلىك شەپقەت كۆرمەي، يېشى ئەللىككە ئۇلاشقاندا يەنىلا بالا غېمىدە ھارۋا سۆرەپ يۈرۈش ئۇنىڭغا ئاسانمۇ!؟ ئاكام تېخى ئەسقاتمىسا... مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئۆز گۆشىمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇۋاتقان بولسامۇ، لېۋىمنى چىشلەپ چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم. دادامنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ: ‹جېنىم دادا، ئەمدى ھارۋا سۆرەپ جېنىڭنى قىينىما! مەن ھەر ئايلىق مائاشىمنى ئۇدۇللۇق ئەكېلىپ بېرىمەن...› دەپ ئېيتىشقا نەچچە - نەچچە تەمشىلگەن بولسامۇ جۈرئەت قىلالمىدىم... كېتىش ئالدىدىمۇ بۇ پۇلنى بېرىشتىن خىجىل بولۇپ، سۇپۇرگىگە تۇتقۇزۇپ قويدۇم. سەن ئۇنى ساقلاپ قويۇپ، نەچچە كۈندىن كېيىن ‹تۇغقانلاردىن قەرز ئالدىم...› دەپ يالغان گەپ

توقۇپ ، دادامنىڭ قولىغا تۇتقۇز . دادام ئۇ پۇلغا بىر دانە كىيىم تىككىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ھۈنەر قىلسۇن !··· سوپۇر ئاخۇن-نىڭ ئىش ھەققىگە ئۇچىمىزنىڭ ئاشلىق نورمىسى كېلىدۇ . باشقا نەرسە ئېتىزدىن چىقىدۇ . شۇڭا ، مائاشىمنى ئايمۇ ئاي ئەكېلىپ بېرىمەن··· ئۇكىلىرىم كىچىك ، نېمە ئىش قىلسا مەيلى . چېنىقىدۇ ، پىشىدۇ··· دادام··· دادامنىڭ ھارۋا سۆرىگە-نىدىن مېنىڭ ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى !··· ئۇقتۇڭمۇ ئانا ؟ مەن بۇدا كەلگىنىمدە ، دادامنىڭ ماشىنىدا ئىش قىلىۋاتقىنىنى كۆرە-لەرمەنمۇ زادى ! ؟··· »

تۇتام ـ تۇتام پۇللارنى كۆتۈرۈشۈپ ، خۇشاللىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان باللار ئانىسىنىڭ كەينىدىن غاز قانتى بولۇپ كېرىپ كېلىشكەندە ، تاشمەتخان ئۇستام بوغۇزىغا پىچاق تەگكەن بۇقىدەك ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى . ئىچىدە : «كامال تاپ خېنىم ، كامال تاپ !··· سەندە نېمە گۇناھ ؟ ھەممە-سى مېنىڭ تەتۈرلۈكۈم !··· خۇدايىم نېمە بەرسە ، سەن بىلەن سوپۇر ئاخۇنغا بەرسۇن !··· مائاشىڭنى ئۆزۈڭ خەجلە··· مەن ئەتىلا سەن دېگەندەك قىلىپ بۇ ئۆينى يىغىشتۇرۇپ چۆرۈي !··· «ھەرىكەتتە بەرىكەت» ، «پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى» دەپتىكەن··· ھارۋىنى ئەمرىددىنگە تۇتقۇزۇپ ، ماشىنىنى بىر تېپىپ باقايچۇ ، پۇل قېچىپ نەگە بارىدىكىن ؟ !··· » دەپ پىچىرلايتتى···

# قىسمەت — جەزىرىدىن قاپتالغا...

كۆز . بەكمۇ چىرايلىق ئايدىڭ كېچە .

ئاي ئالەمدە بىرلا . جورىسىمۇ ، تەڭدىشىمۇ يوق . ئۇ شۇن-داق سېخىيكى ، بايغىمۇ ، گادايغىمۇ ، خاقانغىمۇ ، پۇقراغىمۇ ئوخشاشلا نۇر چاچىدۇ . پەرقى : بەزىلەرنىڭ يولىنى يورۇتۇپ ، سەپىرىدە ھەمراھ بولسا ؛ بەزىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ ، ھېس - تۇيغۇلىرىنى قاناتلاندۇرىدۇ ، مۇڭلانغان يۈرىكىگە ئۈمىد - ئارام گۈللىرىنى تېرىپ بىخلاندۇرىدۇ . ھاياتنىڭ لەززىتى - تەمىنى تېتىتىپ ، قىسقىغىنا ئۆمرىدە تارتقان ئازاب - خورلۇقلىرىنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ ، جاھانغا - ھاياتقا يېڭىچە كۆز بىلەن قاراشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ . يەنە بەزىلەرگە نىسبەتەن ، بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان ، مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس كائىنات ھادىسىسىدىن ئىبارەت ، خالاس !

تاجىگۈل ئاللىقاچان بۇ يەرنىڭ كېچىلىرىگە كۆنۈپ قالغان . سالى قېشىدا بولسۇن - بولمىسۇن ، «قورقۇش» دېگەن نەرسى-نى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ، «ئۆي» دە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ . سالى ھېلىلا خۇپتەن ئوقۇغىلى «مەسچىت» كە چىقىپ كەتتى . ئۇلىشىپلا ، تاجىگۈل ئىشىك ئالدىغا چىقتى - دە ، ئاسمانغا قارىدى . ئاسماندا تولۇن ئاي بەھۇزۇر سەيلە قىلىپ ، جامالىنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى پۈتۈن ئالەمگە نامايىش قىلىۋاتاتتى . توي كۈنى قىز قولداشلىرى كې-لىنچەكنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ، ئۇنىڭ سىياقى ، بېزەكلىرى ، كىيىم - كېچەكلىرى... گە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ ، كېلىن-

چەكىنىڭ قۇلىقىغا ھېلى ئۇ ، ھېلى بۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ،
ھېلى كۈلدۈرسە ، ھېلى يىغلىتىپ تويىنىڭ داغدۇغىسىنى ئەۋجى-
گە كۆتۈرگەندەك ، سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئاينى
چۆرىدەپ ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلماقتا ئىدى...

تاجىگۈل كۈلدى . گەرچە ھېچقانداق سادا چىقارمىغان بول-
سىمۇ ، كۆزلىرى ، يۈزلىرى ، يۈرىكى ، ھەممە - ھەممە يېرى
توختاۋسىز كۈلدى . چۈنكى ئۇ بۈلتۈر دەل بۈگۈنكى كۈندە
خۇددى بۈگۈنكىدەك چىرايلىق ئايدىڭ كېچىدە - ئۆمۈر بويى
جېنىدىنمۇ ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن قىممەتلىك «ئەڭگۈشتەر»
نى بىر سېكۇنتتا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ، يۈرىكىدىن ئارزۇلاپ
سۆيگەن ئاشىقى ، قىيامەتلىك جۈپتى — سالىغا رازىمەنلىك
بىلەن تاپشۇرۇپ ، «چوكان» دېگەن «ئۇنۋان»نى ئالغان ۋە شۇ-
نىڭدىن بېرى سالىنى ئۆز مۈلكى — ئۆز جىسمىنىڭ يېرىمى
سۈپىتىدە بىرمىنۇت - بىر سېكۇنتمۇ يېنىدىن ئايرىمىغان .
خالىغان پەيتتە ، خالىغان ئىشىنى قىلىپ ، ئۆزىنىمۇ ، ئۇنىمۇ
خۇش قىلغان ؛ ھۇزۇرلانغان ، ھۇزۇرلاندۇرغان . تېخى باشقىلار
تەرىپىدىن «تاجىگۈل لەغمەن» دېگەن «ئۇنۋان»غا ئېرىشىپ ،
بۇ يەردىكى يۈزگە يېقىن ئادەمنىڭ تويا - تۆمانغا مىلىنىپ ،
تەرلەپ - تەپچىرەپ تاپقان پۇللىرىنىڭ بىر قىسمىنى «قولىنىڭ
كىرى»گە تېگىشىۋالغان . بۇلارلا ئەمەس ، كۈنلۈكى ئايىغى ئۇ-
زۇلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرۇدىغان شوپۇرلارنىڭ قەشقەر قاتار-
لىق جايلاردىن «ئاپتوموبىلنىڭ چاقلىرىغا يۆگەپ ئېلىپ كەل-
گەن» پۇللىرىنىمۇ لەغمەن سۈزۈدىغان چويلىسىدا «سۈزۈپ»
ئالغان... ھازىر بۇ يەرگە كېلىپ قالغان شوپۇرلارنىڭ ھېچقاندى-
قى ئۇنىڭ لەغمىنىگە ئېغىز تەگمەي كەتمەيدۇ . تېخى بەزىسى
ئاز - تولا «زەمزەم» ئالغاچ كېلىپ ، كېچىچە ئوتتۇنچى ئۇلپەت-
لىرى بىلەن «خوش»لىشىپ تۈنەپ ، ئەتىسى تاجىگۈلنىڭ لەغ-
مىنىدە ناشتا قىلىپ ئاندىن يولغا چىقىدۇ . ئۇنىڭ «ئاشخانا»

سىدىكى خۇرۇچ ـ ئامادىلارنىڭ موللۇقى ، تۇرنىڭ كۆپلۇكىگە قەشقەر شەھىرىدىكى خېلى ـ خېلى ئاشخانىلار تەڭ كېلەلمەيدۇ . ھەممىسىنى «موللىكام»نىڭ ئاغزىنىڭ «يېلى» ، ئاپتوموبىللارنىڭ چاقى ئېلىپ كەلگەن…

تاجىگۇل «ئاشخانا» ئاچقان دەسلەپكى كۇنلەردە ، خېرىدارنىڭ ئازلىقىدىن ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئېگەك يۆلەپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتەتتى . شۇنداقتىمۇ تاپاۋىتى ئوتتۇنچى يارەنلىرىنىڭكىدىن خېلى خوپ ئوبدانىدى . كېيىنچە ، ئامەت ئۇلارغا ئالدىنى قىلدىمۇ ياكى تاجىگۇل لەغمەننى «چېچىغا چەنلەپ سوزۇشى»نى ئۆگىنىۋالدىمۇ ؟ بارا ـ بارا ، ھەممە ئادەمنى لەغمىنىگە «سېزىك» قىلىپ قويدى . «موللىكام» ئۇچ ـ تۆت شوپۇر چۆپقىتىنى لەغمەن بىلەن بىر مېھمان قىلغانىدى ، ئايھاي… شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «تاجىگۇلنىڭ لەغمىنى» بىراقلا داڭ چىقىرىپ ، ئەر ـ خوتۇن كېچىلىرىمۇ تۇزۇك ئارام ئالالمايدىغان بولۇپ كەتتى . قىش چىقىپ ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ قولى سەل سېلىككەن بولسىمۇ ، قوغۇن شاپىقى يەرگە چۇشۇش بىلەن تەڭ ، ئوتتۇنچىلار بىر ياندا قېلىپ ، شوپۇرلارنى رازى قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گەپ بولۇپ قالدى !

ئىشلىگەنگە ئادەم ئۆلمەيدۇ . ئىش ـــ قولنىڭ كىرى ـــ پۇل دېگەن گەپ . ئۇلار ھېرىش ـ چارچاشقا پىسەنت قىلماي ، ناھايىتى نۇرغۇن پۇل تاپتى ، يۇز ـ ئابرۇي تاپتى . بۇ يەردە «موللىكام»دىن قالسىلا ئۇلار ئەڭ پۇللۇق ، ئەڭ يۇز ـ ئابرۇيلۇق . ئۇلار بۇنىڭغا قانائەت قىلمايدۇ . ئونمىڭلاپ ، يۇز مىڭلاپ ، مىليونلاپ پۇل تاپقۇسى بار . مىدىرلاپلا تۇرسا ، بۇ مەقسىتىگە چوقۇم يېتەلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنچىسى كامىل . بىراق…

ھە ـ ي… تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدىكەن . تۇيۇپ ـ تۇيمايلا ، تاجىگۇلنىڭ جىسمىدا يەنە بىر جىسىم تۆرىلىپ مىدىرلىغىلى ، تېپچەكلىگىلى ؛ ھاياتلىق ئالىمىگە چىد ـ

قىشقا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يول ئىزدەپ ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسسۇپ ، تېپىپ… تاجىگۇلنىڭ قورسىقىنى كۇندىن ـ كۇنگە يوغىناتقىلى ؛ ئايدەك يۇزلىرىگە توقامدەك ـ توقامدەك داغ چۇشۇرۇپ ، قوللىرىنى گال ، ئاياغلىرىنى گۇندىدەك ئىېغىرلاشتۇرغىلى تۇردى… جىمى ئايال زاتى شۇندىق بولامدۇ ياكى تاجىگۇللا شۇنداقمۇ ؟ قورسىقى قانچىكى يوغىناپ ، ئاياغلىرى قانچىكى ئىېغىرلاشقانسىېرى ئۇنىڭ غەيرىتى شۇنچە ئۇرغۇپ ، بىردەممۇ بىكار تۇرماس بولۇۋالدى . چىرايىدىكى تەبەسسۇم ـ شادلىقنى دىمەمسىز تېخى ! بەئەينى دۇنيادىكى جىمى بەخت ـ سائادەت ، راھەت ـ پاراغەتنى قورسىقىغا سولىۋېلىپ كۆتۇرۇپ يۇرگەندەك !…

ئەكسىچە ، سالى بوشىشىپ كەتتى . «ئاتا» بولۇشنىڭ خۇشاللىقىدا پۇتۇن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ، شۇنچە ئاسمىنى كەڭ يەر تار كېلىۋاتقاندەك ئۆزىنى قويۇدىغان يەر تاپالمايۋاتقان بۇ يىگىت كېچىلىرى تاجىگۇل «پۇش ـ پۇش» تىنىپ شېرىن ئۇيقۇ دېڭىزىدا ئۇزۇۋاتقان چاغلاردا ، جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ جامالىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، تاڭ سۇزۇلۇپ قېلىۋاتقىنىنى تۇيماي قالىدىغان چاغلىرى كۇندىن ـ كۇنگە ئاۋۇۋاتقان بولسىمۇ ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . نېمىسىنىدۇر يوقىتىپ قويغان ياكى يوقىتىپ قويۇش ئالدىدا تۇرغاندەك خاراموش ، پاخقاي ، ئەزمە… بولۇپ قالغاندى . تاجىگۇل بۇيرۇپ ، ئېسىگە سېلىپ تۇرمىسا ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئازاتتى ياكى قىلىدىغان ئىشنى تاپالماي ، تاجىگۇلنى بىر مۇنچە جورىتاتتى . تاجىگۇل خېلى قاتتىق تېگىۋەتسىمۇ ئېغىر ئالمايتتى ، گەپ ياندۇرمايتتى…

— تاجىگۇل ، — دېدى بىر كېچىسى ئۆزىگە ئەۋرىشىمدەك چىرمىشىپ ياتقان تاجىگۇلنى ئەسنەك تۇتۇپ ، كۆزلىرى ئۇيقۇغا كېتەي دېگەندە ، ئۇنىڭ كاسىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ، —

سەن ئاشخانىنى تاقىۋېتىپ دەم ئالساڭ ، مەن ئوتۇن كولىسامىدىكىن دەيمەن…

— نېمە ! — تاجىگۈل چايان چېقىۋالغاندەك ئەندىكىپ ، بېشىنى «شارتتىدە» بۇرىدى ـ دە ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى . ئىشىك دەم بىلەن مەھكەم تاقىۋېتىلگەچ ، «ئۆي» تونۇردەك ئىسسىق ـ تىنجىق بولۇپ ، ئۇلار ھېچنەرسە يېپىنماي قىپيالىڭاچ يېتىشقانىدى . جىن چىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى .

— نىمىشقا مۇنداق دەيلا ؟

— قورسىقىڭ بارغانسېرى يوغىناپ ، چىرايىڭمۇ…

— چىرايىم سەتلىشىپ ، سىلىگە يارىماي قېلىۋاتامدىمەن ! ؟

— نېمە دەيدىغانسەن… — سالى كۆلۈمسىرەشكە تىرىشىپ ، قولىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۇزاتقانىدى ، تاجىگۈل نېرىراق سۇرۇلۇۋالدى ، — مەن…

— ئەمىسە نېمە چىرايىمنى ئېغىزلىرىغا ئېلىپ يۈرىلا ! ؟

— ئاۋۋال گېپىمنى بىر ئاڭلاپ باقمامسەن !…

— ئاڭلاۋاتىمەنغۇ مانا !…

تاجىگۈل تېخىمۇ كەينىگە سۇرۇلۇپ ، «تام»غا يۆلىنىپ تۈگۈلۈۋالدى . تىزلىرى سالىنىڭ قورسىقىغا تېگىپ تۇراتتى . سالى سىڭايان ياتقان پېتى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ ، دۇدۇقلاپ ـ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ مەقسىتىنى دەپ بولدى . تاجىگۈلنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ ، ئىچىدە بايىقى قوپاللىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بىرمۇنچە كايىدى ۋە مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ ، ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلاشقا باشلىدى .

— خاتىرجەم بولسىلا ، ھېچنېمە بولمايمەن ! — دېدى ئۇ سالىنىڭ بۇرنىنى يەڭگىل چىمدىپ قويۇپ ، مەنغۇ ئاران ئاش ئېتىمەن ، بىزنىڭ دادۇيدىكى ئېغىر بوي بولغان ئاياللار تاغار يۇدۇپ ، زەمبىل كۆتۈرۈپ يۈرسىمۇ ھېچنېمە بولمايدىكەنغۇ !…

سىلىگە شۇنداق تۇيۇلغان بىلەن ماڭا ھېچقانداق تۇيۇلمايدۇ .

بويۇمدا يوق چاغدا قانداق ئىشلىگەن بولسام، ھازىرمۇ شۇنداق ئىشلەۋاتىمەن… ئىشلىگۈدەك ھالىم بولمىسا، ئوڭدا يېتىپ ئارام ئالماي ئىشلىگىلى ساراڭمۇ مەن؟! مەن ئانامدىن ئاڭلىغان، خوتۇن كىشىنىڭ قورسىقىغا بالا ئاپىرىدە قىلغان خۇدايىم ئۇنىڭغا بالىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلگۈدەك كۈچنىمۇ بىللە بېرىدىكەن… گېپىمگە ئىشەنمىسىلە، مەن ئەر، سىلە خوتۇن بولۇپ، قورسىقىمدىكى بالىنى قورساقلىرىغا كۆچۈرۈپ سىناپ باقامدۇق يا؟!…

سالى تاجىگۈلنىڭ چاقچىقىدىن ئۈچەيى ئۈزۈلگۈدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ، قورسىقىنى چاڭگاللىغىنىچە نەچچە يۇملىنىۋەتتى. تاجىگۈلنىڭ كۈلكىسىمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇن يېتىم يەردە باشقا «ئۆي» بولمىغاچ، ئۇلارنىڭ تۈڭلۈكتىن چىققان ئاۋازىنى قۇم بارخانلىرى بىلەن بۇلۇتلاردىن بۆلەك تىرىك جان ئەۋلادى ئاڭلىمىدى. كېيىن، سالىنىڭ شوخلۇقى تۇتۇپ، تاجىگۈلنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى قورسىقىغا «كۆچۈرۈپ» ئالغۇسى كەلدى بولغاي، چۇراپلا ئورنىدىن قوپۇپ، تاجىگۈلنى شۇنداق قاتتىق قۇچاقلاپ، سۆيۈپ كەتتىكى، دەسلەپ چىن كۆڭلىدىن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، غەمزىسى ئۆينى بىر ئالغان تاجىگۈلنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، تىنىقى سىرتقا چىقمىغىلى تاس قالدى. بۇنىڭسىزمۇ، سالى ھەقىقەتەن بالا «كۆچۈرۈش» كويىغا چۈشكەنىدى.

— نېمانداق قىلىدۇ، ما ئەسكى!… — دەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سالىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى تاجىگۈل، — بالام چۈشۈپ كەتسە، قاتىللىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىدە ياتقۇڭ كېلىۋاتامدۇ!؟ نېرى تۇرە، ئاكا!…

ھېچقاچان مۇنداق قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ باقمىغان سالىنىڭ كۆڭلى «لەسسىدە» بولۇپ، ئەسلى نىيىتىدىن ياندى - دە، قوللىرىنى بوشىتىپ، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ،

جانان چىننىنى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك دومبىيىپ تۇرغان سول ئەمچىكىنى مەززە قىلىپ پۇراشقا باشلىدى . تاجىگۇلمۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ئورنىغا ، مەڭزىنى ئۇنىڭ بېشىغا يېقىپ ، يۈزىنى ئاۋايلاپ سىلىغىلى تۇردى .

شۇ تاپتا ، تاجىگۇل پۈتۈن مېھرى بىلەن بالا ئېمىتىۋاتقان كۆيۈمچان ئانىغا ، سالى بولسا ، «توپاقتەك» بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ ئەمچەكتىن ئايرىلغىلى ئۇنىمىغان قىتىغۇر بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى !...

ئۇلار زادى قانچىلىك ۋاقىت مۇشۇنداق «ئانا بالا» بولۇپ ئولتۇرۇشتى ؟ بۇنى تەڭرىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمىدى . ئاخىر «ئېمىپ ـ ئېمىتىپ» قېنىشتى بولغاي ، يېڭىۋاشتىن پاراڭغا چۈشۈشتى :

— «پۇل تاپىمىز» دېمىسەك ، بۇ كوھىقاپتا نېمىش قىلىمىز ! ؟ — دەپ دېكىندى تاجىگۇل ، سالىنىڭ : «كۈنلۈكى ئون ـ يىگىرمە كوينى كەم تاپقانغا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالامتۇق ؟ !...» دېگەن گېپىگە جاۋابەن ، — ئاشخانىنى ھازىر تاقىۋەتسەك ، كېيىن يەنە قاچان ئاچىمىز ؟ ! ساپساق تۇرۇپ «ھاردۇق ئالىمەن» دەپ يېتىۋالسام ، تۇغقان چېغىمدا قانداق قىلىمەن ! ؟ تۇغۇتنىڭ دەردىنى تارتامدىمەن ، بالا باقامدىمەن ، ئاشخانا ئېچىپ پۇل تاپامدىمەن ! ؟...

— سېنى كىم : «تۇغۇتتىن كېيىن ئاشخانا ئېچىپ پۇل تاپسۇن» دەپتۇ ؟ تىنچ ـ ئامان يەڭگىۋالساڭ ، سەن بىلەن بىر بالىنى جېنىمنىڭ كۆكىنى ساتساممۇ بېقىپ كېتەرمىنا !...

— ئاۋۋال شۇ چاغ كەلسۇن ، ماقۇلمۇ ؟ — تاجىگۇلنىڭ تەلەپپۇزى سەل يۇمشىدى . بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇممۇ قىلدى ، — بالا مېنىڭ قورسىقىمدا . قاچان ئېشلەش ، قاچان دەم ئېلىشنى سىلىدىن ئوبدان بىلىمەن... ئاي ـ كۈنۈم يېقىنلاشقۇچە قۇربىمنىڭ يېتىشىچە مىدىرلاپ ، تاپقىنىمچە پۇل تا-

پاي . تۇغۇتمدىن كېيىن ھەر - ھەر پۇل لازىم بولىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ تېخى !...

تاجىگۇل ئۆز گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ سالىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ، تۇغۇتنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ تىزىپ قويدى . پۇلنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ، مىدىرلى- غۇدەك ھالى بار چاغدا ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاز - تولا پۇل جۇغلىۋالمىغان ئادەمنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم خارلىققا قالىدىغانلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇن- دى . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، سالىنىڭ ئۆزىگە شۇنچىلا كۆيۈن- گىنى ، ئاسرىماقچى بولغانلىقىغا ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى ھەم بۇنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا يېلىمدەك چاپلى- شىپ تۇرۇپ ، ئاغزىغا ، يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى . ئاخىر ، كۆلكىسى يىغا بىلەن ئالمىشىپ ، ئۇنىڭ يالىڭاچ ئېتىنى كۆز ياشلىرى بىلەن نەمدىۋەتتى . سالىمۇ ھاياجانلانغىنىدىن ، يىغلىۋېتەي - يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغانىدى .

— ھە راست ، مۇنداق قىلامدۇق يا ؟ — دېدى ئۇ تۇيۇق- سىز سالىدىن يىراقلىشىپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ ھەم ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى ، — ئەتىلا موللىكامغا دەپ ، بىر ئادەمنى ئاشخانىغا ياندۇۋالساق ، سىلىمۇ مەن تۇغقۇچە ئاشپەزلىكنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەچ تۇرسىلا ، مەن تۇغۇتتىن قوپقۇچە ئاشخانىنى چۆرۈپ تۇرالالىمىكىن دەيمىنا...

بۇ كاتتا ئەقىل ئىدى . سالىلا ئەمەس ، «موللىكام»مۇ قوللىدى . ئادەمدىن بىرنى ئەمەس ، ئىككىنى ياندۇراپ بەردى . پۈتۈن ئېغىر - يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلار قىلاتتى . سالى ئاۋۋال خېمىر يۇغۇرۇپ پىلتە قىلىشنى ، ئاندىن ئاش سوزۇشنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدى (سەي قورۇشنى بۇرۇنلا ئۆگى- نىۋالغانىدى ) . بارا - بارا ، تاجىگۇل ئىش قىلغان بىلەن قىلمى-

غانىنىڭ ئارىلىقىدا مىدىرلاپ ، ئاشخانىغا «مۇئەككەل» بولۇش بىلەن بىر چاغدا شوپۇرلارغىلا ئۆز قولى بىلەن ئاش سوزۇپ بېرىدىغان بولدى… هازىر تاجىگۇل بىكارچىلا ئادەم . لېكىن ، ئاشخانىنىڭ تولۇق هوقۇقلۇق خوجايىنى . ئالىدىغان پۇلى ھەمـ-مەيلەننىڭكىدىن جىق . ھېچكىم ھەسەت قىلمايدۇ ، بۇرۇنقىدەكلا بېشىدا كۆتۈرۈشىدۇ . سالىمۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئۇستام»…

ئىككى ئاي — ئېيتماققا ناهايىتى قىسقا ۋاقىتتەك تۇيۇلـ-سىمۇ ، بۇ ئىككى ئايدا تاجىگۇلنىڭ قورسىقى ئەينى چاغدىكىدىن قاق بىر ھەسسە يوغىناپ كەتتى . ئالدىغا ئېڭىشسە ، كىندىكىنى كۆرەلمەيدۇ . ئولتۇرۇپ - قوپمىقىمۇ تەسلىشىپ كەتتى . ئۇ-نىڭغا ھەممىدىن بەك تەس كېلىدىغان ئىش — ئايىغىغا كەش كىيمەك بىلەن سالماق . كۆپىنچە سالى كىيگۈزۈپ - سالدۇرۇپ قويىدۇ . باياتىن سالى خۇپتەن ئوقۇغىلى «مەسچىت»كە مېڭىۋې-دى قېلىن تۇشەك ئۇستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ رادىئو ئاڭلاۋاتقان تاجىگۇلنىڭ تۇرۇپلا ئىشىك تۇۋىگە چىقىپ ، ئاينى تاماشا قىلغۇ-سى كېلىپ قالدى . ئۇلار «توي» قىلىپ بىرەر ئايدىن كېيىنلا ، بۇ بىپايان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرى ئۇچۇن ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىشتىن بۆلەك يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىك قىلىۋاتقىنىنى سېزىپ قېلىشقان . ئۇ باشقا نەرسە ئە-مەس . دەل ئاڭلىق ئىنسان هاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئوزۇق ئىدى . بۇ يەردە بار بىردىنبىر مەنىۋى ئوزۇق — تارلىرى نەچچە يەردىن ئۇلانغان ئەبجەق دۇتار . ئۇنىڭدىن چىقىد-دىغان سادامۇ ، ئۇ ساداغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىدىغان قىژغىل - تاغىل ناخشىلارمۇ ئۇلار ئۇچۇن يېتەرلىك ئەمەس . تېخى بۇ سادانى ئاڭلاش ئۇچۇن ، سالى تاجىگۇلنى كەينىگە سېلىپ ، بىر تەرەپتە قىمار - قارتا ، بىر تەرەپتە ئىچىشمەك ۋە بۇنىڭغا ياندى-شىپ توختىماي داۋاملىشىدىغان ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت - قو-

پال چاقچاقلار بىلەن تولغان «زال»غا كىرىشى كېرەك . ئەر ـ خوتۇنچىلىقمۇ پەيتىدە تەمى ـ لەززىتى بىلەن داۋاملاشمىسا قىمـ ـمىتى بولمايدۇ... شوپۇرلارغا بۆيرۇپ بىر دۇتار ئەكەلدۈرمەكـ چىمۇ بولۇشتى ـ يۇ ، ئۆزلىرىنى قۇمسارايدىن بۇ يەرگە قوغلىـ غان ئىشنى ئېسىگە ئېلىشىپ ، ئۇنىڭدىنمۇ يالتىيىشتى ـ دە ، باتارېيىلىك رادىئو سېتىۋېلىشتى . مانا شۇنىڭدىن بېرى ، ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداقتۇر چۆل ـ باياۋاندا رىزقى ـ نېسىۋە ئىزدەپ يۈرگەن ئادەمسىياق مەخلۇق ئەمەس ، بەلكى ئىلاھى قىسمەت مۇشۇ جەزىرىگە ئەكېلىپ تاشلىۋەتكەن ھەقىقىي ئادەم سىزىدىغان بولدى . رادىئونى يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىماي ، پۈتۈن زېھنى بىلەن خەۋەر ئاڭلايتتى . سىياسەتتىكى ، ۋەزىيەتتىكى تېرىقچىـ لىك ئۆزگىرىشنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلمايتتى . مۇشۇنداق قىلغاندىلا «مىش ـ مىش»لارغا ئالدانماي ، مېڭىسىنى سەگەك تۇتالايتتى . تېخىمۇ مۇھىمى ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە يۇرتىغا ـــ ئادەمـ لەر ئارىسىغا قايتىپ بېرىش نېسىپ بولۇپ قالسا ، ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە يىل (بەلكى مەڭگۈدۇ !؟) چۆل ـ جەزىرىدە ياشاپمۇ ئۇلاردىن ھېچ يېرى كەملەپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىش كېرەك ئىدى !...

تاجىگۈل رادىئونىمۇ ئۆچۈرمەي ، ناھايىتى تەسلىكتە ئايىغىـ غا كەشىنى ساپتى . بىر قولىدا «تام»نى تۇتۇپ ، بىر قولىدا يەرنى تىرەپ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن قوپتى ـ دە ، تاشقىرىغا چىقـ ـتى . مانا ، ئاي ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلماقتا ، يۇلتۇزلار ئۇنى تەبرىكلىمەكتە . تاجىگۈل ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلگەچ ، ئاشۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كەچمىشلەرنى غىل ـ پاللا خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تېخىمۇ ھۇزۇرلاندى ، روھلاندى . ئۇنىڭچە بولسا بۈـ گۈنلا تۇغۇپ ، توي كۈنىنىڭ بىر يىللىقىنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىـ ـدە سالىنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ بەرسە... ئەپسۇسكى ، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . ئۇنىڭ ھېسابىچە بولغاندا ، نېرىسى بىر ئاي ،

بىرىسى يەنە ئۇنبەش ـ يىگىرمە كۈندە ـــ يېڭى ئاي تۇغقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ـــ سالى «دادا» ، ئۇمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ئانا» ھەم «جۇۋان» بولىدۇ . ئۇ چاغدا···

تاجىگۈل خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى . چۈنكى ، ناھايىتى ـ ناھايىتى يورۇق بىر يۇلتۇز تۇيۇقسىزلا تۆۋەنگە ئوقتەك شۇڭ-غۇپ ، يۇلتۇزلار ئارىسىدىن غايىب بولدى . تاجىگۈلنىڭ تېنى «جۇغغىدە» قىلىپ ، چىرايىدىن تەبەسسۇم قاچتى . قورسىقىدا «بىلىقتەك توختىماي پىلتىڭلاپ ئويناۋاتقان» بالىسى نېمە ئۈ-چۈندۇر ھەرىكەتتىن توختاپ ، توپتەك تۈگۈلۈۋالغاندەك . تاجى-گۈلنىڭ قوللىرى «توپ»قا يېپىشتى . ئاۋايلاپ سىلىدى ـ سى-پىدى . ھېچقانداق سادا يوق··· تۇغۇت توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېسىگە ئالدى . تەلەتى سۆرۈن ، گەپ ـ سۆزى قوپال ، جاھىل ، رەھىمسىز دادىسى ؛ كىچىكىدىن ئۆزىگە ئاچ بۆرىدەك قادىلىۋالغان ، ئىچى ـ ھىيلە ـ مىكىر ، قۇۋلۇق ـ شۇملۇق بىلەن تولغان ، زەھەردەك تىلى يۇزلەپ ئادەمنىڭ يۈرە-كىنى قان ـ زەرداپ ، مۇشتۇمى يۇزلەپ ئادەمنىڭ تېنىنى يارا قىلغان تەۋەككۇل «پىستەك» لەر كۆز ئالدىغا كەلدى . كۆڭلى تۇز ، ئاغزى ئىتتىك ، ۋات ـ ۋات ئانىسىنى سېغىنىپ قالدى . راستىنى ئېيتقاندا ، تاجىگۈل نىكۈنىكى ھامىلىدار بولغىنىنى سەزدى ، شۇنىڭدىن بېرى ئانىسىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقى-رالماس بولۇپ قالدى . ئۆز تېنىدىكى تېرىقچىلىك ئۆزگىرىشنى سەزگەن ھامان ئانىسى يادىغا يېتەتتى . ئانىسىنىڭ ئۆزىنى قور-سىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە قانچىلىك بىئارام بول-غانلىقى ، قىينالغانلىقى ، قورققانلىقى···نى ئەينەن كۆرۈۋاتقان-دەك بولۇپ ، ئۇنىڭغا غايىبانە ئىچ ئاغرىتاتتى . ھۆرمەتلەيتتى . بۇنىڭسىزمۇ ، تاجىگۈل ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىدى . كىچىكىدە «زىۋەرەم ئانا»سىنىڭ قېشىدا ياتقىلى ئۇنىماي تاياقمۇ يېگەن ، تىلمۇ ئىشىتكەن··· چوڭ بولغاندا ، بۇ قىلىقلىرىدىن

خىجىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنى «ئېمىش» كېسىلى زادى ساقايـ
مىغان.

ئانا ـ بالا بىردەممۇ ئايرىلالمايتتى.

ئاكىسى شىرمەت ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن
ئۆينىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تاجىگۇلگە قالـ
دى. ئۇ «بالىنىڭ چوڭى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانىسىنىڭ
قولىغا قول، پۇتىغا پۇت؛ ھاللاشقۇچىسى، مۇڭداشقۇچىسى ئىدـ
دى. ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەردە، ئۇ
ھامان ئانىسى تەرەپتە تۇراتتى. قىسقىسى، ئائىلىدە دادىسى باشقا
ئادەم، ئانىسى بىلەن ئۇ يەنە باشقا ئادەم ئىدى. بىر ئىش، پەقەت
بىر ئىشتىلا ئانا ـ بالىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمىدى. تەۋەكـ
كۇل «پىستە»كە «تېگىسەن ـ تەگمەيسەن»، سالىغا «تېگىمەن ـ
تەگمەيمەن» بىلەن ئارىسى بۇزۇلۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ توختىدـ
دى. لېكىن، يۈرىكىنىڭ يېرىمى ئانىسى بىلەن قالغانىدى.
قورسىقى كۈندىن ـ كۈنگە يوغىناپ، بالىسى توختىماي تېپىدـ
چەكلەۋەرگەنسېرى، ئۆزىنى ئانىسىغا تېخىمۇ يېقىن سېزىشكە
باشلىدى. ئۇنىڭغا ھال ئېيتقۇسى، مەسلىھەت سورىغۇسى كەلـ
دى. لېكىن، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى
زادى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتى. ھازىر تېخىمۇ...

قورسىقىنىڭ بىر يېرى «لىپپىدە» قىلغاندەك بولدى. تاـ
جىگۇلنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشۈپ، قورسىقىنى تېخىمۇ
ئىتتىك، تېخىمۇ ئاۋايلاپ سىلاشقا باشلىدى...

«مانا ـ مانا، تەپتى ... ئۇردى... ئۈسسىدى!...»

— ئۇ ـ ھ ـ ھ ـ ھ...

تاجىگۇل سوزۇپ بىر تىنىپ، پىسسىڭىدە كۈلدى. كۆزلىدـ
رىگە ئاي بىرمۇنچە تولۇن، بىرمۇنچە نۇرلۇق، جازىبىلىك كۆـ
رۈنۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئاسمان سەتھى تېخىمۇ سۈزۈـ
لۈپ، ئاي بارلىق گۈزەللىكىنى بىراقلا نامايان قىلغانىدى!...

«ھامىلىدار ئاياللار دائىم چىرايلىق ئادەملەرگە قاراپ ، قورسىقىنى ئايغا كۆرسىتىپ بەرسە ، تۇغقان بالىسى شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن··· »

بۇ تاجىگۇل تېخى بالا ۋاقتىدا شەرەنداز — گەپدان ئايال- لارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولغان چاغلىرىدا تاسادىپىي قۇلىقىغا كىرىپ قالغان «مىش - مىش» . ئەينى چاغدا ئىشەنگەندەك قىلغان بولسىمۇ ، چوڭ بولغاندا مۇشۇنداق «مىش - مىش» لارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكەن ئاياللارنى ئىچىدە مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن . تېخى : «چىرايلىق بالا تۇغۇۋېلىش شۇنچىلا ئاسان ئىش بولسا ، ئانام نېمە ئۈچۈن مېنى پەرىزاتتەك چىرايلىق قىلىپ تۇغۇۋالمايدۇ ! ؟» دەپمۇ ئويلىغان··· كېيىن نېمە بولدى- كىن ، جىسمىدا يەنە بىر جىسىم تۆرەلگىنىنى سېزىش بىلەنلا بىراقلا خېمىغا يېنىپ ، ئاشۇ گەپكە ئەسىر بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە سالىدىن چىرايلىق ئادەم يوق ئىدى . ئۇنىڭغا ئوخشى- تىپ چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇۋېلىش ئارزۇسىدا ، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمىدى . سالىغا چىرايى ، مېڭىش - تۇرۇشى ، ئىش - ھەرىكىتىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن نەزەر سې- لىپ يۈرگىنى ئاز كەلگەندەك ، ئۇ ئۇيقۇغا كەتكەن چاغلاردا ، ئۇنىڭغا قاراپ سائەتلەپ - سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى . قارى- غانسېرى قارىغۇسى كېلىپ ، بەزىدە ئولتۇرۇپلا مۈگدەپ ئۇخلاپ قالاتتى . ئايدىڭ ئاخشاملىرى سالىنى «مەسچىت»كە يولغا سېلى- ۋېتىپلا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئايغا قارايتتى . كۆڭلىكىنى مەي- دىسىگىچە قايرىۋېتىپ ، قورسىقىنى ئاي نۇرىغا تۇتۇپ ، توختى- ماي سىلايتتى .

ئۇنىڭ «يالغۇزلۇقتىن ، قاراڭغۇدىن قورقماس» بولۇپ قالغانلىقى ، راستىنى ئېيتقاندا ، بۇ ئىشنى سالىغا تۇيدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈنلا ئىدى ، خالاس !

سالى ھازىرغىچە ھېچنەرسىنى سەزمىدى . كۈنلەرنىڭ بى-

ـرىدە ، تاجىگۇل ئۆزى دەپ بەرمىسە ، ئېھتىمال ، مەڭگۇ سەزمەي قالار . چۈنكى ئۇ ئايال ئەمەس . ھامىلىدار بولۇش ، قورساق كۆتۈرۈش ، بالا تۇغۇش… دېگەنلەر ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىر- مەس ، بەلكى…

ئاسماندىكى ئايىم سەن ،
پىيالىدە چايىم سەن .
شۇنچە قىز ئاراسىدىن ،
تاللاپ سۆيگەن يارىم سەن ، دەردى بار باللا…

بۇ ، سالىنىڭ ئاۋازى ئىدى . تاجىگۇلنىڭ يۈرىكى خۇشال- لىقتىن ساما سېلىپ ، كۆزلىرى بۆلەكچە نۇرلىنىپ كەتتى . ۋۇجۇدىغا بىر ئىللىق ئېقىم يامراپ ، ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگى- لى بولمايدىغان ھاراريتى ، لەززىتى بىلەن قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ ، جىسمىنى لەرزىگە سالدى .

ئۇ ئىتتىك كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى پەسكە چۈشۈرۈپ ، قورسىقىنى ياپتى ـ دە ، ئايغا ھېرىسمەنلىك ، قىيالماسلىق بى- لەن تىكىلگىنىچە «ئۆي» تەرەپكە ماڭدى…

* * *

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ، «ئاشخانا» بەكمۇ ئاۋاتلىشىپ كەت- تى . تاماق يەيدىغانلار ئارىسىدا ، ئوتتۇنچىلاردىن شوپۇرلار تولا ئىدى . سالى سەي قورۇپ ، ئاش راسلاپ تىنىمىسا ؛ تاجىگۇل لەغمەن سوزۇپ ئىككى قولىنى تۆت قىلالمايۋاتاتتى . «كۇندە ھېيتمىدى ساڭزا يېگىلى ؟ خېرىدار دائىم مۇنداق جىق بولۇۋەر- مەيدۇ ! بۇمۇ خۇدانىڭ رەھمىتى !… ئالدىرا سالى ، بوش تۇرما تاجىگۇل !… » دەيتتى ئۇلار ئىچىدە .

«ئاشخانا» شۇنچە كەڭ بولۇشىغا قارىماي، قىستا - قىستاڭ، «ماڭا - ماڭا...» بۇ يەردە شىرەمۇ، ئورۇندۇقمۇ يوق. خېرىدارلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيەر - بۇيەرگە تاشلاپ قويۇلغان يۇلغۇن، توغراق كۆتەكلىرىدە ئولتۇرۇپ غىزالانسا، بەزىسى سىرتتا — «ئىشىك» ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ غىزالىناتتى. چىقىۋاتقانلاردىن كىرىۋاتقانلار كۆپ، غىزالىنىۋاتقانلاردىن نۆۋەت كۈتۈپ قازان بېشىدا ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقانلار كۆپ ئىدى...

ئالدىراش ئىشلەۋاتقان تاجىگۇل سىرتتىن كىرىپ كەلگەن ئېلاخۇن ئۇستامنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالدى - دە، قولىدىكى ئۈچ قاچا ئاش چىققۇدەك بىر تارتىم خېمىرنى قازانغا سېلىۋېتىپ، پەشەخۇن ئۇستىدىكى كۆتۈك ھېجىرلار ئارىسىدىن چىرايلىقراق بىرنى تاللاپ ئېلىپ پاكىز يۇدى. ئەمدىلا قازاندىن چىققان مەشۇتنىڭ نەختىدەك ئىنچىكە، مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان لەغمەن بىلەن ھېجىرنى توشقۇزۇپ، سەينىڭ گۆشلىرىنى تېرىپ سېلىپ، ئاچچىقسۇ - لازىسىنى تەڭشەپ «قول بالىسى» قىلىپ راسلىدى. يۇلغۇن چىۋىقلىرىدىن ياسالغان بىر جۈپ چوكىنى پەرتۇقى بىلەن ئېيتىپ ئاش ئۇستىگە سانجىپ، ئېلاخۇن ئۇستامغا ئىككى قوللاپ سۇندى. ئېلاخۇن ئۇستام بۇ يەرگە مەيلى قاق سەھەردە ياكى يېرىم كېچىدە كەلسۇن، تاجىگۇللەر ئۇنى قولىدىن كېلىشىچە چىرايلىق مېھمان قىلاتتى، بىر تىيىن پۇل ئالمايتتى. دۇنيادا سەۋەبسىز نەپرەت بولمىغىنىدەك، سەۋەبسىز مۇھەببەتمۇ يوق! ئوقۇرمەنگە ئايانكى، سالىلارنى ئاشۇ ئادەم مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەن. شۇنىڭدىن بېرى ئىزچىل ياردەم قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. «ئاشخانا» ئېچىش ئالدى بىلەن «موللىكام»نىڭ دەۋىتى - رىغبىتى بىلەن بولغان بولسا، ئۇنىڭ بۇگۈنكى ھالەتكە كېلىشىدە ئېلاخۇن ئۇستامنىڭ ئوينىغان رولىنى ھېچنەرسىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئوتياش - چۆنەكنى ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ بەرگەندىن تاشقىرى، تۆڭلاپ

ئەرزان باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. تېخى «ئاشخانا»نى قەشقەر شەھىرىدىكى ئىمارەتى ئېسىل، ۋېۋىسكىسى يوغان، ئەمما 200 يۈز گىرام تاماققا چەك ئالغان ئادەمگە 100 گىرام لەغمەننىڭ ئۈستىگە 100 گىرام قوناق مومىسى «خونچىلايدىغان» ئاشخانىلاردىن پەرقلەندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ شوپۇرلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، قوناق دىدارىنى يوللاتماسلىقنى تەكلىپ قىلدى ھەم ھەر قېتىم كەلگىنىدە، نەدىن تاپىدىكىن ـ تاڭ؟ تۆت ـ بەش خالتا زاۋۇت ئۇنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. ئۆزى كېلەلمىسە، كەسىپداش دوستلىرىدىن ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇستامنىڭ ئۈستىلىقى بىرگەپ، مۇھىمى، تاماق دېگەن ياخشى ئۇن، ياخشى گۆرۈچ، ياخشى خۇرۇچ بىلەن ئوخشايدۇ. ئۇن ئېسىل، خۇرۇچ خىل بولغاچ، شۇنچە ياشقا كىرگىچە ئۇماش ـ يوبدان، موندەك بىلەن ئاقئۇششاقتىن بۆلەك تائامنى ئادەمنىڭ ئاغزىغا تېتىغۇدەك قىلىپ ئېتىشكە قولى كۆنمىگەن تاجىگۇل قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا «قولى مەززىلىك تاجىگۇل لەغمەن» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، ئۇتۇن توشىغىلى كەلگەن شوپۇرلارنى لەغمىنىدىن بىر «قورساق» يېمەي تۇرۇپ بۇ يەردىن كېتەلمەس قىلىپ قويدى. شوپۇرلار ــ لۈكچەك مىجەز، تۈز ـ توغرا، قولى ئوچۇق ـ مەرد خەق. بەزى تەبىقە كىشىلىرىدەك بىر پۇڭنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ، ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ رەنجىتمەيدۇ. بىرەر نەرسە كۆڭلىگە ئەرزىپلا قالسا، بىر پۇڭلۇق نەرسىگە ئىككى پۇڭ تاشلاپ بېرىپ كېتىۋېرىدۇ.

تاجىگۇللەر مانا مۇشۇنداق بېيىغان!...

بۇنىڭ سەۋەبچىسى، ئېنىقكى، «موللىكام» بىلەن ئېلاخۇن ئۇستام!

كىشىلىك ھاياتتىكى ئۆزئارا مۇئامىلىدە بىر ئۇلۇغ ئىش، بىر قەبىھ ئىش بار. ئالدىنقىسى ــ ۋاپا، مېھىر ـ شەپقەت. كېيىنكىسى ــ جاپا، تۇزكورلۇق ـ خىيانەتكارلىق! ۋاپاغا جاپا

قىلىش — ئۆز نەپسىدىن بۆلەك ھېچنەرسىنى ئويلىمايدىغان؛ مۆرتى كەلگەندە نەپسىنى دەپ بىراۋغا قولدەك ئېگىلىپ، ئاياغ-لىرى ئاستىدا قورتتەك ئۆمىلىسە، نەپسى شۇنداقلا تويۇپ، پۇت - قوللىرىغا سەللا ماغدۇر كىرگەن ھامان ھاڭگا تېرەك[1]تەك غادىيىۋېلىپ، ئۆز ئاتىسىدىنمۇ سالام تەمە قىلىدىغان؛ دەريادىن ئۆتۈۋېلىپ كۆۋرۈكنى، ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ شوتىنى چۈۋۈۋې-تىدىغان؛ تۇرقى ئادەم، تەبىئىتى ھايۋانسىياق مەخلۇقلارنىڭ ياشاش مىزانى. جاپاغا ۋاپا بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش — كەم ئەقىل، غۇرۇرىغا ئېشەك تېپىۋەتكەن قول تەبىئەتلىك «بىچارە»لەرنىڭ جان ساقلاش مەنتىقىسى. ۋاپاغا ۋاپا قىلىشقا كەلسەك، ھەقىقىي ۋاپادار ئادەملەرلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى، مېھىر - شەپقىتىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولمايدۇ. يىقىلسا يۆلەنچۈكسىز، تېيىلسا تىيەنچۈكسىز قالمايدۇ. ئۆمۈر بويى ۋىجدان ئازابى تارتمايدۇ.

مانا بۇنداقلار ئادەمنىڭ ئادىمى. تەڭرىگىمۇ، بەندىگىمۇ ئەڭ يېقىن خاسىيەت ئىگىلىرى!

سالى بىلەن تاجىگۇل دەل مۇشۇنداق ئادەملەردىن. ئۇلار-نىڭ نەزىرىدە، ئاتا - ئانىسىدىن قالىسلا «مولۇلىكام» بىلەن ئېلاخۇن ئۇستام — تەڭرى ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاشقا ئەۋەتكەن بىر جۈپ «رەھمەت پەرىشتىسى!» بىر يىلدىن بېرى ئۇلار بۇ ياش ئەر - خوتۇنغا نۇرغۇن شەپقەت قىلدى، يۆلىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار بىلمەيدۇ. ئۇلار كىم؟ ئادەممۇ پەرىشتىمۇ؟ بۇمۇ نامەلۇم.

قىسقىسى، ئۇلار بۇ ئىككىسىنى ھەددى - ھېسابسىز «قەرز»گە بوغۇۋەتتى. بۇ «قەرز»نى تۆلىتىۋېلىش نىيىتى بار-مۇ يوق؟ بۇمۇ نامەلۇم. بىراق، بۇ ياش ئەر - خوتۇن كېچە

① ھاڭگا تېرەك — تېنى بۇرما شەكىللىك، ئۆزى تىك ئۆسىدىغان، يامغۇچى ئىنتايىن قاتتىق بىرخىل تېرەك. ھازىر باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىن باشقا يەردە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولسا كېرەك.

- كۇندۇز ئۇلارنىڭ «قەرز»ىنى تۆلەش غېمىدە . قانداق قىلىپ ياكى نېمىسى بىلەن ؟

پۇل تەڭلەشكە تېخى بولمايدۇ ، يىرىقىنى يېقىن قىلىپ بېرىشنىڭ ئامالىمۇ يوق . «ئۆي»دە بىرەر كېچە قوندۇرۇپ ، بىرەر پاقلاننىڭ بېشىنى كېسىپ ، ئوبدان بىر مېھمان قىلىپ قويۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس . هازىر ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت بىرلا ئىش — ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تائاملارنىڭ بۇرنى - چېچىكىگە ئۇلارنى ئېغىز تەگكۈزۈپ ، مۇشۇ بىپايان چۆلدىمۇ ئائىلە تامىقىنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلىپ تۇرۇش .

ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى هازىرچە ئاران مۇشۇ . قارىغاندا ، ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن رازى . پەيتى كەلسۇنچۇ ، ئۇلار ئۇلارنىڭ «قەرز»ىنى قانداق قايتۇرۇدىكىن ! ؟ ئۆمۈر قىسقا ، كۈنلەر تولا ، يىللار ئۇزۇن... هاياتلا بولىدىكەن ، هېچكىمنىڭ «قەرز»ى هېچكىمدە قالمايدۇ ! مۇھىمى ، نىيەت توغرا بولسا... ئۇلار چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى ، مۇنداق پەيت چوقۇم كېلىدۇ !...

تەبىئەتتىن ، جەمئىيەتتىن ، ئادەملەردىن «قەرزدار»لىق تۇيغۇسى بولمىغان ئادەمسىياق مەخلۇقلارنى هاياتلىق دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەك ! ! !

ئېلاخۇن ئۇستام تۈنۈگۈن كۈن ئولتۇرغان چاغدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن . كېچىچە كابىنكىدە تۈنىدى . «مولليكام» بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىرەر مۇھىم ئىشى بارمىدىكىن - تاڭ ؟ ئاپتوموبىلغا پەۋەس ئوتۇن قاچىلاپ قويۇلغىنى نىكەم . قارىغاندا ، «مولليكام» بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن قايتىدىغان ئوخشايدۇ ... «مولليكام» بۇ يەردىن ئايرىلىدىغان چاغدا ، سالى بىلەن تاجىگۇلگە : «باللىرىمغا ئىككى - تەپۇل تاشلاپ بېرىپ كېلەي... » دېگەنىدى . ۋەدىسى بويىچە ، تۈنۈگۈن يېتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى . نېمە بولدىكىن ؟ شۇ چاغقىچە يوق . ئەتىگەن ناشتىدا ، ئېلاخۇن ئۇستام ئۇلارغا : «مولليكام ئالاقىلىشىدىغان ئادىمىنى

تاپالماي، ئۆيى تەرەپكە ئۆتۈپ سېلىپ، ئىز قوغلاپ يۈرگەن مىنبېگىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىمۇ يا!...» دەپ سېلىپ، ئارقىدىن ئۆزىنى بىرمۇنچە قارغاپ كەتتى ۋە يوغان بىر تال تاماكا يۆگەپ، قاتتىق ـ قاتتىق نەچچە قېتىم شورىۋالغاندىن كېيىن، قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا بىر كىرىپ كەتكەنچە، ئەمدى بويىنى كۆرسەتتى. ئادەتتە «ئاشخانا»غا كۈلۈپ كىرىپ، كۈلۈپ چىقىپ كېتىدىغان بۇ ئادەم قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئويۇن ـ چاقچاقلارغا نەزەر ـ گۇزىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ تاماق يېيىشىنى قاراڭ، خۇددى ئون كۈن بىتابلىق تۇشكىدە ياتقاندەك سۇلەي ۋە روھسىز...

غەم ـ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان تاجىگۇل ئاش سوزدىمۇ ياكى ئاش ئۇنى سوزۇۋاتامدۇ؟ ئاياغلىرى چىگىقلىپ ئاغرىپ، ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى قالمىدى. قورسىقىدا بالىسىنىڭ بىردەممۇ شۇك تۇرماي تېپىپ، ئۇسسۇپ، مۇشلاپ ئارام بەرمەيۋاتقىنىنى دېمەيسىز تېخى!...

ئەستا... ئەگەر شۇ تاپتا ئون ـ يىگىرمىدەك شوپۇر ئۇنىڭ لەغمىنىگە ئىشتىھا ساقلاپ، بېشىدا دېۋەيلەپ تۇرمىغان بولسا، ئېھتىمال، ئۇ ئاللىقاچان سالىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپلا «ئۆي»گە چىقىپ، ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلاپ سوزۇلۇپ يېتىۋالغان بولاتتى. بولۇپمۇ ئېلاخۇن ئۇستام بولمىغان بولسا...

«غەيرەت قىل، تاجى! چاندۇرما!...»

تۇيۇقسىز، سىرتتا كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تاجىگۇلنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى. ھايال ئۆتمەي، تاشقىرىدىن «قانات ياساپ ئۇچۇپ» كىرگەن غەلىتە بىر شۇمخەۋەر تاجىگۇلنىلا ئەمەس، ھەممە ئادەمنىڭ يەۋاتقان تامىقىنى زەھەر ـ زەققۇم[1] قىلىۋەتتى. خەۋەر يەتكۈزگۈچىنىڭ ئېيتىشىچە، يۇقىرىدىكى ئوتتۇنلۇقتا تازغۇنلۇق ئاتا ـ بالا پومېشچىك بىر بولۇپ،

① زەققۇم — «قۇرئان كەرىم»دە يېزىلىشىچە، دوزاختا ئۆسىدىغان بىر خىل زەھەر ئىشلەپچىقىرىدىغان دەرەخ.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ قايسىبىر دادۇي سېكرېتارىنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەن ، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن يۈزلىگەن ھەربىي ئوتتۇنلۇققا بېسىپ كېلىپ ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەم-نى تۇتۇپ ، باغلاپ ئەكېلىۋاتقۇدەك . ئۇزۇنغا قالماي بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ «تۇت ـ تۇت» قىلىمىش...

قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلار يېقىلغۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ئوتتۇنلۇققا نەزەر تاشلاپ ، تۈركۈم ـ تۈركۈم ئاپتوموبىل-لارنى ئەۋەتىشكە باشلىغاندىن بېرى ، بۇ يەر نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم ئادەملەر توپىنىڭ «پۇل كولايدىغان كان»ىغا ، جان ساقلايدىغان بىخەتەر ئارامگاھىغا ئايلىنىپ قالغانىدى . ئۇلار يۇرتداشلىق ، مەسلەكداشلىق ، تونۇش ـ بىلىش... لىكنى ئاساس قىلىپ توپلىشىپ ، بىرەر جايىنى تاللاپ ماكانلىشىپ ، قۇم بار-خانلىرى ئاستىدا نەچچە ئەسىرلەپ كۆمۈلۈپ ياتقان يۇلغۇن ، توغراقلارنى كولاپ چىقىرىپ ، ئۇدۇللۇق كەلگەن ئاپتوموبىللار-غا ئۇدۇللۇق بېسىپ بېرىپ ، شەھەر خەلقىنىڭ يېقىلغۇ ئېھتىيا-جىنى قامدايتتى . ئۆزلىرىمۇ ئاز ـ تولىدىن پۇللۇق بولۇپ قالاتتى . ئۇلار دەسلەپ يول بويلىرىغا مەخسۇس ئادەم تۇرغۇ-زۇپ ، شوپۇرلارنى ئۆز تۇرالغۇسىغا باشلاپ كەلگەن بولسا ، كېيىنچە ، شوپۇرلارنىڭ ئۆزى ىىمالال تېپىپ كېلەلەيدىغان بول-دى . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بېشىدىلا تارتىپ چىقىرىلغان زور تۈركۈم «ئۆزى ھارام ، كۈچى ھالال» مەخلۇقلار ، يەنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» بىلەن «جىن ـ شەي-تانلار» توپ ـتوپى بىلەن يالاپ ئەكېلىنىپ ، ئۆز ئىدارە — ئۆز ئورگانلىرى ئۈچۈن ئوتۇن كولاشقا سېلىنغاندىن بۇيان ، بۇ يەرنى شوپۇرلار تۇرماق ، كىچىك بالىمۇ تېپىپ كېلەلەيدىغان «قوغۇنلۇقنىڭ يولى» بولۇپ قالدى . «ئوتتۇنلۇق» دەپ ئاتىلى-دىغان بۇ زېمىننىڭ كۆلىمى زادى قانچىلىك ؟ ئوتۇنچىلار توپلى-

شىپ ھەرىكەت قىلىدىغان نۇقتىدىن زادى قانچىسى بار ؟ بۇنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك . چۈنكى ، ھۆكۈمەت قانداقتۇر «موللىكام»لارنى بۇ نۇقتىلارغا «مۇئەككەل» قىلىپ تەيىنلىمىگەن . شۇڭا ئۇلار «ئىگىسىز كان»لارنىڭ «يۈگەنسىز خوجايىن»لىرى . ئەمما ، مارالبېشىغا يېقىن جايلارنى خەلق ئەسكەرلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ غادىر - سۇكۇر قىلىپ تۇرىدۇ . ئاساسلىقى ، قىمار سورۇنلىرىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ ، قىمارۋازلارنى باغلاپ ئۇرۇپ ، تاۋىكادىكى پۇللارنى مۇسادىرە قىلىپلا كېتىپ قېلىشىدۇ . «موللىكامنىڭ ئوتتۇنلۇقى» ھازىرغىچە مۇنداق چېقىل - چۇقۇلغا ئۇچراپ باقمىدى .

ئوتتۇنلۇقتا قاتىللىق يۈز بەرگەنلىكمۇ ، ھەربىيلەرنىڭ ئوتتۇنلۇققا بېسىپ كىرىپ «تۇت - تۇت» قىلىشىمۇ تېخى تۇنجى قېتىم . ھەممىدىن يامان بولغىنى قاتىللار قېچىپ كېتىپتۇ . ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ، ئارمىيە چوقۇم بۇ يەرگىمۇ بېسىپ كېلىدۇ . ئۇ چاغدا...

ئوتتۇنچىلارنى غەم باستى . رەڭگىنىڭ قېنى قېچىپ ، پۇت - قولىدىن ماغدۇر كەتتى . «موللىكام» گويا ئۆزلىرىنىڭ ئەشەنچلىك سايىۋىنى ، ئۆزلىرىنى ئارمىيىنىڭ «تۇت - تۇت» قىلىشىدىن ساقلاپ قالالايدىغان «سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ قالپىقى»دەك ھەممىسى تەڭ ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى . سالى بىلەن تاجىگۇل ئاغزىدىن چىقىرىشالمىغان بولسىمۇ ، كۆڭلىدە ئۇنى سېغىنىپ ئەسلىشىۋاتاتتى . ئەگەر راستتىنلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغۇدەك بولسا ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلەلمەي ، ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئۆرلەپ ، يىلاندەك تولغىنىپ كېتىشىۋاتاتتى...

بولغۇلۇق بولدى . ئوتتۇنچىلارنىڭ بەزىسى شوپۇرلارغا يېلىنىپ ئاپتوموبىللارغا ياماشتى ، بەزىسى پىيادە بېشى قايغان تەرەپكە پىتىراشقا باشلىدى . بۇ يەرنىڭ جاپاسىدىن تۇرمىنىڭ

قاراڭغۇ ئۆيلىرى بىلەن ئۈچ ۋاخ بىكارلىق تامىقىنى ئەلا بىلىدۇ-
غان ئەمما تۇرمىگە كىرگۈدەك بىرەر ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان
سەككىز - ئون سەنناسى ــــ يالاڭتۆش بىلەن سالى ، تاجىگۇللا
قالدى .

ــــ مۇنداق قىلايلى ــــ دېدى بىرەر سائەتتىن كېيىنكىزى بىر قاچا
لەغمەننى تەتۈر كۆشكەچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئېلاخۇن
ئۇستام . «ئاشخانا» دا ئاشۇ ئۇچەيلەنلا قالغانىدى ، ــــ سىلەرنى
بۇ يەرگە تاشلاپ كەتسەم مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن ، سىلەرمۇ
جان باقالمايسىلەر . بۇ يەردە ئوتتۇنچىلار بولمىغاندىكىن ، مېنىڭ
بۇ تەرەپكە كەلمىكىممۇ ناتايىن . مولليكامنىڭ نېمە بولغانلىقى-
نىمۇ بىلەلمەيدىغان ئوخشايمىز... مەن جىق ئويلاندىم . گېپىمگە
كىرسەڭلار ، ماشىنامغا چىقىپ بۇ يەردىن كېتىڭلار . قولۇڭلاردا
تونۇشتۇرۇشۇڭلار بولغاندىكىن ، يا چوڭ يولدا بىرەر تونۇش
شوپۇر ئۇچراپ قالسا ماشىنىسىغا سېلىپ قويىمەن . يا بولمىسا ،
قەشقەرگە ئالغاچ كېتىپ ، ئۆيۈمدە بىر مەزگىل تۇرغۇزۇپ ،
ئىشەنچلىك بىر ئاغىنەمگە قوشۇپ ئۈرۈمچى تەرەپكە يولغا سې-
لىپ قويىمەن... تاجىگۇلغۇ ھېچنېمە بولمايدۇ ، سىلە بۇ يەردە
تۇتۇلۇپ قالسىلا...

ئېلاخۇن ئۇستام ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بىلىدى-
غان ئىككىنچى ئادەم ئىدى . ئۇ ئىلگىرىكى ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى-
نى بىلدى . شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلاردىن يىرگىنىش ، ئۆزىنى
قاچۇرۇش ئورنىغا ، ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ، ئۆز پەرزەنت-
لىرىگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدىغان بولۇپ كەتتى . بۇنىڭدىن ئۇلار
تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىشتى . ئۇلار ھەتتا «موللىكام»
بىلەن ئۇنى «بىرەر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى
بولسا ، مۇشۇنداق يېقىنچىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق سالىنى
ئۆزىگە تارتماقچىمىدۇ ؟ » دەپ گۇمان قىلىشقان چاغلىرىمۇ بول-
دى - يۇ ، ھەر ئىككىسى ئىچىدە بىلىشتى . كېيىنكى ئەمەلىيەت

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىلىۋاتقىنى قانداقتۇر مەقسەتلىك «ياردەم» بولماستىن، بەلكى «قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنۇق بىلىدۇ» دېگەندەك، ئەقەللىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا، ئاشۇ گۇمانىنى بىر ـ بىرىگە ئېيتىشىپ بىر هازا قاقاقلاپ كۈلۈشتى. تېخى قىزىقچىلىقتا «موللىكام»غا دەپ سالغىلى تاس قېلىشتى...

مانا هازىر سالىنى تۇرمە، تاجىگۈلنى تۇغۇت «جېگى» كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭسىزمۇ، بۇ يەردە ئۇلارغا يا قىلىدىغان ئىش، يا تاپىدىغان پۇل يوق. يېنىدا نەق بار پۇلىنى ئۈچ ـ تۆت يىل بىكار يېتىپ يېسىمۇ يېتىدۇ. ئۇلارغا كېرىكى خاتىرجەم ماكان!

ئۇلار «ئاشخانا»دا ساقلىنىۋاتقان ئۇن، گۈرۈچ بىلەن ياغ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئاپتوموبىلغا باستى ـ دە، «ئاللا ـ رەببىم» دەپ يولغا چۈشتى...

قارىماسىز بۇ ئامەتنى! ئۇلار ئۇرۇمچى ـــ قەشقەر تاشيولىغا چىقىپ، قەشقەر تەرەپكە ئون كىلومېتىرچە ماڭدى ـ ماڭمىدى، قەشقەر تەرەپتىن پاختا بېسىپ كەلگەن پولشىنىڭ چوڭ كابىنكىلىق ئاپتوموبىلىغا يولۇقتى. ئىككى ئاپتوموبىل تەڭلا توختاپ، شوپۇرلار كابىنكىدىن چىقىشتى. ئۇلار بىردەم نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەندىن كېيىن:

ـــ ماشىنىدىن چۈشۈڭلار، ـــ دېدى ئېلاخۇن ئۇستام سالى بىلەن تاجىگۈلگە قاراپ كۈلۈپ. «پولشا»نىڭ شوپۇرىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ـــ تەلىيىڭلار ئەجەب ئوڭ كەلدى! ئىتتىك ماۋۇ ماشىنىغا چىقىڭلار!...

پاختا توشۇلۇدىغان ئاپتوموبىللارغا ئادەم سېلىش رۇخسەت قىلىنمىغاچ، كابىنكا پۈتۈنلەي بوش ئىدى. سالى بىلەن تاجىگۈل مېهمانخانىدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرغاندىن تاشقىرى، يوتقان ـ كۆرپىسىمۇ چۇلدۇڭلاپ قالدى.

— ئۇن بىلەن گۈرۈچنىمۇ ئېلىۋېلىڭلار! — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى ئېلاخۇن ئۇستام، — يۈك بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئېقىل ئاخۇن ئۇستام يا يولدا پۇل قىلىپ بېرىدۇ، يا ئۈرۈمچىدە سىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان ئۆيگە تاشلاپ بېرىدۇ...

ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنمەي بولمىدى...

يول — باش - ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان قىقىر ساي... زىرائەتلىرى ئورۇۋېلىنغان ئېتىزلار، باغلار... يۇرت - مەھەللە، يېڭىلا خازان تاشلاپ، ھۆسۈن - جامالىدىن، مېۋىسىدىن ئايرىلغان مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخلەر...

ئاقسۇ، كۇچا، بۈگۈر، كورلا، كۆمۈش... ھەممىسى ئارقىدا قالدى. «ئايغىر بۇلاق» تاغلىرى ئىزغىرىن شاملى بىلەن ئۇلارنى ناھايىتى سۆرۈن كۈتۈۋالدى. ھاۋا بۇزۇلۇپ، يامغۇر ياكى قار ياغىدىغاندەكلا قىلاتتى... ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى ئاستىلىدى. تاجىگۈلنىڭ ئەتىگەندىن بېرى بەزى تولغاپ، بەزى سانجىپ ئاغرىپ قويۇپ يەنە جىمىپ كېتىپ، بىر دەم جىمىپ يەنە ئاغرىپ تۇرغان قورسىقى شۇنداق قاتتىق، شۇنداق ئۇزۇلمەي ئاغرىپ كەتتىكى، تاجىگۈلنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، جىمى ئەزاسى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتى... سالى مۈگدەپ - مۈگدەپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تاجىگۈل ئۇنى ئويغاتماسلىق، شوپۇرنى چۆچۈتمەسلىككە ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، دوۋۇسۇننىڭ بېشى ھازىرلا «ۋاققىدە» يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭ قىلىپ، چىشلىرى ئارىسىدىن: «ئىم - م - م...» دەپ چىرقىرىۋەتتى. سالى چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئېقىل ئاخۇن ئۇستام ئاپتوموبىلنى قاتتىق تورمۇزلىدى. ئەمدى يوشۇرغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغانىدى. تاجىگۈل ئۈننى قويۇۋەتتى. ئەتىگەننىڭىزى تارتقان ئازابىنىمۇ چالا - پۇچۇق دەپ تاشلىدى... ئۇيانمۇ تاغ، بۇيانمۇ تاغ؛ ئاپتوموبىل، ئىككى ئەركەك...

ئۇلارنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن ! ؟

بۇ يەردە سەللا هايال بولسا ، قاراڭغۇ چۈشكىچە تاغ ئارىسىد-
دىن چىقىپ بولغىلى بولمايدۇ ! ئېقىل ئاخۇن ئۇستام بۇنى
ئاللىقاچان مۆلچەرلەپ بولغان··· ھەيدە ، شوپۇر !···

— غەيرەت قىلىسىلا ! — دېدى ئېقىل ئاخۇن ئۇستام
كۆزلىرىنى يولدىن ئۈزمەي ، — توقسۇن تەۋەسىگە يېتىۋالساقلا
تۇغۇت ئانىسى تېپىلىدۇ···

ئاپتوموبىل قوزغالدى . ماتورنىڭ گۈركىرىشى ، تاجىگۇل-
نىڭ دەم بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ ئىنجىقلىشى ، دەم چىشلىرىنى
ئەسەبىيلەرچە كاراسلىتىپ چىرقىرىشى ، سالىنىڭ ھېلى ئۇنى
يۆلەپ ، ھېلى ياتقۇزۇپ ، ھېلى يوتقان - كۆرپىلەرنى چۈۋۈپ ،
ئۇنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىگە قىستۇرغاچ تەسەللى ئېيتقانلىدىكى يىغ-
لامسىرىغان ئاۋازى قوشۇلۇپ ، ئاسمانغا باش تىرەپ تۇرغان
بەھەيۋەت تاغلارنى زىلزىلىگە سېلىپ تەۋرىتىۋېتىپ بارامدىكىن -
تاڭ ؟ گۇلدۇر - غالاپ ، قىيا - چىيانىڭ دەستىدىن ئاپتوموبىل
ئىچى قىزىل - قىيامەتكە ئايلاندى . تاجىگۇل ھەرقانچە غەيرەت
قىلىپ ، ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ لەۋلىرىنى چىشلەپ قاند-
تىۋەتكەن ، ھەتتا ئىككى قولى ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىۋاتقان
بولسىمۇ ، ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نىدانى زادى
توسۇۋالالمايتتى··· تاجىگۇلنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن چىققان غەلىتە
ئاۋاز سالىنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىۋەتتى .
ئەدەپ - ھايا يۈزىسىدىن ، تاجىگۇل تەرەپكە بىر قېتىممۇ قاراپ
قويمىغان شوپۇرمۇ چۆچۈپ كەينىگە بىر قارىۋېتىپلا ئاپتوموبىل-
نى تېزلەتتى .

بالىنىڭ باش سۇيى يېرىلغانىدى . تاجىگۇلنىڭ بېلىنىڭ
تۆۋىنى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى . سالىنىڭ پاختىلىق
شىمى ، قونجلىق بەتىنكىسىمۇ «مايلاندى» . ئۇلىشىپلا سىم -
سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى···

ئاپتوموبىل بىر سائەت ماڭدىمۇ؟ بىر كۈنمۇ ياكى بىر يىلمۇ؟ قاش قارايغان چاغدا، بىر قاپتالدا توختىدى. يامغۇر خىلىلا ئەدەپ قالغانىدى. تاجىگۈل جان ئاچچىقىدا شۇنداق قاتتىق چىرقىرىدىكى سالىغا ئاسمان ئۆكتۈرۈلۈپ، تاغلار گۈمۈرۈلۈپ چۇشۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، نەزىرى تاجىگۈلنىڭ بېشىدىن هالقىپ، تاغنىڭ قاپتىلىغا تىكىلدى.

— چىراغ؟!

— ئۇستام، ئايەردە چىراغ تۇرامدۇ نېمە؟!

— هەئە، — دېدى ئېقىل ئاخۇن ئۇستام كابىنكىدىن چۈشۈۋېتىپ، سارىخاننىڭ ئۆتىڭگە كەلدۇق. تاجىگۈل مىشەدە يەڭگىسۇن...

تاجىگۈلنى قول - قول كۆتۈرۈپ كابىنكىدىن ئېلىشتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىڭرىشىغا ئادەم تۇگۇل، تاغۇ - تاشلارمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى...

ئاپتوموبىلنىڭ ئاۋازى ياكى تاجىگۈلنىڭ نىداسى قۇلىقىغا يەتتىمۇ، تاغقا چاپلاپ سېلىنغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر ئادەمنىڭ سايىسى كۆرۈندى.

ئۇ — سارىخان «ئۆتەڭ» ئىدى!

ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى هەم:

— مەيەگە ياتقۇزۇڭلار، — دەپ، ئورۇن سېلىقلىق كارىۋاتنى كۆرسەتتى. تاجىگۈل ياتقۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە شۇنداقلا بىر قاراپ، — ۋاي خۇدايىم، بالىنىڭ بېشى چىقىپ بولۇپتۇ ئەمەسمۇ!...

قانداق باغرى قاتتىق خەق بۇ! «تۇغالماي بىر نېمە بولۇپ كەتسە قانداق قىلارمىز» دېمەي، بىچارىنى ماشىنىسىغا سېلىپ سۆرەپ يۈرۈشكىنىنى!... — دەپ چېچىلىپ كەتتى.

يا سالى، يا ئېقىل ئاخۇن ئۇستام ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى. تاجىگۈل يىلاندەك تولغىنىپ، تېخىمۇ قاتتىق ئىڭراپ

كەتكەندى .

— قايسىڭلار ئېرى ؟ — دېدى سارىخان «ئۆتەڭ» ئىك-كىيلەنگە تەڭ تىكىلىپ ، — ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋەتمىسەك ، بالىنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىمىز…

— مەن ، — دەپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى سالى .

— مەن ماڭاي ، — دەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى شوپۇر . مۇشۇ يامغۇردىمۇ ؟ — سارىخان «ئۆتەڭ» نىڭ بىر كۆزى تاجىگۇلدە ، بىر كۆزى شوپۇردا ئىدى ، — ياندىكى ئۆينى ئېچىپ بەرسەم ، بۇگۇنچە قونۇپ ، ئەتە ماڭسىلا بولمامدۇ !

— كېچىچە ئۇرۇمچىگە بارالمىسامىمۇ ، توقسۇنغا يېتىۋال-مىسام بولمايدۇ ، — شوپۇر چۈشەندۈردى ، — ھېلىمۇ بىر كۈن كېچىكتىم ، يەنە كېچىكسەم تەشكىلدىن تەنقىد ئىشتىمەي-غان گەپ… سالىجان ، ئۇننى ئەپكىرىۋېتەمدۇق ؟…

ئۇلار سەككىز خالتا ئۇن ، ئىككى خالتا گۈرۈچ بىلەن بىر تۇڭ ياغنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ ، سالى شوپۇرنى ئۇزاتقىلى چىقىپ قايتىپ كىرىشىگە ، بوۋاقنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋا-زى ئۆينى بىر ئالدى .

بالا ئوغۇل ئىدى !…

ئۇچىنچى كۈنى ئۇنىڭغا «سەپەرجان» دەپ ئات قويۇشتى . چۈنكى ئۇ سەپەر ئۈستىدە تۆرىلىپ ، سەپەر ئۈستىدە تۇغۇلدى . بەلكى يەنە سەپەر ئۈستىدە چوڭ بولار ؟ !…

# ياۋاشقا يامان ···

ئۆجمە تومۇزى . هاۋا ئوچۇق ئەتىگەن .

هويلا كۆنلۈك يېپىلغاندەك سايە . قۇشقاچ قونغان ئۆجمە شاخلىرى بىرەر - بىرەر مىدىرلاپ قويىدۇ . يۇقىرىدىن — ئۆگزىگە قولنىڭ ئۇچىدىلا قوندۇرۇلغان مەنزەر ئۆيدىن — توختىماي چىقىۋاتقان كىيىم تىكىش ماشىنىلىرىنىڭ شالدىر - شۇلدىرى ···

— ۋيەي··· كەلسىلە بالام ! — قۇشقاچ تاشلىغان ئۆجمىلەرنى سۈپۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئەمدىلا سۈپۈرگىنى قولىغا ئالغان روزىخان دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن سوپۇر ئاخۇننى كۆرۈپ هەيرانلىقىنى باسالماي قالدى ، — «كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋاتامدىكىن» دەپتىمەن ···

— تىنچ تۇرلىمۇ ، ئانا ؟ دادام تىنچلىقتۇ ؟

— خۇداغا شۈكۈر ، — سوپۇرئاخۇن هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ، روزىخان بىلەن روبىرو بولدى . ئۇيقۇسىزلىقتىن بولسا كېرەك ، سوپۇرئاخۇننىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، سەل قىزىرىپ قالغان بولسىمۇ ، تەبەسسۇمى بۆلەكچە نۇرلۇق ئىدى ، — گۈلزار بىلەن ئىززەتگۇل ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ··· هوي دادىسى ، سوپۇر ئاخۇن كەلدى ! ···

— مانا هازىر···

تاشمەتخان ئۇستام تاختا شوتىدىن كۆلۈمسىرەپ چۈشۈپ كەلگەندە ، سوپۇر ئاخۇن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ ، قوللىرىنى هۆرمەت بىلەن قىستى .

— تىنچ تۇرلىمۇ، بالام؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟...
تاشمەتخان ئۇستامنىڭ چىرايى سەل جىددىيلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى. چۈنكى، سوپۇرئاخۇن تېخى ئۇلۇشكۈن كەچقۇرۇن بۇ يەردىن كەتكەن. بىرەر جىددىي ئىشى بولمىسا، يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىشى كېرەك ئىدى.
سوپۇرئاخۇن بۇنى سەزدى ۋە قىسقىلا جاۋاب بەردى:
— ياق، گۈلزارغا مەسلىھەت سالىدىغان بىر ئىش چىقىپ قېلىپ...
«خوتۇنۇڭ بىلەن بالاڭنى سېغىنىپ تۇرالماي قاپسەن - دە!
... گۈلزارغا مەسلىھەت سالىدىغان بىر ئىش چىقىپ قېلىپ...، دەپ دۇدۇقلايدۇ تېخى!... ھەي ياشلىق، ھەي - ھەي ياشلىق!...
‹ئۈنسۈر›، بولۇپ قالمىغان بولسام، شۇ چاغدىكى ئاچچىقىمدا ئىككىڭنى ئايرىۋېتىپ، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق قىساسىڭغا قالىدىكەنمەن، ئىككىڭنىڭ!...»
تاشمەتخان ئۇستام ئىچىدە شۇنداق دېگەچ، سوپۇر ئاخۇننى بىر چاغدا ئابلەتجان مۇئەللىملەر ئولتۇرغان ئۆيگە باشلىدى. بۇ ئۆي ھازىر ئۇلارنىڭ مېھمانخانىسى. سەرخىل — يېڭىچە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. ئەتىۋارلىق مېھمان كېلىپ قالمىسا، ئىشىكى ھەپتە - ئون كۈنلەپ ئېچىلمايدۇ. ئەڭ ئەتىۋارلىق مېھمان — سوپۇر ئاخۇن. مەيلى ئۇ كۈندە ياكى ھەپتە - ئون كۈندە بىر كەلسۇن، ئۇدۇللا مۇشۇ ئۆيگە باشلىنىدۇ. ئىززىتى، ھۆرمىتى، مەئىشىتىمۇ ئۆزگىچە...
گۈلزار تۇغۇتلۇق...
ھە!... بۇ؟...
شۇنداق، گۈلزار ئۈچىنچى پەرزەنتى ئىخلاسجانغا تۇغۇتلۇق!... ئۇ بۇ بالىسىنى تۇغۇشتىن ھەپتە ئىلگىرى، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بېرى مۇشۇ ئۆيدە. «ئىككى بالاڭنى مۇشۇك ئاسلانلىغاندەك ئۇدۇل كەلگەن يەردە تۇ-

غۇپ ، ئىززىتىگىمۇ بولمىدى . تۇغۇتتىن قوپقۇچە ، قۇۋۇزۇك تولغۇدەك گۆش ، ئۇچىيىڭ ياغلاشقۇدەك ياغ كۆرمەي ، مىڭ جېنىڭنىڭ بىرى قالدى . مەنمۇ تۇزۇك نەۋرە كۆرگەندەك بولمىدىم… بۇداقى بالاڭنى دوختۇرخانىدا ئۆزۈم تۆپىدە تۇرۇپ تۇغدۇرۇپ ، بالاڭ بىلەن ئۆزۈڭنى قولۇمچە بىرەر ئاي بېقىۋالاي . ئاندىن ئۆز قولۇم بىلەن «قىرىق توقىچى» يېقىپ ، ئوخشىتىپ هالۋا ئېتىپ قىرقىنى چىقىراي . ئۇرۇق - تۇغقان ، ئەهلى مەهەللىگە ئوبدان چاي بېرىپ بۆشۈك توي قىلىپ ، دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا سەن بىلەن سوپۇر ئاخۇننىڭ تازا ئوبدان ئىززىتىنى قىلىپ ، چىرايلىق ئۇزىتىپ قوياي . گېپىمگە كىرمىسەڭ… »

سوپۇر ئاخۇن قانداقكىن ؟ گۇلزارنىڭ مەقسىتى مۇشۇ ئىدى ! خۇشاللىقتا ئانىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە نەچچە ئوننى سۆيۈۋەتتى…

تۇغدى . ئانىسى ، دادىسى ، سوپۇرئاخۇنلار ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقىنى ياكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم تۇغۇپ بولغىنى ئۇچۇنمىكىن ، يۈرىكى پۇتۇن ، كۆڭلى توق هالدا ئاسانلا تۇغۇۋەتتى . بەكمۇ ئاسان ، بەكمۇ ئاسان ، هەتتا ئىلگىرىكى بالىلىرىدىن ئون هەسسە ، يۈز هەسسە ئاسان تۇغۇۋەتتى . بالىسىنىڭ يەرگە چۈشۈپ بېلىقتەك پىلتىڭلاپ ، «ئىڭەڭە»لەپ يىغلاپ ياتاقنى بېشىغا كىيگىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ، راستىنلا تۇغۇپ بولغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى… هازىر ئوغلى بىر ئايلىق بولاي دەپ قالدى . هەم ساغلام ، هەم بودەك . قولغا ئېلىپ ئەركىلەتسە ، «هىڭ - هىڭ» كۈلىدۇ . تاشمەتخان ئۇستام بىلەن روزىخانلار ئۇنى كۆنبويى قولدىن چۈشۈرمەيدۇ . كېچىلىرى روزىخان ئۇنىڭ بۆشۈكىنى قۇچاقلاپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ . گۇلزارنى ئېمىتىشتىن بۆلەك ئىشقا قول تىققۇزمايدۇ . تېخى هەر قېتىم ئېمىتىش ئالدىدا ، پاكىز لۆڭگە بىلەن ئىسسىق سۇ

تەييارلاپ : «ئەمچىكىڭنى پاكىز يۇ . بولمىسا بالاڭ گالۋاڭ ئادەم بولۇپ قالىدۇ !··· » دەپ بېشىدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋالىدۇ . «بالا چەتنەيدۇ» دەپ ، گۇلزار ياتقان ئۆيگە ئاسانلىقچە بىركىمنى كىرگۈزمەيدۇ . «يوقلاق» ئېتىپ كېلىپ تۇرغان داستىخانلار- نىڭ تولىلىقىدىن يېگىلى ئېغىز ، قارىغىلى كۆز يوق . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ جىددىي ئىشى — ناماز بامداتتىن يېنىپلا قاسساپ چۆپقەتلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، هازىرلا سويۇل- غان ئېرىك قوينىڭ مۇشەك گۆشى بىلەن بويۇن گۆشىدىن بىر- كىلوگرام ئەكېلىپ ، خوتۇنىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش (ئانىسى بۇگۇن گۆشنى تويغۇدەك يەپ ، شورپىسىنى ئىچىپ بەرسە ، بالىنىڭ بويۇنى بالدۇر تىكلىنەرمىش )···

گۇلزارنىڭ هازىرقى تۇرقىنى كۆرگەن هەرقانداق ئادەم ئۇنى تۇغۇتلۇق ئايال ئەمەس ، بەلكى يېڭىلا تويى بولغان چوكان ياكى تازا رەسىدە بولغان قىز دەپ قىياس قىلىشى چوقۇم . بىراق ، روزىخاننىڭ نەزەرىدە ، ئۇ يەنىلا «ئۇگە - ئۇگىلىرى شالاقلاپ ئاجراپ ، قۇيۇچتەك ئېتى سۇدەك ئېرىپ كەتكەن» تۇغۇتلۇق ئايال . شۇڭا ئۇنى توق - توق ، قۇۋۋەتلىك - قۇۋۋەت- لىك يېگۈزۈپ ، قولىنى سوغۇق سۇغا تەگكۈزمەي ئارام ئالدۇر- مىسا ، كېسەل چېپىلىۋالىدۇ ياكى ئالتە كۇندە پەيكىرى كېتىپ مومىگىل بولۇپ قالىدۇ··· تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، ئۆ- زى پوق - سۇيدۇككە چۆمۇپ كەتسە رازى بولدىكى ، گۇلزارنى ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ هاجەتكە چىققىلى قويمىدى .

روزىخان مانا مۇشۇنداق قارنى - كۆكسى كەڭ ، پەرزەنتلى- رىگە ئۆز جېنىدەك ئامراق ۋە مېھرىبان ئانا . ئەپسۇس ، باللار- مۇ ئۆزلىرىگە ئۇلارنى ئۆرنەك قىلىپ ، ئۇلارنىڭ سىڭدۇرگەن ئەجرىنىڭ يۇزدىن ، مىڭدىن بىرىنى قايتۇرسا كاشكى !···

سوپۇر ئاخۇن كىرسە ، بۇ ئائىلە بايرام تۇسىنى ئالىدۇ (بولۇپمۇ تاشمەتخان ئۇستامغا شۇنداق ) . تاڭنۇرنىڭ تويى بول-

غىلى بەش يىلغا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ ، قورسىقى ئەمدىلا يەتتە ئايلىق بولدى ، ئېرى پازىل ھاجىم بىلەن ياغ بىلەن بۆرەك-تەك ئامراق . قۇدا - باجىلار تېخى... يامان يېرى — كۈيئوغۇل باي بالىسى بولغاچقىمۇ يۈرۈش - تۇرۇشى ئالىپتە ، ھەددىدىن زىيادە تارتىنچاق ، ئازنا - شەنبە قىلىپ ياكى ئاتايىتەن چىللاپ ئەكەلمىسە ، «قېيناتا ، قېينانا ، قانداقراق ئولتۇرۇشۇپلا ؟» دەپ ئۈسسۈپلا كىرىپ كەلمەيدۇ . ئۇن ئېغىز گەپ سورىسا ، دۇدۇقلاپ مىڭ تەسلىكتە بىر ئېغىز جاۋاب بېرىپ قويۇپ ، تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىر ئاي قەشقەردە بولسا ، ئىككى - ئۈچ ئاي ئۈرۈمچى ، شاڭخەي ، گۇاڭ-جۇ...لاردا يۈرۈپ ، ئۇلارنى پات - پات يوقلاپ تۇرغۇدەك چولى-سىمۇ يوق . شۇڭا «كۆزدىن يىراق ، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەن-دەك ، تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭدىن كۆرە ، سوپۇرئاخۇنغا ئام-راق . ئۇنىڭ قەدىمى يېتىپ قالغان كۈنى ، تاشمەتخان ئۇستام ئات بېشىدەك ئالتۇن پايدا كەلتۈرۈدىغان ئىشى بولسىمۇ بىر يانغا قايرىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن سائەتلەپ - سائەتلەپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ . ئاتىنىڭ قېنىدەك چاي دەملەپ ، پىيالىگە مۆشتەك ناۋاتنى سېلىپ ، ئۆز قولىچە چاي قۇيۇپ بېرىدۇ . بىر داستىخاندا بىللە ئولتۇرۇپ غىزالاندۇرماي يولغا سالمايدۇ...

ھازىرمۇ ئۇ ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالغۇدەك ئالدىراش ئىدى . سوپۇر ئاخۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا ، قولىدىكى قاي-چىنى شىرە ئۈستىدىكى پەلتۇ پىچىش ئۈچۈن ئۆلچەپ - سى-زىپ ، بىر تەرىپىنى كېسىپ بولغان خۇرۇم ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپلا ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چۈشتى . خېلىدىن بېرى پەگادا ئولتۇرۇپ ، تۆردە ئولتۇرغان سوپۇرئاخۇنغا چاي قۇيۇپ سۇ-نۇش ، مەزەگە ، گېزەككە زورلاش بىلەن بەنت . قولىقى ئۇنىڭ ئاغزىدا...

— نېمە !... «تاجىگۈلدىن خەت كەپتۇ» دېدىلىما ؟

— ھەئە .
— ئۆزى نەدىكەن ؟
— سالىجان بىلەن بىللە ئوخشايدۇ...
— ما ئىشنى !... ئۆتكەندە ئاڭلىغان گەپلىرىمىز يالغان ئەمەس ئىكەن - دە ؟
— ھەئە . ئۇلار بۇ يەردىن كېتىپلا توي قىپتىكەن ، ھازىر ئىككى بالىلىق بوپتۇ . تاجىگۇل يەنە ئېغىر ئاياغ ئىكەن...
— تووۋا خۇدايىم ، ماباللىنى... قەيەردە ماكان تۇتۇشۇپتۇ ؟
— ئادرېسىنى يازماپتۇ .
— نېمىشقا يازمىغاندۇ ؟...
ھە ، توغرا ، «ئىزدەپ تېپىۋېلىپ ئاۋارە قىلمىسۇن» دەپتۇ - دە ، ئۇ بالا ؟
— شۇنداق ئوخشايدۇ...
— كىچىك - دە ، كىچىك... تولەندى ئاخۇندىن قورقسا ، بىز بار ئەمەسما ، ئىگە بولىدىغان !...
— ... ... ...
— بىزگە يازسىچۇ ، شۇ خەتنى !... سالىغا ئۇقتۇرماي يېزىپتۇ - دە ، ئۇ بالا... مەن سالىنى بۇنچە باغرى تاشلىق قىلار دەپ ئويلىمىغان... خوتۇنچىلىكمۇ بولالماپتۇ...
— سالىجاننىڭمۇ ھەربىرلىرىگە يازغان خېتى بار ئىكەن ، گۇڭشى پوچتىخانىسىغا يېڭى كەلگەن بىر خانىم «بۇ يەردە مۇنداق ئادەم يوق» دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ...
— ما كېلىشمەسلىكنى... باشقىلاردىن سوراپ باققان بولسىچۇ !...
— بىرەيلەندىن سورىسا : «قەشقەرگە كۆچۈپ كەتكەن» دېگەن ئوخشايدۇ .
— گۇلزار يادىغا يەتمەپتۇ - دە ، كاساپەتنىڭ ؟ !...
— تۇنۇگۇن ئەتىگەندە گۇڭشېغا بارسام ، ھەممە ئادەمنىڭ

ئاغزىدا مۇشۇ گەپ . توجۇرىنى بىلەن ئىسمائىل جۇرىنى پوچتىخا-
نىنىڭ باشلىقىغا بىرمۇنچە كايىپتۇ . ھېلىقى ئىككىيلەنمۇ بىر
تاغار تەنقىد ئاڭلاپتۇ...

— خەير... بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا ، چېچىلغاننىڭ نېمە
پايدىسى ؟ ! ھەر نېمە بولسا ، سالى ھايات بار ئىكەن... ئەمدى
يۈرىكىم پىشكە ئۆرە بولدى... جاھان كۆندىن - كۆنگە ئوڭلىنىد-
ۋاتىدۇ . مۇنداق قارىسام ، سالى «قالپاق - پالپاق» دېگەن
نەرسىسىنىڭ ئاللىقاچان چىققان يېرىگە كىرىپ كەتكىنىنى تېخى
بىلمەيدىكەن - دە !...

— شۇنداق ئوخشايدۇ...

— بولاپتۇ... قانداق قىلاتتۇق ؟ شۇنچە يىل چىداپتۇق ،
يەنە پىشكە چىداپ تۇرساق ، تۇپراقنىڭ تېشىدا بولغاندىكىن ، بىر
كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بالىلىرىنى يېتىلىشىپ كېلىپ قالار... ھوي
ئانىسى ، خوش خەۋەر !...

تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەستىن ، تۆشۈك پى-
چىقى كۆتۈرۈۋالغان روزىخان بوسۇغىدا پەيدا بولدى . قارىغاندا ،
سوپۇرئاخۇنغا تاماق ئېتىشكە تۇتۇنغان ئوخشايدۇ . تاشمەتخان
ئۇستام گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ بولغۇچە ، ئۇ شۇنداق ئۇن
سېلىپ يىغلاپ كەتتىكى ، سوپۇر ئاخۇن خىجالەتچىلىكتە يەرگە
كىرىپ كەتكۇدەك بولدى . مەنزەردە جىددىي ئىشلەۋاتقان شا-
گىرت - نىمكارلاردىن يەتتە - سەككىزى ئىشتىن ئېزىپ ئۆگزى-
نىڭ لېۋىدىكى ۋادەكنى تۇتۇپ ، تۆۋەنگە بويۇنداشتى . ئەمرىد-
دىن ، نەسرىددىن ، سەدرىددىنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پاي-
پاسلاپ شوتىدىن چۈشۈپ كېلىشتى . ئەمدىلا كۆزى ئېلىنىد-
شىپ ، قىيا - چىيادىن يۈرىكى ئاسوقۇپ كەتكەن گۈلزار ئىخلا-
سجاننى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولدى...

خۇشاللىق تەنتەنىسى بىلەن ھىجران ۋەسۋەسىسى ئارىلى-
شىپ كەتكەن يىغا - زار ئۇن مىنۇتچە داۋاملىشىپ ، روزىخان

خىرتىلداپ تۇرۇپ :

— شۈكۈر ، خۇدايىم··· ھەر نېمە بولسا ھايات بار ئىكەن-سەن ، جېنىم بالام !··· رەھمەت ، سوپۇر ئاخۇن ! بالا دەردىدە قان يىغلاپ قاغجىراپ كەتكەن يۈرىكىمنى سۇغارغانلىرىڭغا !··· — دەپ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈشكە باشلىغاندىلا ، ھەممەيلەن تەڭ «ئۇھ» دېيىشتى . باياتىن سوپۇر ئاخۇننىڭ گەپلىرىنى يۈرىكىگە «تاش سېلىۋېلىپ» تۇرۇپ ئاڭلاپ ، ئۆزىنى سوپۇر ئاخۇنغا «قارىغايدەك قەيسەر ، قۇيۇچتەك مەزمۇت» كۆر-سىتىشكە تىرىشقان تاشمەتخان ئۇستاممۇ خوتۇن - باللىرىغا قوشۇلۇپ مىشىلداپ كەتكەنىدى . ئەمدى ئۇنىڭمۇ پىغانى چىقتى بولغاي ، ياغلىق بىلەن يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ ، چاي لىقلاش ئۈچۈن سوپۇر ئاخۇننىڭ پىيالىسىگە قول ئۇزاتقانىدى ، سوپۇر ئاخۇن كۆرمەي قالدىمۇ ، پىيالىنى كۆتۈرگىنىچە ئورنىدىن قو-پۇپ كەتتى . كۆزلىرى قېنىنىلىرى كەپلىشىپ تۇرغان ئىشىك-تە ئىدى . تاشمەتخان ئۇستام «مېھمان كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ قىياس قىلدى - دە ، تېخىچە رومىلى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ خىرتىلداۋاتقان خوتۇنىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپلا دەس ئورنىدىن قوپۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى . باللار ئىتتىك كەينىگە داجىپ يول بوشاتتى . سىرتتا ئىخلاسجاننى كۆتۈرۈۋالغان گۈلزار تۇراتتى . سوپۇر ئاخۇن كەلگەن چاغدا ، گۈلزار بالا ئىمىتىپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . ئانىسى ئۇنى ئويغاتمىدى . «بىچارىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ نېمە قىلىد-مەن ؟ — دېگەنىدى روزىخان ئىچىدە پىچىرلاپ ، — بىردەم بولسىمۇ ئۇخلىۋالسۇن . سىنچاي داستىخىنى يىغىلغاندا ، سوپۇر ئاخۇننى قېشىغا كىرگۈزۈپ قويسام بولمىدىمۇ··· » بىراق ، تو-يۇقسىز كۆتۈرۈلگەن ۋاڭ - چۇڭ گۈلزارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغا-نىدى . ئۇ بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ھويلىغا چىقىپ ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقۇپ بولغۇچە ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تۆرى

— ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان سوپۇرئاخۇننى كۆرۈپ ھەيـران بولغىنىدىن ، تۇرغان جايىدىن مىدىرلىيالمىغانىدى . سوپۇر ئاخۇننىڭ تەتىللا يىكەندازدىن قوپۇپ ، ئۆزىگە قورۇنۇپراق تەلـمۈرۈشى ، دادىسىنىڭ ئۈشتۈمتۈت بوسۇغىدا پەيدا بولۇشى ئۇنى ھودۇقتۇرۇۋەتكەنىدى ، تاشمەتخان ئۇستام بۇنى تۇيدى .
— نېمانداق بۇ يەردە تۇرۇسەن ؟ بالىنى دادىسىنىڭ قېشىـغا ئەكىرمەي ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئاڭلىدىڭلىـمۇ ؟ ئاكاڭلار ھايات بار ئىكەن ! — دېدى ئۇ تېخىمۇ ئېچىلىپ ، ئوغۇللارغا بىر - بىرلەپ قاراپ ، — مېڭىڭلار چىقىپ ئىشىڭـلىنى قىلىڭلار ! …
باللار تاختا شوتا تەرەپكە مېڭىشتى . گۈلزار تېخىچە جايىدا تۇراتتى . تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيىشكە ئېغىزىنى ئۆمەللەپ ، ئايغىنى تاشقىرىغا ئېلىشىغا :
— دادا ، داستىخانغا دۇئا قىلىپ بەرسىلە ! — دېدى سوپۇرئاخۇن .
ئۇنىڭ تاشمەتخان ئۇستامغا ئەڭ يارايدىغان يېرى مۇشۇنداق «ھايا - ئىمانلىق يىگىت»لىكى ئىدى . ئۇ ئېسىنى يىغىپ بولـغۇچە روزىخان گەپ ئاچتى :
— ۋىيەي ، نېمانداق ؟… سىلىنى دەپ تاماقنا مىدىرلاۋاتـسام …
— ئالدىرىماڭلا ، — تاشمەتخان ئۇستام كەينىگە ئۆرۈلـدى . گۈلزار ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى . سوپۇرئاخۇن تېخىچە ئۆرە تۇراتتى ، — سوپۇر ئاخۇن بىز رۇخسەت قىلغاندا ماڭىدۇ… قانداق دېدىم بالام ؟ شۇنداققۇ ؟
— ھەئە .
تاشمەتخان ئۇستام سوپۇر ئاخۇننىڭ گۈلزار بىلەن «مەسلىـھەتلىشىدىغان ئىشى بار»لىقىنى ئېسىدىن چىقارمىغاچ ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم داستىخانغا دۇئا قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ سىرتقا ماڭغا-

ندى : گۇلزار بالىسىنى كۆتۈرۈپ بۇ يەردە پەيدا بولغان ئىكەن ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە «قارانچۇق» بولۇپ ئولتۇرۇشى ئەدەب ـ ئەخلاقىمۇ ، مۇسۇلمانچىلىقىمۇ مۇخالىپ كېلىدۇ ـ دە !…

تاشمەتخان ئۇستام سوپۇر ئاخۇننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ، ئۆزى پەگادا ئۆرە تۇرۇپلا دۇئاغا قول كۆتۈردى . دۇئا ئاخىرلىشىپ ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن :

— مەن بالىلارنىڭ قېشىغا چىقاي . بىرەر ئىشنى بۇزۇپ قويۇشمىسۇن ، — دەپلا سىرتقا ماڭدى . بۇ — «ئۆيۈڭلەرگە چىقىپ «مەسلىھەت»لىشىڭلار !» دېگەنلىك ئىدى . بۇنى ھەممەيلەن چۈشەندى . چۈنكى ، ياش ئەر ـ خوتۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مېھمانخاننى «خالىي» دېگىلى بولمايتتى .

سوپۇر ئاخۇن بىلەن گۇلزار ئۇنىڭغا سوگدىشىپلا ھويلىغا چىقىشتى . بۇ ئۇزاق يىللىق ئۆزگەرمەس ئادەت ئىدى…

*　　　　*　　　　*

— ۋىيەي ، قولۇمدا بالا تۇرسىمۇ ، سەتلىشىپ يالاۋۇرىدۇ ـ يا ، ئادەمنى !… ئۇلۇشكۇن يالاپ تويمىغانمىدىلە ؟… ھېلى ئانام كىرىپ قالسا ، يالىغانغا تويۇلا تازا !…

— كىرمەيدۇ ! كىرىپ قالسىمۇ ، يا مەن يات ئادەم بولمىسام ! ؟…

— ئۆتسىلە ، نېرى !… قېلىنلىقىنى !… ۋايجان… كالپۇكۇم ئېچىشىپ كەتتى… قاناپ كەتسە ، ئانام ـ دادامنىڭ كۆزىگە قانداق كۆرۈنۈتىمكى ؟ !… بولدى !…

سوپۇر ئاخۇن گۇلزارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن سەل پەيكسىندىمۇ ياكى ئىخلاسجاننىڭ «قىررىدە» قىلىپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇدىنى تاپتىمۇ ؟ «ئەسكىلىك» قىلىشتىن توختىدى . گۇلزار ئورۇن سېلىقلىق كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ ،

ئوغلىنى ئېمىتىشكە باشلىدى . سوپۇر ئاخۇنمۇ ئۇنىڭغاياندىشىپ ئولتۇرۇپ ، بىر ئەمچەكنى ھەۋەس بىلەن شوتىلدىتىپ ئېمىۋاتقان ئىخلاسجانغا ، بىر گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن گۈلزارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قاراپ تۇرۇپ :

— سىلىگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتسام ، سۆيۈنچىسىگە نېمە بېرىلا ؟ — دەپ ھىجايدى . گۈلزار ئۇنى تويى بولغان ئون ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزىنى «سەن» ياكى «سىز» دېيىشكە كۆندۇرەلمىگەنىدى .

«خۇش خەۋەر» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان گۈلزار تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى :

— نېمە دېسىلە شۇنى بېرەرمەن !... سىلىگە بەرمىگەن نېمەم قالدى ؟ ! بالىنىڭ قىرقىنى چىقىرىپ بولغۇچە كۆڭۈللىرىنى ئالغىلى ، تېيماقتا توختىغۇدەك چىرايلىق قىز بالىدىن بىرنى ئېپبېرىپ تۇرايمۇ يا ؟ !...

— ئەجەب موللا تاپقاق جۇما ، سىلە !... تازا كۆڭلۇمدىكىنى تاپلا !...

— كىمنى ئېپبېرەي ؟ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكىنىمۇ ياكى ئۆملەپ ماڭغۇدەك بولغىنىنىمۇ ؟ !

— تۆت پۇتىدا تۆت چاقى بار . ئۆيىمىزدىكى ھەممەيلەن ئۇستىگە چىقىۋالساقمۇ بىلى ئېگىلمەيدىغان بىرنى...

— ئۇنداق بولسا ، تۆت چىشلىق تەخەيدىن بىرنى ئېپبېرەي ئەمىسە !...

— تەخەينى نېمە قىلاتتىمكى... كۆلىدىن چىققان «تۆت چاقلىق تەتەي» دىن بىرنى ئېلىپ ، تۇزىنى تېتىپ باقاي دەيمەن !...

— ئۆتسىلە ، نېرى !... گېپىنىڭ سەتلىكىنى !...

— ... ... ...

سوپۇر ئاخۇن ئۇلۇشكۈن قېشىدىن كېتىپ ، بۇگۈن يەنە

ئۇنى پانا تارتىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتى ، تۇنۇگۇن
قاق سەھەردە گۇڭشېگە بېرىپ ، ئەمدىلا ئاتقا بوغۇز سېلىپ
تۇرۇشىغا ، توختى تۇر بىلەن ئىسمائىل موللاق ئۇنى ئىشخاند-
ىسىغا چاقىرتىپتۇ - دە ، ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى
سەمىمىي ، ساداقەت بىلەن ئىشلەپ رەھبەرلىكىنىمۇ ، ئامىمىنىمۇ
ئوبدان رازى قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ بىرمۇنچە ماختاشقاندىن
كېيىن ، يېقىندا يۇقىرىدىن گۇڭشېگە بىر چوڭ ، بىر كىچىك
ئاپتوموبىل تەستىقلاپ بەرگەنلىكىنى ؛ بىر شوپۇرنى سىرتتىن
ياللاپ ، يەنە بىرىگە ئۇنى قەشقەردە ئېچىلىدىغان قىسقا مۇددەت-
لىك شوپۇر تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ كەلگەندىن
كېيىن شوپۇر قىلىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ...
— «نېمە خۇش خەۋەركىن» دېسەم ، مۇشۇ گەپمىدى ؟ —
دەپ دېكىنېدى گۇلزار ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۇدەك ھىجىيىپ
ئولتۇرغان سوپۇر ئاخۇنىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ ، سۇتكە
تويۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن ئەمچىكىنى تارتى -
ۋالغاچ ، — شوپۇر بوللا نېمە بوللا ، ھارۋىكەش بوللا نېمە
بوللا ؟ ھەممىسى ئاۋارىكەشلىك شۇ ! — چىرايى ئۆكۆپ ، تەلەپ-
پۇزى بارغانسېرى قاتتىقلىشىۋاتاتتى ، — قانداق خەق ئۇ ؟ بالا
ئۇچ بولغاندا ، «شوپۇر قىلىمىز ، پوپۇر قىلىمىز» دېگۇچە ،
سىلە ھەيدىگىلى ھارۋا چىقمىسا ، گۇڭشي يۇگۇر - يېتىم ئىش-
لىرىغا سالسا بولمامدىكەن ! ؟ سىلىنى «مەندىن چاندى ، دەپ
ئويلاپ قالمىسۇن» دەپ ئاغزىمدىن چىقارمىغىنىم بىلەن ئون
نەچچە يىلنىڭىزى تاڭ ئاتقۇچە يوللىرىغا قاراپ ئەنسىرەپ يېتىپ
ئون جېنىمنىڭ بىرى قالغاندا ، ئەمدى قوپوپ «شوپۇر بولدۇم»
دەپ ھېلى تاغدا ، ھېلى باغدا يۇرۇپ ، ھەپتە - ئون كۇندە ئاران
بىر قېتىم ئۆيدە قونسىلا ، كىچىك بالا بىلەن كېچىچە تۇنەك
تۇنەپ ، كۇندۇزى دوختۇرخانىدا مۇگدەپ چىقىدىكەنمەن - دە ؟ ! بالد-
لار بىلەن ماڭىغۇ ئىچلىرى ئاغرىمىسۇن ، ئۆزلىرىنىڭ جانلىرد-

غىمۇ ئىچلىرى ئاغرىمامدۇ ؟ ! پۈتۈن يېتىپ ، پۈتۈن قوپماق ئاساندەك ...

— نېمانچە چېچىلىسىلا ؟ مېنىڭمۇ باشقا خەققە ئوخشاش سائەتكە قاراپ ئىشقا چىقىپ ، سائەتكە قاراپ ئىشتىن چۈشۈپ ، تامىقىمنى ۋاقتى - قاراردا يەپ ، كېچىلىرى پۇت - قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئارامخۇدا ئۇخلىغۇم بار... قانداق قىلىمەن ؟ شتاتلىق ئىشچى بولغاندىكەن ، باشلىق بۇيرۇغان ئىشنى «قىلمايمەن» دېگىلى بولمىسا... مەن تېخى «ماشىنا ھەيدەش باھانىسىدە ، باللار چوڭ بولغۇچە ئاز - تولا پۇل تېپىۋالارمەنمىكى» دەپ ...

— مەنمۇ «پۇل تاپمىسىلا» دېمىدىم ... «بىر كۈنى بولمىسا ، بىر كۈنى بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالامدىكىن» دەپ ئەنسىرەيمەن شۇ !...

— مېنى بىركىم : «ھازىرلا ماشىنا ھەيدە» دەپ قىستاۋاتقىنى يوققۇ !... تېخى كەلمىگەن ماشىنىغا شوپۇر بولغۇسى كېلىپ ، باشلىقلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىۋاتقان ئادەم كۆرمىگ دېسىلە ، شۇ تاپتا !... سىلە قوشۇلمىسىلا ، شوپۇر بولمىسامغۇ بولار ؟ !

— قوشۇلمايمەن ! بولدىما ؟

— بولدى ...

— ... ... ...

— ھوي ، سوپۇر ئاخۇن ، — گۈلزار بىردىنلا پىلىكتەك يۇمشاپ ، سوپۇر ئاخۇننىڭ قولىنى ئاۋايلاپ سىلىغىلى تۇردى . ناز - كەرەشمە بىلەن تولغان كۆزلىرى سوپۇر ئاخۇنغا خاملا يۇتۇۋەتكۇدەك ئەلپازدا تىكىلەتتى ، — «دادۇينىڭ بېغىنى ھۆددە بېرىدىغان گەپ قانداق بولغانلىقىنى ئۇققۇشۇپ باقىلىمۇ ؟

— ئۇققۇشتۇم ، ھېچكىم ھۆددە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋېتىپتۇ .

— شۇنداقمۇ؟ ئەللىك موھە؟
— ھەئە.
— موسىنى نەچچە پۇلدىن بېكىتىپتۇ؟
— دەسلەپ يۈز كويىنىڭ گېپى بولغان. ھازىر ئەللىك كويغا چۈشۈرۈپتۇ.
— نېمانداق ئەرزان؟
— يا تېمى، يا مېۋىسىنىڭ تايىنى يوق تۇرسا، ئەرزان بولامدۇ؟!
— يېرىنى تېرىسا، بىر موسىدىن بىر تاغار بۇغدايغۇ چىقار؟
— چىقىدۇ، چىقمامتىكى... ئوبدانراق ئىشلىسە، ئىككى تاغاردىنمۇ چىقىدۇ دېسىلە!
— ئۇنداق بولسا، بىز ھۆددە ئالساق بولمامدۇ؟
— ئەللىك مو باغنى؟ قانداق باشقۇرالايتۇقكى... ھېلىمۇ نەچچە يىل كەتمەن چېپىپ، تاغار يۈدۈپ باققانلىرى... بولمىسا ـ زە...
— ھۆيت غوجام، تاغار يۈدۈپ، كەتمەن چېپىپ باققاچ شۇنداق دەۋاتىمەن!... ھازىر دېگەن قانداق چاغ، بىلەملا؟
— بىلمەمتىمكى... گۆڭشېنى بۇزۇپ، ھەممە نەرسىنى شەخسكە ھۆددە بېرىۋاتىدۇ، خانىم!...
— ھەببەللى... ئون يىل دېسىلە!... ئون يىل دېگەندە باغۇ، ئىززەتگۈل داشۆ پۈتتۈرۈپ ئانا بولغۇدەك، ئىخلاسجان باشلانغۇچنى پۈتتۈرگۈدەك بولۇپ قالىدۇ... ئون يىلدا ئەللىك مو يەردىن قانچىلىك بىر نەرسە چىقىدىغانلىقىنى بىر ھېسابلاپ باقسىلا... سىلە بىلەن مەندەك نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئايلىقى چىقتى دېگەن گەپ!... ئاۋۋال باغنى قولىمىزغا بىر ئېلىۋالايلـ-چۇ، قانداق باشقۇرۇمىز كىن...
ئۇيان تالىشىپ، بۇيان تارتىشىپ، ئەر ـ خوتۇن زادى بىرلىككە كېلەلمىدى. قولىدا ئىككى مىڭ يۈەندەك نەق پۇل

بار ئىدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، باغنىڭ بىر يىللىق ھۆددىسىگىمۇ
بويلىمايتتى . ناۋادا ، سوپۇر ئاخۇن باغنى بىر يىللىق ھۆددە
ئېلىپ ، باغدىن جىقراق بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىشسا ، يا تۆلەندى
«داجەي»نىڭ كۆزى قىزىرىپ ، ھۆددە كۆرسەتكۈچىنى ئۆستۈ-
رۈشنىڭ كويىغا چۈشەتتى ، يا بولمىسا ، باشقىلار باز - بازغا
چۈشۈپ ، بەش مودىن ، ئون مودىن ھۆددە ئېلىۋالاتتى - دە ،
ئۇلارنىڭ بىر يىلدىن بېرى باغنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە سىڭ-
دۈرگەن ئەجرى شامالغا ئۇچۇپ كېتەتتى . يەنە بىرى ، شۇنچە
يىلنىڭزى سىياسەتنىڭ چېكى توختىمايۋاتقىنىنى بىلىپ تۇ-
رۇپ ، مۇنداق چوڭ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشقا بولمايتتى . ئاد-
دىن ، سوپۇر ئاخۇن ئىگە بولغىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان
«تۆمۈر تاۋاق»تىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى .
سوپۇر ئاخۇن ئۇيان ئۆتۈپمۇ ، بۇيان ئۆتۈپمۇ بۇنىڭدىن
نېرىغا ئۆتكىلى ئۇنىمىدى .
— پۇل دەملا ؟ — دېدى گۇلزار ئاخىر ، — بىزدە
بولمىسا ، دادامدا بار . ئۇنىڭدىن ئون مىڭ كوي قەرز ئېلىپ ،
تۆلەندى سېكرېتارنىڭ قولىغا شۇنداقلا تۇتقۇزۇپ ، باغنى بەش
يىللىق ھۆددە ئېلىۋالايلىچۇ ، قېنى كىم قولىمىزدىن تارتىۋالا-
لايدىكىن ؟ ! باشقۇرالماسلىقنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپلا ، ھازىر
نېمە تولا ؟ مەدىكار تولا . ھۆكۈمەتمۇ ئادەم ياللاپ ئىشلىتىشكە
رۇخسەت قىلىۋاتىدۇ . ۋاقتى كەلگەندە ، ئون - يىگىرمە ئادەم
يالالاپ : «ئانى ئانداق قىل ، مانى مانداق قىل» دېسەك ، ئاغزى-
مىزنىڭ يېلى بىلەنلا ھەممە ئىش پۈتۈپ كېتىدۇ··· خەق بۇيرۇ-
غاننى قىلىپ ، چاغلاپ بەرگەننى «ھەشقاللا» دەپ ئېلىپ يۈر-
سە ، ئادەمنىڭ بىر چاپىنى ئىككى بولامدۇ ؟ ! مانا دادامغا قارى-
سىلا ، بۇرۇن قانداق ئىدى ، ھازىر قانداق بولۇپ كەتتى ؟ «تاۋۇ-
قىم چېقىلىپ كېتەرمىكىن» دەپ ئەنسىرىمىسىلە . «شتاتىمنى
ساقلاپ قېلىپ ، باغۋەنلىك قىلىمەن» دېسىلە ، گۇڭشې «ياق»

دېمەيدۇ . ماشىنىغا سېزىك بولغانلارنىڭمۇ ھاجىتى راۋا بولىدۇ...

بەربىر بىرلىككە كېلىشەلمىدى . بولۇپمۇ پۇل مەسىلىسىدە . چۈنكى ، سوپۇر ئاخۇن «يانچۇقىدا يوق پۇلنى خەجلەپ» ئۆگەنمىگەن . قېيناتىسىغا قەرزدار بولۇپ قېلىشنى تېخىمۇ راۋا كۆرمەيتتى .

چۈشلۈك تاماق تەييار بولۇپ ، تاشمەتخان ئۇستامىنىڭ ئۆينى مېھمانغا چاقىرتىشى ، ئەر - خوتۇننىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى...

* * *

— بەلەن گەپ ئىكەنغۇ ، بالام ! — تاشمەتخان ئۇستام قولىدىكى قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سوپۇر ئاخۇنغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى . ئۇلار يىلىكتەك ئوخشىغان پېتىر مانتىنى يەپ بولۇپ تۇرۇشىغا ، ھېلى بوسۇغىغا كېلىپ ، ھېلى ئىككىيلەنگە شەيتانلىق قىلىپ ئەركىلەپ قويۇپلا قېچىپ كېتىپ يۈرگەن ئىززەتگۈل ئاشۇ قەغەزنى تاشمەتخان ئۇستامغا بېرىپ چىقىپ كەتكەنىدى . خەت گۈلزارنىڭ بولۇپ ، باياتىن ئېرى بىلەن قىلىشقان تالاش - تارتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىسقىچە بايان قىلىنغان ھەم دادىسىدىن باغنى ھۆددە ئېلىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى . بۇ تەلەپ تاشمەتخان ئۇستامغا شۇنداق ياقتىكى ، خەتنى ئوقۇۋېتىپ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتكىلى تاس قالدى . لېكىن ، «قېيناتىلىق سالاپىتى» گە دەز كەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئېغىر - بېسىق قىياپەتكە كىرىۋالدى . — ئەللىك مو يەرنىڭ ئالدىدا ئىككى يېرىم مىڭ كوي دېگەن قانچىلىك پۇل دەيلا ؟ — ئۇ قولىدىكى خەتنى سوپۇرئاخۇنغا تەڭلەۋېتىپ داۋام قىلدى ، — گۈلزار توغرا دەپتۇ . بىر تۈپ ئۆرۈكتىن ئون كويلۇق ئۆرۈك چىقسىمۇ ، ئۈچ يۈز تۈپىدىن

ئۆچ مىڭ كويلۇق ئۆرۈك چىقامدۇ !؟ ئەللىك مو يەر بىكارغا
قېلىپ ، تېخى يىلدا بەش يۈز كوي پايدا قالىدىغان ئىشمۇ كەيىن-
گە قارامدۇ ، ئادەم !؟
سوپۇر ئاخۇن خەتكە قاراپمۇ قويمىدى . ئۇنىڭغا ئايانكى ،
گۈلزار ئۇنى دادىسىغا «چېقىشتۇرغان» . قېيناتىسى ئۆزىنى
نېمە دەپ «چېقىشتۇرغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن» دېگەن نىيەتتە ،
خەتنى ئۇنىڭغا بەرگەن !
«ھەي گۈلزار ، ھەي گۈلزار... كاللاڭ ئەجەب ئىشلەيدۇ
جۇمۇ ، سېنىڭ !... بىر دەمدىلا ئەللىك مو يەرنىڭ ماڭا بىكارغى-
لا قالىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققىنىڭنى قارا !... باياتىن نې-
مىشقا دېمىگەن بولار ئىدىڭ ، ئۇ گەپنى !؟... ھە ، ئەسلىدە
داداڭنى ئېرىتىپ ، يانچۇقىنى كولاتماقچى ئىكەنسەن ـ دە !؟
خۇدايىم ماڭا ئەجەبمۇ جۇپلەپتىكەن سېنى !... سەن دېگەندەك ،
ئۆرۈكنى قېقىپ سېتىۋېلىپلا ، يېرىنى ئاق تاشلىۋەتسەممۇ بىر
يىللىق مائاشىم پايدا قالىدىغان ئىشقا... قېيناتام ئون مىڭ كوي
قەرز بېرىپ تۇرارمۇ زادى ؟ !... »
— مەن ... مەن ... — سوپۇر ئاخۇن بېشىنى يەردىن
ئۇستۇن قىلماي دۇدۇقلىغىلى تۇردى ، — مەن «قولىمىزدا
نەقپۇل ئاز ، دادۇي پۇلنى نەق ئالمىز ، دەپ تۇرۇۋالارمىكىن»
دەپ ئويلاپ ...
— نەق ئالسا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ ! — تاشمەتخان
ئۇستامنىڭ نىيىتى مۇشۇ ئىدى . تازا ئېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى ، —
نەقپۇل ئالدىڭ دېگەن گەپ — ئۆزۈڭنىڭ بوينىغا ئۆزۈڭ سىرت-
ماق سالدىڭ دېگەن گەپ !... سىلىمۇ بىلىلا : ھۆكۈمەتنىڭ
تۈنۈگۈن قىلغان گېپى بۈگۈن يوق ، بۈگۈن قىلغان گېپىدىن
ئەتىلا يېنىۋالىدۇ . بۈگۈن بىر كويلۇق باھا ئەتىلا يۈز كويغا
چىقىدۇ... «پۇل دېگەن قەغەز» دېگەن گەپ مۇشۇنىڭدىن چىققان...
«يەر — ئالتۇن قوزۇق» دېگەن گەپمۇ بىكار چىقمىغان . يەر

توغمايدۇ ، ئادەم تۇغىدۇ . ئادەم قانچە كۆپەيسە ، يەرنىڭ نەرقى شۇنچە ئۆسىدۇ . يەردىن چىقىدىغان ھوسۇلمۇ قىممەتلەيدۇ... ئون يىل ئاز ۋاقىتمۇ؟ شۇ چاغدا كۆرۈڭلا ، ھازىر ئۈچ مىڭ كويلۇق ئۆرۈك چىققان باغدىن ئۇ چاغدا ئوتتۇز مىڭ كويلۇق ئۆرۈك چىقىدۇ... قورقمىسىلا ! زىيىنىڭىزلىغا مانا مەن ئىگە !... بۇگۇن بىرىپلا تۆلەندى ئاخۇن بىلەن كۆرۈشسىلە . باغنى «بىرەيلا» دەپ قالسا ، ئون يىللىق ئەمەس ، يىگىرمە - ئوتتۇز يىللىق ھۆددە ئالسىلا ! موسىنى ئەللىك كوي ئەمەس ، يۈز كويدىن بەرسىمۇ ئېلىۋەرسىلە !... «نىسى قىلىمەن» دىسە ھەرگىز ئۇنىمىسىلا !... «پۇلنى نەدىن تاپىمەن» دەپ غەم قىلىۋاتامىلا؟ پۇل مەندە بار . مىنىڭ پۇلۇم ـــ ھەر قايسىڭلارنىڭ پۇلى... تۆلەندى ئاخۇننىڭ قولىغا جىمى پۇلنى نەق تۇتقۇزۇپ ، گۇڭشىنىڭ ، ناھىيىنىڭ چۆچەك تامغىسىنى باستۇرۇپ ، قاتۇرۇپ بىر ھۆججەت ئېلىپ بويىنىنى بىر باغلىۋالايلىچۇ ، ئون - يىگىرمە يىلغىچە «ماۋۇ باغ مىنىڭ» دەپ باغنىڭ بوسۇغىسىغا كېلەلىسە مانا مەن !...

نېمانچە يوغان گەپ بۇ !؟ تېخى تۇنۇگۇن ئۆزى ئات - ئېشەكنىڭ ئورنىدا ھارۋا سۆرەپ ، خوتۇن - بالىلىرىنى تىلەمچىلىككە سېلىپ يۈرگەن ئادەم...

توختاڭ ، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، كىچىككىنە سەۋر قىلىڭ ! كەمىنىڭىزمۇ بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇنقى مەنزىلنى بىر ئايلىنىپ كېلىۋالسۇن . گۈلزار قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى 500 يۈەن تاشمەتخان ئۇستامنى پۇتۇن كېچە ئۇخلاتمىدى . ئەتىسىمۇ ئورنىدىن قوپماي خىيال سۈرۈپ كۈننى كەچ قىلدى . خوتۇنى : «مىجەزلىرى يوقمۇ؟» دەپ سورىغانىدى ، «ياق ، ئۆزۈمچە ياتقۇم كېلىپ قالدى» دەپ كۈلۈپ قويدى . «توغرا دەپسەن ، گۈلدەك ھۈنىرىم تۇرۇپ ، نېمە دەپ ھارۋا سۆرەپ جېنىمنى قىينايمەن؟ ! كونىراق بولسىمۇ ئەرزانراق كېيىم تىكىش ماشى-

ـنسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ، ئاشقان پۇلنى رەخت بېلىتى ، رەخت سېتىۋېلىشقا دەسمايە قىلىپ ئۆنى ـ بۆنى تىكىپ ، ئەمـ ـرىددىن بىلەن نەسرىددىننى قاراڭغۇ بازاردا ساتقۇزسام ، كۆڭلۈ۔ كى بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ ئاشلىق نورمىسى كەلگۈدەك پۇلغا ئىشلىمەمدىمەن !؟ بىرەر يىل سەل ئۆزۈمنى ئوڭلىۋېلىپ ، ما۔ شىننى ئىككى ـ ئۈچ قىلىپ ، تاڭنۇر بىلەن ئەمرىددىننى يېنىمغا ئولتارغۇزۇۋالسام··· »

ئىش مۇشۇنداق بولدى . بىراق ، ئۇنىڭ قېشىدا تاڭنۇر ئەمەس ، نەسرىددىن ئولتۇردى . چۈنكى ، يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇ۔ قىچىلىك تۇغقانچىلىقى بار ئۇستا كاسىپ ، دوكا جۇۋىچى مەتنىـ ياز ھاجىم «تۇلكە» تاڭنۇرنى كېلىنلىككە سوراپ ئەلچى قويىـ دى . تاڭنۇرمۇ «پىشىپ ساپىقىدىن ئايرىلغۇدەك بولۇپ قالغان» ئىدى . بولغۇسى كۈيئوغۇل پازىل ھاجىم ئەخلاقلىق ، شۇدى بار يىگىت بولۇپ ، كوچا باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى ئىدى . مۇنداقچە ئېيتساق ، ئاپتوموبىلنىڭ ئىككى چاقى ھۆكۈمەتكە ئايلانسا ، ئىككىسى ئۆزىگە ئايلىناتتى . تاشمەتخان ئۇستام :

ـــ مەتنىياز ھاجىم بىزنى نامرات كۆرمىسە ، تاڭنۇر ئۆزد۔ نىڭ بالىسى··· ـــ دېدى ئەلچىگە .

بۇ خەۋەر تەسىر كۆرسەتتىمۇ ياكى بۇ ھويلىغا مەڭگۈلۈك خوجايىن بولۇشقا كۆزى يەتمىدىمۇ ، ئىككى يىلدىن بېرى شەھەر۔ لىك ئۆي ـ مۈلۈك باشقۇرۇش بۆلۈمىگە تولا قاتراپ كەشىنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتكەن ئابلەتجان ئەپەندىم بىر يەكشەنبە كۈنى تۈيۈقسىزلا كۈدە ـ كۆرپىسىنى قول ھارۋىلىرىغا بېسىپ ئۆينى بىكارلاپ قويدى . قايتىدىغان چاغدا ، تاشمەتخان ئۇستامغا بىر۔ مۇنچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى···

ئامەت ئادەمگە ئالدىنى قىلاي دېسە ، ئۇنىڭ قولى تەگكەن تاشمۇ گۆھەرگە ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ . تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ، پازىل ھاجىم ھېلى پەيچۇسوغا ، ھېلى ئاشلىق ئىدار۔

ـسگە پالاقلاپ چىپىپ يۈرۈپ (بەزى ئاژناپلارنىڭ نەپسىگە بىر-مۇنچە نەرسە تىققاندۇ بەلكىم؟ !...) ئۇلارغا مەڭگۈلۈك نوپۇس - نورما ھەل قىلىپ بەردى. مەتنىياز ھاجىم «تۈلكە» قارىماققا كوچا باشقارمىسىنىڭ جۇۋىچىلىق كارخانىسىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، تېرە - ئۈچەي قاراڭغۇ بازارچىلىقى بىلەن شۇغۇللىناتتى. جۇۋا سودىسىنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئاغزى چىڭ، ئىشەنچلىك كەسىپداشلىرىغا ئاز - ئازدىن ئاشلانغان تېرە، تاشلىق رەخت بېرىپ جۇۋا تىككۈ-زەتتى - دە، ئەپلىك پەيتنى تاللاپ پازىل ھاجىمنىڭ ئاپتوموبىـ-لىدىكى يۈكنىڭ ئاستىغا بېسىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىـ-رىدىكى قاراڭغۇ بازارچى چۆپقەتلىرىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى ياكى تۇغقان يوقلاش نامى بىلەن كارخانىدىن رۇخسەت سوراپ، جۇۋىـ-نىڭ بازىرى ئەڭ ئىتتىك جايلارغا ئاپىرىپ پۇلغا تېگىشىپ كېلەتتى. تاشمەتخان ئۇستام بىلەن قۇدىلاشقاندىن كېيىن، «قو-لۇڭ ياغ بولسا، دوستۇڭغا سۈۋا» دېگەن ئەقىدىنى ئۆزىگە ئۆ-مۈرلۈك يار قىلغان ئادەم جۇۋا تاشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشمەتـ-خان ئۇستامغا تىكىشكە بېرىدىغان بولدى. سىمكارنىمۇ چەندىن ئاشۇرۇپ بېرەتتى. بۇنىڭغا يارىشا، تاشمەتخان ئۇستاممۇ كېچىـ-نى كۈندۈزگە ئۇلاپ ماشىنا تېپىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى ۋاقتى - قارارىدا پۈتكۈزۈپ قولىغا تەگكۈزەتتى. قورسىقىدىكى جىمى ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، جۇۋىنىڭ كۆركەم - سۈپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلاتتى.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى «يەر ئاستى كارخانا»نىڭ مەخپىي بىرلىشىشى ئىدى!

ئاچقا ئاش - نان؛ توققا پەرداز زۆرۈر.

— ئوقۇ! — دېگەندى ئۇ، دىلنۇرغا، — ئاچاڭدەك دوختۇر بولالمىساڭ، خانىم بولىسەن! بىزدىن كېيىن قالغاندا، ئەرنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ سارغايمايسەن!...

بۇ گەپ دىلنۇر رەسمىي «شەھەر نوپۇسى» بولۇپ ئەتىسى
دېيىلگەندى. ئەينى چاغدا، «قارا نوپۇس» لارنىڭ ئاشلىق
نورمىسى بولمىغاندەك، شەھەردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش ھوقۇق-
مۇ يوق ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن يۇقىرى سىنىپلارنىڭ دەرسلىك-
لىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ
پەتلە تولاش، تۇگمە قاداش··· تەك قول ئىشلىرىغا ياردەملى-
شىش، ئانىسىنىڭ ئۇششاق - چۇششەك ئىشلىرىغا قارىشىپ
بېرىش بىلەن بىر يىلنى ئۆتكۈزگەن؛ بىرەر قېتىممۇ «قاراڭغۇ
بازار»غا دەسسەپ باقمىغانىدى.

— قولۇم سەل ئۇزۇنراق بولسا، سىلەرنىمۇ ئوقۇتۇپ
ئالىم قىلىشۋالسام مۇرادىمغا يېتەتتىم، — دېگەنىدى شۇ كۈنى
ئۈچ ئوغلىنى ئالدىدا يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، — ئاڭلاڭلار
تېخى يوق، ئاچاڭلار سەھرايىقىيامەتتە ئۆز كۈنى — ئۆز ئەھۋا-
لى بىلەن··· تاڭنۇرمۇ خەققە بالا بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن بىر
نەرسە تەمە قىلغىلى بولمايدۇ···ھەممىڭلارنىڭ گېلى، كىيىمى
بارغانسېرى يوغىناۋاتىدۇ. ئۆزۈم يالغۇز ماشىنا تېپىپ، سىلەر-
نى ئاغزىڭلار ئاشقا تەگكۈدەك قىلىپ بولغۇچە، ياﺋاللا، يا
نېسىپ··· گۇڭسەنداڭ كەلمەس چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ ئوقۇپ ئالىم
بولۇپ كەتكەن ئادەم بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى. ماۋزەيدۇڭ
ئاتىمىز تەختكە چىقىپلا: «ھەممە ئادەمنى ئۆزۈم بېقىپ، ئۆزۈم
ئوقۇتۇپ، باي - كەمبەغەلنى تەڭ قىلىمەن» دەپ مۇرادىغا
يېتەلمەي ئۆلۈپ تۇگىدى. خاگوپېڭ[1] ئاتىمىز: «ئىشچىنىڭ با-
لىسى ئىشچى، دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان بولسۇن···» دەپتىد-
مىش. بۇنىڭدىن كېيىن بىزدەك ھۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ بالىلى-
رى ئوقۇپ ئالىم بولۇپ كەتسىمۇ، ھۆكۈمەت ئىگە بولمايدىغان
ئوخشايدۇ··· «بۇنىڭدىن كېيىن قورسىقىمىز توق، ئۈچىمىز

① خاگوپېڭ — «خۇاگوفېڭ»نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

پۇتۇن بولسۇن» دېسەڭلار، «ئۇقۇش - پوقۇش» دېگەننى خىيا-
لىڭلىغا كەلتۈرمەي، قېشىمدا مەھكەم ئولتۇرۇپ ھۇنەرنى دەس-
تىڭلىگە ئېلىڭلار... جىمى جاھاننى قەھەتچىلىك قاپلاپ كەتسە-
مۇ، ھۇنەرۋەن ئاچ قالمايدۇ! بىلدىڭلىمۇ؟

— بىلدۇق...

شۇنداق قىلىشتى. ئاتا - بالا تۆت جان ئادەم كېچە - كۈندۈز زېرىكمەي كىلدىرلىتىپ ماشىنا تېپىۋەرگەچ، «پۇل» دېگەن بۇ سىرلىق نەرسە ئۇلارنىڭ چۆنتىكىگە شىرىقلاپ كىرد-ۋەردى، كىرگەنسېرى ئاۋۇدى - كۆپەيدى. پۇلى كۆپەيسە، ئادەمنىڭ يولى كەڭ، تىلى ئۇزۇن، يۈزى چوڭ، ھەممە ئىشى ئوڭ بولىدىكەن. تاشمەتخان ئۇستام ئەمرىدىن بىلەن نەسرىد-دىننى كەينى - كەينىدىن ئۆيلىۋالدى. كېلىنلىرى بىر - بىرد-دىن چىرايلىق، بىر - بىرىدىن ئىشچان، ھەربىرى بىردىن شاگىرتنى يانداپ، ئەرلىرى بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ ماشىنا تېپىدۇ، ئەرلىرى بىلەن تەڭ پۇل تاپىدۇ. قۇدىلىرى بىر - بىرىدىن ئوبدان، بىر - بىرىدىن يۈزلۈك، پۇللۇق كاسىپ — ماشىنىچى...

ئىككى يىل بولدى، ھۆكۈمەت: «ھالال ئىشلەپ پۇل تې-پىپ، ئۆز جېنىڭنى ئۆزۈڭ باق...» دەپ، پۇقراغا ئالىقىنىنى كەڭ بىر ئېچىۋېتىپتى، مەتنىياز ھاجىم بازىرى ئۆلگەن جۇۋد-چىلىقنى تاشلاپ، خۇرۇم پەلتۇ، خۇرۇم پالشوپكا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. كاساپەتنىڭ بازىرى شۇنداق ئىت-تىككى، تاشمەتخان ئۇستاملار بۇيرۇتمىنى ئۈلگۈرتۈپ بولالماي بىر قولى ئون... سىمكىرىنىڭ ئوبدانلىقىنى دېمەيسەن تېخى: بىر پەلتۇ پۇتسە يەتمىش يۈەن، بىر پالشوپكا پۇتسە ئەللىك يۈەن «شۇر - شۇر» ئېقىۋېرىدىغان گەپ! بىر پەلتۇ ناھايىتى كەلسە ئىككى كۈندە پۇتىدۇ. كاسىپ بىر كۈندە يوغان بىر كادىرنىڭ بىر ئايلىق مائاشىغا ئىشلىسە بولمىدىمۇ!؟

ئۆي تار كەلگەندى. بولتۇر ئۆگزىگە يوغان بىر مەنزەر

«قوندۇرۇپ»لا ، زاۋۇتتىن يېڭىلا چىققان پېچەت كىيىم تىكىش ماشىنىسىدىن ئون بەشنى (ئىككىسى ئاپتوماتىك) بىراقلا توپ باھادا سېتىۋېلىپ ، ئىلگىرىكى ئالتە ماشىنىغا قوشۇپ قاتار تىزىۋەتتى - دە ، ئۆزى ياش ، ھۈنەرگە پىشقان ئون بەش نىمكار ياللاپ ، ماشىنىلارنى تۇتقۇزدى . ئىش ھەققىنى پۈتكۈزگەن ئىشىغا قاراپ بېرىدۇ . ئۇلارنى ئىش - پۇل ئۆزى ھەيدەپ تۇرغاچ ، تاشمەتخان ئۇستام : «كېيىن كەلدىڭ ، بالدۇر كەتتىڭ…» دەپ ئاغزىنى ئۇپرىتىپ يۈرمەيدۇ . ھەممىسى بىلەن «ئۇستام - ئۇستام» دېيىشىپ ، مېھمان كىشىدەك چىرايلىق ئۆتۈشىدۇ . تېخى ئۆزىنىڭ ، نىمكارلارنىڭ قوشۇلۇپ يىگىرمىدەك شاگىرتمۇ ئۇنىڭ قولىدىن «نان يەيدۇ»… قولىدىن چىققان پالشوپكا ، پەلتولارنىڭ بېيجىڭ ، شاڭخەيلەردىكى داڭلىق كىيىم - كېچەك ماگىزىنلىرىنى ئاۋات قىلىپ ، سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنگۈدەك چىرايلىق شوجا[1] خانلار بىلەن پۇل كېچىپ يۈرۈدىغان شويا[2] غوجاملارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغان ؛ «ماڭا - ماڭا» دەپ تالىشىپ سېتىۋالىدىغان ئەتىۋارلىق مالغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقىنى يادىغا يېتىپ قالسىغۇ بولدى ، نەچچە كۈنگىچە ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ ، يېڭى پاسون - يېڭى نۇسخا يارىتىش ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ…

كاشال يېرى ، خوتۇن - بالىلىرى پات - پات شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىدىن پۈزۈر بىر دۇكان ئىجارىگە ئېلىشنىڭ جېدىلىنى قىلىپ قويۇشىدۇ . ئېنىقكى ، خوتۇنى كېچە - كۈندۈز «پۇل - پۇل» دەپ ئايلىنىدىغان ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىدىن بىزار . ئوغۇللىرى بىلەن كېلىنلىرى بولسا ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق كاتتا دۇكاننىڭ خوجايىنلىرى ئىكەنلىكىنى جاراستانىغا كۆز - كۆز قىلىپ ، «دوست - دۈشمەنلىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەت-

① شوجا — خەنزۇچە «شياۋجيې (خانقىز ، خانچاق)»نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى .
② شويا — خەنزۇچە «شاۋيې (بايۋەچچە ، غوجام)»نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى .

مەكچى !··· »

— قۇرۇق سۆلەت ـ جانغا ئاپەت ، — دەيدۇ تاشمەتخان ئۇستام خوتۇننى قايىل قىلىش ئۈچۈن ، — سىلە بىلەن مەن تۇنۇگۈن تۇغۇلغان گۈدەك بالا ئەمەسقۇ ؟ ! ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كىنو ـ تىياتىرخانا ، مۇنچا··· سالدۇرۇپ ، قەشقەردە «سەن ئەمەس ، مەن» بولۇپ تاراقلاپ يۈرۈشكەن ھۇسەنجان ھاجىم① . روزاخۇن بانكا ، كۇچا ماموتخان②دەك كاتتا بايلار نېمە كۈن كۆردى ؟ «تۆردە ئولتۇرغان نوچى ئەمەس ، زەللە ئالغان نوچى» دەپتىكەن··· بىزنى بىر كىم «يوغان دۇكان ئاچمىدىڭ» دەپ قىستاپ ئىسكەنجىگە ئالمىغاندىكىن ، مۇشۇنداق بۇلۇڭغا چۆكۈپ ، پۇلنى سۇزۇپ ـ سۇزۇۋالساق ، جاھاننىڭ چېكى توختىغاندا ئۇ چەت ـ بۇ چەت دۇكان ئاچامدۇق ، زاۋۇت قۇرامدۇق ، نېمە قىلساق قىلامدۇق !··· سىلىمۇ بىلىسىلە ، دېڭ شياۋپىڭ دېگەن ماۋ زەيدۇڭ ئاتىمىز بىر مىليارد ئادەمنى كەينىگە سېلىپ : «يوقىتايلى» دەپ ئون يىل تۇۋلىتىپمۇ يوقىتالمىغان ئادەم . بۇگۈن··· ھەممە ئادەمنى «پۇل تاپ ، باي بول» دەۋاتىدۇ . ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە ھەممە ئادەم ساندۇقىدا بارىنى ئوتتۇرىغا ئاچىقىپ : «مانا مەن مانچىلىك باي بولدۇم» دېگۇدەك بولغان چاغدا ، «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش» دەمدۇ ، «باي كەمبەغەلنى تەڭ قىلىش» دەمدۇ ، ئىشقىلىپ بىر باھانە تېپىپ ، دۇكانلارنىڭ بېشىغا بىر نېمە دەپ يوغان ۋىۋىسكىنى ئېسىپلا «دۇكان ئەزاسى بولۇپ ئىشلىسەڭ ئايلىقىڭ مانچە پۇل ، ئىشلىمىسەڭ تېزىكىڭنى تەر !» دەپ بىر ھۆرپەيسە ، ئادەمنىڭ ئىككى قولى بېشىدا قالامدۇ ؟ !··· يائاللا ، يائاللا··· ئاز تارت-

---

① ھۇسەنجان ھاجىم — 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» قۇرۇپ ، «ياۋاغ كىنوخانىسى»نى سالدۇرغان ، قەشقەرگە كىنو مەدەنىيىتىنى تارقاتقان زات . ئازادلىقتىن كېيىن شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە زاپخوز بولۇپ ، 70 ـ يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن .

② روزاخۇن بانكا ، كۇچا ماموتخان — 50 ـ يىللارد ، باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ «1 ـ ماي تىياتىرخانىسى» ۋە «خەلق مۇنچىسى»نى ياساتقان تەرەققىيپەرۋەر بايلار .

تۇقمۇ يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنى ؟ بىز كۆرگەن كۈنلەرنى خۇدا-
يىم ئىت - ئېشەككىمۇ كۆرسەتمىسۇن !...

بۇ جەھەتتە ، ئۇنى چىن يۈرىكىدىن قوللايدىغان بىردىنبىر ئادەم گۈلزار ئىدى . مانا ئەمدى ئۆزى قوپقالجىپ چىقىپ ، دادىسىنى شۇنچە چوڭ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشقا قىستاپتۇ . چىد-شى چىقىپ مۇشۇ كەمگىچە دادىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشمۇ تۇنجى قېتىم... ئۇ دېگەن كادىر ، سىياسەتكىمۇ يېقىن... دادىسى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىپ قاچان زىيان تارتقان ؟ ! ھازىرقى بولۇۋاتقان «كەل - كەلچىلىك» مۇ ئۇنىڭ ھېلىقى بەشيۈز كويىنىڭ قورى... دادىسى بۇنى ئۆلسىمۇ ئېسىدىن چىد-قارمايدۇ . بالىلىرىغا ، بالىلىرىنىڭ بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلىدۇ !... مانا مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇنىڭ ئىككىلى بالىسىنى قېشىغا ئەكېلىۋالغان . ئىككىلىسى ئوقۇۋاتىدۇ . خۇدا ئۆمرىنى بەرسە ، بىرىنى دوختۇر ، بىرىنى كادىر قىلىپ بېرىدۇ... دىلنۇر بۇلتۇر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا كەتتى . يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ يەيدۇ . خېۋىر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرسىلا ئاكىلىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالىدۇ... مۇنداق قارىسا ، سەد-رىددىن «سۇيدۇك پۇراپ قالغان»دەك تۇرىدۇ . كۈزگە بېرىپ بېشىنى جۈپلىۋەتسىلا بېشى ئارام تاپىدۇ... گۈلزارچۇ ؟ مانا شۇ بىچارە بالا خەقنىڭ يۇرتىدا مۇساپىر ، ئېرى خۇدايىمنىڭ ياۋاش - مۆمىن بەندىسى . مۇشۇ پۇرسەتتە تازا بىر يۆلەپ قويمىسا ، مۇنداق پۇرسەت يەنە كەلمەيدۇ... ئىككى تەرەپ ھۆججەتلىشىپ ، ھۆكۈمەت تامغا باسىدىغان ئىشتىمۇ كەينىگە قارامدىغان ! ؟ كى-چىك - دە ، بالىلار كىچىك ! تۆلەندى ئاخۇن گېپىدىن يېنىۋال-دىغان يېرى كەلسە : «ما ھۆججەتنى ئوكۇۇكىدا يازغانمۇ ، چۈشۈك-دىمۇ ؟ » دەپ كۆزىگە تىقىپ ، بويىنىدىن سۆرەپ ناھىيىگە ، ناھد-يىدە گېپى ئاقمىسا ۋىلايەتكە ئاپىرىدىغان زەنجىر ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ - دە !...

تاشمەتخان ئۇستام ئۇيان ئاپىرىپ ، بۇيان ئەكېلىپ ، ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ سوپۇر ئاخۇننى قايىل قىلدى . ئاخىردا :

— مەن ئاتا ، سىلە بالا بولغاندىن بۇيان سىلىگە ئەڭ قاتتىق تاپىلغان ئىشىم مۇشۇ . تۆلەندى ئاخۇننىڭ ئاغزىدىن «باغنى بېرىمەن» ياكى «بەرمەيمەن» دېگەن گەپنى ئالماي تۇ-رۇپ ئالدىمغا كەلمىسىلە ! ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل .

— كېيىن بىلىپ قالىلا ، قانچە ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆددە ئالسىلا شۇنچە ياخشى . ئۇقلىمۇ ؟

— ئۇقتۇم .

— ئامىن ، خۇدايىم ئىشلىرىغا خەير - بەرىكەت ئاتا قىلسۇن ! ئاللاھۇ ئەكبەر…

* * *

سوپۇر ئاخۇن ھجىيىپ كىرىپ كەلگەندە ، گۇلزار ئىخ-لاسجاننى بۆشۈكتىن يېشىۋاتاتتى .

— قانداق ، دادام ئۇنىدىمۇ ؟ — دېدى ئۇنى كۇتۇۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان گۇلزار كۆزلىرىنى غەلىتە ئويىنىتىپ .

— ئۇنىمامتىكى… — سوپۇر ئاخۇن ئىشكنى يېپىپ ، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى ، — يامانلىقىنى… ئادەمنى چېقىشتۇرۇپ …

سوپۇر ئاخۇن قولىدىكى خەتنى گۇلزارنىڭ ياقىسىدىن ئىچ-كىرىگە تىقماقچى بولغانىدى . گۇلزار چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغاچ ، خەتنى تارتىۋالدى . ئاندىن :

— سىلىدەك ياۋاشقا مەندەك يامانىنى خۇدايىم بىلىپ جۇپ-لەپتىكەن . چىدىسىلا تازا ! — دەپ ئىتتەردى . بىر قولىدا بۆشۈك تۇتۇقلۇق ئىدى .

بۇ ئۆي بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مەخسۇس ئۇلار ئۇچۇن سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. مەيلى گۈلزار يالغۇز كەلسۇن ياكى ئەر - خوتۇن بىللە كەلسۇن، قايتىپ كەتكۇچە مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپاتتى (ئەلۋەتتە، ئىنزەتگۈلنى يېنىغا ئېلىپ. سۇ- پۇرگە ئۇلار بىلەن ياتقىلى ئۇنىمايتتى). قۇلۇپنىڭ ئۇچ دانە ئاچقۇچى بولۇپ، ئىككىسى ئۇلاردا، بىرى روزىخاندا تۇراتتى. ئۇلار خوشلىشىپ دەرۋازىدىن چىقىشىغىلا روزىخان قۇلۇپنى بىر بېسىۋەتسە، ئۇلار يەنە بىر قېتىم كەلگۇچە ھېچكىمنى بۇ ئۆيگە دەسسەتمەيتتى. گۈلزار ئازغىنا كەم قىرىق كۇندىن بېرى مۇشۇ ئۆيدە. سوپۇر ئاخۇنمۇ سەككىز — ئون قېتىم كېلىپ قونۇپ كەتتى. ھەر كەلگىنىدە، قىلمايدىغان شوخلۇقلىرى قالمايدۇ. تېخى بەزىدە قۇمسارايدىكىدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، قېيناتا - قېينانىسى ئالدىدا «موللام مۇشۇك». قېيىنىنىسى - قېينىسى- ڭىللىرى ئۇنىڭغا گۈلزاردىن بەكرەك ئامراق. ئۇمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدۇ...

سوپۇرئاخۇن بىردەم گۈلزارنىڭ «چىشىغا تېگىۋالغاندىن كېيىن» ئۇنىڭ ئالدىغا يۇكۇندى - دە، ئىخلاسجاننى قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتكەچ، قېيناتىسى بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەرنىڭ ئۇۋۇقىنى چۇشۇرۇپ قويماي دەپ بەردى. ھاياجانلىنىپ كەتكەن گۈلزار ئۆزىنى تۇتالماي، ئانچە - مۇنچە «چېقىپ» مۇ تۇردى. ئاخىردا سوپۇر ئاخۇن ئۇنى «ئۇھ» دېگۇدەك ھالى قالمىغۇچە ئېزىپ سۆيۇپ تۇرۇپ:

— بىر كېچە قاشلىرىدا يېتىۋالارمەن دەپ ئاران كەلسەم، دادام ئادەمنى ھەيدەپ... — دەپ شوخلۇق قىلغانىدى. گۈل- زار:

— ئاۋۋال دادام بۇيرۇغان ئىشنى بىر پۇتكۇزۇپ كەلسە- لە! قېشىمدا تولا ياتقۇزۇپ «ھۆ» دېگۇدەك قىلىۋەتمىسەم!... — دەپلا مەيدىسى بىلەن ئىتتەردى...

* * *

— نېمە !… شوپۇر بولماي ، نېمە ئىش قىلاي دەيسەن ؟
— دادامنى دوراپ باغۋەنلىك قىلىپ باقاي دەيمەن…
— چاقچاق قىلىۋاتامسەن ، راستمۇ ؟
— راست .
— تېخى تۈنۈگۈن خۇشاللىقىڭدا ئاغزىڭ قۇلىقىڭغا يەتكۇدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتىڭ . بۈگۈن قەشقەرگە بىر بېرىپ كېلىپلا… تېگى تاش كۆچلۈك كەلدىمۇ نېمە ! ؟
— بىر ئۆي دېگەندە ، بەزى تۆپى تاش كۆچلۈك كەلسە ، بەزى تېگى تاش كۆچلۈك كېلىپ قالىدىكەن…
— مائاداشنى… يېقىنىنىڭىزى خېلى تىلىڭ چىقىپ قېلىد-ۋاتىدۇ جۇمۇ ، سېنىڭ ! تازا قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ !… نەچچە «هام»نىڭ ئاغزىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ بەرگەن ناننى «يەيمەن» دەپ … زادى نېمىشقا شوپۇر بولغۇڭ كەلمەي قالغىنىڭنىڭ سەۋەبىنى بىر دېگىنە !
— بايا دېدىمغۇ ! «باغۋەن بولاي» دەپ…
— سېنى باغۋەن قىلساق ، گۆگشى باغۋىنىنى نېمە ئىشقا سالىمىز ؟
— گۆگشىنىڭ بېغىنىڭ گېپىنى قىلمىدىم… بىزنىڭ داد‌ۇينىڭ بېغىنى ھۆددە ئېلىپ ، تەلىيىمنى بىر سىناپ باقاي دەيمەن …
— ھە ، مۇنداق دېگىن… شۇڭا يېرىم كېچىدە مېنى ئىزدەپ كەپتىكەنسەن - دە ؟
— ھەئە .
— تۆلەندى سېكرىتار بىلەن سۆزلەشتىڭمۇ ؟
— ھەئە . ھازىر شۇنىڭ ئۆيىدىن كېلىشىم .

— نېمە دېيىشتىڭلار ؟
— ھۆددە بەرمەكچى بولدى .
— ئەمىسە نېمىشقا مېنى ئىزدەپ كەلدىڭ ؟
— خىزمىتىم توغرۇلۇق بىر نەرسە دەرمىكىن دەپ···
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئەخمەق !··· خىزمەتتىنمۇ چېكىنمەكچى بولىۋاتامسەن ؟
— ياق . بىر ھۆججەت بارمىشقۇ ؟···
— گۈلزار خانىم شۇنداق دەمدۇ ؟
— ھەئە .
— بۇ گۈلزار خانىم ـ زە··· ماڭا قارا ئۇكام ، باغ دېگەن بۇگۈن ھۆددە ئېلىپ ، ئەتە دادۇيگە تاشلاپ بەرسە بولىدىغان نەرسە ئەمەس··· ھۆددە بېرىش ۋاقتىمۇ ئۇزاق··· دېتىڭدىكىدەك بىر نەرسە چىقماي قالسا ، قەرز ئۈستىگە قەرزگە بوغۇلۇپ ، پۇشايمان يەپ قالارسەنمىكىن ؟···
— مەيلى . پۇشايمان قىلمايمەن .
— شوپۇر بولغۇڭ كەلمىسە ، باشقا بىر ئىش تېپىپ بېرىشكە مەن كېپىللىك قىلاي . گېپىمگە كىرىپ نىيىتىڭدىن يانساڭ ئوبدان بولارمىكىن ؟···
— نېمە بولسا بولسۇن ، بۇدا تەلىيىمنى سىناپ بېقىشىمغا بىر رۇخسەت قىلسىلا !··· يىگىرمە يىل ھارۋا ھەيدەپ ، كۆرمىگەن كۈنۈم قالماپتۇ . بالام ئۈچ بولغاندا ، مەنمۇ بىر دادام قويغان كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلغاچ ، ئۆيۈمگە يېقىنراق تۇرۇۋىدىغان بولاي···
— گۈلزار خانىم شۇنداق دەمدۇ ؟
— ھەئە .
— مۇنداق دېگىن··· دېھقانلارغا نېسى ھۆددە بەرگەن بىلەن سەندەكلەردىن نەقپۇل ئالىدىغان پرىنسىپ بار . بۇنى ئويلاشتىڭلارمۇ ؟

— ھەئە .

— نەچچە يىللىق ھۆددە ئالغۇڭ بار ؟

— نەچچە يىللىق بەرسە ، شۇنچە يىللىق...

— ھە !... شۇنچە جىق پۇلۇڭ بارمۇ ؟

— بېرىدىغان ئايلىقلىرى ئاران ئەللىك كوي تۇرسا ، مەندە پۇل نېمىش قىلسۇن ! ؟ قېيناتام قەرز بېرىدىغان بولدى...

— ئەسلى مۇنداق ئىش ئىكەن - دە ، بۇ !... تاشمەتخان ئۇستام سېنى تازا بىر يۆلەپ قوياي دەپتۇ - دە !...

— .........

— ئادەممۇ بولار ، ئۇنىڭدەك ئەقىللىق ، تەدبىرلىك بول-ماس... قېيناتاڭ يۆلەنچۈك بولغان بولسا ، ھۆددە ئالساڭ ئال... كاللا ئىشلىتىپ ، كۈچۈڭنى ئايىمايدىغانلا بولساڭ ، ئۈچ يىلغا قالماي دەسمايەڭنى تۆلىۋالىسەن... باياتىن سېنى «نېمە دەيدىكىن» دەپ گەپكە سېلىپ باقتىم . ئەمدى ئوغۇل بالا بولۇپسەن !... ئەللىك مو باغقا بىر يىلدا ئىككى يېرىم مىڭ كوي دېگەن قانچىلىك پۇل ئۇ !... ئەخمەقلەر ، شۇنىمۇ بىلىشمەيدۇ !... ئەگەر خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقمايدىغان بولسام ، ئۆزۈملا يىگىرمە يىللىق ھۆددە ئالاتتىم دېگىنە !... راستلا ھۆددە ئالىدىغان بولساڭ ، ئۆرۈك پىشقۇچە توختاملىشىپ ، پۇلىنى تاپشۇرۇۋەت... ئۇ باغقا بوغداي تېرىغانىغۇ دەيمەن ؟

— ھەئە .

— بوغداينى دادۇي ئورۇپ بولۇشىغىلا ئورنىغا قوناق تېرىۋەتسەڭ ، بەش - ئالتە مىڭ جىڭ قوناققا ئىگە بولۇپ قالى-سەن...

— ماقۇل .

— خىزمىتىڭنىڭ ئىشىنى تو جۇرېن بىلەن مەسلىھەتلى-شىپ ئاندىن بىر نېمە دەيلى . ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل .

— ئەمىسە ئەتىلا مىدىرلا !

— تۆلەندى سېكرېتار قېيناتامدىن ئالالمىغان ئۆچىنى مەندىن ئېلىپ، ئۇزاق يىللىق هۆددە بەرگىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلىمەن ؟

— ئۇنداق قىلمايدۇ . خاتىرجەم بول . هازىر ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى مۇشۇ باغنى بىر كىمگە هۆددە بېرىۋېتىش . ئەزالار نېسى بەرسىمۇ ئالغىلى ئۇنىمايۋاتسا، نەق پۇل تۆلەيدىغان ئادەمنى كۆرسە، دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتار !… تاشمەتخان ئۇستامغا دەپقوي، تۆلەندى ئاخۇن ئۇنچە ئەسكى ئادەم ئەمەس . بىر چاغدىكى ئىشلارنىڭ هەممىسى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ كاساپىتى . كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتسۇن !…

— ماقۇل .

سوپۇر ئاخۇن قەشقەردىن كېلىپلا، تۆلەندى «داجەي»نى تېپىپ مۇددىئاسىنى ئېيتقانىدى . «راستما ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — تازا ئەقلىڭگە كەپسەن… تاشمەتخان ئۆگەتكەندۇ هەقىچان ؟ گۇلزار خانىم ئۆگەتتىمۇ - يا ؟ — سوپۇر ئاخۇننىڭ يۈرىكى ‹جىغغىدە › قىلىپ، چىرايى ئۆڭدى . گەپ قىلماي يەرگە قارىۋالدى، — داداڭ قويغان كۆچەتكە ئىگىدارچىلىق قىلساڭ، ئاسان روناق تاپىسەن… ئەمما، دەپ قوياي، سەن گۇڭشېنىڭ مائاشلىق ئادىمى . ئاۋۋال پۇلۇڭنى تەييارلاپ، ئاندىن قېشىمغا كەل . قانداق دېدىم ؟» سوپۇر ئاخۇن : «پۇلۇم تەييار» دېمەكچى بولدى - يۇ، دېمىدى . چۈنكى، تۆلەندى «داجەي» تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئېتىنى تىلغا ئالغاندا، سوپۇر ئاخۇنغا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەلىتە سوغۇق نۇر چاقنىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ : «ئاۋۋال پۇلۇڭنى تەييارلاپ، ئاندىن قېشىمغا كەل… » دېگەن گېپى سوپۇر ئاخۇننىڭ تىلىنى باغلىۋەتتى . شۇڭا «ماقۇل» دەپ قويۇپلا ئۇدۇل گۇڭشېگە — ئىسمائىل موللاقىنىڭ ئۆيىگە چاپتى . سوپۇر ئاخۇننى هارۋىكەش

قىلىپ بېشىنى ئەگ دەسلەپ سىلىغانمۇ ، ۋەزىپىسى ئەسلىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇنى شتاتلىق ئىشچى قىلىپ قويغانمۇ يەنىلا مۇشۇ ئادەم ئىدى . سوپۇر ئاخۇن توختى تۇردىن سەل ئەيمىنىپ ، كۆڭلىگە كەلگەننى ئۇدۇللا دېيەلمىگىنى بىلەن ئۇ- نىڭ ئالدىدا ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ئەركىن - ئازادە تۇتۇپ ، نېمە دېگۈسى كەلسە تارتىنماي دەۋېرەتتى . شۇڭا ئۇنى ئىزدەپ كەلدى . دەيدىغىنىنى دەپ ، ئۆزىگە لازىملىق جاۋابقىمۇ ئېرىشتى . ئەمدى ئۆيىگە بېرىپ خاتىرجەم ئۇخلىسا بولىۋېرىدۇ...

* * *

ئۆرۈكلەرنىڭ ئالدى ئېسىلگەندە ، ھەممە رەسمىيەتلەر تو- لۇق ئۆتۈلۈپ ، باغ سوپۇر ئاخۇننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى . قوناقنى ئادەم ياللاپ تېرىتىپ بولۇپ ، ئۆرۈك ساتقان پۇلنى ساناپ كۆ- رۈۋىدى ، بەش مىڭ يۈەندىن جىقراق چىقتى . ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن خۇشاللىقتىن كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى . راس- تىنى ئېيتقاندا ، ئۇخلىغۇسى كەلمىدى . ئەللىك كۈندىن بېرى بىر - بىرىنى قاتتىق سېغىنىشقانىدى . ئىرمىشىپ - چىرمى- شىپ ، مۇڭدىشىپ قېنىشمىدى . ئۆزى تۆرەلگەن ئۆيدە ئۆتۈۋات- قان تۇنجى كېچە يېڭى مېھمان ـــ ئىخلاسجاننى مەست - مەلەخ قىلىۋەتكەنمۇ تاڭ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۈلكىسى ، قىيا - چىيا- سىغا پىسەنتمۇ قىلمىدى !...

يىگىرمە يىل ، ئەللىك مو باغ...

ئەگەر مۇشۇ باغ «يەر ئىسلاھاتى»مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ ئىل- كىدە بولۇپ قالغان بولسا ، «پومېشچىك ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيىپ «ئۇر - ئۇر»غا قالارمىدى ، ياكى ؟...

ئىخلاسجان ـــ يېڭى ئەۋلاد ـــ نېمە دېگەن بەختلىك - ھە !؟

# ئۆتەك ناخشىسى

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز ،
ئاغىي بۇلاقنىڭ تاغلىرى .
تۆپىسىگە قار يېغىپتۇ ،
ئاستىدا گۇل باغلىرى...

بۇ مىسرالار قاچان؟ كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، تەكشۇرۇپ ئېنىقلاپ باققانلارمۇ يوق . بەزى تەتقىقاتچىلار قىياس بىلەن «ناھايىتى قەدىمىي...» دېيىشتى ، خالاس . بىرق ، مېنىڭ ئاڭلاۋاتقىنىمغىلا ئاتمىش يىلدىن ئېشىپ-تۇ . ھازىرمۇ ئېيتىلىۋاتىدۇ . ناخشا خۇمار ، كۆڭلى سۇنۇق بىچارىلەر ئېيتىپلا قالماي ، سەھنىلەردە ، رادىئو ـ تېلېۋىزور-لاردىمۇ ئېيتىلىۋاتىدۇ . بەلكى ئەبەدىلئەبەد ئېيتىلار؟ ! بەزى «ناخشا» لار باركى ، ئەڭ ئۇستا ناخشىچى داغا ـ داراز ، ھەيۋەد-تىشەم تارتىپ ئېيتىپ ، ناخشا خۇمار ئادەمنىڭ قۇلىقىغا «قو-غۇشۇندەك ئېرىتىپ قۇيسا»مۇ ئاتمىش يىل ئەمەس ئالتە يىل ، ئالتە ئاي ، ھەتتا ئاتمىش كۇندىلا پاك ـ پاكىز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ . ئۇنتۇلمىغاندىمۇ ، ئۇنىڭ تىلى ، بۇنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئۆزگىرىپ ـ ئۆزگىرىپ ، ئاخىر ، باشقىلا بىر ناخشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئاپتورنىڭ كىملىكىمۇ ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ !

... ئەسلىسەم ، مەن تىلغا ئالغان يۇقىرىدىكى كۇپلېتنىڭ ئۈچىن-چى مىسراسى ھازىر بەزىدە ئاتمىش يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن سەللا ئۆزگىرىپ : «ئۇستىگە قارلار يېغىپتۇ» بولۇپ ئېيتىلىۋېتىپتۇ

ـ يۇ ، خا مەزمۇنى ، خا قۇرۇلمىسىغا ھېچقانداق تەسىر يەتمەيـ
تۇ ! بىراق ، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى ـ ناھاـ
يىتى تېز بولدى ، ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ يەتمەيدۇ !… قاراڭ ، ھازىر
بۇ تاغلار ئارىسىدا قاتناۋاتقىنى قانداقتۇر تۆگە ، ئېشەك كارۋىنى
ياكى تۆت ئاتلىق كۆتەك ھارۋىلار ، رىزقى ـ نېسىۋە ئىزدەپ
«ئالتە شەھەر»دىن «تاغ ئارقىسى»غا يول ئالغان يېتىمچى ـ
مۇساپىرلارنىڭ ھارغىن ئاياغلىرى ئەمەس ، بەلكى كېچە ـ كۈنـ
دۈز ئايىغى ئۈزۈلمەس ئاپتوموبىل توپلىرى…

يەنە بىر ئاپتوموبىل — بەش توننىلىق «شەرق شامىلى»
ماركىلىق ئاپتوموبىل . ئاسمان كۆپكۆك ، يەر ئاپئاق ، تاغلار
ئاپئاق . ئاپتوموبىللارنىڭ چاقلىرى قالدۇرغان ئىزلار ئەينەكـ
تەك پارقىراق ، سىلىق ، تېيىلغاق . شوپۇرنىڭ كۆزلىرى ئالـ
دىدا — يولدا ، قوللىرى رولدا . ئوڭ تەرەپ چوڭقۇر جىلغاـ
ھاڭ ، سول تەرەپ بۇلۇتقا تۇتۇشۇپ كەتكەن ئېگىز تاغ . ئاپتوموـ
بىل چاقلىرى ئاستا ، تولىمۇ ئاستا ئايلىنىپ ، تۆۋەنگە ، بارغانـ
سېرى تۆۋەنگە سىرىلماقتا… ئۈستى برزېنت بىلەن يېپىلغان
كوزۇپتا ئاسمانپەلەك يۈك ؛ كابىنكىدا ئۈچ كىشى — شوپۇر ،
ئۇنىڭ يېنىدا ئوتتۇز ياشلاردىكى ۋىجىك ، ئۇستۇېشى مەينەت ،
چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ كەتكەن يىگىت . ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان
ئولتۇرغىنى كەمچەت قۇلاقچا ، قاما ياقىلىق دۇراپ پەلتۇ كىيـ
گەن ؛ قويۇق ئاق دارىغان ساقال ـ بۇرۇتىنى قىسقا ، ناھايىتى
چىرايلىق ياساتقان ئاتمىش ياشتىكى مويسىپىت . قارىماققا شوـ
پۇر ئۇنىڭدىن ئون ياش كىچىك ، ساقالسىز ؛ قويۇق ئۆسكەن
بۇرۇتىغا پەس ماشىنا سالدۇرغان…

— ئۇ ـ ھ ، — دېدى مويسىپىت يەڭگىل نەپەس ئېلىپ
ھەم شوپۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ئاپتوموبىل ئېگىزلىكتىن
تۆۋەنگە بىخەتەر چۈشۈپ يەنە يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىغاندا ، —
ماڭىزە ، قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى بىر سېرى ، مۇشۇ

جىلغىغا چۈشۈپ چىقماق بىر سىرى...

— مېنى دېسىلە قارىكا ، — شوپۇرمۇ كۈلۈمسىرىدى ، مىشەگە كەلگەندە يۈرىكىم جىغىلداپ ، ئەزايىمغا تىترەك ئولدىشىدۇ . بولۇپمۇ قىشتا «تورمۇز تۇتماي قالارمۇ ؟» دەپ ئەنسىرەپ...

— بۇ يولنى ماڭماي دېسەك ، پۇت - قولىمىز ئەمدى بوشىدى ، تاپاۋەتمۇ كۈندىن - كۈنگە ئوبدان بولۇۋاتىدۇ... نەپسى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىمۇ ياكى ئاللا ئىگەم ئۆزى سالغان كويمۇ ؟ پەقەت ئۆيدە تۇرالماس بولۇپ قالدىم... بۇ قېتىمغۇ قىشچە پۇت - قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ ، تازا بىر «ئۇھ» دەۋالاي دېگەن يەرگە كەلگەن . قارىسام ، بېيجىڭگە ئۆزۈم بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەپ كەلمىسەم ، بۇ يىلمۇ ھەج سەپىرىدىن قالغۇدەكمەن... ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، ھازىر قەشقەردە مالدىن قول تولا بولۇپ كەتتى . مۇشۇ بىر ماشىنا مالنى تەييار قىلغۇچە ئون جېنىمنىڭ بىرى قالدى . ئىچكىرىدىن چىققان سودىگەرلەرگە سېتىپلا قۇتۇلاي دېسەم ، بىرەر يۈزمىڭ بىكارلا ئېقىپ كېتىدىكەن...

— ئوبدان ئويلاپلا ، — شوپۇر گەپكە قوشۇق سالدى ، — بىرەر يۈزمىڭ كوي تۇرماق ، بىر كوينى كىم بىكارغا بېرىدۇ ؟ ! بىر چاغدا بىر كوي تېپىش ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىمىزنى ئويلىمايدىغان بولسام ، مېنىڭمۇ رولدا ئولتۇرغۇم يوق...

— «ماڭغان دەريا ، ياتقان بورىيا» دەپتىكەن . ئادەمنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالى تۇرۇپ يېتىۋالسا ، يېنى يەر تارتىپ ، كۈندىن - كۈنگە ھۇرۇنلىشىپ كېتىدۇ...

— شۇنداق ...

قارىس !...

ماتور ئايلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، ئاپتوموبىل تۇيۇقسىز مېڭىشتىن توختىدى . ئۇستىلەپ شوپۇر قاتتىق تورمۇز قىلدى -

ده :

— كاردان ئۇزۇلۇپ كەتتى ! ئىشتىتىك ماشىنىدىن چۇ - شۇۋېلىشىىلا ! — دەپ ۋارقىرىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچە- يىپ ، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى . شۇنداقتىمۇ ، غەلىتە چاققانلىق بىلەن ماتورنى ئۆچۈرۈپ ئۈلگۈردى . قوللىرى رولدا ، ئاياغلىرى تورمۇزدا ئىدى . ھەمراھلىرىنىڭ ھالى ئۇنىڭكىدىن بەتتەررەك بولۇپ ، مويسىپىت :

— لائىلاھە ئىللاللاھۇ ، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا ! — دەپ ئۇنلۇك ئىمان ئېيتقىنىچە كابىنكىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىق- تى . ياش يىگىت ھودۇققىنىدىن ، ئەمدىلا ئايىغى چىققان بوۋاق- تەك تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلەپ كابىنكىدىن چىقىۋېتىپ يەرگە دۈم يىقىلغىلى تاس قالدى . ھېلىمۇ ياخشى ، مويسىپىت چاققان- لىق قىلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپلا يەرگە دەسسىتىۋالدى .

— ئەجەب پالاكەت بىر نېمىكەنسەن ! خۇدايىم چوڭ ساق - لىدى ، — دەپ تەنە قىلدى شوپۇر ئۇنىڭغا ، — بولە ! ئاۋۇ كۆتەكنى ئېلىپ ، ئارقا چاقنىڭ ئاستىغا قوي !...

— قايسى كۆتەكنى ؟

يىگىت تېخىچە ئېسىنى يىغالمىغانمۇ ياكى «كۆتەك»نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەمدۇ ؟ شوپۇرغا چېكەتكىدەك تىكىلگىنىچە جا- يىدىن قىمىرلىمىدى . ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ ، پېشانىسىدىن تەر ئۆرلەۋاتاتتى .

— بۇ يانغا ئۆت ! — دېدى مويسىپىت ئۇنى مۇرىسىدىن تارتىپلا كابىنكا يېنىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ۋە بايا ئۆزى ئاياغلىرى- نى قويۇپ ئولتۇرغان ئۇزۇنلۇقى يېرىم مېتىر ، كەڭلىكى بىر غېرىچ كېلىدىغان ئىككى تال ئۇچ قىرلىق ياغاچنى ئالدى ۋە ئۆز يېشىغا خاس بولمىغان چەبدەسلىك بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتتى ـ دە ، ياغاچلارنى چاقلار ئاستىغا قىستۇر- دى .

— يا ، خېلى قىلغان ـ ئەتكىنىمىز بار ئىكەن ، — دەپ كۆلۈمسىرىدى ئۇرنىدىن قوپۇۋېتىپ ، كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان شوپۇرغا قاراپ ، — ئەگەر داۋاننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە مۇشۇنداق بولغان بولسا قانداقمۇ قىلاتتۇق ؟ !

— قانداق قىلاتتۇق ؟ — شوپۇرمۇ كۆلۈمسىرىدى ۋە سۆزلىگەچ ئىشكىنى ئېچىپ ، كابىنكىدىن چىقتى ، — پېشانىمىزگە كەلگەننى كۆرەتتۇق . «خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق» دەپ ···

— شۇنداق . خۇدادىن كەلسە ، بەندە تۇپتۇز يولدا كېتىپ بېرىپمۇ ، مىقمىق يىكەندازنىڭ ئۇستىدە كۈلۈپ ئولتۇرۇپمۇ ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرىدۇ··· ئۆزىنىڭ ئەجەل سائىتى بىلەن چايان چېقىپ جان تەسلىم قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن لوقمان ھاكىم ئۇلۇغ پەرۋەردىگارى ئاللەمنىڭ ئەمرىگە بويسۇناي ، ئاتقا مىنىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ ، ناماز ئوقۇش ئۇچۇن سەجدىگە باش قويغاندا ، جانابى ھەق سۇبھانى ۋە تائالا ئۆز قۇدرەت كامالى بىلەن ئاتنىڭ يايلىسىغا ياماشتۇرۇپ قويغان چايانغا ئەمر قىلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە نەشتەر ئۇرغۇزۇپ ، ئۆزى بېشارەت بەرگەن سائەتتە قەبزى روھ قىلمىدىمۇ ! ؟···

مويسىپىت بىرمۇنچە ئەمرىمەرۇپ قىلغاندىن كېيىن نېمىدۇر بىرنەرسىنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر پەس جىمىپ كەتتى ـ دە ، جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى :

— ئۇستام ، «كاردان» دېگەنلىرى قانداق نېمە ئۇ ؟

— ئەنە ، ئاشۇ نەرسە شۇ .

شوپۇر ئېڭىشىپ تۇرۇپ ، قولى بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ ئاستىدا بىر ئۇچى ماتورغا چېتىقلىق ، بىر ئۇچى يەرگە قادىلىپ تۇرغان ، مەشىنىڭ كانىيىدەك چوڭلۇقتىكى تۇرۇبىسىمان تۆمۈر-

نى كۆرسەتتى . مويسىپىت ئۇنىڭغا بىر هازا قادىلىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بىلىنى رۇسلاپ :

— توۋا ، شۇنچە يوغان تۆمۈرنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكىنىنى··· — دەپ ئىچىنى ئۇردى ، — بۇ ماشىنىنى ئالغانلىرىغا يېرىم يىلچە بولدىغۇ دەيمەن ؟

— هەئە . يەنە ئون كۈندە يەتتە ئاي بولىدۇ . هازىرغىچە بىر يېرىگە ئەتۋېركىمۇ تەگكۈزمەي ، دۆلدۆلدەك ئۇچۇۋاتقان ماشىنا بۈگۈن نېمە بولدىكىن ؟···

— شۈكۈر قىلىسلا ! بۇمۇ بىزگە كەلگەن قىسمەت···

— شۈكۈر قىلمامدىغان ، قارىكا ! هېلىغۇ بىر پارچە تۆ-مۈر سۇندى ، جېنىمىزغا كەلسە قانداق قىلاتتۇق ! ؟··· بۇ يولدا نېمە تولا ، ماشىنا تولا . بىرەرىگە يامىشىپلا توقسۇنغا بارساق ، كاردان دېگەن ساماندەك···

— شۇنداقمۇ ؟ مەن تېخى···

— شۇنداق . قەشقەردىن بىرەر تونۇش شوپۇر چىقىپ قالسا ، ماشىنىنى سۆرىتىپلا سارىخانىنىڭ ئۆتىڭگە ئاپىرىپ قو-يۇپ···

— ئۇ يەرگە خېلى باردۇ ؟

— ئاز قالدى ، ئۈچ كىلومېتىرچە قالدى···

— مۇنداق دېسىلە ! گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ، نەگىرەك كەلگىنىمىزنى بىلمەيلا قاپتىمەن .

— سىلىغۇ سىلە ، بەزىدە مەنمۇ كىلومېتىر بەلگىسىگە قارىمىسام ، نەگە كەلگىنىمنى بىلەلمەي قالىمەن···

— شۇنداق··· يولمۇ ئوخشاش ، تاغلارمۇ ئوخشاش بولغان-دىكىن ، هەرقانداق ئادەم گاڭگىراپ قالىدۇ···

شوپۇرلارغۇ يول ئۈستىدە دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بۇن-داق پېشكەللىكلەرگە ئەزەلدىن كۆنۈك . قارىغاندا ، مويسىپىتمۇ كۆنۈك ئوخشايدۇ ، ئارتۇقچە «ئاھ ـ ۋاھ» لاپ كەتمىدى .

ئەكسىچە، شوپۇرغا تەسەللى ئېيتىپ، جىددىيلىكنى پەسەيتتى.
ياش يىگىت بەك قورقۇپ كەتكەنمۇ ياكى كۆڭلىدە باشقا بىر ئەندىشە بارمۇ؟ چىرايىدىكى سېرىقلىق تېخىچە كۆتۈرۈلمىگەندى. ئۇۋىسىدىن چىقىپلا بۆرىگە يولۇققان توشقاننىڭكىدەك چەكچەيگەن كۆزلىرى ھېلى تەھتى ئەسرادىكى جىلغىغا تىكىلسە، ھېلى ئاسمان پەلەك تاغلارغا، ھېلى ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ ئاغزىغا تىكىلەتتى···
ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلمىدى، سۇرگۈنگە چۈشكەن بۇ-قىدەك ھۆركىرىشى بىلەن تاغۇ تاشلارنى زىلزىلىگە سېلىپ، جىلغىدىن تاشپاقىدەك ئاستا سۈرئەتتە ئۆمىلەپ چىققان چوڭ تېپتىكى ماي توشۇش ئاپتوموبىلى ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە «شىپپىدە» توختىدى ـ دە، ياشقىنا شوپۇر كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى:
ـــ ماشىنىدىن چاتاق چىققان ئوخشىمامدۇ؟
ـــ كۆرمەملا، ـــ شوپۇر دەرھال كېلىپ، يىگىت بىلەن قول ئېلىشتى، ـــ كاردان ئۈزۈلۈپ كېتىپ···
ـــ ئاپلا، ئەجەب يامان بوپتۇ··· مەن تېخى «باشقا چاتاق چىققان بولسا، ياردەملىشىپ ئۆتكىلىشىپ بېرەرمەن» دېسەم···
ـــ رەھمەت···
ـــ نەدىن كېلىشلىرى؟
ـــ قەشقەردىن كېلىشىم··· ئۆزلىرىچۇ؟
ـــ كۇچا ئۆچكىلىكتىن داخىيەنگە خام نېفىت ئېلىپ ماڭغان···
ـــ يولىمىزمۇ بىر ئىكەن···
ـــ سىلىمۇ داخىيەنگە ماڭغانمۇ؟
ـــ ھەئە.
ـــ ماشىنامدا نېفىت بولمىغان بولسا «غارىردە» توقسۇنغا بېرىپلا بىر دانە كاردان ئەكېلىپ سېلىشىپ بېرىدىكەنمەن···

— رەھمەت... سارىخاننىڭ ئۆتكىگە بېرىۋالغان بولسامۇ...
— ھە ، توغرا... ماشىنىلىرىدا بوكسىر بارمۇ ؟
— بار...
— ئۇنداق بولسا ...

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتتى - ئۆتمىدى ، ئىككى ئاپتوموبىل كەكە سېپىدەك تومۇقتىكى بوكسىر - ئارغامچا بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلىپ ، پىيادە ئادەم سۈرئىتىدە يولغا چۈشتى ۋە يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ، «سارىخاننىڭ ئۆتكى» ئالدىغا كېلىپ توختىدى . شۇ چاغ ، پاكىز - رەتلىك كىيىنگەن ئون ياشلار چامىسىدىكى بۇدرۇق ئوغۇل بالا بىلەن سەككىز ياشلاردىكى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان بىر قىز بالا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى . ئۈمىدلىك چاقناۋاتقان كۆزلىرى ھېلى ئاپتوموبىللارغا تىكىلسە ، ھېلى ناتونۇش يولۇچىلارغا تىكىلەتتى . يولۇچىلار ئۇلارنى كۆرمەي قالدىمۇ ياكى ئۆز ئىشى - ئۆز غېمى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەچ ، ئۇلارغا قارىغۇدەك چولىسى يوقمۇ ، ھېچكىمنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى...

— كابىنكىدىن چۈشسىلە ئۇستام ! — دېدى ئاپتوموبىللار بىر - بىرىدىن ئاجرىتىلىپ بولغان چاغدىمۇ رولنى تۇتقىنىچە كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، كەينىگە قاراپ ئولتۇرغان ياش شوپۇرنىڭ ئالدىغا كەلگەن مويسىپىت ، — بىز بىلەن بىللە بىرەر قاچا ئىسسىق ئىچىپ ئاندىن ماڭسىلا !

— رەھمەت . ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇق تۇرىدۇ ، قار چۈشۈپ كەتكىچە تاغ ئارىسىدىن چىقىۋالاي ، — ياش شوپۇر بوكسىرنى تۈرتەكلەۋاتقان پېشقەدەم شوپۇرغا بۇرۇلدى ، — ئۇستام ، سىلە قانداق قىلىلا ؟ مەن بىلەن بىللە ماڭامىلا ، يا ؟...

— شۇنداق قىلاي... مەنمۇ - زە... بوكسىرنى قايتىپ كېلىپ يىغىشتۇرماي...

پېشقەدەم شوپۇر قولىدىكى بوكسىرنى يەرگە تاشلاپ ، يەنە نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىغىنىچە ئۇلارغا يېقىنلاشقانىدى . مويسىپىت :

— سىلە توقسۇنغا بېرىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ ، دۇكانلار تاقىلىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە بۈگۈن مىشەدە قونۇپ ، ئەتە بامداتنى ئوقۇپلا يولغا چىقساق ، چۈش - پېشىنگىچە ئالدىغىنىمىزنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ بولىمامدۇق ! ؟ — دەپ يولىنى توسىدى . ھېچقانداق قىلىپمۇ ياش شوپۇرنى «ئىسسىق ئىچىپ» كېتىشكە كۆندۇرەلمىدى .

— خوش ، — دېدى يىگىت ماتورغا ماي بېسىپ ، — خۇدايىمغا ئامانەت !

— خۇدايىمغا ئامانەت !… سەپەرلىرى ئاق يوللۇق بولسۇن !…

ماتور قاتتىق گۈركىرەپ ، ئاپتوموبىل ئېغىر قوزغالدى .

— ئۇستام ، — مويسىپىت يېنىدىكى شوپۇرغا بۇرۇلدى ، — ئاۋۇ بالىغا پىشكە بىر نەرسە تەڭلىمىدۇقمۇ نېمە ؟

— ئاپلا ، ئەجەب سەت ئىش قىپتۇق ! — شوپۇرنىڭ رەڭگى ئۆڭگەنىدى ، — كۆڭلىدە نېمە دەپ قالغاندۇ ؟

— نېمە دەپ قالاتتى ؟ خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويغىنىغا خۇشال بولۇۋاتقاندۇ…

— ئۇغۇ شۇنداق . شۇنداق بولسىمۇ ،

— ھە - ي - ي… بىر سائەتلىك يولدىن قويغىنىمىزغا ، كۆڭلىگە يارىشا بىرەر قەغەز تەڭلەپ باقماي بەكمۇ سەت ئىش قىپتۇق… ئۇ يىگىتقۇ خېلى ئەھلى مۇسۇلماندەك تۇرىدۇ . ئەگەر كىندىكىنى پۇلغا كەسكەن نائەھلىلەردىن بولغان بولسا ، ئالدىمىزدا تاقامىخىدەك تۇرۇۋېلىپ ، ئاغزىدىن چىققاننى ئۇندۇرۇۋالمىغۇچە بۇ يەردىن كەتمەيتتى… ماشىنىسىنىڭ نومۇرىنى بىلمۇالغانلا ؟

— ئاپلا…
— شۇنىمۇ بىلىۋالمىلا ؟
— … … …
شوپۇرنىڭ كۆزلىرى ئۇلاردىن يۈز مېتىرچە يىراقتىكى داۋەننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ئوڭغا قايرىلىۋاتقان ھېلىقى ئاپتوموبىلدا ئىدى . مويسىپىتمۇ نەزىرىنى شۇ تەرەپكە ئاغدۇردى - يۇ ، ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمىدى .
— قەرزغۇ قېرىمايدۇ… يا ئېتىنى ، يا ماشىنىنىڭ نومۇرىنى بىلىۋالمىغىنىمىز يامان بولدى ! — مويسىپىت ئاپتوموبىلدىن كۆز ئۈزمەي ، ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى ، — داخىيەنگە بېرىپلا ، ئۇنى نەدىن بولسىمۇ ئىزدەپ تاپمايدىغان بولسام !…
«سارىخاننىڭ ئۆتىكى» — قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە بېرىپ كېلىشتە قونماي ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان ئاتمىش ئۆتەڭنىڭ بىرى بولۇپ ، ئايغىر بۇلاق تاغلىرى ئارىسىدىكى كەڭلىكى ئون غۇلاچ ، ئۇزۇنلۇقى يۈز غۇلاچچە كېلىدىغان قاپتالغا جايلاشقانىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكار ئېدىردىن ھالقىپ ئۆتۈپ غەربكە ئىككى كىلومېتىرچە ماڭسا ، ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان ، تۆت تەرىپى تۆگىنىڭ لوككىسىدەك ئېگىز - پەس تاغ - ئېدىرلار بىلەن ئورالغان قازان شەكىللىك بىر ئويمان بار ئىمىش . بۇ ئويماننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپىغا قىرچىن تاللار سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ ، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان بىلەكتەك سۇ بىلەن ئەتراپ كۆكىرىپ ، ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇ ئەتراپتا ماكان تۇتقان مەخلۇقات ۋە مۇشۇ يولدىن ئۆتكەن كارۋانلار ، مۇساپىر - مۇجاپىرلار تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن ئىمىش . سارىخان بۇ يەردىن نەچچە ئۆتەڭ - نەچچە كۈنلۈك يىراقتىكى شاھيارلىق ئۆتەڭچىنىڭ قىزى بولۇپ ، تاغ-

سىنىڭ ئوغلى پاسار «ئۆتەڭ»گە «ئىككى تال سېكىلىكى بىلەن» ياتلىق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ئىكەن. بالا - چاقىلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئېرىگە بولغان مېھرىمۇ ياكى مۇشۇ ماكانغا بولغان ئىشتىياقىمۇ؟ ئېرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ قەبرىگاھى — ھېلىقى بۇلاق بويىغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىنمۇ بۇ يەردىن ئايرىلماپتۇ. ئېتىنىڭ كەينىگە «ئۆتەڭ» قوشۇلۇپ، نامى يىراق - يېقىنغا تارىلىپتۇ. تېخىمۇ قىزىقى، تۆگە، ئېشەك، ھارۋا كارۋانلىرىنىڭ ئورنىنى ئاپتوموبىل كالونىنلىرى ئىگىلەپ، ئەينى يىللاردىكى سەكسەن نەچچە ئۆتەڭنىڭ تەڭدىن تولىسى يەر يۈزىدىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان، بەزىسى كۆجۈم مەھەللە، ئاۋات مېھمانخانا - سارايلارغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، «سارىخاننىڭ ئۆتىڭى» بۇرۇن قانداق بولغان بولسا، كېيىنمۇ شۇ پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تۆت پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى قىز ئىكەن. ھەممىسى ھەر تەرەپكە «ئۆچۈپ» كېتىپتۇ. سارىخان بولسا، ھېلى ئۇ نەۋرىسىنى، ھېلى بۇ نەۋرىسىنى ئەكېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بۇ يەردە ياشاۋېرىپتۇ. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ لەغمىنىنى يېمەي بۇ يەردىن ئۆتمەيدىغان يولۇچى - كارۋانلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قېرىغىنى قېرىپ، قەدىمى بۇ يەرگە يەتمىگەچ، تاپاۋىتى كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ پىسەنت قىلماپتۇ. بۇ يەرنىڭ شامال تەرىپىدە تاشيول ئاسراش داۋبەنىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، ئۇنى بۇ يەردىن تېخىمۇ مېھرىنى ئۈزەلمەس قىلىپ قويۇپتۇ…

بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز ھېلىقى بالىلارنىڭ يول باشلىشىدا ھاممام[1]دەك ئىسسىق، پارقىراپ تۇرغان تۆت شىرە تۆت يەرگە توختىتىلىپ، ئەتراپىغا تۆتتىن ئورۇندۇق قويۇلغان، ئىككى تېمىغا ئوتقاشتەك رەڭدار خوتەن گىلىمى تارتىلغان، يەردىن

---

① ھاممام — پار مۇنچا

تارتىپ تام ـ تورۇسقىچە چىنىدەك پاكىز تازىلانغان چاققانغىنا خانىگە كىرىپ كەلگەندە ، ئۇلارنى قارشى ئالغىنى سارىخان «ئۆتەڭ» ئەمەس ، بەلكى ئوتتۇز — ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى تەمبەلغىنا يىگىت بولدى . ئۇ ، يولۇچىلارنى تۆردىكى شىرەگە باشلاپ تۇرۇشىغا ، ھېلى باللار كىرىپ كەتكەن ئىشىكتىن كۆزىدىن چىققۇدەك ئېغىر بوي ، يۈزلىرىگە داغ چۈشكەن بولسىمۇ ، چىرايى تېگى ـ تېگىدىن پاكىز بىر جۇۋان چىقىپ كەلدى ـ دە ، ئىشىك تۈۋىدىلا توختاپ :

— ماۋۇ چاينى ، — دېدى .

ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق . ئېنىقكى ، بايىقى باللارمۇ شۇلارنىڭ...

ئېرى ئىتتىك كېلىپ ، چەينەكنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى . جۇۋان ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . يولۇچىلار راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ، قېنىق دەملەنگەن چاينى ئىچىشكەچ ، خانىنىڭ تام ـ تورۇسىغا قىزىقىش بىلەن قاراشقا باشلىدى . ئاشپەز ئۆرە تۇرغان ھالدا ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتمەكتە ئىدى .

— ئۇكام ، — دېدى شوپۇر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، — ئۆزلىرى سارىخان ئاچامغا تۇغقان بولامىلا ؟

— ھەئە ، ئاشپەز ئۇدۇللا جاۋاب بەردى ، — مەن ئۇنىڭ نەۋرىسى .

— «نەۋرىسى ؟» — شوپۇر ئۇنىڭغا گۇمان ئارىلاش قادالدى ، — بىر چاغدا بۇ يەردە قونغاندا ، سارىخان ئاچامغا ھەمراھ بولۇۋاتقان باشقا بىر بالىنى كۆرگەندەك قىلىپتىم... ئېتى نېمىتى ؟...

— پالتاخۇننى دەيلىغۇ دەيمەن ؟

— توغرا ، شۇ ، پالتاخۇن... ھازىر ئۇ نەدە ؟

— ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ .

— شۇنداقمۇ ؟ بىر دەمدە ھە... بۇ كۈنىنىڭ ئاي ـ يىللىرى

نېمانچە قىسقىدۇ ؟…
— قاچاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىلا ؟
گەپكە مويسىپىت قىستۇرۇلدى . شوپۇر جاۋاب بەردى :
— ئون يىلدىن ئاشتىغۇ دەيمەن… ئەسلىرىدە بارمىكىن ، ئوتتۇنلۇقتا «تۇت - تۇت» بولۇشتىن بىرەر ئاي ئىلگىرى ئۆرۈمچىگە بىر بېرىپ كەلمىدىمما ؟…
— ئېسىمدە بولمامتىكى…
— شۇ چاغدا قاتتىق يامغۇردا قېلىپ ، مىشەدە بىر كېچە قونۇپ ئۆتكەن ، شوپۇر ئاشپەزگە بۇرۇلدى ، — ئۆزلىرى بۇ يەرگە قاچان كەلگەن ؟
— ئون يىل بولاي دېدى …
— مۇنداق دېسىلە …
— شۇ چاغدا پالتاخۇن بۇ يەردە تۇرغىلى ئۇنىماي ، چوڭ ئانامنى بەك خاپا قىپتىكەن ، چوڭ ئانام ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ ، ئۇنى شاياغا كەتكۈزۈپ ئوقۇتقان…
— ھە… ياخشى كۆنۈپ قېلىشىپلا…
— چوڭ ئانام بۇ يەردىن ئايرىلغىلى ئۇنىمىغاندىكىن ، كۆنمەي قانداق قىلىمىز ! ؟
— ئەجەب ئوبدان قىلىشىپلا . دۇئاسىنى ئېلىشىپلا ، ساۋاب تېپىشىلا !… ھازىر ئۇ مىشەدىمۇ ، يا… ؟
— بۇلتۇر كۈزدە قازا قىلدى…
— شۇنداقمۇ ؟ ئەجەب ئېسىل مەزلۇم ئىدى !… ئىلاھا ئامىن ، مەرھۇمەنىڭ ياتقان جايى جەننەت بولغاي ، ئاللاھۇ ئەكبەر !…
ھەممەيلەن تەڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى . دۇئادىن كېيىن ئاشپەز ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى : ئاللىقاچان سەكسەن ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان سارىخان «ئۆتەڭ» ئۆمرىدە بىرەر كۈنمۇ ئاغرىپ يېتىپ قالمىغان ئىكەن . ۋاپات بولۇشتىن ئىككى - ئۈچ

ئاي ئىلگىرىمۇ گۇسماستەك دىرىڭلاپ يۈرۈپ ، بىردەممۇ بىكار تۇرمايدىكەن . بۇلتۇر باش كۈزدە ، تۇيۇقسىز بىر زۇكام تەگكەن باھانە بىلەن تەككىر تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ ، ئىكككىنچى ئورنىدىن قوپالماپتۇ . قىزلىرى بىلەن كۈيئوغۇل ، نەۋرىلىرى بىردىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىپ كېلىپ : «بۇ دۇنيا — سەۋەبنىڭ ئالىمى . سەۋەب قىلماي بۇ يەردە يېتىۋەرسەڭ ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا بىز قانداق چىدايمىز…» دەپ يالۋۇرۇپ شاھيارغا يۆتكەپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ نىيىتى ئېرىنىڭ يېنىدا — ھېلىقى بۇلاق بويىدا يېتىش ئىكەن . قىزلىرى : «دادامنىڭ قەبرىسىغۇ تاغ ئارىسىدا قالدى . ئانامنىڭ قەبرىسىنى بولسىمۇ غېرىبسىندۇرمايلى» دېيىشىپ ، ئەجدادلىرىنىڭ ھەدىگەرلىكىگە دەپنە قىلىشىپتۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، مېيىتنى ئىككى - ئۈچ كۈن سۆرەپ يۈرۈشمۇ مۇسۇلمانچىلىققا خىلاپ - دە !…

— چوڭ ئانام جان ئۈزۈدىغان چاغدا ، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى بىزگە قالدۇرۇشنى ۋەسىيەت قىپتىكەن . بىزمۇ ئۇنىڭ چىرىغىنى يېقىپ ، روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ، بۇ يەردىن قوزغالماسلىق نىيىتىگە كەلدۇق ، — دەپ گېپىنى تۈگەتتى ئاشپەز .

— تازا ئوبدان قىلىشىپلا ! — دەپ ماختاپ كەتتى موي - سىپىت ، — ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىزىنى ئىزدىغان ئادەم ھەرگىز خار بولمايدۇ… خۇدايىم نېمە بەرسە ، ھەربىرلىرىگە بەرسۇن ئىلاھىم ! …

شوپۇرمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەستىقلىدى ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق ماختىدى . ياش يىگىت زادى ئېغىز ئېچىپ باقمىدى . ئاخىردا مويسىپىت سورىدى :

— ئۇستام ، قانداق تاماق بار ؟

— خېرىدارنىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتسا شۇنى ئېتىپ بېرىمىز ، — ئاشپەز تاماق تۈرلىرىنى ئاتىغىلى تۇردى ، —

چۆپ ، چۆچۈرە ، ئۇگرە ، جۇۋاۋا ، لەغمەن ، بوسو ، پولۇ ، پې-
تىرمانتۇ...
— تەييار كېسىكلىك ئۇگرەڭلەر باردۇ ؟
— يوق ، — دېدى ئاشپەز مويسىپىتنىڭ سوئالىغا جاۋا-
بەن كېسىپلا ، — تەييار قىيما بار . ئىككى تۇخۇمنى چېقىپلا
خېمىر يۇغۇرساق ، ھەربىرلىرى بىرەر پىيالىدىن چاي ئوتلاپ
بولغۇچە تەييار بولىدۇ .
— يا... ساردىخان ئاچامنىڭ ئۇدۇمىنى ئېلىشىپلا -
دە ! — شوپۇر گەپ قىستۇردى ، — رەھمەتلىك مەزلۇم بىر
خېرىدارغا بىر ، ئىككى خېرىدارغا ئىككى كىشىلىك خېمىر
يۇغۇرۇپ ، سەي قورۇيتتى...
— ئۇنداق قىلمىساق ، چۆپقەتلىرىمىز تېزىپ كېتىدۇ ، —
ئاشپەز چۈشەندۈردى ، — بەزىدە پولۇ ئېتىپ قويساق ، لەغمەنگە
تاۋى بار خېرىدار كېلىپ قالىدىكەن . شۇڭا ، يازدا گاز ، قىشتا
پىلتىدە ئوت تەييار تۇرغاندىكىن ، ھەممە تاماقنىڭ خۇرۇچىنى
تەخ قىلىپ قويۇپ ئولتۇرساق ، خېرىدار نېمىنى تەلەپ قىلسا
شۇنى ئېتىپ بېرەلەيدىكەنمىز...
— شۇڭا خېرىدارسىز قېلىشمايدىكەنلىدە ؟ !
— شۇنداق... كۈنلۈكى بىرەر يۈز ، بولمىغاندا يې-
گىرمە - ئوتتۇز خېرىدارنى يولغا سېلىپ تۇرۇمىز . ھەممىسى
چوڭ ئانامنىڭ چۆپقەتلىرى...
— كامال تاپسىلا ، ئۇستام ! — بۇ يەردىنغۇ شۇنداق تولا
ئۆتۈمەن . بۇنداق بەلەن ئاشخانا بارلىقى خىيالىمغىمۇ كەل-
مەپتۇ... بىرەر كېچە قونغۇدەك ئۆيلىرىمۇ باردۇ ؟
— بار تۆت كارىۋاتلىقتىن ئىككى ئېغىز ئۆيىمىز بار .
يوتقان - كۆرپىمىزمۇ پاكىز... كۆرۈپ بېقىشاملا ؟
— بولدى ، كۆرۈپ نېمە قىلىمىز ؟ ! بىر ئۆيىنى بىزگە
ئاتاپ قويسىلا !

— ئوبدان .

— مۇنداق قىلايلى ، ئاۋۋال بىر قاچىدىن ئۇگرە ئىچىپ ، بىر دەم هاردۇق چىقىرايلى . ئاندىن ، بىرەر كاپامدىن پولۇ يەپ باقساق قانداق ؟

مويسىپىت سوئال نەزىرىدە شوپۇرغا تىكىلگەنىدى . ئۇ :

— ئوبدان گەپ بولدى . مەنغۇ بىر چاغدا بۇ يەرنىڭ تامىقىنى جىق يېگەن . قېنى ، بۇ بالىلار سارىخان ئاچامدەك ئوخشىتىپ ئېتەلەمدۇ ؟ بىر كۆرۈپ باقمامدۇق ! — دەپ كۈل-دى .

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئېتىمىز !...

ئاشپەز شۇنداق دەپلا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . دۇنگاتېل-نىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىغا ئۇلىشىپلا ، تورۇستىكى رەڭگا - رەڭ ئاسما چىراغلار «لاپپىدە» يېنىپ ، خانە ئىچىگە تولىمۇ ئىللىق تۇس بەردى . ئۇلىشىپلا قايتىپ كىرگەن ئاشپەز بۇلۇڭ-دىكى كىچىك شىرە ئۈستىدە تۇرغان تېلېۋىزورنى ئېچىپ ، تىزگىنەكنى خېرىدارلار ئولتۇرغان شىرەگە قويۇپ قويدى ۋە :

— ھەربىرلىرىنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ماتورنى ماڭ-دۇرۇپ قويدۇم . دىللىرى تارتقان نومۇرنى كۆرگەچ ئولتۇ-رۇشسىلا ، — دېگەچ كەينىگە يانغانىدى ، خېرىدارلارنىڭ كۆز-لىرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى ...

ئۇگرە ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى . ھوزۇرلىنىپ ئىچىۋې-لىشتى . سائەت ئەمدىلا بەش بولغان بولسىمۇ ، تالا قاراڭغۇ ، خانە يورۇق ئىدى . بالىلار سىرتتا قار يېغىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى . تېلېۋىزوردا بىرازلىيە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «قۇل قىز ئىسائۇرا» كۆرسىتىلىۋاتاتتى . يولۇچىلار قىزىققىنىدىن ، ئېكرانغا «كىرىپ كەتكۇدەك» بولۇپ ئولتۇ-رۇشقاچ ، ئاشپەزنىڭ قاچىلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى .

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى سەۋزە قورۇۋاتقان ئايال ئېرى ئىشىكتىن كىرگەندە. ئەر قاچىلارنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، — ئاۋۇ شوپۇر ئۇستامغا سەپسالدىڭمۇ؟

— ھەئە.

— بىركىمگە ئوخشاتتىڭمۇ؟

— ياق. قانداق دەيسەن؟

— مەن بىركىمگە ئوخشاتقاندەكلا قىلىۋاتىمەن…

— كىمگە ئوخشىتىۋاتىسەن؟

— ھېلىقى بىزنى ئوتتۇنلۇققا ئاپىرىپ قويغان ئېلاخۇن ئۇستام بارغۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشىتىۋاتىمەن…

— ھوي، توختىيە… باياتىن شۇ ئۇستام گەپ ئارىسىدا بىر چاغدا ئوتتۇنلۇقتا بولغان «تۇت - تۇت»نى ئاغزىغا ئاپتى، كۆڭلۈم بىر نېمىنى تۇيغاندەك بولۇپ، «تازا كولاپ بىر سوراپ باقايمۇ» دەپ ئويلىدىم - يۇ، چاندۇرۇپ قويماي دەپ…

— قارىسىلا دۆتلۈكلىرىنى! مەن چىقىپ سوراي دېسەم خوتۇن كىشى…

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك: بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئېلاخۇن ئۇستامنىڭ ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ ئوتتۇنلۇقتىن قاچقان سالى بىلەن تاجىگۇل قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە پاختا ئېلىپ ماڭغان ئۈرۈمچىلىك شوپۇر ئېقىل ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئاپتوموبىلى بىلەن مۇشۇ ئۆتەڭگە كېلىپ، سارىخان «ئۆتەڭ»نىڭ قولىدا تىنچ - ئامان يەڭگىگەندى. بىراق، شۇنىڭدىن بېرى ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدۇق. ئۇلار زادى نەگە كەتكەن بولغىيدى؟

گەپنى باشتىنراق باشلايلى، سارىخان «ئۆتەڭ» بۇ يەردە ئون بەش ياشلىق ئوغۇل نەۋرىسى پالتاخۇن، قىز نەۋرىسى سەيلىگۇل بىلەن ياشايدىكەن. يەتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ موماي كىشىلەرگە: «ئاتمىش ياشقا كىرگەندىمەن» دەپ قويۇ-

سىمۇ ، سىياقىدىن ئەللىك ياشلىق جۇۋاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقمىدى . سالى بىلەن تاجىگۇلنىمۇ ئۇخلاتمىدى . ئاتا ـ بوۋىسى بىلەن ئېرىدىن بىرگەپ باشلاپتى ، سالى بىلەن تاجىگۇل ھەيران بولغىنىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . كۆزلىرىدە ئۇيقۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى .

— «ئاق ـ قارا» قىلىپ سەككىزنى تۇغدۇم ، — دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى موماي تۇيۇقسىز ، — نېمە ئىشكىن بىلمەيمەن ، خۇدايىم ئوغۇللىرىمنى بىر ياشقا كىرگۈزۈپ ـ كىرگۈزمەيلا ئېلىپ كېتىپ ، تۆت قىزىمنى تاشلاپ بەردى… قىز بالا — خەقنىڭ بالىسى ، چوڭ بولۇۋېلىپلا خەقنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالىدۇ . چوڭ قىزىمنى ياتلىق قىلىپ ياندۇرقى يىلى ، دادىسى رەھمەتلىك كېتىپ قالدى . قىزلىرىم بىر ـ بىرىدىن بەش ياشتىن كىچىك ئىدى . ھەممىسى مېنىڭ ئۇدۇممىنى ئالغانمۇ ؟ ياتلىق بولۇپ بىر يىلغا يېتەر ـ يەتمەي بىر تۇغقىلى تۇرۇۋېدى ، ۋاي خۇدايىم… مېنى قىز نەۋرىگە كۆمۈۋەتتى . بۇنى ئاز دەپ ، نەۋرىلىرىمنى دېيىشمەملا… خۇدايىم ئۇلارغىمۇ ئوغۇل پەرزەنت بەرمىدى !… تۆت قىز ، ئون سەككىز نەۋرە ، يەتتە چەۋرە ئىچىدە ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنى ئاشۇ ئۇخلاۋاتقان پالتاخۇن شۇ . مەن ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىپلا قېشىمغا ئەكېلىۋالغان . ھازىر ئون ئۈچ يىل بولدى . خەققە «نەۋرەم» دەپ قويغىنىم بىلەن ئۇمۇ ، سەيلىگۇلمۇ چەۋرەم… كەنجى قىزىمنى ياتلىق قىلغاندىن بۇيان ، قېشىمدىن بىر جۇپ نەۋرەم ئۈزۈلمىگەن . ھەممىسى ئون يېشىدا قېشىمغا كېلىپ ، ئون بەش ئون ئالتە يېشىدا ئەرنىڭ ئۆيىگە كېتىشكەن… ئون يىلدەك بولدى ، چەۋرىلىرىم ھەمراھ بولۇۋاتىدۇ . پالتاخۇننى «ئۆيلىنىپ ، بوۋىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مۇشۇ ئۆتەڭگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇغۇ» دەپ ئاغزىمنى تاتلىق ئېتىپ يۇرسەم ، يۇرتنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كۆرۈپ كېلىپلا بۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمەس بولۇپ قالدى . پايلاپ تۇر-

مايدىغان بولسام، بۇ يەردە توختايدىغان ماشىنىلارنىڭ بىرەرىگە يامىشىپلا قېچىپ كەتكۈسى بار... يېشىمنى يوشۇرۇپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئادەم ئېتىپ يۇرگىنىم بىلەن ئىچىم پۇر خوتۇنمەن... يۇرت - مەھەللە بىلەن، قىزلىرىم، نەۋرە - چەۋرىلىرىم بىلەن دەرقەمتى ياشىغۇم كېلىدۇ. باللىنىڭ دادىسى رەھمەتلىكمۇ: «ئوغلىمىز بولمىغاندىكىن، مەندىن كېيىن قالغاندا، يا تۇغقانلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئوغلىنى ئىچكۈيئوغۇل قىلىپ ئەكېلىۋېلىپ، ئاتا - بوۋامنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەڭلا، يا بولمىسا، باللارنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىپ، يۇرت ئىچىدە ئۆي - ماكان قۇرۇۋېلىڭلا. قىزلار ياتلىق بولۇپ كەتسە، تەس كۈنگە قالىسىلە...» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. قۇدىلارنىڭمۇ ئوغۇللىرىنى ماڭا بالا قىلىپ بېرىۋەتكۈسى بار ئىدى، كاساپەتلەر تويدىن كېيىن بۇ يەردە بىر - ئىككى ئاي تۇرۇپ بېقىپلا قېچىپ كېتىشتى. چىڭراق تۇراي دېسەم، قىزلىرىمنىمۇ تاشلاپ بېرىدىغاندەك ئەلپازى بار... پىغانىم ئۆرلىگەندە باللىنىڭ دادىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ يۇرۇپ بىرمۇنچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم... بىر يىلى قىشتا بەلدە قار يېغىپ، يولدىن ئادەم تۇگۇل مۇشۇكمۇ ئۆتمىدى. ئون - ئون بەش كۈنگىچە ئىككى نەۋرەم بىلەن ئۆيگە قاپسىلىپ قېلىپ ئۆلۈمىمىزنى كۆردۇق. نەۋرىلىرىم دائىم: «ئوبدان چوڭ ئانا، بۇ يەردىن كېتەيلىلا!...» دەپ يالۋۇرىدىغان بولۇپ قېلىشتى... كېيىن يۇرتقا كېتىش نىيىتىگە كەلدىم. بۇ كوممۇنا قۇرۇلۇپ ئىككى يىلچە بولغان چاغ ئىدى. «ئاۋۋال بىر تىڭتىڭلاپ كۆرەي» دەپ يۇرتقا بارسام، يا يېگۈلۈكنىڭ، يا كىيگۈلۈكنىڭ تايىنى يوق؛ كۈندۈزىمۇ ئىش، كېچىسىمۇ ئىش؛ ئىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن، قىزلىرىم مەندىن بەك قېرىپ كېتىپتۇ. «كەت ئانا، كەت! بۇ يەرنىڭ دەردىنى بىزلا تارتىپ ئۆتەيلى...» دېيىشىپ، ئالتە كۈندە يولغا سېلىپ قويۇشتى. ھېلىقى نەۋرىلىرىممۇ «ئا» دېسەم «ب»، «ب» دېسەم «ب» دەيدىغان بولۇپ

كېتىشتى . مانا شۇنىڭدىن بېرى ، بىر نەۋرەم رەسىدە بولسا يولغا سېلىپ ، ئورنىغا باشقىسىنى ئەكېلىپ ھەمراھ قىلىپ تۇردۇم... ھازىرقى كۈنۈمغۇ قىزلىرىمنىڭكىدىن مىڭ ياخشى . چۆپقەتلىرىم تولا ، تاپاۋىتىم ئوبدان . «پالتاخۇنمۇ گېپىمگە كىرمەي يۇرتقا كېتىپ قالسا ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىزىمىز ئۆچۈپ باللىنىڭ دادىسى بىلەن ئۆزۈمنىڭ قەبرىسى غېرىبسىنىپ قالامدىكىن» دەپ يۈرىكىم سۇ...

موماي گېپىنى تۈگىتىپ بىر ھازا خىرتىلداپ يىغلىدى . تاجىگۈلمۇ ئۈنىگە ماسلاشماي تۇرالمىدى . كېيىن موماي شۇن-داق قىزىق «ھېكايە»لەرنى ئېيتىپ بەردىكى ، تاجىگۈل تولا كۈلۈپ قورسىقىغا ئاغرىق كىرىپ كېتىپ «ۋاي - ۋاي» لاپ تۈۋلاپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى .

— ئۆمرۈمدە بىر قېتىم ئوغۇل پەرزەنتكە تۇغۇت ئانىسى بولغىنىمنىڭ خۇشلۇقىدا كاپىلداۋېرىپ ، سىلىنىڭ ئەمدىلا بو-شانغانلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ جېنىم خېنىم ! — موماي تاجىگۈلنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ ، ئايىغىغا كېلىپ ، ئاستىنى قۇرۇقداپ ، چاي ئىچكۈزۈپ ، نېمىلەرنىدۇر يىرتىپ زاكا قىلىپ بىر ھازا پايپېتەك بولغاندىن كېيىن ، كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى ، — تاڭ ئېتىپ قالاي دەپتۇ . ئۆز ئۆيلىرىدە ياتقان-دەك خاتىرجەم يېتىپ ، قانغۇدەك ئۇخلىۋېلىشسىلا ! ... ھەراست ، سالىجان غوجام ، كېچىنىڭ سوغۇقى يامان ، پىلتە ئوچاقتا پات - پات كۆمۈر سېلىپ ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويمىسىلا ! بوۋاق شامالداپ قالىدۇ...

— ماقۇل .

— خۇدايىمغا ئامانەت !

— خۇدايىمغا ئامانەت...

بىر ئاي بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى . موماي تاجىگۈلنى زادى ئورنىدىن قوپقىلى قويمىدى . ھېلى ئۇنى ، ھېلى بۇنى ئېيتىپ ،

ئاغزىدىن ـ بۇرنىدىن تىقاتتى . «قورسىقىم توق» دەپ يېگىلى ئۇنىمىسا ، يېلىنىپ يالۋۇراتتى . ئۆزىنىڭ تۇغۇت جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا «قۇياتتى» . ئۆزىنىڭ يەتمىش ياشقا ئۇلىشىپ قالغان تۇرۇقلۇق ، قىزلىرىدىنمۇ ساغلام تۇرۇۋاتقانلىقى ــ تۇغۇت جەريانىدا گېلىنى ئوبدان باققانلىقىدا ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلەشنى ئۇنتۇمايتتى . بىرەر چۆپقىتى كېلىپ قالمىسىلا ، سەپەرجاننى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ ، تاجىگۇلنىڭ قېشىدا سائەتلەپ ـ سائەتلەپ گەپ قىلىپ بېرىپ ئولتۇراتتى . بۇنىڭغا يارىشا ، سالىمۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى پۇتۇنلەي ئالدىغا تارتىۋالدى . لېكىن ، خېرىدارنىڭ ئالدىغا چىقمايتتى ، كۆزلىرىگە كۆرۈنمەيتتى . تاسادىپىي بىرەرسىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغۇدەك بولسا ، موماي قىلچە دۇدۇقلىماستىن : «نەۋرەم» دەپ تونۇشتۇراتتى . كىمنىدۇر تۇتۇش ــ قولغا ئېلىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كىرىپ ئۆتكەن ساقچىلارنىمۇ ئاشۇ گەپ بىلەن يولغا سالاتتى...

سەپەرجان «پۇۋ»لىگەندەك ناھايىتى تېز ، ناھايىتى چىرايلىق پورەك چوڭ بولدى . تاجىگۇل قىز بالا چېغىدىكىدىنمۇ ھۆسنىگە تولدى ، سەمرىدى ، ئاقاردى . ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ ، زادى ياتقۇسى ، ھەتتا بىر يەردە بىرەر سائەت ئولتۇرغۇسى كەلمەيدىغان ماڭغۇسى ـ ئىشلىگۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى . لېكىن ، موماي :

ــ بالىنىڭ قىرقى توشۇپ ، ھېدىيىسى ئۆتۈپ كەتكۈچە ھەرگىز مىدىرلىمىسىلا !... ــ دەپ توسۇغىنى توسۇغاندى .

قىرىق كۈن... ئەللىك كۈنمۇ ئۆتتى . قىش كىرىپ ، زېمىنمۇ ، تاغۇ تاشلارمۇ قاردىن ئاپئاق يېپىنچا يېپىندى . بۇ يەردە غىزالىنىپ ئۆتىدىغان خېرىدارلارمۇ ، قونۇپ كېتىدىغان يولۇچى ــ شوپۇرلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى . ئاشخانىنىڭ ئىشلىرى سالى بىلەن تاجىگۇلگە ، سەپەرجان مومايغا قالدى .

مەيلى ئۇ ئۇخلاۋاتقان ياكى ئويغاق بولسۇن، موماي ئۇنى زادى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. پالتاخۇن بىلەن سەيلىگۈلمۇ ئۇنىڭغا قالتىس ئامراق ئىدى. قىسقىسى، بۇ ئالتە جان ئادەم بىر جان، بىر تەن بولۇپ كېتىشكەن، ھېچكىمنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. بىراق...

بىراق، بىر كۈنى تاجىگۈل بىر تونۇش ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغىلى تاس قالدى. ئۇ كىشى قوشنا دادۈينىڭ سېكرېتارى بولۇپ، مەلۇم ئىش بىلەن ئۈرۈمچى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، شوپۇرنىڭ زورى بىلەن بۇ يەرگە غىزالانغىلى كىرىپ قاپتۇ. سالىنى تونۇمايتتى. سالى ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىپلا كەينىگە ياندى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، تاجىگۈلنىڭ تەخسە كۆتۈرگەن قوللىرى ئىشىكتىن چىقىپ بولغانىدى. سالى چاققانلىق بىلەن تەخسىگە يېپىشتى - دە، كۆزلىرى بىلەن ئىما قىلىپ، تاجىگۈلنى كەينىگە ياندۇرۇۋەتتى. بۇ چاغقىچە ئۇلار ئاپتوموبىلنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان يولغا قاراپ تۇرۇدىغان دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، تاكى خېرىدارنىڭ چىرايىنى ئېنىق پەرق ئەتكۈچە ماراپ تۇرۇشاتتى. بۈگۈن نېمە بولغان، سالى ئۈچ خېرىدارنى ئۇزىتىۋېتىپ، ئەمدىلا شىرەنى تازىلاشقا كىرىشۋىدى، ئىشىك ئېچىلىپ ئىككى خېرىدار كىرىپ كەلدى. سالى ئۇلارنى شىرەگە باشلىشىغا تاماق بۇيرۇتتى. سالى كىرىپ تاجىگۈلگە ئۇقتۇرۇپ قويۇپ بىر چەينەك چاي كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقتى - دە، پىيالىلەرنى پاكىز چايقاپ چاي سۇندى. شۇ چاغ، خېرىدارلارنىڭ بىرىنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلدى - يۇ، دەرھال ئېسىگە ئالالمىدى. شىرەلەرنى سۈرتكەچ، ئۇلارغا چاي قۇيۇپ «خوش - خوش» ئەتكەن بولۇپ ھېلىقى خېرىدارغا قايتا - قايتا يوشۇرۇن سەپسالدى. ئاخىر تونۇۋالدى - دە، پۇت - قوللىرىدىن ماغدۇر كېتىپ، تاكى ئۇلار ئۇزاپ كەتكۈچە خۇدىنى يوقاتقىلى تاس

قالدى . تاجىگۈلمۇ قورقۇنچلىقتا تامدەك تاتىرىپ ، بۇ ئالەمدە بارمۇ ، يوقمۇ بولۇپ كەتكەنىدى . «كېتەيلى ، — دېيىشتى ئۇلار ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كەتكەندە ، — بۇيەرگە ھېلى شوپۇر ، ھېلى ساقچى كىرىپلا تۇرىدىكەن . ئالدىرىغاندا يوشۇرۇنغۇدەك ، قاچقۇدەك يەرمۇ يوق . بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تۇتۇلماي قالمايمىز . ئەڭ ياخشىسى ، قولىمىزدىكى تونۇشتۇرۇشقا يېزىلىغان يەرنىڭ بىرەر دادۇيىگە بېرىپ ماكانلىشايلى…»

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار كېتىشنىڭ گېپىنى شۇنداقلا ئاغزىدىن چىقىرىۋېدى . موماي شۇئان «ۋاڭگىدە» يېرىلىپ ھازا ئاچتى . «رۇخسەت ئالغان ۋاقتىمىز ئۆتۈپ كەتسە ، دادۇي بويىچە پىپەن قىلىنىمىز…» دېگەن گەپلەرمۇ ۋە باشقا يالغان - ياۋىداق گەپلەرمۇ ئۇنىڭ بەرمىدى . «ھېچبولمىسا ، چېچەك - چوكان ئېچىلغۇچە قېشىمدا تۇرۇپ ، سەپەرجاننى ئەتلەندۇرۇۋېلىڭلار ! — دەپ يېلىندى ، ئۇ بىر كۆزىدىن ياش ، بىر كۆزىدىن قان ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتەڭدىن بولىدىغان تاپاۋەتنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ بولسۇن . كېتىدىغان چېغىڭلاردا ئۆزۈم ماشىنىغا سېلىپ ، ئىززىتىڭلار بىلەن يولغا سېلىپ قوياي…»

ئۇنىڭ نالىسىگە ئادەم تۈگۈل تاغۇ تاشمۇ ، ھەتتا تەڭرىمۇ چىدىمايتتى . ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ خېلى ئۇزۇن كۆز يېشى قىلىشتى . ئاخىر : «بىز يەنە بىر مەسلىھەتلىشىپ باقايلى…» دەپ مىڭ تەسلىكتە يىغىسىنى باستى . ئەمما ، پۈتۈن بىر كۈن ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى . سەپەرجاننى قولىغا بىر ئېلىۋالغانچە زادى يەرگە قويمىدى . قېشىدا بىر كىم بولمىسىلا ئۇنىڭ مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ خىرتىلداپ يىغلايتتى . پالتاخۇن بىلەن سەيىلىگۈلنى قېشىغا يېقىن يولاتمايتتى . سالى بىلەن تاجىگۈلنىڭ قىلغىنى ئىش ، يېگىنى ئاش بولمىدى…

ئاپتوموبىللارنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ ، يەر - جاھانغا شۈۋرغان

ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇچەيلەن بىر ئۆيگە جەم بولدى. موماي بىتابلىق تۈشكىدىن ئەمدىلا قوپقاندەك بوشىشىپ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقاندى. سالى بىلەن تاجىگۇل تەۋەككۇل قىلىپلا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى.

— ۋاي خۇدايىم، مۇشۇ گەپمىدى، جېنىم باللىرىم؟ بالدۇرراق «مۇنداق ئىش» دېسەڭلىچۇ! — مومايىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى. ئۆزى روھلۇق، ئۇنى جاراڭلىق ئىدى، — كىچىك — دە، سىلە كىچىك!... نەچچە ۋاقىتتىنكىزى ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق بولۇپ يۈرسەڭلار، «بۇ باللارنىڭ نېمە دەردى بادۇر ماڭا ئېيتالمايدىغان؟!» دەپ ئىچىمگە تىنىپ يۈرۈپتىكەنمەن... توۋا خۇدايىم، توۋا قىلدىم... ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ... دەپ بېقىڭلار، جېنىم باللىرىم: «گۇڭسەنداڭ قېچىپ كەتكەن پالاننى تۇتالماپتۇ» دەپمۇ ئاڭلىغانمۇ سىلەر!؟ گۇڭسەنداڭنىڭ بىر كىمنى تۇتقۇسى كەلسە، ئۇ ئادەم يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسىمۇ، تەھتى ئەسراغا كىرىۋالسىمۇ تۇتماي قويمايدۇ!... ئاتا — بوۋىمىز: «سەھرا يىقىيامەت» دەپ بىكار ئېيتمىغان! سىلىغۇ خاتا ناخشا ئېيتىپ قويۇپلا، سەھرادىكەندە، دۇيجاڭنىڭ ئىشىكىگە ئالىيىپ قاراپ قويغان ئادەمنىمۇ ئون كۈن پىپەن قىلىدۇ بۇ كۈندە!... سىلىنى تۇتۇپ سولايدىغان ئىش بولسا، بۇ چاغقىچە نەچچە ساقچى سۈرەتلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە ئۈنەتتى... ئەمدى راست گەپنى دەۋېتەي: بۇ يەرگە كىرىپ تاماق يەيدىغان، قونۇپ — تۈنەيدىغان ساقچىلارنىڭ ھەممىسى ئادەم تۇتقىلى چىققانلار. بىرەرىمۇ تۇتۇدىغان ئادەملىرىنىڭ سۈرىتىنى ماڭا كۆرسەتمەي، ئۇلارنى كۆرگەن — كۆرمىگەنلىكىمنى سۈرۈشتۈرمەي قويمايدۇ... كۆردۈڭلىغۇ، سىلەر كەلگەندىن بېرى، ئون نەچچە ساقچى قونۇپ — تۈنەپ كەتتى. شۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرت — يۇرتتىن ئادەم تۇتقىلى چىققانلار... ساقچىلار: «ھېچكىمگە تىنىماڭ» دەپ

تاپىلىغاچ بۇ سىرنى شۇنچە يىلىنىڭىزى قىزلىرىمغىمۇ ئۇقتۇرمى-
غان . سىلەرگە دەپ تاشلىدىم...

بۇنىڭدىنمۇ بەلەن ئىش بولامدۇ ؟ ! ئۇلار موماينىڭ تەلىپى-
گە كۆندى . ئاغزىدىلا ئەمەس ، بەلكى چىن يۈرىكىدىن كۆندى .
موماينىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن «سىرلىرى» ، قايتا ـ قايتا
چۈشەندۈرۈشلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى ، خاتىرجەم قىلدى .
ھاياتتا ئەڭ چوڭ بەخت ـ خاتىرجەملىك . دۇنيانىڭ يېرىمى
سىنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ ، كۆڭلىڭ غەم ـ غۇسسە ، دەككە ـ
دۈككە ئىچىدە ئۆتىدىكەن ، ئۇ ھالدا قورسىقى ئاچ ، ئۇچىسى
يالىڭاچ قالمايدىغان گاداي سەندىن بەختلىك . چۈنكى ، ئادەمگە
قورسىقى تويغۇدەك تاماق ، ئۇچىسى يېپىلغۇدەك كىيىم بولسىلا
كۇپايە . بىراق ، بۇنىڭغىلا قانائەت قىلىدىغان ئادەملەر بەكمۇ
ئاز ، بەكمۇ ئاز . بىرنى يېسە ئوننى يىغىش ، بىرگە ئېرىشسە
ئوننى يارىتىشنىڭ كويىدا بولۇش — ئىنساننىڭ ماھىيىتى .
بۇنى ئۇنىڭ ماددىي ئېھتىياجىدىن كۆرە ، مەنىۋى ئېھتىياجى
بەلگىلىگەن .

سالى بىلەن تاجىگۈلنى «بەختسىز» دېگىلى بولمىسىمۇ ،
خاتىرجەم ئۆتكەن كۈنلىرى ناھايىتى ئاز . بولۇپمۇ تاجىگۈل
شۇنداق . ئۇ نىكۈنىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، ئىسمى ـ جىسمىغا
لايىق «داجەي» بولۇشقا بەل باغلىدى ، ئۆزىنى ھەرقانداق ئادەم-
دىن «بىر باش ئېگىز» سېزىشكە باشلىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ
قولىدا «ھوقۇق» بىلەن «سىياسەت»تىن ئىبارەت بىر جۈپ
«ئەڭگۈشتەر» بولغاندىن تاشقىرى ، دادىسىدىن ئىبارەت كاتتا
ھىماتى بار ئىدى . ھوقۇق ئۇنىڭ يولىنى كېڭەيتتى ؛ سىياسەت
تىلىنى ، قولىنى ئۇزارتتى . ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق كۈچى ئۇنى
تەلۋىلەرچە ئالغا ئىنتىلىش ، ئىشلەشكە قىستىدى . ئۆزىدىن بىر
قەدەم كېيىن قالغانلار ، ئۇنىڭ نەزەرىدە «ھورۇنلار ، سوتسىيا-
لىزمنىڭ ئۇلىنى كولىغۇچىلار» ئىدى . ھېچكىمگە رەھىم قىلى-

مىدى ، ھېچكىمنى ئايىمىدى ، ھېچكىمگە يول بەرمىدى . ئۇر-
غان ، تىللىغان ئادەملەرنىڭ ھۆددۆدى يوق . ئالدىدا «خوش -
خوش» دەپ ، كەينىدە قارغاۋاتقان سادالارنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ
پىسەنت قىلمىدى . قىسمەت شۇنداقمۇ ياكى مۇھەببەت ئادەمنى
خېمىغا ياندۇرۇپ رەھىمدىل قىلىپ قويامدۇ ؟ سالىغا چېتىلىپ
قېلىش بىلەنلا ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇ-
شايمان قىلىشقا باشلىدى . ئادەم تىللاشتىن ئاغزىنى ، ئۇرۇش-
تىن قولىنى يىغدى . سالىنىڭ ئالدىدا قوينىڭ قوزىسى ئىدى .
بىر چاغدا تاشمەتخان ئۇستام ــــ بولغۇسى قېيناتىسىنى تەلۋد-
لەرچە ئۇرۇپ كەتكەنلىكى ئېسىگە كەلسىلا پۇت - قوللىرى
لەڭپۇڭدەك بوشىشىپ ، يۈرىكى قان - يىغلايتتى . بەزى
كېچىلەرنى بىدار تاڭغا ئۇلاپ ، تەككىرنى كۆز يېشى بىلەن
نەمدەپ چىقاتتى . كۆنلەرنىڭ بىرىدە قايسى يۈزى ، قايسى ئايىغى
بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە «بالا» بولۇپ كىرىشنى تەسەۋۋۇر قىلال-
ماي ، ئۇنى كۆرسىلا يۈزى قىزىراتتى . يۈرىكى ئاغاتتى . ئىمكا-
نىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ كۆزىگە «چىرايلىق» كۆرۈنۈشكە تىرى-
شاتتى . خوتۇن - بالىلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئايايتتى ،
تۆيدۇرۇپ - تۆيدۇرماي ياردەم قىلاتتى . شۇڭا ، تاشمەتخان
ئۇستامدىن باشقىلار ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ بولغانىدى . سالى
ۋەدىسىدىن يېنىۋالمىسىلا ، تاجىگۈل تاشمەتخان ئۇستامنى «دا-
دا» قىلىپ ، جىمى «قەرز»لىرىنى قايتۇرۇپ ، «بالا»لىقنى
يەتكۈزەتتى . ئەپسۇسكى ، سالى...

سالى قانداقكىن ؟ تاجىگۈل يۈرتىدىن ئايرىلغاندىن بېرى
بىر كۈنمۇ خاتىرجەم ئۇخلىمىدى . بىر تەرەپتىن ئەزالار : «ھە ،
ئەمدى نېمە دەيسەن ؟ كېلە ، سەنمۇ تىلنىڭ ، تاياقنىڭ تەمىنى
تېتىپ باق !... » دەپ ئۆزىنى سالىغا قوشۇپ پىپەن سەھنىسىگە
ئاچىقىپ كېتىۋاتقان ھالەتتە كۆرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسى :
«ھۇ ئائىلىمىزگە ئۇنگەن شۇمبۇيا ! سېنى باققۇچە ، ئىتنىڭ

كۆچۈكىنى باققان بولسامچۇ !··· » دەپ تىللاپ ، قوللىرىنى ئۆز
قولى بىلەن باغلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى··· قىسقىسى ئۇ يۇرتىغا
قايتىپ تىل ـ ھاقارەت ئاستىدا قېلىشتىنمۇ ، «بالا» سۈپىتىدە
تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئالدىغا «ئۇسسۇپ» كىرىشتىنمۇ قورقات-
تى ، نومۇس قىلاتتى . سالىدىن بىرمىنۇت ئايرىلىپ قېلىش ،
ئۇنىڭغا نىسبەتەن ، ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن
مەڭگۈ بىللە بولالىسىلا ، دوزاخمۇ ، جەننەتمۇ قىلچە پەرقسىز
ئىدى . كۈننى خاتىرجەم كەچ قىلىپ ، ئەتىسى سالامەت ئورنى-
دىن قوپالىسىلا ، ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم سانايتتى
(ئەلۋەتتە ، ئۇ بۇلارنى سالىغا تىنمىدى··· ) سەپەرجاننىڭ تۇغۇ-
لۇشى ئۇنى قارىماققا ناھايىتى خۇشال بولغاندەك كۆرسەتسىمۇ ،
ئەمەلىيەتتە ، ئۇنى روھىي جەھەتتىن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز غەم
ـ قايغۇ ئىچىگە سۆرەپ كىرگەنىدى . ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئەمەس ،
بەلكى ئوغلىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ئويلايتتى . ئۆز جىسمىدىن
ئايرىلىپ چۈشۈپ ، يەر شارىنىڭ يۈكىنى يەنە بىر ئۈلۈش ئېغىر-
لاشتۇرغان بۇ نارەسىدىنى قانداق تۆزگە قوشۇش ـــ ئۇنىڭ
بېشىدىكى ئەڭ چوڭ غەم ئىدى . ئۇنى ئاچلىقتىن ، يالىڭاچلىق-
تىن ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقىدا شەك يوق . بىراق ، مۇقىم تۇرال-
غۇسى بولمىسا ، ئەر ـ خوتۇن ئۇنى كۆتۈرۈپ يۇرتمۇ يۇرت
قېچىپ يۈرۈشسە ، ئۇ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ؟ ! ناۋادا···
بولدى ، ئايىغىنى دېمەيلى . تاجىگۈل مۇشۇ غەمدە كۈندە
مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلىپ ، ئىچىدە يىغلاپ تېشىدا كۈلۈپ ،
سەپەر تەييارلىقىغا چۈشكەن بىر پەيتتە ، سارىخان ئاچىنىڭ ئۆز-
لىرىنى بۇ يەردە قېلىشقا دەۋەت قىلىشى ، ھەتتا قىزلىرىدىنمۇ
يوشۇرۇپ كەلگەن سىرلىرىنى ئاشكارىلىشى دەل تاجىگۈلنىڭ
كۆتكىنىدەك ئىش بولدى . قىش قورۇدا ، ئۆزى بىلمەيدىغان
يۇرتلاردا تېنەپ يۈرگۈچە ، مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن ئۇدۇللا تۇر-
مىگە كەتكەن ياخشى ئەمەسمۇ ؟ ! سارىخان ئاچا توغرا ئېيتىدۇ :

«گۆڭچەنداڭنىڭ بىر كىمنى تۇتقۇسى كەلسە ، يەتتە قات ئاسمانىڭ قەرىگە چىقىۋالسىمۇ تۇتۇپ چۈشمەي قويمايدۇ !...»

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ! — دېدى تاجىگۇل مومايغا تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلۈپ ۋە خىرتىلداپ يىغلىغاچ ، ئۇنىڭ قولىنى ئۆنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ، مەيدىسىنى دۈمبىسىگە ياقتى ، — بىز سىلىگە بالا بولۇپ ، ئۆلگۈچە خىزمەتلىرىنى قىلايلى...

— راستمۇ !...

موماي ئۆندۈرىگەندەك ۋارقىراپ سول قولى بىلەن تاجىگۇلنى بېلىدىن تۇتۇپ قۇچاقلىدى . ئۇنىڭ قولىدا سەپەرجان بار ئىدى . ئۈمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ ، ئۇلارنىڭ يىغىسىغا تەڭكەش بولدى...

ھەپتىدىن كېيىن سارىخان ئاچا يۇرتىغا بېرىپ ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ كەلدى . ئەمدى سالى بىلەن تاجىگۇل «ئىلىغا تۇغقان يوقلىغىلى چىققان يولۇچى» ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ «نەۋرىسى بىلەن كېلىنى» بولۇپ قالدى... ياز كىرىش بىلەن ، موماي ئۆيلەرنىڭ ئىچىنى گەجلىتىپ يېڭىچە تۇسكە كىرگۈزدى . ئىلگىرى «سارىخاننىڭ لەغمىنى»گە خۇشتار بولغان يولۇچىلار ئەمدى «تاجىگۇلنىڭ لەغمىنى» گە سېزىك بولدىمۇ قانداق ؟ ئاشخانىدا غىزالانغۇچىلارمۇ ، ياتاقتا قونغۇچىلارمۇ ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئاۋۇپ كەتتى ، تاپاۋىتى تېخى... موماي ئىككى نەۋرىسىنى يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇپ كەلدى - دە ، دېدى :

— مەن قىزلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەلدىم . خۇدايىم تۇپرىقىمنى مۇشۇ جايدىن ئالغان بولسا ، مۇرەببىمنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن . بۇگۈندىن باشلاپ بۇ ئۆتەڭ سىلەرنىڭ . مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار ھەم بالا باققۇچىڭلار... خۇدايىم نېمە بەرسە ، سىلەرگە بەرسۇن... مېنى ئۆز قولۇڭلارچە يەرلىكىمدە قويۇپ قويۇڭلار !...

ئۇلار ئون يىل «ئانا - بالا» بولۇشتى . سەپەرجان بىلەن سارىگۈل (موماي ئۆز ئېتىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغانىدى ) «چوڭ ئانا »سىنىڭ تەربىيىسىدە بىر چىرايلىق چوڭ بولدى . مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېتەكلىشىدە ساۋاتىنى چىقىرىپ ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈگىتەي دەپ قېلىشتى . تاجىگۈلنىڭ قورسىقىدىكىسى يەرگە چۈشسە...

بىراق ، ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان بۇ ھامىلىگە «چوڭ ئانا »سىنىڭ قۇچىقىغا چىقىش نېسىپ بولمىدى . تەڭرى مومايـنىڭ تۈپرىقىنى بۇ يەردىن ئالمىغان بولسا كېرەك ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئايىغىدىن جاي ئالدى . ئۆلۈم مەرىكىسى بىلەن يەتتە نەزىرىسى ئۆزى ئارزۇ قىلغاندىن نەچچە ئون ھەسسە كاتتا ئۆتكۈزۈلدى . سالى بىلەن تاجىگۈلنىڭ بۇ ئىشىدىن مەرھۇمنىڭ روھىلا ئەمەس ، ئۇنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىمۇ قالتىس رازى بولۇشتى — ئۇلارغا پۈتمەس - تۈگىمەس دۇئا بېرىشتى...

مانا بۇ ئىش بولۇپ ئۆتكىنىگە تۆت ئايدىن ئاشتى . يولۇچىلار ھېلىمۇ بۇ يەرنى «سارىخاننىڭ ئۆتىڭى» ، «سارىخاننىڭ ئاشخانىسى» دەيدۇ . تاماقتىن كېيىنكى دۇئاسىنى ئۇنىڭ روھىغا ئاتايدۇ . بۇنىڭدىن كېيىنچۇ ؟...

مۇبادا ، تاجىگۈل ئاۋۇ شوپۇردىن گۇمانلىنىپ قالمىغان بولسا ، ئېھتىمال ، ھېكايىمىز باشقىچىراق ئاياغلاشقان بولاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سالىمۇ ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدى . قېنى ، بىزمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ باقايلىچۇ :

— ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ چېچىلىپ... ئۇلار يا ھازىرلا كەتمىسە ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى سالى . سارىخان موماي ئالەمدىن ئۆتكەندىن بۇيان ، تاجىگۈل نېمە ئۈچۈندۇر چاچقۇن ، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالغانىدى . ئەكسىچە ، سالى ئېغىر - بېسىق ، كەم سۆز بولۇپ قالدى ، — ئۇلار بۇ يەردىن قوزغالغۇچە ، ھەممىسىنىڭ تېگى پېيىنى ئېنىقلاپ بەرسەمغۇ بولار !؟

سالى كۆكسىنى ئۇنىڭ دولىسىغا ئامراقلىق بىلەن تەگكۈز-
گەندى . تاجىگۇل «ۋىلىلىدە» قىزىرىپ ، ئۇنى يەڭگىل جەينەك-
لىۋەتتى - دە ، نازلىق تەبەسسۇم بىلەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ :
— يوغان ئىش ! نېمە قىلسىلا قىلمامىلا !… قېلىنلىقىنى
سەتنىڭ !… «بىر كىم كىرىپ قالار» دېمەي… — دەپلا قازانغا
قارىۋالدى .
— تىللىمىغىنا ، ئادەمنى !… تويمىسام قانداق قىلىمەن ! ؟
— تويمىغان بولسىلا ، تويلىرىدا تويۇۋالارلا !…
— ئەمىسە قاچان توي قىلىمىز ؟…
— ئاۋۋال قورسىقىم بىكار بولسۇن جۇما !…
ئۇلار قىزىق چاقچاقلىشىۋاتقاندا ، سەپەرجان بىلەن سارد-
گۇل ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولدى - دە :
— ئانا ، تېلېۋىزور كۆرسەك بولامدۇ ؟ — دەپ سورد-
دى .
ئىچكىرىكى ئۆي ئۇلارنىڭ ياتىقى بولۇپ ، يولۇچىلارنىڭ
قونالغۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكى سىرتتا ئىدى . تاجىگۇل ئىشنى توخ-
تاتماي ، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى :
— دەرسىڭلارنى تەكرارلاپ بولدۇڭلارمۇ ؟
باللار تەڭلا چۇرقىراشتى :
— تەكرارلاپ بولدۇق .
— سالىجان ، — دېدى تاجىگۇل گۇرۇچ يۇيۇۋاتقان قىيا-
پەتكە كىرىۋالغان سالىغا بۇرۇلۇپ ، — باللارغا تېلېۋىزورنى
ئېچىپ بېرىپ چىقسىلا…
سالى بىردەمدىلا قايتىپ چىقىپ ، خېرىدارلارنىڭ قېشىدا
پەيدا بولدى .
— ئاشنى سەل تۇرۇپ دەملەمدۇق ، يا… ؟
— نېمانداق چاققان ؟ — شوپۇر ھەيران بولغىنىدىن ،
ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتكىنىنى تۇيمىدى ، — تەييار قورۇقلۇق

سەۋزەڭلار بار ئىكەن ـ دە !...

— تەييار قەلەم بار ئىدى ، قورۇپ سۇ قۇيۇپ قويدۇق .

— ھە... — شوپۇر مويسىپىتكە بۇرۇلدى ، — سارىخان ئاچام رەھمەتلىكمۇ بۇنچە چاققان ئەمەس ئىدى . بۇ باللا...

— ياش ئەمەسمۇ... كەسكەن ئۇگرىسىنى قارىسىلا ، ئاي-غىر ئاتنىڭ قىلىدەك ، — مويسىپىت قوشۇققا چىققىلى ئۇنى-ماي ، چىنىدە قېچىپ يۈرگەن ئۇگرىنى ئىشارەت قىلدى ، — بۇ باللار قەشقەردە دۇكان ئېچىپ ، مۇشۇنداق ئۇگرە ئېتىدىغان بولسا ، نىمكاردىن ئۇنىنى ياندىمىسا خېرىدارنى ئۈزىتىپ بولال-مىغۇدەك...

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم...

— ئېلاخۇن ئۇستام .

— خوش...

— پۇلۇنى ھازىر دەملىسۇنمۇ ، يا سەل تۇرۇۋالسۇنمۇ ؟

— مېنىڭچە بولسىغۇ ، بىرەر سائەتتىن كېيىن دەملىسە...

— ئۇستام ، ئاتلىرى نېمىتى ؟

— سالىجان...

— ھە ، سالىجان ئۇستام ، گۈرۈچنى كېيىنرەك سالسىلا ، ئۆزلىرىگە مالال كەلمەس ؟

— يوقسۇ ...

— ئۇنداق بولسا ، سەل كېيىنكە تارتسىلا .

— ئوبدان ...

سالى تاجىگۈلگە خەۋەر يەتكۈزۈش باھانىسىدە ئۇنى ئېزىپ بىر سۆيۈۋېلىپ قايتىپ چىقتى . مېھمانلار ئۇگرىنى ئىچىپ بولۇپ ، چىنىلەرنى دەستىلەپ قويغانىدى . سالى چىنە ، قوشۇق-لارنى ياندىكى شىرەگە ئەپقويۇپ ، خېرىدارلارنىڭ ئالدىنى ئاپئاق دەسمال بىلەن سۈرتكىلى تۇردى . ئۇلار ئۇنى يېڭىۋاشتىن ماخ-تاپ كېتىشتى .

— ئېلاخۇن ئۇستام ، — دېدى سالى شوپۇرنىڭ ئالدىنى سۈرتۈۋېتىپ ، ئۇنىڭغا ھەيران بولغاندەك قىياپەتتە تىكىلىپ ، يېقىندا ھۆكۈمەت بىر يەردە ئادەم تۇتۇپتىمۇ ؟

— ياق ، — شوپـۇر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ، — قانداق دەيلا ؟

— باياتىن ئۆزلىرىنىڭ بىر يەردە «تۇت - تۇت» بولغاننىڭ گېپىنى قىلغانلىرىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم . شۇڭا …

— ئەجەب قۇلاقلىرى ئىتتىك بالىكەنلا ! — گەپنى مويسىپىت تارتىۋالدى ، — ئۇ دېگەن ئون يىل بۇرۇنقى ئىش . ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلسىمۇ يۈرىكى پوكۇلدايدۇ… سىلە بىلمەيلا ، بىزنىڭ قەشقەردە «ئوتۇنلۇق» دەپ بىر يەر بار . بىر چاغدا ھۆكۈمەت بىر قاتىلنى ئىزدەش باھانىسىدە ، نەچچە يۈز ئادەمنى «تۇت - تۇت» قىلغان . مانا مەن پېشانەم ئوڭ كېلىپ ، «تۇت - تۇت»تىن ئېشىپ قالغانلارنىڭ بىرى…

— بۇ ؟…

— گېپىمنى چۈشەنمىلىغۇ دەيمەن ؟ ئۇ چاغدا مەن بالا چاقام بىلەن يېزىغا پالىنىپ ، ئەترەت بېشىنىڭ تىل - تايىقىغا چىدىماي ئوتۇنلۇققا بېرىۋالغان … دەسلەپ قۇم تېگىدىن ئوتۇن كولاپ سېتىپ جان باقتىم . كېيىن ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، ئوتۇنچىلارغا ئىمام ھەم بوتۇڭ بولۇپ قالدىم . ھەممەيلەن «موللىكا» دەپ بەك ئىززىتىمنى قىلاتتى …

— ھە ! — سالى ھاياجانلانغىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى . ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەيتتى ، — موللىكا ؟ ئۆز… ئۆزلىرى شۇ موللىكامۇ ؟

— نېمە !… ئۆزلىرى… ؟

— مەن… مەن سالى…

— ھە !… بالام سالىجان !…

مولـلـكام چۇراپ ئورنىدىن قوپقانىدى، سالى:

— تاجىگۈل، مولـلـكام كەپتۇ! — دېگىنىچە ئىتتىلىپ كېلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتى. كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. تاجىگۈلنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلاپ چىقىپ كېلىشى بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ياشـلاندى. پەقەت بىرلا كىشى — نامرات چىراي يىگىت ئۇلارغا بىر پەس جىمجىت تىكىلىپ قاراپ ئولتۇردى ــ دە، رەڭگى بىر تاتىرىپ، بىر قارىداپ، نېمىدىندۇر بىئارام بولۇۋاتقاندەك ئۇيان ــ بۇيان مىدىرلاپ بېقىپ، ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى...

كۆپ ھاللاردا، ئادەم بىر ــ بىرى بىلەن ئۇزاق يىل دىدارلاشمىسا، بىر ــ بىرىنىڭ ئېتى، ھەتتا چىرايىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ (بولۇپمۇ ياشانغانلار شۇنداق). چۈنكى، ياشلار ئۆسىدۇ، رەڭ تۈزۈپ، بىر چاغلاردىكى ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالىدۇ. ياشانغانلارنىڭ تەقى ــ تۇرقى، ئۇستۇپىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ياشلارنىڭ كۆزىنى ئالدايدۇ. سالى دادىسىنى دوراپ شاپ بۇرۇت قويۇۋالغاننىڭ ئۈستىگە، سەمرىپ ــ تولۇپ، تەمبەل ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغان بولسا؛ «مولـلـكام» مەيدىسىدە بىر باغ بېدىدەك يوغان، يېپەك سۇپۇرگىنى ئېسىۋالغاندەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ساقىلىنى بار بىلەن يوقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدۇرغاندىن سىرت، بۇرۇتىنىمۇ ياشلارنىڭكىدەك ياسىتىپ، پەس ماشىنا سالدۇرغانىدى. كىيىمى تېخى... مۇبادا، تاجىگۈل ئېلاخۇن ئۇستامدىن گۇمانلانمىغان ياكى ئېلاخۇن ئۇستام «ئوتتۇنلۇق»نى تىلغا ئېلىپ سالمىغان بولسا، ئېھتىمال، ئۇلار يەنە نەچچە يىللارغىچە دىدار كۆرۈشەلمەس ئىدى!...

ئۇلار مۇشۇ گەپلەرنى قىلىشىپ بىر ھازا كۈلۈشتى. تاجىگۈل ئالدىراپ كەتكىنىدىن سالىغىمۇ يول بەرمەي، ئون يىلدىن بېرى ئىچىگە يىغقاننى تاغاردىن تېرىق تۆككەندەك تۆكۈۋەتتى. گەپ قىلىش نۆۋىتى «مولـلـكام»غا كەلگەندە، سالى بىلەن تاجىگۈلنىڭ ئاغزى كامارەدەك ئېچىلىپلا قالدى...

# «موللىكام» ھەققىدە ھېكايە

موللىكامنىڭ ئېتى تۆمۈر قارىم بولۇپ، دادىسى ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» قەشقەردىكى تېرە - ئۈچەي سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاتتا بايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ دائىم كارۋان تارتىپ چەت ئەللەردە يۈرگەچ، ئۆيىدە ئاسانلىقچە خوتۇن تۇختىمايتتى. چۈنكى ئۇ قايسى ئەل، قايسى يۇرتتا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالسا، شۇ يەردە كەمبەغەلنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالاتتى - دە، قايتىدىغان چاغدا ئۇنى ئوبدان رازى قىلىپ ئىبرالىشاتتى. بۇنداق قىلىش، ئەينى چاغدا، سودىگەرلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىدا «نەپەقە ئەھلى ئايال» دېيىلەتتى. «زىنا - نەھيي» دەك چەكلىمىگە، تەقىبكە ئۇچرىمايتتى. بىراق، ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» نىڭ قەشقەردىكى خوتۇنلىرى بىرى بىرىدىن باي، يۈز - ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭ ئارزۇلۇق قىزلىرى بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭ قەدىمى قەشقەرگە يېتىپ بولغۇچە ئۆزىنى قازىخانىدا كۆرەتتى. قىسقىسى، بىر خوتۇن بىلەن ئىككى يىلدىن ئوشۇق ئۆي تۇتالمايتتى. پەرزەنت يۈزىمۇ كۆرمىدى. ئۇ تۆمۈر قارىمنىڭ ئانىسى نۇرانە خېنىمنى ئەمرىگە ئالغان چاغدا، ھەرخىل مىللەت، ھەرخىل ئىرقتىن بولغان يىگىرمىدەك ئايالنى يولغا سېلىپ، قىرىق ياشلارغا ئۇلاشقان تەمبەل ئادەم ئىدى...

— ئىسمائىل ھاجىم سەپەر ئۈستىدە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان پاسكىنا - پاكىز خوتۇنلارغا چېپىلىپ يۈرسە قانداق قىلاتتىم؟ — دېگەنىدى نۇرانە خېنىم تويى

بولۇپ يېرىم يىل ئۆتمەي ، ئېرىنىڭ بەدەخشاندا بىر ئافغان ئايالنى نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغاندا گويا ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندەك خاتىرجەم تەلەپپۇزدا ، — مەيلى ، ھالال نىكاھلاپ ، ئۇستۇمگە ئون خوتۇن ئالسا بىرى مەن . مەندىن چانمىسىلا بولدى !... ئەركىشى دېگەن «پۇل تاپىمەن ، ئۆي تۇتىمەن» دەپ مۇساپىرلىقتا دۇم يېتىپ ـ دۇم قوپۇپ يۈرۈپ ئۆي تامىقى سېغىنىمامدۇ ؟ ياقىسى كىر بولمامدۇ ؟ خەقمۇ ـ زە.... !

نۇرانە خېنىمنىڭ بۇ گەپلىرى ئۆزىنى دەيدەيگە سالماقچى بولغان تەڭتۇشلىرى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئېغىزىنى يەملەۋەتتى بولغاي ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچكىم بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمىدى .

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ ، نۇرانە خېنىم تۆمۈر قارىمنى تۇغدى . تۆمۈر قارىمنىڭ ئايىغى ياراشمىدىمۇ ياكى نۇرانە خېنىمنىڭ تەلىيى كاجمۇ ؟ بىچارە مەزلۇم تۇغۇتتىن كېيىنلا خۇن كېسىلى بولۇپ قېلىپ ، بىر كۈن ساق بولسا ئون كۈن تەككىر تۇتۇپ ياتتى . ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» تۆمۈر قارىم بىلەن ئۇنى ھەج تاۋاپ قىلدۇرۇپ كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن نۇرانە خېنىم كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى . تۆمۈر قارىم بەش ياشقا كىرگەن يىلى بېلىدىن سۆڭەك قايناپ چىقىپ ، ئەركىن ھەرىكەت قىلالماس بولۇپ قالدى . ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» ئۇنى ساقايتىۋېلىش ئۈچۈن پۇلنى سۇدەك خەجلەشكە باشلىدى . قەشقەرنىڭ داڭلىق تېۋىپ ـ داخانلىرىغا خەجلىگىنىغۇ بىر نۆرى ، «ئۆلۈكنى تىرىلدۇرەلەيدۇ»غان ئورۇس دوختۇرىنىڭ چۆنتىكىگىلا نەچچە يۈز سوم تىللاسى كىرىپ كەتتى . ئەكسىچە ، نۇرانە خېنىمنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى . ئەمدى بىرلا يول — تۇرپاندىكى ئەسھا بۇلكەھەبكە ئاپىرىش — قالغانىدى . پۈتۈن بىر ياز تۇرپاندا ئۆتتى . نۇرانە خېنىم ئۇ يەردە

ئاز ـ تولا ياخشىلانغان بولسىمۇ ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپلا يەنە يىقىلدى . ئەتىيازنىڭ سىرىق ئاپتىپىغا ئۇلاشقان چاغدا بولسا ، ئۇنىڭدىكى ئۇششاق ـ چۇششەك ئىللەتلەر توپ يىلتىزىدىن قوۋرۇپ «ساقايدى» يۇ ، دوك بولۇپ قالدى . ھاسىدىن ئايرىلسىلا تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلىمەي ئىلاجى يوق ئىدى . جېنى ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلىشتى...

شىڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار بىلەن بايلارنىڭ قېنىدا «تۈگمەن چۆرگەن» چاغدا ، ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» ئەنجاندا ئىدى . ستالىن بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئارىسى رەسمىي بۇزۇلۇپ ، جياڭ جيېشى شىنجاڭغا پۇت تىققاندا قايتىپ كەلدى . بۇ چاغدا ، تۆمۈر قارىم «لايپەشتاق» مەدرىسىدە «قۇرئان»نى تاماملاپ «خەتمە»دىن ئۆتۈپ ، «نەۋائىي»[1] غا كۆچكەندى . نۇرانە خېنىم شۇ پېتى تۇراتتى . ئېرىنىڭ تەرىتىگە سۇ بېرەلمەيتتى . ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» بەش يىلنى خوتۇن زاتىغا يولىماي ئۆتكۈزۈپتۇ . نۇرانە خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى . تۇغقانلارغا ھال ئېيتىپ يۈرۈپ ، ھامىسىنىڭ قىزى ــ ئېرى شىڭشىسەي تۈرمىسىدە غايىب بولۇپ ، ئۇزاق يىل تۇل ئولتۇرغان مەئمۇر خېنىمنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى . بىر جۈپ كونا ناھايىتى ئىناق ئۆتتى . بىر ـ بىرىنى بۇرۇنقىدەكلا «ئاچا ، ئۇكام» دېيىشەتتى .

مەئمۇر خېنىم ياندۇرقى يىلى سۈرەتتەك چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپ بەردى . ئۇنىڭغا زەيتۇنەم دەپ ئات قويۇشتى...

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى تۈزگەن ئون ماددىلىق كېلىشىم يىرتىپ تاشلانغاندىن

---

① «نەۋائىي» — ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى . ئەينى چاغدا ، تالىپلا «قۇرئان كەرىم»نى يادا ئېلىپ «خەتمە»دىن ئۆتۈپ «قارى» بولغاندىن كېيىن ، «موللا»لىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ، ئۇزاق يىل ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر چاغدا ، مەشھۇر شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ مۇتالىئە قىلاتتى . چوڭ ـ چوڭ داستان ـ قىسسەلەرنى يادا ئالاتتى .

كېيىن ، قەشقەر دوزاخقا ئايلاندى ، ھەممە يەردە «تۇت ـ تۇت» ، ھەممە يەردە يىغا ـ زار… تۈرمىلەردىكى قاتىللار بىلەن ئوغرىلار كەينى ـ كەينىدىن قويۇپ بېرىلىپ ، ئۆلارنىڭ ئورنىنى ئىنقىلابىي زىيالىيلار بىلەن گۇمان بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان بىگۇناھ ئاممىا ئىگىلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، سوۋېت كونسۇلخانىسى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىنىپ ، ئىنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسى داغدام ئېچىۋېتىلدى . ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» گۇمان بىلەن تۇتۇلغانلارنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ ـ رۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بىر يىلدىن ئارتۇق پالاقلىشى ، تەڭگە ـ تىللانى سانىماي خەجلىشى نەتىجىسىدە ، ئاخىر كېپىللىككە بېرىلدى . بۇ «كېپىللىك»نىڭ كەينىگە تۈرمە ، قىيناق ، ئۆلۈم… يوشۇرۇنغانىدى . ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» كەينىدىكى «سايە»دىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . بۇنىڭسىزمۇ ، قولىدا بۇنىڭدىن كۆپ يىل بۇرۇن كەشمىرلىك بىر بايغا نېسى ساتقان نۇرغۇن مالنىڭ ھۆججىتى بار ئىدى . ئىلگىرى ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ، ئۇ تەرەپكە يول چىقماي ، پۇلىنى ئەكېلىۋېلىش نېسىپ بولمىغان . مانا ئەمدى ھۆكۈمەت ئورۇسقا ئۆچ ، ئۆزىمۇ تەقىپ ئاستىدا . پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا ھەم ئەندە ، ھەم گەزدە زىيان تارتىدۇ . يامىنىغا كەلسە ، جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن… ئۇ ئىنگلىز كونسۇلىنىڭ ئىشىكىنى قېقىشقا باشلىغاندا ، نۇرانە خېنىم :

— ماڭا قارىسىلا دادىسى ، — دېدى يىلىنىپ ، — بۇدا چىقىپ كەتسىلە ، قاچان كېلىشلىرىنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ… مەنغۇ بۇگۈن ـ ئەتىلىكىم قالغان خوتۇن ، مەئمۇر خېنىم بىچارىغا ئۇۋال بولىدۇ… «بارمىسىلا» دەي دېسەم ، ھۆكۈمەتنىڭ پەيلى يامان… مېنى خۇش قىلاي دېسىلە ، مەئمۇر خېنىم بىلەن زەيتۇنە خېنىمنى ئالغاچ كېتىپ ، بەيتىللانى تاۋاپ

قىلدۇرغاچ كەلسىلە !...

ئىسمائىل ھاجىم «ياق» دېيەلمىدى . تۆمۈر قارىمنى ئۆيـ-
لىدى ـ دە ، ئازراق دەسمايە بىلەن تېرە ـ يۇڭ سودىگىرى
دوستىغا چېتىپ قويۇپ سەپەرگە راۋان بولدى .

كىم بىلسۇن ، ئۇنىڭ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمەسلىكـ-
نى ! ؟

ئىككى يىلدىن كېيىن قەشقەر ئازاد بولدى . ئىنگلىز كونـ-
سۇلى قەشقەردىن ئېرىپ ، چېگرا تاقالدى . تۆمۈر قارىمنىڭ
دادىسى بىلەن خەت ـ ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلدى . تىجارىتى كۈندىن ـ كۈنگە
كەينىگە دەسسەپ ، كۈنلۈك تاپقىنى كۈنلۈك رىزقىغا ئاران يېتىـ-
دىغان بولۇپ قالدى . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەشقەر يۇڭ ـ
تېرە ، ئۈچەي زاۋۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان چاغدا ، تۆمۈر قارىم
تىجارەتتىن قول ئۈزۈپلا ئۇ زاۋۇتقا ئىشچى بولدى ۋە يۇڭ ـ
تېرىنىڭ «تىلى»نى ياخشى بىلگەچ ناھايىتى ئەتىۋارلاندى ، مائا-
شىمۇ تېز ئۆستى . بۇنىڭغا يارىشا ، خوتۇنى زىبا خېنىم كەينى ـ
كەينىدىن تۇغۇۋېرىپ بالىغا كۆمۈۋەتتى . ئۈچى تۇپراققا قېتىـ-
لىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بەش قىزى گۈلدەك چىرايلىق چوڭ
بولدى . چوڭ قىزى رابىيەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدـ-
غان يىلى نۇرانە خېنىم بەندىچىلىك قىلدى . ئۆلىشىپلا يېتىپ
كەلگەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى تېخى «قارىسى ئوشتۇلمىغان» تۆ-
مۈر قارىمغا «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن توننى پىـ-
چىپ ، «كۈرس» قا سولىدى . ھەرخىل نامدا ئاتىلىدىغان ئامىـ-
ۋى تەشكىلاتلار كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەت بىلەن پېپەن ـ كۈرەش
قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى . جان تاتلىق ئىكەن ،
تۆمۈر قارىم قىيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي ، «دادىسىغا
خەت يېزىش باھانىسىدە چەت ئەلگە ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەرگەن»
لىكىگە «ئىقرار» بولۇپ تۆۋەنامە يازدى . «ئىقرار قىلغانلارغا
كەڭچىلىك قىلىش» دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ ، ئىنىـ-

قىلابىي كومىتېت ئۇنى نەچچە كۈن چوڭ يىغىندا پىپەن ـ كۈرەش قىلدى ـ دە ، «جىنايىتىنى تونۇش پوزىتسىيىسى ياخشى بولغاچ ، قانۇنىي جازانى كەچۈرۈم قىلىپ ، ئىنقىلابىي قوشۇندىن تازىلاش » جازاسى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى . نەچچە كۈندىن كېيىن ، يەنى 1968 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ، ئۇنى بالا ـ چاقىسى بىلەن قوشۇپ مەكتەپكە ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى . قوش پېشايۋان ، قوش مەنزەرلىك ھەشەمەتلىك ھويلىسى مۇسادىرە قىلىندى...

«چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر » دېگەن ئاتالغۇنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى يېزىدا كۆرسە بولىدىكەن ، ئۇلار زاۋۇت خەلق قورالىلىق ئەسكەرلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا يۈك ئاپتوموبىلىدىن چۈشۈشتى . نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەترەتنىڭ تاشلاندۇق قوتىنىغا ئەكىرگىچە ، «بەش خىل ئۇنسۇر »دىن چوڭراق بىر ئائىلە «ئۇنسۇر »نى كۆرۈش ئىشتىياقىدا ئۆي ـ ئۆيدىن چۇۋۇلۇپ چىقىشقان گۆكشى ئەزالىرى ، ئۇششاق بالىلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئاجايىپخانىدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنى ئىكسكۇرسىيە قىلىۋاتقان تاماشاچىلاردەك چۆرگىلەپ يۈرۈشتى . شۇ كۈنى كېچىسىلا ، ئەترەت بېشى ئۇلارغا ئەتە قىلىدىغان ئىشنى ئورۇنلاشتۇردى . ئەتىسى ، ئەتىسى ، ئەتىسى...

تۈگىمەس پىپەن — تۈگىمەس تىل ـ تاياق...

مەيلى ئوغرى ، مەيلى قىمارۋاز ، مەيلى پومېشچىك... پىپەن قىلىنسۇن ، تۆمۈر قارىم چوقۇم ئۇلارغا ياندىش . خوتۇن ـ بالىلىرى كۆرگەزمە...

بەزى پىپەنلەردىن كېيىن ئۆرە ـ تۇرالمىسا ياكى ئەتىسى بېلىنى ئالالماي ، كەتمەننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ چۆرۈپ چاپالمىسىغۇ بولدى ، خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ ! ...

بىر يىل ، ئىككى يىل ...

شۇنداق ، تۆمۈر قارىم ئاران ئىككى يىل چىدىدى . داۋاملىق نازارەت ئاستىدا كەتمەن چېپىش ، ھاشارغا ئىشلەش ؛ ئەتى-

يازدىن كەچكۈزگىچە زاغرا غاجاپ ، سوغۇق سۇ ئىچىپ ، ئادەم
تۇگۈل ئىت - مۈشۈكمۇ يىللاپ - ئايلاپ ئاياغ باسمايدىغان چۆل -
باياۋاندا ئېچىق بېقىپ ، پاشا - كۇمۇتىلارغا يەم بولۇش ئۇنى
جېنىدىن جاق تويغۇزغانىدى . بۇ يەرگە كەلگەن چاغدىكى ئېتىد-
نىڭ ئوندىن بىرى قالماي ، بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ
قالدى . ئاينىڭ بېشى ، ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆيدە بىرەر كېچە
قونۇش نېسىپ بولۇپ قالسا ، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا
ئىچى ئاغرىغىنىدىن ، چۆرىسىگە ئولىشىپ يامغۇردەك ياش تۆكەت-
تى . تۆمۈر قارىمۇ ئۇلارنىڭ نالىسىگە چىدىماي يۈرىكى قان - زەر-
داپقا تولاتتى - يۇ ، زورلاپ كۈلۈمسىرەپ ، ئۇلارغا تەسەللى
بېرەتتى . ئەر - خوتۇن يالغۇز قالغان چاغلاردا :
— ۋاي خۇدا ، ۋاي خۇدا··· ئەجەب قىينالدى بۇ جانلىرى ،
ئەجەب قىينالدى··· خۇدايىم دادىكامغا بەرگەندەك بىر يول بېرد-
ۋەتكەن بولسا ، «خۇدا ، ئۆزۈڭ بار···» دەپ مۈشۈ دوزاختىن
يىراق بىر يەرگە كېتىپ تۇرسىلا ، مەنمۇ «قانجۇقنى ئىت چىش-
لىمەيدۇ» دېگەندەك ، بەش قىزىمنى كەينىمگە سېلىپ ، دۇيجاڭغا
نېمە قىلساڭ قىل··· دەپ گۆشىيىپ تۇرۇپ باقسام قانداق
بولار ؟ دەپمۇ ئويلاپ كېتىمەن··· — دەپ نالە قىلاتتى .

كۇنلەر ئۆتۈپ ، تۆمۈر قارىمۇ مۈشۈ گەپكە مايىل بولۇپ
قالدى . چۈنكى ، قىزلىرى كۈندىن - كۈنگە بوي تارتىپ ، بىر
ئەرنىڭ نېنىنى يەپ ، بىرەردىن بالىنىڭ ئانىسى بولغۇدەك بولۇپ
قېلىۋاتاتتى . بىر «ئۇنسۇر» ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە «تاج» بولۇپ
قادىلىپ تۇرغان شارائىتتا ، ھېچكىممۇ ئۇلارغا كۆز سېلىشقا
جۈرئەت قىلالمايتتى . «بەش قىزى بار ئادەمگە دوزاخ ئوتى
ھارام» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان . پۈتۈن ئەس - يادى
ئاشۇ قىزلاردا قالغان تۆمۈر قارىم زىبا خېنىم بىلەن مەسلىھەتنى
پىشۇرۇپ ، بۇ يەردىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ بېقىشنى نىيەت
قىلدى :

— قېنى ، ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ بەختىنى بىر سىناپ باقاي ، — دېدى ئۇ ، — بەختى بولسا ، بىر يەرگە بېشىمنى تىقىپ ، ئۆدۈللۈق ئىشلەپ تاپقىنىمنى ئۆدۈللۈق ئەۋەتىپ تۇرارمەن . تۇتۇلۇپ قېلىپ ، بۇ يەرگە يەنە كېلىپ قالسام ، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز…

قېچىشقا ئەپلىك پۇرسەت كەلمەي قىش چىقىپ كەتتى . ئەتىيازدا ئەترەت يول بويىدىكى قېرى تېرەكلەرنى قومۇرۇۋې-تىپ ، ئورنىغا جىرىم قويدى . ياغاچلارنى بىر يەرگە دۆۋىلەش جەريانىدا ، تۆمۈر قارىمنىڭ چىمچىلىقى ئىككى تال خانىڭ ئارى-سىدا قىسىلىپ قېلىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى . «يالاڭ ئاياغ» دوختۇر-نىڭ داۋالاشقا كۆزى يەتمىدى . گۇڭشې دوختۇرخانىسىدىن ناھى-يىلىك دوختۇرخانا يېقىن ئىدى . قان توختىتىش دورىسى چې-چىپ تېڭىپ قويدى - دە ، ناھىيىگە بۇيرۇدى . زىبا خېنىم ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى . پوتلا - ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ يۈرۈپ دوختۇرلارنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىپ ، بىر سائەتكە قالمايلا ئېرىنىڭ كىچىككىنە تېرىگە ئىلىشىپ قالغان چىمچىلىقىنى ئۇ-لىتىپ بولدى . قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا ، ئاشخانىدىن چىقىۋاتقان ئېلاخۇن ئۇستام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

ئېلاخۇن ئۇستام تۆمۈر قارىم بىلەن بىر كاسىسىردىن مائاش ئالىدىغان شوپۇر ئىدى . ئۇ تۆمۈر قارىمدىن ئون ياش كىچىك بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن سىرداش ئىدى . ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى ئاڭلاپ ، چىن يۈرىكىدىن ھېسداشلىق بىلدۈردى . ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ قورسىقىنى تويغۇزدى . باي دېھقان دادىسىنىڭ يېزىدا نېمە كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ ، بۇ ئەر - خوتۇننىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى . گەپ ئارىسىدا ، تۆمۈر قارىم بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتقاندى ، ئۇ دەرھال قوللىدى . ئۇنىڭ ئېيتىشى-چە ، ئۇ ھازىر ناھىيىلىك تاشقى سودا شىركىتىدىن قەشقەرگە

تېرە ـ يۇڭ توشۇۋېتىپتۇ . ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ ـ كېتىدىكەن . ئۇنى ئالغاچ كېتىدىغان كۈن ، ئۇچرىشىدىغان ئورۇنغىچە قولىقىغا قويۇپ خوشلاشتى...

ئۇچىنچى ھەپتىسى ، تۆمۈر قارىم ئۆزىنى ئېلاخۇن ئۇستامنىڭ ئۆيىدە كۆردى . يەنە ھەپتىدىن كېيىن «ئوتتۇنلۇق» قا كېلىپ ، باشقا «ئۇنسۇر »لار بىلەن ياتاقداش بولدى . ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلىدىغان چاغدا خوتۇنى بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ ، بىر قىسىم ئەسكى كىيىملىرىنى لاتىغا ئوراپ ، دەريانىڭ لايلاتمىسىغا تاشلاپ قويغانىدى . ئەتىسى ئۇنى ئىزدەپ چىققان خەلق ئەسكەرلىرى ئۇ نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپلا ، ئۇنى «دەريادا ئېقىپ ئۆلدى» گە چىقىرىۋەتتى . جەسىتىنى ئىزدەپ بېقىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بېقىشمىدى . ئەكسىچە ، دادۇي بويىچە يىغىن ئېچىلىپ ، «ئۆلسىمۇ تۆۋە قىلمايدىغان» بۇ «ئۇنسۇر »نىڭ ئەرۋاھى قاق يېرىم كۈن پىپەن قىلىندى . ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىغا ھازا ئاچماسلىق ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزمەسلىك بۇيرۇلدى...

تۆمۈر قارىم «ئوتتۇنلۇق »قا كېلىپ ئەتىسىلا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى . چۈنكى ، قىزلىرى بىردەممۇ كۆز ئالدىدىن نېرى بولمايتتى . خوتۇنىنى دائىم تىل ـ تاياق ئاستىدا پىپەن قىلىنىۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتى . «تەۋەككۇل» دەپلا ئۆلارنىڭ يېنىغا قايتىپ ، ئۆزىنى تاياققا ، ھەتتا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈسى كېلەتتى ـ يۇ ، خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى ئۇزاتقان چاغدا تاپىلىغان گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە تەكرار جاراڭلاپ ، ئۇنى پەيلىدىن ياندۇردى . ئەمدى ئۇ كۈن ئولتۇرۇپ ، ئوتۇنچىلار ئىشنى يىغىپ گەمىلىرىگە كىرىپ كەتكەندىن تارتىپ تاكى ئۇيقۇسى قىستاپ كۆزلىرى يۇمۇلغىچە بىرەر قۇم بارخىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ، ئەسىرى ، شام ، خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىللە ، «قۇرئان كەرىم» دىن بىر ـ ئىككى پارە قىرائەت قى-

لىپ ، دىلخەستىلىكىنى چىقىراتتى . خوتۇن ـ بالىلىرىغا تەنسە-
ھەتلىك ، خاتىرجەملىك تىلەپ ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى . ھەپتىلەر-
دىن كېيىن ، تۆمۈر قارىم ھەرۋاخ ناماز ئالدىدا ئۇنلۇك ئەزان
چىللايدىغان بولدى . دەسلەپ ئانچە ئېرەنگشمىگەن ئوتۇنچىلار ،
بارا ـ بارا ، ئۇنىڭ كەينىدە بىردىن ، ئىككىدىن سەپ تۈزۈپ
ناماز ئوقۇيدىغان ، ئۆزىدىن كىچىكلەر ئۇنىڭ ئېتىنى چاقىرماي
«مولىكا» دەيدىغان ، چوڭلار تېخىمۇ ھۆرمەتلەپ بېشىدا كۆتۈ-
رىدىغان ، كولىغان ئوتۇنلىرىنى ئاپتوموبىلغا قول ـ قول بېسى-
شىپ بېرىپ بىر تىيىنمۇ ھەق ئالمايدىغان ، قولىدىن كېلىشىچە
ياردەم كۆرسىتىدىغان ـ ئايايدىغان بولۇشتى . ئېلاخۇن ئۇستام
ئوتۇن ئەكېلىش باھانىسىدە تۇنجى قېتىم ئۇنى يوقلاپ كەلگەن
چاغدا ، ئۇ بۇ يەرنىڭ «ئىمام»ى ھەم ئىش بېشى بولۇپ قالغاند-
ى : ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ، قولىنى شىلتىپ قويۇپلا باشقىلار-
دىن كۆپرەك پۇلغا ئېرىشەتتى...
ئېلاخۇن ئۇستام مەكتەپتە ئۇنىڭ «ئۆلۈم»ى توغرۇلۇق
تارقالغان ، «قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ زاۋۇتقىمۇ يېتىپ كەلگەن
ھېكايە»نى سۆزلەپ بېرىپ ، ئۇنى بىر ھازا كۇلدۇردى . خوتۇن
بالىلىرىنىڭ ھال ـ كۈنىدىن خەۋەردار قىلىپ كۆڭلىنى ئەمىن
تاپقۇزدى . «ماتوردا غەيرىي ئاۋاز پەيدا بولۇپ قاپتۇ . يولدا
بۇزۇلۇپ قالسا كېچىدە ئوڭلىماق تەس» دېگەننى باھانە قىلىپ
شوپۇر ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ، كېچىچە تۆمۈر قارىم
بىلەن مۇڭدىشىپ چىقتى...
يىللاردىن بېرى بۇ يەردە سويۇلۇپ تاشلىنىپ قالغان قوي ـ
ئۆچكە تېرىلىرىگە تۆمۈر قارىمنىڭ كۆزى چۈشۈپ ، كۆڭلىگە ئاتا
كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىستىكى چۈشكەندى . بۇ گەپنى
ئاغزىدىن چىقىرىپ بولغۇچە ، ئېلاخۇن ئۇستام دەرھال قوللى-
دى . پۇل سوغا ئوخشايدۇ . مىدىرلاپ ئېقىپ تۇرسا ئاۋۇيدۇ .
توختاپ قالسا «يەرگە سىڭىپ» تۈگەيدۇ . ھەر ئىككىيلەندە ئاز ـ

تولىدىن «جان ئۈلىقى» بار ئىدى . «مىدىرلىتىش»قا ئامالسىز ئىدى ، ئېلاخۇن ئۇستام سېتىش يولىنى بىلەتتى ـ يۇ ، سېتىۋا-لىدىغان مەنبەنى ئىزدەشكە چولىسى تەگمەيتتى . تۆمۈر قارىم «ئالىمەن» دېگەننى سېتىپ ئالالايتتى ـ يۇ ، سېتىش يولىنى تاپالمايۋاتاتتى . ئەمدى ھەر ئىككىسىلەنگە يول تېپىلدى . «تەۋەك-كۇل» دەپ بەختىنى سىناپ باقسا...

ئۇلار شۇنداق قىلدى . ماڭغانسېرى يولى كېڭەيدى . پۇلى يۆمىلىغانسېرى ئاۋۇپ ـ تۇغۇپ ، بىرى ئون ، ھەتتا يۈز بولدى . تۆمۈر قارىم يېقىن ئەتراپتىكى «ئوتتۇنلۇق»لاردىن تېرە ـ ئۆچەي يىغىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي ، مەكىت ، مارالبېشى تەرەپلەردىكى قاراڭغۇ بازارچى قاسساپلار بىلەنمۇ چۆپقەتلەشتى . ئۇلار سويغان ماللىرىنىڭ تېرىسىنى يىغىپ قويۇپ ، ئەپلىك پەيتتە تۆمۈر قارىمغا ئەكېلىپ بېرەتتى . تۆمۈر قارىم تېرىلەرنى تۇزلاپ ، بىكار گەمىگە دۆۋىلەپ قويۇپ ، ئېلاخۇن ئۇستام كەلگۈچە ساق-لايتتى .

قىسقىسى ، تۆمۈر قارىم بېيىۋاتاتتى . ئېلاخۇن ئۇستاممۇ بېيىۋاتاتتى . بۇنى بىر خۇدا ، ئاندىن قالسا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا بىلەتتى...

كاللا ئىشلىتىشنى بىلگەن ئادەمگە يول كەڭرى . پۇل — قەدىمى ئاستىدىن ئۈنگەن گۈل ، ئامەت — تەرىنىڭ مەھسۇلى . ئادەمگە ئامەت ئالدىنى قىلسا ، بەزىدە ئۆزى كۈتمىگەن نەرسىلەر-گە ئېرىشىپمۇ قالىدۇ . لېكىن ، بۇ تاسادىپىيلىق . تۆمۈر قارىم «موللىكام» بولۇپ پۇلنى پۇلغا ئۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئېلاخۇن ئۇستام ئۇنىڭ چوڭ قىزى رابىيەمگە دادۇي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قەشقەرلىق بىر ئوقۇتقۇچىسى ئەلچى قويد-غانلىقىنى خەۋەر قىلدى . بۇ ئۇنى بەيتىللادىن دادىسى قايتىپ كەلگەندەك خۇشال قىلىۋەتتى . چۈنكى ، بىر قىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتى دېگەن گەپ ئاتا ـ ئانىنىڭ بىر ئۇلۇش يۈكى يەڭگىللى-

دى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى… قىزغىمۇ يول ئېچىلدى دېگەن گەپ !… تۆمۈر قارىم ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ، ئېلاخۇن ئۇستامنىڭ ياردىمىدە رابىيەمنىڭ سەپ ـ سىيرىقىنى تەييارلىدى. «توي خېتى ئالىمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا ، ئۇ نەرسىلەرنى «قەشقەردىكى تۇغقانلارنىڭ سوۋغىسى» دېگەن نام بىلەن خوتۇنىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى دىلىغا پۈكۈپ يۈردى . بىراق ، ئۇنىڭغا كەلگىنى باشقا خەۋەر بولدى :

«گۇڭشې : ‹بىر دۆلەت خادىمىنىڭ چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقى ــ سىنىپىي مەيداننى يوقاتقانلىق ›… دەپ توي خېتى بەرمىگەننىڭ ئۇستىگە ، گۇڭشې بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ يىگىتنى پىپەن قىپتۇ… »

تۆمۈر قارىم ئۆلمىدى ، ئۇنىڭ بىرىسى بولدى . نەچچە كېچە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يالغۇز تۇنەپ ، «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىپ تاڭنى ئاتقۇزدى . ئىشتىھاسى تۇتۇلدى ، ئورۇقلىدى ، پۇت ـ قولىدىن ماغدۇر كېتىپ ، تەككىر تۇتۇپ يېتىپ قالغىلى تاس قالدى . ئاخىر : «دۇنيا ــ ئۆتەڭ ، ئىنسان ــ يولۇچى كارۋان . بىر ئادەم دارىلپاناھدىن دارىلباقاغا يەتكۈچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمەيدۇ ؟ نېمە دەردلەرنى تارتمايدۇ ؟ ئاللانىڭ مۇشۇنداق خورلۇققا قالغان بەندىسى يالغۇز مەنمىدىم ؟ شۇكۇر !… » دېدى ـ دە ، ئۆزىنى تۇتتى .

سالى بىلەن تاجىگۇل بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن چاغ ــ تۆمۈر قارىم يېڭىۋاشتىن غەيرەتكە كەلگەن چاغ ئىدى . دەسلەپ ئۇلارغا ئادەتتىكى مۇساپىرلار قاتارىدا ياردەم قولىنى سۇندى . كېيىن… شۇنداق ، كېيىن ئۇلارنىڭ تېگى ـ پېيىنى ئۇقۇپلا ئۇلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قانات ئاستىغا ئېلىش نىيىتىگە كەلدى . چۈنكى ئۇ تاشمەتخان ئۇستام بىلەن ئۇزاق يىللىق چۆپقەت ئىدى . مانا ئەمدى تەڭرى ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن كېلىنىنى

ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ . قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇشنىڭ ئۆزى ، بىرىنچىدىن چۆپقەتلىكنىڭ يۈزى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئاللا يولىدا قىلىنغان ساۋابلىق ئىش بولمامدۇ ؟ !

ئۇ بۇ نىيىتىنى ئۇلارغا بىلدۈرمىدى . تاشمەتخان ئۇستام بىلەن چۆپقەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئاغزىدىن چىقارمىدى...

*　　　*　　　*

تۆمۈر قارىم سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، تاجىگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . سالىمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتماقچى بولدى ـ يۇ ، ئۆزىنى باستى .

ــ نېمىگە يىغلايسىلەر ؟ مۇشۇنداق ئوبدان چاغدىمۇ يىغلامدىكەن ؟ كۈلۈڭلار ، بالىلىرىم ! كۈلۈدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى ! قانغۇچە كۈلۈڭلار !... ــ تۆمۈر قارىم تاكى تاجىگۈل يىغىسىنى توختىتىپ ۋىلىقلاپ كۈلگىچە قىزىق ـ قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ ، توختىماي كۈلدى . ئېلاخۇن ئۇستام ئۇنىڭغا «ھە ـ ھۇ » دېيىشىپ بەردى ، ــ مەن تېخى دەيدىغىنىمنىڭ يېرىمىنىمۇ دەپ بولالمىدىم ، ــ دېدى تۆمۈر قارىم بىردىن چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ ، ــ ھېلىتىن مۇنداق ئۇششۇقلۇق قىلىپ مىشىلدىغىلى تۇرساڭلار ، گېپىمنىڭ ئايىغىنى ئاڭلىغاندا ھۇشۇڭلىدىن كېتىپ ، بىزگە ئىش تېپىپ بېرەمسىلە نېمە ؟ ! قانداق دېدىم ، ئېلاخۇن ئۇستام ؟

ــ توغرا دېلە... گەپنىڭ قىزىقى تېخى كەينىدە تۇرسا !...

ــ ... ... ... ...

تۆمۈر قارىم ھېكايىسىنى داۋام قىلدى : «ئوتتۇنلۇق » تا «تۇت ـ تۇت » بولغانلىقىنى تۆمۈر قارىم مارالبېشىدىكى بىر

قاراڭغۇ بازارچى قاسساپ چۆپقىتتىنىڭ ئۆيىدە ئاڭلىدى . ئەمدى ئۇ «ئىسسىق ماكان»نىغا قايتىپ بارالمايتتى . كېيىنكى كۈنلە-رىنى ھېلى ئۇ يەردە ، ھېلى بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۆت-كۈزدى . ئۇ نەگىلا بارسۇن ، نەدىلا تۇرسۇن ، چوقۇم ئېلاخۇن ئۇستامنى خەۋەرلەندۈرەتتى . تىجارەتتىن قول ئۈزۈشمىدى... ئاردىن نەچچە يىل ئۆتۈپ ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭغا تارتتىمۇ ياكى سىياسەت ئىزىغا چۈشتىمۇ ، «مەرھۇم تۆمۈر ئاخۇن ئۇستام» نىڭ قالپىقى ئېلىنىپ ، خوتۇن - بالىلىرى قەشقەرگە — تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىگە ئىززەت - ئىكرام بىلەن قايتۇرۇپ كېلىندى . زاۋۇت بويىچە داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈ-لۈپ ، «‹تۆت كىشىلىك گۇرۇھ›نىڭ بۇ بىگۇناھ قۇربانى»غا تەزىيە بىلدۈرۈلدى . ئۇنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا سادىقلىقى ، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ، كەسپكە ماھىرلىقى ، نۇرغۇن قېتىم خىزمەت ئىلغارى ۋە نەمۇنىچى بولۇپ باھالانغانلىقى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتۈلدى . ئىككى كۈندىن كېيىن تۆمۈر قارىم «تىرىلىپ» زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولغاندا ، زاۋۇت باشلىقىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چاردەك چەكچە-يىپ ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى...

بىردىن بىرى ياخشى كۈنلەر ، ئايلار ۋە يىللار ! توي ئۈس-تىگە توي . تۆمۈر قارىمنىڭ قىزلىرى كەينى - كەينىدىن «ئۇ-چۇپ» كەتتى . كۈيئوغۇللىرى بىر - بىردىن ئوبدان ، قۇدىلى-رى تېخى... نەۋرىلەرچۇ ، نەۋرىلەر !...

تۆمۈر قارىم نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا پېنسىيىگە چىقىپ ، تېرە - ئۇچەي سودىسىغا كىرىشىپ كەتكە-نىدى . نەچچە يىلدىلا پۈتۈن قەشقەرگە تونۇلغان بايلاردىن بولۇپ قالدى . ئېلاخۇن ئۇستاممۇ ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ ، شتاتىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا خىزمەت-تىن ئايرىلدى . تۆمۈر قارىمنىڭ تېرە - ئۇچەيلىرى ئۇنىڭ

ئاپتوموبىلى بىلەن ئۇيان ـ بۇيان يۆتكىلىدۇ، پۇل بولىدۇ...
ئىككى يىلدەك بولدى، تۆمۈر قارىم سېتىۋالغان تېرىلىرىنى قەشقەردە كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىغان كىچىك تېپ-تىكى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتلىرىدا يېرىم پىششىقلاپ ئىشلىتىپ، ئىچكىرىدىكى چوڭ شىركەتلەرگە توپ سېتىپ، پۇلدىن پۇل تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندا، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلى-شىپ قالغان ئۆگەي ئانىسى مەئمۇر خېنىمدىن خەت كەلدى. خەتتە يېزىلىشىچە: ئىسمائىل ھاجىم «ئەجنەبى» ئالەمدىن ئۆ-تۈپتۇ. ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس ئىكەن. تۆمۈر قارىمنى دەرھال يېتىپ كېلىپ قېرىنداشلىرى بىلەن دىدارلى-شىپ، دادىسىدىن قالغان مىراسنى دەرقەمتى تۇرۇپ بۆلۈشۈش-نى تەلەپ قىپتۇ ھەم تەكلىپنامە ئەۋەتىپتۇ. تۆمۈر قارىم دادى-سىنىڭ روھىغا ئاتاپ كاتتا نەزىر بەردى. ئۇلاپلا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، چېگرىدىن چىقىش رەسمىيىتى ئۆتەشكە كىرىشتى. بۇ قېتىمقى سەپىرى بېيجىڭگە ھەم تىجا-رەت، ھەم زىيارەت، ھەم رەسمىيەت ئۆتەش ئۈچۈن. زىبا خې-نىمنىڭ يالغۇز قالماسلىقى ئۈچۈن، كەنجى قىزى ئارزۇگۈل بىلەن كۈيئوغلى سەدرىددىننى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قويۇپ يولغا چىقتى.

ـــ نېمە!... قايسى سەدرىددىن؟

قايسى سەدرىددىن بولاتتى، سالىنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى سەدرىددىنچۇ؟!

ھە!... بۇ؟...

تۆمۈر قارىم بىلەن ئەمرىددىننىڭ قېيناتىسى ئىسلام ھاجىم ئاكا ـ ئۇكىنىڭ باللىرى ئىدى. ئەمرىددىننىڭ تويى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، تۆمۈر قارىم ئارزۇگۈلنى تاشمەتخان ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەردى. ئۇزاق مۇددەت بىللە ئىشلەش سەدرىددىن بىلەن ئارزۇگۈلنىڭ دىلىنى چېتىپ قويغان ئىكەن، ئىككى يىل

بولدى ، بىر ـ بىرىگە قىيامەتلىك جورا . ئارزۇگۇل ھازىر كۆزىدىن چىققۇدەك ئېغىر بوي . تۆمۈر قارىم تاشمەتخان ئۇستامغا ھەممە قۇدىلىرىدىن بەكرەك ئامراق ۋە ئەڭ يېقىن سىرداش ـ قاياش . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ سالى بىلەن تاجىگۇلگە قىلغان ياخشىلىقىنى ھېچكىمگە ئاغزىدىن چىقىرىپ تاشلىمىدى . چۈنكى ، ئېقىل ئاخۇن ئۇستام ئۇلارنى ئاپتوموبىلغا سېلىپ ئېلىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، تويۇقسىزلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ئېلاخۇن ئۇستام ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغان تۇرسا ، نېمىدەپ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغۇدەك ؟ ! ئۇلار گەرچە ئادرېسىنى يوشۇرغان بولسىمۇ ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ خەت يېزىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇۋاتىدىغۇ !... ۋاقتى كەلسۇنچۇ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇلار چوقۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تويۇقسىز پەيدا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ !...

— قانداق ؟ — تۆمۈر قارىم سوئال نەزىرىدە سالىغا تىكىلدى ، — مۇشۇنداق قىلغىنىم بولاپتىمۇ ، بولماپتىمۇ ؟

— بولاپتۇ...

سالى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى . تاجىگۇل نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، خىرتىلداپ يىغلىغىلى تۇرغانىدى . تۆمۈر قارىم دەرھال گەپنى بۇراپ :

— تاشمەتخان ئۇستام سىلەرنىڭ خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا قومسارايغا بېرىپ ، تۆلەندى سېكرېتارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغانىدى . كېيىن : «ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك ئىش قىلىپ ، بىچارىنى خىجالەتچىلىكتە قالدۇرماي» دەپ نىيىتىدىن ياندى . گۈلزار خانىمنىڭ دېيىشىچە ، تۆلەندى سېكرېتار بىلەن رەنخان ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپتۇ . گۈلزار خانىملارنى قولىدىن كېلىشىچە يۆلەپ ، تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزۇ-

دىكەن . بىر چاغدىكى جاھالەتلىك سىياسەتنىڭ يۇرتىغا ، يۇرتـ. داشلىرىغا ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە قالدۇرغان جاراھەتلىرىدىن كۆڭلى بەك يېرىم ئىكەن... ــ دەپ گېپىنى ئۈزدى .

كېيىنكى پاراڭلار قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى ، تاشمەتخان ئۇسـ. تام ئائىلىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىقلار ئۇستىدە بولدى . سالى بىلەن تاجىگۈلنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ ، ئۆزىنى دۇنياغا يېڭىدىن تۆرەلگەندەك يەڭگىل ـ ئازادە سېزىشتى .

ئېلاخۇن ئۇستام ئىچكىرىدىن قايتىشىدا ، ئۇلارنى قەشقەرـ. گە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىدىغان بولدى...

قىزىق ئىش ، تون تەڭ بىلەن قولبالىسى قىلىپ ئېتىلگەن پولۇ تەييار بولۇپ ، لىگەنلەرگە ئۇسۇلۇپ ، شىرەگە تىزىۋېتىلـ. گەندە ، بىرەيلەننىڭ كەملىكى سېزىلدى .

ــ بالام سالىجان ، ــ دېدى تۆمۈر قارىم ، ــ خاپا بولماي چىقىپ قاراپ باقسىلا . تەۋەككۈل كابىنكىدا كىرىپ ئۇخلاپ قالغان بولمىسۇن...

ــ كابىنكا ئېتىكلىك ، ــ دېدى ئېلاخۇن ئۇستام ، ــ قار يېغىۋاتسا ، نەدە يۈرۈدىغاندۇ ئۇ ئاداش ؟ !

ــ گېپىمىزگە پۈتلاشماي دەپ ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرامدۇ يا ئۇ بىچارە ؟ !

ــ مەن چىقىپ قاراپ باقايچۇ...

سالى چىقىپ كەتتى . تاكى ئۇ قايتىپ كىرگۈچە ھېچكىم تاماققا قول ئۇزاتمىدى .

ــ يوق تۇرىدۇ ، ــ دەپ ئىشىكتىن كىردى سالى ، ــ داۋبەنگچە بېرىپ كەلدىم . ھېچيەردە قارىسى كۆرۈنمەيدۇ...

ــ مابالىنى ! ــ تۆمۈر قارىمنىڭ رەڭگى ئۆڭدى ، ــ نەگە يوقالغاندۇ ؟

ــ «يولدا قوشۇلغان ھەمراھ ــ ھەمراھ ئەمەس» دەپ ، يولدىن ئۆتكەن بىرەر تونۇش شوپۇرنىڭ ماشىنىسىغا يامىشىپ ،

توقسۇن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ؟ !

ئېلاخۇن ئۇستامنىڭ بۇ گېپى تۆمۈر قارىمنى تېخىمۇ ئويغا سالدى :

— خېلى تۇزۇك بالىدەك تۇراتتى . ئەجەبمۇ... مەن تېخى ئۇنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي دېگەن...

— ئۇ ؟...

سالى بىلەن تاجىگۈل تەڭلا ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى .

— ئۇ بالا قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە نەچچە كۈن مەدىكار ئىشلەپ يۈرگەن . يولغا چىقايلى دەپ تۇرساق ، ماشىنىنىڭ يېنىـ غا كېلىپ ، «ئۈرۈمچىگە ئالغاچ چىقىپ كەتسەڭلار» دەپ نالە قىلىپ تۇرۇۋالدى . «ساۋاب بولار» دەپ ئېلىۋاپتىكەنمىز... توۋا ، ئەجەب قىلدىيا ، بۇ بالا...

سالى ئاغزىنى باشقۇرالماي قالدى :

— نەلىك بولغىيدى ئۇ ؟ !

— قۇمسارايلىق ئىكەن... يولدا كەلگۈچە كولاپ سوراپ بەرسەك ، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۇ يەردە كۆرگەن كۈنلىرىڭلارنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەرگەن...

— ۋىيەي ، قايسى تەۋەككۈل بولغىيدى ئۇ ؟ — تاجىگۈلـ نىڭ چىرايى ئۆڭۈپ ، ئاۋازى تىترەپ كەتتى ، — تەۋەككۈل «پىستەك» ئوخشىمامدۇ ؟ بايا مەن كىمگىدۇر ئوخشاتقاندەك قىلغان... توغرا ، چوقۇم شۇ ! ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان لۈكچەك !...

# باھار تۇغقان تۇيغۇلار

قەشقەرنىڭ كىلىماتى تولىمۇ غەلىتە .

ئەگۈز ئاياغلىشار ـ ئاياغلاشماستىنلا تېرەكلەر پوتلا چىقىر-
ىشقا باشلايدۇ . چىقىدىغان بورىنى ، قۇيۇنى ، ياغىدىغان توپىسى
ئۇلىشىپلا كېلىدۇ . هازىرغۇ قەشقەر شەھىرىدە بىر تۈپمۇ تېرەك
قالمىدى . ئاقئۆردىدىن يارباغقىچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى
پومزەك ـ پومزەك رېدىلەردىن باشقا تېرەك ، ئاكاتسىيە دېگەنلەر
يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ـ قومۇرۇپ تاشلىنىپ ئارچا ، قارد-
غاي ، مەجنۇنتال قويۇلۇۋاتىدۇ . ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە پاتۇرۇپ
قويۇلغان چىنار كۆچەتلىرى يەر ئېلىپ ئوبدان ئاينىپ قالسا ،
پۈتۈن شەھەرنى چىنار بىلەن كۆكەرتىشنىڭ گېپىمۇ بار . شۇڭا
بۇ يىل شەھەرنى مەينەت قىلىدىغان پوتلىمۇ ، خازانمۇ يوق .
نەچچە كۈننىڭىزى توختىماي چىققان بوران سېمونت ، ئاسفالت
كوچىلارنى كۆزگە كۆرۈنمەس تىللىرى بىلەن «يالاپ» پارقىرى-
تىۋەتكەنمۇ ياكى مۇھىت ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ چىغ سۈپۈر-
گىلىرى سۈپۈرۈپ ، ئەسلى تۈرۈشقا تېگىشلىك جايىغا ئاپىرىۋەت-
كەنمۇ ؟ ھەممە يەر ئەينەكتەك پارقىرايدۇ . تۈنۈگۈن شەھەر
ئۈستىدە ھەيۋە كۆرسىتىپ ئەگىپ يۈرگەن توپ ـ توپ سۈر
رەڭ بۇلۇتلار، نەگىدۇر غايىب بولغان . كۈننىڭ تەپتى خېلى بار .
باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۈيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ، دۇكان ـ
ماگىزىنلارغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان ئەرلەرنىڭ ئۇچىسىدا
كاستيۇم ـ شىم ، ئاياللارنىڭ ئۇچىسىدا پوپايكا ، مودا كىيىم ،
پاختىلىق شىم ـ چاپان كىيگەنلەر ئاساسەن كۆزگە چېلىقمايدۇ .

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى «بۇرژۇئازىيىنىڭ تۆت كوند-
سى»نى نەچچە ھەسسە بېسىپ چۈشكۈدەك ئېسىل كىيىم زىبۇ
زىننەت بۇيۇملىرى كۆزنى چاقىدۇ . دۇكانلار ـ ماگىزىنلاردىكى
ماللارنىڭ تۈرى ، نۇسخىسىنىڭ تولىلىقى ئادەمنىڭ ئەقلىنى
ھەيرانۇ ھەس قىلىدۇ . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ كەڭلىكى ئالتە
مېتىر ، ئېنى تۆت مېتىر مودا كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى…
نېمە ! «تاشمەتخان ئۇستامنىڭ دۇكىنى !…»
شۇنداق ، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ مودا كىيىم ـ كېچەك
دۇكىنى ئاچقىنىغا توپتوغرا بىر يىل بولدى . سۆزلەپ كەلسەك ،
بۇمۇ بىر ھېكايە : ئالدىنقى يىلى باھاردا ، ئۇدا بەش كۈن توختىد-
ماي ياغقان يامغۇر سېمونت كوچىلاردا سەل بولۇپ ئېقىپ ، ئارقا
كوچا ـ خالتا كوچىلارغا ياغقىنى ئۇدۇللا كىشىلەرنىڭ ھويلىلى-
رى ، ھەتتا ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ كۆلگە ئايلاندۇردى . چۈن-
كى ، بىر چاغدا ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ
«لەخمىنى چوڭقۇر كولاش لازىم» دېگەن چاقىرىقىغا قىزغىن
ئاۋاز قوشۇپ ، نەچچە ئاي ، ھەتتا يىللاپ يەر ئاستىدا چاشقاندەك
تىمىسقاپ لەخمە كولاپ ، ئۆينى ئۆيگە ، كوچىنى كوچىغا تۇتاش-
تۇرغان ؛ لەخمىدىن چىققان توپىنى يىغىشتۇرغۇدەك جاي بولمى-
غاچ ئىشىك ئالدىلىرىغا تۆكۈپ ، كوچىنى ئۆيدىن ئەللىك ـ
ئاتمىش سانتىمېتىر ئېگىزلىتىۋەتكەنىدى . ئەينى چاغدا ، «يۈز
يىللىق ، مىڭ يىللىق پىلان» بىلەن قۇرۇلغان بۇ «پولات ئىس-
تىھكام» جاھانگىرلار ، شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئاتوم ، ۋودورود
بومبىلىرىنىڭ زەربىسى ئۇياقتا تۇرسۇن ، تەڭرىنىڭ كىچىككىنە
«چاقچىقى» ـــ شارقىراپ ياغقان يامغۇرغىمۇ بەرداشلىق بېرەل-
مىدى . يامغۇر سۈيى «يۈز يىل ، مىڭ يىل چىدايدۇ» دەپ
دۇمبىلىۋېتىلگەن لەخمە ئېغىزلىرىدىن ئۆزىگە يول تاپتىمۇ ياكى
تەڭرىنىڭ ئۆيلىرىنى سۇ بېسىپ كەتكەن بەندىلىرىگە ئىچى ئاغ-
رىپ يامغۇر سۈيىنى «چاشقان ئۇۋىسى»غا باشلىۋەتتىمۇ ؟ بەزى

كوچا ، بەزى ھويلىلار بىلەن يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى . يامغۇر
توختاپ ، ئاھالىلەر «ئۇھ» دەۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن ، بەزى
تاملار چاك ئاجراشقا ، بەزىسى ئولتۇرۇشۇشقا ، بەزىسى ئۆرۈ-
لۈشكە باشلىدى . بەزى كوچا ، بەزى ھويلىلاردا «بومبا ئازگاللى-
رى» پەيدا بولغاندىن تاشقىرى ، ئاسفالت يوللارنىڭ بەزى جايلى-
رى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ، ھارۋا ،ئاپتوموبىللارنى «يەپ كەتكى-
لى» تاس قالدى . بۇ ھادىسە ، پۇقرالاردىن كۆرە ھۆكۈمەتنىڭ
بېشىنى بەكرەك قاتۇردى . دەرھال ئادەم تەشكىللەپ ، خەتەرلىك
ئۆيلەرنى ئېنىقلاپ ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ
چىقتى . ئەينى چاغدا لەخمە كولاشقا سەرپ قىلىنغان مەبلەغدىن
نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەبلەغنى ، دەرھال تىندۇرۇۋەتمىسە بول-
مايدىغان لەخمە بۆلەكلىرىنى تىندۇرۇشقا ؛ ئۆيلىرى خەۋپ ئاس-
تىدا قالغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئوڭلاش - يېڭىلاشقا سەرپ
قىلدى .

ئەنە شۇنداق ئاھالىلەرنىڭ بىرى تاشمەتخان ئۇستام بولۇپ ،
ئون بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كوچا تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن-
دى . ھۆكۈمەت ئۇنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن جىقراق پۇل بەردى .
بۇ ئىش ئۇنىڭ «ئۆيلەرنى پىششىق خىش بىلەن يېڭىلاپ ، زامان-
غىمۇ ، ئۆز مەرتىۋىسىگىمۇ لايىقلاشتۇرۇش» مۇددىئاسىغا ئۇ-
دۇل كېلىپ قالغانىدى . دەرھال تۇتۇش قىلىپ ، ئىككى ئاي
ئىچىدىلا كوچا بىلەن ھويلىغا قارىغان تەرەپلىرى ئەينەكلىك دەر
پەردە ، قاپقاقلىق قىلىپ يېگىرمە تۆت كۋادرات مېتىرلىقتىن
ئىككى دۇكان ؛ ئىچكىرىگە مېھمانخانا ، ئاشخانا ، ئامبار ، قېرى-
لارغا ياتاق ؛ ئوغۇللار بىلەن كېلىن ، نەۋرىلەرگە ئايرىم -
ئايرىم مەنزەر ئۆي سالدى . ئاندىن ، شەھەرلىك تەمىنات - سودا
كوپىراتىپىنىڭ مۇشۇ ماگىزىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ ، مودا كى-
يىملەرنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ۋە بۇيرۇتما قوبۇل قىلىش
دۇكىنى قىلدى .

تەڭرى ئېقىلنى ئۇنىڭغا باشقا بەندىلىرىدىن كۆپرەك بېرد-
ۋەتكەنمۇ ياكى تەلەي قۇشى ئەمدى ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلغىلى
تۇردىمۇ؟ نېمىلا ئىش قىلسا قاملىشىۋەردى. «پۇل» دېگەن بۇ
نەرسە گويا ئېقىن سۇدەك، ئۇنىڭ چۆنتىكىگە ئېقىپ كىرىۋەر-
دى. «بار بولۇملۇق، يوق چولامتاي» دېگەن ماقال ئۇنىڭ
ئۈچۈنلا دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانمىكىن - تاڭ، پۇل تاپقانسېرى،
يا ئۆزى، يا كاللىسى شۇك تۇرماس بولۇپ قالدى. كېچىسىمۇ،
كۈندۈزىمۇ مىدىرلايتتى. كۆزلىرى ماگىزىنلارنىڭ پۇكەيلىرى،
كىشىلەرنىڭ ئۈچىسىدىكى يېڭى - يېڭى كىيىم نۇسخىلىرىدا
ئەگىپ يۈرەتتى. «ئاينى ئاللا ياراتقان، ئادەملەر ئايغا چىقىدىغان
ماشىنىنى ياراتتى، — دەيدۇ ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ، — بۇنىڭ
ئالدىدا مودا كىيىم تىكىش دېگەن قانچىلىك ئىش؟ رەختى ھەممە
يەردە بار، نۇسخىسىنى كەلتۈرسىلا بولدىغۇ!... سىناپباق تاش-
مەت! خەق تىككەندىن تېخىمۇ پۇزۇر قىلىپ تىكىۋەتمىسەڭ!...»

تاشمەتخان ئۇستام ئۆمرىدە خۇرۇم كىيىم تىكىپ بېقىش تۇگۇل، قانداق تىككەننى كۆرۈپمۇ باقمىغان. سىناپ تىكىپ بېقىۋىدى، ھەرقانداق ئۇستا كاسىپنىڭكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ھازىرغىچە بازىرى ئوت، سىمكىرىمۇ ئوبدان. بىراق، ھازىر ئۇنى تىكىدىغانلارمۇ كۆپەيدى. ئون ئادەمنىڭ بىرىنىڭ ئۈچىسىدا خۇرۇم چاپان. خۇرۇمنىڭ پۇلىغا چىقىنالمىغانلار يالتىراقتىن تىكىلگەنلىرىنى كىيىپ يۈرۈشىدۇ. رەختى ئاددىي، تىكىلىشى غەيرىي كىيىملەرنى ئۆزىنىڭ تەننەرخىدىن نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ «مودا»لىشىپ يۈرگەنلەر تېخىمۇ تولا. قارىغاندا، «ھايۋان سەمرىسە تۈكى پارقىرايدۇ. ئادەم بېيىسا ئۇستۇۋېشىنى تۈزەيدۇ» دېگەن گەپ مۇشۇ ئوخشايدۇ. توغرا، ھازىر ھەممە ئادەم بېيىپ كەتتى، قورسىقى توق، كۆڭلى خاتىرجەم. ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئوبدان - ئوبدان يەپ، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرمىسە ئەپلە-

شەمدۇ ؟ ! كىيسۇن ئەمما ئۆز نەرخى ـ ئۆز باھاسى بىلەن !...
خەق : «بېيجىڭلەشتۇق ، شاڭخەيلەشتۇق » دەپ خۇش بولۇپ ، بىر كويلۇق مالغا ئۈن كوي خەجلەپ يۈرسۇن ـ نۇ ، تاشمەتخان قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلماي ، بىرمۇنچە پۇلدىن قۇرۇق قالسۇنمۇ ؟ ! ياق ، ئۇ بېيجىڭ ، شاڭخەيلىك كاسىپلارنىڭكىنى بېسىپ چۈشكۈدەك مودا كىيىملەرنى تىكىپ ، قەشقەرنىڭ يىگىت ـ قىزلىرىنى ھېچكىم كۆرۈپمۇ ، كىيىپمۇ باقمىغان مودا كىيىملەر بىلەن چۆمكەپ ، جەننەتنىڭ ھۆر ـ غۇلمانلىرىدەك قىلىۋەتمىسە ھېساب ئەمەس !...
«ساختا ؟ » قۇرۇق گەپ ! رەختى ئىشەنچلىك ، تىكىلىشى پۇختا ھەم ئازادە ، نەرخى بېيجىڭ ، شاڭخەيلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئەرزان . پەرقى : ماركىسى باشقا ، خالاس ! يالغان ماركا ئاسمىسىلا ، ھۆكۈمەت چەكلىمەيدۇ ، ئەكسىچە قوللايدۇ . مۇھىمى ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىدىن چىقماسلىق ، ھۈنەردە ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك ، خېرىدارنى ئالدىماسلىق...
بۇنىڭ نېمىسى يامان ؟ !
تاشمەتخان ئۇستام شۇنداق قىلدى . بۈگۈن كىمدۇر بىرى چەت ئەلدىن ياكى ئىچكىرىدىن كېلىپ ، بىرەر قۇر «مودا» كىيىمنى كىيىپ كوچىغا چىقتى ، تاشمەتخان ئۇستام كۆڭۈل ئاپپاراتىدا ئۇنى سۈرەتكە ئالدى ـ دە ، ھەپتىگە قالمايلا شۇنىڭغا ئوخشاش كىيىمدىن نەچچە قۇر پۈتكۈزۈپ ، ئوغۇل ـ قىزلىرى ، كېلىن ـ كۈيئوغۇللىرىغا كىيگۈزۈپ كوچىغا چىقاردى . ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە ، چوقۇم بىرەر بۇيرۇقچىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى . ئەتىسى ، ئۆگۈنى... دەسلەپ ئۇلارنىڭ دوستلىرى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كەلگەن بولسا ، كېيىنچە ، ئۇ كىيىملەرنىڭ تەرىپى ئېغىزدىن ئېغىزغا ، كۆزدىن كۆڭۈلگە كۆچۈپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭ ماشىنىچىلىق دۇكىنى قەشقەرنىڭ قىز ـ يىگىتلىرىنى «مودا»لاشتۇرىدىغان قايناق بازارغا ئايلاندى .

بىر تال تۇگمىنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئارتۇق ـ كەم قاداش ، بىر تال چەكنى ئارتۇق ـ كەم ياكى ئۇزۇن قىسقا تىكىش… مۇ كىيىمگە ئۆزگىچە ئىسكەت بېرىپ ، يېڭى بىر «مودا» شەكىللەندۈرەتتى . تاشمەتخان ئۇستام مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈپ ، ئۇزلۇكسىز يېڭى ـ يېڭى نۇسخىلارنى ياراتقاچ ، داڭقى ھەممە يەرگە تارىلىپ ، كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ چۆپقىتىگە ئايلاندۇرۇۋالدى . بازار رىقابىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ ، سەنئەت ئۆمەكلىرى بىرەر يېڭى نومۇر تەييارلىسا ، نومۇرغا لايىق كىيىم تىككۈزمىسە ، ئۇ نومۇرنى تاماشىبىنلار قىزىقىپ كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . بېيجىڭ ، شاڭخەيلەرگە كىيىم بۇيرۇتۇشقا خەجلەنگەن پۇل بەزىدە ئاشۇ نومۇردىن بولغان كىرىمدىن ئېشىپ كېتەتتى . تاشمەتخان ئۇستام ئۇلارنىڭ چىقىمىنى زور دەرىجىدە تېجەپ بەردى . ئوخشاش رەخت ، ئوخشاش رەڭ ، ئوخشاش نۇسخە ، باھاسى نەچچە ھەسسە ئەرزان…

تاشمەتخان ئۇستام مۇشۇ يولدىن پەقەت تايمىدى . خېرىدار ـ چۆپقەتلىرى كۇنسېرى كۆپىيىپ باردى . ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، ئالىي ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملاردا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي ، شەھەرلىك مۇلازىمەت مەركىزىدە ماشىنىچىلىق كەسپىدە تەربىيىلەنگەن ئوغۇل ـ قىزلارنى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئىمكارلىققا ياللاپ ، ئۇلارنى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن تەمىنلىدى . «ئىشلىدىڭ ـ ئىشلىمىدىڭ» دەپ ئاغزىنى ئۇپرىتىپ يۈرمەيدۇ . پۈتكۈزگەن ئىشنىڭ سانى ، سۈپىتىنى ئاساس قىلىپ ھەق بېرىدۇ . ئۇمۇ خوش ، ئۇلارمۇ رازى .

ھازىر ئۇنىڭ قولىدىن «نان يەيدىغان»لار ئەللىككە يېتىدۇ . پىچىش ـ كېسىشتىن تىكىشكىچە توكلاشقان ، زامانىۋىلاشقان . «پۇلغا ئامراق» بەزى ئىمكارلار كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلەپ ، كۈنلۈك ئىش ھەققىنى يۈز يۈەنگىچە يەتكۈزەلەيدۇ .

تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ۋەزىپىسى : ئۇلارنى ئىش بىلەن تەمىنلەپ ، ماشىنىلارنى توختىتىپ قويماسلىق .

تاشمەتخان ئۇستام مانا بۇ دۇكاننى مۇشۇ مەقسەتتە ئاچقان . پوكەيلەرگە تىزىۋەتكىنى ، ئاسقۇلارغا ئېسىۋەتكىنى پۈتۈنلەي ئۆزى لايىھىلەپ ، شاگىرت ـ نىمكارلىرىنىڭ قولى بىلەن تىكىلگەن ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى مودا كىيىملەرنىڭ نەچچە قۇردىن ئەۋرىشكىسى . ھەم سېتىلىدۇ ، ھەم يۇرت ـ يۇرتتىن كېلىدىغان چار بازارچى كىيىم ـ كېچەك سودىگەرلىرىگە كۆرگەزمە قىلىنىپ ، تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ بۇيرۇتما قوبۇل قىلىنىدۇ . بۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى ئىككى كېلىنى — گۈلنىگار خېنىم بىلەن شەمشىنۇر خېنىم — پۈتۈن ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ : كۈنلۈك سودا قىلغان پۇلنى ئۇدۇلدىكى بانكىغا ئامانەت قويۇپ ، قوبۇل قىلىنغان بۇيرۇتمىلارنىڭ توختامنامىسىنى قېيناتىسىغا تاپشۇرسىلا بولىدى .

«ئايدەك ھۆسنى ، گۈلدەك قامىتى بىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ پوقىقا پاتقىچە ، دۇكاندا تۇرۇپ سودا ـ سېتىققا كۆزىنى پىشۇرسۇن ، ئىش بىلسۇن ، يول تاپسۇن... بۇ كۈندە نامەھرەمنىڭ كۆزى چۈشمىگەن كىم قالدى ؟ تازا كىشىكەنىسلە... خوتۇن خەق رومالنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئەر خەققە كۆز سالسا گۇناھ بولمايدىكەن ـ نۇ ، ئەر خەق خوتۇن خەققە كۆز سالسا گۇناھ بولامدىكەن ؟ ! خۇدايىتائاللا ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنى قېپيالىڭاچ ياراتمىغان بولسىمۇ كاشكى... ئىنساپىغا دۇئا قىلىڭلار ! خۇدايىم قىز بالىنىڭ دىلىغا ئىنساپ بەرسە ، ئۇنى قېپيالىڭاچ قىلىپ كوچىغا چىقىرىپ قويسىمۇ ، بەدىنىگە ئەركەك چىۋىن قوندۇرماي ئۆيىگە قايتىپ كىرىدۇ !... »

بۇ — روزىخاننىڭ كېلىنلەرنى قېشىدىن مىدىرلاتماسلىق قەستىدە : «قىز بالىنى دۇكانغا چىقىرىپ قويساق ، نامەھرەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ گۇناھقا پاتىدۇ... » دېگەن ئەندىشىگە تاشمەت-

خان ئۇستامنىڭ بەرگەن جاۋابى .

تاشمەتخان ئۇستام بۇ دۇكانغا ھەپتىلەپ ـ ئون كۈنلەپ دەسسىمەيتتى . بۈگۈن بامداتنىڭ جەينامىزىدا ئولتۇرۇپلا كۆك چۆچۈرىسى يېگۈسى كېلىپ قالدى . كۆك ــ قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغانغان ئانا تۇپراقنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە يېڭى بىر يىلدا تەقدىم قىلىدىغان تۇنجى نېمىتى . كۆك چىقتى ــ ئەتىياز ، ياز كەلدى دېگەن گەپ . مۇشۇ نېمەتكە ئېغىز تەگدىڭ دېگەن گەپ ــ ئۆمۈر كارۋىنىڭ يېڭى بىر «ئۆتەڭ» گە قاراپ يولغا چىقتى دېگەن گەپ . بۇ ــ تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەقىدىسى . مۇشۇ ئەقىدە بۈگۈن ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقتى . ئۇنىڭ تەلىيى كاجمۇ ياكى توك كۆتۈرۈلۈپ بولغۇچە پەچاق ، ئوتىغۇچلىرىنى كۆتۈرۈپ بېدىلىككە چىقىش ، تېخى تۇپراقتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن بېدە مەگەنلىرىنى كولاپ بازارغا ئەكىرىپ ساتمىسا قورسىقى ئاچ قالىدىغان تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللار ئۆلۈپ تۈگىگەنمۇ ۋە ياكى تۇرمۇشى ياخشىلانغانلىقتىن مۇنداق ئاۋارىچىلىك تارتىشنى راۋا كۆرمىگەنمۇ ؟ يىللاردا ھېيتگاھ ، ئۆستەڭبويى ، تۆشۈك دەرۋازا گۈزەرلىرىدە كۆك بىلەن لىق تولغان سېۋەت ، داس ، ياغلىق... لارنى ئالدىغا تىزىپ قاتار ئولتۇرۇشۇپ كېتىدىغان نىمجان بوۋاي ـ موماي‌لار ؛ لەۋلىرىنى گەز باغلاپ ، يۈزلىرىدىن قوۋزاق ئۆرلەپ كەتكەن چوكان ـ جۇۋانلار ؛ چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان ئاچ ـ يالىڭاچ باللارنىڭ ئوندىن بىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ . تاشمەتخان ئۇستام ناشتىدىن كېيىنلا ئۆيدىن چىقىپ ، چۈشكە يېقىن ئاران بىر داس كەلگۈدەك كۆككە ئېرىشتى . قىممەتلىكىنى دېمەمسىز تېخى ، ئىككى كىلوگرام قوي گۆشىنىڭ پۇلىغا كەلدى !...

شۇنداقتىمۇ ، خۇشاللىقتىن تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولدى ـ دە ، ئۇدۇللا دۇكانغا كەلدى . كې-

لىنلەرنىڭ بىرىنى ئۆيگە ئەۋەتىۋەتىمسەم ، روزىخان شۇنچە جىق
كۆكنى ئىلغاپ ، سوقۇپ ، تۇگۇپ گەچلىك تاماقتا ئۇلگۇرتەلمەي-
دۇ . ماشىنىدا ئىش قىلىۋاتقان كېلىنىنى جايىدىن قوزغىسا ،
بۇيرۇتمىلارنىڭ ۋاقتىدا پۇتۇشىگە تەسىر يېتىپ ، بۇيرۇتقۇچىلار
ئالدىدا يۈزى سۆرۈن بولىدۇ . دۇكان دېگەنگە خېرىدار كىرمى-
سە ، ئۇن كىشى ئېگەك يۆلەپ ئولتۇرسىمۇ بىر تىيىنلىك سودا
بولمايدۇ . ھۈنەر ئۇنداق ئەمەس…
تاشمەتخان ئۇستام ئەمدىلا دۇكاننىڭ ئىشىكىگە كېلىپلا بىر
ئەر ، ئۈچ ئايالنىڭ ئاسقۇلاردىكى مودا كىيىملەرگە ھەۋەس بى-
لەن بويۇنداپ قارىشىۋاتقىنىنى كۆردى ـ دە ، سەل كەينىگە
داجىپ ئۇلارنى كۈزىتىشكە باشلىدى : ئاياللارنىڭ بىرى ئورۇق ،
بىرى سېمىز بولۇپ ، خېلى ئېسىل كىيىنگىنىگە قارىماي ،
كۆڭلەكلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋە كەڭلىكى ؛ ھوشۇقىنى بېسىپ چۈش-
كەن كەڭ پۇشقاقلىق تامباللىرى ئۇلارنىڭ سەھرالىق ئىكەنلى-
كىدىن دېرەك بەرسە ، ئەرنىڭ كىيىنىشى تىپىك يېزا كادىرلى-
رىنىڭكىگە ئوخشايتتى . ئۇلار ئىشىك تەرەپكە كەينىنى قىلىپ
تۇرۇشقاچ ، تاشمەتخان ئۇستام ھېچقايسىسىنىڭ چىرايىنى كۆ-
رەلمىدى . ئۈچىنچى ئايال قەشقەردە تېخى ھېچكىم كىيىپ باق-
مىغان مودا كىيىم كىيگەن بولۇپ ، شەھەرنىڭ قىز ـ چوكانلى-
رىدىن پەرقلەنمەيتتى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئاۋۇ ئىككى
ئايالنىڭ ئارقىسىدا قورۇنۇپراق تۇراتتى . كۆزلىرى ئاسقۇلارغا
ئەمەس پەشتاختىغا ، پەشتاختىدىكى كىيىملەرگە تىكىلەتتى . تۇ-
يۇقسىز ، ئۇ كەينىگە قىيا بۇرۇلۇپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان
تاشمەتخان ئۇستامنى كۆرۈپلا «ۋىللىدە» قىزىرىپ ئالدىغا قارى-
ۋالدى . تاشمەتخان ئۇستام ئۇنى يىگىرمە ياشلاردا قىياس قىل-
دى ، ھەتتا ئۇنىڭ تويى بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىز ئىكەنلىكىنى
جەزملەشتۇردى…
تاشمەتخان ئۇستامغا ئايان : ھازىر دېھقانلارمۇ خېلى ھاللى-

ـنىپ قالدى . ئۆزىگە ياراشسۇن ـ ياراشمىسۇن ، كىيىم ـ كې‌ـ
چەكنى تالىلاپ كىيىدۇ . قىز چىقىرىدىغان ، ئوغۇل ئۆيلەيدىغان‌ـ
ـلار كېلىن بولغۇسى قىزغا بىر ـ ئىككى قۇر مودا كىيىم
كىيگۈزمىسە ، تويى تويدەك بولمايدۇ . شەھەرلىكلەر مودىلا‌ـ
ـشىشتا ماقامىغا يېتىپ ، ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلى‌ـ
ۋاتقان ئەنئەنە — تويى بولىدىغان قىزنى رەڭگا رەڭ گۈلدەك
جۇلالىق ياساش — ئەنئەنىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ ، ناسارا (خى‌ـ
ـرىستىئان ) لاردەك ئاپئاق كىيىندۇرىدىغان ؛ «توغۇلغان كۈننى
خاتىرىلەيمىز » دەپ ئىنگلىزچە توۋلاپ ، شامغا سەجدە قىلىدىغان
ئىش چىقتى . پۇل ـ بايلىق ئادەمنى ھەر كويغا باشلايدۇ .
بۇنىڭدىن ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ، توسۇش ـ چەكلەشكە ئۆ‌ـ
رۈنۈشمۇ ئەخمەقلىق !… ھەممىدىن يامان بولۇۋاتقىنى ، قىسمەن
ئىمانى بۇلغانغان نا ئەھلى ئېلىپ ـ ساتارلار ئۇرۇمچى ۋە ئىچكى
ئۆلكىلەردە ئۇزاق يىل تويپا بېسىپ يېتىپ ، سېسىپ ـ چىرىپ
كاردىن چىقىپ «دوۋىسى پالان پۇل » بولۇپ قالغان سۇپىتى
ناچار ، ماركىسى ساختا كىيىم ـ كېچەكلەرنى تونىلاپ ـ تونىلا‌ـ
ـلاپ ئەكېلىپ تۆكۈپ ، بازارنى پاخال قىلىۋەتتى . شەھەرلىكلەر
ئۇنداقلارنىڭ دامىغا بىر ـ ئىككى قېتىم چۈشۈپلا كۆزى ئېچى‌ـ
ـلىپ ، ئۇنداق ئەخلەتلەرنى بىكارغا بەرسىمۇ ئالماس بولۇپ كەت‌ـ
ـتى . بىچارە سەھرالىقلار يىل بويى قارا يەر باغرىغا ھالال تەر
تۆكۈپ ، پۇلاپ ـ كويلاپ يىغقان پۇللىرىنى ئەنە شۇ نائەھلى‌ـ
ـلەرنىڭ چاڭگىلىغا تۆكۈپ بېرىپ ، قىز ـ كېلىنلىرىنى ئاز ـ
تولا «مودا » لاشتۇرۇۋاتىدۇ ـ يۇ ، بىرەر ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەي
پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي ، شەھەرلىكلەرنى «ئالدامچى »
دەپ تىللاشقا مەجبۇر بولۇشۇۋاتىدۇ . ئېھتىمال ، مۇشۇ خېرىدار‌ـ
لارمۇ «شەھەرلىكلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىش »تىن
قورقۇپ ، دۇكان ئارىلاپ «كۆرگەزمە كۆرۈپ » يۈرگەن بولسا
كېرەك . بولمىسا ، كۈن پېشىن بولۇپ قالغۇچىمۇ ھېچنەرسە

سېتىۋالماي سۆرىلىپ يۈرەمدۇ ؟ !

«توختا ، مۇشۇ خېرىدارغا مال بېشىدا ئون ــ يىگىرمە كويدىن قويۇپ بېرىپ بولسىمۇ ، ھاجىتىنى راۋا قىلىپ قويايـ چۇ ! ساختا مالغا يولاتمىغىنىمنى بۇلار بىلمىسە ، خۇدايىمغۇ بىلەر… »

ئەر كەينىگە يېنىشقا تەمشەلدى . ياشانغان ئاياللار بىر ــ بىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىشتى . قىزنىڭ كۆزلىرى تاشمەتـ خان ئۇستام يېقىندىلا لايىھىلەپ تىكىپ ، نۇسخا ئۇچۇن دۇكانغا ئېسىپ قويغان تور چېكەن يوپكا ــ پىلاتىغا قادىلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ جەزمەن شۇنى ئېلىپ كىيگۈسى بار . ئەمما دادىسى…

تاشمەتخان ئۇستامنىڭ خىيالى ئاياغلاشتى ــ ئاياغلاشمىدى ، ئەر كىيىملەردىن كۆزىنى ئېلىپ ، ئاياللارغا تىكىلدى .

«چىقىپ كېتىپ ، ئوچۇق گۆرگە دەسسەپمۇ سالارمۇ بۇلار ؟ تاشمەتخان ئۇستامنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى . خېرىدار كەينىگە بۇرۇلسىلا دۇكاندىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلغانـ دى ، ‹خېرىداردا كۆز بولسا ، كاسىپ ئاچ قاپتۇ› دەپ ، ئاۋۇ قىز باللا نېمىشقا بۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتمايدۇ ؟ ‹سەھرالىق› دەپ كۆزگە ئىلمايۋاتامدۇ يا ؟ !… » ئەپلەشمەيدۇ ، ئۇنداق قىلسا ھەرگىز ئەپلەشمەيدۇ !… سەھرالىق كىم ، شەھەرلىك كىم ؟ ھەممىسى بىر بۆزنىڭ ئۇچى ، ھەممىسى خۇدانىڭ بەندىسى… قېنى ، سەھرالىق بىر يىل يەر تېرىمىسۇنچۇ ، شەھەرلىكنىڭ يېرىمى ئاچلىقتىن ئۆلمىگىنىنى كۆرەي ! ‹خېنىم ــ خېنىم› دەپ قويـ سا ، كۆرمەمدىغان بۇ باللىنىڭ ھالىنى !… پۈلى ئوخشاش ، ئۆزى ئوخشاش ، كىيىمى ئوخشىمايدۇ شۇ !… ئاۋۋال بۇلار چىقىپ كەتسۇنچۇ ، ئۇ ئىككى خېنىمنىڭ قۇلىقىنى راسا چوجاپ قويمىسام… »

ــ ھەربىرلىرىگە نېمە لازىمتىكى ؟…

گۈلنىگار خېنىمنىڭ ئاۋازى تاشمەتخان ئۇستامنى خىيال

قۇچىقىدىن تارتىۋالدى . قولىدا بىر كىتابنى كۆتۈرۈۋالغان گۈل-نىگار خېنىم خېرىدارلارغا روبىرو تۇراتتى .

— مۇشۇ بالىغا بىر - ئىككى قۇر تەييار كىيىم لازىم ئىدى ، — دەپ دۇدۇقلىدى ئەر .

— ئوبدانراق قاراپ بېقىشسىلا… خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئۇ خېنىمغا يارىغۇدىكى چىقىپ قالىدۇ . تەييىرى يارىمىسا ، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە يارىغۇدەك قىلىپ تىكىپ بېرىمىز ؟

— بۇ كىيىملەر ئىچكىرىنىڭ ئەمەسما ؟ !

— يوقسۇ ، ھەممىسىنى ئۆزىمىز تىككەن . توپ ئېلىشسىلا توپ ، پارچە ئېلىشسىلا پارچە ساتىمىز . رەختى جىلىڭ ، تىكىلى-شىنىڭ پۇختىلىقىغا كاپالەتنامە يېزىپ بېرىمىز . بەش كۈنگىچە چەل قىلىشۇەتمەي قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىشسىلە ، يا يەڭگۈشلەپ بېرىمىز ، يا پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز .

— شۇنداقمۇ ؟… بالام ، ئەنبەرگۈل ، قانداق قىلىمىز ؟ قەشقەردە تىكىلگەن بولسىمۇ ئېلىۋېرەمدۇق ، يا… ؟

ئەنبەرگۈل «ۋىللىدە» قىزىرىپ ، يېنىدىكى سىمىز ئايالغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى . ئورۇقراق ئايال جايىدىن قوزغى-لىپ ، ئۇلاردىن نېرىراق كەتتى .

— ئېلىۋېرەيلى ، سىكرىتار ! — دەپ ئەر تەرەپكە ماڭدى سىمىز ئايال ، — تەييىرى خوپ كەلسە ، ئېلىپلا كېتەرمىز ؛ خوپ كەلمىسە ، ما خېنىم «بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە تىكىپ بېرىمىز» دەۋاتقاندىكىن ، بالىنىڭ بويىغا ئۆلچىتىپ تىكتۇرمەمدۇق !…

— ئوبدان گەپ قىللا بۇۋىرەۋىخان ، — دېدى ئورۇق ئايال سىمىزگە يېقىنلىشىپ ، — كۆلىنىڭكىنى ئالدۇق دەپ جا مالغا ئۇچراپ قېلىشتىن خۇدايىم پاناھ بەرسۇن !… ھازىر نېمە تولا ، جا مال تولا . ياتىككەن ئۇستىسىنى ، يا چىققان زاۋۇتىنى تاپقىلى بولمىغان… قانداق دېدىم ، ئەنبەرگۈل !

— توغرا…
— ئەمىسە ، ئۆزلىرى تاللىسىلا ، خېنىم…
— … … …

ئەنبەرگۈل باياتىن كۆز سالغان يوپكا ـ پىلاتىنى ئىشارەت قىلدى . گۈلنىگار خېنىم ئۇنى سىم ئىلمەكلىك ئۇزۇن تاياق بىلەن ئاسقۇدىن ئېلىپ ، ئەنبەرگۈلگە قوش قوللاپ سۇندى . باشقىلار ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ ، يوپكا بىلەن پىلاتىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراشقىلى تۇردى . قارىغانسېرى چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى . بۇ ئوت — خۇشاللىق ئوتى ، رازىمەنلىك ئوتى ئىدى .

سېكرېتار ئەنبەرگۈلدىن سورىدى :

— بولامدىكەن ؟

ئەنبەرگۈل بىلەن بۇۋىرەۋىخان تەڭلا جاۋاب بەردى :

— بولىدىكەن .

سېكرېتار گۈلنىگار خېنىمغا بۇرۇلدى :

— بۇنىڭ نەرخى… ؟

— ئاۋۋال بۇ خېنىم كىيىپ كۆرۈپ باقسۇن ، — دېدى گۈلنىگار خېنىم كۈلۈمسىرەپ ، — خوپ كېلىپ قالسا ، نەرخىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا پۈتۈشىمىز . بىزگە رەختى بىلەن سىمكىرىنىڭ پۇلى چىقسىلا بولىدى . بۇ يوپكا ـ پىلاتىنى نۇسخا ئۈچۈن تىككەن . قەشقەردە بارىمۇ مۇشۇ بىر… نەرخىنى پۈتۈشۈپ قويۇپ ، ماۋۇ خېنىمغا خوپ كەلمەي قالسا سەت تۇرىدۇ ، شەمسىنۇر خېنىم ، مەن ماۋۇ خېنىمنى ئامبارغا باشلاپ كىرىپ ، يوپكا ـ پىلاتىنى كىيگۈزۈپ سىناپ باقاي .

— ماقۇل .

— ھەربىرلىرىمۇ بىللە كىرىشەملا يا… ؟

گۈلنىگار خېنىمنىڭ سوئالىغا ئۇرۇق ئايال جاۋاب بەردى :

— كىرمىسەكمۇ بولار .

— سىلە كىرمىسىلە، مەن بىللە كىرەي، — دېدى سېمىز ئايال ۋە قىزنى قولىدىن يېتىلەپ پەشتاختىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، گۈللىنگار خېنىمنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. دۇكاندا قالغان ئىككىيلەن ئەمدى ئەركىن - ئازادە ھالدا پەشتاختىدىكى، ئاسقۇلاردىكى بىر - بىرىدىن پۇزۇر، بىر - بىرىدىن چىرايلىق كىيىملەرنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلىشقا باشلىدى. تېخى شەمشىنۇر خېنىمغا بەزى كىيىملەرنى ئالدۇرۇپ كۆرۈپمۇ بېقىشتى. شۇ ئەسنادا، سېمىز ئايال ئالدىدا، ئۇنىڭغا سوكۇتتا شىپلا قىز بىلەن گۈللىنگار خېنىم ئامباردىن كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كېلىشتى.

— قانداق؟ خوپ كەلدىمۇ؟ — دېدى ئورۇق ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ. ئەرنىڭمۇ ئېغىزى ئېچىلدى:

— بولامدىكەن؟

— بولىمامدىغان، سېكرېتار! — سېمىز ئايال سايراپلا كەتتى، — خۇددى ئۆزىگە ئۆلچەپ تىككەندەك كەلدى! ياراشقىنىنى دېسىلە تېخى!...

ئەرخىنى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا پۈتۈشۈشتى.

«سودىغا پىشىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ بۇ باللار! — تاشمەتخان ئۇستامنىڭ يۈرىكى سۆيۈنۈپ كەتكەندەك ئىدى، — مەن تېخى... باياتىن ئۇلار خېرىدارلارنى «ئەركىن - ئازادە مال تاللىۋالسۇن» دېيىشىپ، كىتابتىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرۇشۇپتىكەن - دە! كامال تېپىڭلار خانلىرىم!... مەنمۇغۇ جىق كۆتۈلداپ تۇرمەن. لېكىن، كىتابقا يەتمەيمەن...»

تۇرۇپلا، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ بۇ خېرىدارلارغا بويىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى، ئېپى كەلسە، «مانا بۇ يوپكا - پىلاتىنى لايىھىلىگەن ئادەم مەن بولىمەن...» دەۋالغۇسى كەلدى - دە، دۇكانغا كىردى.

— كەلسىلە دادا، — دېدى ئۇنى بىرىنچى بولۇپ كۆر-

گەن گۈلنىگار خېنىم تەبەسسۇم قىلىپ . ئۇ يوپكا ـ پىلاتىنى چىرايلىق قاتلاپ ، سۇلياۋ خالتىغا سېلىۋاتاتتى . شەمشىنۇر خې-نىم ئەر خېرىدار بىلەن پۇل ساناۋاتاتتى . ئۇمۇ كۈلۈمسىرىدى .
— نېمە ساتتىڭلار ؟ — تاشمەتخان ئۇستام قەستەن سو-رىدى .
— سىلە لايىھىلىگەن چەچ رەڭ چېكەن يوپكا ـ پىلاتىنى...
شۇ چاغ ، ئەر نەزىرىنى تاشمەتخان ئۇستامغا ئاغدۇردى . كۆزلىرىمۇ ئۇچراشتى . ئايالىلار تاشمەتخان ئۇستامنىڭ كەينىدە ئىدى . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ يۈرىكى «پۇلاڭگىدە» ئاغدى .
«شۇمىدۇ ؟ چوقۇم شۇ !...»
تونۇش چىراي ، تونۇش كۆزلەر...
— سېكرىتار !...
— تاشمەتخان ئۇستام !...
ئىككى جۈپ قول جۈپلەشتى . بۇ يەردە ، بۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىششنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان تۆلەندى سېكرى-تارنىڭ يا تىلى گەپكە كەلگەي ، يا بىرەر ئەزاسىنى مىدىرلىتال-غاي... تاشمەتخان ئۇستامغا تىكىلگىنىچە ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغانىدى . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئالىقىنىدىكى قوللىرى بار-غانسېرى بوشىشىپ ، مۇزدەك تەرلەپ كېتىۋاتاتتى . ئايالىلار بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىشىۋالغاندىن كېيىن ئورۇقى :
— ۋىيەي ، تاشمەتخان ئۇستام ئوخشىمامدۇ بۇ ! دېگىنىچە ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇ رەنىخانىدى ، — تىنچ تۇرلىمۇ قۇدام ؟ روزىخان تىنچلىقتۇ ؟...
— خۇداغا شۈكۈر ، — تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭغا بۇ-رۇلدى . تۆلەندى «داجەي» نىڭ قوللىرىنى قويۇۋەتمىدى ، — ھەربىرلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇشۇپلا...
— تۇۋا خۇدايىم ، تۇۋا... بۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشنى پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن...

رەنىخان ئاغزى بىسىلماي سۆزلەپ ئاشۇ بىر جۈملىنى نەچ-
چە قېتىم تەكرارلىدى . تۆلەندى «داجەي» مۇ سەل ئىسىگە
كېلىپ ، شەلپەردەك قىزىرىپ تۇرۇپ :
— مەنمۇ··· — دەپ دۇدۇقلىغىلى تۇرغانىدى ، تاشمەت-
خان ئۇستام ئۇنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن :
— ۋاي قۇدام ، ۋاي ئوبدان قۇدىلىرىم ، — دەپ گەپ
باشلىدى ، — خۇدايىم ئەجەب ئوبدان دىدارلاشتۇردى . سوراپ
تۇردۇم ، سوپۇر ئاخۇن بىلەن گۈلزاردىن··· تۇغقانچىلىقنى يەت-
كۈزۈپ ، گۈلزارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇشۇپلا··· «بۇگۈن بارد-
مەن ، ئەتە بارىمەن» دەپمۇ ، بىر بېرىش نېسىپ بولمى-
دى··· ۋاي ، ۋاي··· قانداق قىلىمىز ؟ جاھانسازلىقكەن··· ئىككى
بالىنىڭ سىيتقىنى ئالالمىغاچ ، ھەر بىرلىرىنىڭ ئالدىغا يۈزد-
مىزنى كۆتۈرۈپ چىقالماي ، بېشىمىزنى ئەگىچىمىزگە تىقىد-
ۋالدۇق··· توۋا ، توۋا ، ما ئىشنى !··· تېخى تۇنۇگۈن باللىنىڭ
قەدىمى ئۆيىمىزگە يېتىپ ، ئۆيىمىز گۈل - گۈلىستان بولاپتى .
ئۇلارنى بىر - ئىككى كۈن ھاردۇق ئالدۇرۇپ ، ئاندىن باللىرى
بىلەن قوشۇپ پىكاپقا سېلىپ ئاپىرىپ ، ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىدا
تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئاشۇ باللارنىڭ گۇناھىنى بىر تىلەي
دېسەم ، خۇدايىمنىڭ ھەربىرلىرىنى ئالدىمغا ئەكېلىپ بەرگىند-
نى كۆرمەمدىغان !···
— ۋىيەي ، تاشمەتخان ئۇستام··· «باللا كەلدى» دىلىما ؟ !···
— ھەئە ، رەنىخان . تۇنۇگۈن مۇشۇ چاغدا كەلدى···
— ۋاي راستىما ؟ !···
— راست بولمامدىغان ، رەنىخان !··· جۇرۇشسىلە ، جۇ-
رۇشسىلە !···
تاشمەتخان ئۇستام يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە تۆلەندى
«داجەي »نى يېتىلىگىنىچە سىرتقا ماڭدى . ئايالللارمۇ نېمىلەرند-
دۇر پىچىرلاشقاچ ئۇلارغا ئەگەشتى . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئوڭ

ئايغى دۇكاننىڭ بوسۇغىسىدىن چىقىپلا توختىدى . تاشمەتخان ئۇستام كەينىگە بۇرۇلۇپ :

— بالام ، — دېدى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاشقاچ ، ئۆزلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن پەشتاختىدا كەينىدىن چىقىشىۋاتقان كېلىنلەرگە ، — ئاناڭلىغا تېلېفون بېرىپ : «تۆلەندى سېكردتار بىلەن رەنخان قۇدىمىز كەپتىكەن ، دادام ئۆيگە باشلاپ كەتتى» دەپ قويۇڭلار !

— ماقۇل .

ئىككى كېلىن تەڭلا جاۋاب بېرىشتى .

* * *

نىكۇنىكى تاجىگۇل بىلەن سالى غايىب بولدى ، شۇنىڭدىن بېرى تۆلەندى «داجەي»نىڭ ئىشلىرى پەقەت ئىلگىرى باسمىدى . نېمىگىلا تۇتۇش قىلسا ، پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايتتى . ھەممە ئادەم ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ كۇلۇۋاتقاندەك ، ئىككى ئادەمنىڭ بېشى بىر يەردە بولۇپ قالغىنىنى كۆرسىلا ئۆزىنى تىللاۋاتقان - قارغاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، كۇنلەرنى خۇدۇكسىرەش ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان ؛ كېچىلىرى تېخىمۇ كەم ئۇخلايدىغان بولۇپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ داۋاملىق تىرىشتى ، بوشاشمىدى . ھاراق زاۋۇتىنىڭ ھېسابىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ، «چاشقان»لارنى قۇرۇتقاندىن كېيىن ، پۇتۇن ئۇمىدىنى چوشقا فېرمىسى بىلەن هاراق زاۋۇتىغا باغلىغانىدى . مەركەزنىڭ مۇسۇلمان مىللەتلەرنى چوشقا بېقىشقا زورلىماسلىق توغرىسىدىكى هۆججىتى ئاشكارا ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ ، ۋىلايەت بويىچە دادۇي ، شياۋدۇيلەردە چوشقىنى قۇرۇتۇش دولقۇنى قوزغىلىپ ، چوشقا كاساتچىلىقى يۈز بەردى . چاققانلىق قىلغانلار ناھىيىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى شىركىتى ، جۇملىدىن ، خەنزۇ ئىشچى - خىز-

مەتچىلەر كۆپ ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ، چوش-
قىلىرنى «ۋاق ـ ۋۇق» سىتىپلا خېلى ئوبدان پۇل قىلىۋالدى .
ۋەزىيەتتىن گۇمانلانغان ياكى تېخىمۇ يۇقىرى باھادا سېتىشنى
كۆزلەپ سۆرەلمىلىك قىلغانلار زىيان ئۇستىگە زىيان تارتتى .
تۆلەندى دەل ئاشۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ : «مەركەز هاراق
زاۋۇتلىرىنى تاقاشنىڭ گېپىنى قىلماپتۇ . بىر جىڭ قوناقتا
ئىشلەنگەن هاراق ئۇن جىڭ قوناقنىڭ پۇلىغا يارايدۇ . هاراق
تىلىپى چوشقىلارنىڭ ئوزۇقى ، چوشقىلار بىكارغىلا بېقىلىپ
قالىدۇ ، ئوغۇتى تېخى پايدا... هازىر كاساتلىشىپ كەتكەن بىلەن
هەممە خەق سېتىپ ـ سېتىپ بىكار بولسۇنچۇ ، يەنە ئالتە كۈندە
چوشقا دېگەن قەنت بولۇپ كېتىدۇ ، قەنت !... ئىلگىرى ، مەتكې-
رىم دېگەن نائەهلىگە دادامغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ كەتكەچ ،
هاراق ئىشلەپچىقىرىشنىلا بىلىپ ، قانداق سېتىشنى بىلمەي ئون
كوي پايدا تېگىدىغان ئىشتا بىر كوي تەگسىمۇ خۇش بولۇپ
يۈرۈپتىمەن... مانا ئەمدى كۆزۈم ئېچىلىپ كەتتى . ئىشلەنگەن
هاراقمۇ ، كىرىممۇ ئىلگىرىكىدىن بىر هەسسە كۆپىيىۋاتىدۇ .
ئەگەر چوشقىلارنى تېخىمۇ ئوبدان بېقىپ كۆپەيتىپ ، هاراق
ئېچىتىدىغان قازاندىن بىر ـ ئىككىنى كۆپەيتىدىغان بولساق ،
كىرىم يەنە بىر ـ ئىككى هەسسە ئاشىدۇ . ئۇ چاغدا ، بۇرۇن
ئالدى ـ كەينىمدە تىللاپ يۈرگەنلەرنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ ، ئۆزد-
نىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشىدۇ . ئەگەر هازىرلا چوشقى-
لارنى سېتىپ تۈگىتىپ ، هاراق زاۋۇتىنى تاقىۋەتسەم ، سىند-
پىي دۈشمەنلەر يېڭىۋاشتىن قۇتراپ ، نۇرغۇن ئادەمنى ماڭا ،
پارتىيىگە ئىشەنمەس قىلىپ قويىدۇ ... مەركەزمۇ 〈
مەجبۇرلىماسلىق كېرەك〉 دەپتۇ . بۇ دېگەنلىك 〈باقسىمۇ ، باق-
مىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى〉 دېگەنلىك . هەمكارلىق گۇرۇپپا
قۇرۇلغاندىن تارتىپ هازىرغىچە چۇشۇرۇلگەن هۆججەتلەرنىڭ
هەممىسىدە مۇشۇنداق گەپ بار ئىدى . كېيىن قانداق بولدى ؟

ھەممىسى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇلدى. ‹ئىختىيارىي› دېگەن گەپكە ئېسىلىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى يېدى. مۇشۇ قېتىمقى ھۆججەتمۇ ھەقىقىي كوممۇنىستلار بىلەن يالغان كوممۇنىستلارنى ئايرىشتىكى بىر ۋاستە بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ مەن كىچىك ئادەم بولمىسام...» دەپ ئويلىدى ــ دە، چوشقا قوتانلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، ياخشىلىدى. ھاراق زاۋۇتىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ، ئوبدان باشقۇردى. گۇڭشې ئەزالىرىغا: «بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى چوشقا بېقىشقا زورلىمايمىز. بېقىش ــ باقماسلىق ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارى» دەپ «يولىيورۇق» بەردى. بۇ «يولىيورۇق»نى ھەركىم ھەرخىل چۈشەندى، ھەرخىل «ئىجرا» قىلدى... شۇ يىلى تومۇزدا تارقالغان چوشقا ۋاباسى ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرى بىلەن ئاز بىر قىسىم گۇڭشې ئەزالىرى بېقىۋاتقان چوشقىلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋەتتى. دادۈي چوشقا فېرمىسىدىكى چوشقىلارنىڭ يېرىمى ئاران قۇتقۇزۇپ قېلىندى. بۇنى ئاز دەپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت چوشقىلارغا يەم ــ بوغۇز يېرى قالدۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. يەر قولدىن كەتتى دېگەن گەپ ــ ئاشلىق قولدىن كەتتى دېگەن گەپ. يېتەرلىك ئاشلىق بولمىسا، چوشقىلارنى بىر كۈنمۇ باقىلى بولمايدۇ، ھاراق زاۋۇتىنىمۇ چۆرگىلى بولمايدۇ. تۆلەندى ئۆزىنىڭ «يۈزى»نى سېتىش بەدىلىگە چوشقا يېرىنى ساقلاپ قېلىش غەرىزىدە گۇڭشې مەسئۇللىرىغا تۈيدۈرماستىن ۋاڭ بىيلەينىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسسۇپ كىردى.

ــ ۋاڭ شۇجى، ــ دېدى ئۇ، ئۇيان ــ بۇياندىن بىر مۇنچە «دوكلات» قىلغاندىن كېيىن، ــ سىلىمۇ بىلىدۇ، نىگى ــ نىگىما، ئەزالاردا چوشقا يېرى يوق. دادۈينىڭ چوشقا يېرىنى يىغىۋالساق، جىگى ــ جىگا ھاراق زاۋۇتى توختاڭ يىخا... مەن دەيدۇ: چوشقا يېرىنى ھاراق زاۋۇتىنىڭ خام ئەشيا يېرىگە ئۆزگەرتسەك دەيدۇ. جىگى ياڭزا قىلساق، چوشقا باقمىساقمۇ،

هاراق زاۋۇتى توختاپ قالمايدۇ. جىگى - جىگىما، نىگى -
نىگىما…
— بۇرۇڭ: «چوشكا باكا، يەر بېرە» جۇڭگىياڭدى گەيپۇ، —
ۋاڭ بىيلەي ئۇنىڭ «ئۇلۇغۋار پىلان، يۇكسەك غايە»لىرىنى
كۇلۇمسىرەپ ئولتۇرۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن
كېيىن كېسىپلا دېدى، — ئازىر «باكمەيدۇ»ما يانا جۇڭگىياڭدى
گەيپۇ… جۇڭگىياڭ: «هالاكې زاۋۇتى كۇسۇڭ» دىيمىيدى، تۇڭ-
گۇزى باكاڭ دادۇي يۆزى كۇەي دەيۋۇلەيتى ئاشلىك بەيمەيدۇ،
بىيزى توڭگۇزى يىئەر هالاكى زاۋۇتى بەيسە، جۇڭگىياڭدى گەيپۇ
خىلاپۇ… گەپ تۇگىدى: دادۇيلەر ئۆزى قۇرۇۋالغان هاراق
زاۋۇتلىرىنى دۆلەت خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. خام ئەشيا
ئىشلەپچىقىرىشقا يەرمۇ ئاجرىتىپ بەرمەيدۇ. چوشقىنىڭ يەم-
خەشەك يېرىنى خامئەشيا يېرى قىلىۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.
سىياسەت ئېنىق. ۋاڭ بىيلەي مەركەز «قىل» دېگەننى قىلىدى-
غان، «قىلما» دېگەننى قىلمايدىغان ئادەم…
تۆلەندى «داجەي»نىڭ «چوشقا فېرمىسى بىلەن هاراق زا-
ۋۇتىغا تايىنىپ دادۇينىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش — مەڭگۇ ئىل-
غارلىقنى قولدىن بەرمەسلىك» شېرىن چۈشى توزغاقتەك تو-
زۇپ، بېشى ساڭگىلاپلا كەتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ماتەم
مۇراسىمى كۇنى باشلامچىلىق بىلەن قارىلىق كىيىپ، ئىككى
مىڭدەك ئادەمنى كەينىگە سېلىپ دادۇيدىن گۇڭشېگە يېتىپ
بارغۇچە بىر تەرەپتىن بار ئاۋازى بىلەن «ۋاي دادام!…» دەپ
يىغلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى كاچاتلاۋېرىپ هېرىپ كەتكەن-
مۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ؟ ماتەم مۇراسىمى مەيدانىغا يېقىنلاش-
قاندا تۇيۇقسىز هۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپ، گۇڭشې دوختۇرخا-
نىسىدا جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاران ئۇلگۇردى. ئارىدىن يىگىرمە
نەچچە كۇن ئۆتۈپ، رادىئودىن 10 - ئاينىڭ 7 - كۇنى رەئىس
ماۋ زېدۇڭنىڭ رەپىقىسى جياڭچىڭ خانىم قاتارلىق تۆت نەپەر

ئەڭ يېقىن قول ـ قانتىننىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بولۇۋې-
لىپ ، ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلغانلى-
قى ئۈچۈن ، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قانۇن بويىچە قولغا
ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا قۇلاقلىرىغا ئى-
شەنگۈسى كەلمەي ، كۈن بويى رادىئو يېنىدىن قوپمىدى . كۆڭ-
لىدە مۇشۇ خەۋەرنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى تىلەيتتى . بى-
راق ، رادىئو كۈن بويى ئوخشاشلا بىر گەپنى تەكرارلاۋېرىپ ،
ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلدى . ئەتىسىمۇ ، ئۆگۈنىمۇ…
تۆلەندى نەچچە كۈنگىچە ئېسىنى يىغالمىدى . كۈندۈزى
قاپىقى ئېچىلمايتتى ، ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى ياكى كۈن بويى
ئېغىز ئاچمايتتى . كېچىلىرى بېشى تەكيىگە تېگىپ ، چىراغ
ئۆچۈرۈلۈش بىلەنلا كۆزلىرى ياشلىناتتى… ئۇنداق ئويلىنىپ ،
مۇنداق ئويلىنىپ ، بۇ ئىشنى : «بىر قىسىم قارا نىيەتلەرنىڭ
ماۋجۇشى سىلىڭبۇسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئوينىغان
ئويۇنى بولۇشى مۇمكىن…» دەپ قىياس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن
بىر چاغدا ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جۇ ئېن-
لەينىڭ ئورنىغا زۇڭلى بولغان خۇا گوفېڭنىڭ رەئىس بولغانلى-
قىنى ئويلاپ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى . بۇ چاغدا ، ھاراق زاۋۇتى-
نىڭ پەيكىرى كېتىپ ، چوشقا بېقىش كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر
يۈك بولۇپ قالغانىدى .

قانداق قىلغۇلۇق ؟

تۆلەندى بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتى : تەرەپ ـ تەرەپكە پالاقلاپ ،
ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ، تاغار ـ تاغار گۇرۇچ سوۋغا قىلىپ
يۈرۈپ ، بىر قىسىم چوشقىنى خېرىدار تېپىپ پۇل قىلدى .
ساتالمىغىنىنى بەشتىن ـ ئوندىن ھارۋىلارغا بېسىپ ، ئازادلىق
ئارمىيىدىن ھال سوراش باھانىسىدە لىيەندۈيلەرگە تەقدىم قىلى-
دى . لىيەندۈيلەرمۇ ئۇنىڭ «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش روھى»
غا ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىر چاغدا ، ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇر-

مىدى . شۇنداق قىلىپ ، «يۆجىلەك» دادۇي تۆلەندى «داجەي»نىڭ
يېتەكچىلىكىدە سەككىز يىل چوشقىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ
ئېرىشكىنى بىر دانە «يىگىرمە سەككىز تىپلىق» تراكتور بول-
دى . گەرچە بۇ چوشقا بېقىشقا سەرپ قىلىنغان مەبلەغ ۋە ئاش-
لىقنىڭ قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە كىچىك بولسىمۇ ، گۇڭشې
ئەزالىرىنى قالتىس خۇشال قىلدى . چۈنكى ، بۇ بۇ دادۇيدە
تراكتور بىلەن يەر ئاغدۇرۇشنىڭ تۇنجى سەھىپىسى ئېچىلغانلى-
قىدىن بېشارەت ئىدى...
مەركەزنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بې-
رىش ، پايدا ـ زىيانغا گۇڭشې ئەزالىرى ئۆزلىرى ئىگە بولۇش
توغرىسىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى يېتىپ كەلگەندە ،
تۆلەندى «داجەي»نىڭ ئىسىگە ليۇ شاۋچىنىڭ خوتۇنى ۋاڭ
گۇاڭمېي ياراتقان «تاۋيۈەن تەجرىبىسى» ۋە ليۇ شاۋچى بازارغا
سالغان «ئۈچ ئۆز ، بىر كۆتۈر» نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا
قويۇش ۋە ئۇزاق ئۆتمەي يېتىپ كەلگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بىدا يۇرگۈزۈلگەن دەھشەتلىك پىچەن ئىسىگە كەلدى ـ دە ، پۈت ـ
قولى لايدەك بوشىشىپ ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى . ئۇنىڭ
نەزەرىدە ، دېڭ شياۋپىڭ بىلەن ليۇ شاۋچى بىر نىيەتتىكى ئادەم-
لەر . رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئاشۇ ئىككىيلەننى يوقىتىش ئۈچۈنلا
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قوزغىغان . گەرچە ليۇ شاۋچى ئۆل-
گەن بولسىمۇ ، دېڭ شياۋپىڭنى يوقىتالماي ھەسرەت بىلەن ئا-
لەمدىن ئۆتتى . مانا ئەمدى دېڭ شياۋپىڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ
ئورنىنى ئىگىلەپ ، مەركىزىي كومىتېت نامىدىن ھۆججەت چۈ-
شۈرۈۋاتىدۇ . رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىر چاغدا ئېيتقاندەك : «شيۇ-
جېڭجۈيى ۋە كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتى-
دۇ» تېرىلغۇ يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىش (يەنە كې-
لىپ يىگىرمە يىللىق) ـــ ئىلگىرى پىچەن قىلىپ سېستىۋې-
تىلگەن «ئۈچ ئۆز ، بىر كۆتۈرە»نىڭ دەل ئۆزى !... بىر پارتىيە

ئەزاسى ، يەنە كېلىپ ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن دىدارلاشقان
«داجەي » قاراپ تۇرۇپ ماۋ زېدۇڭنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىر
ئېقىندا ئاقسا ، ئۇلارنىڭ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش سۈيىقەستى
ئۈچۈن خىزمەت قىلسا قانداق بولىدۇ ؟ !

تۆلەندى قاتتىق دېلىغۇل بولدى . رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ
مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدىكى بايانلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ
چىقتى . ئوقۇغانسېرى گۇمانى چوڭقۇرلىشىپ ، كاپىتالىزمنىڭ
«تىرىلىۋاتقان »لىقىدىن قىلچە گۇمانلانمىدى . بىراق...

بىراق ، پۈتۈن مەملىكەت تەۋرەپ كەتكەندى ، گۇڭشې ئە-
زالىرى خۇشاللىقتىن بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن ، بىولىۇپىمۇ
شايۇنۇس ئاكا بۆلەكچە جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، قارىماققا ئون
ياش ياشىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ياچېيكا يىغىنلىرىنى بې-
شىغا كىيىپ سۆزلىگىنى ئاز كەلگەندەك ، گۇڭشې ئەزالىرىنى
گۇڭشېنى چۇۋۇپ ، يەككە ئىشلەشكە قۇترىتىپ يۈرەتتى . ۋاڭ
بىيلەي گۇڭشېمۇ گۇڭشې چېچىپ يۈرۈپ ، بىرىنچى نومۇرلۇق
ھۆججەتنىڭ ئىجراسىنى سۆيلەيتتى . توختى تۇر بىلەن ئىسلام
موللاق تېخىمۇ قىزغىن بولۇپ ، كېچىلىرى ئۆز ئۆيىدە قونىدى-
غان چاغلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى !

بولمىدى ، ئەمدى ئانى قىلغىلى بولمىدى . توختى تۇر بى-
لەن ئىسمائىل موللاق ئۇنىڭ دادۇيىگە كېلىپلا قالسا ، چوقۇم
ئۇنى تەنقىد قىلىپ ئىككى پۇللۇقنى قويمايدۇ... تىركىشىپ ،
ئارقىغا سۆرەپ نېمە قىلىدۇ ؟ قولىدا ھۆججەت بولغاندىكىن ،
ۋاقتانۋاخ كېلىپ مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنىپ قالغۇدەك
بولسا ، ئاشۇ ھۆججەت بىلەن ۋاڭ بىيلەي ، توختى تۇرلارنىڭ
ئۆزىنى قانداق قىستىغانلىقىنى سۆزلىسىلا بولمىدىمۇ ! ؟ ھۇ
ئەخمەق !...

تۆلەندى ئاخىر ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ ، ھەپتە ئىچىدىلا
تېرىلغۇ يەرلەرنى گۇڭشې ئەزالىرىغا بۆلۈپ بېرىۋەتتى . ھۆددە

كۆرسەتكۈچىنى قوشنا دادۈيلەرنىڭكىدىن خېلى يۇقىرى بېكىتـ-
تى . ئۆزى باشقىلار ياراتمىغان ئەك ناچار يەردىن ئازغىنا ھۆددە
ئالدى . كۈزدە باشقىلارنىڭ قازىنىمۇ ياغ ، چۆمۈچىمۇ ياغ بولدى -
يۇ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلەر يىلى ئومىغا ئۇلاشقىچە يەپ تۇرغۇدەك
ئاشلىقمۇ كىرمىدى...

— ھۇ ساراڭ !... — دەپ چېچىلدى ئالىي مەكتەپنى
پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتقان ئوغلى
شىرمەت مۇخبىرلىق بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ئاتا - ئانىسىنى
يوقلاپ كەلگەن ئاخشىمى ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، — مەن تېخى
سېنى بۇ قېتىممۇ ۋىلايەت بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ،
يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىغان بولسا ، گېزىتتە سۈرىتىڭ
بىلەن بىر تونۇشتۇرۇش ۋۇۋۇتەي دەپتىكەنمەن... بىرەر پارچە خېتىڭدە
نېمە قىلىپ يۈرگىنىڭنى يېزىۋەتكەن بولساڭمۇ...

تۆلەندىنىڭ نەزىرىدە ، شىرمەت ھامان كىچىك بالا ئىدى .
ئۇنىڭغا ھال ئېيتىش ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراش ، ئېنىقكى ،
ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتكەنلىك بولاتتى . ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىدە
سىياسەت ، ۋەزىيەت توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىدى . مانا ئەمدى
كۆردىكى ، شىرمەت باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قاپتۇ . ئۆزىدىن
كۆپ ئەقىللىق ۋە بىلىملىك ئىكەن . ئاڭلاڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنى :

— جۇڭگودا قىرىق نەچچە مىليون پارتىيە ئەزاسى بار .
ھەممىسى گېلىغا ئاش - نان يەيدۇ . شۇڭا ھەممىسى قورساق
تويمايدىغان نامرات سوتسىيالىزمدىن ۋاز كېچىپ ، باي سوتسىيا-
لىزم قۇرۇشقا بەلباغلىدى... ماۋ جۇشىنىڭ مۇددىئاسىمۇ مۇ-
شۇنداق ئىدى . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئالدام خالتىسىغا
چۈشۈپ ، مەملىكەتنى خاتا يولغا باشلىغان... ئەگەر ۋەزىيەتكە
ماسلاشمايدىغان بولساڭ ، ھەممە خەق بېيىپ كېتىپ ، قورسى-
قىڭ ئاچ قالمىسا مانا مەن !...

تۆلەندى كاللىسىنى سىلكىدى . ئۆزىنىڭ ئادەم ، تاماق يەيدى-

غان ، كىيىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . ئۆزد-
نى دېمىگەندىمۇ ، ئۆزىنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بېرى قۇمساراي خەل-
قىنى قىش - ياز كەينىگە سېلىپ كەتمەن چېپىپمۇ ، يا قورسى-
قىنى تويغۇزالمىغانلىقى ، يا ئۇچىسىنى ياپالمىغانلىقى ؛ ئەكسى-
چە ، تېرىلغۇ يەرلەر ھۆددىگە بېرىلىپ بىر يىلدىلا ھەممە ئادەم-
نىڭ قورسىقى تويۇپ ، ئۇچىسى يېپىلغانلىقى ؛ تېخىمۇ مۇھى-
مى ، ئەمگەك سىجىللىقى زور دەرىجىدە يەڭگىللەپ ، يىلنىڭ
يېرىمىدا بىكارچىلىقتا ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇغانلىقىنى كۆز ئالدى-
غا كەلتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىۋەت-
كەنلىكىگە قايىل بولدى .

يەكۈن : كەتمەن ، كەتمەن ، كەتمەن... پىپەن ، پىپەن ، پىپەن...

زور نەتىجە : يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش ، ئاقارتىش ؛ گۈڭشى ئەزالىرىنىڭ نورما ئاشلىقىنى ئۈچ يۈز ئاتمىش جىڭغا يەتكۈزۈش...

ئۆزىگە قالغىنى : مۆكچەيگەن بەل ، ئاقارغان چاچ - ساقال...

ئوغلى كەتكەندىن كېيىن ، تۆلەندى بەزىلەر ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي قايتۇرۇۋەتكەن يەردىن ئون مو ھۆددە ئالدى . ئۇلاپلا ، دەريا بويىدىن ئەللىك مودەك بىنام ئېچىپ ، تېرەك قەلەمچىسى پاتۇرۇۋەتتى ھەم باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا رىغ-بەتلەندۈردى . «ئورمان يېرىگە باجمۇ ، سېلىقمۇ ئېلىنمايدۇ ، — دەپ چۈشەندۈردى كۆپچىلىككە ، — تۇتقۇزۇپلا ئالساق ، بىكارلىق سۇ ، بىكارلىق ئاپتاپتا تۈيمايلا چوڭ بولۇپ قالىدۇ . ۋاقتى كەلگەندە ، بانكىدىكى پۇلدەك ، دەردىمىزگە دەرمان بولى-دۇ... »

تۆلەندى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ، ئاخىر «پىتلى-نىپ» قالدى . ئون مىڭ تۈپتەك تېرەكنى ئەي قىلىپ ، پاچاق-تەك ، كەتمەن سېپىدەك قىلىۋالدى . بانكىدا بەش مىڭ يۈەندەك پۇلى بار . كونىراق بىر «سوپەك» سېتىۋېلىپ «ماشىنىلاشتى» .

قىسقىسى ، تۆلەندى ئۆزگەردى ، قۇمساراي ئۆزگەردى . تۆلەندى هازىر يەنىلا سېكرېتار ، يەنىلا باشلامچى ، لەقىمى «داجەي» . شوئارى : «پارتىيە نەگە باشلىسا شۇ يەرگە بارىمەن ، نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلىمەن» بىراق ، ئەمدى ئۇ قانداقتۇر «سىنىپىي كۇرەش» ، «لۇشيەن كۇرىشى» دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۇرۇش-تىنمۇ قورقىدۇ . تاجىگۇل يادىغا يېتىپ قالسىلا كۆڭلى بۇزۇلى-دۇ . ئۇنىڭ ھەربىر پارچە خېتىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ . تاشمەت-خان ئۇستامدىن كەچۇرۇم سورىغۇسى ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق قۇدا بولغۇسى بار - يۇ ، قىزى بىلەن كۇيئوغلى-نىڭ دېرىكىنى ئالالمىغاچ ، ئۇسسۇپلا تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئالدىغا كىرىشتىن خىجىل . گۇلزار بىلەن سوپۇر ئاخۇننى بېشى-دا كۆتۇرىدۇ... ئۇچ قىزىنى ياتلىق قىلىپ ، ئەكرەمنى ئۆيلىۋال-دى . كۇيئوغۇللىرى «هايت» دېسىلا بۇيرۇقىدا . بۇگۇن قەشقەر-گە كېلىشى — شىرمەتنىڭ بولغۇسى خوتۇنىغا تويلۇق زىبۇ - زىننەت ۋە كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش ئۇچۇن . شىرمەتنىڭ يېشى ئوتتۇزغا تاقاپ قالغان بولسىمۇ ، بۇ يىل ئۆيلىنىش نىيى-تىگە كەپتۇ . بۇۋىرەۋىخان ئۇنىڭ بولغۇسى قېيىنانىسى ، تۇگمەن بېشى (بۇرۇنقى 5 - دادۇي )لىك . ئەنبەرگۇل ئالدىنقى يىلى ئالىي مەكتەپنى پۇتتۇرۇپ ، شىرمەتنىڭ ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپتىكەن ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتۇشۇپ قاپتۇ .

* * *

تۆلەندى «داجەي» بىلەن رەنىخان مانا مۇشۇنداق بىر پەيت-تە ، تاشمەتخان ئۇستام بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ بېقىشمىغانىدى . يول بويى تاشمەتخان ئۇستامنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ خىيال سۇرۇپ ماڭغان بۇ ئەر - خوتۇن تاشمەتخان ئۇستامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغى-

ىنى تۇيمايلا قېلىشتى . پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدەك ياسىداق ، ئازادە ھويلىغا كىرگەندە ، رەنىخانىنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خامۇش بولۇپ قالدى . ئۇ قىزنىڭ مۇشۇ «ئوردا»دا ياشايدىغانلىقى ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ «ئوردا»نىڭ خوجايىنى بىلەن قۇدا ئىكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى...

— ئانا !...

پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىدەك ئالپتە كىيىنگەن ، قورسىقى بېسىپ كەتكەن ئاياغلىرىنى ئېغىر يۆتكەپ ، سەپەرجان بىلەن سارىگۈلنى كەينىگە سالغىنىچە ياندىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن تاجىگۈلنى كۆرگەندىلا ئېسىگە كېلىپ :

— جېنىم بالام !... — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ ، ئۇنى باغرىغا باستى . ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى بۇلاقتا ئايلانغانمىكىن - تاڭ ، يىغىسىنى پەقەت توختىتالمىدى . نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى - يۇ ، زادى نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى...

كېلىنلەر تېلېفوندا خەۋەر قىلىشقاچ ، روزىخان مېھمانلارنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ سېمىز قوينىڭ قۇيرۇق يېغىدا يېپەكتەك سوزۇلۇپ تۇرىدىغان ھالۋا تەييارلاپ قويغانىدى . مېھمانلار كاسىسىنى يېكەندازغا تەگكۈزۈپ بولغۇچە قولىغا سۇ بېرىلىپ ، ئالدىغا چاي - مەزە كەلتۈرۈلدى . تۇنجى پىيالە چاي «ئالسىلا ، باقسىلا ، خوش ، ئوبدان باقتۇق...» دېگەندەك تەكەللۇپ - تەكەللۇپ سادالىرى ئىچىدە تولىمۇ تەسلىكتە ئىچىلدى . سەپەرجان بىلەن سارىگۈل چوڭ ئانىسى بىلەن چوڭ دادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ ، ھېلى ئۇلارنىڭ پىيالىسىگە قەنت سېلىپ قويسا ، ھېلى مەزەگە زورلاپ ، ئۆتەكچىدە كۆرگەن ، ئاڭلىغانلىرىنى بەس - بەس بىلەن قالىغاچتەك ۋىچىرلاپ بىر سۆزلىگىلى تۇرۇۋىدى ، ھەممەيلەننىڭ تاۋى يېشىلىپ ، ئارىدىكى قو-

رۇنۇش ـ جىددىيلىك پۇتۇنلەي بېسىلىپ، چىرايلار گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. گەپ ـ سۆزلەر ئېقىن سۇدەك راۋانلىشىپ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە گەپ بەرگۈسى كەلمەي قالدى. سالى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپلا چىقىپ كەتكەنچە داستىخانغا كىرمىدى. ئون بىر يىلدىن بېرى كارىۋاتتا، ئورۇندۇقتا ئولتۇ- رۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغان تاجىگۈل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بەكمۇ ئارامسىزلىند- ۋاتقان بولسىمۇ قىلچە چاندۇرماي، ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، بالىلىرىنىڭ گەپلىرىگە گەپ قىستۇرۇپ ـ تولۇقلاپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپرەك گەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ ئايالالار- نىڭ، تاشمەتخان ئۇستام، تۆلەندى «داجەي»نىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇپ تۇرۇش ياكى يىلمان بولۇپ قالغان چاينى قىزىق چاي بىلەن يەڭگۈشلەپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمايتتى. بالىلار «ھېكايە» سىنى ئاياغلاشتۇرۇپ سەل بېسىقىغا چۈشۈۋىدى، تاشمەتخان ئۇستام گەپ باشلاپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. تۆلەندى «داجەي» ئۆزىنىڭ نەدە، كىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇۋات- قىنىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى تاسادىپىي داخىل بولۇپ قالغان بۇ داستىخان ئېسىنى ئوغرىلاپ ئۆزگىچە تىل چىقىرىۋەتتىمۇ؟ بۇرۇنقى ـ سۇرۇنقى ئىشلاردىن گەپ باشلاپ، بۈگۈنكى تاسادى- پىي ئۇچرىشىشقا كەلگەندە توختاتتى. بىر چاغلاردىكى جاھالەت- لىك سىياسەتنى چۈشىنىپ ـ چۈشەنمەي ئىجرا قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمگە بىھۇدە ئازار بېرىپ قويغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدىغانلىد- قى؛ ئۇلارنى كۆرۈش تۇگۇل، ئۇلار يادىغا يەتمىسىمۇ خىجالەت- چىلىكتە يۈزى قىزىرىدىغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلىغاندا:

— نېمىگە خىجىل بولىلا؟ — تۆلەندى «داجەي» گەرچە ئۇنىڭ ئېتىنى چىقارمىغان بولسىمۇ، گەپنىڭ ئۆزى ئۇستىدە كېتىۋاتقىنىنى سېزىپ ئۈلگۈرگەن تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭ

سۆزىنى كەسكىن بۆلدى ، — «سىياسەتنى ئىجرا قىلىمەن» دەپ بىرمۇنچە بىگۇناھ ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرمۇ يەنە ئۆرە يۈرۈشمەمدۇ ؟ ! تازا كىشىكەنلا !… ئۇ چاغدا كىم كىمگە ئازار بەرمىگەن ؟ كىم كىمدىن رەنجىمىگەن ! ؟ ئادەم ئۇ كۈنلەردىكى ئازازلىقنى ئويلىسا ، يا ئاتا بالىدىن ، قېرىنداش قېرىنداشتىن كەچسە بولىدۇ ؛ يا بۇ دۇنيادا ياشىغاندىن كۆرە ، تاختا كۆۋرۈككە چىقىپ ئوچۇق گۆرگە كىرىپ ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتسا بولىدۇ !… بۇنچە نازۇك بولۇپ كەتمىسىلە ، سىڭلىم ! ھەممىسى قاباھاتلىك سىياسەتنىڭ كاساپىتى !… مانا كۆرسىلە : سىياسەت شۇنداقلا ئوڭلىنىۋىدى ، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇش ، يېگىنى ئالدىدا ، يېمىگىنى كەينىدە بولۇپ كېتىۋاتامدۇ ؟ ! بۇنداق ياخشى كۈندە ، ھەرگىزمۇ ئۆتكەننى ئويلاپ كۆڭۈللىرىنى غەش قىلماي ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشنى ئويلىسىلا ! قانداق دېدىم ، رەنىخان ؟

— تازا كۆڭلىمدىكى گەپنى قىللا ، قۇدام !… — رەنىخان سايراپلا كەتتى ، — مەنلا شۇنداق دەمدىكەنمەن ، يا باشقىلارمۇ شۇنداق دەمدىكەن ؟ — رەنىخان ئېرىگە قاراپ قويدى ، — ۋاي بۇ ئادەمنى ، ۋاي بۇ ئادەمنى… جاھاندىكى ھەممە ئەسكى ئىشنى ئۆزى قىلىپ ، ئۆمرىدە كىچىككىنە ياخشى ئىش قىلمىغاندەك ئۆزىنى ئەيىبلەپلا يۈرىدۇ !… يا گەپ قىلسا ئادەمنىڭ گېپىنى يېمىگەن ، يا قاپىقى ئېچىلمىغان… بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەمنىڭ قولىقىنى پات - پات تولغاپ ، كۆزىنى ئېچىپ قويسىلا جۇما ، ئوبدان قۇدام !…

— خاتىرجەم بولسىلا . خۇدايىم بۇيرۇسا…

گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ، داستىخان ئىككى قېتىم يىغىلىپ ، ئىككى قېتىم سېلىنغىنىنى تۇيمايلا قېلىشتى . قورساقلارغا بىر يۇتۇم سۇمۇ پاتمايتتى . ئۈچىنچى داستىخان سېلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا ، بۇۋۇرەۋخان دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تېپىرلاپ

ئولتۇرالماي قالدى . كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . رەنىخانمۇ ئېرىنىڭ قولىقىغا پىچىرلىغىلى تۇردى . ئاخىر تۆلەندى «دا-جەي» :

— ئاپتوبۇس توختاشقا ئاز قالدى . كېچىكىپ قالساق... — دەپ دۇدۇقلىنىۋىدى ، تاشمەتخان ئۇستام :

— «خۇدايا توۋا» دېسىلە ، قۇدام !... بۈگۈن كېچىچە بىللە مۇڭدىشىپ يېتىپ ، ئەتە تىنچ - ئامان قوپساق ، ھەممىمىز بىللە بازار ئايلىنىپ ، ئەنبەرگۈل خېنىمغا ئالىدىغان لازىمەتلىك-لەرنى بىللە ئالىمىز . تىكىدىغان كىيىملەرنى ئۆز قولۇم بىلەن بويىغا ئۆلچەپ پىچىپ... — دەپ بىر ھازا چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ ، بۈۋىرەۋىخان زادى گەپ يېمىدى . بىرى بىرىدىن ئو-رۇنلۇق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىق رەت قىلدى . رەنىخان بىلەن تۆلەندى «داجەي»مۇ ئۇنىڭغا ماسلى-شىپ بەردى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، تېخى تويلاشمىغان قۇدىلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ تۇنۇشى ئۆرپ - ئادەتكىمۇ شەرىئەتكىمۇ خىلاپ . تۆلەندى «داجەي» ھەرقانچە چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋات-قان بولسىمۇ ، تىكەنىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك بىئارام بولۇ-ۋاتقىنى ئېنىق . ئۇنى قونۇپ قېلىشقا زورلاش ، شۈبھىسىزكى ، ئۇنى تېخىمۇ خىجىل قىلىدۇ ، كۆڭلىنى بۇزۇدۇ...

— ماقۇل ، ھەربىرلىرىنىڭ دېگىنىچە بولسۇن ، — دېدى تاشمەتخان ئۇستام رازىمەنلىك بىلەن ، — ئون بىر يىلدا ئاران بىر قېتىم جەم بولغىنىمىزدا ، يەنە جىندەك مۇڭدىشىۋالايلى . سەل تۇرۇپ تاجىگۈلنى باللىرى بىلەن ھەربىرلىرىگە قوشۇپ چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمەن... بالام تاجىگۈل ، جابدۇغاچ تۇرامىلا ؟

— ماقۇل .

تۆلەندى «داجەي» تاجىگۈلنى بىللە ئېلىپ كېتىش توغرى-سىدا ئېغىز ئاچالماي ، ئىچ - ئىچىدىن بوغنۇقۇپ كېتىۋاتاتتى .

قۇدىسىنىڭ بۇ گېپى ئۇنى ئاسمانغا چىققاندەك خۇشال قىلىۋەت-
تى . رەنىخانمۇ دەمداردەك ئۇنلەپ ، نەۋرىلىرىنى باغرىغا باستى...
گۇرۇچ ئاشنىڭ داستىخىنىغا دۇئا قىلىنىپ ، مېھمانلار
ئۇزاش ئۇچۇن دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا ، بىر جۇپ پىكاپ ئۇلارنى
كۇتۇپ تۇراتتى . ئۆمرىدە پىكاپ تۇگۇل خادىكتىمۇ ئولتۇرۇپ
بېقىش نېسىپ بولمىغان رەنىخان ھودۇققان ـ ھاياجانلانغىنىدىن
ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ ، ھەممە ئەزاسى چىپىلداپ تەرلەپ
كەتتى . ئۆزىنى سەللا تۇتمىسا ، ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى
تاشمەتخان ئۇستام بىلەن روزىخاننىڭ ئايىغىغا ئاتقان بولاتتى .
تۆلەندى «داجەي »نىڭ روھىي ھالىتىمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايت-
تى . پەقەت سەپەرجان بىلەن سارىگۇللا ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر ،
پىكاپقا بالدۇرراق چىقىش ، ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى بال-
دۇرراق كۆرۈش غېمىدە ئىدى...
تاجىگۇلنى ئېلىپ چىقماقچى بولغان سالى ئۆزى يالغۇز
پەيدا بولۇپ ، روزىخاننىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاندا ،
روزىخان :
ـــ ھە !... ۋاي خۇدايىم !... ـــ دېگىنىچە ئۆزىنى ئېچكى-
رىگە ئاتتى . باشقىلارنىڭ ھەيرانلىقتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى
ئۇنىڭغا ئەگەشتى .
تاجىگۇلنى تولغاق تۇتقانىكەن .
بىر پىكاپ بۇۋرەۋخان بىلەن ئەنبەرگۇلنى ئېلىپ قۇمسا-
راينىڭ يولىغا چۇشكەندە ، تاجىگۇل دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت كا-
رىۋىتىغا چىقىپ بولغانىدى...
تۆلەندى «داجەي »لەر كېتەلمىدى . ئىلاھى قىسمەت ئۆزلى-
رىنى قىزىنىڭ تۇغۇتى ئۇستىدە تۇرغۇزغانلىقىدىن چەكسىز خۇ-
شاللىنىپ ، تاشمەتخان ئۇستاملار بىلەن كارىدوردا مۇڭدىشىپ
ئولتۇرۇپ ، تاڭنىڭ قانداق ئاتقىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى . دوخ-
تۇر ـ سېستىرالار نۆۋەت ئالمىشىۋاتقاندا ، بوۋاقنىڭ قىرقىراپ

يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . بوۋاق ئوغۇل ئىدى . زەرىپە خانىم ئاكۇشېركىغا ئىشەنمىگەندەك ، ئۇنىڭ كىندىكىنى ئۆزى كې-سىپ ، ئۆز قولى بىلەن زاكىلىدى . چۈنكى ، زەرىپە خانىم گۈلزارنىمۇ ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىمۇ تاشلىۋەتمىگەنىدى . ئۇلار بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇراتتى . ھەر يىلى يازدا ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ قۇمسارايغا بېرىپ گۈلزارلارنى يوقلايتتى . يېڭى چىققان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ ، گۈلزار-نى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى . گۈلزارلارمۇ قەشقەر تەرەپكە ئۆتسىلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشماي قالمايتتى . بېغىنىڭ مېۋىلىرىنىڭ باش - بۇرنىغا ئاتا - ئانىسى بىلەن زەرىپە خانىمنى ئېغىز تەگكۈزمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايتتى...

زەرىپە خانىم «كۆزنىتىش» باھانىسى بىلەن تاجىگۈلنى ئۈچ كۈنگىچە ياتاقتىن چىقارمىدى . تۆلەندى «داجەي»لەرمۇ كېچىسى قۇدىلىرىنىڭكىدە قونۇپ ، كۈندۈزى تاجىگۈلنىڭ چۆرىسىدە پاي-پېتەك بولۇشتى . تاجىگۈل ياتاقتىن چىقىدىغان چاغدا ، تۆلەندى «داجەي» قورۇنۇپراق :

— بالىلارنى نەگە يۆتكەيمىز ؟ — دەپ سورىغانىدى . تاشمەتخان ئۇستام :

— ...ھەربىرلىرىنىڭ ئاغزىغا قارايمىز ، — دېدى كې-سىپلا .

— بىز... بىزنىڭچە ، قۇمسارايغا ئېلىپ كېتىپ...

— ئوبدان ئويلىشىپلا . شۇنداق قىلايلى ، — تاشمەتخان ئۇستام يۈرىكىدىكىنى دەۋەتتى ، — تاجىگۈل بىلەن سالى ند-كاھلانغىلى ئون نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ ، جاھاننىڭ زالالد-تىدىن ، يۇرتقا توي ئېشى بېرەلمىدۇق... بۇ قېتىم ئېزىزجان (بوۋاقنى ئاشۇنداق ئات قويۇشقانىدى )نىڭ قىرقىنى قۇمسارايدا چىقىرىپ ، بۆشۈك تويىنى تۇگەتكەندىن كېيىن ئىززىتى بىلەن يۆتكەپ كېلەيلى...

# تۆلەندى «داجەي»نىڭ نىداسى

بىر يىل بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى.
ئادەمگە — ئۇسساپ يۈرىكى قاغجىراپ كەتكەن ئادەمگە —
بەلەن دەملەنگەن بىر پىيالە چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ بولغان
چاغچىلىكمۇ تۇيۇلماي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر يىلدا تۆمۈر قارىم
سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى قېرىنداشلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، ئاتا
مىراسىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىر چاغدا، دۇنيانىڭ يېرى-
مىنى ساياھەت قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى ھەسسىلەپ كېڭەيتى-
ۋالدى. پۇلدىن پۇل تۇغدۇردى. باشقىسىنى تىلغا ئالمىغاندى-
مۇ، «يۇرتۇمغا قۇرۇق قايتماي» دەپ ئېلىۋالغان مېلىنى ۋەتى-
نىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆيىگە ئەكىرىشكە ئۇلگۇرمەيلا،
ئالدىغا چىققان سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ نەچچە مىليون
يۈەن ھايان ئالدى. بۇ پۇل ئۇنىڭ دادىسىدىن مىراس قالغان
بەش مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئالدىدا بىر قازان ئاشنىڭ قۇ-
رۇق ئۇنى ئىدى، خالاس. تۆمۈر قارىم دەل ئاشۇ بەش مىليون
دوللارنى قانداق «ئايلاندۇرۇش» غېمىدە. نىكۇنىكى ئۇنىڭ قە-
دىمى ئۆيىگە يەتتى، ھۆكۈمەتمۇ، شىركەتلەرمۇ، پۇلدار بايلارمۇ
ئۇنى ئىزدىگىنى ئىزدىگەن. ھەممىسىنىڭ غەرىزى ئۇنىڭ دوللى-
رىدىن نەپ ئېلىش ... چەت ئەلدىمۇ شۇنداق. ھۆكۈمەتلەرمۇ،
مىليونېر - مىلياردىرلارمۇ ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنى
ئۇ ئەللەردە تۇرۇپ قېلىپ تېخىمۇ جىق پۇل تېپىشقا، ھەتتا
ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ، ئۇ
ئەللەرنىڭ تەڭداشسىز ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئۆمۈر-

ۋايەت بەھرىمەن بولۇشقا دەۋەت قىلغان ؛ ھېچبولمىسا ، ئاشۇ پۇلنى يىلىغا يىگىرمە پىرسەنت ئۆسۈم ئېلىش شەرتى بىلەن قالدۇرۇپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلغان . لېكىن ، ئۇ ھەممىسىنى چىرايلىق رەت قىلدى . ئىچىدە ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى ، ئۇنىڭ يىگىرمە پىرسەنت ئۆسۈم بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ پۇلىغا ئېرىشكەنلەر بىر يىلدا ئۇنىڭغا بېرىدىغىنىدىن ئون ھەسسىدىن ئارتۇق نەپكە ئېرىشىدىكەن . توۋا ، نېمىدېگەن ئۇستىلىق بۇ ؟ سېنىڭ پۇلۇڭ ئۇنىڭ «كاتەك»دە ئون تۇغسا ، توققۇز نى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ ، بىرنى ساڭا «سەدىقە» قىلىدىكەن !... تۆمۈر قارىم ئۆز نەپسىنى دەپ ياتلارنى سەمرىتىپ ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان بەد نەپسلەردىن ئەمەس ! جىمى پۇلنى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىپ يوغان ئىش تەۋرىتىپ ، ئىش ـ ئوقەتسىز بىكار يۈرگەن بىرمۇنچە قېرىندىشىنىڭ قولىنى ئىشقا ، ئاغزىنى ئاشقا تەگكۈزىدۇ . بۇنى ئەپلەشتۈرەلمىسە ، پۇلنى بانكىدا ئامانەت قويۇپ ، ئۆسۈمىنى زاكاتقا ئاتاپ قويۇپ ، نۇرغۇن نامراتنى ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن قۇتقۇزىدۇ . «پۇل تاپ ، ساۋاب تاپ» دېگەن مۇشۇ !...

تۆمۈر قارىم مۇشۇ نىيەت بىلەن قەشقەرگە قايتتى . ئون بەش كۈننىڭىزى «ئۇھ» دېيىشكىمۇ پۇرسەت بولمىدى . تەلەپكارلارنى «ئويلىنىپ باقاي» دەپ يولغا سېلىۋەردى . «ئويلىنىپ بېقىش»نىڭ چېكى بولمايدۇ . بىر كۈن ئويلىنامدۇ ، بىر يىل ئويلىنامدۇ ، ئۆزىنىڭ ئىشى... تۆمۈر قارىم ئويلىنىپ بولغان ، بۇرۇنلا ئويلىنىپ قويغان . ئاغزىدىن چىقارمىدى ، خالاس . تۈنۈگۈن بىر كالىنىڭ بېشىنى كېسىپ ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يار ـ بۇرادەر ، ئەھلى مەھەللىگە نەزىر بەردى . بۇگۈن ئەڭ يېقىن ، «ھەممە سالادا بار» قېرىنداشلىرى بىلەن قۇدا ـ باجىلىرىغا «تۇغقان چېيى» بېرىۋاتىدۇ . ھەممىسى ئون بەش ئادەم . ئۇلار ئارىسىدا بىر كىشى ــــ تۆلەندى «داجەي»لا سەل يىراق تۇغ-

قان . تۇنۇگۈنكى نەزىرگە كەلگەن ئىكەن ، مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىچە قول باغلاپ تۇرۇپ بەردى . تاشمەتخان ئۇستامغا بۈگۈنكى چاينى خەۋەر قىلىدىغان چاغدا ئۇمۇ بىللە ئىدى ، دەپ قويدى . مۇھىمى ، ئۇنى «قۇدا - باجىلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشسۇن ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ كۆزى ئېچىلسۇن ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيسۇن...» دېدى .

داستىخان بىلەن داستىخان ئارىلىقىدىكى بوشلۇق — ھەمداستىخان سۆھبەتداشلار ئۇچۇن تېپىلماس پۇرسەت . ھېچكىمنىڭ ئاغزى شۇك تۇرغۇسى كەلمەي ، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دېدى . جەمئىيەت ، ۋەزىيەت ، سىياسەت ، ئېلىم - سېتىمدىن ئارتىپ ئۆز ئائىلىسى ، بالا - چاقىسىنىڭ ئوقۇش ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ، تاپاۋەت... ئەھۋالىغىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشتى . بىرەيلەن گەپنى ئۆي - جاي سودىسىغا بۇرىغاندى . تۆمۈر قارىم :

— بىر يەردىن تۆت - بەشيۈز پىڭپاڭ① كەلگۈدەك جاي سېتىۋالغىلى بولسىمۇ... — دېيىشىگە ، بىرەيلەن :

— شۇنچە يوغان ھويلا تارلىق قىلىۋاتامدۇ ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى .

— يوقسۇ ، — دېدى تۆمۈر قارىم كۈلۈپ ، — تۆت - بەشيۈز ئادەم ئىشلىيەلىگۈدەك بىر كارخانا قۇرۇپ سىناپ كۆرەي دەپتىم .

— نېمە كارخانىسى قۇراي دەيلا ؟

— نېمە كارخانىسى قۇرۇشنى تېخى ئويلانمىدىم . ئاۋۋال جاينىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ ئىمارەتنى قوپۇرۇۋالسام ، ئىمارەت پۈتكۈچە ، نېمە كارخانىسى قۇرۇشنى ھەربىرلىرى بىلەن بار مەسلىھەت ئويلىشىپ بىر يەرگە كېلەرمىز دەيمەن...

---

① پىڭپاڭ — خەنزۇچە «پىڭفاڭ (كۋادراتمېتىر)»نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى .

— ئوبدان مۇددىئا ئىكەن... ھازىر شەھەردىن ئۇنداق يوغان جاينى تاپقىلى بولماسمىكىن...

— شۇنداق... بىر چاغلاردا، خانىقادەك ھەر يوغان - ھەر يوغان ھويلىلار ئۇيان بۆلۈنۈپ، بۇيان بۆلۈنۈپ توخۇنىڭ كاتىكىدەك بولۇپ قالدى. ھەممە ئادەم «ئالسام»لا دەيدۇ، ساتىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق. ئالغىلىسام، چوڭ كوچا بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ پىگچىگى بىر يېرىم مىڭ كويغا چىقىپتىمىش... بۇمۇغۇ مەيلى، «ئالىمەن» دېگەن ئادەم پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرمايدۇ... «ھازىرقىدەك ئادەم بېسىقچىلىقى بولۇۋەرسە، يەنە ئون - يىگىرمە يىلدىن كېيىن، نەۋرە - چەۋرىلىرىم ئۆزى تۇغۇلغان شەھەردە باش تىققۇدەك كامار تاپالماي قالارمىكىن...» دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئەنسىرىمىسىلە! خۇدايىم ھېچقانداق بەندىسىنى ئۆيسىز، گۆرسىز قويمايدۇ... ھۆكۈمەتمۇ شۇغەمنى يەپ، پۇقرالارنى شەھەر ئەتراپىغا ئۆي سېلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ... ئەگەر تۆمۈر قارى ھاجىم گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسا، كۆزىنى ھەرنىڭ كۆنىكىدەك شەھەر كوچىلىرىغا تىكىۋالماي، شامالباغ، قىزىلدۆۋە تەرەپلەرگە قاراپ باقسۇنمىكىن دەيمەن...

— بۇمۇ ئوبدان گەپ بولدى. تۆمۈر قارى ھاجىم نېمە دەيدىكىن؟...

— نېمە دەيتتىم، «قۇللۇق» دەيمەن، — تۆمۈر قارىم ئۇلاپلا دېدى، — ھەربىرلىرىدىن خۇش بولۇپ كېتەي، مېنى «ھاجىم، پاجىم» دېيىشمىسىلە!...

— نېمە!... «ھاجىم» دېسەك بىر يەرلىرى خوراپ كېتەمدىكەن؟... يا بىرەر يىلنىڭىزى پۇل - مالنىڭ كويىدا يۈرۈپ، بەيتىللادىن «ھاجى» بولماي قايتقانمىدىلە؟!

بۇ چاقچاق ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. تۆمۈر قارىم ھەممەيلەندىن بەكرەك كۈلدى.

— يوقسۇ ، ئۇنداق پوقنىمۇ يەمدىغان ! — تۆمۈر قارىم كۈلكىسىنى توختىتىپ ، جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلىدى ، — تۇنۇگۈن ئاڭلىسام ، مەن بىلەن بىللە ھەج قىلغان بىرەيلەن : «مېنى ‹ ھاجىم› دېمەي ئىسمىمنى ئاتىدىڭ» دەپ بىر قوشنىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قان بولۇشۇپ كېتىپتۇ...

— ھە... «مەنمۇ شۇ ھاجىمدەك كۇنگە قالماي» دەپ قورققان ئوخشىمامىلا ؟ !

— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا !...

كۈلكە سەل بېسىققاندا ، تۆمۈر قارىم دېدى :

— ئۇنىڭدەك بولۇپ قېلىشتىنغۇ قورقمايمەن . قورقىدىغىنىم ، ئۆز يۇرتۇمدا مۇساپىر بولۇپ قېلىش...

— نېمە !...

ھەممەيلەن ھەيران بولغىنىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ ، تۆمۈر قارىمنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپلا قېلىشتى .

— ھەر بىرىلىرىمۇ بىلىشىلا ، — دېدى تۆمۈر قارىم سوزۇپ بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېلىپ ، — «ھاجى» ئەرەب تىلىدا «مۇساپىر» دېگەن بولىدۇ . خۇددى بىز باشقا يۇرتتىن كېلىپ قالغانلارنى «مۇساپىر» ، «ماكانسىز» ، «كەلگىندى» دېگەنگە ئوخشاش ، ئەرەبلەرمۇ ئەرەبىستانغا كېلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى «ھاجى» دەيدۇ . مېنىڭ ئەرەبىستانغا مۇساپىر بولۇپ بېرىپ ، بەيتىللانى تاۋاپ قىلغىنىم راست... «ھاجى»نىڭ مەنىسىنى بىلمىسەمغۇ بىر نۆرى ، بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆز يۇرتۇمدا مۇساپىر ئاتالسام بەكمۇ سەت تۇرىدىكەن...

— ھە ، مۇنداق دېسىلە ، — ئىسلام ھاجىم چاقچاق قىلدى ، — سىلىغۇ مۇساپىر بولۇپ ، ئەرەبىستانغا بېرىپ كەلگەن . «ھاجى» دېسىمۇ ، دېمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ . مېنىڭ ئىشىم تەس ـ دە !...

— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا !...

— ئاپلا ، مۇشۇ ئاغزىمنى ـ زە ، — تۆمۈر قارىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، چاقچاق تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى ، — گېپىمنىڭ سىلد-گە تېگىپ كېتىشىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن...
— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا !...
— خاتىرجەم بولسىلا... چوڭ دادام سىلىنى ئارزۇلاپ «ئىسلام ھاجىم» دەپ ئات قويۇپتىكەن . خۇدايىم بۇيرۇسا ، كېلەر يىلى بەيتىللاغا بېرىپ كەلگەنلىرىدىن كېيىن «ھاجىم» دېيىش دېمەسلىكنى ئويلاشساقمۇ كېچىكمەيمىز !... قانداق دېدىم تۇغقانلار ؟
— توغرا دېدىلە !...
— ئەمما مېنى «تۆمۈر قارىم» دېيىشمىسىلە كۆڭلۈمگە كېلىدۇ . «نېمىشقا» دېيىشسىلە ، مەن «قارى»لىققا ئىرشاتنامە ئالغۇچە ، سەككىز يىل مەدرىستە كۈنۈم كەتكەن !...
— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا !...
كۈلكە ـ چاقچاق خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغاندىن كېيىن ، گەپ يەنە قۇرۇلغۇسى كارخانا يەر سېتىۋېلىش ئۈستىگە كۆچتى . بىرى بىر يەرنى سايى قىلسا ، يەنە بىرى باشقا بىر يەرنىڭ گېپىنى قىلاتتى . تۆمۈر قارىمنىڭ «نەپسى» بارغانسېرى يوغى-ناپ ، بەش ـ ئون مو يەرنى قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار ـ يوقلۇقىنى كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سالغانىدى . ھەممەيلەن بېشىنى قاشلاشتى . چۈنكى ، ھازىر شەھەر ئەتراپىدىن بىر مو يەر سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ ۋىلايەتتىن ئاپتونوم رايونغىچە يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . ھەل بولغان تەقدىردىمۇ ، تۆمۈر قارىم-نىڭ «خامىنى يۇمشىمايتتى» . ئۇنىڭچە بولسا كەم دېگەندىمۇ بەش مو يەرگە ئېرىشەلىسە ، ئاندىن كەلگۈسىدىكى پىلانلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى...
— ئارىلىقنى يىراق كۆرۈشمىسىلە ، — دەپ ئارىغا قىس-تۇرۇلدى ئەتىگەندىن بېرى تاشمەتخان ئۇستامنىڭ يېنىدا ئەدەب

بىلەن جىمجىت ئولتۇرغان تۆلەندى «داجەي» . ھەممەيلەننىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا ئاغدى ، — بىز تەرەپتىن قانچىلىك يەر لازىم بولسا ھەل قىلغىلى بولاتتى…

— شۇنداقمۇ ؟ — ئىسلام ھاجىم سورىدى ، — ئۇ يەردە يەر شۇنداق كەڭرىمۇ ؟

— ئۇنچىلا كەڭرىمۇ ئەمەس… تۆمۈر قارىمغا لازىم بول-سا ، ئون ـ يىگىرمە مو ھەل قىلغىلى بولىدۇ…

— ما ئوبدانچىلىقنى !… شۇنداق قىلاملىيا ، تۆمۈر قا-رىم ؟

— توغرا ، شۇنداق قىلسىمۇ بولىدىكەن .

— قويسىلا ، شۇ سەھرايىقىيامەتنىڭ گېپىنى !… سەھرانىڭ ئادەملىرى ھەدەپ شەھەرگە ئېقىۋاتسا…

— ھازىر ئاققان بىلەن كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ ! — تاشمەتخان ئۇستام گەپنى بۆلدى . تۆلەندى «داجەي» سەل ئوڭاي-سىزلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى ، — گۇڭسەنداڭ كېلىشتىن بۇرۇن ، سېپىلنىڭ ئىچىدە ئاران ئون مىڭدەك ئادەم بار ئىدى . ھازىرچۇ ؟ ئادەم ئادەمنىڭ تۇكىنى يەيدۇ… يەكشەنبە كۈنىغۇ ئەسلى ، مىنھەپتە كۈنلىرىمۇ بەزى كوچىلاردا ئىتتىكرەك ماڭغى-لى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى . مەن ئويلىسام ئادەم تۇغۇدىكەن ، يەر تۇغمايدىكەن . ئادەم قانچە كۆپەيسە ، يەرمۇ شۇنچە ئازىيىدى-كەن… شامالباغدىن يەر ئالدى نېمە بولدى ، قۇمسارايدىن ئالدى نېمە بولدى ؟ يەرلا بولسا ، نېمىلا قۇرۇمەن دېسە قۇرغىلى بول-دۇ…

— سەھراغا كارخانا قۇرۇپ قويسا ئىشلەيدىغان ئادەمنى نەدىن تاپىدۇ ؟ كارخانا دېگەن ئادەم بىلەن ئاقىدىغان تۇرسا… ئۇنداق يىراق يەرگە كىم بېرىپ ئىشلەيدۇ ؟ !

— ماشىنىچۇ ! ئۇ يەرنىڭ يولى ئوبدان . بەلەن ئاپتوبۇس-تىن ئىككىنى دەسمايە سېلىپ ، ئىشچىلارنى ئەتىگىنى ئاپىرىپ ،

ئاخشىمى ئەكېلىپ قويسا بولامدۇ ! ؟… ئۈرۈمچىنىڭ ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتى نەچچە سائەتلىك يول . ئۈرۈمچىلىكلەر ئۆيى بىلەن ئىدارىسى ئارىلىقىدا نەچچە ئاپتوبۇس ئالمىشىپ ، نەچچە سائەت يول مېڭىپ ئىشلەيدىكەنغۇ !…

— تاشمەتخان ئۇستام ئوبدان گەپ قىلدى ، — تۆلەندى «داجەي» تۇيۇقسىز جانلىنىپ كەتتى ، — ماشىنا بولسىلا ، قۇمسارايغا يېرىم سائەتكە قالماي بارغىلى بولىدۇ . ئەگەر شەھەردىن ئادەم تاپقىلى بولمىسا ، بىزنىڭ ئۇ يەردە نېمە تولا ، ئادەم تولا . گۇگۇشى بۇزۇۋېتىلگەندىن كېيىن ، دېھقانلار يىلدا ئۈچ ـ تۆت ئاي ئېتىزدا ئىشلىسە ، باشقا چاغدا ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇرۇپ كۈننى كەچ قىلىدۇ… بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياش بالىلار بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشۇپ قىمار ئويناپ ، خوراز سوقۇشتۇرۇپ كۈندىن ـ كۈنگە بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئەگەر ئۇيەردە بىركىم زاۋۇت قۇرۇپ قالسا ، قانچىلىك ئادەم لازىم بولسا مانا مەن تېپىپ بېرىمەن… شەھەردىن تازا قابىل ئۇستىدىن ئون ـ يىگىرمىنى ئاچىققىلى بولسىلا ، ھەرقانداق چوڭ زاۋۇتنىمۇ چۆرگىلى بولىدۇ…

— راست ، بۇمۇ بولىدىغان گەپتەك تۇرىدۇ… دېھقان بالىلىرى شەھەرنىڭ بەزى ناتېپىلىرىدىن مىڭ ياخشى . ئۆگەتكۈدەك ئادەم بولۇپ ، پۇللا بەرسە ھەرقانداق ئېغىر ئىشقىمۇ چىدايدۇ .

— توغرا دېدىلە . گۇگۇسەندالڭ يېڭى كەلگەن چاغدا ، ساپلا دېھقان بالىلىرىنى ئىشچىلىققا ، كادىرلىققا قوبۇل قىلغان . ھازىر شەھەر سوراۋاتقانلارمۇ ، شەھەرنى ئاۋۋات قىلىۋاتقانلارمۇ مۇشۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى .

— ئەگەر مېنىڭ قولۇم ئۇزۇنراق بولسا ، ئاللىقاچان ئۇ يەردە بىر زاۋۇت قۇرۇپ ، ياشلىرىمىزنىڭ قولىنى ئىشقا تەگكۈزۈپ ، يامان يولدىن توسۇپ قالاتتىم . مەن تېخى تاشمەتخان

ئۇستامغا مۇشۇ مەسلىھەتنى بېرىپ ، تومۇرنى بىر تۇتۇپ باقاي دېگەن نىيەتكە كەلگەن… مەن ناماز ئوقۇيالمىساممۇ ، بىكارچىلىقتىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان ياشلارنى بىرەر ئىشقا باغلاپ ، يامان يولدىن تارتىۋېلىشنىڭ كاتتا ساۋابلىقىنى بىلىمەن . ئەمما ، قانداق ئىشقا باغلاشنى بىلەلمەي ، بېشىمدا مىڭ تاغار غەم… مۇنداق دېسەم تۆلەندى ئاخۇننىڭ «‹ داجەي › لىك كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدىمىكىن» دېيىشمىسىلە .

— ها - ها - ها - ها !…

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ، ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى . تۆمۈر قارىم ھەممىدىن بەك كۈلدى . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ چىرايى ئۆڭدى . كۈلكە بېسىققاندىن كېيىن :

— مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ناھىيىگە ، ۋىلايەتكە نەچچە قېتىم باردىم ، — دەپ داۋام قىلدى تۆلەندى ‹ داجەي › مەيۈس قىياپەتتە ، — ھەر قېتىم بارغىنىمدا : «ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىڭلار… » دېگەن گەپتىن بۆلەك ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدىم . قايتىپ كېلىپ تازا ئويلانسام ، ھۆكۈمەت ئوتتۇز يىل كۈچەپمۇ باي - كەمبەغەلنى تەڭ قىلىپ بولالماي زېرىكتىمۇ ، يا باينىمۇ كەمبەغەل ، كەمبەغەلنى تېخىمۇ كەمبەغەل قىلىۋەتكەنىدىن ئىزاتارتىپ قالدىمۇ ؟ بازارنى سودىگەرگە ، يەرلەرنى پارچىلاپ دېھقانلارغا بېرىۋېتىپلا قۇتۇلدى . مانا ئەمدى قارىسام ، ئۇيان ئۆتۈپمۇ «بەر » دەيدۇ ، بۇيان ئۆتۈپمۇ «بەر » دەيدۇ . خۇدا دېھقانغا يەرگە چاچقان ئۇرۇقنىمۇ بەرمەيۋاتسا ، دېھقان ماڭا نېمىسىنى بېرىدۇ ؟… دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايدۇ… ھەربىرلىرى بىلىشمەيلا ، بىزنىڭ قۇمسارايدا گۆڭشېدىن قەرزدار بولمىغان بىرمۇ ئادەم يوق . نەچچە يىلنىڭىزى ئاشۇ قەرزلىرىنى تۆلەپ بولالماي ، نەچچىسى ئىككى ئېغىز ئۆيىنىڭ بىرىنى ئېچىپ ساتسا ، نەچچىسى كىگىز - كېچىكىنى سېتىپ ، داق يەردە قالدى . بۇنداق قىلمىغانلارنىڭ قولغا چىققۇدەكلا بىرنېمىسىنى تارتىۋې-

لىپ يالڭاچلاپ قويدۇق... ھەربىرلىرىنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسام «بۇنداق رەھىمسىزلىكنى كىم قىلغاندۇ؟...» دېيىشىۋاتىلىغۇ ھەقىچان؟

تۆلەندى تۇيۇقسىز گېلىنى بىر نەرسە بوغقاندەك گەپتىن توختاپ، كۆپچىلىككە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى. ھەممەيلەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىشتى. ئۆي ئىچى چوڭقۇر جىملىققا چۆككەنىدى. تۆلەندى سوزۇپ بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ، گېپىنى داۋام قىلدى:

— كىم قىلاتتى؟ مانا مەن قىلدىم! تۆلەندى «داجەي» قىلدى!! «فرانسېسكو»① قىلدى!!! — تۆلەندىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرىدىن ياش كەتتى. ئاۋازى تىترەپ، گەپ ئارىسىدا، بەزى ئۇلۇغ-كىچىك تىنسا، بەزى دۇدۇقلاپ خىرتىلدايتتى. ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق بىچارە ھالەتتە كۆرۈش تۇگۇل، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان تاشمەتخان ئۇستامنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆز چاناقلىرىغا ياش قاپلاشتى. باشقىلارمۇ قىزدقىش، ھېسسىداشلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىغا يەر ئاستىدىن تىكىلىپ، ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى.

— مەنمۇ ئادەم، قولۇمنى يۇيۇپ نان يەيمەن! تۆلەندى مەڭزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاۋازىنى كۆتۈردى، — لېكىن ئامال بولمىدى. ئاجىز كەلدىم... يۇقىرىدىن «قىل» دېگەننى «قىلمايمەن» دېيەلمىدىم. مەن قىلمىسام، چوقۇم باشقا بىرى قىلاتتى... شۇڭا، لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ، قىش-ياز كەتمەننى دولامدىن چۈشۈرمەي، ئەجرىمنى قارا يەرنىڭ باغرىدىن تاپماقچى بولدۇم. «ھەممە ئادەم ماڭا ئوخشاش جان تىكىپ ئىشلىسە، يۇرتۇم گۈللىنىپ، يۇرتداشلىرىمنىڭ قورسىقى تويۇپ، ئەگىنى پۈتۈن بولار» دەپ، كېچە-كۈندۈز ئارام بەرمەي

① فرانسېسكو — بىرازىلىيە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «قۇل قىز ئىسائۇرا» دىكى زالىم غوجىدار.

ئىشلىتىپ ، ئۆينى دۆڭگە ، دۆڭنى ئۆيگە تارتقۇزدۇم . بۇمۇ ئاق-
مىغاندىن كېيىن چوشقا باقتىم ھاراق زاۋۇتى قۇردۇم .
تۆلەندى بىردەم خىرتىلدىغاندىن كېيىن سوزۇپ بىر ئۇلۇغ -
كىچىك تىنىپ ، داستىخاندىكى پىيالىنى قوش قوللاپ ئالدى -
دە ، ئىككى - ئۈچ يۇتۇم ئوتلاپ ، شىلىملىشىپ كەتكەن ئاغزىنى
نەمدىۋالدى . قوللىرى تىترىگىنىدىن پاكىز قىرىلغان ئېڭىكى
بىلەن نىل رەڭ سارجا كەمزۇلىنىڭ مەيدىسىمۇ چاي بىلەن
نەمدەلگىنىنى تۇيمىدى .
— سىياسەت شۇنداقلا ئۆزگىرىۋىدى ، «بۇ دۇنيادىكى
جەننەت — گۇڭشې »نىڭ ۋەتىۋەرىكى چىقىپ ، ماڭا قالغىنى
«داجەي » دېگەن لەقەم ، ئەزالارغا قالغىنى تاغاردا بىر قەرز
بولدى...
تۆلەندىنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي راست ئىدى . ئۇلار ئە-
مەس ، كۆر مىڭلىغان «تۆلەندى »لەر بىلەن مىليونلىغان جاپا-
كەش دېھقانىنىڭ مۇشۇنداق كۆنگە قالغىنىمۇ راست ئىدى ! ئۇلار-
نى مۇشۇنداق كۆنگە قويغان نەرسە — ئانا يەرنىڭ ئۆز پەرزەنت-
لىرىگە ھەممە نەرسىنى «چاغلاپ بېرىدىغان خۇيى» ، تەبىئەتنىڭ
ئارا كۆندە ئالتە قېتىم بارلىق مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارغا «ئۆز
كۆچىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان ئادىتى »نى ئۆزگەرتىش مۇمكىن
بولمىغاندىن تاشقىرى ، ئەڭ مۇھىمى ، «كوممۇنىست» تونىغا
ئورىلىۋېلىپ ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئور-
گانلىرىدا چوڭ ھوقۇقلارنى ئىگىلىۋالغان لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ
قاتارلىق قارا نىيەت سىياسىي بېدىكلەرنىڭ دوقمۇش - دوقمۇش-
تا قۇرغان «قاپقان »لىرىغا «يەمچۈك » بولۇپ كەلگەنلىكىنى
پەقەت بىلەلمىگەنىدى !...
سىياسىي — رەخمان بىلەن شەيتانىنىڭ بىرىكىشىدىن ھا-
سىل بولغان ، قان چىقارماي جان ئالىدىغان ئەپسۇندىن ئىبارەت
بولۇپ ، ئۇ دەسلەپ مەلۇم قەبىلە - مىللەتنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى

قوغداش نامى بىلەن مەيدانغا چىقىپ ، ھەرقايسى قەبىلە ـ مىللەتلەر ئارىسىدا نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ، ھەتتا نۇرغۇن قەبىلە ـ مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى يەر يۈزىدىن قۇرۇتىۋەتتى . دىن ، دىنىي گۇرۇھ ـ مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ، سىياسىيغا يېڭىچە تۈس بېرىپ ، ئۇنى مەلۇم دىن ياكى مەلۇم دىنىي مەزھەپنىڭ نۇرغۇن قەبىلە ـ مىللەتلەرنى بىردىن ، بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى قورالغا ئايلاندۇردى . سىنىپ ۋە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىش نەتىجىسىدە ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت دىن ، مىللەت دېگەن كونا ئەقىدىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ئىككى سىنىپ ، ئىككى تەبىقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى چوڭ بايراق ئاستىغا ئۇيۇشۇپ ، تېخىمۇ چوڭ ، تېخىمۇ قانلىق جەڭلەرنى قانات يايدۇرۇۋەتتى . بۇ جەڭلەر نۇرغۇن يېڭى سىياسىيون ، يېڭى باشلامچى ، يېڭى ھۆكۈمرانلارنى تۇغدى . مۇنداقچە ئېيتساق ، ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى ــ مەلۇم سىياسىي مەقسەتنى چىقىش قىلغان خىلمۇ خىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ مەلۇم سىياسىيوننىڭ باشلامچىلىقىدا يەر شارىنى مىليون ـ مىليون كالللىسى ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويىغان ئېچىنىشلىق جەريان . تېخىمۇ ئېنىقراقى «تارىخ» دېگەن بۇ ئۇقۇم ــ مەشھۇر سىياسىيونلار ـ ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن تىكلەنگەن مەڭگۈلۈك ئابىدە ، ئاشۇ سىياسىيون ــ ھۆكۈمرانلارنى تەختكە چىقىرىش بەدىلىگە ، مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدا جان پىدالىق كۆرسەتكەن سان ـ ساناقسىز مەزلۇملارغا ئوقۇلغان مەرسىيە ، خالاس !...

ئېلىمىزنىڭ تارىخىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ، ئەلۋەتتە . ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، 1949 ـ يىلى ئېچىلغان يېڭى سەھىپە ــ ئېلىمىز تارىخىنىڭ يېڭى بېتى ــ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا «ئېتەكلەرنى ياقا ، ياقىلارنى ئېتەك قىلىپ» ،

ئەسىرلەردىن بېرى زۇلۇم ـ زۇلمەت دەستىدىن قاڭغىر قاقشى-
غانلارنى كۆلدۈرۈپ ، راھەت ـ پاراغەتتە سېسىق كېكىرىپ يۈر-
گەنلەرنى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا ، چىقىۋالغىلى ئاچا تاپالماس
قىلىپ قويغانىدى . بۇنداق مۇھىت كۈرمىگىلىغان «تۆلەندى»
لەرنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇپ ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى مەمۇر-
چىلىق ، خاتىرجەملىك ـ ئاسايىشلىق قاپلىدى . قىسقىسى ،
جەمئىيەت بىر ئەزىم دەريا ، پۇقرالار ئاشۇ دەريادا بەھۇزۇر
يايرىغۇچى بېلىق توپىغا ئايلاندى . بىراق ، كەينى ـ كەينىدىن
ئۇلىشىپ كەلگەن ئايىغى چىقماس سىياسىي ھەرىكەتلەر ، ئاتال-
مىش «خەلق گۇڭشېسى»نىڭ قۇرۇلۇشى ، بولۇپمۇ «تارىختا
مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابى» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئاتالغان فاشىستىك زوراۋانلىق
ھەرىكەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جىمى ئادەمنى ساراڭ قىلىۋەتتى-
مۇ ـ قانداق ؟ ھېچقانداق بىر ئىش ئوڭغا تارتمىدى . ھەممە
يەرنى ۋەسۋەسە ، ھەممە يەرنى نامراتلىق قاپلاپ ، «800 مىليون
ئەجدىھا ـ يولۋاس» ھالسىراپ ، قانسىراپ ، «ئۆھۆ» دېسە ئۆپ-
كىسى ئاغزىدىن چاچراپ چىققۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى .

قۇمسارايلىقلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى !

تۆلەندى مىڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈچە ئويلاپمۇ بۇ-
نىڭدىكى سىرنى تاپالمىدى . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇ-
رۇلغان چاغدىمۇ ، ئۇ تېخى «داجەي» چۈشىنى كۆرۈۋاتاتتى .
ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، تېرىلغۇ
يەرلەر شەخسلەرگە بۆلۈپ بېرىلىدىغان چاغدا ، «سوتسىيالىزم
تۈزۈمى غۇلاپ ، كاپىتالىزم تىرىلگەن»دەك تۇيۇلۇپ ، قىشلىقى
ئۆچەككە كىرگەن ئىمجان قۇرتتەك تۈگۈلۈپلا قالدى . ھەيۋىسى
سۇنۇپ ، غەيرىتى سۇغا چىلاشتى . ئەكسىچە ، شايۇنۇس ئاكا
بۆلەكچە جانلىنىپ ، «كاپىتالىزم يولىغا بېشىچە كىرىپ كەتتى»
. باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭ كەينىدە قالغۇسى كەلمىدى...

«كۆرۈمىز...» دېدى تۆلەندى ئىچىدە چىشلىرىنى غۇچۇر-
لىتىپ . لېكىن ، كۆرگىنى كۈتكىنىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى بول-
دى . مانا شۇ چاغدىلا ئۇ ، ئۆزى ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى
ھەر دەرىجىلىك يىغىنلاردا ئاڭلىغان ، گېزىت - ژۇرناللاردىن
ئوقۇغان ، دەپتىرىگە پۈتكەن ، مېڭىسىگە «قاچىلىغان» سىياسەت
خاراكتېرلىك «ئەنگۈشتەر» لەرنى بىر - بىرلەپ ئالدىغا تى-
زىپ ، نۆۋەتتىكى مەۋجۇت رېئاللىق بىلەن شۇنداقلا سېلىشتۇ-
رۇپ كۆرۈۋىدى ، تۇيۇپ - تۇيمايلا توققۇز بالىغا ئاتا بولۇپ
قالغاندىن بۆلەك ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەندىن تاشقىرى ، يۇرت-
داشلىرىنى تالىجىقتۇرۇپ ئۆلتۇرۇپ قويۇشقا تاس قالغىنىنى
تۇنجى قېتىم سەزدى - دە ، قاتتىق چۆچۈدى . گۇڭشېدىن قالغان
قەرزلەرنى يىغىش — ئۇنى مىڭ قېتىم ئۆلتۇرۇپ ، مىڭ قېتىم
تىرىلدۈردى . چاپارمەنلەر كىملەرنىڭدۇر ئۆيىنى چېقىپ ، ياغاچ -
تېشىنى قەرزىگە ھېسابلاپ ، ئەترەتنىڭ ھويلىسىغا دۆۋىلىگەن ؛
كىمنىڭدۇ كىگىز - كېچىكىنى سۆرەپ چىقىپ ، ئۆيلىرىنى
يالىڭاچلاپ قويغاندا يۈرىكى ئېچىشىپ ، كۆز چاناقلىرىغا ياش
قاپلاشسىمۇ چىداپ تۇرۇپ چاندۇرمىدى .

«ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش» دېگىنى مۇشۇنداق ئىش ئىكەن -
دە ! — دەيتتى ئۇ ، ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ ، —
يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ، ئاۋۋال بايلارنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى
تارتىۋېلىپ ، كەمبەغەللەرگە تەڭمۇ تەڭ بۆلۈپ بەرگەن . ئاز-
دىن ، ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇپ ، سەككىز - ئون ئائىلىنىڭ
يېرىنى بىر يەرگە يىغقان . ھوسۇلىنىمۇ ھەممەيلەنگە تەڭ بۆلۈپ
بېرىپ ، ھەممە ئادەمنى تەڭ قىلغان . ئۇ چاغدا قورساق توق ،
كىيىم پۈتۈن ، كۆڭۈل خۇش ئىدى . ئادەمنىڭ ئىشلىگەنسېرى
ئىشلىگۈسى كېلەتتى . كېيىن باشلانغۇچ كوپىراتىپ ، ئالىي
كوپىراتىپ قۇرۇلغان چاغدىمۇ ، ھېچكىمنىڭ چۆپى چەتنىمى-
گەن . نىكۇنىكى گۇڭشې قۇرۇلدى ، دېھقاننىڭ قولىدىكى يەر

تۇگۇل ، قازان ـقۇمۇچىمۇ يىغىۋىلىنىپ ، مورىسىدىن تۈتۈنمۇ
چىقمايدىغان بولدى . كىمنىڭ مورىسىدىن تاسادىپىي تۈتۈن چى-
قىپ ، بىرەر يۇتۇم ئاق ئۇششاق قايناتقىنى سىزىلىپ قالسا ،
كۆرگۈلۈكنى كۆردى . ئەترەت ئاشخانىسىنىڭ داش ـ قازىنى ،
كېيىنكى چاغلاردا بىر شائىر مەسخىرە قىلىپ :

قازان تار كەلمىگەي ، ئوتتۇز كىشى لەيلەپ ـ چۆكۈپ ئۈزسە ،
تۇمۇچۇق دانچۇقى تولماس ، چۆپىنى تور سېلىپ سۈزسە .

دەپ يازغاندەك يوغان بولۇپ ، ئوتتۇز نەچچە ئۆيلۈك ئادەم قاچام-
غا نېمە چىقاركىن دەپ تەلمۈرۈپ ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە غاز قانىتى
بولۇپ سائەتلەپ تىزىلىپ تۇرۇپ ، بىرەر ئادەم قورسىقى تويۇپ
كارىدە بىرنى كېكىرەلمەي نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئادەمگۇ
ئادەم ، داشمۇ پۇتۇن يۇرتنىڭ دەل ـ دەرىخىنى يالماپ تۈگىتىپ-
مۇ قورسىقى تويماي هالسىراپ ، قايناشتىن توختىدى ...
ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ـ بىرىدىن جاپالىق ، بىر ـ بىرىدىن
مۇدهىش ئايلار ، يىللار ... گۇڭشې بەربات بولغاندىن كېيىنكى
قىسقىغىنا خاتىرجەملىك ... ئۆلىشىپلا يېتىپ كەلگەن قەرز سۈي-
لەپ دېهقانلارنى يالىڭاچلاش ... ئاه ... بۇ «ئىسلاهات»نىڭ ئايى-
غى نەدىن چىقار ؟ بۇرۇنقۇ گۇڭشېغا ئىشلەيتتۇق . بۇنىڭدىن
كېيىن شەهەردىكى ئىشچى ـ كادىرلارغا ئوخشاش ئايلىقچى ـ
مائاشچى بولۇپ كېتەرمىزمۇ ؟ ياق ، هەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ !
هۆكۈمەت دېهقانلاردىكى قەرزنى يىغىۋېلىشقا كۆزى يەتمەي ، يەر-
لەرنى ئۇلارغا ۋاقىتلىق تەقسىملەپ بەرگەن گەپ . قەرزنى يى-
غىپ بولۇپلا ، يەرلەرنىمۇ يىغىۋالىدۇ . ئۇ چاغدا ...
تۆلەندى ئويلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ، ۋاڭ بىيلەينىڭ
ئىشىكىنى قاقتى . كۆڭلىگە كەلگەننىڭ بىرىنىمۇ يوشۇرماي
ئۇنىڭغا دېدى .

دەسلەپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ ئول-تۇرغان ۋاڭ بىيلەي كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— خەيمەسى لىن بىاۋ، سىرىنباغدى يىشى. ماۋجۇشى بىلمەيدۇ... جياڭ چىڭ ماۋجۇشىنى ئالدەيدۇ... بۇنى دېڭ شياۋپىڭ بىلەي... سىيزى ئەنسىرىمىسۇڭ. دىيخەنگې يىئەر بەيدىما، يىگىيمە يىلى يۇزى تېرىڭ، يۇزى يەڭ. سىزىما كارى بومىسۇڭ... باشكا يىشى كىيسىمۇ مەيلى. دىيخەن خەيمەيسى باي بوسۇڭ... دېڭ شياۋپىڭ شيۇڭداكى دىيدى. دېڭ شياۋپىڭدى گەيپۇما — جۇڭياڭدى گەيپۇ...

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان!...

تۆلەندى ھاياجانلانغىنىدىن، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتكىنىنى-مۇ تۇيمىدى. ۋاڭ بىيلەي تۆلەندىگە يەنە بىرمۇنچە سىياسەت خاراكتېرلىك ئىشلارنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، خىزمەت شى-رەسى ئۈستىدە دەستىلەكلىك تۇرغان قەغەزلەر ئارىسىدىن مەر-كەزنىڭ قىزىل باش، قىزىل تامغىلىق بىر پارچە ھۆججىتىنى ئايرىپ ئېلىپ:

— مانى كۆرۈپ باكسۇڭ. جۇڭياڭ يېڭى كېلەي، — دەپ تۆلەندىگە ئۇزاتتى.

تۆلەندى چاچراپ ئورنىدىن قوپتى-دە، ھۆججەتنى ئۇنىڭ-دىن ئىككى قوللاپ ئالدى، ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا يېزىلغىنى — دېھقانلارنى ئورتاق باي قىلىش توغرىسىدىكى گەپلەر بولۇپ، دېھقانلارنىڭ شىللىسىدىكى قەرز-لەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ھېچنەرسە دېيىلمىگە-نىدى. تۆلەندى روھلىنىش ئورنىغا، سولاشسىيىپ كەتتى. چۈن-كى ئۇ، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى «ئورتاق بېيىش» دېگەن گەپنى تولا ئاڭلاپ قۇلىقى پاڭ بولۇپ كەتكەن؛ مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىل-

غان ، ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشقا زورلىغان . ھېچ-كىمنى ئاچلىقتا ئۆلتۈرۈپ قويمىغان بولسىمۇ ، ھېچكىمنى باي قىلالمىغان . تېخى ئۇ چاغدا ، تېرىلغۇ يەرلەر ئۇنىڭ قولىدا ئىدى . نېمە تېرىش - نېمە ئېكىشنى ئۇنىڭ ئۆزى بەلگىلەيتتى . ئۇ چاغدىكى ئالتە ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ھازىر 300 نەچچە ئائىلىگە بۆلۈنۈپ كەتتى ، يەرلەرمۇ شۇنداق . ھەممە ئادەم ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن . كىمنىڭ نېمە تېرىغۇسى كەلسە شۇنى تېرىيدۇ . ھوسۇلمۇ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئامبىرىغا ئەمەس ، بەلكى ھەر كىمنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرىدۇ . ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپ كەتمىسە ، ھېچكىمدىن ھېچكىمگە بىر تال دان ئېلىپ بېرىپ ، «تەڭ بېيىتقىلى» بولمايدۇ .

« ‹ئورتاق باي › قىلىمىش ! قۇرۇق گەپ !... ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭىزى ئاز ئاڭلىدۇقمۇ بۇ گەپنى ! ؟ يەرنى ئورتاق باشقۇ-رۇپ ، ئورتاق تېرىغان چاغدا باي قىلالمىغان خەقنى ئەمدى قويۇپ باشقىلارنىڭ تاغىرىدىكى داننى ، ئاغزىدىكى ناننى تارتىۋې-لىپ باي قىلىمىزمۇ ؟ ! ‹گۆشىدىن قالغان قەرزىڭنى تۆلە !... › دەپ ، خەقنىڭ قوڭىدىكى ئىشتانىنىمۇ سالدۇرۇۋېلىۋاتقان تۇرۇق-لۇق ، ‹ئورتاق بېيىش › توغرۇلۇق گەپ سېتىپتۇ تېخى ! ...نوچى بولسا ، مۇشۇ ھۆججەتنى چۈشۈرگەنلەر ئاۋۋال بىرەر يىل دېھقان بولۇپ ، دېھقان قىلغاننى قىلىپ ، دېھقان يېگەننى يەپ ، دېھقان ياتقان پاخالدا بىر يېتىپ باقسۇنچۇ !... كۆڭلۈكى ئادەم يىلىكىدىن بۆلەكنى يەپ ، لۆم - لۆم كارىۋاتتا ئېغىناپ يېتىپ ، جەننەتتەك ئېسىل ئىشخانا ، لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قەلەمنى كىتىرلىتىپ ، بىچارە پۇقراغا ‹ئۇنى قىل ، بۇنى قىل › دەپ يازماق تەسمۇ ! ؟ كاشكى ، گۆشىنى چۈۋۈۋەتكەن خەق ‹گۆشىدىن قالغان شالتاقنى ئۆزىمىز تازىلاپ ، دېھقاننىڭ بېشىدىكى تۆگمەن تېشىنى ئېلىۋېتىمىز... › دېگەن بولسا كىم-نىڭ دەردى ! ؟ »

تۆلەندىنىڭ كۈتكىنىمۇ ، ۋاڭ بېيلەينى ئىزدەپ كېلىشتىكى
مەقسىتىمۇ مۇشۇ ئىدى . ۋاڭ بېيلەينىڭ «يىگىرمە يىلغىچە
سىياسەت ئۆزگەرمەيدۇ···» دېگەن گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يايرى-
تىپ ، يۈرىكىنى توختاتقان بولسىمۇ ، قولىدىكى ھۆججەت ئۇنىڭ
كۆزلىرىگە داش قازاننى كۆرسىتىپ ، قەرزلەر يىغىلىپ بولۇشى-
غىلا ھەممە ئادەم قوي پادىسىدەك بىر «قوتان»غا سولىنىپ ،
«پادىچى» بەرسە يەپ ، بەرمىسە چىشىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ ،
«ئورتاق بېيىش» يولىدا تېخىمۇ مۈشكۈل ، تېخىمۇ جاپالىق
كۈنگە قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، قول ـ ئايىغىدىن ماغدۇر كەتتى .
يۈرىكى توختاپ قېلىۋاتقاندەك ، دېمى كېسىلىپ كېتىپ باراتتى .
چۈنكى «گۇڭشې» ، «دادۈي» دېگەن ناملارنىڭ ئورنىنى كىشى-
لەر ئالىقاچان ئۇنتۇپ كېتىشكە باشلىغان ، بەزى ياشلار ئاڭلاپمۇ
باقمىغان «يېزا» ، «كەنت» دېگەن ناملار ئىگىلىشى ، تۆلەندى-
نىڭ نەزىرىدە ، جىمى ئادەمنى بىزار قىلغان سېسىق نامنى
يەڭگۈشلەش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆزىنى باغلاپ ، «گۇڭشې-
لىشىش»تىنمۇ چوڭراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىشنىڭ سىگنالى
قەرز يىغىش ـــ ئىش باشلاشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىقى ئىدى ،
خالاس···

تۆلەندى ئۈچ يۈز نەچچە ئائىلىلىك دېھقانغا «ئاتا» بولغان
ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ، مۇنداق «ئويۇن»لارنى جىق كۆر-
گەن . تۇنۇگۈن ئۆزى «توغرا» دەپ جار سالغان نەرسىنى
بۈگۈن «خاتا» دەپ كاركىراپ ، ئىككى پۇلغا ئەرزىمەس نەرسىگە
ئايلاندۇرۇپ ، مىڭلىغان ئون مىڭلىغان ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن
بولسىمۇ يا يۈزى قىزارمايدىغان ، يا تەختى تەۋرىمەيدىغان لىن
بياۋ ، جياڭ چىڭغا ئوخشاش سىياسىي بېدىكلەرنىڭ ئالدام خال-
تىسىغا تولا چۈشۈپ ، ئۇلار ئوقۇغان «ئەپسۇن» بىلەن ئۆزىنى-
مۇ ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالداپ ، ئاخىرقى ھېسابتا ، «داجەي» دېگەن
قۇرۇق نامدىن بۆلەك ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەن تۆلەندى ،

ئەمدىلىكتە ھاكىم ، شۇجىلارنىڭ بىرى بىرىدىن تەسىرلىك نۇ-
تۇق - يولىيورۇقلىرى تۇرماق ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك
ئورگانلارنىڭ قىزىل باشلىق ھۆججەتلىرىدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان
بولۇپ قالغانىدى . ئۇ بۇنى ئىچىدە بىلەتتى . ھەرگىزمۇ خىيالىغا
كەلگەننى سۆزلەپ چاندۇرۇپ قويمايتتى . بۇنى پاكىت ئۆگەتتى ،
ئەمەلىيەت ئۆگەتتى ، ئۆزى ئۆمۈر بويى ئىخلاس قىلغان قاراند-
يەت سىياسىي بېدىكلەر ئۆگەتتى . ئۇ بىر مەزگىل «ئاغزىنى
تىكىۋېتىش» نىيىتىگە كەلگەنىدى . بولمىدى ، قەرز تۆلەپ ئۆي-
لىرىنىڭ ئۆگزىسى ئېچىلىپ كەتكەن ، كىگىز - كېچەكلىرى
پاخال بىلەن ئالماشقان يۇرتداشلىرى بۇ سورۇقچىلىقنى پۇتۇنلەي
ئۇنىڭدىن كۆردى . بەزىسى ساغدىغىنى ئېسىپ ئالدىغا دېۋەيلە-
سە ، بەزىسى كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ تۇرۇپ قارىغىدى .
خوتۇن - بالىلىرىنى قوشۇپ - قارماپ تىللىدى . ئۇنىڭ چۈشەن-
دۈرۈشلىرى ھېچكىمگە كار قىلمىدى . ئەمدى يەنە گەپ قىلمى-
سا ، تىل - قارغىش ئاستىدا ياشايدىغان گەپ .

ئەزالارنىڭ مۇڭ - زارىنى يېزىغا — توختى تۇرلارغا
يەتكۈزۈپ ، ئۇلاردىن ئازراق رەھىم - شەپقەت تىلەپ باقسىچۇ ؟
بۇنىڭلىقا ، ئۇلار ئۇنى «سىياسەتكە قارشى تۇردۇڭ» دەپ بىر-
نېمە قىلىۋەتمەس ؟ ! ياق ، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ : ئۇلارمۇ
سىياسەتنىڭ قولى — سىياسەتنى ئىجرا قىلغۇچى . ئۇلاردىن
ئۇنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ، يۇرتداشلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى قۇ-
رۇتقىدەك جاۋابمۇ ، تەدبىرمۇ چىقمايدۇ . سىياسەت ناھىيەدىن
كەلگەن . ئۇنى تۈزگەن ئادەم ۋاڭ بىيلەي . ئەڭ چوڭ «دادخا»
مۇشۇ . ھامان بارىدىغان ئىش بولغاندىكىن ، ئۇدۇللا شۇنىڭ
قېشىغا بېرىپ ، دەيدىغاننى دەپ - دېۋەتسە ، يا ئۆزىنىڭ يۈزىنى
قىلىپ بولسىمۇ ، قەرز سۈيلەشنى سەل بوشاشتۇرار ، يا بولمى-
سا ، بىر قىسىم نامرات - ئاجىزلارنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە
ئاتىدارچىلىق قىلار . ئەگەر ئۇمۇ تىلىنى چاينىسا ، تۆلەندى

ئاپتونوم رايونغا ، مەركەزگە بارالمىسىمۇ ، دادۇينىڭ تراكتورىغا ئولتۇرۇپلا ۋىلايەتكە بارالايدۇ . ئۇ يەردە ئۇنى تونۇيدىغان ، ئىشىدىكىدىن كىرىپ بولغۇچە ئورنىدىن قوپۇپ ، ئىشخانىسىنىڭ تۆرىگە باشلايدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بار . ئەنە شۇلار…

تۆلەندى بىرىنچى قەدەمنى باستى . ۋاڭ بىيلەي ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ ، قىزىل باشلىق ھۆججەتنىمۇ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . قەرز توغرۇلۇق نېمە دەر ؟

— بۇ ھۆججەت بەك ياخشى ، بەك خۇدىخىنىكەن ، — دەپ ھىجايدى تۆلەندى ، — ھەممە ئادەم ئورتاق بېيىسا ، مەندى ئارزۇشۇ !… ھازىر بىزنىڭ گۇڭشېدا ، ياق ، يېزىدا ، «گۇڭشېدىن قالغان قەرزنى تۆلە» دەپ ، ئەزالارنىڭ پاكىزىسىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتىشكىچە… ھەممە ئادەم يىغلاشقىچە ، مېنىمۇ ، سىلىنىمۇ تىللاشقىچە… سىلە بىلەمدۇ ؟

— مەن بىلىدۇ ، — ۋاڭ بىيلەي قولىدىكى كولدانىنى بىر چەتكە سۇرۇپ قويدى ، — سىزنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى ، مۇشۇداكى يىشى توخۇلا ئەيمەيسى… دىخەندا پۇلۇ ياۋكى ، ئۆيمۇ ياۋكى بوسا كاشدا كىلا ؟ — تۆلەندى تۇيۇپ - تۇيمايلا كولۇمسىرىدى . كۆزلىرى ۋاڭ بىيلەينىڭ ئاغزىدا ئىدى ، — كەيىز يىگىشى جوشياشدى گەيپۇ . پۇلۇ بوسا ئازىر بەيسوڭ ، بومۇسا كەييىڭ بەيسە بودى ئەيمەسىما ؟ !

— دۇي - دۇي ، توغرا دېدىلە !

تۆلەندى جانلىنىپ كەتتى . ۋاڭ بىيلەي تەمكىن قىياپەتتە گېپىنى داۋام قىلدى :

— سىزى شيۇشداكى كىيسوڭ…

— ماقۇل . شىڭ ، شىڭ !

— مەن بىير باۋگاۋ يازىدى . چاڭۇيي مۇزاكىرە كىلا . دىۋيگە يوللەيدۇ . دىۋيي تەستىكلەيدۇما ، كەيمۇ بەيخەلىدىن كەيزى ئامەيدۇ…

— ئەجەب ئوبدان قىپلا ، ۋاڭ شۈجى ! مىڭ يىل ياشاپ كەتسىلە !

— ۋېنداكې دىيمىسۈڭ ! خەيمەيسى مەندە خاتا... دىيخەن جىيكى زىياڭ بودى ، مەن يىزا تاتا...

ۋاڭ بىيلەي نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ، يېزىلارغا ئائىت سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا سادىر بولۇۋاتقان خاتالىقلار ۋە بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىش يۈزىسىدىن تۈزۈلگەن چارە - تەدبىرلەرنى تۆلەندىنىڭ قۇلىقىغا بىر - بىرلەپ «قۇيدى» ۋە ئۇنى تېخىمۇ دادىل ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى . تۆلەندى «ئورتاق بېيىش» دېگەن ئۇقۇمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سورىغاندا ، ۋاڭ بىيلەي بىرمۇنچە گەپ ئەگىتكەندىن كېيىن «ئورتاق بېيىش» ئۈچۈن بىر قىسىم ئائىلىلەرنى ئالدىن بېيىتىپ ، كۆپچىلىكنى ئۇلار ماڭغان يولغا يېتەكلەش ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ ، ھەممە ئادەمنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ باي بولۇشقا ئىنتىلىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى . بۇ ئەمەلىيەتتە ، «ھەممە ئادەم ئۆز جېنىنى باقىدۇ . ھۆكۈمەت ئۇلاردىن ئالىدىغان سېلىقتىن بۆلەك ھېچكەرسىگە ئىگە بولمايدۇ...» دېگەنلىك ئىدى .

تۆلەندى بۇنىڭ بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇنقى «يەر ئىسلاھاتى»دىن كېيىن بىر مەزگىل داۋام قىلغان سىياسەتنىڭ باشقىچە شەكىل بىلەن تەكرارلىنىشى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى - دە ، كۆڭلى خېلىلا ئەمىن تېپىپ ، ۋاڭ بىيلەينى ئىزدەپ خاتا قىلمىغانلىقىدىن سۆيۈندى . قايتىش ئالدىدا :

— نىگا ، نىگا ، تۆلىگۈدەك پۇلى يوق نامرات دېھقانلاردىن قەرزنى يىغماڭيىخا قىلسا بولامدۇ ؟ — دېگەنىدى . ۋاڭ بىيلەي :

— بولىدۇ ، شىيۇڭداكې كىسۇڭ . مەن تو شۈجىغا دېيەنخۋا بېرەي . سىزنى كوللىسۇڭ...

— خو ، خو... رەھمەت ۋاڭ شۇجى ! شەشە !...

دېگەندەك ، گۇڭشي «توخۇغا دان چوقۇتقاندەك» چاغلاپ بەرگەن «يەم» بىلەن يا ئۆزىنى ، يا كۆزى تويماي ئېچىرقاپ كەتكەن قۇمسارايلىقلارنى تۆلەندى «داجەي» ئەمەس ، بەلكى ھەركىمنىڭ ئۆز نەپسى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ يۈرۈپ ، بەزىلەرنى ئىككى - ئۈچ يىلدىلا «يامبۇدا ئىشىك تاقايدىغان» بايلارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى . يەنە بەزىلەرنى كەپسەنگە ، زاكاتقا تايانمىسا ، مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى . ئەڭ بېيىغان ئادەملەر سوپۇر ئاخۇن بىلەن شايۇنۇس ئاكا ئىدى . ئۇلار ھەر يىلى تاپقىنىنىڭ يېرىمىنى نامراتلارغا بېرىپمۇ ئۇلارنى «تىرىلدۇرۈپ» بولالمىدى . باشقا بايلارمۇ ئۇلارنى دوراپ بېقىپ زېرىكتى . قىسقىسى ، «ئورتاق بېيىش» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە بايلار تېخىمۇ بېيىپ ، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىشىۋەردى . بۇ ھال ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى «باي كەمبەغەلنى تەڭ قىلىش» غېمىدە چېچى ئاقىرىپ ، چىشلىرى سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ باشقىلار تۇگۇل ئۆزىنىڭ بىر چاپىنىنى ئىككى قىلالمىغان تۆلەندىنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلدى . يېگىنى چىرايىغا چىقمىدى . خىيالىدىن تاشمەتخان ئۇستام بىردەممۇ نېرى بولمايتتى . راست ئەمەسمۇ ؟ قۇمسارايدىن ئىككى پارچە ئەسكى كىگىز ، يوتقان - كۆرپە بىلەن توققۇز جان ئادەمنى كەينىگە سېلىپ قېچىپ كەتكەن بۇ ئادەم شەھەر كوچىلىرىدا ئات - ئېشەك ئورنىدا ھارۋا سۆرەپ ؛ خوتۇن - بالىلىرى تىلەمچىلىك ،قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلىپ ، نەچچە يىل ئاچ - يالىڭاچ ئۆتۈپ ، بۇ كۈنگە كەلگەندە ، ئەللىك - ئاتمىش ئادەمنى ئىش بىلەن ، «ئاش» بىلەن تەمىنلەپ ، شەھەردە «تۆتنىڭ بىرى» بولۇپ يۈرمەمدۇ ؟ ! سالى بىلەن تاجىگۈلچۇ ؟ ئۇلار ئون نەچچە يىل ئۇيانىدىن بۇيانغا قېچىپ يۈرۈپ ، پۇڭلاپ - كويلاپ يىغقان پۇللىرىنى دەسمايە قىلىپ ،

تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئازغىنا يول مېڭىشى بىلەن شەھەرنىڭ كىندىكىدە ئاشخانا ئېچىپ، ئونلاپ ئۇستا ـ نىمكارغا خوجايىن بولۇپ، ئاغزىنىڭ يېلى بىلەنلا كۈنلۈكى بىرەر مىڭ كوي تېپىۋاتىدۇ. قۇمسارايغا كېلىپ ـ كېتىشتە، ئاپتوبۇسنى ياراتماي پىكاپ بىلەن مېڭىشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەملەر شۇ چاغدا قۇمسارايدىن قېچىپ كەتمەي، باشقا «ئۇنسۇر»لارغا ئوخشاش كەتمەننىڭ قولى بولۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارغا بۈگۈنكىدەك «كەل ـ كەلچىلىك» نەدە تۇرۇپتۇ؟! ھازىر قۇمسارايىنىڭ ئەڭ يوغان يېڭى بايلىرىدىن بىرى سانىلىدىغان شايۇنۇس ئاكا دادۇيىنىڭ توك تۈگمىنى بىلەن توك سوقىسى، توك جۇۋىزىنى ھۆددە ئېلىپ، يەتتە ـ سەككىز نامرات يىگىتنى يېنىغا تارتمىغان بولسا، ئۇمۇ «يەر چاغلاپ بەرگەن»نى يەپ يۈرمەسمىدى!؟ سوپۇر ئاخۇنچۇ؟... سوپۇر ئاخۇننى گۈلزار خانىم، ياق، تاشمەتخان ئۇستام بېيىتتى!...

«تاشمەتخان ئۇستامدا نېمە سىر باردۇ؟ يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ، ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، قۇمسارايدا قىلغان، كۆرگەن ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ تازا ئىچ ـ قارنىمنى تۆكۈپ، ئاندىن يۇرتداشلىرىمنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ باقسام قانداق بولار؟... قۇدا ـ باجىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئىككى ئېغىز ئوبدان مەسلىھەت بەرسىغۇ بەردى، بىر چاغدا قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنى يادىغا ئېلىپ: ‹قانداق، تۆلەندى ئاخۇن؟ ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ بولىدىغانلىقىنى بالدۇرراق ئويلىغان بولسىلا، ئۆزلىرىگە مۇشۇ كۈن يوق... خۇدايىم بىر ئادەمنىڭ بەش بارمىقىنى بەش خىل ياراتقان تۇرسا، سىلىدەك بىر ئادەم نەچچە يۈز ئۆيلۈك دېھقاننى ئورتاق بېيىتىپ، باي ـ كەمبەغەلنى قانداق تەڭ قىلالايلا؟ ئۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە ئالدىنىۋەرمەي، ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى يېسىلە ئەمدى!› دېسە قانداق قىلار-

مەن ؟··· ئارىغا گۈلزار خانىم بىلەن سوپۇر ئاخۇننى قويۇپ
باقايمۇ يا ؟··· »
تۆلەندى مۇشۇنداق خىياللار بىلەن نەچچە ئۇمىدلىنىپ ،
نەچچە خېمىغا يېنىپ ، تاشمەتخان ئۇستامغا ئىچ - قارنىنى
تۆكۈۋالىدىغان نى - نى ياخشى پۇرسەتلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەت-
تى ، ھەتتا تاشمەتخان ئۇستام قۇمسارايدا ئوتتۇرا مەكتەپنى
پۈتتۈرگەندىن كېيىن قىلغىلى ئىش يوق ، بىكارچىلىقتا لەلەڭ-
شىپ يۈرگەن ياشلاردىن يىگىرمە - ئوتتۇزنى ئىشلىق قىلىپ
قويۇش نىيىتى بارلىقىنى پۇراتقاندىمۇ تىلىنى چايناپ ، كېسىپلا
بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . ئۇنىڭ تېلى كېسىك ،
يۈرىكى پۇشايماندىن ئۆرتىنەتتى . چۈنكى ، باشقىسىغۇ بىر نۆ-
رى ، ھېلىقى تىرنا ئۇستىگە يىقىلىپ ئۆلگەن جەدە ئايغىرنى
باھانە قىلىپ ، تاشمەتخان ئۇستامنى ئۇرۇپ - دەسسەپ چالا
ئۆلۈك قىلىپ قويغىنى پەقەتلا ئېسىدىن چىقمايتتى . شۇنداقلا
ئېغىز ئاچاي دېسە ، ئاشۇ ئىش كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، تىلىنى
باغلايتتى . يۈزلىرىنى قىزارتىپ ، يۈرىكىنى داغلايتتى . ئۇنىڭ
بىلەن خوشلىشىپلا ، دوزاخ ئوتىدا كۆيگەندەك ئازابلىناتتى . لې-
كىن ، نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنى ئۆزىنى ، يۈرتداشلىرىنى نامراتلىقتىن
قۇتقۇزغۇچى «ئەۋلىيا» قىياس قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى
ئۈزەلمەيتتى . پۇرسەت كۈتەتتى···
ئاخىر پۇرسەت كەلدى ، مانا بۈگۈن تۈيۈپ - تۈيمايلا ئۇنىڭ-
غا دېيىشكە پېتىنالماي ، يۈرەك سىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ-
نىڭغىلا ئەمەس ، ئۇنىڭ قۇدا - باجىلىرى ئالدىدا بىراقلا تۆكۈ-
ۋەتتى . بۇنىڭ سەۋەبچىسى ــ تۆمۈر قارىمىنىڭ يەر سېتىۋې-
لىپ ، چوڭراق زاۋۇت قۇرۇپ ، جەمئىيەتتە ئىشسىز لاغايلاپ
يۈرگەن بىر تۈركۈم ياشلارنى ئىشلىق قىلىپ قويۇش ئارزۇسىنى
ئاشكارىلىشى بولدى .
ئويلاپ بېقىشىسلا ، ــ دېدى تۆلەندى گېپىنى داۋام قى -

لىپ ، — دېھقاندا نېمە تولا ؟ قارا كۈچ تولا ! «كۈچۈم بار»
دەپ ، بىر چاغدىكىدەك كېچە - كۈندۈز بىكار تۇرماي كەتمەن
چاپساقمۇ ، يەرنىڭ بېرىدىغىنى «ئاتام ئېيتقان بايىقى» . يىلدا
ئىككى - ئۈچ كەتمەن چېپىپ ، توققۇز - ئون ئاي ئوڭدا
ياتساقمۇ بېرىدىغىنى شۇ تۇرسا ، ئاشقان كۈچنى نېمىگە ئىشلە-
تىمىز ؟ ! — تۆلەندى ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمىكىن ، كۆزلە-
رىگە «غىل - غىل ياش ئېلىپ ، پۇشۇقۇنۇپ سۆزلەيتتى .
ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھېسداش-
لىق قىلىۋاتقاندەك ئىدى . كۆزلىرى ئۇنىڭدا ئىدى ، — شۇڭا
ھازىر بوش ۋاقىتلىرىدا شەھەرلەرگە كىرىپ ، دۈم يېتىپ - دۈم
قوپۇپ مەدىكار ئىشلەپ ، ئاز - تولا پۇل تېپىپ كېلىۋاتقانلارمۇ ؛
مەدىكار ئىشلەپ تاپقان پۇلى بىلەن شەھەردە ئۇششاق - چۈشەك
تىجارەت قىلىپ جان بېقىپ ، ھۆددە ئالغان يېرىنىمۇ ، خوتۇن -
بالىلىرىنىمۇ تاشلىۋېتىۋاتقانلارمۇ كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇۋاتىدۇ .
مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ، يەنە نەچچە يىلدا ھەممە ئادەم شەھەرگە
قاپلىشىۋېلىپ ، سەھرادا قېرى - چۈرىلەرلا قالامدىكىن دەپ
ئەنسىرەيمەن...

— توغرا ، بۇ گەپمۇ بار ، — تاشمەتخان ئۇستام گەپ
قىستۇردى ، — «تېرىيدىغان ئادەم بولمىسا ، يەرلەر ئاق قال-
دۇ» دېسىلە !...

— شۇنداق ، — تۆلەندى «داجەي»نىڭ كۆز چاناقلىرى-
دىن ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىپ ،
بۇرۇتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى . ئۆي ئىچى تېخىمۇ جىمىلىققا
چۆكتى . داستىخاندىكى بەيتىللانىڭ تەۋەررۇكى — خورما ،
زەمزەم...لەرگە ھېچكىم قول ئۇزاتمىدى ، — دادۇيىمىزدىكى
ئۈچ يۈز نەچچە ئۆيلۈك ئەزانىڭ كۈنى گۇڭشې بويىچە ھەممە
دادۇيلەرنىڭكىدىن ياخشى . ئۆزۈمنى ئالسام ، قولۇمنى نەگە ئۇ-
زاتسام شۇ يەرگە يېتىدۇ... ھەربىرلىرىگە سېلىشتۇرسام ، ئۆ-

زۇمنى تەھتى ئەسىرادا كۆرۈمەن . شۇنچە يىل ماڭا ئەگىشىپ داجەيدىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ ، چاپىنى تىزىدىن ئاشمىغان ئەزالارنى كۆرسەم كۆڭلۈم بۇزۇلۇدۇ... باياتىن تاشمەتخان ئۇستام ناھايىتى بەلەن بىر گەپنى قىلدى ، يەر تۇغمايدۇ ، ئادەم تۇغۇدۇ . ئادەم قانچە كۆپەيسە ، يەر شۇنچە ئازىيىدۇ... ھەربىرلىرىدە پۇل بار ، بىزدە يەر بىلەن ئادەم بار . ئەگەر : «بىزنىڭ پۇلىمىزنىڭ سايىسىدە ئاشۇ نامرات دېھقان قېرىنداشلىرىمىز ئاز ـ تولا پىتلىنىپ قالسۇن ، بىزمۇ ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيالىق ساۋاب تاپايلى» دېيىشسىلە ، قۇمسارايدا چوڭراق بىر زاۋۇت قۇرۇپ ، بىكار لەلەڭلەپ يۈرۈۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ قولىنى ئىشقا تەگكۈزۈشسىلە...

تۆلەندى «داجەي» سوزۇپ بىر تىنىۋېلىپ ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتتى . ئاندىن ، ئەتراپىغا غىل ـ پاللا قارىۋېتىپ ، گېپىنى مۇنداق تۈگەتتى :

— باياتىن بىر پىڭپاڭ يەرنىڭ باھاسى مىڭ بەشيۈز يۈەننىڭ گېپى بولدى . مەن ئاشۇ پۇلغا بىرمو يەر ئەپپېرەلمىسەم ئىككىنچى دىدارىمغا قاراشمىسىلا !...

ئۇ شۇنداق دەپلا يۈزلىرىنى تۇتۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ ، تىنىقىنى كېسىۋەتتى . ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە كەينى كەينىدىن «ئۇھ» تارتىشتى . ھەممەيلەننىڭ چىرايى ئۆڭگەن ، كۆزلىرىدە مۇڭ . ئۆي ئىچى شۇنداق جىمجىتكى ، تۆلەندى «داجەي»نىڭ خىرتىلدىشىدىن بۆلەك ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايدۇ...

ئىسلام ھاجىم سوزۇپ بىر تىنىپ ، نېمىدۇر دېيىشكە تەمشەلگەنىدى ، تاشمەتخان ئۇستام چاققان كەلدى :

— بولدى ، قۇدام ، مۇشۇ گەپلىرى يەتتى . سىلە زاۋۇت قۇرۇدىغان يەرنى ھەل قىلىپ بېرەلىسىلىلا ، قولۇمدىكى نەق پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىگە تۇتتۇم . ئاشۇ نامرات دېھقان

بالىلىرىنى يامان يولدىن ياندۇرۇپ، قولىنى ئىشلىق قىلىپ قويۇدىغان ئىش بولسا، پۇلۇمنىڭ دىرى يوقىلىپ كەتسىمۇ مەن رازى! — دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى تاشمەتخان ئۇستام. ئۇ بىراقلا نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك بوشىشىپ، ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى. ئاۋازى تىترەيتتى، — بىر چاغلاردا، ئۇچىمىزغا كىيگۇلۇكنىڭ تېخى تايىنى يوق، سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسىنىمۇ تويغۇدەك يېيىشكە قادىر بولالمىغانلار سىلە بىلەن بىز ئەمەسمۇ!؟ مەيلى، گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا دېگىنىم ھېساب. يەر بۇگۇنى ھەل بولسا، ئەتىسىلا قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلىپ، كىيىم-كېچەك كارخانىسى قۇرايلى...

تاشمەتخان ئۇستامۇ خېلى بۇرۇنلا قىستىلاڭچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ غېمىدە قالغان ئىكەن. تۆلەندى «داجەي»نىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. يەرنى ھەل قىلالىسىلا، قول ئاستىدىكىلەرنى قۇمسارايغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى يېنىغا تارتىپ، ئىككى ئالەملىك ساۋاب تاپىدىكەن...

ئۇنىڭ گېپى ئاياغلاشقاندا، كۆپچىلىك باركاللا ئېيتىشتى. بايا «سەھرايىقىيامەت»نى تىلغا ئالغان كىشى تۆلەندى «داجەي»دىن كەچۇرۇم سورىدى. تۆمۇر قارىم يا «ئاق»، «يا كۆك» دېمەي، كۇلۇمسىرەپلا تۇردى. يەر سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى گەپنىمۇ قايتا تىلغا ئالمىدى، باشقىلارمۇ ئەڭگايان قىلىپ يۇرمىدى...

# قۇدىلار كۆڭلى

كۇتۇلمىگەن ئىشلار كۆپىنچە ، كۇتۇلمىگەن پەيتتە يۈز بې-
رىدۇ . ئادەم بەزىدە نەچچە ئاي ، ھەتتا نەچچە يىل باش قاتۇرۇپ ،
نەچچە ئاي ، نەچچە يىل يول مېڭىپ يېتەلمىگەن مەقسەت — ئارزۇ-
لىرىغا بىر پەستىلا يېتىپ قالىدۇ . بەزىلەر بۇنى «تاسادىپىي
كەلگەن ئامەت» دەپ چۈشەنسە ، يەنە بەزىلەر «پېشانەمگە پۈتۈل-
گەن ئىلاھى قىسمەت» دەپ چۈشىنىدۇ . لېكىن ، نۇرغۇن كى-
شىلەر كىچىككىنە تاسادىپىيلىق ئىچىگە نۇرغۇن مۇقەررەرلىك
يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ . شۇ-
ڭا ، كۆپىنچە كىشىلەر «تاسادىپىيلىق» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا ئەزەل-
دىن سەل قاراپ كەلگەن . مەۋجۇت رېئاللىق بىلەنلا ھەپىلى-
شىپ ، كىچىككىنە تاسادىپىيلىق ئىچىدىكى ئالەمچە مۇقەررەر-
لىكنى كۆرەلمەي ، ھەددى - ھېسابسىز زىيان تارتقان ، ئۆمۈر
بويى مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈچە ئويلىنىپ ، تىرىشىپ -
تىرمىشىپ ئىشلەپ — يول مېڭىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي ،
ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن . ئالايلۇق ، ھەممە
ئادەمنىڭ ئۆيىدە چوگۈن بار . ھەممە ئادەم چاي قاينىتىدۇ . چاي
قاينىغاندا ھور چىقىدىغانلىقى كىچىك بالىغىمۇ سىر ئەمەس .
شۇڭا ، تارىختىن بۇيان ھوردىن ئىبارەت بۇ ئاددىي نەرسىدە
غايەت زور كۈچ - قۇۋۋەت يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم بايقىمى-
دى . پەقەت XVIII ئەسىرگە كەلگەندىلا ، ئەنگلىيىلىك ۋات قايني-
غان سۇدىن كۆتۈرۈلگەن ھورنىڭ چوگۈننىڭ ئاغزىنى كۆتۈ-
رۈپ ، توختىماي تىرىقلاتقىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، ئۆزىگە : «نې-

مە ئۇچۇن شۇنداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويدى ـ دە، قايتا ـ قايتا كۆزىتىش، سىناق قىلىش ئارقىلىق، ھورنىڭ غايەت زور ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى ۋە دۇنيا بويىچە تۇنجى ھور كۈچى بىلەن ماڭىدىغان قېيىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ، كېيىنكى چاغلاردا پاراخوت، پاراۋۇزلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئاساس سالدى. دېمەك، مۇشۇ بايقاش، ئەنگلىيىنى سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىگە باشلاپ كىرىپلا قالماي، دۇنيادا زامانىۋى تېخنىكا ـ زامانىۋى سانائەتنىڭ ئومۇملىشىشىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. كېيىنكى چاغلاردىكى پېنسىلىن قاتارلىق نۇرغۇن كەشپىيات ـ ئىختىرالارمۇ دەل ئاشۇنداق تاسادىپىيلىقلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان مۇقەررەرلىكنى بايقاش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بۈگۈنكى ئۆزگىچە تەرەققىيات دەۋرىگە باشلاپ كەلگەن...

كۆڭلىگە ناھايىتى زور ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى پۈكۈپ، ئانا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن تۆمۈرنىڭ ئەڭ زور مەقسەت — مەتلۇبى — مەرھۇم دادىسىدىن مىراس قالغان ئاشۇ پۇللارنى دەسمايە سېلىپ، ئۆزى كۆرگەن ئەللەردىكىگە ئوخشاش، ئۇسكۈنىلىرى، ئىش تەرتىپلىرى يۈرۈشلەشكەن كاتتا بىر زاۋۇت قۇرۇپ، ئىشسىزلىق ـ بىكارچىلىقتىن كۈن بويى كوچا چەكداپ، ھەم ئاتا ـ ئانىسىغا، ھەم جەمئىيەتكە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىۋاتقان مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ياشلارنىڭ قولىنى ئىشقا، ئاغزىنى ئاشقا تەگكۈزۈش بەدىلىگە ئۆزىمۇ ئاز ـ تولا نەپكە ئېرىشىش؛ نەپكە ئېرىشەلمىسە، زىيان تارتىش بەدىلىگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ساۋابقا ئېرىشىش ئىدى. لېكىن، قەشقەرگە كېلىپلا «چۇشى بۇزۇلدى». شەھەر ئىچىدىن زاۋۇت قۇرغۇدەك يەر ھەل قىلىش بەسىمۇشكۈل ئىكەن. شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا قۇرۇش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىدى. شۇڭا، دەرمەھەللىككە شەھەر ئىچىدىن تۆت ـ بەش يۈز كۋادراتمېتىر

كەلگۈدەك ھويلا سېتىۋېلىپ، چېقىپلا ئورنىغا تۆت ـ بەش قەۋەتلىك ئىمارەت ياساپ، بىرەر يۈز ئادەمنى چۆرىسىگە يىغىپلا سىناق تەرىقىسىدە ئىش باشلىماقچى؛ ئاندىن ئۇ يەرگە بىر سىخ، بۇ يەرگە بىر سىخ قورۇپ، ئاخىردا بىرەر مىڭ ئادەمنى ئىشلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

«‹بىسمىللا› دەپ ئىشنى باشلىۋالسام، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ، — قالغىنىغا خۇدايىم بار ئەمەسمۇ!؟ ‹ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت› دەپتىكەن. نىيىتىم دۇرۇس بولغاندىكىن، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى خۇدايىم چوقۇم مەقسىتىمگە يەتكۈزىدۇ... توغرا، ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ھەر يوغان ـ ھەر يوغان كارخانىلىرى ۋەيران بولۇۋاتىدۇ. پەيت كۈتۈپ، ئاشۇنداق كارخانىلاردىن بىرەرنى تېگى بىلەن سېتىۋالسام...»

لېكىن، بۈگۈن تۆلەندى «داجەي»نىڭ ئاغزىدىن تاسادىپىي چىقىپ كەتكەن بىر ئېغىز گەپ ئۇنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى؛ ئۇنىڭ كاللىسىدا باشقىچە بىر پىلان، كۆز ئالدىدا باشقىچە بىر مەنزىرە ھاسىل بولغانىدى. ئۇ ئەمدىلا تۆلەندىگە بەزى سوئاللارنى قويۇپ، بەزى تەپسىلاتلارنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشقا ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا، تاشمەتخان ئۇستام مەيدىسىگە مۇشتلاپ «ئىشنى بۇزدى». ئەمدى تۆمۈر قارىمغا ئېغىز ئېچىش بىئەپ ئىدى. لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ، باشقىلار قاتارى «ھە ـ ھۇ» دېيىشىپ بەردى... مېھمانلارنى ئۇزىتىپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە تۆلەندىنىڭ گەپلىرى قۇلىقىدىن كەتمەي، پۈتۈن كېچە كىرپىك قاقمىدى. «تۆلەندى ئاخۇننى ‹ئۆتۈپ كەتكەن بىر ناكەس› دەپ يۈرسەم، خېلى تۇزۇك ئادەمدەك قىلامدۇ نېمە!؟» دەيتتى ئۇ پات ـ پات...

ئەتىسى چاشگاھ مەھەلدە، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ھويلىسىدا تويۇقسىز تۆمۈر قارىم پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ بەيتۇللا-

دىن قايتقاندىن بېرى بۇ ھويلىغا تۇنجى قېتىم ئاياغ بېسىشى ئىدى . تاشمەتخان ئۇستام ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاپ ، ئالدىغا چاي ـ مەزە قويدى . روزىخان تاماققا تۇتۇش قىلدى . تاشمەتخان ئۇستام ئۇياندىن ـ بۇياندىن گەپ ئەگىتىپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سوراپ باقماقچى بولدى ـ يۇ ، سورىمىدى . بىرىنچى پىيالە بىكار بولۇپ ، ئىككىنچى پىيالە چاي قولدىغا چىققاندا ، تۆمۈر قارىم «توگىدىن پوك چىققاندەك»لا سورىدى :

ــ سىلىنىڭ ھېلىقى قۇدىلىرىغا ئىشەنگىلى بولارمۇ ؟

ــ قايسى قۇدامنى دەيلا ؟

تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگەنىدى . ئۇ :

ــ تۆلەندى ئاخۇننى دەيمەن ، ــ دېدى .

ــ قانداق دەيلا ؟

ــ ئۇ كىشى تۇنۇگۇن گەپنى بەك يوغان قىلىۋەتتى . سىلىمۇ چاپاننى سېلىپلا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ «قۇمسارايدا كارخانا قۇرۇمەن» دەپ لەۋزى قىللا... كېچىچە : «مۇشۇ گەپ يىراق ـ يېقىنغا تارقىلىپ كېتىپ ، كېيىن ئاقمايدىغان ئىش بولۇپ قالسا قانداق بولار ؟» دەپ ئويلاپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم...

ــ مۇشۇ گەپمىدى ؟ خاتىرجەم بولسىلا !... تۆلەندى ئاخۇننى سىلە بىلمەيلا ، ئۇ دېگەن «قىلىمەن» دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم... ئۇنىڭ يۇرتلۇقلىرىغا چوڭراق بىر ئىش قىلىپ بەرگۈسى بار ئەمما قولى قىسقا... ھۆكۈمەت : «ئۇنداق قىل ، مۇنداق قىل» دەپلا قويۇپ يانچۇق كولىمىغاچ ، ئۇ بىچارىنىڭ ئىچى خۇن . ئۇ يانچۇقىدىن بىرەر يۈزمىڭ كوينى «گاچچىدا» سۇغۇرۇپ ئالالمىغاچ ، پۈتۈن كۈچى بىلەن سوپۇر ئاخۇننى يۆلەپ بېيىتىپ ، خەققە : «باي بولغۇڭ بولسا گېپىمنى ئاڭلاپ ، سوپۇر ئاخۇن ماڭغان يولدا ماڭ !... » دېگەننى ئۇقتۇر-

ماقچى بولۇۋاتىدۇ ... تۈنۈگۈن كۆڭلىدىكى گېپىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ تاشلاپتى ، مەنمۇ : «دەتتىكەم» دەپ بىر ئېتىپ ، تۆت ـ بەش يۈزمىڭ كوينىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ باقاي دېگەن يەرگە كەلدىم . تازا كىشىكەنلە ، ئەپلىشىپ قالسا ، تۆت ـ بەش يۈز كىشىنى ئىشلىق قىلىپ قويغىنىمنىڭ ساۋابىنى كۆرۈمەن ؛ ئەپ ـ لەشمىسە ، تۆت تامنى تاشلىۋېتىپ قايتىپ كەلسەم ، يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق ئەمەسمۇ ؟ تۇرۇۋېرىدۇ !... ۋاقتانىۋاخ كېلىپ ، باللىرىمغا ، ئۇلارغا بولمىسا نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمگە لازىم بول ـ ماي قالمايدۇ ... ئۇ چاغقا بارغاندا ، ئۇ يەرنىڭ توپىسىنىڭ مىس ـ قىلى مىڭ تەڭگە بولىدۇ دېسىلە !...

تاشمەتخان ئۇستام قىزىشىپ كەتكەندى . باللىرى ، باللـ ـلىرىنىڭ باللىرىغا قىلىدىغان ۋەسىيەتلىرىنىمۇ چالا قويماي سۆزلەپ بولدى . گېپىنى يىغىنچاقلىسا : «ئەۋلادلىرىم ئوبداد ـ راق كۈن كۆرسۇن دېسەڭ ، ئارىلىقنى يىراق ـ يېقىن دېمەي يەر ئىگىلەپ قوي . پۇل خورايدۇ ، تۈگەيدۇ . يەر دېگەننى ئۆزۈڭ خەققە بېرىۋەتمىسەڭلا خورىمايدۇ ، تۈگىمەيدۇ ... » دېگەندىن ئى ـ بارەت ئىدى . ئۇ گېپىنىڭ ئايىغىنى مۇنداق تۈگەتتى :

ـــ تۆلەندى ئاخۇننىڭ قەھرىمۇ ، زەھرىمۇ بار ئادەم . ئەقلىمۇ بار ، قولىدىن ئىشمۇ كېلىدۇ ... بۇرۇن بىلمەپتىكەن ـ مەن ، گۈلزار دەپ بەرگەندىن كېيىن ئۇقتۇم ...

ـــ گۈلزار نېمە دەيدۇ ؟

ـــ ئەينى چاغدا ، تۆلەندى ئاخۇن كۆچمىگەن بولسا ، گۈلزار تېببىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالمايدىكەن ...

ـــ شۇنداقمۇ ؟

ـــ شۇنداق بولمامدىغان ، قارىم !... شۇ چاغدا ، تاجىگۈلمۇ تولۇقنى پۈتتۈرگەن ، ئۇنىڭدىن بۆلەك يەنە بىرمۇنچە بالا تۇرسا ئوقۇشقا ئەۋەتمەي ، مەندەك بىر «ئۇنسۇر»نىڭ قىزىنى ئەۋەتكە ـ نىدىنمۇ بىر نەرسە چۈشەنمەپتىكەنمەن . هازىر ئۇنى كۆرسەملا

يۈزۈم قىزىرىدۇ، ئۇمۇ مەندىن ئۆتە...
— ئادەم دېگەن ھەقىقەتەن غەلىتە مەخلۇق، پەقەت چۈ-شەنگىلى بولمايدۇ... تۇنۇگۇن ئۇنىڭ: «‹ئەلدىن ئەلگە نەپ› دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ قويۇشسىلا...» دېگەن گېپى يۈرىكىمگە بەكلا تەگدى... مەن ئۆزۈمنى ئوڭلاپ بىر نەرسە دەپ بولغۇچە، سىلە مەيدىلىرىگە بىر مۇشتلاپ، ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ، «غىڭ» قىلالماس قىلىۋەتلە...
— ھا - ھا - ھا - ھا !...
— ئويلاپ باقسىلا: بىز «ساۋاب تاپىمىز» دەپ ھەر قانچە جىق زاكات، سەدىقە بەرگىنىمىز بىلەن ھېچكىمنى باي قىلالماي-مىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممە ئادەمگە قولىمىزچە بېرىپ بولال-مايمىز. بەزىلەرگە قانچە جىق بەرگەنسېرى، شۇنچە ھورۇن، شۇنچە نامراتلىشىپ كېتىدىكەن... ئەئانىگە بەرگەن پۇللىرىمىز-نىمۇ ئۇ يونۇپ، بۇ چاتاپ، لازىملىق يەرگە يېتىپ بارغۇچە يېرىمىمۇ قالمايدىكەن... شۇڭا، تۆلەندى ئاخۇننىڭ تەكلىپىگە قىزىقىپ قالدىم...
— ئۇ - ھ - ھ... مۇنداق دېسىلە! — تاشمەتخان ئۈستام سوزۇپ بىر تىنىۋېلىپ كۈلۈمسىرىدى، — مەن تېخى: «تۇنۇگۇن مەيدەمگە مۇشتلاپ خاتا ئىش قىلىپ قويغان ئوخشاي-مەن» دەپ ئويلاپ...
— ناھايىتى ئوبدان ئىش قىللا! ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەس-سە كاتتا بايلار تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان يەردە، تۆلەندى ئاخۇننىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ بەك ئوبدان قىللا!... تۆلەندى ئاخۇن ئۆزىنىڭ نەپسىنىلا كۆزلەيدىغان بولسا، قولىدىكى ھوقۇقى، يۈز - ئابرۇ-يىغا تايىنىپ، سىلە بىلەن بىزدىن بەكرەك بېيىپ كەتمەمدۇ؟!
— توغرا...
— مەن ئۇنىڭغا قول قويدۇم. ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى. ئادەمنىڭ ئادىمى ئىكەن!... مەن كېچىچە جىق ئويلاد-

ـدىم ، ئەگەر بايلارنىڭ ھەممىسى شەھەرگە قاپلىشىۋېلىپ ، سەھـ
ـرادىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولـ
ـمايدىغان بولسا ، بېرىپ ـ بېرىپ ، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە شەھەرـ
دە باش تىققۇدەك كامارمۇ قالمايدۇ !… تۇنۇگۇن ئاڭلىدىڭغۇ ، بىر
پىكپاك ئۆي مىڭ بەش يۈز كويغا چىقىپتۇ . ھۆكۈمەت بىر چاغدا
تۆشۈك دەرۋازا پىلالدىكى يەرنىڭ پىكپىكىنى پۇقرالارغا بىر
كويدىن سېتىپ بەرگەن ئەمەسما ؟ !

ــ شۇنداق …

ــ مېنىڭ بۇگۇن كېلىشىم ، تۆلەندى ئاخۇن سۆرىگەن
قايىنامغا سىلە بىلەن بىللە چۈشۈپ بېقىش …

ــ ۋاي ، ۋاي ، ۋاي … ئەجەب يۇرىكىمدىكى گەپنى قىللا !
ئەكەلسىلە قوللىرىنى ! بىر سۆيۈپ قوياي… ــ تاشمەتخان
ئۇستام قۇدىسىنىڭ قولىغا سۆيدى . بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى
قېتىم بىر ئادەمنىڭ قولىنى سۆيۈشى ئىدى . كۆزلىرىمۇ ياشلانـ
ـدى…

تاشمەتخان ئۇستام قۇمسارايدا كىيىم ـ كېچەك فابرىكىسى
قۇرۇپ ، بىر ـ ئىككى يۈز دېھقان بالىسىنى ئىشلىق قىلىپ
قويۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى . ئەمما ، تۆمۈر قارىنىڭ قانداق
«قايىنامغا كىرمەكچى» بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ
قۇمسارايدا نېمە ئىش قىلىشىنى نىيەت قىلغانلىقىنى يېپىدىن
يىڭنىسىگە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن :

ــ ئۆزلىرى «تۆلەندى ئاخۇن سۆرىگەن» قايسى «قايىنام»
غا كىرەي دەيلا ؟ ــ دەپ چاقچاق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ ،
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى .

ــ قايسى «قايىنام»غا كىرەتتىم ؟ ئۆزلىرىگە ھەمراھ بوـ
لۇپ قۇمسارايغا بېرىپ ، سىلە ئۈزگەن «قايىنام»دا بىللە ئۈزۈپ
باقاي دەيمەن…

ــ ياشاپ كەتسىلە قۇدام ، ياشاپ كەتسىلە ! مەن تېخى

ئۆزلىرىنى بىر چاغدا شەھەردىن مەكتەپكە سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۇ يەرگىمۇ پاتماي ئوتانلىقتا گەمىدە ياشاپ يۈرەكلىرى خۇناپ بولۇپ كەتكەچ، «ئۆلسەممۇ شەھىرىمدە ئۆلۈپ، تىرىلسەممۇ شەھەردە تىرىلىمەن» دەپ ئويلايدۇ، دەپ يۈرۈپتىكەنمەن!...

— ھا - ھا - ھا - ھا!... ئەجەب موللا تاپقاق ئادەم جۇمۇ، قۇدام سىلە! ھا - ھا - ھا - ھا!... مەن راستىنلا تېخى تۇنۇگۈنگىچە شۇنداق ئويدا بولغان! ھا - ھا - ھا - ھا! تۆلەندى ئاخۇن بىلەن سىلە ماڭا باشقىچە ئەقىل بېرىشتىلە ئۆزلىرى دېگەندەك بارغانسېرى ھەرە كۆنىكىدەك قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ شەھەردە چوڭراق ئىش تەۋرەتكىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ھەممە ئادەم سودىگەر بولۇپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. قوپالراق ئېيتسام، ئىسمى - جىسمىمىزغا لايىق «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى»، «سودىگەر مىللەت» بولۇپ قاپتۇ. پۇل تېپىشنىلا كۆزلەپ سودا بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، ئۆز يۇرتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئىشسىزلىقنى تۈگىتىش، بولۇپمۇ يۇرتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇدىغانلار ئازلاپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ... مەن بۇ قېتىم نۇرغۇن ئەللەرنى كەزدىم. شۇنداق غەلىتە ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم...

— شۇنداقمۇ؟ سۆزلەپ بەرسىلە، بىر ئاڭلاپ باقاي!

— بىرىنچىسى، شەھەردە كەمبەغەل كۆپ يېزىدا باي كۆپ ئىكەن...

— ھە! توۋا خۇدايىم، غەلىتە گەپقۇ بۇ؟...

— شۇنداق، ھەقىقەتەن غەلىتە گەپ! «غەلىتىلىكى نەدە؟» دېسىلە، شەھەردىكى كەمبەغەللەر يېزىلارغا بېرىپ مەدىكار ئىشلەپ، زاۋۇت - كارخانا خوجايىنلىرىغا يالىنىپ ئىشلەپ، پۇل تېپىپ، شەھەردىكى خوتۇن - بالىلىرىنى باقىدىكەن...

— نېمىشقا ئەمدى ؟…
— ئۇ ئەللەرنىڭ بايلىرى بىزگە ئوخشاش شەھەرگە قاپلى-
شىپ يېتىۋالماي ، قايسى يېزا ، قايسى چۆل - جەزىرىدە نېمە
كۆپ چىقسا ، شۇ يەرگە ئاشۇ نەرسىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش
زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ ، شەھەردىكى ئىشسىزلارنى يېنىغا تارتىدى-
كەن ھەم ئۆزلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق
پۇل تاپىدىكەن… يېزىدا يەر كەڭرى ھەم ئەرزان بولغاچ ، زاۋۇت -
فابرىكىلارنى كېڭەيتىش بەكمۇ ئاسان ئىكەن . شۇڭا ، بۇنىڭدىن
ئون - يىگىرمە يىل بۇرۇنقى كىچىككىنە كەنت - بازارلار بىلەن
ئادەم ئاياغ باسمىغان چۆل - باياۋانلار ھازىر نەچچە يۈز مىڭ
نوپۇسلۇق زامانىۋى سانائەت شەھەرلىرىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ…
— ما خەقنىڭ ئەقلىنى !… نەدە گۈل بولسا ، ھەسەل
ھەرىسى شۇ يەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ . نەدە ئوبدان ئىش بولسا ،
ئادەممۇ شۇ يەرگە چاپىدۇ . ئىش قىلغان ئىكەن ، پۇلمۇ تاپىدۇ…
ئەجنەبىيلەر شۇڭا باي ئىكەن - دە ! ؟
— شۇنداق… ئۆزىمىزنى ئالساق ، ھەممە تۇتقان يولىمىز
ئۇلارنىڭ تەتۈرىچە…
— توغرا گەپ قىللا ! ھازىر بىز بىر تال ناننىڭ ئۈۋۈقىنى
تالىشىپ - تارتىشىپ يۈرگەن چۈمۈلە توپىغا ئوخشاپ قېلىۋاتى-
مىز…
— بارىكاللا ! مەن ئاغزىمدىن چىقىرالماي يۈرگەن گەپنى
قىللا !… ئويلاپ باقسىلا ، يېزىلاردا نېمە كەڭرى ، يەر كەڭرى
ھەم ئەرزان . شەھەردە نېمە جىق ، ئادەم جىق . توخۇنىڭ كاتى-
كىدەك ئۆي ئات بېشىدەك ئالتۇنغا كېلىدۇ . مۇشۇنداق «كا-
تەك »تە جىقراق پۇل دەسمايە سېلىپ ، چوڭراق زاۋۇت - فابرىكا
قۇرغىلى ، كېيىنچە ئۇنى تېخىمۇ كېڭەيتكىلى بولامدۇ ؟ مېنىڭچە
پەقەتلا بولمايدۇ !… ئۇنىڭ ئۈستىگە ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ
ئوندىن توققۇزى دېھقان — «كەتمەننىڭ قۇلى !» ئۇ يىلدىن

بۇ يىلغا تېرىپ ـ تىككىنى گېلى بىلەن ئۈچىسىغا ئاران يېتىدۇ... ئەگەر بىز ھۆكۈمەتنىڭ «يېزىلارنى شەھەرلەشتۇرۇش» ، «نامراتلارنى يۆلەش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ساۋاب تاپىمىز دەيدىكەنمىز ، ئەجنەبىيلەرنى ئۆلگە قىلىپ ، يېزىلاردىن كۆپلەپ يەر ئىگىلەپ ، زاۋۇت ـ فابرىكا قۇرۇشىمىز كېرەك . ھازىرقى ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساق ، كېيىن باشقىلار ئىگىلەپ كەتسە ، «ئېسىت» دەپ لېۋىمىزنى چىشلەپ قالىمىز...

— يائاللا... دەل مەن ئويلىغاندەك ئويلاپلا !...

— نىيىتى بىر ئادەملەرنىڭ كۆرگەن چۈشىمۇ ئوخشاش بولىدۇ ئەمەسما ؟ !

— شۇنداق ، شۇنداق بولماي قالمىدىغان !...

ئۇلار بىردەم چاقچاقلىشىپ ، قانغۇدەك كۈلۈشۈشتى . بۇ ئۇلارنىڭ قۇدا بولۇشقاندىن بۇيان ، تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇپ چاقچاقلىشىشى ئىدى .

كۈلكە ـ چاقچاق سەل بېسىققاندىن كېيىن تاشمەتخان ئۇستام سورىدى :

— شۇنداق قىلىپ ، ئىككىمىز شېرىكلىشىپ ، قۇمسارايدا كىيىم ـ كېچەك فابرىكىسى قۇرامدۇق ؟

— ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ ، — تۆمۈر قارىم سەل ئويلىنىۋېلىپ ، بىر قارىسا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك ، بىر قارىسا راستتەك تەلەپپۇزدا دېدى ، — مېنىڭ تېخىمۇ چوڭراق ئىش تەۋرەتكۈم بار...

— شۇنداقمۇ ؟ دەپ باقسىلا قېنى . بىر ئاڭلاپ باقاي !...

— دېمىسەممۇ بىلىلا ، ئادەمگە ئىككى نەرسە ھەممىدىن زۆرۈر ، — دېدى تۆمۈر قارىم گەپ ئەگىتىپ ، — بىرى ئاش ـ نان ، يەنە بىرى كىيىم ـ كېچەك . ئاشپەز ـ ناۋايلىق بىلەن ماشىنىچىلىق ئۆلمەس كەسىپ . شۇڭا ، كىيىم ـ كېچەك فابرىكىسى قۇرساق ھەرگىز زىيان تارتمايمىز ، زىيان تارتساقمۇ

ۋەيران بولمايمىز...

— مەنمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان...

— ئەمما، — تۆمۈر قارىم قۇدىسىنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ھازىر كىيىم — كېچەك فابرىكىلىرى بەك كۆپىيىپ كەتتى...

— شۇنداق .

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئىچكىرىدىكى چوڭ - چوڭ فابرىكىلار شياڭگاڭ ۋە چەت ئەللەردىكى داڭلىق فابرىكىلار بىلەن شېرىكلىشىپ، مەخسۇس چەت ئەللىكلەرگە باپ كىيىملەرنى تىكىپ، دۇنيا بازىرىنى ئىگىلەۋاتىدۇ...

— بۇنىڭدىن يېقىندا خەۋەر تاپتىم .

— ھازىر قەشقەردە سېتىلىۋاتقان مودا كىيىملەرنىڭ تولىسى چەت ئەللىكلەرگە يارىماي، پېرىيومدىن ئۆتەلمىگەن كىيىملەر...

— مۇنداق دېسىلە! توۋا... مەن تېخى...

— شۇڭا، بۇگۈن مىڭ كويغا تالاش - تالاشتا سېتىلغان كىيىمنى بىر ئايدىن كېيىن قارىسىلا يۈز كويغىمۇ ئالىدىغان خېرىدار يوق، كىيىم تىجارىتى قىلىدىغان سودىگەرلەر زىيان ئۈستىگە زىيان تارتىۋاتىدۇ . بەزىسى ساختا مالغا ئۇچراپ قېلىپ، ھۆكۈمەتتىن ئەدىپىنى يەۋاتىدۇ...

— شۇنداق !... بەزىسى زىيانغا چىدىماي مىڭىسىگە قان چۈشۈپ، ئەجىلىدىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتتى دېسىلە !...

— توغرا گەپ قىللا... شۇڭا مېنىڭ دېمەكچىم: خەنزۇ دېگەن جىق خەق . پۇلىمۇ بار، يولىمۇ كەڭ، ئۆزى توقۇغان رەختتە ئۆزى كىيىم تىكىدۇ . ئۆزىنىڭكى بازار تاپمىسا، يا رەختلەرنىڭ تۈرىنى، گۈلىنى، رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ بولسىمۇ بازارغا ماسلاشتۇرىدۇ، يا بولمىسا چەت ئەلدىن كىرگۈزۈپ، فابرىكىنى ئاقسىتىپ قويمايدۇ، بازىرىمۇ ئۆلمەيدۇ . قەشقەردە كىيىم - كېچەك باھاسىنىڭ ھېلى ئۆرلەپ، ھېلى نەچچە ھەسسە

تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان…

— مۇنداق دېسىلە… — تاشمەتخان ئۇستام سوزۇپ بىر تىنىپ، چىرايىنى بىلىنەر - بىلىنمەس پۈرۈشتۈردى - دە، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك سۆزلەپلا كەتتى، — «دۆغېرىپنى ئۇرار، ئۆمچۈك مۇساپىرنى» دېگەندەك ئىش ئىدى - كەن - دە، بۇ!… مەن تېخى «قەشقەردە ساختا مال نېمانچە كۆپىيىپ كېتىدىغاندۇ» دېسەم…

— ئويلاپ باقسىلا، ھازىر ئۇچىمىزدىكى رەختتىن تارتىپ، تاماق يەيدىغان چىنە - قاچىمىزغىچە، مىنىدىغان شەيتان ھارۋىمىزدىن، چىۋىن ئۆلتۈرىدىغان پالىقمىزغىچە… ھەممىسىنى خەنزۇلار ياساپ بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار يىڭنە ياساش زاۋۇتلىرىنى ئىككى - ئۈچ يىل ئىشتىن توختىتىپ قويسۇنچۇ، شۇ چاغدا سىلىنىڭ ماشىنىلىرىمۇ ئىشتىن توختايدۇ؛ ئىشتىنىمىزنىڭ ئېغى يىرتىلىپ كەتسە، ئىلىپ قويغىلى جىگدە شوخىسى ئىزدەپ نەچچە كۈن پالاقلىمىساق ھېساب ئەمەس! — ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى تاشمەتخان ئۇستامنىڭ قاتتىق كۈلكىسىنى قىستىغاندى كۈلمىدى. ئەكسىچە، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزى ھازىرغىچە خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ھەقىقەتنى بايقىغانىدى.

— تۈنۈگۈن، تۆلەندى ئاخۇن بىر گەپنى ناھايىتى ئوبدان قىلدى…

— قايسى گەپنى دەيلا؟

— ھېلىقى نىلۇك رەخت توغرىسىدىكى گەپنىچۇ!؟

— توغرا، توغرا… شۇنداق دېگەن.

— نېمە مەقسەت بىلەن شۇنداق دېگەنلىكىنى ئويلاپ باقلىمۇ؟

— ياق، — تاشمەتخان ئۇستام قىزىرىپ كەتتى، —

پەقەت ئويلاپ باقماپتىمەن...
— مۇنداق دېسىلە... — تۆمۈر قارىم مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى ، — ئۇ دېدىكى : «ئەگەر نىلۇڭ رەخت دېگەن نەرسە دۇنياغا ئاپىرىدە بولماي ، ئادەملەر بۇرۇنقىدەك پاختا ، يۇڭ ، يىپەكتىن كىيىم كىيىدىغان بولسا ، دېھقان خەق-نىڭ قورسىقى تويغىنى بىلەن بىر چاپىنى ئىككى بولمىقى تەس ئىكەن... » ئويلاپ باقسىلا ، مۇشۇ كۈنلەردە ، بۇنداق گەپ كىم-نىڭ خىيالىغا كېلىدۇ ؟
— مېنىڭمۇ خىيالىمغا كەلمەپتۇ ، دېسىلە !...
— ئەسلىرىدە بارمىكىن ، بىر چاغدا دىكا ، دېچۆلياڭ ، نىلۇڭ دېگەن رەختلەر يېڭى پەيدا بولغاندا ، سارجا - باستون ، خاڭدەن ، دۇردۇندىن نەچچە ھەسسە قىممەت ئىدى . ئۇلارنى تېخى ۋالىي ، شۇجى ، ھاكىملارغىلا سېتىپ بېرەتتى...
— شۇنداق بولمامدىغان ! ئادەتتىكى پۇقرانىڭ ھەرقانچە جىق پۇلى بولغان بىلەن ئۇنداق رەختلەرنىڭ پۇرۇچىنىمۇ سېتىۋ-ۋالالمايتتى...
— ھازىر قارايدىغان بولساق ، بۇنداق رەختلەرنىڭ كۆشۈ-كى ئىككى پۇل ! ئون يىل كىسىمۇ ، يا رەڭگى ئۆڭمەيدۇ ، يا يىرتىلمايدۇ ؛ تىكىشىدىن سۆكۈلۈپ كەتمىسىلا ، پېتى بۇزۇلماي يېپيېڭى تۇرۇۋېرىدۇ . دېھقانلارنى يالىڭاچ قالدۇرمايۋاتقان نەر-سىمۇ دەل مۇشۇ ، ئاندىن قالسا ، سىياسەتنىڭ كەڭلىكى...
— توغرا ، توغرا .
— مېنى تۆلەندى ئاخۇننىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل قىلغان نەرسىنىڭ بىرى دەل مۇشۇ !
— مۇنداق دېسىلە...
— ئەمدى ئۆز گېپىمگە كەلسەم ، بايا دېدىم ، ئىچكىرىدىن چىقىدىغان رەختلەرگىلا تايىنىپ چوڭراق كىيىم - كېچەك فاب-رىكىسى چۆرۈيمىز دېسەك ، ئىچكىرىدىكى بىرى بىرىدىن چوڭ ،

ئۇسكۇنىلىرى زامانىۋىلاشقان فابرىكىلارنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كې-
لىپ، بازىرىمىز تارىيىدۇ. يەنە بىرى، بىز ئۇيغۇرنىڭ كۆپچە-
لىكى «تۇركىيە»، «لوندۇن»، «بېيجىڭ»، «شاڭخەي» دې-
گەن ماركا چاپلانغان چويۇننى ئۆز يۇرتىمىزدىن چىقىدىغان ئال-
تۇندىن ئەلا بىلىدىغان خەق...

— شۇنداق... ھازىر تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. بو-
لۇپمۇ بىز قەشقەرلىق شۇنداق!

— مۇشۇ سەۋەبتىن، بىر چاغدا تازا داڭق چىقارغان
موزدۇزلۇق كارخانىلىرى تاقىلىپ، خوجايىنلىرى ئېچكىرىنىڭ
خوراز تېرىسىدە تىكىلگەن تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال
ساختا ئاياغ كىيىملىرىنى ئېلىپ ساتىدىغان ۋا پۇرۇش بولۇپ
جان بېقىۋاتىدۇ...

— ئۇنى بىر دېمىسىلە!...

— ئەگەر بىز قۇمسارايدا چوڭراق فابرىكا قۇرۇپ، تىك-
كەن كىيىملىرىمىزگە «قەشقەر» دېگەن ماركىنى ئاسىدىغان
بولساق، خېرىدا قاراپمۇ قويمايدۇ. ئۇ چاغدا...

— تازا كىشىكەنلە! شۇنىڭدىنمۇ غەم قىلامدىغان؟! —
تاشمەتخان ئۇستام گەپنى تارتىۋالدى. دەل مۇشۇ گەپنىڭ چىقى-
شىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئېچىلىپ - يېيىپ ئولتۇرۇپ، دۇچ
كېلىش ئېھتىمالى بولغان خىرىسلار ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش
تەدبىرلىرىنى تاغاردىن تېرىق تۆككەندەك تۆكۈۋەتتى. ئاندىن
كېسىپلا مۇنداق دېدى، — بىر - ئىككى يىل كۈچىمىزنىڭ
يېتىشىچە تىرىشىپ باقىمىز. ئەگەر پەقەت ئەپلەشمەيدىغان يېرى
كەلسە، فابرىكنى تاقايمىز - دە، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ،
خۇدايىم پېشانىمىزگە نېمىنى پۈتكەن بولسا شۇنى كۆرۈمىز...

ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرى تېخىمۇ غەلىتە، تېخىمۇ كۈلكى-
لىك ئىدى. تۆمۈر قارىم سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى. گېپى-
نىڭ تۈگىشىگە ئۇلاپلا سورىدى:

— ئىشچىلارنى قانداق قىلىمىز ؟
— بۇنىمۇ ئويلاپ قويغان ، — دېدى تاشمەتخان ئۇستام ئىشەنچ بىلەن ، — ئاۋۋال ئەھۋالنى چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ ، ھېساب - كىتابنى ئۈزۈمىز . ئاندىن ھەركىمگە ئۆزى ئىشلىتىد-ۋاتقان ماشىنىنى ھەدىيە قىلىپ ئۈزىتىپ قويۇمىز . قولىدا ماشىنا بولغاندىكىن ھەركىم ئۆز ئۆيىدە ئىش قىلىپ ، ھازىرقى-دىن ئوبدانىراق كۈن كەچۈرەلەيدۇ . قانداق دېدىم ؟
— ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ . مەن باشقىچىراق بىر نەر-سىنى ئويلىغان...
— دەپ باقسىلا قېنى ؟ مەن بىر ئاڭلاپ باقاي .
— مەن بۇ قېتىمقى ھەج سەپىرىمدە ، نۇرغۇن ئەللەرنى كېزىپ ، نۇرغۇن زاۋۇت - فابرىكىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم . بولۇپمۇ ئاتا كەسپىم — تېرە ، ئۇچەيگە مۇناسىۋەتلىك زاۋۇت - فابرىكىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم . ھەممىدىن شۇلارنىڭ ئى-شى ئوبدان ، بازىرى چاپ - چاپ ئىكەن...
— ھە ، ھە ...
— مەن قەشقەرگە كېلىپلا ، قەشقەر كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى ھۆددە ئېلىپ ، كارامىتىمنى بىر كۆرسىتىش نىيىتىگە كەلگەن ...
— تېخى مۇنداق پىلانىمۇ بار دېسىلە ! ؟ قالتىس بەلەن ئويلاپلا !... «قادىر بەگ ھاجىم[①]نىڭ ئىزىنى باساي» دەپلادە ! ؟
— دەسلەپ شۇنداق ئويلىغان ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى تۆمۈر قارىم ، — كېيىن پىيىزىم گىچىلداپ قالدى...
— نېمىشقا ئەمدى ؟ — تاشمەتخان ئۇستامنىڭ تەبەس-سۇملۇق چىرايى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ ، تۆمۈر قارىمنىڭ گېپىد-نى بۆلۈۋەتكىنىنى ئۆزى تۇيماي قالغانىدى . تۆمۈر قارىم ۋەز-

① قادىر بەگ ھاجىم — قەشقەر كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان زات .

مەن تەلەپپۇزدا چۈشەندۈردى :

— سۈرۈشتۈرسەم ، ئۇ زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كونا ، نەق ئىشلەۋاتقان ئىشچىلىرىدىن پېنسىيىچىلىرى تولا ئىكەن . ئۇنى ھۆددە ئالسامغۇ ، دەسلەپ شۇ پېتى ماڭغۇزۇپ ، ئىشچىلار-نى ھازىرقىدىن ئوبدانراق بېقىپ تۇرۇپ ، بارا - بارا ئۈسكۈنىلە-رىنى يېڭىلىشىمۇ ئاز - تولا پايدا تاپقىلىمۇ بولۇدۇ-كەن . كېيىن ئويلانسام ، «پۇل تاپىمەن» دەپ ھۆكۈمەت شۇنداق ئوبدان بېقىۋاتقان بىرمۇنچە ئادەمنى ئالدىمغا تارتىۋېلىپ ، «جەمئىيەتتە ئىشسىز قېلىپ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان ياشلىرىمىز-نىڭ قولىنى ئىشقا ، ئاغزىنى ئاشقا تەگكۈزۈپ ، ئىككى دۇنيالىق ساۋاب تاپىمەن··· » دېگەن ئارزۇيۇمغا تۆت - بەش يىلسىز يېتەل-مىگۈدەكمەن···

— مۇنداق دېسىلە . مەن تېخى···

— شۇڭا ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تازا بېشىم قېتىپ تۇرسام ، تۇنۇگۈن تۆلەندى ئاخۇن ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا كۆڭلۈمنى يورۇتۇپ ، پەقەت خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن بىر يولنى تېپىپ بەردى···

— شۇنداق . مەنمۇ شۇڭا···

— گەپلىرى ئارا ، — تۆمۈر قارىم قۇدىسىنىڭ گېپىنى بۆلدى ، — ئەگەر تۆلەندى ئاخۇن ھەقىقەتەن بەش - ئون مو يەر ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغان بولسا ، ئىككىمىز بىرلىشىپ ، قۇمسارايدا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان بىر كاتتا ئىش تەۋرەتسەكمىكىن دەيمەن .

— ئۇنداق نىيەتلىرى بولسا ، بېشىم بىلەن يۈگۈرمەمدى-غان !··· قانداق ئىش تەۋرەتكىلىرى بار ؟

— خۇدا نېسىپ قىلسا ، ھەم ئىچكىرىنىڭ رەختلىرى ، ھەم ئۆزىمىزنىڭ قوي ، كالا تېرىلىرىدىن كىيىم - كېچەك تىكىشنى ئاساس قىلىپ ، قوشۇمچە يۇڭ بىلەن ئۇچەيگە ئىش

قوشۇدىغان يۇرۇشلەشكەن فابرىكا قۇرساق دەيمەن .
— قالتىس بەلەن مەتلۇب ئىكەن !… بۇنداق قىلساق ،
ئىككىلىمىز ئاتا كەسپىمىزگە ۋارىسلىق قىلالايدىكەنمىز !…
قانچىلىك دەسمايە سېلىشىنىمۇ ئويلاپ قويغانلا ھەقچان ؟
— ئويلاپ قويدۇم . ھازىر ھۆكۈمەت بازارنى قويۇۋېتىپ
بەك ئوبدان قىلدى . كىم قانچە چوڭ ئىش قىلىپ ، قانچە جىق
پۇل تاپسا شۇنى بېشىدا كۆتۈرۈۋاتىدۇ . تېخى «يېزىلارنى شە-
ھەرلەشتۇرۇش» دېگەن گەپنىمۇ ھەدەپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ .
مەن دەسلەپ : «ھۆكۈمەت شەھەرلەردىكى قىستا ـ قىستاڭچى-
لىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ، جىمى يېزا كەنتلەرگە زاۋۇت ـ كار-
خانا قۇرۇپ ، شەھەردىكى ئىشسىزلار بىلەن دېھقانلارنىڭ يېرد-
ىمنى ئىشچى قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ يۈرگەن .
كېيىن ئۇقسام ، ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا بىر پۈتمۇ دەسمايە سالماي-
دىكەن . «كۆچۈك يەتسە ئالساڭچۇ» دېگەندەك ، قايسى يېزا ،
قايسى كەنتتە بايلار كۆپىيىپ ، ئۆزى خالىغانچە زاۋۇت ـ كارخانا
قۇرۇپ ، دېھقانلارنى ئىشچىلىققا ياللاپ ، ئۇلارنىڭ پۇل تېپىپ
باي بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەرسىلا ، ھۆكۈمەت ئۇنداق
ئادەملەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ ، ھەر جەھەتتىن ئېتىبار
بېرىدىكەن . شۇڭا ھازىر يېزىلاردا تۈگمەن ، جۇۋازخانا دېگەنلەر-
نىڭ قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپ ، ئۇن زاۋۇتى ، ياغ زاۋۇتى يېغىپ
كەتتى . ئەمما ، بىرەر يېزىدا بىرەر باي ئوتتۇرىغا چىقىپ ،
چوڭراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىنى زادى ئاڭلاپ باقمىدىم…
— شۇنداق ، مەنمۇ ئاڭلاپ باقمىدىم . ياللىغان ئادەملىرد-
ىمۇ سەپسىز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىكەن .
— توغرا دېدىلە . شۇڭا مەن ھۆكۈمەت قولىنى مۇشۇنداق
كەڭ ئېچىۋېتىۋاتقان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، قۇمسارايدا
«يېزىلارنى شەھەرلەشتۇرۇش»نى سىناق قىلىپ باققۇم كېلىپ
قالدى .

— ناۋاتتەك گەپ قىللا !... بىز بۇ ئىشتا سەللا ئېغىزغا چىقىپ قالالىساق ، كۆرۈلا ، چۇمۇلىنىڭ ئۇۋۇسىدەك قىستىلاڭ بولۇپ كېتىۋاتقان شەھەرگە قاپسىلىپ قېلىپ ، مىليون - مىليارد پۇللىرىنى قانداق ئايلاندۇرۇشنى بىلەلمەي ، بېشىغا تەككىر قىلىپ يېتىۋاتقان كاتتا بايلار بىردىن ، ئىككىدىن ئۇيقۇسىنى ئېچىپ چۇۋۇلۇپ چىقىپ ، يېزا - يېزىدا زاۋۇت - فابرىكا قۇرۇپ ، دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىشچى قىلىۋېتەمدۇ تېخى !...

مەنمۇ شۇنداق بولسىكەن دېگەن نىيەتتە . ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، بىز قوي مىجەزلىك خەق . بىرسەركە شۇنداقلا ئالدىغا چىقىپ ، بېشى قايغان تەرەپنى كۆزلەپ ئون قەدەم ماڭسىلا ، قويلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدۇ . ئىككىمىز «سەركە» بولۇپ باقساق...

— ھا - ھا - ھا - ھا !... ئىككىمىز سەركە بولۇپ... ھا - ھا - ھا - ھا !...

ئىككىلەن بىر ھازا كۈلۈشتى ، چاقچاقلاشتى . تازا كۈلۈۋاتقان تاشمەتخان ئۇستام تۇيۇقسىز :

— ھە راست ، — دېدى كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىنى سۈرتكەچ ، — «سەركە» بولۇش ئۈچۈن قانچىلىك بىر نەرسە كېتەر ؟

ئۆزلىرىدىن ھېچنەرسىنى يوشۇرمايمەن ، — دەپ باشلىدى تۆمۈر قارىم ، — دادامدىن مىراس قالغانغا ئۆزۈمدە بارنى قوشسام ، ئالتە مىليونچە دوللار بولىدىكەن . بۇنىڭغا ئۆزلىرىدە بارنى قوشساق...

— مەندە بارى سىلىدە بارغا قۇرۇق ئۇنمۇ بولمايدۇ !...

— قۇرۇق ئۇن بولمىسا ، ياماققۇ بولار !؟

— تازا قىزىق جۇمۇسلە ، قۇدام ! ھا - ھا - ھا - ھا !

... تازا چىڭقىسام ، ئىككى مىليون يۈەن چىقىرالارمەنمىكى...

— بولدىغۇ مانا ! ئىككى مىليون يۈەن دېگەنگە بەش قەۋەت-
لىك بىنادىن ئىككىسى پۈتىدۇ !...

گەپ فابرىكىنىڭ كۆلىمى ، سېلىنىدىغان مەبلەغ ، ئۈسكۈنە -
جابدۇق ، مەھسۇلات تۈرلىرى قاتارلىقلارغا كۆچكەندە ، تۇمۇر
قارىم مۇنداق دېدى :

— مەن «ئىچكىرىنىڭ سودىگەرلىرى بىزنىڭ تېرە -
ئۈچەيلىرىمىزگە نېمانچە ئۆزىنى ئۇرۇۋىدىغاندۇ» دېسەم ، يۈز كويى-
لۇق بىر تېرىنى ئۇنداق - مۇنداق قىلىپلا ئەكېلىپ ئۆزىمىزگە
سېتىپ ، نەچچە مىڭ كويىمىزنى سوزۇۋېپ كېتىدىكەن... سىلىمۇ
بىلىلا ، تېرە دېگەننىڭ ھەممە يېرى ئالتۇن . ئۆزىدە كۆن -
خۇرۇم ، يۇڭىدا گىلەم ، بۇرۇچىدا يار يېلىم ئىشلىگىلى بولىدۇ...

— شۇنداق ، شۇنداق بولمامدىغان !...

ئەگەر بىز ئەڭ ئىلغار ، ئەڭ زامانىۋى كۆن - خۇرۇم
ئىشلەش ماشىنىسىدىن نەچچىنى سېتىۋېلىپ ، «بىسمىللا» دەپ
ئۆزىمىزنىڭ تېرىلىرىنى كۆن - خۇرۇمغا ئايلاندۇرۇپ باقمايلى-
مۇ ، ئۆزلىرىنىڭ جېنى ئامان بولسا ، پادىشاھقا يارىغۇدەك كى-
يىملەرنى تىكتۈرەيمىز...

— خۇدايىم بۇيرۇسا...

— يۇڭىدا گىلەم توقۇتۇپ ، مىڭلىغان دېھقان ئائىلىنى
بىكارچىلىقتىن قۇتقۇزىمىز...

— خۇدايىم نىيەتلىرىگە يەتكۈزەر !...

— قانداق سېتىشنىڭ گېپىنى سوراپ قاللا . سۈپەتكە
كاپالەتلىك قىلىپ ، بازاردا ئېقىتقاتان باھادىن بەش - ئون
پىرسەنت ئەرزان سېتىشقا چىدىساقلا ، كۆرۈلا ، خېرىدار ئۆزى
ئىزدەپ كېلىدۇ . مەملىكەت ئىچىدە ساتالمىساق ، چەت ئەلگە
يۆتكەيمىز...

— مەن بۇ تەرەپلەرنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىمەن...

— مەن چەت ئەلدىكى چاغدىلا ئويلاپ ، ئەنجاندىن بىر

گېكتارلىق ، ئالمۇتىدىن بىر گېكتارلىق باغ هويلا سېتىۋېلىپ كەلگەن...

— هە ! ئەجەب خەۋەر تاپماپتىمەن يا ؟... — تاشمەتخان ئۇستام هەيران بولغىنىدىن چىرايى ئۆڭۈپ ، ئاغزىدىن نېمە گەپ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى ، «ياخشى كۇنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ، شۇ ياققا چىقىپ كېتەي» دەپلا - دە ؟ !

— «خۇدايا توۋا» دېسىلە قۇدام !... ئىتتىن تۆرەلگەن بولسامۇ ئۇنداق قىلامدىغان ! — تۆمۈر قارىم تېرىكتى . قولى تىترەپ كېتىپ ، پىيالىسىدىكى چاي ئېتىكىگە تۆكۈلۈۋاتقىنىنىمۇ تۇيمىدى ، — ئۇنداق نىيىتىم بولىدىغان بولسا ، هەج سەپىرىمدە پۈتۈن ئائىلەم بىلەن شۇ يەردە قېلىپ دادامنىڭ ئايىغىدا ياتماي ، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن قەشقەرگە قايتىپ كېلەمتىم ! ؟ — ئۇ سەل ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى . تاشمەتخان ئۇستام خىجالەتچىلىكتە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇۋالغانىدى ، — بايا دېدىمغۇ ، چەت ئەلگە مال يۆتكىسەك ، ئۇ يەردە ياتاق هەققى ، ساقلاش هەققى دېگەنلەرگە تاغاردا بىر پۇل خەجلىمىسەك بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئەنجان ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە ، ئالمۇتا روسىيە بىلەن ياۋروپاغا يېقىن . ماللىرىمىزنى شۇ يەرگە بېسىپ قويۇپ ، قاياندىن خېرىدار كەلسە شۇنىڭغا ساتىمىز . بولمىسا ، خېرىدار كۈتۈپ يېتىپ تۇرىدۇ... يەنە بىر گەپنىمۇ دەۋېتەي ، هەرەمدىكى ئىنىم بىلەن پۈتۈشۈپ قويدۇم ، مۇشۇ قېتىمقى ئىشىمىز ئەپلىشىپلا قالسا ، ئىككى - ئۈچ مىليون دوللار قوشۇپ ، بىز بىلەن شېرىكلىشىدۇ هەم چەت ئەلگە چىقىرىدىغان ، كىرگۈزۈدىغان ماللىرىمىزغا ئىگە بولىدۇ...

— بوۋرۇنراق شۇنداق دېسىلىچۇ ! بولدى ، بۇگۈندىن ئېتىبارەن ، ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ ! ئۆزلىرى ئاققان كېچىكتە ئاققىنىم ئاققان !...

ئۇلار ئەڭ ئۇششاق - چوڭ ئىشلارغىچە مەسلىھەت قىلىشتى . يەرنى كۆپرەك سېتىۋالسا ، ئىمارەتنى ئىككى قەۋەتتىن ئاشۇرماسلىق ، ئەكسىچە بولسا «ئاسمانغا يامىشىش» نىيىتىگە كېلىشتى . قۇرۇلۇش قىلىشقىلا بىر مىليون دوللار ئاتىدى...

ئاچقۇچ ـــ تۆلەندى «داجەي» بولۇپ قالغانىدى .

ـــ مەن ئەتىلا قۇمسارايغا بېرىپ ، تۆلەندى ئاخۇنغا پىلانىمىزنى دەي ، ـــ دېدى خۇشاللىقتا قانات چىقىپ ، ئۇچقۇدەك يەڭگىللەپ كەتكەن تاشمەتخان ئۇستام ، ـــ ئۇ بۇنىڭدىن قالتىس خۇشال بولىدۇ . ھەممە يولنى ئۆزى مېڭىپ ، بىزگە جوجىل قويمايلا ، كېرەكلىك يەرنى ھەل قىلىدۇ . تېخى تونۇگۈن دېگىنىدىن جىقراق ھەل قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن .

ـــ ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى !...

ئۇلار شۇنداق پۈتۈشتى .

* * *

تۆت كىشى ـــ تۆت قۇدا ـــ تاشمەتخان ئۇستام ، مەتنىياز ھاجىم «تۆلكە» ، تۆمۈر قارىم ، ئىسلام ھاجىملارنىڭ قۇمسارايدا پەيدا بولۇشى سوپۇر ئاخۇنلار ئۈچۈن بايرام بولدى . تۆلەندى «داجەي»نىڭ پۈتى پۈتىغا تەگمىدى . مېھمانلار ئۇنىڭ ئۆيگە چۈشكەنىدى . تاشمەتخان ئۇستام تاجىگۈلنىڭ تۇغۇتىدىن كېيىن بۇ ئۆيگە كۆپ قېتىم كېلىپ قونۇپ - تونەپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئاۋۇ ئىككىيلەن ئەكرەمنىڭ تويىدا باشقا تۇغقانلار قاتارىدا بىرلا قېتىم كېلىشكەن ؛ ھەج سەپىرىدە يۈرگەن تۆمۈر قارىمنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم ئاياغ بېسىشى ئىدى . تۆلەندى «داجەي» ئۇلارنى داستىخانغا باشلاپ قويۇپلا قوتاندىن سېمىز بىر ئېرىك پاقلاننى سۆرەپ چىقىپ ئۆز قولىچە بوغۇزلىدى - دە ، كوممۇناغا :

— سويۈپ، ئىچ - باغرىنى ئېلىشۋېتىپلا بىر يارتىسىنى قازانغا تىقىشۋېتىڭلار! — دەپ قويۇپ، مېھمانلارنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى.

تۆلەندى «داجەي» ھەقىقەتەن «پىتلىنىپ» قالغانىدى. سوپۇر ئاخۇن قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا نامرات ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھويلا - ئاراملىرى ئالاھىدە كۆركەم، ئۆيلىرىمۇ يېڭىلانغان بولۇپ، بىر ئۆيگە كىرېسلو، شىرە قويۇپ، قوپالاراق بولسىمۇ شەھەر نۇسخىسىدا ياساپ قويغانىدى. مېھمانلار كۆپە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئەمەس، كىرېسلودا پۇتلىرىنى ئازادە سۇنۇپ بەخىرامان ئولتۇرۇشاتتى. تۆلەندى «داجەي» ئۇلارغا ناۋات سېلىپ دەملەنگەن زەپەرلىك چاينى كەينى - كەينىدىن قۇيۇپ، ئاغزى بىسلماي ئۆزرە ئېيتاتتى:

— بەكمۇ بىتۇيۇق ئولتۇرۇپتىكەنمەن، ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆيدە بار قاتتىق - قۇرۇقنى قويۇپ سالدىم، — دېدى ئۇ خىجالەتمەن قىياپەتتە، ئاۋازى تىترەيتتى. — بىرەر سائەت بۇرۇن خەۋەر تاپالىغان بولسام...

— ئۆزىمىزمۇ مۇشۇنداق بىتۇيۇقلا بېسىپ بارايلى دېيىشىپ قالدۇق، — تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، تۆمۈر قارىم بىلەن ئىسلام ھاجىمغا قاراپ مىيىقىدا تەبەسسۇم قىلىپ قويدى، — ھەممىمىز قۇدا - باجا ئەمەسمۇ؟ بىر - بىرىمىزگە تاۋان تاشلاپ نېمە قىلىمىز!...

— شۇنداق بولسىمۇ...

— ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىدىن قانچە پەش - كەش تەمە قىلسا، ئارىسى شۇنچە يىراقلىشىدۇ، — تۆمۈر قارىم گەپ قىستۇردى، — «تېخىمۇ يېقىنلىشايلى» دېگەن ئۇرۇق - تۇغقانلار تۈز - توغرا بولۇپ، بىر - بىرىنى پات - ئىزدەپ تۇرغىنى تۈزۈك. بىر - بىرىنى ئىززەت قىلغان دېگەن مۇشۇ...

— توغرا گەپ قىللا، — ئىسلام ھاجىمنىڭمۇ شۇك

ئۇلتۇرغۇسى كەلمىدى ، — ھېلىمۇ ئاز جۇۋۇماپلا...

داستىخان مول ئىدى ، شەھەرلىكلەرنىڭ داستىخىنىغا يېـ-قىندىلا تىزىلىشقا باشلىغان تاتارلارنىڭ باقالى ، پېچىنە - پىرە-نىكلىرى ئورنىغا خۇۋەينە ئۇرۇكنىڭ گۇلىسى بىلەن مېغىزى تىزىلغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ھەممە نەرسە شەھەر پەدىسىدە ئىدى . ئوچاققا يېقىلغان قايماقلىق قاتلىما شەھەردە بولمايتتى ، ئەلۋەتتە .

ئىشتىھا بىلەن ئېغىز تېگىشتى . قايماق چاي بىلەن قېتىقمۇ مېھمانلارغا تازا ياقتى . تويۇقسىز ، تازا ھوسنىگە تولۇپ ، يە-گىتلەرنىڭ يۈرىكىنى تەپكۈچ قىلىپ ئوينىغۇدەك بولۇپ قالغان خاسىيەت قىز بوسۇغىدا پەيدا بولۇۋىدى ، تولەندى «داجەي» ئالدىراش ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ئۇژمە ؟ مۇشۇ ئاناڭنىزە... ئۇژمىنىمۇ داستىخانغا قويغان بارمۇ ؟ ! — دەپلا كەينىگە ياندى .

— نېمە ! ئۇژمە ؟ — تولەندى شۇنچە پەس ئاۋازدا گەپ قىلغان بولسىمۇ ، تومۇر قارىم ئاڭلاپ قالغانىدى ، — ئەجەب كوڭلۇمدىكىنى تېپىپتۇ بۇ بالىلار !... بىرەر يىلنىڭىزى مۇسا-پىرچىلىقتا يۈرۈپ ھەممە نەرسىگە ئېغىز تېگىپتىمە - نۇ ، ئۇژمە دېگەن نېمەتنى كورۈپمۇ باقماپتىمەن . قەشقەرگە كېلىپلا نېمە-نىدۇر سېغىنغاندەك قىلىپ قاتلاڭچىلىقتا پەقەت ئېسىمگە ئالال-ماپتىم ، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن خاسىيەت خېنىم يادىمغا سالدى ئەمەسما !... تولەندى ئاخۇن ، بىزنى باشقا نەرسە بىلەن مېھمان قىلمىغەن دەپ جۇۋىماي ، ئۇژمىگە بىر تويغۇزسىلا ! — تومۇر قارىم ھەمراھلىرىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى ، — قانداق دېدىم ؟

— كوڭلۇمدىكى گەپنى قىللا ، قارىم ! — ئىسلام ھاجىم سايراپلا كەتتى ، — ئۇژمە دېگەن يازنىڭ خوۋلۇقى دېسىلە ! سەھراغا كېلىپ ئۇژمە يېمىدىڭ دېگەن گەپ — مەھشەرگاھدا

ھاۋزى كەۋسەر ئىچمىدىك دېگەن گەپ ! — ئۇ تاشمەتخان ئۇستامغا بۇرۇلۇپ چاقچاق قىلدى ، — سىلىنىڭ ھويلىدىغۇ ، يېسە ـ يېسە تۈگىمەيدىغان ئۈزۈملىرى بار··· بىز يېگىلى تۇرغاندا ئاچلىرىنى سالماي ئولتۇرالا جۇما !···

— ھېلىمۇ كۆنلۈكى بىرەر داس نېسىۋىلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرغىنىم ، بولمىسا···

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم ··· ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، نېمە ئۈچۈنكى ، ئۈزۈمنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ قالسام پەقەت تۇرالمايمەن !

— خاسىيەت ! — تۆلەندى «داجەي» كەينىگە بۇرۇلدى ، — ئۈزۈمەڭنى ئىتتىك ئەكەل ، خېنىم ! ···

ئەڭ ئاخىرقى پېشىشى بولغاچقىمۇ ، ئۈزۈملەر ھەم يوغان ، ھەم «ۋىل ـ ۋىل» پارقىرايتتى . ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى . ئۈزۈمە كىرىپ كېتىۋاتقان ئېغىزلاردىن گەپ تۆكۈلگىلى تۇردى :

— مەسلىھەت يەنە ئۆزگىرىپ قالدى ، — دەپ باشلىدى تاشمەتخان ئۇستام . «ئاپلا !··· بۇلار نىيىتىدىن يېنىۋاپتۇ ـ دە !···» دېدى تۆلەندى ئىچىدە پىچىرلاپ . ئىچىنى مۇشۇك تاتىلاۋاتقاندەك بىئارام بولۇۋاتقان بولسىمۇ چاندۇرمىدى ، — ئىسلام ھاجىم بىلەن مەتنىياز ھاجىممۇ «شېرىك بولساق» دەپ چاپلىشىۋېلىۋاتىدۇ .

— ھە ! — تۆلەندى «داجەي»نىڭ يۈرىكى قىنىغا چۈشۈپ ، كۆزلىرى بۆلەكچە نۇرلىنىپ كەتتى . ئىسلام ھاجىم بىلەن مەتنىياز ھاجىم بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەيتتى ، — قالتىس بەلەن ئىش بولاپتۇ !··· مەن تېخى··· توۋا ··· ھەر بىرلىرىنى نىيىتىدىن يېنىۋالدىمىكىن دەپ ···

— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا···

تۆلەندى «داجەي»دىن باشقىلار بىر ھازا قاقاقلاپ كۈلۈشتى . كۈلكە سەل بېسىققاندا ، تاشمەتخان ئۇستام :

— «گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ ، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ » دەپ ، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلامدىغان !… ئەگەر بۇلار يېنىۋالسىمۇ ، مەن يېنىۋالمايمەن ! — دېگەچ ، ئۇچەيلەنگە مە- نىلىك قاراپ قويدى . ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەش- تى . بۇ كۈلۈمسىرەشكە قايىللىق ، ئىشەنچ يوشۇرۇنغانىدى ، — مەن قايسى كۈنى ئۆزلىرى بىلەن خوشلىشىپ ، بوسۇغامنىڭ ئالدىدا پىكاپتىن چۈشۈشۈمگە ، ئىسلام ھاجىم يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالدى ، — تاشمەتخان ئۇستام ئەھۋال چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ، — سالام - سەھەتتىن كېيىن ئۆيگە باشلاپ ، تۆمۈر قارىم بىلەن ئىككىمىز قىلماقچى بولغان ئىشنى ئاغزىمدىن چې- قىرىپ تاشلىغىنىمنى بىلىمەن ، خۇدايىم بار ، «بىزنىڭ نەرىمىز تۇغقان ؟ جىمى ساۋابنى ئىككىڭلار تېپىپ ، جىمى گۇناھنى بىز- گە قويۇدىغان ئىشمىكەن بۇ ! ؟… مېنىڭ بوۋاممۇ يېزىدىن كەپ- تىكەن… دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تېخىچە كەتمەننىڭ قۇلى بولۇپ يۈرگىنىنى ئويلىسام ، يۈرىكىم قان يىغلاپ كېتىدۇ . شۇڭا ھەر يىلى رامىزاندا بېرىدىغان ئەللىك - ئاتمىش مىڭ يۈەن زاكاتىنىمۇ دېھقانلارغا بېرىۋاتىمەن… » دەپ بىر چېچىلىپ كەت- مەسمۇ ، باللارنىڭ ئانىسى كىرىپ قالمىغان بولسا ، ئىزادىن ئۆلەرمەنمىكىن… كېيىن مەتنىياز ھاجىممۇ بۇنى ئاڭلاپ قوپقال- جىپ تۇرالماي قالدى…

— بەك ئوبدان بولاپتۇ ! كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولاپتۇ !

ھاياجانلىنىپ كەتكەن تۆلەندى گېپىنىڭ ئايىغىنى تېپىپ بولغۇچە ، تاشمەتخان ئۇستام ئېغىز ئاچتى :

— تۈنۈگۈن ئۆزلىرى كوممۇناجاندىن بەرگەن ئۇچۇرنى بۇ ئۇچەيلەنگە يەتكۈزسەم ، «ئەتىلا قۇمسارايغا بېرىپ ، تۆلەندى ئاخۇننىڭ ئاغزىدىن گەپ ئاڭلىغاچ ، ئۇ يەر - بۇيەرنى كۆرۈپ دىتلاپ باقايلى» دەپ تۇرۇۋېلىشتى . شۇڭا ، ئۆزلىرىگە خەۋەر بەرمەيلا كېلىۋەردۇق…

— بەك ئوبدان قىلىشىپلا. بەك خۇش بولدۇم... مەن تېخى ئەتىگىچە قاشلىرىغا بارماقچى بولۇپ تۇرغان...

— ئىشىمىز چىگىت چاقمىغاندۇ؟!

— ياق! — تۆلەندى «داجەي» مەغرۇر كۈلۈمسىرىدى، بۇ ئىشتىن ۋاڭ شۇجى خەۋەر تېپىپ، «يۈزدە يۈز قوللايمەن» دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈپتۇ!...

— «ۋاڭ شۇجى؟» قايسى ۋاڭ شۇجى؟

— بۇرۇنقى ناھىيىلىك گېۋېيىخۇيىنىڭ جۇرېنى ۋاڭ جۇ-رېنچۇ!... گېۋېيىخۇي ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن ناھىيىگە شۇ-جى بولغان...

— ئۇ قانداق ئۇققاندۇ؟ ئۆزلىرى كۆرۈشكەنمۇ يا؟

— ياق. تو شۇجى كۆرۈشۈپتۇ.

— توختى تۇرمۇ؟

— ھەئە.

— ھە، ھە...قانداق بولۇپ...؟

— تۈنۈگۈن كوممۇنانى قاشلىرىغا يولغا سېلىۋېتىپ تۇر-سام، تو شۇجى تېلېفون بېرىپ قالدى...

تۆلەندى «داجەي»نىڭ دېيىشىچە ئۇ تۆمۈر قارىمىنىڭ ئۆيى-دىن يېنىپ ئەتىسى يېزىلىق پارتكومغا بېرىپ، توختى تۇر، ئىسلام موللاقلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار تاشمەتخان ئۇستام جەزمەن قۇمسارايغا كېلىپ زاۋۇت - كارخانا قۇرۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولسا، پۈتۈن كۈچى بىلەن يول مېڭىپ، ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە يەر ھەل قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىپتۇ. تۈنۈگۈنكى تېلېفوندا دېيىشى-چە، ئۈلۈشكۈن بىر ئىش بىلەن ناھىيىگە بېرىپ، تۆلەندى «داجەي»گە بەرگەن ۋەدىسىنى ۋاڭ بىيلەيگە ئېيتقان ئىكەن. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ: «شەھەرلىك بايلار يېزاڭلاردا زاۋۇت - كارخانا قۇرماقچى بولسا قەتئىي قوللاپ، قىزغىن قارشى ئېلىش-

لار . ئەگەر ئۇلارغا ئېھتىياجلىق يەر ناھىيىنىڭ تەستىقلاش چېكىدىن ئېقىشىپ كەتسە ، ۋىلايەتنىڭ يولىنى ئۆزۈم مېڭىپ ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى چوقۇم قاندۇرىمەن» دەپتۇ .

— بۇ ئىشتا تو شۇجىنىڭمۇ ، ۋاڭ شۇجىنىڭمۇ بىلى مەھكەم ، — دەپ گېپىنى تۇگەتتى تۆلەندى ، — ھەربىرلىرى بەل باغلاپ چىقىپ «ھايت»لا دېيىشسىلە ، ھەپتىگە قالماي بەش - ئون مو يەر ھەل بولىدۇ...

— قانداق ، دېگىنىم راستمىكەن ؟

تاشمەتخان ئۇستام مەغرۇر ھجىيىپ ھەمراھلىرىغا قارىغا‑نىدى . ئۇلار سەل خىجىل بولغاندەك ئۇيان - بۇيان مىدىرلاپ قويۇشتى ھەم زورلاپ كۈلۈمسىرەشتى... خۇشاللىقتا تۆلەندىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولۇپ ، ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي‑ۋاتاتتى .

— مۇشۇ ئىشىمىز ئەپلىشىپ قالسا ، — دېدى ئۇ مېھ‑مانلارغا شورپا تارتىۋېتىپ ، — كەنتىمىزدىكى ھەممە ئادەمنىڭ قولى ئىشقا ، ئاغزى ئاشقا تېگىدىكەن !...

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەپلىشىدۇ ! — تۆمۈر قارىم گەپ قاتتى ، — «كىشىنىڭ قولىدا قۇش تويماس» دېگەندەك ، بەندە‑نىڭ بەرگىنى بىر كۈنلۈك ، خۇدانىڭ بەرگىنى مىڭ كۈنلۈك بولىدۇ... ئەگەر بۇ يەردىكى قېرىنداشلار ئۇلۇغ پەرۋەردىگارى ئالەم : «ھالال ئىشلەپ تېپىپ يە » دەپ ياراتقان ئىككى قولىنى مىدىرلىتىشقا ئېرىنمىسىلا ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئىش دېگەنگە كۆمۈۋېتىمىز . «پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشىنىۋالىدۇ...

شورپىغا سىلىنغان ئۇگرە ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ، تۆلەندى ئۇلارنى باشلاپ ، ئەتىلا قۇرۇلۇش باشلىنىۋېتىشكە بولىدى‑غان ، مەھەللىگە يېقىن ، ئاسفالت يول بويىدىكى تاۋارنىڭ كې‑سىكىدەك ئېسىل يەرلەرنى بىرمۇ بىر كۆرسەتتى ، ھەتتا ئۇ

يەرلەرنىڭ كىملەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇ-
رۇشىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. ئاخىردا:

— ئەگەر ھەربىرلىرى قەيەرنى مۇۋاپىق كۆرۈشسىلە، ئۇ
يەرلەرنىڭ ئىگىلىرىگە كەنتىنىڭ ئىلكىدىكى يەرلەرنى ئالماشتۇ-
رۇپ بېرىپ رازى قىلىمىز، — دېگەنىدى. تۆمۈر قارىم:

— ئالماشتۇرۇپ يۈرمەي، دادۈي ئىلكىدىكى يەردىن سې-
تىپ بېرىشسىلە بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ئۇنداق قىلساق ئوڭاي بولاتتى. ئەمما، ئۇ يەرلەر
ساستا، يولنىڭ تايىنى يوق، مەھەللىگىمۇ يىراق. ئۇ يەرگە
زاۋۇت قۇرساق، سالا ئېتىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالىدۇ...

— ھە... — دەپ قايىل بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن كۆز
ئۈزۈشتى قۇدىلار. كېتىپ بېرىپ، تۆمۈر قارىم يەنە سورىدى:

— بۇ يەردە بىنام يوقمۇ؟

— بار، بولمامدىغان! — تۆلەندى داجەي جانلىنىپ
كەتتى، — مىشەدىن ئىككى كىلومېتىرچە ماڭساق، دەريا
بويىدا ئەزەلدىن كەتمەن كۆرمىگەن نەچچە يۈز مو بىنام بار.

— كۆرۈپ باقامدۇق؟

تۆمۈر قارىمنىڭ تەكلىپىگە ئىككىيلەن ئۇن قاتتى:

— كۆرسەك كۆردۇق. بىزدىن نېمە كېتەتتى!؟

..........

قارا قىشتا قار بىلەن چۈمكەلگەندەك ئاپئاق شور قاپلىغان
بىپايان دۆڭلۈك. ئاياغلارنى بىر قەدەم يۆتكىگەندە «غاراچ-
غۇرۇچ» ئاۋاز چىقىدۇ. ئۇ يەر - بۇ يەردە ئاقيانتاق بىلەن
قامغاق، ئانچە - مۇنچە يۇلغۇن نوتىلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ
قالىدۇ. بۇ يەرنىڭ نامى «ئاقدۆۋە». دەريادىن نەچچە غۇلاچ،
ئېكىنگە تۇتىشىدىغان ئاۋۇ زەيلىك — بوزلۇقتىن بىر - ئىككى
غۇلاچ ئېگىز. ئەسىرلەردىن بۇيان سۇ دىدارى كۆرمىگەچ، بۇ
يەرنىڭ شورى يىراق - يېقىنغا داڭلىق. ئوچاق، تونۇر سالىدى-

غانلار نە ـ نەلەردىن كېلىپ، بۇ يەردىن شور ئېلىپ كېتىشىدۇ...
— ئەگەر بۇ يەردە توك بولۇپ قالىدىغان بولسا، ھەممە يېرىنى ئەينەكتەك تۈزلەپ، ئېنى ئىككى مېتىر، ئېگىزلىكى بىر مېتىر كەلگۈدەك تېگەن سوقۇپ، دەريادىن سۇ پومپىسى بىلەن سۇ تارتىپ، راسا ئىككى يىل سۇغا باسۇرۇپ شورنى ئولتارغۇزۇۋېتىدىغان بولسا، ئادەم تېرىسا ئۈنگۈدەك يەر بولىدۇ دېيىشىسىلە، بۇ! — تۆلەندى «داجەي» ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئىچىنى ئۇردى، — مەن داجەيدە چاپاننىڭ پېشىچىلىك تاغ ئۈستىگە نەچچە كىلومېـ. تىر نېرىدىن سېۋەت بىلەن توپا توشۇپ چىقىپ يەر قىلغاننى كۆرگەن... ئۇ خەقنىڭ كۆرگەن كۈننى خۇدا بەندىسىگە كۆر. سەتمىسۇن!... ئۇ كۈنلەر ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلسىمۇ يۈرىكى جىغىلدايدۇ... قېنى، بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ئادەم مۇشۇنداق كۆپەـ. يىۋەرسۇنچۇ، خەق بۇ يەرنى ئاغزىدا سۇ توشۇپ بولسىمۇ تېرىدـ. ـىسا مانا مەن!...

— مۇشۇ يەر قانچىلىك كېلەر؟

— يۈز مودىن كەم كەلمەيدۇ، — دېدى تۆلەندى «داـ. جەي» تۆمۈر قارىمنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

تۆمۈر قارىم سوراشنى داۋام قىلدى. تۆلەندى «داجەي» يولى ـ يولىدا جاۋاب بېرەتتى:

— بورۋايدا كولىسا سۇ چىقارمۇ؟

— چىقىدۇ. دەريانىڭ ئۇ يېنىدىكى جاڭگالغا بىگتۇەننىڭ ئادەملىرى ئىككى قۇدۇق كولىتىپتىكەن، ئىككىلىسىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بۇ يەردىنمۇ شۇنداق سۇ چىقىدۇ.

— مۇشۇ يەرنى ئالساق قانداق؟

— نېمە! راستىمۇ؟

تۆلەندى «داجەي»نىڭ قۇلاقلىرىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئىسلام ھاجىمنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. تاشمەتخان

ئۇستام :

— يولى بولسىغۇ بۇ يەرمۇ بولىدىكەن ، — دېگەندى ، ئىسلام ھاجىم دەرھال تىلغا كىردى :

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن…

— ماۋۇ جىلغىغا بىر كۆۋرۈك سېلىپ ، — دېدى تۆمۈر قارىم ئىشەنچ بىلەن ، ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر يول ياسىساقمى-كىن دەيمىنا…

تۆلەندى : ئۇنداق بولسىغۇ…

تاشمەتخان ئۇستام : يول ياساشمىغۇ ساۋابلىق ئىش…

ئىسلام ھاجىم ، بايا ئېسىمگە كەلمەپتۇ… بۇمۇ بولىدىغان گەپ !… مۇشۇ يەرنى قولغا چۈشۈرگىلى بولامدۇ - بولمامدۇ ؟ ئاۋۋال شۇنىڭ گېپىنى قىلىشايلى !…

تۆلەندى «داجەي»نىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ ، ئاغزى ئاغ-زىغا تەگمەي سايراپلا كەتتى . ھەتتا ئۇ قىزىشىپ كېتىپ ، بۇ يەرنى بىر تىيىن خەجلىمەي قولغا چۈشۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلى-دىغانلىقىنى بىلدۈردى .

— ھەرگىز بىكارغا ئالىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا ، تۆلەندى ئاخۇن ! — مەتنىياز ھاجىم بىرىنچى بولۇپ ئۆكتە قوپتى ، — ئات بېشىدەك ئالتۇنغا بەرسىمۇ ، نەق پۇلغا ئالىدى-غانىنىڭ يولىنى ماڭسىلا… بىكارغا ئالىدىغانىنىڭ گېپى چىقسا ، بىر كۈندە پۈتۈدىغان ئىش بىر يىلغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ . قانداق دېدىم ؟

— ياللا ، ياللا… ھۆكۈمەتنىڭ نەرسىسىنى بىكارغا ئالامدىغان ! — تاشمەتخان ئۇستام ئۇنى قوللىدى ، — بۈگۈن بىر باشلىق بىر تال تېرىقنى بىكارغا بېرىۋېتىپ شۇنداقلا ئۆتكىدا بولسا ، ئەتە يەنە بىر باشلىق «خاتالىقنى تۈزىتىمەن»دەپ ، تې-رىققا تاۋۇزنى قوشۇپ تارتىۋالىدۇ…

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس ، — تۆمۈر قارىم سۆز

قاتتى ، — ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئالغۇ ـ بەرگۈدە رەقەم بەك مۇھىم . مەيلى بىر موسىغا بىر پۇڭ ئالسۇن ياكى ئونمىڭ كوي ئالسۇن ، بۇ قولدىن پۇلنى بېرىپ ، ئۇ قولدىن ھۆججەت ئالدى-غاننىڭ ئىشىنى قىلمىساق ، بىز ھاياتقۇ ھېچگەپ بولماس ، بىز-دىن كېيىن قالغاندا بالىلىرىمىزغا تەس بولىدۇ... ئالماقنىڭ ساتمىقى بار ئەمەسمۇ...

— ھازىر ھۆكۈمەت يەر ئېلىم ـ سېتىم قىلىشنى ناھاي-تى چىرايلىق قىلىپ : «يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش» دەپ ئاتاۋاتىدۇ . بىزمۇ ۋاقتى كەلگەندە بالىلىرىمىز ئىشلەتسە «مېنىڭ» دەپ يۈرەكلىك ئىشلىتەلەيدىغان ، ئىشلەتمىسە باشقا بىر كىمگە ئەر-كىن «ئۆتۈنۈپ» بېرەلەيدىغان قىلىپ پۇختا رەسمىيەت ئۆتەيدى-غاننىڭ ئىشىنى قىلايلى...

— توغرا .

بۇ ئاخىرقى مەسلىھەت بولدى . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭ ئىچىدە : «نەچچە پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ، يەرنى كۆپرەك سېتىۋې-لىش» دېگەن ئارزۇمۇ بار ئىدى . گەرچە ئۇلار قەسەم ئىچىشمى-گەن بولسىمۇ ، بۇ مەسلىھەتنى ھېچكىمگە تىنماسلىق ؛ تاكى ھەممە رەسمىيەتلەر تولۇق ئۆتىلىپ ، ھۆكۈمەت : «مانا ماۋۇ يەر سېنىڭ» دېمىگىچە ، بۇ يەردىن يەر سېتىۋېلىش گېپىنى مۇشۇ بەشەيلەندىن باشقىلاردىن قەتئىي سىر تۇتماقچى بولۇشتى . چۈن-كى ، «ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا ، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ» ياكى «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بولىدۇ» . تېخىمۇ مۇھى-مى ، گەپ كۆپەيسە ، ئىش بۇزۇلىدۇ...

ئۇلار كەچلىك تاماقنى گۈلزارلارنىڭكىدە يەپ ، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ باغلىق ھويلىسىدا قوندى .

— نېمە ! بۇ... ؟

بىر گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتۇق ، تاشمەتخان ئۇس-تاملار باغ ھويلىسىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ، بەزد-

لەر دەرھال ئىشكىنىڭ قۇلۇپىنى چىقىپ، ئۆيلىرى كونىراپ كەتكەن «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە»دىن بىر ـ ئىككىنى كۆچۈ-رۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپ ئاچ-چىقنى چىقىرىدىغان باھانە سەۋەب تاپالماي يۈرگەن تۆلەندى «داجەي»گە خوپ ياقتى. چۈنكى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرى-لەش» يىللىرىدا بىنا قىلىنغان داۋىنىڭ بىغىنى ھېسابقا ئالمى-غاندا، بۇ يۈرتتىكى بىردىنبىر باغ ھويلا ئاشۇ بولۇپ، ئۆيلىرى يېڭى ھەم كۆركەم ئىدى. تۆلەندى «داجەي» ئەمدىلا ئىككى ئائىلىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، ئاغزىدىن چىقىرىشقا ئۈلگۈرمەس-تىن، «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە»لەر بىر ياندا قېلىپ، ئۆيلىرى شورىداپ، قاتتىق بوران چىقسا ئۆرۈلۈپ كەتكۈدەك بولۇپ قالغان بەزى كەمبەغەل دېھقانلار تۆلەندىنىڭ قۇيرۇقىغا كىرىۋال-دى. ھويلا بىر، كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇرۇش تەمەسىدىكىلەر ئون نەچچە ئائىلە ئىدى. مەيلى ئۇ كىمنىلا ئولتۇرغۇزۇپ قويسۇن، باشقىلار چوقۇم ئۇنى تىللايتتى. مۇنداقچە ئېيتساق، بىرنى خۇش قىلىمەن دەپ ئوننى خاپا قىلاتتى. بۇنىڭسىزمۇ، تاجىگۇل-نىڭ ئىز ـ دېرىكى بولمىغانلىقى، تۆلەندىنىڭ روھىي ئازابى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر بۇ ئىشمۇ قوشۇلسا، ئۇ ھالدا، تۆلەندىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرمىكى تېخىمۇ تەس بولاتتى. شۇڭا ئۇ داۋۇي ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، بۇ ئىشنى مۇزاكىرىگە قويدى. مۇنداق قىلغاندا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرمەيت-تى. بىراق، مۇزاكىرە جەريانىدا ھەممەيلەن دېگۈدەك ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ياكى يېقىنلىرىنى تىلغا ئېلىپ، تۆلەندى «داجەي» نىڭ كۆڭلىدىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىدى. ئۇ ئەمدىلا ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىشىگە:

ــ توۋا، ما ئىشنى... شۇنچە جىق ئادەمنىڭ ئاشۇ ھويلىدا ئولتارغۇسى بارمىكەن؟ ــ دېدى شايۇنۇس ئاكا ھېچكىم كۈت-

ـمگەن يەردىن چىقىپ ، ــ ئۆزىنىسكى ، تاشمەتخان ئۇنسۇر قەشقەرچە يەردىن كېلىپ ئاشۇ ئۆيىنى سالمىغان بولسا ، ئۇ خەق نەدە ئولتۇراتتىكىن ؟ !... مۇشۇ تۇرقى بەشتىڭلار ئون ئائىلىنى كۆرسەتتىڭلار . ئۆزىنىسكى ، تولەندى سېكرېتارىنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنىمۇ خېلى بادۇ ھەقىچان... ئۆزۈمنى قوشسام ، لېڭدوشو-زۇدىكى يەتتە ئادەم يەتتە خىل چۇش كۆرگەن بولىدىكەنمىز . سەن كۆرسەتكەنگە مەن قوشۇلمىسام سەن خاپا بولىسەن ، مەن كۆرسەتكەنگە سەن قوشۇلمىساڭ مەن خاپا بولىمەن ... ئۆزىنىسكى ، تازا بىر باش ئاغرىتىدىغان ئىش بولدىغۇ بۇ !...

ــ نېمىشقا بېشىمىز ئاغرىيدىكەن ؟ نامزاتلارنى قول كۆ-تۇرۇپ بېكىتسەك بولىۋېرىدۇغۇ !...

ــ قول كۆتۇرۇپ بېكىتىش بىئەپ بولسا ، «تەلەيدە بوڭ-بوك» دەپ چەك تاشلىساق ، تەلىيى بارغا چىقىدۇ ، تەلىيى يوقلار قېلىۋېرىدۇ...

ــ ئۆزىنىسكى ، چەك چىققانلارنىڭ ئۆيى ئوبدان ، چىقمى-غانلارنىڭ ئۆيى ناچار بولسا قانداق قىلىمىز ؟

ــ قانداق قىلاتتۇق ، ھەركىم ئۆز پېشانىسىدىن كۆرىدۇ شۇ !...

ــ بەللى ، بەللى ، ماگەپنى... ئۆزىنىسكى ، لېڭدوشوزۇ-نىڭ يىغىنىدا خەقنىڭ پېشانىسىنى سىنايمىز دەڭلا... خۇددى تاۋىكادا «دەتتېكەم» دەپ ھوشۇق ئاتقاندەك... شۇنداقمۇ ؟

ھەممەيلەننىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ ، ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەت-تى . ھېچكىممۇ شايۇنۇس ئاكىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قارىيال-مىدى . تولەندى ئىچىدە خۇش بولۇۋاتقان ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ ، سوزۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ جىم بولۇۋالدى .

ــ بولمايدۇ ئۇكىلىرىم ، بولمايدۇ ! ــ شايۇنۇس ئاكا ھەممەيلەنگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۇۋېتىپ داۋام قىلدى ، ــ

سىلىمۇ بىلىسىلەر ، تاشمەتخان ئۇنىسۇر قەشقەردىكى ئۆيىنى ھۆ-كۇمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، مۇشۇ ئۆيىنى سالغان . نوپۇس - نورمىسىمۇ بىزنىڭ مەشەدە . قەشقەردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە نېرىسى ئىككى ئاي ، بېرىسى بىرەر ئاي ئاران پاتىدۇ ، يا بولمى-سا ، جىيۇچادۇي تۇتۇپ بۇ يەرگە ئەكېلىپ بېرىدۇ . ئۇ چاغدا ئۇلارغا نەدىن ئۆي تېپىپ بېرىمىز ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيىنى زادى مۇسادىرە قىلماي كۆڭلۈڭلار تىنمىسا ، ئاۋۋال گۇڭشېدىن سو-راڭلار . گۇڭشې قوشۇلسا ، مېنىڭ پىكرىم يوق...

توختى تۇر قوشۇلمىدى . تېخى ئۇ ھويلىنى سوپۇر ئاخۇن-نىڭ خەۋەر ئېلىشىغا تاپشۇردى . مانا شۇنىڭدىن بېرى ، سوپۇر ئاخۇن بىلەن گۈلزار ئۆيلەرنى شورىداتماي خەۋەر ئالغاندىن تاشقىرى ، مېۋىلەرنىڭ ئۇلايدىغىننى ئۇلاپ ، ناچارلىرىنىڭ ئورنىغا ياخشىلىرىنى قويۇپ ، ناھايىتى كۆجۇم باغقا ئايلاندۇرۇ-ۋەتتى . بۇنى كۆرگەن قۇمسارايلىقلار ھويلا - ئاراملىرىغا مېۋى-لىك كۆچەت تىكىپ تۇتقۇزۇپ ، مېۋە - چېۋىنى بازاردىن سېتىۋ-ۋېلىپ يېيىش ھالىتىگە خاتىمە بەردى . تەبىئىكى ، بۇ ئىشتا تۆلەندى «داجەي» باشلامچى بولدى...

سالى بىلەن تاجىگۈل قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاشمەتخان ئۇستام ئۆيلەرنى ۋاساجۇپ قىلىپ يېپىپ ، شەھەر نۇسخىسىدا پېشايۋان چىقىرىپ گەجخا قىلدۇرۇپ ، بىسات - كېچەك سېلىپ قويدى . يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىدە روزىخاننى ھەمراھ قى-لىپ كېلىپ ، ھەپتە - ئون كۈن تۇرۇپ كېتەتتى . سالى بىلەن تاجىگۈل ئازنا - شەنبە قىلىپ كەلسە ، مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپاتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ بۇ باغ ھويلىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشى ، كەلگۈسى ئۇچۇن ، باللىرىنىڭ باللىرى ئۇچۇن «ئۇۋا» تۇتۇپ قويۇش ئىدى . بۇنى بىر ئۆزى ، بىر تەڭرىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى...

* * *

ئەتىسى ، ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ، توختى تۇر ، ئىسمائىل موللاق قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلار ئاقدۆۋىدە قىلىشقان مەسلىھەتنى ئۇلارغا دېمىدى . نەچچە سائەت داۋاملاشقان سۆھبەتتىن كېيىن ، توختى تۇرلار ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئاقدۆۋىنى ئۇلارغا چوقۇم ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى .

— بۇ بەك ئوبدان ئىش بولدى ، — دېدى توختى تۇر ئاخىردا ، — ۋاڭ شۇجى چوقۇم خۇش بولىدۇ... ئەگەر مالال كەلمىسە ، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بىر پارچە ئىلتىماس بىلەن فابرىكا توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى دوكلات شەكلىدە يېزىپ تاپشۇرۇشسىلا ، بىزنىڭ ناھىيە مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلىشىشىمىزگە تېخىمۇ ئوڭاي بولاتتى...

— ماقۇل ، بىز قايتىپ بېرىپ مەسلىھەتىمىزنى تېخىمۇ پىشۇرۇپ ، ئىلتىماسىمىز بىلەن پىلانىمىزنى يېزىپ ئەكېلىپ ھەربىرلىرىگە تاپشۇرايلى...

— سىلىنىڭ پىشمىغان بولسا ، بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز ئاللىقاچان پىشىپ بولغان ، — تۆمۈر قارىم تاشمەتخان ئۇستامنىڭ گېپىنى بۆلدى ، — بۇ يەردە يەنە بىر كېچە قونۇپ ئەتە ئەتىگەندە ئىلتىماسىمىز بىلەن پىلانىمىزنى ھەربىرلىرىگە تاپشۇرايلى . قانداق دېدىم ، ئىسلام ھاجىم ؟

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىلا ، — ئىسلام ھاجىم كۈلدى ، غولا ساندەك تۆت ئەركەك تەخ تۇرۇپ ، يەنە نېمىنى مەسلىھەت قىلىمىز ؟ !...

تاشمەتخان ئۇستامغا كېرىكىمۇ مۇشۇ ئىدى .

— نېمە دەيتتىم ، — دەپ ئۆزىنى ئوڭايسىزلانغاندەك كۆرسەتتى ئۇ ، — ھەربىرلىرى نېمە دېيىشسىلە شۇ !...

ئىش ئاشۇنداق بولدى . ئۇلارغا ۋاكالىتەن يول مېڭىشنى تۆلەندى «داجەي» خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى .

# تەۋرەش

«بۇ كۈننىڭ ئاي ـ يىللىرى توشقاننىڭ قۇيرۇقىدىنمۇ قىسقا» دەپ كىم ئېيتىپتىكىن ـ تاڭ، «ئۆھۆ» دەپ بولغۇچە بىر ياز، بىر قىش چىقىپ كەتتى. پۈتۈن ناھىيە مەسئۇللىرى مەيدە قاققان ئىشنىڭ تېخىچە ئېغى بىلەن بېغى يوق. تۆلەندى «داجەي» خىجالەتچىلىكتە تاشمەتخان ئۇستامنىڭ دىدارىغا قاراشتىنمۇ خىجىل. ناھىيىنىڭ يولىنى تولا مېڭىپ كەشىنىڭ چەمى تېشىلگىلى تۇردى.

— سىزىما ئادىرىمىسۇڭ، مەن ھەيلى كىلا، — دەيدۇ ۋاڭ بىيلەي ھەر قېتىم ئۇنى ئىشخانىسىدا ياكى ئۆيىدە كۆرگەندە، — دىۋېيدى مۇزاكىرە تۇگەيدىما، يەر بېرە...

بۇنداق تەسەللى زادى قانچە قېتىم ئېيتىلدى؟ تۆلەندى «داجەي» ساناپمۇ بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن 10 — 15 يىل ئىلگىرى تۆلەندى «داجەي» ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ـ قاقمايلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇسسۇپلا كىرىۋېرەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزى تۇگۇل، داجەي دادۇيمۇ پەگاغا چۈشۈپ قالدى. ئەمدى قۇرۇق شوئار بىلەن، داۋراڭ بىلەن باشلىقلارنى ئېرىتكىلى، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىگەن تۈزۈك.

تۆلەندى نەچچە ـ نەچچە قېتىم ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىشىكىنى قاقماقچى بولدى ـ يۇ، خىجىل بولدى. ۋاڭ بىيلەيدىن خىجىل بولمايتتى، بەلكى ئۇنى ئۆزىدىن قەرزدار دەپ بىلەتتى. چۈنكى ئۇ ۋاڭ بىيلەي نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلدى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ۋاڭ بىيلەي ھېلىمۇ «پارتىيە»ى، ئۇنىڭ گېپىد-
نى ئاڭلىسىلا زىيان تارتمايدۇ . ئۇ «ماقۇل» دېگەن ئىش چوقۇم
ۋۇجۇدقا چىقىدۇ . بىراق ، قاچان ۋۇجۇدقا چىقىشنى مۆلچەرلە-
مەك تەس . سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ . بىراق ،
تاشمەتخان ئۇستاملار كۈتەلەمدۇ ؟

تۆلەندى مۇشۇنداق غەم بىلەن يۈرگەن ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ
بىرىدە ، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئۆيىدە سوپۇر ئاخۇن پەيدا بولۇپ
قالدى .

— دادا ، — دېدى ئۇ سىنچاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ، —
ئۆزلىرىگە بىر ئىشنى مەسلىھەت سالاي دەپ كەلگەنىدىم...

— نېمانداق تويۇقسىز ؟ — تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭغا
ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ، — دېسىلە قېنى ، ئاڭلاپ باقاي .

— قايسى كۈنى تېلېۋىزوردا بىر ئېلاننى ئاڭلاپ قالدىم...

— ھە ، ھە...

— ھۆكۈمەت تۆشۈك دەرۋازىسىغا سالغان ئىمارەتنى سې-
تىۋالغۇچىلارنىڭ نوپۇسىنى شەھەرگە ئالىدىكەن...

— توغرا ، مەنمۇ ئاڭلىغان... قانداق دەيلا ؟

— شۇ بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋېلىپ كۆچۈپ
كەلسەكمىكىن دەيمەن .

— نېمە !... بۇ گۈلزارنىڭ مۇددىئاسىمۇ ، يا ئۆزلىرىنىڭ-
مۇ ؟

— تېخى گۈلزارغا دېمىدىم...

— ما ئىشنى... نېمىشقا دېمىلە ؟

— ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ ئاندىن دەي دەپ...

— بالام ، قانداق بولۇپ مۇشۇ ئويغا كېلىپ قالغانلا ؟

— مۇنداق قارىسام ، سەھرادا پۇل تېپىپ بېيىغانلار شە-
ھەردىن ئۆي سېتىۋېلىپ كۆچۈپ كېلىپ ، تېخىمۇ بېيىغىلى
تۇرۇپتۇ . شۇڭا مەنمۇ ؟...

— مۇنداق دېسىلە... نېمە ئۇقەت قىلاي دەيلا؟
— ئىككى - ئۈچ پىكاپ سېتىۋېلىپ كىراغا سالاي دەي-
مەن .
— باغ بىلەن بېلىق كۆلىنى قانداق قىلىلا؟
— تۆلەندى سېكرېتارنىڭ ئوغلى كوممۇناغا ئۆتكۈزۈپ
بېرەي دەيمەن .
— ئاشۇنداق پۈتۈشتىڭلىمۇ؟
— ياق . بۇ مېنىڭ ئويۇم . سىلە قوشۇلسىلا...
سوپۇر ئاخۇن باغنى ھۆددە ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي گۇڭشې-
نىڭ بېلىق كۆلىنى ھۆددە بېرىشنىڭ گېپى چىقتى . نەچچە مىڭ
ئەمگەك كۈچى ، نەچچە ئون مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ ياسالغان
بۇ كۆل يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ھېچكىمگە بىر تىيىن نەپ
بەرمىدى . «نەپ بەردى» دېيىلسە ، يىلدا بىر - ئىككى قېتىم
ئېچىلىدىغان «داجەيدىن ئۆگىنىش نەق مەيدان يىغىنى»غا قاتنى-
شىش ئۈچۈن ھەر يەر - ھەر يەردىن كېلىدىغان مېھمانلار بىلەن
ئېكسكۇرسىيىچىلەر ۋە ھەرخىل نام ، ھەرخىل ۋەزىپە بىلەن
كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى خادىملىرىغا
ئەرزان باھالىق ئوزۇق مەنبەيى بولدى . تويۇپ سېسىق كېكىرىپ
كەتكۈچە يېگىنى ئاز كەلگەندەك ، كۆتۈرەلىشىچە ئېلىپ كېتىش-
تى . ۋىلايەتنىڭ پىكاپلىرى ، ناھىيىنىڭ خادىملىرى قىش - ياز
كۆل بويىدىن ئۈزۈلمىدى . كىم قانچىلىك پۇل تۆلىدى ، كىم
تۆلىمىدى؟ بۇنىمۇ تەڭرى بىلىدۇ . بولۇپمۇ مەتكېرىم «يۇرت
سورىغان» كۈنلەردە ، بېلىقتىن ئىبارەت بۇ ئوزۇق كۈندىن -
كۈنگە ئازىيىپ ، بېلىق كۆلى پاقا بىلەن يىلانغا ماكان بولۇپ
قالغانىدى . ئىسلام موللاق يەنە بىرمۇنچە پۇلغا بېلىجان سېتىۋې-
لىپ ، سالغان بولسىمۇ ، بىچارە بېلىجانلار بېلىق بولۇپ بولغۇ-
چە پىكاپلارغا «كۆچۈپ» كېتىۋەردى . تېخى ئۇلار ئېلىپ كەل-
گەن كۆڭۈل ئاغرىقىنى دېمەمسىز !...

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش دولقۇنى ئۇ كۆلنىمۇ داۋالغۇتتى ، يۇرەك ئالدى بولۇپ كەتكەن بېلىق باققۇچى ھۆددە ئېلىشتىن باش تارتتى . باشقىلار يېقىن كېلىشتىن قورقتى . ناھىيىگە ئىلتىماس سۇنۇپ ، خېرىدار چاقىرىشتىن بۆلەك يول قالمىغاندى . بۇ خەۋەر تاشمەتخان ئۇستامنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە :

ــ سوپۇر ئاخۇن ، ــ دېدى ئۇ كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ، ــ بېلىق كۆلىنى قورقماي ھۆددە ئالسىلا . پۇل مەندە بار ، ئۆزۈم ئالاي دېسەم ئەپلەشمەيدۇ... «ئەمەلدارلار يەپ كېتىدۇ» دەپ ئەنسىرەملا ؟ ئەنسىرىمىسىلە !... بۇرۇن «كوللېكتىپ» دەپ ئاتالغان بىر پادا قويغا نەچچە بۆرە «پادىچى» بولۇۋېلىپ ، خالىغانچە يەپ تالان ـ تاراج قىلغان بولسا ، ئەمدى ھۆكۈمەت ھەممە پۇقرانىڭ قولىغا «ھۆددە» دېگەن كالتەكنى تۇتقۇزدى . بۇ «ئۆز رىزقىڭنى ئۆزۈڭ تۇتۇپ يەي دېسەڭ ، ‹بۆرە› لەرنىڭ چىشىنى چاق... » دېگەنلىك... باغنى ھۆددە ئاپتىلە ، دادۇيگىمۇ ، سىلىگىمۇ نۇرغۇن نەپ تەگدى . بېلىق كۆلىمۇ شۇنداق بولىدۇ...

تاشمەتخان ئۇستام نەچچە سائەت «دەرس» ئۆتكەندىن كېيىن ، سوپۇر ئاخۇن نائىلاج قايىل بولدى . ھەممە رەسمىيەتلەر ئۆتۈلۈپ ، ناھىيىگە گۇۋاھلىق تامغىسى باستۇرۇلىدىغان چاغدا ، مۇنداق بىر ئىش ئاشكارىلاندى ، ۋاڭ بىيلەي بېلىق كۆلىنى ئۆز نامىدا ھۆددە ئېلىشنى بىئەپ كۆرۈپ ، يۇرتىدىن تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋاڭ يىرەننى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن چاقىرتىپ كېلىپ ، شۇلارنىڭ نامىدا ھۆددە ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرماقچى بولغانىكەن . ئۇ بۇ گەپنى تۆلەندى «داجەي»گە دېگەندە ، تۆلەندى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى ۋە بېلىق كۆلىنى سوپۇر ئاخۇن بىلەن شېرىك ھۆددە ئېلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى ، ۋاڭ بىيلەي كەسكىن رەت قىلدى ھەم ۋاڭ يىرەنلەرنىڭ ھازىر يول ئۈستىدە ئىكەنلىكى ، ئەگەر سوپۇر ئاخۇن قوشۇلسا ، ئۇلار-

نى ياللاپ ئىشلىتىشنى؛ قوشۇلمىسا، تۆلەندى «داجەي» مەس-ئۇل بولۇپ ئۇلارغا ئۆيلۈك يەر كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ئازراق تېرىلغۇ يەر ھۆددە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. تەييار خىزمەتكار، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بېلىقچىلىقنىڭ تىلىنى بى-لىدىغان ئادەم بوسۇغىسىغا كەلسە، كىممۇ ئۇنى رەت قىلسۇن؟ تېخى سوپۇر ئاخۇن بۇرۇنقى بېلىق باققۇچىنىڭ قويرۇقىدا يال-ۋۇرۇپ يۈرگەن مۇشۇ پەيتتە!...

تۆلەندى «داجەي» سوپۇر ئاخۇن نامىدا مەيدە قاقتى ھەم ۋاڭ يىرەنلەر يېتىپ كەلگۈچە بېلىق كۆلى بويىدىكى كونا ئۆينى چېقىپ يېڭىلاپ، تاۋارنىڭ كېسىكىدەك يەردىن ئون مو ئاجرى-تىپ قويدى... مانا ھازىر ئون يىل ئۆتتى. سوپۇر ئاخۇننىڭ دەسمايىسى نەچچە ئون قاتلىنىپ كەتتى. ۋاڭ يىرەنمۇ بېيىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا سوپۇر ئاخۇننىڭ بويرۇقىدا... تېخى، سوپۇر ئاخۇن دادۇينىڭ تراكتورىنىمۇ ھۆددە ئېلىۋالغانىدى. چاقلىرى يىل بويى «پۇل - پۇل» دەپ ئايلىنىدۇ. يىل بويى قولىنى ئەگرى قىلماي يۈرۈپمۇ بىرەر يۈز مىڭ يۈەننى چۆنتىكى-گە ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ سايىسىدا نەچچە ئون ئادەم جان باقىدۇ. بېغى جەننەتنىڭ ئۆزى — قەشقەردە بار مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرى تېپىلىدۇ. بۇلتۇر رامىزاندا تاشمەتخان ئۇستام بىلەن بىرلىشىپ، دادۇي باشلانغۇچ مەكتىپىنى يېڭىلاپ بېرىپ، گې-زىتتە نامى چىقتى، تېخىمۇ يۈز تاپتى. «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە»لەر ئۇنىڭ ھامىيلىقىدا... ئەگەر ئۇنى «ئىشلەيدۇ» دې-يىلسە، ئۆزىنىڭ پىكىپىنى ھەيدەپ ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرىدۇ. كىچىككىنە گەپ تاپسا، تاشمەتخان ئۇستامنىڭ قېشىغا ئۇنىدۇ. بۈگۈنمۇ ئاشۇنداق مەقسەت بىلەن كەلگەن. پىكاپى دەرۋازا تۈۋىدە...

تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭ ئۇچەي - باغرىدىكى ھەممە گەپنى ئېلىپ بولدى. مۇددىئاسى ياخشى، پىلانىغىمۇ سۇ كىرمەيدۇ.

شۇنچە يىل سەھرادا توپا كەچكەن گۇلزار كىندىك قېنى تۆكۈل-
گەن شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدەك ئازادە
ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ . زەرىپە خانىم بىلەن دوختۇرخانا ئېچىپ ،
پېنسىيىگە چىققان بىرمۇنچە دوختۇر - سېسترانى ياللاپ كېسەل
داۋالايدۇ ، پۇل تاپىدۇ . ھەممىدىن مۇھىمى ، ئاتا - ئانىسى بىلەن
دەرقەمتى ياشاپ «بالىلىقنى يەتكۈزىدۇ» . بۇ سوپۇر ئاخۇن
بىلەن گۇلزارنىڭ ئۇزاق يىللىق ئارزۇسى . مۇبادا ، گۇلزار
مائاشقىلا قاراشلىق ، سوپۇرئاخۇن خادىككە «شوپۇر» بولۇپ
ياشاۋاتقان ھېلىقى چاغلار بولغان بولسا ئىدى ، تاشمەتخان ئۇس-
تام سوپۇر ئاخۇنغا ئاپىرىن ئوقۇغان ، قولىدىن كېلىشىچە يول
مېڭىپ ، ئۇلارنى شەھەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن بولاتتى . بىراق ،
ھازىر زامانمۇ ، شارائىتمۇ ئوخشىمايدۇ ، شارائىتنىڭ ئوبدانلى-
قىدىن ، قەشقەر بىلەن قۇمسارايىنىڭ ئارىلىقى «چاقىرسا ئۈن
يەتكۈدەك» يېقىنلىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سوپۇر ئاخۇن-
نى مۇشۇنچىلىك ئادەم قىلغان نەرسە ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ، سۈ-
يى ، ئاپتىپى… قارغا جېنىدا ئۆزى ئۇۋا سالغان دەرەخ كېسىلىپ
كەتمىسىلا ، ھەر يىلى نە - نەلەردىن كېلىپ شۇ ئۇۋىغا تۇخۇم
قويۇپ بالا چىقىرىدۇ ، ھەتتا ئۇۋىسىنى ئىگىلىۋالماقچى بولغان
قۇشلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ، قانات - قۇيرۇقىنى سۇن-
دۇرۇۋالىدۇ . بۇ سوپۇر ئاخۇن - زە…… ياق ، بۇ ھەرگىزمۇ
سوپۇر ئاخۇننىڭ مۇددىئاسى ئەمەس . گۇلزار بىلەن ئۇنىڭ ئاتا -
ئانىسىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈنلا مۇشۇ نىيەتكە كەلگەن…

— بالام ، — دېدى تاشمەتخان ئۇستام گەپ ئەگىتىپ
ئولتۇرماي ، — ئۆي سېتىۋالماقچى بولساڭلار مېنىڭ پىكرىم
يوق . ئۆزۈڭلار كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇرمىساڭلار ، بىر كىمگە
ئىجارە قويساڭلار پۇل تاپقاچ تۇرىدۇ . ۋاقتى كەلگەندە باللارغا
ئەسقاتىدۇ… سۇپۇرگە ئاخۇن بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە بارىدۇ ،
يەنە نەچچە يىلدا ئۆيلەيدىغان گەپ . ئۇنىڭغا بىر ئۆي زۆرۈر .

ئېپى كەلسە ، كىچىكلىرىگە ئاتاپ ئايرىم - ئايرىم ئۆي ئېلىپ قويۇمىز… ئەمما باغ بىلەن بېلىق كۆلىنى كومموناجانغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىنىڭ گېپىنى ھەرگىز ئېغىزلىرىدىن چىقارمىسىلا !… بۇنى كومموناجانغا دەپ بولغانمۇ يا ؟
— ياق . تېخى گۈلزارمۇ ئۇقمايدۇ…
— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى . بۇ گەپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا قالسۇن…
— ماقۇل .
— «پۇلۇم بىكار ياتمىسۇن» دەپ كىرا ماشىنىسى ئالماق-چى بولغانلىرى بەك ئوبدان بولاپتۇ . بولسا ، شوپۇرنىمۇ قومسا-رايدىن تاپايلى ، بولمىسا ، يېتىم - يېسىر باللارنى ئوقۇتۇپ شوپۇر قىلىۋالساق تېخىمۇ ساۋاب بولىدۇ… گۈلزارنىڭ ئىشىغا كەلسەك ، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن بېرى دوختۇرخانىغا تۇزۇك كېسەل كەلمەي ، كۆنلىرى بىكار ئۆتۈۋېتىپتۇ . ئۇنىڭ قەشقەرگە كېلىپ دوختۇرخانا ئاچماقچى بولۇشىمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن ئوخشايدۇ…
— توغرا . ئۆتكەندە زەرىپە خانىم بىلەن مۇشۇ گەپنى قىلىشقان .
— ئۇنىڭغا دەپ قويسىلا ، بىر مەزگىل چىداپ تۇرسۇن . كېيىن دىلنۇر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلسە ، ئۇنى قېشىمىزدا قال-دۇرۇش بەك تەس . ئالتە پۇل مائاشىنى دەپ قۇلدەك ئىشلىمىسە جېنىنى باقالمايدۇ… تۆلەندى ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە ، يەرنىڭ ئىشى ئۇزۇنغا قالماي ھەل بولىدىغان ئوخشايدۇ . تۆمۈر قارىم بۇيرۇتقان خورۇم ئىشلەش ماشىنىسىمۇ يولغا چىقىپتۇ . فابرى-كىغا شۇنداقلا ئۇل بېسىۋالساق ، كىچىككەندىمۇ قىشنىڭ بېشىدا ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىۋېتىمىز… بىرەر مىڭ ئادەم ئىشلەيدى-غان فابرىكىدا دوختۇرخانا بولمىسا ئەپلىشەمدۇ ؟ دوختۇرنى نە-دىن تاپىمىز ؟ بىز مەسلىھەتلىشىپ قويغان ، گۈلزار بىلەن دىل-

نۇر بىزگە دوختۇر بولىدۇ...
— مۇنداق دېسىلە ! مەن تېخى...
— سالى بىلەن تاجىگۇل فابرىكىنىڭ خوجىلىق ئىشلىرى-
نى باشقۇرىدۇ . باشقا ئىشلارنى باشقۇرۇدىغان ئادەملەرنىمۇ مۆل-
چەرلەپ قويدۇق . ۋاقتى كەلگەندە بىراقلا ئۇقتۇرىمىز... هە
راست ، زەرىپە خانىم بىزنىڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەشكە ئۇنارمۇ ؟
— ئۇنايدۇ ، — سوپۇر ئاخۇن ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيد -
تى ، — زەرىپە خانىم بۇلتۇر كۇزدە بىزنى يوقلاپ بارغاندا ،
گۇلزارغا : «سىزمۇ پېنسىيىگە چىققان بولسىڭىز ، ئىككىمىز
بىرلىشىپ ، مۇشۇ بېغىڭىزنىڭ ئىچىدە بىر دوختۇرخانا ئېچىپ
ھەقسىز كېسەل كۆرۈپ ، دورىنى توپ باھادا بەرگەن بولساق
نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - هە !... » دېگەن...
— ما گەپنى... راستمۇ ؟
— راست ، نادىر مۇئەللىممۇ دائىم مۇشۇ گەپنى قىلىدۇ .
— ئۇنداق بولسا ، بېرىپلا گۇلزارغا دېسىلە ، زەرىپە خا-
نىمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقسۇن . ئۇنىڭ نىيىتى راستىنلا
شۇنداق بولسا ، دوختۇرخانىنى چوڭراق سېلىشنى ئويلىشايلى .
لازىملىق ئۇسكۇنىلەرنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ سېتىۋالسۇن...
— ماقۇل .
— ئەگەر مېنى دادا ئورنىدا كۆرسىلە ، شەھەرگە كۆچۈپ
كېلىشنىڭ گېپىنى قىلماي ، باغ بىلەن بېلىق كۆلىنى تېخىمۇ
ئوبدان باشقۇرسىلا !... تۆمۈر قارىم بىلەن ئىسلام ھاجىم سىلد-
نى ئىشىمىزغا شېرىك قىلىۋېلىشنى ئېيتقان . مەن ئۇنىمىدىم .
«نېمىشقا ؟ » دېسىلە ، فابرىكىغا باغلىنىپلا قالسىلا ، باغ بىلەن
بېلىق كۆلىنى باشقۇرۇشقا يېتىشىپ بولالمايلا . سىلىمۇ بىلگەن-
لا ؟ باغ بىلەن بېلىق كۆلى دېگەن قازسا - قازسا تۈگىمەيدىغان
كان . خۇدايىم بۇيرۇسا ، يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن كۆرۈلا ،
بىز بىر كوي تاپقۇچە ، سىلە ئون كوي تېپىپ بولۇلا !...

*          *          *

كەچ كۈز . بورىۋاينىڭ ، توپا ئىتتىرىش ، يەر چىڭداش ماشىنىلىرىنىڭ ، ئاغدارما ئاپتوموبىللارنىڭ ئاۋازى بېسىلىپ ، بىرلا دېزىلنىڭ ئاۋازى قالغان ئاقدۆۋىدە يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىدىغىنى پار قازىنىنىڭ ئاسمانپەلەك مورىسى ئىدى . ئاشۇ مورا بۇ يەردە ئۆزگىچە بىر دۇنيا يارالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئەڭ روشەن بەلگە ئىدى . بۇ يەرگە بىرىنچى بولۇپ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى يېتىپ كەلگەندە ، دەسلەپ ئۇششاق بالىلارنى ئۆزگە مەھلىيا قىلغان بولسا ، بارا ـ بارا چوڭلارنىڭ كۆرگەزمە كۆرۈش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى . فابرىكىغا ئۇل سىزىلىش بىلەنلا ، «زېرىككەن مايمۇن مەززە ئالدىلەر» دېگەندەك ، بۇ يۇرتنىڭ بىكارچىلىقتىن تاۋىكانى ئاۋات قىلىپ يۇرگەن ياش ئەزىمەتلىرى قوللىرىغا بەس ـ بەس بىلەن گۈرجەك ، زەمبىل ، خىش ئېلىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى رىزقىنىڭ مەنبەسى بولغان بۇ زېمىنگە هالال تەر ئاققۇزۇشقا باشلىدى . كۈز ئايلىرى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ ، پۈتۈن ئاقدۆۋە تۆمۈرۋادەك ئىچىگە ئېلىنىپ ، قاتار ـ قاتار ئازادە يوپيورۇق سېخ ئۆيلىرى «لوڭڭىدە» قەد كۆتۈرۈپ بولدى . فابرىكا رايونى بىلەن باغ رايونى ۋادەك بىلەن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئادەم بېلىدەك چوڭلۇقتىكى تۇرۇبىدىن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان قۇدۇق سۈيى باغ رايونىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇپ شورنى چايقىغاندىن كېيىن ، ئاسمانپەلەك ئېگىزلىكتىن دەرياغا چۇشۇپ كېتىدۇ . بىر غېرىچ قېلىنلىقتا بېتون بىلەن قاتۇرۇپ چىقىلغان فابرىكا رايونى ئەينەكتەك پارقىرايدۇ . بۇ يەردە بولغۇسى گۈللۈك ، ئۈزۈم تېلى ، زىننەت دەرەخلىرى قويۇلىدىغان يەرلەر ناھايىتى ئىنچىكە پىلانلانغان بولۇپ ، بىرلا

كۆرگەن ئادەم كېلەر يىلى مۇشۇ كۈنلەردە بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى قانداق بولىدىغانلىقىنى خاتاسىز پەرەز قىلالايدۇ...

مانا هازىر ماشىنا ـ ئۇسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇپ بولاي دەپ قالدى . ئامباردا تېرە دېگەن پەۋەس . يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش شەرتى بىلەن خوتەندىن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن ئون نەپەر ئۇستا خالۋاپ گىلەمچىلىك سېخىغا دەستىگاھلارنى قۇراشتۇ- رۇپ ، يۈز نەپەرگە يېقىن قىز ـ چوكانغا ھۈنەر ئۆگىتىۋاتىدۇ . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ «پىدائى» لىرىنىڭمۇ بېلى چىڭ . فابرى- كىنىڭ ماركىسى ئاپتونوم رايوندىن تەستىقلىنىپ كەلدى . كې- لەر ھەپتە ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ . مۇراسىمغا ۋالى بىيلەينىڭ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلماقچى . بەلكى ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ، ئەسىرلەردىن بۇيان دەريا شاۋقۇنى ، بوران ـ شامال ۋە گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىدىن بۆلەك ئاۋازلارنى ئاڭلاش كەمدىن كەم نېسىپ بولغان بۇ زېمىن دېزىلىنىڭ ۋە باشقا ماشىنا ـ ئۇسكۈنىلەرنىڭ ئاۋازىدىن مەڭگۈ بىرەر كۈنمۇ خاتىرجەم ئۇخلى- يالماس بولۇپ قالار؟ مىڭلاپ (بەلكى ئون مىڭلاپ) ئىشسىز قالغان دېھقان ياشلىرى بىلەن شەھەر ياشلىرى ئاشۇ ئاۋازلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسار ؟ !

ئۇيغۇر ، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ «ئاقدۆۋە كىيىم ـ كېچەك ، تېرە ـ يۇڭ مەھسۇلاتلىرى فابرى- كىسى» دەپ يېزىپ ، چۆرىسى رەڭگا رەڭ زىننەت چىراغلىرى بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك ۋىۋىسكا ئاق سۇلياۋ رەخت بىلەن ئورىلىپ ، دەرۋازا تۈۋىدىكى ئىشخانىنىڭ تېمىغا يۆلەكلىك تۇ- رۇپتۇ . خەنزۇچە خەتنى ۋالى بىيلەي يېزىپ بەرگەن . ئىش باشلاش مۇراسىمى كۈنى ۋالى بىيلەي ۋىۋىسكىنى ئۆز قولى بىلەن ئاسماقچى . ۋىلايەت مەسئۇللىرى لېنتا كېسىدىغانىنىڭ گېپىمۇ بار .

ئاجايىپ ـ ھە ؟ !

شۇنداق ، ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىش . ئىشنىڭ «بىسمىللا» سىدىلا : «ئاقدۆۋىنى چوقۇم سېتىپ بېرىمىز . نېمە قىيىنچىلىقىڭلار بولسا ئۆزۈم يول مېڭىپ ھەل قىلىپ بېرىمەن» دەپ مەيدە قاققان ھەم نۇرغۇن ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرگەن ۋالىڭ بىيلەي كېيىنچە نېمە بولدىكىن ـ تالىڭ : «ئادىرىمىسۇڭ ، مەن ھەيلى كىلا» دېگەندىن بۆلەك گەپنى ئانچە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى . ياز چىقىپ ، كۈزمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى . يەنىلا شۇ «ئادىرىمىسۇڭ»...

قاچانغىچە ئالدىرىمايدۇ ؟

ئۇ بۇ سوئالغا زادى ئېنىق جاۋاب بەرمىدى .

تۆت قۇدا بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ ، بۇ ھەقتە غۇلغۇلا قىلىشتى :

— بۇنىڭ تېگىدە زادى نېمە سىر باردۇ ؟

— ۋاي تالىڭ ، ۋاي تالىڭ...

— ۋالىڭ شۇجى بىزدىن نەرسە تەمە قىلىۋاتامدۇ يا ؟

— بىز تۆلەندى ئاخۇننى قۇرۇق قول چىقىرىپ قويۇپلا ، بىخارامان يۈرۈۋەرگەچ ، ۋالىڭ شۇجىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالدىمۇ يا ؟

— ياق . ئۇ باشتىلا : «سىلە ئاۋارە بولۇپ مېنى ئىزدەپ يۈرمەڭلار . تۆلەندى ئاخۇن كېلىپ تۇرسىلا بولدى» دېگەن تۇرسا... ئەگەر ئۇنىڭ بىر نەرسە تەمە قىلىدىغان نىيىتى بولسا ، تۆلەندى ئاخۇن سەزمەي قالماس ! ؟

— ئۇنىڭغا سەزدۈرمىگەن بولسىچۇ ؟

— توغرا ، بۇمۇ بار گەپ ! تۆلەندى ئاخۇنغا سەزدۈرۈپ قويسا ، چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ بەلكىم...

— ھەممە ئەيىب ئۆزىمىزدە ! «قۇرۇق پىلىك كۆيمەيدۇ» دەپ ، باشتىلا «چىراغقا ياغ قۇيۇپ» باقماي...

— توغرا ! بۇ كۈننىڭ ئەمەلدارلىرى كۆيمىسە ، دوزاخ-نىڭ ئوتىنىمۇ يەيدىغان بولۇپ كەتتى !··· بىر تال قىلغا ھاجە-تىنىڭ چۈشۈپ ئالدىغا بارساڭ ، يوغان بىر پىلىككە ئېرىشمەي تۇرۇپ ھاجىتىڭنى راۋا قىلمايدۇ !···

— يۈز مو يەردىكەن ئاز گەپمۇ ؟ ھازىر خەق بىر پۇڭ ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ئەمەلدارغا كېپىنى ئۆتكۈزە-لەيدىغان پوكەيدى - دەللالنىڭ گېلىغا نەچچە مىڭ كوي تىقىۋات-سا !···

— ··· ··· ···

تۆتەيلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ ، تۆلەندى ئاخۇنغا شۇنداقلا دېۋىدى :

— يېمەيدۇ ! — دەپ ھۆرپەيدى ئۇ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ ، — ۋاڭ شۇجى بىر پۇڭمۇ يېمەيدۇ !··· ئەگەر بىز ئۇنىڭغا بىر نەرسە تەڭلەيدىغان بولساق ، ھەممە ئىشنى بۇزۇپ پوق قىلىمىز ، پوق !···

يۈزلەپ يۆگمەننىڭ كويلىسىغا پۈتۈن چۈشۈپ ، پۈتۈن چىق-قان تۆت قۇدا تۆلەندى «داجەي»نىڭ ۋاڭ بىيلەي توغرىسىدىكى گەپلىرىگە پەقەت ئىشەنمىدى . ھازىر جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ئا-جايىپ - غارايىپ ئىشلاردىن قاپ - تاغاردا نەچچىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدى . ئۇلار قانچە كۆپ «ھې-كايە» سۆزلىسە ، ئۇمۇ ۋاڭ بىيلەي توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى ئۇلاردىن ئاشۇرۇۋېراق سۆزلەپ ، ئۇلارغا گەپ بەرمىدى . ئاخىر ، تۆتەيلەن بىر - بىرى بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلىشىپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى - دە ، سۆھبەتنى باشقا تېمىغا يۆتكىۋەتتى···

ئۇلار نىيىتىدىن يېنىشمىغانىدى . ئەتىسى يەنە قاق يېرىم كۈن تالاش - تارتىش قىلىپ ۋاڭ بىيلەينىڭ «چىرىغىغا پىلىك سېلىپ ، ياغ قۇيماقچى» بولۇشتى . بۇ «ۋەزىپە»نى تاشمەتخان

ئۇستام ئۇستىگە ئالدى . چۈنكى ئۇ «ئۈنسۇر» چېغىدىلا ۋاڭ بىيلەي بىلەن تونۇشاتتى . فابرىكا قۇرۇش گېپى چىققاندىن بېرى ، ئۇنىڭ قېشىغا تولا بېرىپ ، خېلى جىق «خو» ئالغان ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىشخانىسى تۇرماق ، ئۆيىگىمۇ ئۇسسۇپلا كىرەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇ «ۋەزىپە» ئۇنىڭغا خوپ ياقتى . يەكشەنبىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولدى . يەكشەنبە كېلىشىدى ، بامداتنى چالا - پۇچۇق ئوقۇپلا ، كىرا پىكاپىغا ئولتۇرۇپ ناھەيىگە يول ئالدى . ئۇ ۋاڭ بىيلەيىنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولغاندا ، ئۇ تېخى يۈزىنىمۇ يۇمىغان بولۇپ ، چىشىنى چوتكىلاۋاتقانىكەن . خوتۇنى تاشمەتخان ئۇستامنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ، مېھمانخانىسىغا باشلاپ ، ئالدىغا بىر ئىستاكان قايناقسۇ قۇيۇپ قويدى . ھايال ئۆتمەي ، ۋاڭ بىيلەيمۇ لۆڭگە بىلەن بويۇن - باشلىرىنى سۈرتكەچ كىرىپ كەلدى - دە ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . ئەھۋال سورىدى . گەپ ئاقدۆۋىدىكى يەر مەسىلىسىگە كۆچكەندە :

— مەن سىزگە دىيدى ، ئادىرىمىسۇڭ ، — دېدى ۋاڭ بىيلەي چۈشەندۈرۈپ ، — چاڭۋي مۇزاكىرە كىلدى . خەمەيلەن تۇڭيى بودى . دىۋېيدە پىكىر ياۋكې... سىزى بىلمەيدۇ ، ئازىر... سىزى ماڭا يىشەنسۇڭ . كەشكەر خەيلى بومىسا ، مەن ۋۇرۇمۇچى بارا !... زاۋۇتى يەر بەيمەيدۇ ، مەن شۇجى بومەيدۇ !...

ۋاڭ بىيلەي ناھايىتى ئېچىلىپ سۆزلىدى . ئەڭ يېقىن دوستىغا ئىچ - قارنىنى تۆكۈۋاتقاندەك ، ھازىر جەمئىيەتتە باش كۆتۈرۈپ قالغان تۆرىچىلىك ، قەغەزۋازلىق ، رەسمىيەتچىلىك ، پارىخورلۇق ؛ مەركەزنىڭ ھۆججەت - يوليورۇقلىرىنى تەشۋىق قىلىپ قويۇپلا ، ئىجرا قىلىشتا «جايلار ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ... » دېگەن جۈملىگە ئېسىۋېلىپ ، بەزى ھۆججەتلەرنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلسا ، بەزىسىنى ئىجرا قىلماي «چاشقانغا يېگۈزۈۋېتىش »... تەك ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن زارلاي-

دى ، مۇبادا ، بەش ـ ئون مو يەرنىڭ ئىشى بولىدىغان بولسا ، ھېچكىمنىڭ سەمىگە سېلىپ يۇرمەيلا ئاللىقاچان ئۆزى بىر تە-رەپ قىلىۋېتىدىغانلىقى ؛ يۈز نەچچە مو بىنامنى سېتىشتا ۋىلا-يەت ، ھەتتا ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلالمايدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، قۇمسارلىينى شەھەرگە ئايلاندۇرۇشتا بېسىلغان دادىل قەدەم — ئاقدۆۋدە فابرىكا قۇرۇپ ، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزىدى-غان بۇ ئۇلۇغ ئىشتا ، ئۆزىنىڭ باشتىن ئاخىر ئاشۇ «تەۋەككۇل-چى» بايلار تەرەپتە تۇرۇپ ، ھەتتا بېيجىڭگىچە ماڭىدىغان ئىش بولسىمۇ مېڭىپ ، ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزەلمىسە ، مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىش يولى بىلەن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سو-رايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئاخىردا ، ئۆزىنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىل مۇشۇ ناھىيىدە ئىشلەپ ، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزالمىغان-لىقىدىن قاتتىق خىجىل ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ :

— گۇڭشې كۇدېي ، داجەيدىن يۇگەندىي ، خەيمەيسى بەيكار بودى... خەلىك باي بومىسا ، دەيۋۇلەيتى بايى بومەيدۇ... سىزى دىيخەننى بايى كىلا ، مەن كولەيدۇ . سىزىمۇ مېنى كولاڭ . ماكىما ؟ دەپ گېپىنى ئۈزدى .

— ماقۇل ، ۋاڭ شۇجى ، ماقۇل ! — كۇرۇكلىرى يېشىد-لىپ كەتكەن تاشمەتخان ئۇستام ۋاڭ بىيلەينى بىرمۇنچە ماختاپ كەتتى . ئاندىن ، — ئۆزلىرىگە ئىشەنگەچ ، پەشلىرىگە ئېسىلد-دۇق . ئادەم دېگەن خام سۇت ئەمگەك نەرسە ، چىدامسىز كېلد-دىكەن... كېيىنكە سوزۇلغانسېرى ، «ئىشىمىز ئەپلەشمەي قا-لارمىكىن» دەپ ئەنسىرەپ ، — دەپ دۇدۇقلىغاندى . ۋاڭ بىيلەي :

— ئەنسىرىمىسۇڭ ! مەن با — يىئەر با ، مەن بومىسا ، گۇڭچەنداڭ با . سىزى زاۋۇتى كۇرا ، گۇڭچەنداڭ چوكۇڭ كو - لەيدۇ ! — دەپ كۇلدى .

تاشمەتخان ئۇستام ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى پارىخورلۇق ، چە-
رىكلىك توغرىسىدىكى گەپلىرىدىن پۈتۈن جەمئىيەتتە خىلمۇ
خىل ناچار ئىللەتلەر يامراپ كېتىپ ھېچقانداق بىر ئىشنى
ئەمەلدارلارغا پارا بەرمەي بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغان دەرى-
جىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولسا ، ئۇنىڭ «سىزمۇ مېنى
قوللاڭ» ، «مەن بار ـ يەر بار» دېگەن گەپلىرى بىلەن ئاخىرقى
مەنىلىك كۆلكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ : «ماڭا پارا بەرسەڭ
ھەممە ئىشىڭ ھەل بولىدۇ . قەشقەردە ھەل قىلالمىسام ، ئۈرۈم-
چىگىچە بېرىپ بولسىمۇ ، ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى ئەمەلدە كۆر-
سەتمەي قويمايمەن . بۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل خەجلەشكە توغرا كېلى-
دۇ . پۇل خەجلەشتىن قورقساڭ ، نەگە بارساڭ بار !...» دېگەنى-
دىن بېشارەت دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە ، تۆلەندى «داجەي»نىڭ
گەپلىرىگە گول بولۇپ ، بالدۇرراق «چىراغقا پىلىك سېلىپ ،
ياغ قۇيماي» ، ئاللىقاچان ھەل بولىدىغان ئىشنى بىھۇدە كېيىنگە
سۈرگەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈندى . ئاندىن ، دۇنيادا بار چىرايلىق
گەپلەر بىلەن ۋاڭ بىيلەينى بىر ھازا ماختاپ ، سومكىسىدىن
يېشىل دۇردۇنغا چىرايلىق ئورالغان بىر كالىلەك نەرسىنى
ئالدى ـ دە :
— بۇ ، ئۆزلىرىگە كىچىككىنە كۆڭلۈمىز ، — دەپ ،
ۋاڭ بىيلەينىڭ ئالدىغا قويدى . كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ۋاڭ
بىيلەينىڭ چىرايى سەل ئۆزگىرىپ :
— بۇ نېمە ؟ — دېدى .
— پۇل . لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ...
— پۇلمۇ ؟... نېچچە پۇلمۇ ؟
— يۈز... يۈز مىڭ كوي .
— ئاراڭ يۈزى مىڭ كۆەي ؟...
تاشمەتخان ئۇستامنىڭ چىرايىدىن كۈلكە قېچىپ ، تىلى
كالۋالاشتى :

— بۇ··· بۇنى··· بۇنى ئاز كۆرسىلە ، ئۇ··· ئۆز··· ئۆزلىرى نەچچە پۇل دېسىلە···
— باشكا ئادامۇ نېيچە پۇلۇ بەيدى ؟
— ھېچ ھېچكىمگە بىر پۇڭمۇ بەرمىدۇق···
— راسى گەيپۇ كىيسۇڭ !
— راست ، راست گەپ···
— سىزى راسى گەيپۇ كىمەيدۇ . مەن بىلىدۇ···
— ياق ، ۋاڭ شۇجى . راست گەپ قىلىۋاتىمەن··· ھەممە ئىشقا ئۆزلىرى ئىگە بولۇۋاتسىلا ، باشقىلارغا نېمىشقا پۇل بېرد-مىز ؟ !···
— تۆلەندى ئاخۇڭ شيۇڭداكى كىيسۇڭ دىيدىيما ؟
— يا··· ياق··· ئۇ··· ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالساق ئۇنىم-غان . ئۆ··· ئۆزىمىز مۇشۇنداق قىلدۇق···
— نىمىشكا كىلدى ؟
— ئۆ··· ئۆزلىرى بىز ئۇچۇن يول مېڭىپ ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە لازىم قىلاردەپ···
— شيۇڭداكىما ؟
— شۇنداق ، شۇنداق بولمامدىغان !··· يەر قولىمىزغا تەگكەندە ، ئۆزلىرىنىڭ ئىززىتىنى چوڭراق قىلماقچى···
— تامادې !··· — ۋاڭ بىيلەينىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ ، ئورۇندۇقتىن چاچراپ قوپۇپ كەتتى . ئاۋازىنىڭ قوپاللىقىنى دېمەمسىز تېخى ، بەئەينى قۇترىغان بۇقىنىڭ ئۆزى ! چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك چەكچەيگەن كۆزلىرىنى تاشمەتخان ئۇستامغا بېگىزدەك قاداپ ، ئاقبالداقتەك ئېتىلىپلا كەتتى . گەپ ئارىسىدا ، ئالدىدىكى كاللەك پۇلنى تاشمەتخان ئۇستامنىڭ يۈزد-گە قارىتىپ ئاتقانىدى . ئۇ ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ ، ئورۇندۇق بىللە ئوڭدىسىغا چۈشتى . دەل شۇ چاغ ، ۋاڭ بىيلەينىڭ خوتۇنى تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن ۋاڭ - چۇڭ ، گۇلدۇر كالاپتىن

كۆڭلى ئۆيگەنمۇ ياكى ناشتىلىق تەييار بولغىنىنى خەۋەر قىلغى-
لى كىرگەنمۇ؟ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، بېشىنى ئىچكىرىگە
تىقتىيۇ، چىرايى «لاپپىدە» ئۆڭۈپ كەينىگە ياندى. تاشمەتخان
ئۇستامىنىڭ ئۇستۇۋېشى قىلىن بولغاچقىمۇ، ھېچپېرى زېدە بول-
ماپتۇ. ئۇ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن قوپۇپ، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم
قىلىنغان جىنايەتچىدەك لاغىلداپ تىترىگىنىچە بېشىنى يەردىن
ئۇستۇن قىلماي، ۋاڭ بېيلەينىڭ ئۇدۇلىدا قول باغلاپ تۇردى.
ئۆزىدىن زادى نېمە گۇنا ئۆتكەنلىكىنى ئويلاش بىلەن بولۇپ
كېتىپ ۋاڭ بېيلەينىڭ زادى نېمە دەپ كايىۋاتقانلىقى؛ مەقسىتى
نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ۋاڭ بېيلەينىڭ
ماۋۇ سۆزلىرى قۇلىقىدا قالدى:

— سىزى مېنى نېمە ۋۇيلەيدۇ؟ مەن ئادامۇ! بىلدىما؟!...
سىزى پۇلۇ جىيكى بوسا، دىــيخەنــگې جــيكــى - جــيكــى
بەيسۇڭ... كادېرگې بەيمىسۇڭ!... مەنمۇ كادېر. ۋوكۇمەيتى
جىيكى پۇلۇ بېرە، كۇرساكې توكې. سىزنىڭ پۇلۇ لازىمى
ياۋكې!... چۇشەندىما؟

— چۇشەندىم، ۋاڭ شۇجى، چۇشەندىم...

— ھە، ياخشى... پۇلۇ ئاسۇن، كېتېڭ!...

ۋاڭ بېيلەي تەلەپپۇزىنى سەل يۇمشىتىپ، بۇنىڭدىن كې-
يىن تۆلەندى «داجەي»دىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ ئۆزىنى ئىزدې-
مەسلىكىنى تاپىلىدى - يۇ، ئۇنى ئۇزىتىپمۇ قويمىدى...

............

— ئاپلا، ئىشنى بۇزۇپتۇق - دە! تۆلەندى ئاخۇننىڭ
گېپىگە كىرگەن بولساقمۇ بولاپتىكەن...

— شۇنى دېسىلە!

— ۋاڭ شۇجى مۇشۇ ئاچچىقىدا قولىنى بىر شىلتىسا،
«ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا يەتمىدى» دېگەندەك، دوست -
دۈشمەنلەر ئالدىدا تازا كۈلكىگە قالىدىغان بولدۇق - دە!...

— ۋاڭ بىيلەي نىيىتىنى بۇزۇپ : «پالانى مانچە پۇل پارا ئەكەپتىكەن ، ئالماي قايتۇرۇۋەتتىم» دەپ بىر نىمە يېزىپ ، بىزنى «رەھبىرىي كادىرلارغا پارا بېرىپ يولدىن ئازدۇرماقچى بولغان» دەپ جىنايەتچى قىلىپ قويمىسىلا مەيلىغۇ !...

— شۇنداقمۇ قىلارمۇ تېخى ؟...

— ھازىر پارا ئالغۇچىدىن پارا بەرگۈچىنى قاتتىقراق جازالايدىغان سىياسەت چىققانلىقىنى بىلىشمەملا ؟ !

— ئەستا ...

تاشمەتخان ئۇستامنىڭ قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ئولتۇرۇشقان ئۈچ قۇدا تاشمەتخان ئۇستام بىلەن ۋاڭ بىيلەي ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشنى ئاڭلاپلا ئۈمىد چىرىغى ئۆچۈپ ، چىرايىنىڭ قېنى قاچتى . تاشمەتخان ئۇستامنىڭ ئۆرە ئولتۇرغۇدەكمۇ مادارى قالمىغان بولسىمۇ ، قۇدىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنلا پەگاغا يۈكۈنۈپ ، قۇدىلىرىنىڭ غۇلغۇلىسىغا جىمجىت قۇلاق سالدى . گەپ ۋاڭ بىيلەينىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشنى تۆلەندى «داجەي»گە دېيىش - دېمەسلىك ئۈستىگە كۆچكەندە :

— دېمەيلى ، — دېدى ئۇ كېسىپلا ، — شۇ بىچارىنىڭ بولسىمۇ بېشى ئارامىدا تۇرسۇن . ۋاڭ شۇجى ئۆزى دەپ قالسا ، شۇنىڭدىن ئۇقار .

— ئوبدان مەسلىھەت بولدى . شۇنداق قىلايلى...

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئىشنى تۆلەندى «داجەي»گە ئۇقتۇرۇشمىدى . ۋاڭ بىيلەيمۇ دېمىگەنمۇ ياكى دېگەن بولسىمۇ ، تۆلەندى «داجەي» قۇدا - باجىلىرىنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىشنى راۋا كۆرمىدىمۇ ؟ ئۇمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى . ھەپتە - ئون كۈندە بىرەر قېتىم تاشمەتخان ئۇستامنى يوقلاپ كېلىپ : «ۋاڭ شۇجى ئۇنى دېدى ، بۇنى دېدى» ، «ۋاڭ شۇجى پالانى يەرگە يىغىنغا — خىزمەتكە كېتىپتۇ» دېگەنلەرنى يەتكۈزۈپ تۇردى .

ئەمەلىيەتتە ، يەنىلا شۇ كونا گەپ : «ئالدىرىماڭلار» .

زادى قاچانغىچە ئالدىرىمايدۇ ؟ چېكى قاچان ؟...

ھېچقانداق قىلىپمۇ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشالمىدى . تولەن-دى «داجەي»نىڭ پات - پات ناھىيىگە — ۋاڭ بىيلەينىڭ ئىشخانىسىغا ، ھەتتا ئۆيىگە چېپىشىمۇ دەل مۇشۇ سوئالغا جاۋاب تېپىپ ، قۇدا - باجىلىرىنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇش ئۈچۈندى . ئەپسۇس ، ۋاڭ بىيلەي «قاچان»نىڭ چېكىدىن زادى بېشارەت بەرمىدى . قۇدىلارنىڭ تاقىتى تاق بولغىنىدىن ، بەزىسىنىڭ زىق-قىسى قوزغىلىپ دوختۇرخانا كارۋىتىدىن جاي ئالغان بولسا ، بەزىسىنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ ، دەس ئولتۇرۇپ ، دەس قوپال-مايدىغان بولۇپ قالدى . ئۆزىنى يوقاتمىغىنى تۆمۈر قارىم بول-سىمۇ ، بايلار ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇششاق گەپلەر ئۇنىڭمۇ ئارامىنى بۇزغىلى تۇردى ! گەپ يەردە ياتمايدىكەن ، قۇدىلار ئاقدۆۋىدە فابرىكا قۇرۇش ئىشىنى شۇنچە قاتتىق سىر تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، شەھەرنىڭ بەزى ئۇزۇن قۇلاق ، «يۈندىسىنى ئىت ، تۇتۇننى بۇلۇت كۆرمەيدىغان» مومىسىق بايلىرى «يۇراپ - ھىدلاپ يۈرۈپ» ، بۇ ئىشنىڭ تېگى پېيىنى بىلىۋېلىپ ، كۆمەك ئاداشلىرى بىلەن غۇلغۇلا باشلىۋەتكەندى :

— «قەلەندەر ئات مىنسە ، چىقمىغان دۆڭى قالماپتۇ» دېگەندەك ، تۆمۈر قارى دېگەن بۇ سېسىق تېرىچىنىڭ ئىتتنى باغلاپ قويسا بىر كۈن تۇرمايدىغان جاڭگالغا فابرىكا قۇرۇمەن دەپ پالاقلاپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان ! ؟...

— «جاڭگالدا زاۋۇت قۇرۇپ ، نەچچە مىڭ يالاڭتۆش دېھقاننى باقتى... » دېگەن نامنى ئېلىپ ، گېزىت بىلەن تېلېۋىزورلاردا پۇتۇن دۇنياغا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلگەندۇ ھەقىچان ؟ !...

— بىكاردىن كېلىپ قالغان پۇل مۆرەتكەن گەپ !...

— بەش مىليون ئامېرىكا دوللىرى دېگەن بىزنىڭ پۇلغا قىرىق مىليون يۈەن بولىدۇ . شۇنچە پۇلنى ئاشۇ جاڭگالغا چاچىد-

مەن دەپ يۈرگىچە ، دادىسىنىڭ يولىنى مېڭىپ تىجارەت قىلسا ، ئۇ پۇلنى بىر يىلدا نەچچە قاتلىۋالامدۇ ؟ !

— شۇنى دېسىلە !...

— بۇ كۈندە زاۋۇت - فابرىكا قۇردۇڭ دېگەن گەپ — بىساتىڭدا بارنىڭ ھەممىسىنى چوقچايتىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، ۋاقتانى ۋاخ كېلىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ شۇنداقلا چۇشى بۇزۇلسا ، ھەممە نېمەڭدىن ئايرىلىپ ، پوستى سويۇلغان پىيازدەك بولۇپ قالدىڭ دېگەن گەپ !...

— ئەجەب كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىللا !... شىڭ شىسەي «نىسەن» دەپ ئېلىپ ، نەچچە يۈزمىڭ ئادەمنىڭ بېشىنى يې- گەن . گۇڭچەنداڭمۇ «ئېچىۋەتتۇق» دەپ بىر مەزگىل جىننى ئۇسسۇلغا سېلىپ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مۇسادىرە قىلغىلى تۇرسا...

— پۇلنى مۇسادىرە قىلسىمۇ قىلىپ ،جېنىنى ئامان قوي- سىغۇ مەيلى ، شىڭ شىسەيدەك...

— .........

— تېخى ئۇنىڭ بىلەن تاشمەتخان دېگەن زەيپانىمۇ شېرىك- لىشىپتىمىش !...

— ئۇغۇ شۇنچىلىكى بار نېمە . دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ كەتسىمۇ ، ماشىنىسىنى كىلدىرلىتىپ تېپىپ ، كۈنلۈكى بەش - ئون نان تېپىپ يېيەلەيدۇ... ئىسلام ھاجىم بىلەن ئىسمائىل ھاجىم- نىڭ كۆڭلى قارىلىق قىلىپ ، ئۇلارغا ئەگەشكىنىنى كۆرمەمدى- غان !...

— شۇنداقما ؟ ما ئىشنى...

— ئەمىسە ، ئۇلارنىمۇ نەس باسىدىكەن - دە ، بىر كۈنى !

.........

بۇ پىتنە - پاساتلار ھەممىدىن بۇرۇن تۆمۈر قارىمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى . دىمىغىنى قېقىپ ، ئاچچىق كۈلۈپ قويدى -

ده ، پىسەنت قىلمىدى . كېيىن ، باشقا قۇدىلارنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتىكەن ، خېلى بىئارام بولۇشتى . ھەرقايسى ھەرخىل يە-كۈن چىقىرىشىپ ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىشتى . ئاخىردا ، تۆت قۇدا ئىسلام ھاجىمنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ ، كىم نېمىنى ئاڭلى-غان بولسا شۇنى ئوتتۇرىغا تۆكۈشتى . ھېلىقى «بىر پۇللۇق نەپ ئۈچۈن ھارامنى 〈ھالال〉 دەپ قەسەم ئىچىشتىن يانمايدىغان» ، «جىقراق پايدا تېپىشقا كۆزى يەتسە ، ئانىسىنى ھىندىغا گۆرۈگە تۇتۇپ بېرىپ ، نىسىي مال ئالىدىغان نومۇسسىز»لارنى بىر ھازا قارغاشتى . ئاندىن :

— «ياخشى نىيەت — يېرىم دۆلەت» دەپتىكەن . ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنى خۇدايىم ھەرگىز خار قىلمايدۇ . نىيەت قىلغان ئىكەنمىز ، ئاخىرغىچە تىرىشىپ باقايلى . فابرىكىنى قۇ-رۇپ ، ئىشلەپچىقىرىلغان بىرىنچى تۈركۈم مالنى كۆزىمىز بى-لەن بىر كۆرۈپ ، قولىمىز بىلەن بىر تۇتۇۋېلىپ ، ئەتىسىلا باقىي دۇنياغا كەتسەكمۇ ئارمانىمىز قالمايدۇ··· ھېلىقى ناكەس-لەر دېگەندەك ، فابرىكىمىزنى ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىپ ، كال-لىمىزنى ئالسىمۇ ، فابرىكا جايىدا قالىدۇ . ئىشچىلىرىمىز شۇ يەردە جان باقىدۇ . بىرى بولمىسا بىرى بىزنى ياد ئېتىدۇ . نامىمىز ئۆچمەيدۇ ، — دېيىشتى ھەممەيلەن تەڭلا .

بۇ — ئۇلارنىڭ قەسىمى ئىدى !

بىراق··· بىراق ، «ئادىرىمىسۇڭ» !

ئەمەلىيەتتە ، ھەممىدىن بەك ئالدىراۋاتقان ئادەم ۋاڭ بىي-لەي ئىدى . تاشمەتخان ئۇستامىنىڭ يۈز مىڭ يۈەن پۇلنى كۆتۈ-رۈپ ئۆيىگە ئۇسسۇپ كىرىشى ئۇنى تېخىمۇ ئالدىرىتىۋەتكە-نىدى . چۈنكى ئۇ ئالدىغا قويۇلغان ئاشۇ پۇلدىن بۇ شەھەرلىك بايلارنىڭ ئاقدۆۋىدىن ئىبارەت قاقاسلىققا فابرىكا قۇرۇپ ، قۇم-سارايىنى شەھەرگە ئايلاندۇرۇشقا چىن يۈرىكىدىن بەلباغلىغان ھەقىقىي ساخاۋەتچىلەر ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ۋەتەنپەرۋەر ،

ئەلسۆيەر زاتلار ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنىدى .
ئۇ تاشمەتخان ئۇستامنىڭ يۇزىگە پۇلنى ئېتىپ ، بىرمۇنچە «تىل-
لاش » ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ يەنە كىملەرگىدۇر پارا بېرىش يولى-
نى پۇتۇنلەي توسۇۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى . ئەمەلىيەتمۇ
ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى...
ۋاڭ بىيلەي ئەتىسى شۇجى ، هاكىملارنىڭ جىددىي يىغىنى-
نى ئېچىپ ، ئاقدۆۋىنى تۆمۈر قارىملارغا ئەڭ تۆۋەن باهادا
سېتىپ بېرىپ ، ئۇ يەردە فابرىكا قۇرۇشنى «ناهىيە بويىچە
يېزىلارنى شەهەرلەشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە تۇ-
تۇش »نى تەكرار ئوتتۇرىغا قويدى . كىم بۇ ئىشنى كېيىنكە
تارتىشقا ئۇرۇنسا ياكى ئاڭلىق - ئاڭسىز هالدا پۇتلىكاشاڭ
بولسا ، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى هەم
كونكرېت ئىشقا كونكرېت ئادەم بەلگىلەپ ئەمەلىيلەشتۈردى ...
يىغىندىن كېيىن قەدەمنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن ، ئۆزىمۇ
بىۋاسىتە ئاتلىنىپ ۋىلايەتنىڭ ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك
مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچراشتى . تاشمەتخان ئۇستام كۆتۈرۈپ
كەلگەن هېلىقى پۇلنىڭ كېپىنى باشقىلار تۈگۈل ئوتتۇز نەچچە
يىل بىر ياستۇقتا باش قويغان خوتۇنىغىمۇ تىنمىدى .
تۆلەندى «داجەي »نىڭ بەخىرامان يۈرۈۋېرىشىمۇ دەل مۇشۇ
سەۋەبتىن ئىدى !...
دەككە - دۈككە ئىچىدە قىش چىقىپ ، چاغان كەلدى .
چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى تۆلەندى «داجەي» تاشمەتخان ئۇستام-
نىڭ ئۆيىگە ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى . ئۇششاق سېرىق قار
يېغىۋاتاتتى . تاشمەتخان ئۇنى ئۆيگە باشلاپ ، ئالدىغا چاي - مەزە
قويدى . ئۇيان - بۇياندىن مۇڭدىششتى . گەپ ئارىسىدا ، تۆلەن-
دى «داجەي » :
— ئەتىگەن ئەمدىلا كەنت ئىشخانىسىغا كېلىپ تۇرسام ،
ۋاڭ شۇجى تېلېفون بېرىپ : «ئەته ئەتىگەن سائەت ئوندا هەربىر-

لىرنى باشلاپ ناھىيىلىك پارتكومغا كېلىشىمنى تاپىلىدى » —
دېگەنىدى . تاشمەتخان ئۇستام :
— نېمە ! — دېدى رەڭگى ئۆڭۈپ ، — ئۇ يەردە نېمە
ئىش قىلىدىكەنمىز ؟
— ئۇنى دېمىدى .
— سوراپ باقمىلىمۇ ؟
— ئۆزى دېمىگەندىكىن ، سوراشقا تىلىم بارمىدى .
— خەير… ئەمەلدار دىگەننىڭغۇ تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار
خەق…
— ………

ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتتى ـ ئۆتمىدى ، باشقا ئۈچ قۇدا —
تۆمۈر قارىم ، ئىسمائىل ھاجىم ، ئىسلام ھاجىملارمۇ داستىخان-
دىن جاي ئېلىشتى . بۇ «تەكلىپ»نىڭ تېگىگە يېتىشەلمەي ،
قىلىشمىغان پەرەزلىرى ، دېيىشمىگەن گەپلىرى قالمىدى . ئا-
خىر ، ناماز دېگەرگە يېقىن ، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولونىڭ
داستىخىنىغا دۇئا قىلىشىپ ، خاراموش ھالدا ئۆيلىرىگە تارقاش-
تى .
تۆلەندى «داجەي» قونۇپ قالدى…
ئۇلار — بەش كىشى — ئىككى كىرا ئاپتوموبىلىغا
ئولتۇرۇپ ، ۋاڭ بىيلەي تاپىلىغان ۋاقىتتىن ئون مىنۇت بۇرۇن
ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ،
ئۇلارنى ئىككى كىشى كۈتۈپ تۇرغانىكەن . ئۇلار بىلەن قىزغىن
قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، چاغانلىق زىننەتلەنگەن
زالغا باشلاپ كىرىشتى . زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا توختىتىلغان ئۈچ
شىرەنى چۆرىدەپ ، يىگىرمىدەك ئادەم قىزغىن پاراڭلىشىپ ئول-
تۇرغانىكەن . ئۇلارنى كۆرۈپلا ھەممىسى ئورنىدىن قوپتى ۋە
ۋاڭ بىيلەي بىرىنچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى ، باش-
قىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ، ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول

ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بەشەيلەن ئۆزلىرىگە كۆرسىتىلىۋاتقان بۇ كاتتا ئىلتىپاتتىن ئېسەڭكىرىگىنىدىن هودۇقۇپ، قول - ئايىغىنىڭ ماغدۇرى كېتىپ، چىرايىنىڭ قېنى قاچقىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ، زورلاپ كۇلۇمسىرىشىپ، ۋاڭ بىيلەينىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ۋاڭ بىيلەي ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. تاشمەتخان ئۇستام بىلەن تۆلەندى «داجەي» ئوڭ يېنىدا؛ تۆمۈر قارىم، ئىسلام هاجىم، ئىسمائىل هاجىملار سول يېنىدا ئىدى. باشقىلارمۇ ئۆز مەرتىۋىسى — دەرىجىسى بويىچە ئورۇندۇقلاردىن جاي ئېلىپ، ئۈچ شىرە ئادەم بىلەن لىق تولدى. بۇلار ناهىيىنىڭ پارتىيە - هۆكۈمەت مەسئۇللىرى بىلەن بۇگۈنكى سورۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ئىدى. ۋاڭ بىيلەي ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىغاندا، ئۇلار دەرهال ئورنىدىن قوپۇپ «مېهمان»لارغا ئېھتىرام بىلدۇردى. بۇ هال مېهمانلارنىڭ يۈرىكىنى توختىتىپ، چىرايىغا قان يۇگۇرتتى. شۇ ئارىلىقتا، كۇتكۇچى - مۇلازىملار شىرەلەرنى هەرخىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. هاراق - شاراب دېگەن نەرسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى...

ۋاڭ بىيلەي سورۇن ئەهلىنى تونۇشتۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنى غىزاغا تەكلىپ قىلىش ئالدىدا:

— يولداشلار، هۆرمەتلىك قەشقەر شەهىرىدىن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي كېلىپ، سورۇنىمىزغا ئىشتىراك ئەتكەن ئەزىز مېهمانلار! — دېدى هاياجانلىق تەلەپپۇزدا. تەرجىمان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ تۇردى، — مەن بۇگۇنكى چاغان بايرىمى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆپچىلىككە بەخت تىلەيمەن! شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئەسىرلەردىن بۇيان هېچكىمگە نەپ بەرمەي تاشلىنىپ ياتقان ئاقدۆۋىنى سېتىۋېلىپ فابرىكا قۇرۇپ، دېهقان قېرىنداشلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشقا

بەل باغلىغان قەشقەرلىق تۆت باي — تۆمۈر قارىم، ئىسلام هاجىم، ئىسمائىل هاجىم، تاشمەتخان ئۇستاملارغا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن ناھىيە خەلقى نامىدىن سەمىمىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن...

ئۇ بۇ تۆت باينى بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئىشنى تا بۈگۈنگە قەدەر سۆرىشەتكەن «گۇناھى» ئۈچۈن ئۆلاردىن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سورىدى. تۆلەندى «داجەي»نىڭ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن زېرىكمەي ـ تېرىكمەي يول ماڭغانلىقىنىمۇ تىلغا ئېلىشـ نى ئۇنتۇمىدى. ئاخىردا:

— بۈگۈن بىز ئىككى تەرەپ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىـ نىپ، ئاقدۆۋىنى سېتىپ بېرىش ـ سېتىۋېلىش توختامىغا ئىمزا قويىمىز. توختامدىكى پۇل تاپشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاقـ دۆۋە ھەربىرلىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ... ئەگەر ناھىيىمىزنىڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش خادىملىرى ھەربىرلىرىگە ئەرزىسە، ھەرقانداق زۆرۈر ئىشى بولسا توختىتىپ قويۇپ، ھەربىرلىردـ نىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ناھىيىمىزدىن چىقىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى بازار نەرخىدىن يېگىرمە ـ ئوتتۇز پىرسەنت ئەرزان سېتىپ بېرىمىز، — دەپ گېپىنى تۈگەتتى.

بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان ئىش بولامدۇ؟!

«ئادرىمىسۇڭ»...

ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە بۇ!... ھەي ۋاڭ بىيلەي!... ۋاڭ بىيلەي!... ئەگەر گۇڭچەنداڭنىڭ ھەممە ئەمەلدارى سەندەك بولۇدىغان بولسا...

ئىش مۇشۇنداق پۈتتى...

قۇرۇلۇشقا ئىش باشلاشتىن تاكى قۇرۇلۇش ئاياغلاشقۇچە ۋاڭ بىيلەي ئاقدۆۋىگە نەچچە قېتىم كېلىپ يوقلىدى؟ پۈتكەن ياكى پۈتەي دەپ قالغان نەچچە تام ـ تورۇسنى «ئۆلچەمگە

يەتمەپتۇ » دەپ چاقتۇرۇپ ، بۆلەكتىن قوپارغۇزدى ؟ بۇنى ھېچ-كىم ھېسابلاپ ئولتۇرمىدى . خوجايىنلار ئۇنى نەچچە - نەچچە قېتىم «بىر پىيالە چاي»غا تەكلىپ قىلىشىدى ، ئۇ : «چولام يوق» ياكى «كېيىن ئىچەي» دەپ رەت قىلدى . قۇرۇلۇش پۈتۈپ ، ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى ، كۆپچىلىك بىلەن بىر ۋاخ تاماق-نى بىللە يېدى ھەم ۋىئۇسكىنىڭ خەنزۇچە خېتىنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ ، ھەممەيلەننى خۇش قىلىشەت-تى . ئاندىن ، ئىش باشلاش مۇراسىمى كۈنى تازا چوڭ «چاي» تەييارلاشنى تەلەپ قىلدى . قارىغاندا ئۇ ، مۇراسىمغا قاتنىشىدى-غان ۋىلايەت ، ناھىيە مەسئۇللىرى بىلەن قۇرۇلۇشنى مۇددەتتىن بۇرۇن ھەم سۈپەتلىك پۈتكۈزگەن قۇرۇلۇش خادىملىرىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك…

دەرۋازىدىن كىرگەنلا كىشى ئاۋۋال ئاشۇ ۋىئۇسكا يېنىدا بىر دەم تۇرۇۋالاتتى . خەت تونۇيدىغانلار خەت تونۇمايدىغانلارغا ئۇنلۇك ئوقۇپ بېرەتتى . ئىشىكى جەنۇبقا دەريا تەرەپكە قارىغان بۇ ئىشخانىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغان . بەزىلەرنىڭ قولىدا تۇتام - تۇتام پۇل . سالى بىلەن تاجىگۇلنىڭ ئالدىدا تىزىملاش دەپتىرى ، قولىدا قەلەم . بىرى بىرىدىن ئالدىراش تۆلەندى «داجەي» ئۇلارغا مۇئەككەل ھەم كۆپچىلىككە ئۇنى - بۇنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بەنت . ئۇ يېقىندا پېنسىيىگە چىقتى . ھازىر مۇشۇ زاۋۇتنىڭ ئادەم تاللاش ، كۆكەرتىش - مۇھىت ئاماىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل . شۇنداقلا ، قۇمساراي بويىچە ئەڭ چوڭ پايچىك . بۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى بولغۇسى پاي-چىكلار . ئىشخانا سىرتىدىكىلەرنىڭ كۆزلىرى ماۋۇ ئېلاندا :

1 ) فابرىكىمىز شېرىكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ ، پايچىكلىك تۈزۈمى يۈرگۈزۈلىدۇ .

2 ) بىر پاي چېكى ئون يۈەن . پاي چېكىنى قانچىلىك ئېلىش ئىختىيارىي بولىدۇ . كۆپ ئالسا چەكلەنمەيدۇ ، ئاز ئالسا

مەجبۇرلانمايدۇ .

3 ) پاي چېكىنىڭ ئۆسۈمى فابرىكىنىڭ ئېرىشكەن پايدىسى ئاساسىدا بېكىتىلىدۇ . زىيان تارتسا ، مەسئۇلىيەتنى خوجايىنلار ئۈستىگە ئالىدۇ ھەم پايچىكلارغا بانكا ئۆسۈمى ئاساسىدا زىيان تولۇقلاپ بېرىلىدۇ .

4 ) پاي چېكىنى خالىغان چاغدا قايتۇرۇپ بېرىشكە ياكى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ .

5 ) فابرىكىمىزنىڭ ئىش تۈزۈمى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ .

6 ) فابرىكىمىزغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشچىلار ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇشى كېرەك . مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ .

7 ) شاگىرت ئىشچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى ئالتە ئاي بو-لۇپ ، بۇ جەرياندا ئېيىغا يۈز يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدۇ .

8 ) رەسمىي ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى قىلغان ئىشىنىڭ سانى ، سۈپىتىگە قاراپ بېكىتىلىپ ، «ئىشلىگەن چىشلەش» پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ .

9 ) ئىشچىلار ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلەنگەندىن تاشقىرى ، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى مەلۇم مىق-داردا ئىنئامغا ئېرىشىدۇ .

10 ) داۋاملىق ئىشلەش ياكى ئىشتىن چېكىنىش ئىشچىلار-نىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ .

.........

— نېمىدېگەن ئوبدانچىلىق ؟ !

— شۇنى دېسىلە !

— مۇشۇ گەپنىڭ ھەممىسى راستمىدۇ زادى ؟

— راست بولمىسا ، قەشقەرچە يەردىن كېلىپ ، شۇنچە جىق پۇلنى مۇشۇ باياۋانغا چېچىۋەتكىلى سارالڭ بولۇپ قالمىغاد-

دۇ ، خەق !؟
— ئۇۋۇش ، تەلىيىمىزنى سىناپ بىرەر يۈز كويلۇق چەك ئېلىپ قويىمدۇق !...
— ۋىيەي ، غوپۇر ھاجىم پومىمۇ كېلىۋاتامدۇ نېمە !؟
— ۋاي راست ، شۇ ئىكەن . نېمىدەپ كەلگەندۇ ئۇ قېرى !
— .........
غۇلغۇلا تازا قىزىۋاتقاندا ، ساقال - بۇرۇتىنى چىرايلىق ياسىتىپ ، پاكىز كىيىنگەن غوپۇر ھاجىم پوم ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى قىزنەۋرىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھاسىسىنى تو-كۇلداتقىنىچە دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى . سەكسەن ياشنىڭ قا-رىسىنى ئالغان بۇ ئادەم قارىماققا يەتمىش ياشقىمۇ كىرمىگەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ھەممەيلەن بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كې-يىن ، تۆلەندى «داجەي»نى سورىدى .
— ئاينا ، — دېدى بىر ئايال قولى بىلەن ئىشخانىنى كۆرسىتىپ ، — فابرىكىغا پاي قوشۇدىغانلارنى تىزىملاۋاتىدۇ .
— سىلىمۇ پىشكە پاي قوشاي دەپ كەلگەن ئوخشىمامدا ؟
— ھەئە ، — دېدى غوپۇر ھاجىم بىرەيلەننىڭ چاقچاق ئارىلاش سوئالىغا جاۋابەن ، — تۆلەندى سېكرىتار مېنىڭ پۇ-لۇمنى ھارام دېمىسە ، قوشسام قوشتۇم !...
— ھا - ھا - ھا - ھا !...
ئۇنىڭ بۇ گېپى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۋەتتى . كۈلكە ئاۋازى-نى ئاڭلىغان تۆلەندى ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئىشىك ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان غوپۇر ھاجىمنى كۆردى - دە ، ئىشخانىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى .
— كېلىپ قاپلىغۇ ھاجىكا ؟ — تۆلەندى «داجەي» ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، — تاماشا كۆرگىلى كەل-گەن ئوخشىمامدا !؟
— تاماشا كۆرگۈمۇ كەلدى ، — غوپۇر ھاجىم مەنىلىك

كۆلۈمسىرەپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى ، — ئۆزلىرىدىن سورايدى- غان بىرگەپمۇ چىقىپ قالدى .
— ھە… مەن تېخى… سورىسىلا ئەمىسە .
— بۇ يەردە سورىسام…
غوپۇر ھاجىم دۇدۇقلىغانىدى ، تۆلەندى «داجەي» نېمىند- دۇ سەزگەندەك بولۇپ ، بۇ ياندىكى قولۇپلاقلىق ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ، ئۇنى ئىچكىرىگە باشلىدى ۋە ئىشىكنى ياپقاچ ئورۇندۇققا باشلىدى .
— مۇنداق ئىش ، — دېدى غوپۇر ھاجىم كۆزلىرىنىڭ قويرۇقىدا دېرىزىگە قارىغاچ . دېرىزە سىرتىدا سەككىز - ئون باش ئۇلارغا قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى ، — ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، مېنىڭ ئېتىم يامان ئادەم… ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئۆزلىرى- دىن يولىيورۇق ئالمىسام ، «خاتالىشىپ قالارمەنمۇ ؟» دەپ قور- قىدىكەنمەن…
— نېمە دەيدىغانلا ھاجىكا ، — غوپۇر ھاجىم ئۇنىڭ ئۆزىنى «ئاكا» دېگىنىنى تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى بولغاي ، ئۇنىڭغا كۆزلىرىنىڭ قويرۇقىدا غىل - پاللا قاراپ قويۇپ ، ئېتىك يەرگە قارىۋالدى ، — قاچانقى گەپنى قىلىپ يۈرمىسىلە ئۇنداق !… ئۇ چاغدا سىياسەت شۇنداق ئىدى . سىلە «خەلق» قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتكىلى نىكەم . سىلىگە كىم «ھۆرۆت - پۆرۆت» دېسە ، ماڭا بىر كۆرسىتىپ قويسىلا !…
— چېچىلمىسىلا ئۇكام… مۇشۇ ئاغزىمنى - زە… ماڭا قارىسىلا ئۇكام ، ئاڭلىسام ، ھەممە ئادەم باي بولۇش كويىدا مۇشۇ فابرىكىغا پاي قوشۇۋېتىپتىمىش . «پاي» دېگەن نېمە ئۇ ؟
تۆلەندى «داجەي» ئۆزىنىڭ «پاي» توغرىسىدا بىلىدىغانلى- رىنى قىسقا ھەم چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى .
— مۇنداق ئىش ئىكەن - دە ، بۇ… مەنمۇ خاتا چۈشەنمەپ- تىكەنمەن… پايغا ئېرىغ مال قوشسىمۇ بولامدۇ ؟

— «ئېرىغ مال؟» بۇ...

— مەسىلەن، ئالتۇن، تىللا دېگەندەك ...

— بولىدۇ. قانداق دەيلا؟

— مەندە پىشكە تىللا بار ئىدى. يۇرتىمىزدا فابرىكا قۇرۇلۇپ، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئىشلىق بولۇپ قېلىشۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، خوشاللىقىمدا نەچچە كېچە ئۇخلىيالمىدىم...

يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، غوپۇر ھاجىمنىڭ ھەممە نېمىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، يۇرت كەمبەغەللىرىگە بۆلۈپ بېرىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، خوتۇن - بالىلىرىدىنمۇ يوشۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن نۇرغۇن ئېرىغ مېلىغا شامال تەگمىگەنىدى. بىرەر يىلغىچە «قىزىل كالتەكلىك دىكتاتورا دۆيى باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنەرسىلىرىمنى تېپىۋالسا قانداق قىلارمەن؟ ئۇلارنى ئالسىغۇ مەيلى. ‹ئەتكەس مال يوشۇرغان› دەپ تۇتۇپ ئاپىرىپ سولاپ قويسا، يا بولمىسا ‹پاڭگىدە› ئېتىۋەتسە قانداق قىلارمەن؟ ‹ماۋۇ مېنىڭ قەلبىم› دەپ كەنت باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بەرسەم قانداق بولار؟ ياق، بولمايدۇ! ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەندەك ئىش بولىدۇ... مەتقۇناخۇنغا بېرىۋەتسەمچۇ؟ ياق، ياق، بۇمۇ بولمايدۇ!... بىر چاغدا ئۇ، زىۋەرخاننىڭ قورسىقىدىكى بالىنى مەندىن گۇمانلىنىپ، مېنى ئانامنىڭ تۆپىسىدىن قەسەم ئىچكىلى سالغان ئەمەسما!؟... ھازىر ئۇ دېگەن مەپكۇرسى ئىلغار، يۇرتتا تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئادەم. ئۆزىنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ بولسىمۇ مېنى تۇتۇپ بېرىدۇ» دەپ ئويلاپ، كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىمىدى، كۈندۈزلىرى قولى ئىشقا بارمىدى. ئېرىغ ماللىرىنى ھېلى ئۇ يەرگە يوشۇرۇپ، ھېلى بۇ يەرگە كۆمۈپ يۈرۈپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۇن جېنىنىڭ بىرى قالدى. ئاخىرى مەتقۇناخۇننىڭ ئېتىزلىقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇۋقۇشنىڭ ئۇۋىسىدەك يەككە - يېگانە، مۇساپىرنىڭ قەبرىسىدەك ۋەيرانە كەپىسىگە كۆچۈپ بېرىپ،

ئېرىغ ماللىرىنى پۇچۇق ئۆرىققا قاچىلاپ ، ئۈستىنى ئۇششاق
شېغىل بىلەن توشقۇزدى ـ دە ، توغراقنىڭ تۈۋىنى يېرىم غۇلاچ ـ
چە كولاپ كۆمۈۋېتىپ كۆڭلى بىر ئاز ئارام تاپتى . «كوللېكتىپ ـ
لىشىش» دولقۇنىدا ، گويا ئۇ بۇ يۇرتنىڭ پۇقراسى ئەمەستەك ،
ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى . «كوممۇنىزمغا ئېلىپ
بارىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك — خەلق گۇڭشېسى» قۇرۇلۇۋىدى ،
ئۇ پۈتۈن يۇرتنىڭ نەزىرىدىكى ئادەمگە ، تۆلەندىنىڭ گېپى بويىچە
ئېيتقاندا ، «گۇڭشې ئەزالىرىغا ئىبرەت قىلىپ ، ئۇلارنىڭ كۆ ـ
زىنى ئاچىدىغان تىرىك دەرسلىك»كە ؛ «سىنىپىي كۈرەشنىڭ
تارىسىنى چىڭىتىپ ، سىنىپىي كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشتا تى ـ
رىك نىشان»غا ئايلاندى . مۇبادا ، كىمدۇ بىراۋ ئىشلەپچىقىرىش
دۈيىنىڭ بىرەر باش قونىقىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغۇدەك بول ـ
سا ، غوپۇر ھاجىم چوقۇم ئۇنىڭغا يانداپ كۈرەش ـ پىپەن
قىلىناتتى . ھېلىقى ئوغرىدىن بەكرەك ئۇرۇپ سوقۇلاتتى ، قى ـ
يىن قىستاققا ئېلىناتتى . ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ھاشار ـ مەدى ـ
كاردىن ، «خالىس ئەمگەك»تىن قۇتۇلالمايتتى . ئۆيىدە ياتىدى ـ
غان كۈنلىرىدىن دالىدا — ئېچىق بېشىدا ، سۇ قۇرۇلۇش
ئورۇنلىرىدا قونۇپ تۈنەيدىغان كۈنلىرى كۆپ ئىدى . ئۇ بۇنىڭغا
كۆنۈپ قالدى . ۋايسىمىدى . ئېچىگە تىنىمىدى . «ئىشلە غوپۇر ،
ئىشلە . ئىشلىگەنگە ئۆلمەيسەن ! — دەپ ئۆزىنى ئۆزى ھەيدەپ
تۇراتتى دائىم ، بىلىكىڭ ئۇزۇلۇپ كەتكۈدەك ئىشلىسەڭمۇ ئۆلۈ ـ
سەن بىر كۈنى ، ھۇرۇنلۇق قىلىپ يەتتە قات كۆرپىدە يېتىۋال ـ
ساڭمۇ ئۆلۈسەن بىر كۈنى... ئاتا ـ بوۋىلار : ‹ئۆزۈڭنى خار
قىلغۇچە ، كۈچۈڭنى خار قىل› دەپ بىكار ئېيتمىغان . ھالال
ئىشلەۋەرسەڭ ، خەق كۆرمىسە خۇدايىم كۆرىدۇ . ئەجرىڭنى يەر ـ
دە قويمايدۇ... »

دېگەندەك ، ئۆزى خورلانسىمۇ ، گېپى خورلانمىدى : بىرىن ـ
چى ئەمگەكنىڭ گۇڭفېنى ، ئاشلىق نورمىسى قولىغا ساق تېگىپ

تۇرغاچ ، ئاش ـ ناننىڭ غېمىدە قالمىدى . ئايدا ـ يىلدا بىرەر
تال «تۇگمە»نى كەشنىڭ پېتىكى ئاستىغا تىقىپ قەشقەرگە
ئاپىرىپ ، قاراڭغۇ بازارچى زەرگەر ـ سەرراپلارغا ئېلىشىغا
سېتىپ ، كېلىشىگە گۆش ـ ياغ ئېلىپ يەپ ، بەدىنىگە «قۇيۇچ
باغلاپ» تۇردى . قىزلىرىغا «يالانچۇق يالتىپ» تۇرۇشنىمۇ ئۇن-
تۇمىدى . يالغۇزلۇقى — بويتاقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ،
ھېچنەرسىدىن غېمى يوق ئىدى . ياماق ئۇستىگە ياماق چۇشكەن
ئەسكى كىيىملىرى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرى-
تىپ ، ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى . ئىشتىھاسى ساز ، تېنى ساغ-
لام ؛ ئىش ـ ئەمگەكتە ياشلاردەك بەردەم ئىدى .
يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى تورلاش-
تۇرۇش ـ يۇرۇشلەشتۇرۇش دولقۇنى يېتىپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ
«ئۇۋىسىغىمۇ سۇ كىردى» كەپىسى چېقىلىپ ، مەھەللە ئىچىدىن
ئۆيلۈك يەر كۆرسىتىپ بېرىلدى . ئىككى تەرەپتىكى قوشنىلىرى
«قىزىل»لاردىن ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كېچە ـ كۈندۈز
ئۆزىگىلا تىكىلىۋاتقاندەك ، ھەربىر باسقان قەدىمىنى كۆزىتىۋات-
قاندەك ، ساناۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، بىرەر كېچىنىمۇ خاتىرجەم
يېتىپ تاڭغا ئۇلىيالماس بولۇپ قالدى . ئېرىغ ماللىرىنى ھېلى
ئۇ يەرگە كۆمسە ، ھېلى بۇ يەرگە يۆتكەيتتى . بەزىدە بۇنىڭغىمۇ
خاتىرجەم بولالماي ، كۈندۈزلىرى نەگىدۇر يوشۇرۇپ قويسا ،
كېچىلىرى يوتقىنىغا سولاپ ياتاتتى . تۇرۇپلا ، بۆلۈپ ـ بۆلۈپ
بالىلىرىغا بېرىۋەتمەكچى بولاتتى ـ يۇ ، كۆڭۈل توختىتالماي-
تى . «بالىلار كىچىك ، ‹ئىش ئوخشىدى› دەپ بىرەرىگە تىنىپ
تاشلاپ چاندۇرۇپ قويسا ، مېنىڭمۇ ، ئۆزلىرىنىڭمۇ بېشىغا بالا
تېپىۋالىدۇ . ‹تىنچ كۆڭۈل — تۈزسىز ئۇماچ› دەپتىكەن .
بۇنى بەردىم دەپ ئۇلارغىمۇ ، ئۆزۈمگىمۇ ئىش تاپماي...» دەپ
نىيىتىدىن ياناتتى . بېرىپ ـ بېرىپ ، ساقلىماقنىڭ تەسلىكى-
دىن ، ئۇ نەرسىلەردىن شۇنداق زېرىكتىكى ، ئىۋرىق بىلەنلا

كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆستەڭگە ، بۇلاقنىڭ كۆزىگە تاشلىۋېتىپلا قۇتۇلماقچىمۇ بولدى . بىراق چىدىمىدى . ئۇنىڭغا ئايان ، دادىسى ئايلاپ - يىللاپ ياقا يۇرتلار — چەت ئەللەر — دە كارۋان تارتىپ يۈرۈپ پۇل تېپىپ ، بىر يىللىق زاكاتقا ئايرىغان پۇلىغا كەنتكە باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بەرگەن گۇناھى ئۈچۈن ، چوڭ ئوغلى بىلەن بىرلىكتە شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە غايىب بولغان . قەشقەر شەھىرىدىكى كارۋان سارىيى نىسەنگە ئېلىنـ. غان . ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ چاغدا غوپۇر ھاجىم چەت ئەلدە بولۇپ قاپتىكەن . بولمىسا ، ئۇنىڭ گۆرىمۇ دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ گۆرى بىلەن بىر بولىدىكەن··· غوپۇر ھاجىم ئۈچ يىل چەت ئەلدە قاڭقىپ يۈرۈپ قەشقەرگە كەلگەندە ، جاھان بىر ئاز «تىنجىپ» قاپتىكەن . قۇمسارايدىكى بېغىغا بېكىنىۋېلىپ ، تىجارەتكە زادى قول تىقمىدى··· 1949 - يىلنىڭ بېشىدا ، چەت ئەلگە قېچىپ كېتىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قۇمسارايىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ، غوپۇر ھاجىمنىڭ تاغىسى ماموت رىۋەندىنى ھويلىسىدىـ. كى قاپاق تېرەككە ئېسىپ ، «پۇل نەدە؟ ئالتۇن - كۈمۈش نەدە؟» دەپ ئۇرۇپ قىيناپ ، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتتى . غوپۇر ھاجىم بۇ چاغدىمۇ جاڭگالغا قېـ. چىپ كېتىپ ، «جاھان ئوڭلانغان»دا ئۆيىنى تاپتى . بۇ قېتىم ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش» بىلەن ئۇ. لىشىپلا يېتىپ كەلگەن «يەر ئىسلاھاتى» بولدى . بۇ ھەرىكەتلەر ئۇنى بارلىق تەئەللۇقاتىدىن ، ئىككى خوتۇنىدىن ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ ، جېنى ئامان قالدى . نۇرغۇن ئېرىغ ماللىرىنىمۇ يو. شۇرۇپ ساقلاپ قالدى . ئۇ چاغدا ئۇ بۇ ئىرىغ ماللارنىڭ كەلگۈ. سىدە ئۆزىگە شۇنچە بىسەرەمجانلىق تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى خىيا. لىغا كەلتۈرمەپتىكەن . مانا ئەمدى بۇ نەرسىلەرنى ساقلاش — ئۇنىڭغا جېنىنى ساقلاشتىنمۇ تەسكە توختاۋاتىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەردىن كەچكۈسى كەلمىدى . چۈنكى ، بۇ نەرسىلەر

ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئىسسىق قېنى ، ئۆزىنىڭ جاپا-لىق ئەجرى ، ھالال تەرى بەدىلىگە كەلگەن . ئانا سۈتىدەك پاك ۋە ھالال . بۇلارنى ئۆز قولىچە يوقاتقانلىق ـــ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە ئوت قويغانلىق بىلەن باراۋەر گۇناھ . مۇنداق قىلسا ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىناتى تۇرماق ، ئۇلۇغ تەڭرىمۇ كەچۈرمەي-دۇ !...

ئۇ خېمىغا ياندى ، ئۇ نەرسىلەرنى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرى-غىچە مەھكەم ساقلاپ ، جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىلىرىنى چۆرىسى-گە ئولاشتۇرۇپ (تەڭرى ئاشۇنداق قىلىشقا نېسىپ قىلسا ) : «بالىلىرىم ، مەندىن سىلەرگە مىراس قالىدىغان نەرسە مۇشۇ . بېشىڭلارغا ئېغىر كۈن چۈشمىگۈچە ، بۇنى جېنىڭلارنى ئاسرىغان-دەك ئاسراپ ساقلاڭلار...» دەپ ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزماقچى ياكى «پالانى يەرگە كۆمۈكلۈك...» دەپ قويۇپلا كۆزلىرىنى يۇممىماقچى بولدى ۋە بىر كۈنى ھاجەتخانىسىدىن قىغ چىقىرىش باھانىسىدە چوڭقۇر بىر ئازگال كولىدى ـ دە ، ئۇغۇرلىقنى كۆمۈ-ۋەتتى ۋە شۇ كۆمگەن يېتى ئېچىپمۇ باقمىدى ، باشقا يەرگە يۆتكەپمۇ يۈرمىدى .

ئادەمنىڭ كۆڭلى توق ـ خاتىرجەم بولسا ، تېنى ساغلام كۈچتىڭگىر ، سالماق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، غوپۇر ھاجىم كۈندىن ـ كۈنگە تېتىك ـ ئىشچان بولۇپ كەتتى . ئاغرىپ ـ سىلاپمۇ قالمىدى . كىشىلەرگە كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ئەمگەك ، ئايىغى ئۈزۈلمەس كۈرەش ـ پىپەنلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچە غەيرىي تۇيۇلمايدىغان ، بەلكى جەزمەن شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىشتەك بىلىنىدىغان بولدى . ئۇ ھېچقاچان ئېچىگە تىنمايتتى ، ھېچكىمدىن ئاغرىنمايتتى ، ھەممە ئىشنى بەختىدىن ، پېشانىسىدىن كۆرەتتى...

«ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش» بىلەن تەڭ ، ئۇمۇ «خەلق»

بولدى . بولۇپمۇ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى قولىغا تەگكەندە ، خۇشاللىقتىن نەچچە كېچە كىرپىك قاقمىدى . ئاتايىتەن قەشقەرگە بېرىپ ، تونۇش ـ بىلىش باي ـ پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى ؛ نەچچە كۈنلەپ قونۇپ ـ تۈنەپ ھال ـ مۇڭ بولۇپ ، «جاھاننىڭ چامىسىنى چاغلىدى » . كۆردىكى ، بۇ باي ـ پومېشـ چىكلارنىڭ ھەممىسى «تۆگكەن تۇگۈچ ، كۆمگەن كۆمۈكلىرى » نى كەينى ـ كەينىدىن ئېچىپ ، خۇددى ئەگۈز تاشقىنىنى كۆرۈپ - لا ئۇۋا ـ ئىنلىرىدىن ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىغان قۇرت ـ قۇمۇرسقىلاردەك ، بىساتىدا بارنىڭ ھەممىسىنى دەسمايە سې- لىپ ، ئۆزلىرىنى بازار قايىنىمىغا ئېتىشىپتۇ . بەزىلىرى بۇرۇن- قىدىن نەچچە ھەسسە بېيىپ كەتسە ، بەزىسى دەسمايىسىنى نەچچە قاتلاپ ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق باي بولۇپ قاپتۇ . نى يوغان شىركەتلەرنى قۇرۇپ ، ئونلاپ ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان- لارمۇ ، ئۆيىگە خىزمەتكار ياللاپ ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى يەتتە قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈرمەي راھەت كۆرسىتىۋاتقان- لارمۇ ، ئايروپىلاندا ئۇچۇپ ، پىكاپتا چېپىپ يۈرگەن... لەرمۇ بار ئىكەن . بىراق ، قۇمسارايدىن بىرەرمۇ تىجارەتچى چىقمىدى . «بار » دېگەندىمۇ ، ھەممىسى باققال ، رەۋەندى ، ياغاچپۇرۇش... ھەممىسى تۆلەندىنىڭ ئۆزلىرىنى بىر نېمە قىلىۋېتىشىدىن ئەن- سىرەپ ، تازا پۇت ـ قولىنى «سۇنالمايۋاتىدۇ » مانا بىرلا سوپۇر ئاخۇن ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيدۇ . كۈندىن ـ كۈنگە ئىشنى چوڭايتىپ ، قۇمسارايدا «سەن ئەمەس مەن » بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ . بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، گۇڭشېدىن توختى تۆر ، ناھىيىدىن ۋاڭ بىيلەي ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۆلەۋېتىپتىمىش . تۆلەندى «داجەي »دە ئۇنىڭغا «ھۆرۆت ـ پۆرۆت » دېگۈدەك ھوقۇق يوق- مىش...

ھەر نېمىدېگەنبىلەن ، قۇمسارايلىقلارمۇ تەۋرەپ كەتتى . ھەممىسى ئۆز ئىشى ، ئۆز غېمى بىلەن . «ھېچقانداق ئىش ـ

ھەرىكىتى يوق »لارمۇ سەككىز - ئون مو يەرنىڭ خوجايىنى .
خامانىنى ئۆزى ئېتىپ ، چەشلەنگەن داننى ئۇدۇللا ئۆز ئۆيىگە
ئەكىرىدۇ . قورسىقى ئاچسا ، خالتا كۆتۈرۈپ ئەترەتنىڭ ئامبى-
رىغا بويۇن قىسىپ بارماي ، «بىسمىللا» دەپ ئۆيىدىكى كات - تاغار-
نىڭ ئاغزىنى ئاچىدۇ . نېمە كەڭرى ؟ ئاش - نان كەڭرى . كەشى
يىرتىلىپ كەتسە كەندىرنىڭ قوۋزۇقىنى سوقۇپ ئېشىپ ياماپ
كىيىدىغانلارمۇ ؛ بىر قۇر پاختىلىق ئىشتان - چاپان تىكىۋالسا
نەچچە يىلغىچە يازدا مېزىنى سۆگۈرۈۋېتىپ ، قىشتا مېزىنى
سېلىپ كىيىدىغانلار تېخىمۇ يوق . تېخى بەزىلەر قەشقەرنىڭ
«ماڭقىدا يەملىگەن» ئۆتۈك - بەتىنكىلىرىنى ياراتماي ، «بېيى-
جىڭ - شاڭخەي »لىشىپ كېتىۋاتىدۇ . خاماندىكى چەش ، ئې-
تىزدىكى قوغۇن - تاۋۇزنى كېچىلىرى بىر كىم ساقلاپ ياتمى-
سىمۇ «سوغۇق قول» تەگمەيدۇ . موتو بىلەن ئۇچۇۋاتقانلارمۇ ،
«جاھاننەما» ئەينەكنى ئالدىدا كۆن بويى دالىيىپ يېتىپ «كۆزدى-
نىڭ پىتىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان »لارمۇ ئاز ئەمەس .

قىسقىسى ، قۇمساراي توقچىلىق - مەمۇرچىلىق !

غوپۇر ھاجىممۇ توق . ئەمما ، ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلمايدۇ .
بەش مو يەردېگەن قانچىلىك نېمە ئۇ ؟ قولىنى ئەگرى قىلماي
بەش يۈز كوينىڭ مېھرىدىن كەچسىلا ، تېرىشتىن يىغىشقىچە
ھەممە ئىشنى خەق پۈتكۈزۈۋېتىدۇ . سۆغىرىش - ئوتاش دېگەن
ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەرمەك ، خالاس !

بىكارچىلىق ، بىكارچىلىق ، بىكارچىلىق !...

غوپۇر ھاجىمنى بىكارچىلىق يەپ كېتىۋاتاتتى . بولۇپمۇ
ھېلىقى پۇل — ئېرىغ مال — لار بىكار يېتىپ كۈندىن -
كۈنگە خوراپ كېتىۋاتقاندەك ، داتلىشىپ چىرىپ كېتىۋاتقاندەك
تۇيۇلۇپ ، ئىچ - ئىچىدىن بىئارام بولاتتى . بەزى كۈنلىرى
ئۇلارنى ئالدىغا يېيىۋېلىپ ، سائەتلەپ - سائەتلەپ قاراپ ئولتۇ-
رۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى . ئاشۇ پۇللارنىڭ قىرىق يىللىق

ئايلىنىش ھېسابىنى ھېسابلاپ بەزى كۈلسە، بەزىدە پۇشۇقۇنۇپ
ئىچىگە تىناتتى. راست ئەمەسمۇ، شۇنچە جىق پۇل قىرىق
يىلغىچە توپىنىڭ، گەندىنىڭ، سۇيدۇكىنىڭ ئاستىدا يېتىپ سې-
سىپ - چىرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، قىرىق يىلدا قىرىق قېتىم
يۇملاپ، ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈش ئىقتىدارى-
نى نامايان قىلالمىدى!... مانا ھازىر بەزىلەرنىڭ مىدىرلىغۇسى،
پۇلدىن پۇل ئۈندۈرگۈسى بار - يۇ، دەسمايىسى يوق. دەسمايى-
سى بارلارنىڭمۇ كۆپ ئەمەس. ئاز دەسمايە بىلەن چوڭ ئىشلارنى
قىلالمايدۇ. غوپۇر ھاجىمنىڭ شۇنچە جىق پۇلى بار - يۇ،
مادارى يوق — قېرىپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئىككى نەۋرى-
سىنى قېشىغا ئەكېلىۋاپتىكەن، بولمىسا يالغۇزلۇق - بويتاقلىق
دەستىدىن ئۆزى داڭقاننىڭ تېگىگە دوڭغىيىپ ساقال - بۇرۇتى-
نى ئۇتلەپ، خام - خاتىلا بىرنېمىلەر بىلەن جان باقىدىغان
كۈنلىرى ئاخىرلاشمايدىكەن. توغرا، ئۇنىڭغا بىر ھەمراھ
لازىم. ئۇنى قېقىتىپ: «جورا بولساق» دەيدىغان تەڭتۇش مو-
مايلارمۇ يوق ئەمەس. قىرىق — ئەللىك ياشلىق جۇۋانلارمۇ
چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ يۈرۈشىدۇ. قىزلىرىمۇ ئانچە -
مۇنچە: «سەن بۇنداق يالغۇز تۇرساڭ، بىز خاتىرجەم بولالمايدى-
كەنمىز. ئاش - تامىقىڭنى ئېتىپ، كىر - قېتىڭنى يۇيۇپ
بەرگىلى ئۆيگە بىر مەزلۇم كىشى ئەكىرىپ بەرسەك» دەپ قويۇ-
شىدۇ. غوپۇر ھاجىممۇ: «ئويلىنىپ باقاي» دەپ گەپنى ئۈزدى-
دۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن، خوتۇن بۇۋىسارە
خېنىم بىلەن تۈگەپتىكەن. ئۆيلەپ قويۇشنىڭ گېپى چىقسىلا
بۇۋىسارە خېنىم كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، نەچچە كۈنگىچە ئۇيقۇ-
سى ئۇيقۇ بولمايدۇ. ھەر پەيشەنبە كۈنى بامداتتىن يېنىپلا ئۇنىڭ
قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، نەچچە كەلىمە «ئايەت - ئىسلام»
ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ. بىدىيان خېنىمنىڭ گېپى چىقسا، كۆڭلى-
نىڭ بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا تارتىدۇ - يۇ، ئەلچى قويسا ئۇنىڭدىن

تۇمشۇقىغا يېپىشتىن قورقۇپ تۇگۈلۈۋالىدۇ... ئۇيان ئۆتۈپمۇ،
بۇيان كېلىپمۇ ئويلايدىغىنى يەنىلا ئاشۇ ئېرىغ ماللىرىنىڭ غې-
مى. بۇرۇنمۇ ئانچە ئەمەس ئىدى، نىكۇنىكى، سوپۇر ئاخۇن
يۈز مىڭ يۈەن چىقىرىپ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى — ئەينى
چاغدىكى «ئەسرا ھاجىم باشلانغۇچ مەكتىپى» نىڭ سىنىپ-
ئىشخانىلىرىنى يېڭىلىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭغا ئۇيقۇ ھارام
بولدى. دادىسىدىن قالغان شۇنچە جىق ئېرىغ مالنى بىكار بې-
سىپ ياتقۇچە، دادىسى سالغان ئاشۇ مەكتەپنى يېڭىلاپ قويمىغى-
نىغا قاتتىق ئۆكۈندى: «ھېچبولمىسا، سوپۇر ئاخۇن بىلەن
شېرىكلەشكەن بولسام ئەھلى يۇرتنىمۇ، دادامنىڭ روھىنىمۇ
خۇش قىلىپ ساۋاب تاپىدىكەنمەن. ئەمدى ئەپلەشمەيدۇ... سەت
تۇرىدۇ... سەۋر قىلسام، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن قىلغۇدەك
بىرەر ساۋابلىق ئىش چىقىپ قالار...»

چىقمىدى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ساۋاب ئاشمىدى. مەھەللە
مەسچىتىنىڭ ئىمامى جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىدا مەسچىتنى
يېڭىلاش توغرىسىدا شۇنداقلا گەپ ئېچىپتى، جامائەتنىڭ ئالدى
مىڭ يۈەن، ئايىغى بەش يۈز يۈەنگە تىزىملاتتى. غوپۇر ھاجىممۇ
مىڭ يۈەن پۇل بىلەن ئۆينىڭ چۆرىسىدىكى يىگىرمە يىللىق
بولغان يىگىرمە نەچچە توپ تېرەكنى ئاتىۋېتىپ، نۇرغۇن دۇئاغا
ئېرىشتى. مەسچىت پۈتكەندە، «رامزاننىڭ پىترىسى» دەپ ئوت-
تۇز مېتىر نىلون پالاس سېتىۋېلىپ، مەسچىتنىڭ خانىقاسىغا
سېلىپ بەردى. مەكتەپنىڭ يوللىرى بىلەن سەيناسىنى سېمونت-
لاشتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، «سوپۇر ئاخۇننىڭ كۆڭلىگە
كېلىپ قالمىسۇن...» دەپ دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. قىسقىسى،
ھېچقانداق ساۋابلىق ئىش قىلالمىدى.

پۇل — جاننىڭ ئاكىسى، تىلسىزغا تىل، قارىغۇغا يول،
ئاچقا ئاش، يالىڭاچقا كىيىم، خارغا ئەزىزلىك تەختىنى ئاتا
قىلغۇچى خاسىيەتلىك ئەنگۈشتەر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاننى

ئېكەكلەيدىغان ئېكەك ، ئۇيقۇنى هارام ، كۆڭۈلنى بىئارام ، مۆ-
مىننى قاتىل ، زاهىدنى شەددات[1] قىلىۋېتەلەيدىغان ئېزىتقۇ . ئۇ-
نىڭغا ئېرىشەلمىگەنلەرنىڭ ئۆمرى خار - زارلىقتا ئۆتسە ، ئې-
رىشكەنلەرنىڭ تاپقانسېرى تاپقۇسى كېلىپ ئارامخۇدا ئۇخلىيال-
مايدۇ . «يەپ - يەپ ، خەجلەپ - خەجلەپ تۈگىتىۋېتەي» دېسە ،
قورسىقى ئاران بىر . ئۇچىسىمۇ شۇنداق··· «خەققە بېرىۋېتەي»
دېسە ، شەيتان : «بۈگۈن سەن خەققە بېرىۋەتسەڭ ، ئەته ئىلاهى قىس-
مەت سېنى ئاچ قويسا ، كىم ساڭا بىر ناننى بىكارغا بېرىدۇ ؟··· » دەپ
ۋەسۋەسە سالىدۇ . گېلىغا نەچچە يەردىن «تاقاق» سېلىپ ، توق -
توق ، ئوبدان - ئوبدان يېگۈزمەيدۇ ، كىيگۈزمەيدۇ ، هەتتا ئاچ-
نىڭ قولىدىكى بىر چىشلەم ناندىن ، نامراتنىڭ ئۇچىسىدىكى
رەزگى چاپاندىن كۆز ئۈزمەس قىلىپ قويىدۇ . لېكىن ، پۇل
ئالدى بىلەن تىرىشقاق - مىدىرلىغاقنىڭ . «ئۈجمە پىش ، ئاغ-
زىمغا چۈش » دەپ سۆڭەكچىنى قاشلاپ ياتىدىغانلارغا پۇل دېگەن
بۇ نەرسە مەڭگۈ ئالدىنى قىلمايدۇ . ئۇنداقلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ
كەتسىمۇ پەرۋايى پەلەك . چۈنكى ، تەڭرى : «يارىتىشنى مەن
ياراتتىم ، يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن . بۇ مەڭگۈ ئۆزگەر-
مەس قانۇنىيەت . بۇنىڭ مەنىسى : «هەممە ئادەمنىڭ يەتتە ئەزا-
سى ئوخشاش . ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىپ ، يورۇق دۇنيادا
قانداق ياشىشى هەر كىمنىڭ ئۆز ئىلكىدە» دېگەنلىك . قانداقتۇر
«ئېچىل داستىخان» ، «تىللا چېچىدىغان ئېشەك» دېگەنلەر رې-
ئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان ۋە مەڭگۈ بولمايدىغان رىۋايەت .
«ئۇنىڭ زۇۋۇلىسى چوڭ ، بۇنىڭ زۇۋۇلىسى كىچىك ئۈزۈل-
گەن» دېگەن سەپسەتىلەرمۇ ئىككى پۇلغا ئەرزىمەيدىغان ئەپسانە ،
خالاس . ئەگەر مۇشۇ گەپ راست بولىدىغان بولسا ، سوپۇر
ئاخۇندەكلەرگە پىكاپ نەدە تۇرۇپتۇ ؟ !

سوپۇر ئاخۇن كۆز ئالدىغا كەلسىلا ، غوپۇر هاجىمنىڭ

---

① شەددات — شەيتان لەئىننىڭ ئۇستازى .

كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتەتتى . ياشلىقىدا پۇل قوغلاپ ماڭغان يول-
لىرى ، قىلغان ئىشلىرى ؛ پۇل تاپقان گۇناھى ئۈچۈن تارتقان
دەردلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، بۇ دۇنيادا بارمۇ ، يوقمۇ
بولۇپ كېتەتتى . كۇنلۇكى بەش ۋاخ نامىزىدا ، پۇل تېپىۋاتقانلا-
رغا ئىنساپ ؛ تاپالمايۋاتقان ، «پۇل تاپاي» دەپ مىدىرلىمايۋات-
قانلارغا غەيرەت ـ شىجائەت تىلەيتتى ، تۇرۇپلا ، كىمنىدۇر
يۆلەپ باي قىلىۋەتكۇسى كېلەتتى ـ يۇ ، دەرھال بۇ نىيىتىدىن
ياناتتى . « ‹كىشىنىڭ قولىدا قۇش تۇيماس › دەپ ، مېنىڭ بۇ
ئىككى تال پۇلۇم بىلەن نەچچە ئادەمنى يۆلىگىنىم بىلەن قالغى-
نىنى كىم يۆلەيدۇ ؟ ‹باي ـ كەمبەغەلنى تەڭ قىلىمەن › دەپ
بىر ئۆمۈر تىرىشقان ماۋ زېدۇڭدەك ئۇلۇغ زاتمۇ باي قىلىپ
بولالمىغان بۇ خەقنى مەن نېمە قىلالايتتىم ؟ ! ياق ، ئەسلى
گەپ ، بۇ يۇرتتا ئەزەلدىن ئاشلىقتىن بۆلەك نەرسە چىقمايدۇ .
يەرمۇ چاغلاپ بېرىدۇ… ئەگەر باشقا يۇرتلاردىكىدەك چوڭ ـ
چوڭ زاۋۇتلار بولۇپ ، ھەممە ئادەم تەڭ مىدىرلايدىغان ، قىش ـ ياز
بىكار تۇرمايدىغان ئىش بولسا ئىدى . يۇرتتا نامراتلار قالمايتتى .
شەھەرلىكلەر نېمىشقا باي ؟ ئۇ يەردە ھۇنەر ـ كەسىپ بار ،
زاۋۇت بار ، كارخانا بار . ھېچكىم بىكار تۇرمايدۇ ھەم بىكار
تۇرالمايدۇ . ئىش ئۇلارنى ئالدىرىتىدۇ ، مىدىرلىتىدۇ . مىدىر-
لىسىلا پۇل… سوپۇر ئاخۇننىڭ زادى قانچىلىك پۇلى باردۇ ؟
ئىككىمىز شېرىكلىشىپ بىر زاۋۇت قۇرغان بولساقمۇ… نېمە
دەۋاتىمەن قانداق زاۋۇت ؟… »

غوپۇر ھاجىم ئوغلى نادىرنى ئەسلەپ قالدى . ئۇنىڭ ھازىر
دادىسىدەك ئون بايىنى سېتىۋالغۇدەك ۋەجى بولغاندىن تاشقىرى ،
دوتەي ـ شەنجاڭلاردەك يۇز ـ ئابرۇيى بار . نەچچە يۇز ئادەمگە
باش بولۇپ ، پۈتۈن كاننى چۆرۈۋاتىدۇ . ئايدا ، يىلدا دادىسىنى
يوقلاپ پىكاپ بىلەن قۇمسارايدا پەيدا بولسا ، تۆلەندى «داجەي»
مۇ ئۇنىڭ قوللىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ… مۇنداق بىر ئادەمنى
ھۆكۈمەتنىڭ قوينىدىن تارتىۋېلىپ ، قانداقتۇ شەخسىي زاۋۇت

قۇرۇشقا دالالەت قىلىش كويىغا چۈشۈش ، ئېنىقكى «كۆلىنى
شويىنىغا تېگىشىش»كە ئۇرۇنغانلىق ، «ئىززىتىنى بىلمىگەن-
لىك !»
كۈيئوغۇللىرىنى دەڭسەپ كۆرۈۋىدى ، ئۇلاردىنمۇ رايى
قايتتى . ئۇلارنى مىڭ يىل ئوقۇتسىمۇ ، كەتمەن چېپىشتىن
بۆلەك ھېچنەرسىنى ئۆگىنەلمەيتتى . ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئوت-
تۇز مودىن يەر ئىجارىگە ئېلىپ بېرىپلا بولدى قىلدى…
قولىدا بار ئېرىغ مالنىڭ ھەممىسىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ
بالىلىرىغا بېرىۋېتىپلا قۇتۇلماقچى بولدى - يۇ ، بۇنىڭدىنمۇ
ياندى : «دادام رەھمەتلىك مېنى تىجارەتكە سالغاندا ‹ مانا بۇ ساڭا
دەسمايە . دىرىنى يوقاتماي ، پايدىسىنىڭ مانچىلىكىنى ئۆزۈڭ
خەجلەپ ، قالغىنىنى بىر تىيىنىنى ئۇيان - بۇيان قىلماي ماڭا
ئۆتكۈزىسەن . ئارتۇق بۇزۇپ - چاچقىنىڭنى ، قارا ساناپ پۇل
يوشۇرغىنىڭنى بىلىپ قالسام ، مەندىن ياخشىلىق كۈتمە…›
دېگەن . مەنمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ روناق تاپقان ،
بېيىغان… بالىلىرىم چوڭ بولغاندا ، ماڭا ئۇنداق قىلىش نېسىپ
بولمىدى . ئەسلىدە خۇدايىم ئۇلارنىڭ رىزقىنى باشقا تەرەپكە
چاچقانىكەن . ئۇلارمۇ ئۆزى ماڭغان يولدا رىزقىنى تېپىپ يەۋەر-
سۇن ، مەنمۇ بۇ نەرسىلەرنى بىر ئامال قىلىپ يۇمىلىتىپ تېخى-
مۇ ئاۋۇتۇشنىڭ يولىنى قىلاي . ۋاقتى كېلىپ ، خـۇدايىـم
ئامانىتىنى ئالسا ، ھەممىسى ئۆزىگە تېگىشلىكىنى بۆلۈشۈۋې-
لىپ ، ‹ ما دادامنى ، يوق - يوق دەپ قاقشاپ يۈرۈپ ، بىزگە شۇنچىلا
جىق نەرسە يىغىپ قويۇپتىكەن ئەمەسمۇ ؟ !› دەپ قېلىشسۇن !…»
ئاخىر ، غوپۇر ھاجىم مۇشۇ نىيەتكە كەلدى - دە ، ئارا
كۈندە ئالتە قېتىم قەشقەر شەھىرىگە پالاقلاپ ، بۇرۇنقى - سۇ-
رۇنقى تونۇش سودىگەر چۆپقەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ
كۆرۈۋىدى ، بەزىسى كىملەر تەرىپىدىندۇر «قويۇلۇپ» پوستى
سويۇلغان پىيازدەك يالىڭاچلىنىپ قاپتۇ ؛ بەزىسى كىملەرنىندۇر
«قويۇپ» ، جاھانغا مەشھۇر «قويىمچى» لاردىن بولۇپ قاپتۇ .

بۇنداق ئادەملەر بىلەن شېرىكلىشىپ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى، ئۇلارغا ئىشىنىپ «جاننىڭ ئاكىسى»نى خاتىرجەم تاپشۇرغىلى بولامدۇ؟ ياق!...

غوپۇر ھاجىم بېشىنى ئىچىگە تىقىپ پەيت كۈتۈشكە باشلىدى. دېگەندەك، پەيتمۇ كەلدى. تاشمەتخان ئۇستامنىڭ شەھەرنى تاشلاپ، بۇ يەردە فابرىكا قۇرماقچى بولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا، ئانچىلا ئىشىنىپمۇ كەتمىدى، ھەتتا ھەيران قالدى. كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئاقدۆۋىنى سېتىۋالغىنىنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ «تومۇرىنى تۇتۇپ» بېقىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ فابرىكا قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان دەسمايىسىگە ئۆزىنىڭ «كۆمۈك»ى قۇرۇق ئۇنمۇ بولالمايدىكەن!

«خۇدايىم بېرەي دېسە، ئاجايىپ - ھە! — ئويلىدى ئۇ نەچچە كۈنگىچە ئۇيقۇسى قېچىپ، — ئادەم ھالال - ھارامنى ئايرىپ، ھالاللىقىنى ئۆزىگە يار قىلسا، پەرۋەردىگارى ئالەم ئۇنىڭ ئەجرىنى يەردە قويمايدىكەن... ئۇ پاي قوشۇشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. بۇرۇن مۇنداق ئىش چەت ئەللەردە بولىدىغان. ئەمدى قەشقەرگىمۇ كەلگەن ئوخشايدۇ. تاشمەتخان ئۇستامنىڭ گېپى راست بولسا، ئاۋۋال فابرىكىغا ئۇل باسسۇن. قاچان پاي قوشۇشنىڭ گېپى چىقسا، بىرىنچى بولۇپ ھەممە پۇلۇمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرمىسام...»

پەيت كەلدى. مانا بۈگۈن — پايچېك تىزىملاشنىڭ تۇنجى كۈنى. تىزىملايدىغان ئادەممۇ، ئورۇنمۇ ئېنىق. ئەتىگەن بامداتتىن يېنىپلا، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئالدى بىرەر مىڭ يۈەن، ئاخىرى قىرىق — ئەللىك يۈەننى كۆتۈرۈشۈپ ئاقدۆۋىگە قاراپ يولغا چىقىشتى. باشقا كەنتلەردىن كېلىۋاتقانلار تېخىمۇ جىق ئىمىش. ئىشچىلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلارنىڭ ھۇدۇدى يوق ئىمىش. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان غوپۇر ھاجىم بىر ھازا ئېسىنى يىغالمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ يۇرتتا مۇنداق ئۇلۇغ

ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى . لېكىن ، بۇ ئەمەلىيەت ئىدى . «تۇغماس ئايال »نىڭ تۇغماي ـ تۇغماي قىرىق ياشقا كىرگەن چاغدا بىراقلا قوشماق ئوغۇل ـ قىز تۇغۇۋەتكىنىدەك پەۋقۇلئاددە خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى ! غوپۇر ھاجىم خۇشاللاندى ، ھودۇقتى ، ئېسەنكىرىدى ، پايغا ئاتىغان تىللالارنى ئايرىپ ئېلىپ ، قالغىنىنى دائىم تۇرۇدىغان جايىغا يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، نەۋرىسى بىلەن «تە ـ تە» ئېتىشىپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە مۇشۇ چاغ بولۇپ كەتتى . تاجىگۇل بىلەن سالىغا تىزىملىتىمەن دېسە ، پېشىنگىچە نۆۋەت ساقلىسا بولغۇدەك . «ئارقا ئىشىك» — تۆلەندى «داجەي »گە يېپىشسا ، چوقۇم ئۇنى بالدۇرراق يولغا سېلىۋېتىدۇ . شاڭخوغىمۇ قالمايدۇ .

— يەنە نەچچە كۈنلۈك ئۆمرۈم بار ؟ بۇنىمۇ خۇدايىم بىلىدۇ ، — دېدى غوپۇر ھاجىم جىمى سىرلىرىنى تۆلەندى «داجەي »گە چالا قويماي تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن ، — ئۆزۈم مىدىرلىيالمىساممۇ ، پۇلۇم بولسىمۇ مىدىرلاپ ، يۇرتىمىزغا ئاز ـ تولا نەپ تەگكۈزسۇن ، — دەپ قالدىم...

ئۇ سەل توختاپ ، دېرىزە تەرەپكە يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئەستەر ـ تاشلىق سىماۋى نىلۇڭ تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر خالتىنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى ـ دە ، يەشتى .

«تووۋا ، نېمىدېگەن جىق تىللا بۇ ؟ ‹يەنە بار › دەيدۇ تېخى ...زادى قانچىلىك باردۇ ؟ بۇنداقمۇ پۇختا ئادەم بولىدىكەن !...
»

— ھازىرچە ئاتىغىنىم مۇشۇ ، — دېدى ئۇ ، تۆلەندى «داجەي »نىڭ خىيالى ئاياغلاشماستىن ، — ساناپ باقسىلا ، ساقمۇ ساق يۈزدانە . بۇنىڭغا قانچىلىك پاي چېكى كەلسە ، ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ ئېلىپ قويسىلا...

— ھازىرغىچە تىللا تىزىملاپ باقمىدۇق . نەرخىنىمۇ بىلمەيمىز . بۇنى ئۆزلىرى...

— ياق، — غوپۇر ھاجىم كېسىپلا دېدى، — بۇ نەرسىنى ئەمدى تۇتمايمەن. بۇ يەرگە يەنە كەلگۈچىلىكىممۇ يوق. مېنى خۇش قىلاي دېسىلە، بۇنىڭغا ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا. مەن جىق ئويلاندىم، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن. «پوزىنى قوزا قىلىمەن» دېسەم، قەدىمىم قىسقىراپ كېتىپتۇ. سىلە مەندىن جىق ياش، تەنلىرىمۇ ساق… بۇنىڭ پايدىسىنى مەكتەپنىڭ كەم كوتىسىغا ئىشلىتىپ، دىرىنى مەندىن كېيىن قالغاندا بالىلىرىمنىڭ قولىغا تەگكۈزسىلە!…

ھاياجاندىن كۆزلىرى ياشلانغان غوپۇر ھاجىم ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن، دەس ئورنىدىن قوپتى-دە، سىرتقا چىقتى. ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان نەۋرىسىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ: «جۇر» دېگىنىچە ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

تۆلەندى «داجەي»نېمىلەرنى ئويلىدى؟ سىرتتىكىلەر غوپۇر ھاجىم توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېيىشتى؟ بۇلارنى خاتىرىلىۋېلىشقا پۇرسەت چىقمىدى. چۈنكى، بۇ يەرگە يېڭى-يېڭى ئادەملەر كېلىپ-كېتىپ تۇرۇۋاتاتتى. باشقا كەنتلەردىن كىم كېلىپ، كىملەر كەلمىدى؟ بۇنىمۇ بىلەلمىدۇق. قۇمسارايدىن ئىككىلا كىشى — شا يۇنۇس ئاكا بىلەن تەۋەككۇل «پىستەك» كەلمىدى. شا يۇنۇس ئاكا بەندىچىلىك قىلغىلى بىر يىل بولغان، تەۋەككۇل «پىستەك» ئۆلدىمۇ، تىرىكمۇ؟ ھېچقانداق دېرىكى يوق.

………

كۈن قايرىلارغا يېقىن، ئوتتۇرا ياشلىق جۇۋانلاردەك پەدىسىنى تۈزگەن بىديان خېنىم ئىككى يېنىغا ئىغاڭلىغان پېتى كۈلۈمسىرەپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەلگەن يېرى ھەممىدىن يىراق بولۇپ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ لەڭپۇڭىنىڭ تەمى ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدا بار. بىديان خېنىم ھازىر لەڭپۇڭچىلىق دۇكىنىنىڭ

خوجايىنى . ئىككى ئايال ، بىر ئەر ئۇنىڭ قولىدىن «نان يەيدۇ» . ئۇنىڭ مەتكېرىم بىلەن بولغان ئىشى توختى تۇر بىلەن ئىككىي-لەنىنىڭ ئارىسىدىلا قالغاچ ، ئۇنىڭ بىر چاغدىكى رەسۋاچىلىقلى-رىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق . ئۇنىڭ لەڭپۇڭنىڭ مەززى-لىكلىكىدىنمۇ ياكى ئۆزىنى تۇتۇشنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىنمۇ ؟ كى-شىلەر ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ، ئېتىنىڭ ئايىغىغا «خېنىم» نى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇمايدۇ . مەتكېرىم قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن بىديان خېنىم ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ «ھە ـ ھۇ» سى بىلەن بىرەيلەنگە ياتلىق بولغانىدى ، ئىلاھى قىسمەت شۇق-داقمۇ ياكى ئىلكى شورمۇ ؟ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئۇنى ئاخىرەتكە يولغا سالدى . مانا شۇنىڭدىن بېرى تۇل . ئاشۇ ئەردىن قالغان ئۆگەي ئوغلى بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ . ئۇ بالا غوپۇر ھاجىمنىڭ نەۋرە قىزى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدۇ . كېلەر يىلى ھەر ئىككىسى تولۇقسىزنى پۈتتۈرىدۇ .

ئۇ ھەممەيلەن بىلەن ئىللىق سالاملاشتى . ئاندىن خۇددى غوپۇر ھاجىم بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ، ئۇمۇ بىر تۇتام پۇلنى تۆلەندى «داجەي»نىڭ ئالدىغا قويدى ۋە :

— قولۇمدا بارى مۇشۇ ئىكەن . ئەل قاتارى ئىسمىمنى خەتلىتىپ قويسىلا ، — دېدى .

— ھازىر پۇل ئالمايمىز ، — دېدى سالى تۆلەندى «دا-جەي» ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ، — ئىسىملىرى بىلەن پاي قوشۇدىغان پۇللىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز .

— بۇ گەپنى بالدۇرراق ئۇقسامچۇ··· بىكاردىن بىكار بانكىدىكى پۇلنى قوزغاپ يۈرۈپتىمەن···

ئۇ پۇلنىڭ سانىنى تىزىملىتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ كېتىش-كە ئالدىرىمىدى . كىمنىڭ نەچچە پۇل تىزىملاتقىنىنى سۈرۈشتۈ-رۈپمۇ ئۈلگۈردى . تۆلەندى «داجەي» ھەممەيلەندىن جىق پۇل تىزىملاتقان ئادەم غوپۇر ھاجىم ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ، بىديان خېنىم ئۇنىڭ گېپىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىپ قالدى بولغاي :

— ۋيەي ، نېمە دەيدىغانلا ؟ ئۇنىڭدا ئۇنچىلا جىق پۇل نېمىش قىلسۇن ! — دەپ قاش - كۆزىنى ئويناتتى .

— ئىشەنمەيۋاتاملا ؟ — دەپ كۇلدى تۆلەندى ۋە قولىدىكى تىللا قاچىلانغان خالتىنى كۆرسەتتى ، — مانا مۇشۇ تىللالار غوپۇر ھاجىمنىڭ !...

— ئوۋۇش ، قوۋۇرغامنى ئەگمىسىلە !... ئۇنىڭدا تىللا تۇگۇل ، سېرىق ياماقمۇ قالمىغانلىقىنى بىلمىسەم كاشكى...

— راست !...

— تۆلەندى سېكرېتار راست گەپ قىلىۋاتىدۇ !...

— تىللالارنى بىر كۆرسىتىپ قويسىلا ، سېكرېتار !...

— مانا كۆرسىلە !

تۆلەندى «داجەي» خالتىنى ئۇنىڭغا بەردى . بىدىيان خېنىم خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - يۇ ، كۆزلىرىگە ئىشەنگۇسى كەلمەي ، تىللالارغا بىر ھازا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى . كېيىن :

— توۋا ، ما ئادەمنىڭ يامانلىقىنى !... شۇنچە يىلنىڭىزى بۇنى قانداق ساقلىغان بولغىيدى ؟ — دەپ ئىچىنى ئۇردى .

— قانداق ساقلىدىكىن ، — دەپ كۇلدى تۆلەندى «داجەي» ، — مەن تېخى سىلىنى ساقلىشىپ بەرگەنمىكىن ، دەپتىكەنمەن . بۇ گەپچە سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرى يوق ئىكەن - دە ! ؟

— قويسىلا سېكرېتار ، جېنىمنى چىقارماي !...

بىدىيان خېنىم يەنە نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىغىنىچە چالۋاقاپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى . ھەممە كۆزلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى ...

— بىدىيان خېنىم ، توختىسىلا !

ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا ئىشخانىدىن چىققان تۆلەندى «داجەي» ئۇنى دەرۋازىدىن ئون بەش قەدەمچە نېرىدا قوغلاپ يەتتى ۋە :

— سىلىنىڭچە غوپۇر ھاجىم قانداقراق ئادەم ؟ — دەپ سورىدى .

— ۋيەي ، ئەجەب مەندىن سورايلىيا ، ئۆزلىرى بىلمەيدى-
غاندەك !...

— مەنغۇ ئوبدان بىلىمەن...

— ئەمىسە نېمىشقا مەندىن سوراپ يۈرۈلا ؟

— ئەگەر كۆڭۈللىرىگە ئەرزىسە ، ياراشتۇرۇپ قويساقمى-
كىن دەيمەن ...

— چاقچاق قىلمىسىلا ئۇنداق ... ياراشقۇسى بولسا شۇنچە
يىلىنىڭىزى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرەمدۇ ! ؟

— سىلىگە «شالتىقىم يۇقۇپ قالمىسۇن» دەپ قورققاندۇ...

— سىلىگە شۇنداق دېگەنمۇ ؟

— ماڭىغۇ دېمىگەن ...

— «گۇرۇچتە خەۋەر يوق ، سەۋزە دەم يەپتۇ» دەپ ،
ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ھالىغا دەۋاتقان گېپىنى !...

نېمە ئۇچۇندۇر شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن بىدىيان خې-
نىم «پىسىڭگىدە» كۈلدى - دە ، ئوۋچىدىن ھۆركىگەن توشقان-
دەك تېز - تېز چامداپ ، تۆلەندى «داجەي»دىن يىراقلاشتى .
تۆلەندى «داجەي»نىڭ كۆزلىرى نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا ئەگەش-
تى . تۇپتۈز ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان ئاسفالت يول . بىدىيان
خېنىمنىڭ مېڭىشى شۇنداق چىرايلىق ، بەكمۇ چىرايلىق...

تۆلەندى «داجەي» ئويلىنىپ قالدى . نېمىنى ئويلىدى ؟
ئۆزىمۇ بىلمىدى . بىرلا نەرسە ئېنىق ، باياتىن ئۇ بىدىيان خې-
نىمغا ھېلىقى گەپنى نېمىشقا دېدى ؟ ۋاي تاڭ ، ۋاي تاڭ...

بىدىيان خېنىمنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتتى . تۆلەندى «دا-
جەي» تېخىچە ئۆز جايىدا . كۆز ئالدىدا گۈلدۈرلەپ ئايلىنىۋاتقان
ھەرخىل ماشىنا - ئۇسكۇنىلەر ، ئاشۇ ماشىنىلارنى تىلغا كىر-
گۈزەلىگىنىدىن پەخىرلىنىپ چىرايىدىن نۇر يېغىۋاتقان قاۋۇل
دېھقان ئوغۇل - قىزلىرى . سېختىن ئامبارغا ، ئامباردىن يەش-
شىكلەرگە ؛ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرۇدىغان
ئاپتوموبىللارغا قاچىلىنىۋاتقان رەڭگا رەڭ رەخت ۋە خۇرۇم

كىيىم ـ كېچەكلەر ؛ باھار پەسلىدە گۈل ـ چېچەككە تولغان باغنى ئەسلىتىدىغان بىر ـ بىرىدىن رەڭدار ، بىر ـ بىرىدىن ئېسىل گىلەملەر… يول بويىدا ـ بىر ـ بىرىگە يانداپ سېلىنغان قاتار ـ قاتار شەھەر نۇسخىسىدىكى ئۆيلەر ، دۇكانلار ، قايناق بازار…

«يېزىلارنى شەھەرلەشتۈرۈش» دېگەن مۇشۇ ئىكەن ـ دە ! ؟

تۆلەندى «داجەي» ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇ گويا شېرىن ئۇيقۇدا يېتىپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ، تۈنۈگۈننى ، ئۈلۈشكۈننى ؛ ئەتىنى ، ئەتىنىڭ ئەتىسىنى بىر ـ بىرلەپ خىيال قىلدى . بولۇپمۇ تۈنۈگۈن — ھېلىقى قىش ـ ياز ئېتىزدىن چىقماي كەتمەن چاپسىمۇ يا قورساق تويماي ، يا ئۇچا يېپىلماي ، لەۋلەرنى گەز باغلاپ ، چىرايلاردىن توپا ئۆرلەپ كەتكەن مۇدھىش كۈنلەر — كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ، يۈرىكىنى چاياندەك چاقاتتى . قېنىنى قايناتتىپ ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى .

«ئۇھ ، — تۆلەندى ‹داجەي›نىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ياشلاندى ، — مۇشۇ ئىشلار ئون يىل ، بەلكى يىگىرمە يىل بۇرۇن بولغان بولسىمۇ كاشكى… »

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراققا ، تولىمۇ يىراققا — كۆك بىلەن بوي تالىشىۋاتقان پامىر تېغىنىڭ ئاقباش چوققىلىرىغا — مەيۈس تىكىلدى . كۈن ئولتۇرماقتا ، چوققىلاردا كەچكى شەپەق شولىسى . بەكمۇ ، بەكمۇ چىرايلىق ، بەكمۇ جۇلالىق !…

ئەنە ، بىر يېشىل پىكاپ قۇيۇندەك ئۇچۇپ ، ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە . ئۇنىڭدا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ قۇدىسى بىلەن قۇدىسىنىڭ قۇدىلىرى . ئەنە شۇلار بۇ يەرنى شەھەر بىلەن باغلىغان . يەنە نەچچە يىل ئۆتسە ، مانا مۇشۇ ۋىشىلداپ زەي ئۆرلەپ تۇرغان توقاي ئۇلارنىڭ «ھە ـ ھۇ» سى بىلەن كۆجۈم مەھەللە — ئاۋات بازارغا ، ياق ! بەلكى شەھەرگە ئايلىنىپ كېتەر ؟ ! ئۇ چاغدا…

تۆلەندى «داجەي» پىكاپتىن كۆز ئۈزمەي ، چاپىنىنىڭ يې-

ڭى بىلەن كۆزلىرىنىڭ جىيىكىنى سۈرتكەچ ، ئالدىراش ئۈستىـ
ۋېشىنى تۈزەشتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى . لېكىن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتـ
كەن ئەڭ قىران ، ئەڭ جۇشقۇن چاغلىرى تۇيۇقسىز ئېسىگە
كېلىپ قېلىپ ، يۈزلىرى خىجالەتچىلىكتە ئوت ئېلىپ ، يۈرىكىـ
نى بىر نەرسە كولاپ يەۋاتقاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى ھەم :
«سىياسەت ھازىرقى پېتى ئون يىل ئۆزگەرمىسىلا ، مەنمۇ يۇرتـ
داشلىرىم ئالدىدىكى قەرزىمنى چوقۇم تۆلەپ بولىمەن··· » دەپ ،
ئىچىدە ئۆزىگە تەسەللى بەردى . چۈنكى ئۇ يېقىنقى يىللاردىن
بېرى «سىياسىي»نىڭ نېمىلىكىنى بىلگەندىن تاشقىرى ، «سىـ
ياسەت ـــ ئوخشاشمىغان ماكان ، ئوخشاشمىغان زاماندا ھوقۇق
ئىگىلىگەن ئەمەلدار ـــ سىياسىيونلارنىڭ ئۆز مەقسەت ـــ
غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ، ئۆز پۇقرالىرىنى روھىي
ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يېتەكلەشتە پايدىلىنىدىغان سېھىر تايىـ
قى» ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى !···

1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە يېزىشقا باشلاپ ،
1999 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ
يۇقىرىقى قاقۇللا كەنتىدە تاماملاندى .
1999 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم ، 2000 ـ يىلى 6 ـ
ئايدا 2 ـ قېتىم قاقۇللىدا تۈزىتىلدى .

مەسـئۇل مۇھـەررىرى :  جېلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:  جەۋلان جېلىل
مەسـئـۇل كوررېكتورى:     پەرىدە ئەلى


# داۋالغۇش

(رومان)

(2)

ئابلا ئەخمىدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يول № 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18.375 قىستۇرما ۋارىقى 4
2001 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7 — 228 — 06713 — 4/I. 2482
ئومۇمىي باھاسى: 54.50 يۈەن (ئىككى قىسىم)
يەككە باھاسى: 25.70 يۈەن



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: جەۋلان جېلىل

ISBN 7-228-06713-4

9 787228 067138 >

ISBN 7 - 228 - 06713 - 4
I.2482 全两册: 54.50元